
تۇرسۇن لېتىپ

# تەڭرىتاغ پالۋانلىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................ 1

بىرىنچى باب ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ ........................ 9

ئىككىنچى باب ئۇچقۇنلار ........................ 34

ئۈچىنچى باب غەزەپ بورىنى ........................ 67

تۆتىنچى باب گۇمبەزدىكى يانغىن ........................ 81

بەشىنچى باب گۈزەل ئاغىچا ........................ 107

ئالتىنچى باب قەست ........................ 141

يەتتىنچى باب تۆگە بويۇندىكى جەڭ ........................ 186

سەككىزىنچى باب مەھمۇد پو ........................ 217

توققۇزىنچى باب ئاخىرقى نۇسرەت ........................ 258

ئونىنچى باب شادلىق كۈلكىلەر ........................ 296

ئون بىرىنچى باب شىبە ئاپپاق ........................ 348

ئون ئىككىنچى باب ئىندا ........................ 395

خاتىمە ........................ 436

# مۇقەددىمە

ھەسرەتلىك چىرقىراق ئاۋاز ئەمدىلا چوڭ كۆرەدىن كېلىپ ئۇھ دەپ ياتقان ئىبراھىم يۈزبېگىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى. ئۇ چوڭ كۆرەدىكى ۋاڭ خولۇ[1] ئالۋىنىغا كەتكەن يېزىلىقلىرىغا ئوزۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. يېزىدا پەقەت قىزلار، بوۋاي ـ مومايلار، ئۆز ئورنىدا ئوغلى ئوبۇل ئەلالا قالغانىدى، بۇ چىرقىراق ئاۋازنى ئوبۇل ئەلا تونىدى:

— دادا، بۇ گۈزەل ئاغىچىنىڭ ئاۋازىغۇ، نېمە بولغاندۇ ئۇنىڭغا؟!

ئۇلار ئاۋاز چىققان ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىرىشتى. ئىككى چېرىك توختاخۇننى باغلاۋاتاتتى، ئون بىر ياشلار چامىسىدىكى ئوروق، زىلۋا بىر قىز توختاخۇن بىلەن چېرىكلەر ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ چىرقىرايتتى:

— دادامنى قويۇۋېتىڭلار، دادامنى!

بىر يايى قىزنىڭ ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چېچىدىن تارتتى. ئوبۇل:

— گۈزەل ئاغىچىغا تېگىشمە، تارت قولۇڭنى! — دەپ ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى.

كۆچلۈك بىر قول ئوبۇل ئەلانىڭ بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى. ئوبۇل ئەلا يۇلقۇندى، تېپىرلىدى.

— ئوغلۇم، ئالدىرىما، ئۇلار بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن! — ئىبراھىم شۇنداق دەپ ئوغلىنى تىنچلاندۇرۇپ، يايىغا:

— دارىن، قىزنىڭ چېچىنى قويۇۋەت، ئۇنىڭ چېچىدا سېنى چاقىدىغان ھەرە بار، — دېدى.

يايى چۆچۈپ قىزنىڭ چېچىنى قويۇۋەتتى. ئىبراھىم قىزنى بىر چەتكە تارتىپ پىچىرلىدى:

— قىزىم، بۇ خۇمسىلارغا تەڭ كېلەلمەيسەن، ئوبۇل ئىككىڭلار

---

[1] ۋاڭ خولۇ — 1766 ـ يىلى كۆرە قەلئەسىنىڭ جەنۇبىغا، ئىلى دەرياسىنىڭ كۆرەگە يانداش شىمالىي قىرغىقىغا كۆك كاھىشتىن سېلىنغان. سالاسۇنلىرى قىزىل سىرلانغان ئېگىز راۋاق. 1933 ـ يىلى يۈز بەرگەن چوڭ سۇ ئاپىتىدە ۋەيران بولغان. ۋاڭ خولۇ ئالۋىنى مۇشۇ راۋاقنى ۋە سۇ ئىلاھى بۇتخانىسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن خەلققە سېلىنغان ئالۋان بولۇپ، 1859 ـ يىلى خوچىباڭ دامبىسىنى سۇ ئېلىپ كەتكەنگە قەدەر 52 يىل داۋاملاشقان. ۋاڭ خولۇ ناخشىسىمۇ ئەنە شۇ مۇشەققەتلىك يىللارنىڭ يالدامىسى.

بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپ تۇرۇڭلار، مەن بۇلارغا ياخشى گەپ قىلىپ داداڭنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن!

ئوبۇل ئەلا قىزنى يېتىلەپ ئاچىقىپ كەتتى.

— مىڭ دارىن، — دېدى ئىبراھىم يايىغا يۈزلىنىپ. — بۇ قېرىپ قالغان ئادەم. يالغۇز ئاشۇ بىرلا قىزى بار. سەن بۇ بوۋاينى ئېىپ كەتسەڭ قىز ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، قويىۋەتكىن.

— ھەي، يۈز بېگى، — دېدى مىڭ يايى ئىبراھىمغا دوق قىلىپ. — سەن جياڭجۈننىڭ توختى ئاتلىق ئادەمنى دەرياغا تاشلا، دەريانىڭ سۈيى توختايدۇ، كۆرە ئامان قالىدۇ، دېگەن پەرماننى بىلمەمدۇ؟ مەن شۇ پەرماننى بەجا كەلتۈرىدۇ!

كەلكۈن كېلىپ ئىلى دەرياسى چوڭ كۆرەنى بېسىپ كېتىش خەۋپى بولغاندا، چاڭ جياڭجۈن ئىلى خەلقىگە ئالۋان سالىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن پۈتۈن ئەركەك زانى چوڭ كۆرەگە كېلىپ شاخ - شۇمبا، تاش، ياغاچلار بىلەن تاشقىننى توسىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن توسىيالمايدۇ. شۇ چاغدا چوڭ كۆرەنىڭ مىڭبېگى نۇر بەگ چاڭ جياڭجۈنگە مۇنداق مەسلىھەت بېرىدۇ:

— ئەي، ئىلى دىيارىنىڭ پاسىبانى جياڭجۈن ئالىيلىرى، بۇنداق ئۇسۇل بىلەن تاشقىننى توسۇپ بولماس، باشقا ئۇسۇل باركى، ئۇنى قوللانسىلا دەريا تاشقىنى دەرھال توختايدۇ.

— قېنى ئېيتىڭ، قانداق چارە ئۇ؟ — دەيدۇ جياڭجۈن تىلماچتىن بۇ گەپنى ئۇقۇپ.

— دەرياغا تاشقىن كەلگەندە، ئۇنى توسۇش ئۈچۈن يالغۇز شاخ - شۇمبا ئەمەس، يەنە «توختى» ئاتلىق ئادەمنىمۇ دەرياغا تاشلىسا تاشقىن توختايدۇ، دېگەن گەپ بار. شۇڭا، تاش، شاخ - شۇمبا، ياغاچلار بىلەن بىللە يەنە «توختى» ئاتلىق ئادەمنىمۇ تىرىك پېتى قاشقا باسايلى.

بۇ مەسلىھەت جياڭجۈنگە ياقىقاچقا يۇقىرىقى پەرماننى چۈشۈرىدۇ ۋە توختى ئاتلىق ئادەملەردىن نەچچىسىنى تىرىك تاشلايدۇ. لېكىن

ناشقىن توختىمايدۇ. بۇ ئىشقا غەزىپى كەلگەن سادىر پالۋان مۇنداق قوشاق توقۇغانىدى:

نۇر بەگنىڭ ئۆيى نەدە،
چوڭ كۆرە دېگەن يەردە.
قىلمىغىنى قالمىدى،
ئۆلمىدى هارامزادە.

ئىبراهىم يۈزبېگىمۇ مۇشۇ هاشارنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. ئۇ توختاخۇننى قوتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

— هەي دارىن، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى «توختى» ئەمەس، «توخلا»، بۇ ئادەمنى دەرياغا تاشلىغان بىلەن تاشقىن توختىمايدۇ. سەن ئۇيغۇرلارغا كۆپ ئارىلاشقان، پېقىرنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ توخلا ئاخۇننى قويۇۋەت، مەن سېنى ئوبدان رازى قىلاي!

كۆزلىرىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرغان مىڭ يايى:

— مەن ئوبدان بىلىمەن، بۇنىڭ ئىسمى توختى، سەن ئارىلاشما! — دەپ، چېرىكلىرىگە مانجۇ تىلىدا بىر نېمىلەر دەپ ۋارقىرىدى.

— نېمىشقا ئارىلاشمايدىكەنمەن، مەن بۇ يېزىنىڭ يۈزبېگى، ئەگەر قويۇپ بەرمىسەڭ مەن سېنى چاڭ جياڭجۇنگە چاقىمەن!

ئىبراهىم يۈز بېگىنىڭ بۇ سۆزىگە مىڭ يايى پەسەنت قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇ غادايغان پېتى كوچىغا قاراپ ماڭدى. ئىبراهىم يۈزبېگى ئۇنىڭ ئالدىنى توسىۋىدى، ئۇ ئىتتىرىۋەتتى. ئىبراهىم ئاچچىقى يامان، ۋىجدانلىق ئادەم ئىدى، يېزىسىغا كېلىۋاتقان سېلىق، هاشار ئۈستىگە يەنە ۋاڭ خولۇ ئالۋىنى چۈشۈپ ئۇنىڭ جېنىغا پاتقانىدى. بۇلتۇرلا بىر ئائىلىدىن ئون ئالتە خو پاراق ئالغان، بۇ يىل ئوتتۇز ئىككى خوغا كۆپەيگەنىدى. ۋاڭ خولۇ ئالۋىنى تۆپەيلىدىن ئېتىزدا يىگىتلەر قالماي، ساپلا خوتۇن ـ قىزلار، باللار، بوۋايلارلا قالغانىدى. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، مۇنۇ يايى توختاخۇننى دەرياغا باسماقچى، يۈزبېگىنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمىدى، تېخى ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. ئىبراهىم يۈزبېگى ئەمدى زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ

ئۆيگە ئوقتەك كىرىپ، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان مىسران قىلىچنى يۇلۇپ ئالدى ـ دە، غىلاپتىن شارتتىدە سۇغۇرۇۋېلىپ غەزەپ بىلەن كوچىغا ئېتىلىپ چىقتى.

ـــ ھەي مۇتتەھەم، ياخشىلىقچە توختاخۇننى قويۇپ بەر. بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن! ـــ ئىبراھىم يۈز بېگى شۇنداق دېدى ـ دە، يايىغا قاراپ يۈگۈردى.

«پاڭ ـ پۇڭ» قىلغان بەردەنگە ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئوبۇل ئەلا بىلەن گۈزەل ئاغىچا كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئىبراھىم يۈزبېگى قىلىچنى چىڭ تۇتقىنىچە ئۈگدىسىغا چۈشۈپ ياتاتتى. ئوبۇل ئەلا دادىسىنىڭ سول تەرەپ مەيدىسىدىن چىقىۋاتقان قاننى كۆردى ـ دە، پەرياد كۆتۈردى:

ـــ دادام، جېنىم دادام!

ـــ ئو ... ئوغلۇم، ئە ... لا، بۇ ... بۇ ... قىلىچ بو ... بو ... ۋامدىن تە ... ۋەر ... رۈك ... قا ... لغان. بو ... بو ... ۋام بۇ ... بۇ قىلىچ بىلەن جۇڭغار با ... باسمىچىلىرىنى يو ... يو ... قاتقان. ئە ... ئەمدى سە ... سەن ما ... مانجۇ ئا ... ئالۋاستىلىرىنى يو ... يو ... قات!

ئوبۇل ئەلا دادىسى ئىبراھىم يۈزبېگىنىڭ تىللىرىنى كالۋالاشتۇرۇپ قىلغان بۇ سۆزلىرىنى ئارانلا ئاڭلىيالىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي ياش تۆكۈلەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ قولىدىكى قىلىچنى ئېلىپ، مىڭ يايى كەتكەن تەرەپكە قارىدى. يايى ۋە چېرىكلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قىلىچنى مىڭ يايى كەتكەن تەرەپكە شىلتىپ تۇرۇپ:

ـــ ھەي، مەنچىڭ ئالۋاستىسى، سەندىن دادامنىڭ قىساسىنى ئالماي قويمايمەن، قانغا قان، جانغا جان! ـــ دەپ ۋارقىرىدى.

## 1

بۇ ۋەقە بۇنىڭدىن بىر يۈز ئوتتۇز يىل مۇقەددەم ئىلى دەرياسى بويىدىكى قادىريۈزىدە سادىر بولغان. بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان ئىبراھىم يۈزبېگىنىڭ

توغقىنى. ئارا ئۇستەڭلىك شەمسىددىن خەلپەم كېلىپ ئىبراھىم يۈزبېگنى دەپنە قىلدى. ئاندىن يەتتە نەزىرىنى بەردى. شەمسىددىن خەلپەم ئۆز ئۆيىدە مەكتەپ ئېچىپ ئون نەچچە بالىنى ئوقۇتاتتى. ئۇ ئوبۇل ئەلانى ئاشۇ مەكتىپىگە ئەكىلىپ ھامىيلىقىغا ئالدى.

يېشى ئاتمىشلاردىن ھالقىغان بۇ ئۇستاز ساۋاق بەرمەكتە، ئوبۇل ئەلا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلىماقتا. ئوتتۇرا بويلۇق، ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان، مەگزى قىزىل، قوش بۆرۆن شەمسىددىن خەلپەم دانىمۇ دانە قىلىپ تونجى ساۋاقنى بىر خىل ئاۋازدا مۇنداق ئۆتتى:

— باللىرىم، بىلىم دۇنيادىكى تىلسىماتلارنىڭ قۇلۇپىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ. قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدىغان مەشئەل. نادانلىقنى يوقىتىدىغان ئەڭگۈشتەر. سىلەرنىڭ بۇ بىلىمنى ئېلىشىڭلار، دۇنيانىڭ سىرىنى بىلىشىڭلار تولىمۇ ساۋابتۇر...

ئۇ بۈگۈن جۇغراپىيىدىن ساۋاق بېرىۋاتاتتى.

— بۈگۈن سىلەرگە ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ئېلىنىڭ ئەھۋالىدىن ساۋاق بېرىمەن. ئېلى شىمالدا بالقاش كۆلى. غەربتە چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دائىرىسى مەشرىقتىن مەغرىپكىچە بىر مىڭ بەش يۈز يول، جەنۇبتىن شىمالغىچە بىر مىڭ بىر يۈز يول كېلىدۇ. ئېلى تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىن ئېلى دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئۆركەش ياساپ ئىتتىك ئاقىدىغان بۇ دەريا تېكەس، كۈنەس، قاش دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، يۇرتىمىزغا لاتقا تاشلاپ مۇنبەت تۇپراق، گۈزەل مەنزىرە، مۆتىدىل ھاۋا، مول بايلىق ئاتا قىلغان. مانا شۇ باي، گۈزەل يۇرتىمىزنى ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ گۈللەندۈرۈپ كەلدى.

شەمسىددىن خەلپەم ساۋاقنى خېلىغىچە داۋاملاشتۇردى، پەنجىرىدىن چۈشكەن كۈن شولىسىنىڭ بىر غولاچ ئۆزارغىنىنى كۆرۈپ ساۋاقنى توختاتتى ۋە شاگىرتلىرىغا:

— باللىرىم، ئارراق دەم ئېلىڭلار، — دېدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭغان ئوبۇل ئەلاغا:

— ئوغلۇم، چوڭ ئاناڭنىڭ ئۆيىدىن بىر چىنە ئەتكەنچاي ئەكىرىپ بەرگىنە، — دېدى.

ئوبۇل ئورۇن ئۆتمەي، بىر چوڭ چىنىدە قايماقلىق چاي كۆتۈرۈپ كىردى. شەمسىدىن خەلپەم چاينى ھوزۇرلىنىپ ئىچىۋېتىپ:

— ئۆزۈڭ ئىچمەمسەن؟ — دەپ ئوبۇل ئەلادىن سورىدى.

— رەھمەت، ئۇسسىمىدىم.

— ئەمسە باغقا كىرىپ ئالما يە.

ئىككىنچى ساۋاقتا شەمسىدىن خەلپەم ئىلى تارىخىدىن ساۋاق بېرىشكە باشلىدى:

— يۇقىرىدا سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەردىن باشقا، يەنە چىڭگىزخان ئىستىبلاسى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خانلىق تالىشىپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقى، جەڭگى - جېدەللەر تۈپەيلىدىن ئىلىدا ئادەم ئاز قالدى، يەر تېرىيدىغان، مال باقىدىغانغا ئادەم يېتىشمىدى، بىر مەھەللىدە بىر نەچچىلا ئائىلە قالغانىدى. ئېرىق - ئۆستەڭ، ئېتىزلار ۋەيران بولدى. ئىلى جياڭجۇنى لەشكەرلىرىنىڭ قورسىقىنى بېقىشى كېرەك ئىدى. مىلادىيە 1759 - يىلى مەنچىڭ خانى ئىمىن ۋاڭنىڭ تەكلىپى بويىچە جەنۇبتىن ئۇيغۇرلارنى يۆتكەپ كېلىشكە يارلىق چۈشۈردى. يارلىققا بىنائەن ئىمىن ۋاڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇسانى ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ چىقىشقا مەسئۇل قىلىپ جەنۇبقا ئەۋەتتى. ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈش مىلادىيە 1760 - يىلى باشلىنىپ، ئون يىل داۋام قىلدى. كۆچۈرۈپ ئاچىقىلانلارنى دەسلەپ غۇلجا، ئۇلۇغئاييپ①، بايتوقاي، قاش، جىرغىلاڭ، بوربوسۇن، تاشئۆستەڭ، ئارا ئۆستەڭ، خۇنخاي، دادامتۇ، توققۇزتارا، نىلقا يېزىلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار مىلادىيە 1800 - يىلدىن 1803 - يىلغىچە ئاقئۆستەڭنى چاپتى، كېيىن «ھېكىم ئۆستىڭى»، «شاغلىق ئۆستىڭى» قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە ئۆستەڭنى چاپتى. بۇ جەرياندا ئۇلار كۆرمىگەن ئازاب - ئوقۇبەتلەر قالمىدى…

---

① ئۇلۇغئاييپ — ھازىرقى قايناق يېزىسى.

شەمسىدىن خەلپەم ساۋاقنى شۇ يەردە توختىتىپ، بىر پەس جىم ئولتۇرۇپ قالدى. شاگىرتلىرىمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ مىت قىلماي ئولتۇرۇشتى. بىر چاغدا شەمسىدىن خەلپەم ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ، مۇنداق قوشاقلارنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ئۆستەڭنىڭ ئىگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
مانجۇ توڭچىسى بەگلەر
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ...

كى ئاشلىق ئالغىلى ئەر يوق،
خوتۇنلار ئوردى ئورمىنى.
ئوغۇللار كەتتى ئۆستەڭگە،
قىزلار باغلاشتى باغنى.

مانجۇلار تارتىۋالدى.
ئات ـ كالىنى تارانچىدىن.
خامانغا ئىشەك قاتتى،
ئات ـ كالىنىڭ يوقلۇقىدىن.

سېلىق بەر دەپ تارانىنى
ئوردى، سوقتى، باغلاتتى.
ئادالەت كەتتى جياڭجۇندىن.
پەيمانىم تولۇپ تاشتى.

شەمسىدىن خەلپەم بېشىنى ئېگىپ جىم بولۇپ قالدى. شاگىرتلارمۇ سۈكۈتكە چۆمدى. بىر هازادىن كېيىن شەمسىدىن خەلپەم ئوبۇل ئەلا بىلەن گۈزەل ئاغىچىغا قاراپ قويۇپ مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇدى:

ۋاڭ خولو بالا بولدى،
مەنچىڭ ئەجدىھا بولدى.
چىدىيالماي غۇلزۇغا[1]
ئەرلەر كېچىلەپ قاچتى.

سېپىلنى بۇزمىغاي سۇ دەپ،
دەرىيانى توسۇڭلار، دەپ.
دەرياغا تاشلىدى توختى
بىلەن شاخ - شۇمبا، تاشنى.

ئوبۇل ئەلا بىلەن گۈزەل ئاغىچىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملىدى، ئۇلار ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى. شەمسىدىن خەلپەم ئۇلارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قوشاقنى توختاتتى.

— بالىلىرىم، يىغلىماڭلار، يىغىنىڭ ئورنىغا بىلىم ئېلىڭلار، مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى جەڭ قىلىڭلار. بۇنداق ئېغىر زۇلۇم يالغۇز سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنىڭ بېشىغىلا كەلگىنى يوق. ھازىر كۆرمىگىلىغان خەلق ھاياتىدىن ئايرىلماقتا، قولدەك ئىشلەپمۇ ھېچنېمىگە ئىگە بولالماي ئاچ - زارلىقتا قاقشىماقتا...

ئوبۇل ئەلا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يېشىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتىۋەتتى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كېچە - كۈندۈز يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئۇستاز، شاگىرتىڭىز ئەلا مانا شۇ ئاتا قىلىچى بىلەن زالىملاردىن قىساس ئالىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

---

[1] غۇلزۇ — مانجۇلار غۇلجىنى غۇلزۇ دەيتتى.

# بىرىنچى باب

## ئابدۇرۇسۇل شاغى بەگ

كۆرگەن بىر توپ تېرەكنى،
كېرەك قىلدۇق بىر باشقا.
ئاقسارايىنىڭ ئىتلىرى،
مىنىۋالدى كۆكتاشقا.
— سادىر پالۋان قوشىقى

1

ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن، بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۇچىسىغا تۇگمىلىرىگە ئالتۇن يالاتقان قايرىما ياقىلىق كالاتۇن كەنجە كىيگەن، بېلىنى كەشتىلىك چاسا بەلۋاغ بىلەن باغلىغان، پۇتىغا تومشۇقى ئۇچلۇق كۆن ئۆتۈك كىيگەن، قارا ساقال، شاپ بۇرۇتلۇق، چوڭ قارا كۆزلۈك، قويۇق قاشلىق بىر كىشى ھېكىم ئوردىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ پايانداز ئۈستىدىن مېڭىپ ئۆزىنى ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى سۇپىدا، يەنتە قات كۆرپىدە ئولتۇرغان قارا بۇرۇتلۇق ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جانابىي ھېكىم، ھۆسن مۇبارەكلىرىگە مۇلاقەت بولۇش بىلەن بىرگە سىلىدىن بىر ئىش ئۈستىدە ئىجازەت سورىماقچىمەن.

— خوش، شاغى بەگ، قۇلىقىم سىلىدە.

شاغى بەگ قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ، جىددىي ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئاق پادشاھ قوشۇنلىرى زېمىنىمىزغا بېسىپ كىردى. توقلەك بەگ: غالجات، شۇگگار، كەنمەن يېزىلىرى خەۋپ ئىچىدە قالدى، دەپ چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ، بۇ ھەقتە قانداق ئەمىر - پەرمان بېرىلىكىن؟

قاپقارا بۇرۇتلۇق، قويۇق ساقاللىق، قارا قاش، قوي كۆزلۈك مەزەمزات ھېكىم بۇ جىددىي مەلۇماتقا دەماللىققا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدى. ئۇ بىر دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ:

— ئابدۇرۇسۇل شاغى بەگ، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىكەن، چاڭ جياڭجۇنگە چاپارمەن ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغايلا، — دېدى.

ئابدۇرۇسۇل شاغى بەگ قولىنىڭغا يەتكۇدەك شاپ بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ ئەدەپ بىلەن ۋە كەسكىن ھالدا ئىلتىجا قىلدى:

— جانابىي مەزەمزات ھېكىم، جياڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ ئىككى مىڭ چېرىكى ئۇرۇسلارنىڭ بۇ ھۇجۇمىغا تەڭ كېلەلمەي مەغلۇپ بولدى، بىز جياڭجۇنگە چاپارمەن ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ جياڭجۇن چېرىكلىرى يەنىلا تەڭ كېلەلمەيدۇ. سىلى مەكتۇپ بىلەن جياڭجۇنگە چاپارمەن ئەۋەتسىلە، ماڭا ئىجازەت بەرگەيلا. مەن لەشكىرىم بىلەن ئاق پادشاھ باسمىچىلىرىنى توسۇپ تۇراي، زېمىنىمىزنىڭ بىر تال گىياھىنىمۇ ئاق پادشاھتەك ياۋلارنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشىغا يول قويمايمەن. مىڭ ئاتلىق قوشۇنۇم بىلەن بىزنى ئانىي تاپماقچى بولغان ئىبلىسلارنىڭ يىرتقۇچ تاپىنىنى قىيىپ تاشلايمەن!

— نېمە دەۋاتىدىلا ھوي، مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئاق پادشاھتەك چوڭ جاھانگىرنىڭ تاپىنىنى قىيالامدىلا؟ يارەببىم، توۋا دېسىلە، توۋا. ئۇنىڭغا ئۇلۇغ خانىمىز تەڭ كەلمىسە سىلى ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيدىلا!

ئادەتتە تولىمۇ ئەدەپ - قائىدىلىك، سالماق يۈرىدىغان ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەمدى چىچىلدى:

— ھېكىم جانابلىرى، كونىلار «ئېسىلساڭ نارغا ئېسىل، يىقىلساڭ ناردىن يىقىل» دەپتىكەن. ئاق پادشاھتەك بۆرىدىن قورقساق، زېمىنىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. توقلەك بەگ ئۆز يېزىسىدىن قوشۇن تۈزۈپ ئۇلارنى توساۋاتىدۇ، ۋاقىت زىق، سىلى چاڭ جياڭجۇنگە ئەھۋالنى

مەلۇم قىلغايلا، مەن كەتتىم.

مەزەمزات كەينىگە بۇرۇلغان ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئالدىراپ توختىتىۋالدى:

— توختىسىلا شاغى بەگ، توختىسىلا. بىز ئاۋۋال جىياڭجۈننىڭ ئالدىدىن ئۆتەيلى. ئۆزلىرىگە ئايانكى، ۋەتەن چېگرىسىنى چاڭ جىياڭجۈن مەھكىمىسى قوغدايدۇ، سىلى ۋە بىزنىڭ ئىلىنىڭ مۈلكىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقىلا چامىمىز يېتىدۇ.

مەزەمزاتنىڭ بۇ گېپىدە ئاساس بار ئىدى. مىلادىيە 1762 ـ يىلى چيەنلۇڭ خان كۈرە شەھىرىدە ئىلى قانارلىق جايلارنى بىر تۇتاش باشقۇرغۇچى جىياڭجۈن مەھكىمىسى قۇرغان. خان: « ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىچىدىن باشلىق تاللاپ، شۇلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇش كېرەك... تەۋەلىك بىلدۈرگەن ياۋاشلار ئىچىدىن ئىشەنچلىكلىرىنى تاللاپ، ئەمەل بېرىپ، ئولپان، ھوسۇل ئىشلىرىنى باشقۇرغۇزسا بولىدۇ. ئىلىدا تورۇشلۇق داچېنلار[1] ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى قوشۇمچە باشقۇرسۇن» دېگەن مەزمۇندا يارلىق چۈشۈرگەنىدى. بۇ يارلىق بويىچە مىڭ رۇي تۇنجى جىياڭجۈن بولدى. ئۇنىڭ بىلەن سەنزەن، داچېن ئاگۇي ئىلى گۇڭ ـ بەگلىك مەھكىمىسى قۇردى، چيەنلۇڭ خانغا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن لوكچۇنلۇك ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەدىنىنى تەيجى ھەم ھاكىم بەگ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئاقى بەگنى شاغىبەگلىككە[2] تەيىنلىدى. مەھكىمە شەرئىي قىلىپ، قازى، مۇپتىلارنى تەيىنلىدى. ئۇلار شەرىئەت يولى بىلەن پۇقرالار ئىچىدىكى دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. مەزەمزات ئەنە شۇ مۇھەممەدىن ھېكىمنىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، دادىسى خالزات ھېكىمنىڭ ئورنىغا ھېكىم بولغانىدى. ئۇ ئىلىدىكى جىياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ چېرىكلىرى، ئەمەلدارلىرىنى كىيىندۈرۈش، قورسىقىنى بېقىش، ئولپان ـ سېلىق يىغىپ بېرىش، ھاشارغا ھەيدەش

---

① داچېن — ۋالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچى.

② شاغى بەگ — مۇئاۋىن ھېكىم.

قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرەتتى. ئابدۇرۇسۇل شاغى بەگنىڭ مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى ئولپان ـ سېلىق يىغىشقا قارشىلىق قىلغانلارنى جازالايمىز، دەپ جىياڭجۇندىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن تەشكىللەنگەنىدى.

ئابدۇرۇسۇل بەگ يانچە تۇرۇپ ھېكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى ـ دە:

ــ ئۇغۇ شۇنداق، ناۋادا ئاق پادىشاھ ئىلىنى بېسىۋالسا قانداق بولىدۇ؟ جانابلىرى، ۋەتەننى قوغداش ھەر بىر پۇقرانىڭ مۇقەددەس بۇرچى. جىياڭجۇن چېرىكلىرى قوغدىيالمىدى، ئۇلار قوغدىيالمىسا پۇقرالار قوغدىيالايدۇ. جىياڭجۇن نۇسرەت قازانساق خۇش بولىدۇكى، رەنجىمەيدۇ. ئەگەر سىلىگە گەپ كەلسە مەن جاۋاب قىلىمەن. خانغا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن، خان ۋەتەننى قوغدىغان پۇقراسىنى ئالقىشلايدۇكى، گۇناھ ئارتمايدۇ. ئىجازەت بەرگەيلا. ــ دېدى.

ئەمدى مەزەمزات ھېكىم ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بارلىق ئىشىنى ئابدۇرۇسۇل بەگ بېجىرىپ كەلگەن، مەزەمزات ئۇنىڭغا تاغدەك ئىشەنگەچكە، پوتكول ئىشىنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزغانىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلىملىك، قابىل، قەيسەر، ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلىدىغان، چوڭدىن كىچىككىچە ھەممەيلەننىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئادەم ئىدى. مەزەمزات ھېكىم ئۇنىڭ بۇ تەرىپىگە ۋە ئاخىرقى سۆزىگە ئىشەندى ۋە ئۇزىگە گەپ كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئەمما يەنە جىياڭجۇننىڭ قەھرىدىن ھېيىقتى. ئۇ ئويلىنىپ قېلىپ:

ــ جىياڭجۇننىڭ ئىجازىتىنى ئالايلى، ھازىرلا چاپارمەن ئەۋەتەي، ــ دېدى.

بۇ گەپ ئابدۇرۇسۇل بەگنى تىرىكتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ قىزىلئاچا ئۇرۇكتەك مەڭزى ئاقىرىشقا، بۇرنىنىڭ ئۈستىدە تەر تەپچىرەشكە باشلىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ: «جىياڭجۇنگە چاپارمەن بېرىپ كەلگۈچە ئۈچ يېزا قولدىن كېتىدۇ، ئۇ چاغدا تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقارماق تەس بولىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە:

ــ ۋەدەم ۋەدە، جىياڭجۇن سىلىگە گۇناھ ئارتسا ماڭا ئىتتىرىپ قويسىلا، جاۋابىنى ئۆزۈم بېرىمەن! ــ دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا.

مەزەمزات شاغى بەگنىڭ ئۆز پىكرىدە مىختەك چىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— خەيرىيەت، ئاللا ئىگەم تەنلىرىگە كامال - قۇدرەت ئاتا قىلغاي، نۇسرەت بەرگەي، — دەپ پاتىھە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىق يەنە مەڭزىگە تەپتى.

— ھەممەتلىرىگە ھەشقاللا! — دېدى ئۇ ۋە كېيىك پۇتىدىن ياسالغان قامچىسىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا تۇرغىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئابدۇرۇسۇل بەگ كېلىشكەن، باستۇرمىلىق ئىگەر - جابدۇق بىلەن ئىگەرلەنگەن شاش كۆك ئېتىنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، كېيىك تېرىسىدىن قىلىنغان ئىشمەك، مارجان - كەھرىۋالار بىلەن بېزەلگەن قۇشقۇنلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، ئاتقا لىككىدە مىندى - دە، لەشكەرلەرنى تەق قىلىپ كۈتۈپ تۇرغان ئەلا پالۋانغا:

— كەتتۇق، — دەپلا چىپىپ كەتتى.

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ لەشكەرلىرى ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ ئەگرىتاغنىڭ قاپتىلىغا چىقتى. قاپتال قويۇق قارىغايلىق بولۇپ، قارىغايلار گويا ھۆرمەت قاراۋۇللىرىدەك رەتلىك تىزىلىپ تۇراتتى. قوشۇن قاپتالدىن پەسكە چۈشتى. غىلتاڭ، تار، قىڭغىراق بىسىدەك ئۈچلۈق تاشلىق يول بىردە ئۆرلەپ، بىردە پەسلەيتتى. ئابدۇرۇسۇل بەگ دۈشمەنگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ئۈچۈن، مۇشۇ يېقىن ھەم تار يولنى تاللىۋالغانىدى. يول يامان بولغاچقا بەزى ناقىسى ئېپىزلەپ قالغان ئاتلار مۈدۈرەتتى. تاڭ شەپىقى قارىغايلار ئارىسىدىن چۈشۈپ لەشكەرلەرنىڭ ئاق مالىخىيىنى يورۇتۇشقا باشلىدى. تاغ ئىچىدە كەكلىك، قىرغاۋۇللارنىڭ ئاۋازى، بۇغىلارنىڭ «باپ - باپ» قىلغان ئاۋۇشلىرى سەھەر جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى.

قوشۇن كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە چېگرىغا يېقىنلاشتى. بۇ تاغلىق يېزىدىكىلەر مال - ۋارانلىرىنى ھەيدەپ مەھەللىدىن چىقىۋاتاتتى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۇلاردىن دۈشمەننىڭ شۇڭقارغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى، توقلەك بەگ بىلەن ئاققوزا مىراپلارنىڭ توسۇپ زەربە بەرگەچ چېكىنىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ چاپارمەن ئەۋەتىپ توقلەك بەگنى چاقىرتتى. ئۇنىڭدىن دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچى، قورالى ۋە قەيەرگىچە بېسىپ

كىرگىنىنى ئوقۇپ بىر پەس خىيالغا چۆمدى، كۆڭلىدە ئۇرۇش پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدى.

— ئەلا پالۋان، — دەپ ئەمر قىلدى ئۇ، — سەن بەش يۈز لەشكەر بىلەن ئوڭ تەرەپتىن تەگ، مەن سول تەرەپتىن تېگىمەن. توقىلەك بەگ ئاكا، سىلى ئاققوزا مىراپ بىلەن دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرسىلا!

— باش ئۈستىگە! — ئەلا پالۋان بىلەن توقىلەك بەگ شۇنداق جاۋاب قىلىشتى-دە، دەرھال ئاتلىنىشتى.

ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىككى يۈز لەشكەرنى ئىسھاق بەگنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ مۇنداق ئەمر قىلدى:

— بىز ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىن، سىلى توقىلەك بەگنىڭ لەكمە قوشۇنى[1] بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتسىلە، ئەگەر دۈشمەن ئوت كۈچى بىلەن توسسا سىلىمۇ ئۇلارغا ئەجەل ئوقى ياغدۇرسىلا!

ئىسھاق بەگ ئاتلارنى مەھەللىدە قالدۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە يۈرۈپ كەتتى، ئۇ سەپ تۈزۈپ دۈشمەن قوشۇنىغا بەردەنگىلەردىن[2] ئوق ياغدۇرۇۋاتقان توقىلەك بەگنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ بەردەنگىلەردىن ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. دۈشمەنلەر بۇ چاغدا زەمبىرەكلىرىنى ئىشقا سالدى. زەمبىرەك ئوقلىرى ئۇيەر-بۇ يەردە گۇداڭ ھاسىل قىلىپ پارتلايتتى. ئوقلار لەشكەرلەرنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى. دۈشمەن توقىلەك بەگنىڭ سېپىنى چەنلەۋاتاتتى. ئىسھاق بەگ لەشكەرلىرىنى بەش چاقىرىم كەينىگە چېكىندۈردى. ئەمدى دۈشمەننىڭ زەمبىرەك ئوقىدىن قۇتۇلغان لەشكەرلەر بەردەنگىلەرنى ئوقلاپ جىم ياتتى. ئۈشتۈمتۇت، زەمبىرەك، مىلتىق ئاۋازلىرى توختىدى. جەڭ مەيدانى ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمدى. بەلكىم بۇ قازا بولغانلارغا قىلىنغان ماتەممىكىن؟ ياق، بىردەمدىن كېيىنلا بۇ جىمجىتلىقنى ئاپئاق كىيىنگەن، مىلتىقلىرىنىڭ

① لەكمە قوشۇن — پىيادە قوشۇن.
② بەردەنگە — شۇ دەۋردىكى ئاددىي ئوق مىلتىق.

ئىتتىكلىرىنى ئالغا تەڭلىگەن سەپ ـ سەپ ئاق پادىشاھ لەشكەرلىرىنىڭ «ھۇررا» ئاۋازى بوزدى. دۈشمەننىڭ بۇ ھەيۋەتلىك سەپلىرىنىڭ ئالدىدا بىردىن سەركەردە قىلىچىنى يالىڭاچلىغان ھالدا چوڭ قەدەملەر بىلەن كېلەتتى. بولۇپمۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان گەۋدىلىك، شاپ بۇرۇتلۇق سەركەردە ھېچنېمىگە پىسەنت قىلماي كېلىۋاتاتتى. مەرگەن توقلەك بەگ ئاشۇ سەركەردىنى نىشانغا ئالدى. ھەيۋەتلىك دۈشمەن سېپى يىگىرمە قەدەمچە يېقىنلاپ كەلگەندە، ئىسھاق بەگ:

— ئېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

دۈركۈن ـ دۈركۈن ئوقلار تەڭلا ئۇچتى. ھېلىقى سەركەردە ھەممىدىن بۇرۇن يەرگە دومىلا چۈشتى. دۈشمەننىڭ سېپى شالاڭلىدى. شۇ چاغدا دۈشمەن قەدەملەپ مېڭىشتىن يۈگۈرۈشكە ئۆتتى. ئەھۋال جىددىيلەشتى، دۈشمەن ئون قەدەملا ئارىلىققا يېقىنلاپ كەلدى. ئىسھاق بەگ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ :

— ئالغا! — دەپ ۋارقىرىدى.

لەكمە قوشۇن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. يەككىمۇ يەككە جەڭ قىزىپ كەتتى. ئۇزۇن ئىتتىكى ھەم مىلتىقى بار كوچلۇك قوشۇن بىلەن ئاددىي قىلىچ، بەردەنگىلەر بىلەن ئېلىشىش تەسكە چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجاۋۇزچىلارنىڭ لەكمە قوشۇنى كۆپ ئىدى. بۇ تەڭسىز جەڭ يەنە بىر دەقىقە سوزۇلغاندا لەكمە قوشۇن قىرىلىپ كېتەتتى. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدىن:

— ۋەتەن ئۈچۈن ئۇر ـ چاپ!

— تاجاۋۇزچىلارغا ئۆلۈم! — دېگەن بۇيرۇق ئاڭلاندى. بۇ سادالارغا ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى قوشۇلۇپ يەر تەۋرىگەندەك بولدى. ئاق پادىشاھ چېرىكلىرىنىڭ سېپى بۇزۇلدى، ئۇلار يا ئالغا ئاشلىنىشنى، يا چېكىنىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى، ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە قايافقا ئوق ئېتىشنى بىلمەيتتى. ئاتلىق قوشۇن ئۇلارنى ئىككى يېقىنىدىن قىسىپ قىلىچتىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، جەڭ تولىمۇ شىددەتلىك بولدى. ئاق پادىشاھنىڭ لەكمە قوشۇنى قىرىلىپ توگەي دېگەندە، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى ۋە «ھۇررا»

دېگەن سادالار ئاڭلاندى. ئەمدى ئاق پادىشاھنىڭ ئاتلىق قوشۇنى قەھرى
بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەندى. ئابدۇررۇسۇل بەگ چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئەلا
پالۋاننى ئورمان ئىچىگە يوشۇرۇنۇشقا، ئىسھاق بەگنى ئاتلارنى ئەكېلىشكە
بۇيرۇدى. ئابدۇررۇسۇل بەگ دۈشمەن ئاتلىقلىرىغا ئوتتۇرىنى ئېچىپ بەردى،
دۈشمەن قوشۇنى توسالغۇسىز بېسىپ كىرمەكتە. ئۇلار لەكمە قوشۇن
ئىستىھكامىغا يېتىپ كېلىشىگە ئىككى يېنىدىن، ئالدى - كەينىدىن
كۆچلۈك قىقاس كۆتۈرۈلدى. توقلەك بەگ ئىككى يۈز ئاتلىق لەشكىرى
بىلەن دۈشمەن كەينىدىن، ئابدۇررۇسۇل بەگ سول يېنىدىن، ئىسھاق بەگ
ئالدىدىن، ئەلا پالۋاننىڭ بەش يۈز ئاتلىق قوشۇنى ئوڭ يېنىدىن بىراقلا
ھۇجۇمغا ئۆتتى. سەرۋازلار دۈشمەن ئاتلىقلىرىغا شىردەك ئېتىلدى.
قىلىچۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. قىلىچلار چاراقلايتتى، ئاتلار كىشنەيتتى،
ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ چاپچىيتتى. قانلار يايپېشىل ئوتلاقنى
قىزىلغا بويىدى. بۇ شىددەتلىك جەڭ گۇگۇم ۋاقتىغىچە بولدى. ئاق
پادىشاھنىڭ قالدۇق كۈچلىرى جەنۇبتىكى ئارچىزارلىق ئارقىلىق قورشاۋنى
يېرىپ چىقىپ كەتتى.

ئابدۇررۇسۇل بەگ تاجاۋۇزچىلارنى چېگرىغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئاندىن
جەڭنى توختاتتى.

بۇ جەڭدە دۈشمەننىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ۋە لەكمە قوشۇنى قىرىلىپ
تاشلاندى. ئابدۇررۇسۇل بەگ قوشۇنىدىن تۆت يۈز يەتمىش بىر لەشكەر قازا
تاپتى، يۈزدىن ئارتۇق لەشكەر يارىلاندى.

## 2

«جىياڭجۇننىڭ ئىككى مىڭ چېرىكى يېڭەلمىگەن دۈشمەننى
ئابدۇررۇسۇل بەگنىڭ مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى بىتچىت قىلىۋېتىپتۇ»
دېگەن خەۋەر قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ پۈتكۈل ئېلىغا تارالدى.

سادىر پالۋان ئابدۇررۇسۇل بەگنىڭ نۇسرىتىدىن ئىلھاملىنىپ مۇنداق
قوشاق توقۇدى:

غالجات، چىلەك، توقماق،
قەدىم جايىم بېسىپ ئۆتكەن.
نەرە تارتىپ ياۋنى يەڭدۇق،
يامان نىيەت ــ ئوي پۈككەن.

كۆرگەن بىر توپ تېرەكنى،
كېرەك قىلدۇق بىر باشقا.
ئاقسارايىنىڭ ئىتلىرى،
مىنىۋالدى كۆكتاشقا.

بۇ خەۋەر يەنە چوڭ كۈرەشنىڭ ئىگىز سىپىلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان چاڭ جياڭجۈننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. جياڭجۈن ھەم ھەيران بولدى، ھەم چۆچۈپ: «بۈيۈك جاھانگىر ئاق پادىشاھنىڭ لەشكىرىنى تارمار قىلغان قوشۇنغا سەل قارىغىلى بولمايدىكەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ مەسلىھەتچى مىڭ دالوينى چاقىرىپ ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى، ئۇلار ئاخىردا مەزەمزات بىلەن ئابدۇرۇسۇل بەگنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرتىپ ئۇلارنى يوق قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ باش پۈتۈكچىگە يازغۇزدى:

*« جانابىي مەزەمزات ھېكىم، تارانچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇندىن بەش يۈزنى ئېلىپ جياڭجۈن مەھكىمىسىگە كەلگەيسىز، تۆشۈك نان[1] ئېلىپ كېلىش ئېسىڭىزدىن چىقمىغاي. بۇ قوشۇنغا تاپشۇرىدىغان مۇھىم ئىش بار.*

*چاڭ جىېن جياڭجۈن (تامغا)»*

[1] تۆشۈك نان ــ ئوتتۇرىسى تۆشۈك دۈگىلەك نان. ئەسكەرلەر تۆشۈك ناننى يىپقا ئۆتكۈزۈپ يۈرۈش قىلىدۇ.

## 3

چوڭ يولدىن سولغا بۇرۇلغان مەزەمزات كورەنىڭ ئېگىز راۋىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ تارىخىنى ئەسلىدى. كونا كورە قەلئەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقانىدى. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تۆت چاقىرىم، غەربتىن شەرققە كەڭلىكى ئىككى چاقىرىم كېلەتتى. كورە قەدىمكى ئالمىلىق (ئىلگىرى پايتەخت بولغان) شەھىرىدىن قالسىلا يەنە بىر ئاۋات شەھەر بولغان. بۇ يەردە چاغاتاي خانلىقى ئۆتكەن، تارىختىن بېرى ئەسكەر تۇرغان، شەھەر ئەڭ ئاۋات بولغاندا قىرىق مىڭ ئاھالە بولغان. شامان ئىبادەتخانىسى قۇرۇلغان، كېيىن شامان، مانى ئېتىقادىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئىگىلىگەن. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ ئىسلام دىنى ئاساسلىق دىن بولغان. مىلادىيە 1640 - يىلى جوڭغار خانلىقى قۇرۇلغاندىن تارتىپ مەھكىمە قۇرۇلغان. چيەنلۇڭنىڭ 32 - يىلى، يەنى مىلادىيە 1762 - يىلى جياڭجۈن مىڭ رۈي چيەنلۇڭ خاننىڭ ئالاھىدە يارلىقى بويىچە تۇنجى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى قۇرغان.

مەزەمزات ئەسلىمىلەردىن ئويغىنىپ راۋاق ئاستىدىكى يولغا كىردى، راۋاقنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى شىرنىڭ مىس ھەيكىلى تۇراتتى. مەزەمزات ھېكىم باشلاپ كەلگەن بەش يۈز ئانلىق لەشكەر (ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۇرۇشتا قازا تاپقانلارنىڭ ئورنىغا لەشكەر ئېلىپ تولۇقلىغان) راۋاقنى تاماشا قىلىپ ماڭدى. ئۇلار راۋاقنىڭ ئالتە بۇرجەكلىك، ئۈستىنىڭ گۈمبەز شەكلىدە ئىكەنلىكىنى، ھەر بىر قىرلىق بۇرجىكىنىڭ گۈمبەزنىڭ چوققىسىغا تۇتاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ قۇرۇلۇش ئۈستىلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. راۋاقنىڭ ھەر بىر قىرىغا كاھىشتىن ئەجدىھا ۋە ھەر خىل قۇشلار، گۈللەرنىڭ شەكلى نەقىش قىلىنغانىدى. ئۇلار شۇنچە ئېگىز راۋاقنى ئالتە تۈۋرۈكنىڭ كۆتۈرۈپ تۇرغىنىغا قاراپ ھەيران قېلىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ راۋاق ساپلا ياغاچ بىلەن قۇراشتۇرۇلغان، پىشاڭ بىلەن چىڭىتىلغان، بىرمۇ مىخ ياكى خىش - كېسەك يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە، چۆرىسىدە ھەر خىل

رەڭدىكى ياغاچ نەقىشلەر، گۈللەر بار ئىدى. مەزەمزات لەشكەرلىرىنى راۋاق ئاستىدىكى يولدىن باشلاپ يېرىم ئاي شەكىللىك دەرۋازا ئارقىلىق تۆپتۈز مەركىزىي كوچىغا ئاچىقتى. كوچىلىرى قەلئە شەكلىدە بولۇپ، ئىككى تەرەپتە كىچىك كوچىلارمۇ بار ئىدى. غەربىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئۈيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ پۇقرالار ئولتۇراقلاشقانىدى. شەرقىي دەرۋازىسىنى تارجى، جەنۇبىي دەرۋازىسىنى سۈيدۈڭ دەرۋازىسى دەپ ئاتىشاتتى. قەلئەنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر، كەڭلىكى ئەللىك مېتىرلىق كۆك خىشتىن ياسالغان تۆت ئەگمە دەرۋازىلىق قورغان - سۇپا ( سەھنە ) بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىدا ياسالغان ئۈچ قەۋەتلىك راۋاق ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەلئەنىڭ غەربىي دەرۋازىسى تەرەپتىكى مەركىزىي كوچىغا جياڭجۈن مەھكىمىسى، دۇتۇڭ يامۇل[1] ، تۆت چوڭ لىڭدۈي[2] ، بىر سىلىڭ يامۇل[3] ، ئامبال يامۇل[4] ، تۆت شىلىڭ، ئون ئالتە زۇلىڭ يامۇل[5] ، گۇڭچەنجۈي[6] ، ئىككى چوڭ ئىبادەتخانا، لەكمە، ئاتلىق، توپچى قوشۇنلار بارگاھى جايلاشقانىدى. چوڭ كوچا بويىدا تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكانلىرى بار ئىدى.

مەزەمزات جياڭجۈن مەھكىمىسى ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى، ئۇ باشلاپ كەلگەن بەش يۈز يىگىت توختىماي يۈرۈپ كەتتى. مەزەمزات ئىككى تەرەپتە جىبسەكچىلەر قېتىپ تۇرغان ھويلىغا قەدەم تاشلىدى، ئاندىن ئوتتۇرىدىكى ساپلا ياغاچتىن ياسالغان بىر قەۋەتلىك مەركىزىي راۋاققا قاراپ ماڭدى. مەركىزىي راۋاق دەم ئېلىش راۋىقى، مەھكىمە قوۋۇقى، مېھمان كۈتۈش قوۋۇقى قاتارلىق ئون قوۋۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، قەلئەنىڭ

---

① دۇتۇڭ يامۇل — يامۇل مەھكىمىسى.
② لىڭدۈي — سەرخىل لەشكەر.
③ سىلىڭ يامۇل — قوماندانلىق مەھكىمىسى.
④ ئامبال يامۇل — ساقچى مەھكىمىسى.
⑤ شىلىڭ، زۇلىڭ يامۇل — قوشۇن گازارمىسى.
⑥ گۇنچەنجۈي — پۇل مۇئامىلە مەھكىمىسى.

ئوتتۇرىسىدا ئىدى. مەزەمزات ئىككىنچى دەرۋازىدىنمۇ توسالغۇسىز ئۆتۈپ، ئەللىك مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن ئۈچىنچى دەرۋازىغا كەلدى. دەرۋازا ئالدىدىكى بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى كەڭ سەھنىگە چىقتى. بۇ سەھنىگە مىڭغا يېقىن ئادەم سىغاتتى. سەھنە شاھ ئوردىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، قەدىمىي ئۇسلۇبتا ياسالغان، كۆپ تۈۋرۈكلۈك ئىدى. سەھنىنىڭ تورۇسلىرىغا مەنچىڭ خان ئەۋەتكەن تەبرىكنامىلەر ئالتۇن ھەل بېرىپ يېزىلغان تاختايلار، تۈۋرۈكلەرگە خانغا، خاندانلىققا، جياڭجۇڭگە ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىگە ئەبەدىي بەخت ـ سائادەت، ئۆزلىرىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ يېزىلغان تاختايلار قاتار ئېسىلغانىدى. بۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالتۇن زەر بىلەن ئەجدىھانىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن سېرىق بايراقلار ئېسىقلىق تۇراتتى. بۇ سەھنە داناڭ① دەپ ئاتىلاتتى. داناڭنىڭ تۆرىدە قوش قاناتلىق ئىككى ئېگىز چوڭ ئىشىك بولۇپ، بۇنى «ئەرمىڭ» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىككى ئىشىكتىن جياڭجۇن، دۇتۇڭ دەرىجىلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ خانىشلىرى كىرىپ چىقاتتى. باشقا ھەر قانداق ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئېچىلمايتتى. ئۇلار يان ئىشىكتىن كىرىپ چىقاتتى. بۇ يەردىمۇ قورال تۇتۇپ تۇرغان ئوت چېرىك ئىچكىرىگە كىرمەكچى بولغانلارنى تەكشۈرۈپ، كىرىشكە ئىجازەت قىلىنغان قەغەز بولسا كىرگۈزەتتى. مەزەمزات ئوڭ تەرەپتىكى كاتىپلار، خەۋەرلەشكۈچىلەر تۇرغان ئۆيگە كىرىپ، باشقۇرغۇچى ئامبالغا ئۆزىنىڭ نام ـ شەرىپى، مەنسىپىنى ئېيتىپ، جياڭجۇننىڭ چاقىرتىشى بىلەن كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. باشقۇرغۇچى ئامبال جياڭجۇنگە خەۋەر قىلغىلى كىرىپ كەتتى. مەزەمزات بۇ ئەپيۇن پۇراپ تۇرىدىغان خانىدا تۇرالماي سىرتقا چىقتى. ئۇ داناڭنىڭ سول تەرىپىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە، ئوڭ تەرىپىدىكى كاتىبات، خوجىلىق خانىلىرىغا نەزەر سالدى. ئاندىن داناڭ سەھنىسىنىڭ يېنىدىكى كۆك خىشتىن ياسالغان ئەگمە ئىشىكنى كۆردى. مەزەمزات ئىلگىرى بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئاشۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەڭ بىر مەيدانغا چىققان.

---

① داناڭ — چوڭ سورۇن ياكى سوراقخانا.

مەيداندىكى قاتار - قاتار ئۆيلەرگە كىرگەنىدى. بۇ ئۆيلەر چېرىكلەر بارگاھى، قورال - ياراغ ئامبىرى ئىدى. مەزەمزات ئەگمە ئىشىكتىن كاتتا قورۇغا كۆپ قېتىم كىرىپ - چىققان. بۇ قورۇدىكى رەتلىك سېلىنغان خانىلارغا تولا كىرىپ، ئامبال، غالداي، باخشى قاتارلىق مانجۇ، شىبە ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەنىدى. تىلماچ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆرۈپ بەرگەن، كاتىپلار مەكتۇپ، ئەمىر - پەرمانلارنى يېزىپ بەرگەنىدى. بۇ ئەمەلدارلار ئىلى جياڭجۈنگە قاراشلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر، مۇڭغۇل، تۇڭگان، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى، نوپۇس، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى، يەر، سۇ، ئالۋان - ياساق، مەنسەپكە قويۇش، مەنسەپتىن قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش، جازالاش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. مەزەمزات دەپنە، مالىيە، ئىقتىسادقا مەسئۇل ئامباللار بىلەن كۆرۈشكەن، سۆزلەشكەن، ئۇلارغا نورغۇن ئالتۇن، يامبۇ، كۈمۈش، قىممەت باھالىق دۇر، ئېسىل تاش، جاۋاھىراتلارنى سوۋغا قىلغانىدى. بۇ يەردە مۇشۇنداق بىباھا بايلىقلاردىن تاشقىرى، جياڭجۈن ئىلى خەلقىدىن يىغىۋالغان مال - دۇنيا قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملار ساقلىناتتى. بۇ ئورۇن ئىنتايىن مەخپىي بولۇپ، قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىناتتى. خەزىنىچى ئامبالدىن باشقا ھەر قانداق ئادەم كىرگۈزۈلمەيتتى. جياڭجۈن بۇلتۇر چاغاندا داتاڭدىكى زىياپەتتە مەست بولۇپ قېلىپ، مەزەمزات سوۋغا قىلغان جاۋاھىرنى «خەزىنىگە ئۆز قولۇڭ بىلەن قويۇپ قوي» دەپ باشلاپ كىرگەندە، ئۇ بۇ خەزىنىنى كۆرگەنىدى. شۇ كۈنى خەزىنىدىن قايتقاندا، جياڭجۈن ئۇنى گۈللۈك، چوڭ پەنجىرىلىك، ئالدى پېشايۋانلىق ھەشەمەتلىك بەش ئېغىزلىق مەھرەمخانىسىغا باشلاپ كىرگەنىدى. بۇ مەھرەمخانا جياڭجۈن خانىشلىرىنىڭ دەم ئېلىش سارىيى بولۇپ، ئۆيى ئىچى ھەر خىل قىممەت باھالىق بىساتلار بىلەن ئالاھىدە زىننەتلەنگەنىدى. بۇ خانىدا بىر نەچچە مۇلازىم قىزلار يۈگۈرۈپ يۈرۈپ جياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ خانىمىغا خىزمەت قىلاتتى. بۇ سارايىنىڭ ئىككى چېتىدە يەنە بىر قانچە ئۆيلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمىدا خانىشلارنىڭ كېنىزەكلىرى، مۇلازىملىرى تۇراتتى. قورۇنىڭ شەرقىدە جياڭجۈننىڭ خاس ئىشخانىسى، تامغا تۇتىدىغان خاس كاتىپى ۋە

مۇھاپىزەتچى مۇلازىملار تۇرىدىغان ئۆيلەر بار ئىدى.

باشقۇرغۇچى ئامبال چىقىپ مەزەمزاتنى ئاشۇ مەھرەمخانا ھويلىسىغا باشلىدى. مەزەمزات ئامبالغا ئەگىشىپ قورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جياڭجۈننىڭ ئىنتايىن ھەشەمەتلىك سارىيىغا كىردى. سارايغا چوڭ خەتلەر بىلەن يېزىلغان لەۋھە ـ بايراقلار، ئالتۇن ھەل بېرىلىپ چوڭ قىلىپ خەت يېزىلغان تاختىلار ئېسىقلىق تۇراتتى. سارايىنىڭ تۆرىگە، ئوتتۇرىسىغا ئەجدىھا سۈرىتى كەشتىلەنگەن كىمخاب يوپۇق يېپىلغان، ئاستىغا يولۋاس تېرىسى سېلىنغان تەخت قويۇلغانىدى. جياڭجۈن چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلسا مۇشۇ تەختتە ئولتۇرۇپ ھۆكۈم قىلاتتى. ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلار بىلەن مەجلىس ئاچقاندا، مۇشۇ تەختتە ئولتۇرۇپ رىياسەتچىلىك قىلاتتى، يارلىق چۈشۈرەتتى.

تەختتە گىدىيىپ ئولتۇرغان، قاپىقىدىن قار يېغىپ تۇرغان چاڭ جياڭجۈننىڭ قىيسىق كۆزلىرىگە، چاشقان بۇرۇنىغا كۆز تاشلىغان مەزەمزاتنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. ئۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن مۇلايىملىق بىلەن:

— جانابلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن پېقىر قۇللىرى ئالدىلىرىدا ھازىر بولدى، — دېدى.

جياڭجۈن قاپىقىنى ئاچمىدى، بۇرۇنقىدەك ئولتۇرۇشقا ئىلتىپاتمۇ كۆرسەتمىدى. مەزەمزات كۆزىنىڭ قىرىدا دائىم ئۆزى ئولتۇرىدىغان كۇرسىغا قاراپ قويدى. شۇ ھامان جياڭجۈننىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سىزنىڭ خانىدانلىقىمىزغا كۆرسەتكەن چوڭ ئىشلىرىڭىزغا قانداق ئىنئام تەقدىم قىلساق رازى بولۇرسىز؟

— ئۇلۇغ جياڭجۈن ئۆزى بىلگەي! — دەپ جاۋاب قىلدى مەزەمزات بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.

جياڭجۈننىڭ قەھرلىك ئاۋازى سارايدا جاراڭلىدى:

— ئۈستۈرمە سېلىقلارنى تولۇق تاپشۇرمىغىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە تەقدىم قىلىنىدىغان ئىنئام گوندىخانا! ھەي، كىم بار؟

شۇ ھامان ئىككى چېرىك ھازىر بولدى. ئۇلار مەزەمزاتنى ئىككى

بىلىكىدىن تۇتۇپ سارايدىن ئاچىقتى. مەزەمزات ھەيرانۇ ھەس بولۇپ قالدى. بۇلتۇرقى چاغاندىكى جىياڭجۇننىڭ ئىلتىپاتى نەگە كەتكەندۇ؟ بۇلتۇر چاغاندا كاتتا ئويۇن ـ تاماشا، بەيگە بولغانىدى، بەيگىدە جىياڭجۇننىڭ ئۈزۈپ چىققان يورغىلىرى مەزەمزات ھېكىم سوۋغا قىلغان ئاتلار ئىدى. جىياڭجۇن خۇشلۇقىدا ئۇنىڭغا كۆپلىگەن سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلغانىدى. ھالا بۈگۈن گۇندىخانىغا تاشلىغىنى نېمىسى؟! مەزەمزات شۇلارنى ئويلاپ كېلىۋېتىپ گۇندىخانىغا قانداق كىرگەنلىكىنى بىلمەي قالدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. چاپارمەن ئابدۇررۇسۇل بەگكە چاڭ جىياڭجۇننىڭ پەرمانىنى ئەكەلدى. تىلماچ پەرماننى ئابدۇررۇسۇل بەگكە ئوقۇپ بەردى:

*«ئابدۇررۇسۇل شاغى بەگ، سىزنى ئورلاڭ ھېكىملىككە[1] تەيىنلىدىم. مەزەمزات ھېكىم چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا زوربە بەرگىلى چىلپەڭزە قىلىشقا ماڭدى. سىز مۇشۇ پەرماننى ئالغان ھامان بەش يۈز مەرگەننى ئېلىپ جىياڭجۇن مەھكىمىسىدە ھازىر بولغايسىز. چار پادىشاھنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئەمىر لەشكەر بولۇپ بارىسىز.*

*چاڭ جىن (مۆھۈر)»*

ئابدۇررۇسۇل بەگ ئويلىنىپ قالدى: «ئەجەبا، ئاق پادىشاھ يەنە تاجاۋۇز قىلغانمىدۇ؟ ئەگەر مەن ئەمىر لەشكەر بولۇپ بارسام، نېمە ئۈچۈن جىياڭجۇن مېنى ئورلاڭ ھېكىملىككە تەيىنلەيدۇ؟ مەزەمزات ھېكىم جەڭ ئىلمىدىن خەۋەرسىز تۇرسا، نېمە ئۈچۈن جەڭگە ئۇنى ئەۋەتكەندۇ؟» بۇ سوئاللار ئۇنىڭ كاللىسىغا كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ ئۇنىڭ تىنچلىقىنى قاچۇردى. ئۇ چاپارمەننى چاقىرتتى. ئابدۇررۇسۇل بەگنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغان چاپارمەننىڭ چىرايى تاتاردى، قوللىرى تىترىدى. چاپارمەننىڭ بۇ ھالىتىنى

[1] ئورلاڭ ھېكىم ــ ۋاقىتلىق ھېكىم.

كۆرگەن ئابدۇرۇسۇل بەگدە گۇمان پەيدا بولدى. ئۇ چاندۇرماي سورىدى:

— مەزەمزات ھېكىم نەگە كەتتى؟

— مەن... مەن بىلمەيمەن، — چاپارمەن دۇدۇقلاپ قالدى.

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يۈرىكى بىر نېمىنى تۇيغاندەك سوقۇپ كەتتى. ئۇ چاپارمەندىن قوپاللىق بىلەن سورىدى:

— راست گەپ قىل. يالغان ئېيتساڭ كاللاڭنى ئالىمەن!

چاپارمەن شاغى بەگنىڭ غەزەپلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ تىترىدى. ئۇ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ:

— مەن ... مەن دەي، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە. مەنمۇ سىلىنىڭ قېرىنداشلىرىڭىز. دەي دېۋىدىم. تىلىم بارمىدى. مەزەمزات ھېكىمنى گۇندىخانىغا تاشلىدى! — دەپ يىغلاپ كەتتى.

— ھە؟! — ئابدۇرۇسۇل بەگ كەينىگە بىر قەدەم داجىدى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا چاقماق سوقۇۋەتكەندەك تەسىر قىلغانىدى. كەڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقتى. ئۇ دەررۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيغاندەك بولۇپ چاپارمەندىن يەنە سورىدى:

— بەش يۈز مەرگەنچۇ؟

— ئۇلارنى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھامان چېنى غالداي باشلاپ ئەكەتتى.

— قاياققا؟

— زۇلىڭ يامۇلى تەرەپكە.

ئابدۇرۇسۇل بەگ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قولىدىكى پەرمانغا نەپرەت بىلەن قارىدى: «مەسىلە چۈشىنىشلىك. جياڭجۈن مېنىڭ مەرگەنلىرىمدىن ئۈركىگەن، ئۇنى بۆلۈپ يوقاتماقچى بولغان. ھېكىمنى بەش يۈز مەرگەن بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ بوپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى يېڭى قوبۇل قىلغان لەشكەرلەرنى بەرگەنىمەن. ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەپتۇ. مېنىڭغۇ كارىم چاغلىق، مەن ئۇنىڭ قولىدىكى ئادەم. ئاتامدۇ، چاپامدۇ، ئاسامدۇ، ئۇنىڭ ئىشى. ئەمما، مۇنۇ بەش يۈز قىران يىگىتچۇ؟ ئىزىمنى بېسىۋاتقان ئاجايىپ قابىلىيەتلىك ۋە پاراسەتلىك ئەلا پالۋانچۇ؟ تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ

چىقارغىنىمىزنى ماختاشنىڭ ئورنىغا جازالىغىنى نېمىسى؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ سادىر ئاغىنىنىڭ يېنىغا كېتەيلىمۇ - يا؟ تاغلارنى ماكان قىلىپ، قانخور ئەمەلدارلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئېلىشسام پۇخادىن چىقار ئىدىم.» ئۇ شۇنداق خىياللارغا كەلدىيۇ، ئەمما شۇ ھامان ئوماق قىزى، رەپىقىسى، قېيناتىسى ئەخمەت، ئۇستازى ناسىر ئەلەم ۋە باشقا يار - بۇرادەرلىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ شۇركۈنۈپ كەتتى: «بۇلار تاغ تورمۇشىغا، دەمىمۇ دەم كۆچۈپ يۈرۈشكە ھەرگىز چىدىمايدۇ. ئەگەر مەن بەش يۈز مەرگەن بىلەن تاغقا چىقىپ كەتسەم، جىياڭجۈن چېرىكلىرى كېلىپ يار - بۇرادەرلىرىمنى تۇڭگانلارنى جادۇدا تۇغرىغاندەك تۇغرايدۇ. ئالدىرىما رۇسۇل، ئۇستازىنىڭ مەسلىھەتىنى ئال...» ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئۆيگە كىرگەن ئەلا پالۋان بۇلۇۋەتتى. ئۇ:

— ئاغا، تۇڭگانلارنىڭ ئاقساقاللىرى جىددىي ئىشىمىز بار ئىدى، شاغى بەگنىڭ ۋاقتى بارمىكىن، دەپ كەپتۇ، — دېدى.

— مۇنو چاپارمەننى ئاچىقىپ كەت، ھازىرچە سىرتقا چىقماي تۇرغاي، تۇڭگانلارنى باشلاپ كىر! — دېدى ئابدۇرۇسول بەگ.

تۇڭگان ئاقساقاللىرىدىن خەنجە ئاخۇن، ياگۇر، ئىسمازاخۇن، ياقۇپ ئاخۇنلار كىرىپ كەلدى. ئۇلار كىرىپلا سالام بېرىشتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بېگىم، تەنلىرى ساق، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي!

ئابدۇرۇسول بەگ ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى، ياگۇر ئاخۇننىڭ بېلىدىكى ئاق پوتىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ:

— باشلىرىغا قانداق مۇسىبەت چۈشتى؟ — دەپ سورىدى.

— جىياڭجۈن ياگۇر ئاخۇننىڭ يالغۇز ئوغلىنى قەتل قىلدى، — دېدى خەنجە ئاخۇن.

— زادىلا ئۇقماي قاپتىمىز، — دەپ، ئابدۇرۇسول بەگ ياگۇر ئاخۇندىن ھال سورىدى.

ھەممە ئورۇن ئېلىشتى، خەنجە ئاخۇن پاتىھەگە قول كۆتۈردى.

ئابدۇرۇسول بەگ يۈزىنى سىيپاۋېتىپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— خوش، مۆھتەرەم جانابلار، ئەھۋاللىرى نېچۇك؟
— بۇ دۇنيا بىز مۇسۇلمانلارغا ناھايىتىمۇ كاج كېلىۋاتىدۇ.
گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ئابدۇرۇسۇل بەگ سەزدى ۋە ئۇلارنىڭ زادى نېمە مەقسىتى بارلىقىنى ئېنىق بىلمەكچى بولۇپ سورىدى:
— دۇنيامۇ كاجلىق قىلامدۇ، تەقسىر؟
— ھەي شۇ، بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر چۈشتى. خەۋەرلىرى بار، جياڭجۈن قېرىنداشلىرىمىزنى جادۇدا تۇغراۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن ياگۇر ئاخۇننىڭ ئوغلىنى قەتل قىلدى.
ياگۇر ئاقساقال ھۆڭ - ھۆڭ يىغلىدى. خەنجە ئاخۇن گېپىنى داۋام قىلدى:
— دەرد - ئەلەم سۆڭەككە يەتتى. ئۇيغۇر قېرىنداشلارمۇ ھارغۇچە دەرد تارتىۋاتىدۇ، بىز بۇ زۇلۇمغا چىدىماي قالدۇق، تەقسىر. ئۇيغۇر، تۇڭگان ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرى، مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى بىزنى رەھىمسىزلەرچە ئەزمەكتە. بۇ خىل زۇلۇمغا قارشى شەنشى، گەنسۇ، ئۈرۈمچى تۇڭگانلىرى كۆتۈرۈلۈپ، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ ئەدىپىنى بەردى. بىزمۇ شۇنداق قىلمىساق تۈگىشىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. بىز شۇ ۋەجىدىن سىلىدىن مەسلىھەت ۋە ياردەم سوراپ كەلدۇق.
— بىزنىڭ سەۋر قاچىمىز سۇندى، بىز ئۇيغۇر - تۇڭگان بىرلىشىپ، ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ، ئەمىنلىككە ئېرىشىش نىيىتىدە، جانابلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغىلى كەلدۇق. مەگەر بىزنى جياڭجۈنگە چاقۇ قىلىپ قەتل قىلغۇزسىلىمۇ مەيلى، بىز جېنىمىزنى تىكىپ قويدۇق، — دېدى ياگۇر ئاخۇن كەسكىن قىلىپ.
— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ باشقىلارمۇ ماقۇللىدى. ئۇلار بىردەك ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئاغزىغا قارىدى. بەگ ئېغىر بىر تىنىپ قويدى - دە، ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:
— ھەر قايسىلىرىنىڭ كەمىنىنى ياد ئېتىپ دەرد - مۇڭلىرىنى ئېيتىپ كېلىشكەنلىرى ماڭا ئىشەنگەنلىكلىرى، مەن بۇنىڭدىن خۇرسەنمەن. تۇڭگان قېرىنداشلارنىڭ قىرغىن قىلىنغىنى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنى ئېچىندۇردى، بىز

قايغۇردۇق. قانداق قىلىمىز، جياڭجۇن مەھكىمىسى بىلەن تەڭ بولالمايمىز. سىلەر ئېيتقان كۆتۈرۈلۈش مەسىلىسى ئاددىي گەپ ئەمەس. چوڭ ئىش. بۇنىڭغا مېنىڭ كەم ئەقلىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ.

— مەزەمزات ھېكىم ئالىيلىرى بۇ ئىشقا قانداق قارايدىكىن؟ — دەپ سوراپ قالدى ئىسمازا.

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قويۇق قاشلىرى تۈرۈلدى. ئۇ قايغۇرغان، ئاچچىقى كەلگەن ياكى خۇشال بولغاندا بۇرۇتىنى سىلاپ قوياتتى. ئۇ شۇ تاپتىمۇ بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى. «مەزەمزاتنىڭ گۇندىخانىغا تاشلانغىنىنى ئېيتايمۇ، ئېيتمايمۇ؟ ئۇلارمۇ ماڭا ئىشىنىپ سىرىنى ئاچقان يەردە مەن ئۇلاردىن گۇمانلانسام نامەردلىك بولار.» ئۇ شۇنداق ئويلىۋالدى ـ دە، ئاندىن:

— ھېكىمنى چاڭ جياڭجۇن گۇندىخانىغا تاشلاپتۇ! — دېدى.

— ھە، نېمە ئۈچۈن؟ — ئەندىكىپ سورىدى پەگاھتا تۇرغان ئەلا پالۋان.

— ئۇ زات نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدى؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ ئاخۇن.

— بىز ئاق پادىشاھ تاجاۋۇزچىلىرىنى تارمار قىلدۇق. شۇڭا جياڭجۇن مېنىڭ ئاتلىق مەرگەنلىرىمدىن قورققان بولسا كېرەك. ئۇ مەزەمزاتنى بەش يۈز مەرگەن بىلەن چاقىرتىۋېلىپ گۇندىخانىغا تاشلاپتۇ.

ھەممىسىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئېغىر تىنىشلىرى، خەنجە ئاخۇننىڭ ياگۇرغا پىچىرلىغىنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئالدىرايتتى، شۇڭا تۇغقانلارنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن قىلىپ قايتۇرۇشنى ماقۇل تاپتى.

— قېرىنداشلار، قايغۇ ـ ھەسرەت، كۆز ياشلىرى ئىچىدە ئولتۇرساق بالا ـ قازا قوشلاپ كېلىدۇ. ھەر قايسىلىرىنىڭ بەردەم بولۇشىنى تىلەيمەن. سىلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئىش ئويلىنىپ باقمىدىغان ئىشتەك قىلىدۇ. ئاللانىڭ قانداق يازمىشلىرى بار، بۇ بىزگە نامەلۇم. ئۇستازلىرىمىز ناسىر ئەلەم، شەمسىدىن خەلپەم ۋە باشقا ئۇلۇغلىرىمىز بىلەن مەسلىھەتلەشمەك كېرەك. مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماستۇر! — دېدى ئابدۇرۇسۇل بەگ.

— تولىمۇ ئاقىلانە گەپ بولدى، — دېدى خەنجە ئاخۇن. — ئوبدانراق مەسلىھەتلەشمىسەك بولمايدۇ. بىز بىلىممىزنى باغلاپ بولدۇق. مانا مەزەمزات ھېكىمنى گۆندىخانىغا تاشلاپتۇ. قارىغاندا، جياڭجۇن ھەممىمىزنى بىر - بىرلەپ ئاشۇنداق گۆندىخانىغا تاشلاپ چىرىتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

— ئەقسىر، بۇ گەپلەر مۇشۇ يەردىلا قالسۇن، — دېدى ياگور ئاخۇن ئەلا پالۋانغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ.

ئابدۇرۇسۇل بەگ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئەلا پالۋاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ يىگىت مېنىڭ ئىشەنچلىك شاگىرتىم، قوشۇنىڭ سەردارى! — دېدى.

خەستە كۆڭلى ئاز بولسىمۇ شىپالىق تاپقان تۇڭگان ئاقساقاللىرى رازى - رىزا بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇلارنى ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى. تۇڭگانلار ئادىتى بويىچە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ خوشلاشتى.

ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەھۋالنىڭ ناھايىتى جىددىيلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىر ئىش ئۈستىدە، باش قاتۇرسا ئۇنى بىر باشقا ئىلىپ چىقمىغۇچە كۆڭلى تىنمايتتى. بولۇپمۇ بۇگۈنكى مەسلىھەتنى تېز ھەل قىلمىسا، كوچىغا چىقىپ كەتسە، مۆلچەرلىگۈسىز ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. شۇڭا، تۇڭگانلارنى ئۇزىتىپ قويۇپلا ئاتلاندى.

ئۇ ناسىر ئەلەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە، ئەلەم قېلىن بىر كىتابنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ناسىر ئەلەم سالام بېرىپ كىرگەن ئابدۇرۇسۇل بەگنى كۆرۈپ، كىتابقا پەلكۈش قىستۇردى - دە، ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ بەگنى يېنىغا ئۆتكۈزدى. پاتىھە ۋە ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئابدۇرۇسۇل بەگ كېلىشتىكى نىيىتىنى ئىزھار قىلدى. بەش يۈز مەرگەن بىلەن ھېكىمنىڭ گۆندىخانىغا تاشلانغىنىنى، جياڭجۇننىڭ پەرمانىنى ۋە تۇڭگانلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش نىيىتىنى بايان قىلدى. ئاندىن تۆش يانچۇقىدىن جياڭجۇننىڭ پەرمانىنى ئېلىپ بەردى. ناسىر ئەلەم پەرماننىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلىنىپ چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۇستازىنىڭ دىققىتىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن ئۈندىمەي ئولتۇرۇپ ئۆينى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە

باشلىدى: يەرگە چەشمە گۈللۈك گىلەم سېلىنغان، تۆر تامغا ئايگۈل گىلىمى تارتىلغان، ئويۇقلارغا كۆن مۇقاۋىلىق قېلىن كىتابلار تىزىلغان، ئوڭ تەرەپ تامنىڭ ئۇ يېقىغا ئورۇن - كۆرپىلەر تىزىپ قويۇلغان، يەنە بىر تامنىڭ ئويۇقىدا مىس تەخسە، جانان چىنىلەر تىزىپ قويۇلغانىدى، پەگاھتىكى مىس چىلاپچا يېنىدا غاز بويۇنلۇق ئاپتۇۋا تۇراتتى.

— ھىم، ئىش چىگىغا چىقىۋېتىپتۇ - دە، بەگ؟ — دېدى ناسىر ئەلەم خىيالىدىن سەگىپ. — سىز قانداق قىلماقچى؟

— ئۆزۈممۇ بارمايمەن، بەش يۈز مەرگەنىنىمۇ ئەۋەتمەيمەن.

— ئۇنداقتا، جياڭجۈن جازا يۈرۈشى قىلىدۇ.

— ئەمىسە، قانداق قىلاي ئۇستاز؟ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە بىر قارارغا كەلمىسەك بولمايدىغاندەك. سىلىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشلىرىنى، تەلىم بېرىشلىرىنى سوراپ كەلدىم.

— تۇڭگانلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە جەزىم قىلالارسىزمۇ؟

— ئۇلار «بەلنى باغلاپ قويدۇق» دەيدۇ.

— ھىم. تۇڭگان خەق جاھىلراق كېلىدۇ. قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قالمايدۇ. دېمىسىمۇ جياڭجۈن ئۇلارغا قاتتىق رەھىمسىزلىك قىلدى.

— ئۇستاز، — دېدى ئابدۇرۇسۇل بەگ. — جياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋالدى. خەلقىمىزگە خالىغانچە زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ. پىچاق سۆڭەككە يەتتى. مەزلۇملارنىڭ قانلىق يېشى. ئاھۇ پەريادى پەلەككە يەتتى. خەلقنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزەمزات بىلەن بەش يۈز مەرگەنىنىڭ گوندىخانىغا تاشلىنىشى، تۇڭگانلارنىڭ قىرغىن قىلىنىشى، مېنى بەش يۈز مەرگىنىم بىلەن گوندىخانىغا تەكلىپ قىلىشى ئەمدى بىزنى تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ كۆتۈرۈلۈشكە مەجبۇر قىلماقتا!

ناسىر ئەلەم ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگىنىنى بىلىپ، كۆتۈرۈلۈشنىڭ ئالدى - كەينىنى، خەلققە بولغان پايدا - زىيىنىنى مۆلچەرلىدى، ئاقىۋەتتىگە كۆپرەك باش قاتۇردى. جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ

يىگىرمە نەچچە مىڭ چېرىكىگە تاقابىل تۇرغىلى بولامدۇ، يوق، مانا شۇلارنى مۇلاھىزە قىلدى. ئاخىردا سورىدى:

— سىزنىڭ قوشۇنىڭىز چېرىكلەرگە بەس كېلەلەرمۇ؟

— قولۇمدىكى كۈچ بىلەنلا بىر نېمە قىلغىلى بولمايدۇ. خەلقنى قوزغىساق، جەلپ قىلساق بىر گەپ بولار. ئوت يېقىلسىلا گۈلخان بولىدۇ، پۈتكۈل يېزا بەگلىرىنى ھەركەتلەندۈرسەك، ھەر يېزىدىن بىرەر يۈز لەشكەر توپلانغان ھالەتتىمۇ چوڭ كۈچ بولىدۇ.

— قورال - ياراغنى نەدىن تاپىسىز؟ — دەپ سورىدى ناسىر ئەلەم.

— ئوردىدا مىڭدىن ئارتۇق بەردەنگە بار. توقمەك بەگنىڭ تۆت - بەش يۈز كىشىلىك لەشكىرى بار. ئورۇسلاردىن غەنىيمەت ئالغان مىڭ دانە مىلتىقنى ئۇلارغا تاشلاپ كەلگەن. قىلىچ - نەيزىنى ياسىتىمىز. ئوق - دورا ياسىتىمىز. ئەگەر كۆتۈرۈلۈش نىيىتىگە كەلسەك، ئاۋۋال شەھەردىكى ئىككى قورال - ياراغ ئامبىرىنى قولغا چۈشۈرىمىز.

ناسىر ئەلەم ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ھەممىنى ئىدىتلاپ قويغىنىنى بىلىپ، قوشۇلغان قىياپەتتە:

— مۇھىمى ئاخىرقى پىكرىڭىز. خەنزۇ بازىرى، شەھەردەڭ، چىلپەگزە قەلئەلىرىنى ئېلىپ قورال - ياراغقا ئىگە بولۇش زۆرۈر، — دېدى.

— ئۇستاز، شۇنداق قىلىپ كۆتۈرۈلۈشكە قوشۇلدىلىمۇ؟ — بەگ ناسىر ئەلەمگە شادلىق كۆزلىرىنى تىكتى.

— باشقا ئىلاج يوقتەك قىلىدۇ، مەن جياڭجۈننىڭ سىزنى يوق قىلىشىنى خالىمايمەن. ئۆز ئايىغىڭلار بىلەن ئۆلۈم تىلەپ بارغاندىن كۆرە ئېلىشىپ تۇرۇپ ئۆلگەن ئەۋزەل. يا ئۆلۈم. يا كۆرۈم دېگەن مانا شۇ. ئۇلار سىز ۋە مەرگەنلىرىڭىزنى يوقاتسا، مېنىڭدەك ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسىنى تۈگەتكەن قېرىلار خەلقىمىزگە نېمە قىلىپ بېرەلەيمىز؟ ئىنشائاللا نۇسرەت قۇچارمىز. سادىر پالۋانمۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى چېرىكلەر بىلەن ئېلىشىپ كەلدى. بىراق، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەندەك، ئۇ پالۋىنىمىز چوڭ ئىش قىلالمىدى.

— تۈڭگانلار بىلەن قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى ئابدۇرۇسۇل بەگ

— ئۇلار بىلەن كېلىشىمنامە تۈزۈش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئادىمى ئاز، قورالى يوق، ئىختىلال[1] ھەيئىتى قۇرىمىز. ئۇنىڭ باشلىقى بىزدىن، مۇئاۋىنى ئۇلاردىن بولۇشى كېرەك. ھازىرلا ئىشەنچلىك چاپارمەنلەرنى ئەۋەتىڭ، موللا شاۋكەت ئاخۇنۇم، ئەخمەت بەگ، جاللىدىن خەلپەم، ئابدۇللىتىپ خەلپەم ۋە ئىسھاق بەگلەر ھۇزۇرىمىغا كەلگەي. مەھكىمە شەرئىيىنىڭ مۇھىم مەسلىھەتلىك ئىشى بار ئىكەن، دەپ ئۇقتۇرسۇن. شەمسىدىن خەلپەمگە ئەتىگەنلىككە ئەلا پالۋاننى ئەۋەتىپ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلارسىز. بۈگۈن بۇ يەردە ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ بىرلىككە كېلەيلى.

— تولا ئوبدان! — ئابدۇرۇسۇل بەگ ئورنىدىن تۇردى.

— ھە راست، ھېلىقى چاپارمەن بارمۇ؟

— بار.

— جياگجۇن سىزنىڭ كەلمىگىنىڭىزنى قارشىلىق دەپ بىلىپ چېرىك تارتىپ كېلىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، يېقىن ئادەملەر ئارقىلىق شەھەرگە «جياگجۇننىڭ چاپارمىنىنى قاراقچىلار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن گەپنى تارقىتايلى. بۇ گەپ جياگجۇنگە يېتىدۇ، ئۇ يەنە بىر چاپارمەن ئەۋەتكۈچە ۋاقتنى ئۇتىمىز. بۇ گەپنى بۈگۈن مەدرىستىكى خۇپتەن نامىزىدا، ئەتە بارلىق مەسچىتلەردە بامدات نامىزىدا تارقاتقان ياخشى.

— تولا ئوبدان! — ئابدۇرۇسۇل بەگ ھويلىغا چىقىپ، ئەلا پالۋاننى ناسىر ئەلەمنىڭ ئاخىرقى تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداشقا ئەۋەتتى. ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىسىنى بايا ناسىر ئەلەم ئاتاپ ئۆتكەن زاتلارغا ئەۋەتتى. ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ ئۆزى ناسىر ئەلەمنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ كىردى. مۇلازىم كىرىپ قولغا سۇ ئالدى. داستىخان سالدى. ناسىر ئەلەم لەگمەن يەپ ئولتۇرۇپ ئابدۇرۇسۇل بەگكە دېدى:

— بۇ ئىشتا سىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭىزگە، ئىرىشچانلىق كۆرستە-

---

[1] ئىختىلال — قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش.

لەيدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن. مېنىڭ قوشۇلغىنىم سىز بار بولغاچقىلا بولدى.

— سىلىنىڭ تەلىملىرىدىن كېيىن ئۆزۈمدە بىر ئۇلۇغ كۈچ پەيدا بولغىنىنى سېزىۋاتىمەن. ماڭا ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن سىلىنىڭ تەلىملىرى، يۈز مىڭلىغان خەلقىم تىرەك بولىدۇ، — دېدى ئابدۇرۇسۇل بەگ ھاياجانلىنىپ.

ئۇلار تاماقتىن كېيىن تەرەت ئېلىشتى. خۇپتەن نامىزىغا جايناماز سېلىپ تۇرۇشىغا چاقىرتقانلار بىر - بىرلەپ كىرىپ كەلدى. ناماز ناسىر ئەلەمنىڭ ئىماملىقىدا ئۆيدە ئوقۇلدى. نامازدىن كېيىن ئۇلار يېرىم كېچىدىن ئاشقۇچە مەسلىھەتلەشتى. كۆتۈرۈلۈشنىڭ تەدبىرلىرىنى بېكىتىشتى، ئىختىلال ھەيئىتىنىڭ نامزاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئەتىسى ئابدۇرۇسۇل بەگ بامدات نامىزى ئالدىدا تۇڭگان مەسچىتىگە چاپارمەن ئەۋەتتى. تونۇگۇن ئوردىغا كەلگەن تۇڭگان ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى كەلدى. ئەلا پالۋان ئوردا ئەتراپىغا قاتمۇ قات جېسەكچىلەرنى قويدى، جېسەكچىلەر ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئىزدەپ كەلگەنلەرنى: «بېگىم يېقىن قاياشلىرى بىلەن بەند» دەپ كىرگۈزمىدى.

مەجلىسكە ناسىر ئەلەم رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ زات ئاخشام مەسلىھەتلەشكەن ئىشلاردىن ئۇچۇر بەردى. تۇڭگانلار غايەت خۇرسەن بولدى. ئۇلار ئىختىلال ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرۇسۇل بەگ بولغاي، دېيىشتى. ناسىر ئەلەم تەكلىپ بەردى:

— بولىدۇ، مۇئاۋىنلىققا ياگۇر ئاخۇن بولغاي.

مەجلىس مۇنداق قارار ھاسىل قىلدى:

ئىختىلال مەشئىلى مىلادىيە 1864 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى (تۇڭگىجىنىڭ 3 - يىلى) ئۇلۇغ جۈمە كۈنى كەچتە يېقىلىدۇ. بۇ خەلقنىڭ قۇتلۇق كۈنى بولۇپ قالغاي.

ئىختىلال ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدۇ، بۇ ھەيئەت ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، مۈلكىي ئىشلارنى مەھكىمە شەرئىي باشقۇرىدۇ.

ئىختىلال ھەيئەتلىرى: موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇرۇسۇل بەگ،

ياگور ئاخۇن، موللا شاۋكەت ئاخۇن، ئەخمەت بەگ، توختاخۇن، خەنجە ئاخۇن، شەمسىدىن خەلپەمدىن تەركىب تاپىدۇ.

ھەيئەت باشلىقى: ئابدۇرۇسۇل بەگ

ھەيئەتنىڭ مۇئاۋىنى: ياگور ئاخۇن

ئەمىر لەشكەر: ئابدۇرۇسۇل بەگ (قوشۇمچە ئۆتەيدۇ)

قازىكالان: موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم

قازى ئەسكەر ۋە مۇپتى: موللا شاۋكەت ئاخۇن

ئوردا خەزىنىچىسى: ئەخمەت بەگ

ھەيئەت لەشكەر توپلاش، قورال‌لاندۇرۇش، تەرتىپىنى چىڭىتىش، مەشىق قىلدۇرۇش، گەدەنكەشلىك قىلغانلارنى جازالاشنى ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئىختىيارىغا بەردى.

ياگور ئاخۇن:

— ئاتىمىز ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم پاتىھە بەرسە، — دېدى.

ناسىر ئەلەم پاتىھە بېرىشتىن ئاۋۋال مۇنداق دېدى:

— بىز ئاراب چەككەن خەلقىمىز ئۈچۈن كۆتۈرۈلىدىغان بولدۇق. بۇ تولىمۇ زور ئىش. بۇ ئىشتا بىرلىك كېرەك. ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇشىمىز، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشىمىز كېرەك. ئەمدىكى ئۈمىدىمىز ئابدۇرۇسۇل بەگ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىدا. بىز ئۇنىڭدىن شۇنى سورايمىزكى، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ خەلقنى دەرھال قوزغىسۇن، خەلق غايەت زور كۈچ!

# ئىككىنچى باب

## ئۇچقۇنلار

ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ
— ماۋزېدۇڭ

### 1

جاڭ لى چەنپەن[1] مىڭ غالدايىنىڭ ئائىلىسىگە چاكارلىققا بېرىلدى. جاڭ لى ياش، كېلىشكەن، ئاق يۈزلۈك، ئەدەپ - قائىدىلىك، چېچەن يىگىت ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيگە كەلگەن كۈندىن ئېتىبارەن كومشا قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، خوجايىن نېمە دېسە «خوش غوجام» دەپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ مىڭ غالداي (مىڭ يايى گۈزەل ئاغىچىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش توختى ئىسىملىكلەرنى تۇتۇپ بەرگىنى ئۈچۈن غالدايلىق مەنسىپىگە ئېرىشكەن) ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق ياش خوتۇنى چى رۇيدىن ئاشقان تاماقنى يېيىشكە مەجبۇر ئىدى. كۆڭلىرى يېرىم ئاچ، يېرىم توق هالدا ئۆتۈۋاتاتتى. ئىشقا كەلگەندە كۆرە خورىزى قىچقارغاندىن تارتىپ كېچىسى ئۈچىنچى داڭ ئۇرۇلغىچە ئىشلەيتتى. چى رۇي خېنىمنىڭ بۇلاقتىن سۇ توشۇش، يۇندا تۆكۈش، ئۆي سۈپۈرۈش قاتارلىق مىڭ ياڭزا ئىشنى قىلىپ «ئۇھ»

---

[1] چەنپەن — تەيپىڭ تىيەنگو قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئەسىرگە چۈشۈپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغانلارنى ئۇيغۇرلار «چەنپەنلەر» دەپ ئاتاشقان.

دېگۈچىلىك ھالى قالمايتتى، ھەتتا مىڭ غالدايىنىڭ تەرلەپ پۇراپ كەتكەن پۇتلىرىنىمۇ يۇيۇپ قوياتتى. ئۇ مىڭ غالدايغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىيالمايتتى، چى رۇي ئۆزىگە ئوخشاش خەنزۇ بولسىمۇ قاراشقا، گەپ قىلىشقا رۇخسەت يوق ئىدى. بۇ ئائىلىنىڭ خاس ئاشپىزى مايۇسۇپكىلا گەپ قىلالايتتى.

چاڭ جېن جياڭجۈن مىڭ غالداينى تېكەستىكى موڭغۇل قوشۇنىغا سەردار قىلىپ ئەۋەتتى. مىڭ غالداي مېڭىش ئالدىدا چى رۇيغا:

— كەچلىكى ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ يات، مەن ھەپتىدە بىر كېلىپ تۇرىمەن، مالايلارغا كۆز - قۇلاق بول، — دەپ جېكىلىدى.

چى رۇي ئىنچىكە بەللىك، زىلۋا بويلۇق، دۈگىلەك قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان چوكان ئىدى. ئون ئۈچ ياش چېغىدىلا مىڭ غالدايغا بېرىۋېتىلگەنىدى. چى رۇيمۇ تەيپىڭ تىيەنگو سەركەردىسىنىڭ قىزى بولۇپ، سۈرگۈن قىلىنغانلاردىن ئىدى. چى رۇي چىرايلىق بولغىنى بىلەن يەتتە يىلدىن بېرى مىڭ غالدايغا بالا تۇغۇپ بېرەلمىدى.

چى رۇي ئېرىدىن — پور كۆتەكتەك سېمىز، بۇرۇتلىرى داردايغان، بەدىنىدىن بەتبۇي پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ خام قاپاق ئەردىن يىرگىنەتتى. بۇ ئەرنىڭ تېكەسكە كېتىدىغىنىنى ئاڭلاپ ئىچىدە خۇش بولدى. جاڭ لى بۇ ئۆيدە پەيدا بولغاندىن كېيىن چى رۇي ئېرىدىن تولىمۇ سەسكىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ جاڭ لىنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىگە مەھلىيا بولۇپ قارايتتى. كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان، كېلىشكەن قامىتىگە يوشۇرۇن كۆز تىكىپ، مىجەزىنى كۆزىتەتتى. كۆزەتكەنسېرى ئۇنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قارىشىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ جاڭ لىغا قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇشقا باشلىدى. مىڭ غالداي مەھكىمىگە ياكى باشقا ئىشقا كەتكەن ھامان جاڭ لىنى ھۇجرىسىغا چاقىرىپ ئەكىرىپ، ئۆي سۈپۈرۈش، جانان چىنە - قاچىلارنى سۈرتۈشكە بۇيرۇيتتى. جاڭ لى بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولمىغىچە ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. مىڭ غالدايىنىڭ تېكەسكە كېتىشى چى رۇي ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق بولدى. ئۇ ئەمدى يوشۇرۇن كۆزىتىشنى ئاشكارا مۇئامىلىگە ئۆزگەرتتى. ئىشنى جاڭ لىنىڭ تامىقىنى

ياخشىلاشتىن باشلىدى. مىڭ غالداي كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى ئۇ:

— ما سىپۇ، هاي ماسىپۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— لەببەي خانقىز!

— جاڭ مالاي بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىلى ئۇزۇن بولدى. ئائىلىمىزنىڭ ئادىمى بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئەمدى تويغىچە تاماق بەرگىن.

— رەھمەت خانقىز. ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي. — دەپ ما يۇسۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

ئۇ جاڭ لىغا ئىش بۇيرۇغاندىمۇ مۇلايىم، سىلىق سۆزلەرنى قىلىدىغان بولدى. جاڭ لى بۇ ئۆشتۈمتۇت ئۆزگىرىشنى، چى رۈي خەنزۇ ھەم قوزغىلاڭچىنىڭ قىزى بولغاچ ماڭا ھېسداشلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. كۆچلۈك ئاتام جاڭ لىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن مەڭزىگە قىزىللىق ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ كۈندىن كۈنگە كۆچكە تولۇپ، چەبدەسلىشىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن چى رۈي ئۇنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. كېچىلىرى يوتقانغا كىرگەندە جاڭ لىنىڭ سىماسى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇيقۇسى قاچىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۇ زادىلا چىدىماي جاڭ لىنى ھۇجرىسىغا چىللاپ ئەكىرىۋالدى. ئۇنىڭ ئېغىر ئىشلىرىنى يېگىدىن چاكارلىققا ئالغان نۆردۇنغا يۈكلىدى. چى رۈي نېپىز شايى كۆڭلەك كىيىپ جاڭ لىنىڭ يېنىغا كېلىپ سۈركىلىپ نازۇ كەرەشمە قىلىدىغان يېڭى قىلىق چىقاردى. جاڭ لى ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىۋالاتتى. چى رۈي ئۇنىڭغا سۈركىلەتتى، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. جاڭ لىنىڭ ياملىشىنى چىمدايمۇ قوياتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى چى رۈي جاڭ لىنىڭ جېنى چاپلىشىپ قالغاندەك، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان ھالەتكە كەلدى. جاڭ لىنىڭ بۇنىڭ قىلىقلىرى بىلەن قىلچە كارى يوقتەك يۈرەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا باشقا بىر چوڭ ئىش بار ئىدى. جاڭ لىنىڭ بۇ كالا مىجەزى چى رۈينى تېرىكتۈرەتتى. ئۇ ئەمدى ئۇنى «تىلسىز كالا، ئىشقى يوق ئېشەك» دەپ تىللايدىغان بولدى.

چى رۈي ھۇجرىسىدا ئىش ئەپلەشمىگەندىن كېيىن، باشقىچە ئۇسۇل قوللاندى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئوغرىلىقچە جاڭ لى ياتقان ئۆيگە كىردى.

جاڭ لى ماي چىراغ يورۇقىدا كۆڭلىكنى ياماپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىشكىنىڭ غىچ قىلغىنىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتەردى. پۈتۈن بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شايى كۆڭلىكنى كىيگەن چى رۇي كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ئىشىك تۈۋىدە تۇراتتى. جاڭ لى ئەرلىك سېزىمى بىلەن تۇنجى قېتىم چى رۇينىڭ چىرايلىق چوكانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە بىردىن قېنى قىزىپ جىددىيلىشىپ كەتتى. خوجايىن بىلەن چاكارلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەپ ـ قائىدە ئۇنى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. چى رۇي ئىتتىك جاڭ لىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— كۆڭلەك دېگەننى بىز ياماييمىز. سېنىڭدەك كېلىشكەن يىگىت باشقىنى قىلىدۇ. ئەكەل مەن چىرايلىق يامالايمەن. — دېدى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، — دەپ دۇدۇقلىدى جاڭ لى.— سىلىگە يامىتىشقا ھەددىمىمۇ!

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن. مەنمۇ بىر يېتىم. ساڭا ئوخشاشلا غالدايىنىڭ چۆرىسى، ئۇنىڭ سېسىق بەدىنىدىن ئاران قۇتۇلدۇم. ئەمدى سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىمەن، — ئۇ جاڭ لىغا مەنىلىك بىر قاراپ قويۇپ، كۆڭلەكنى شارتتىدە تارتىۋالدى ـ دە، جاڭ لىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتتى. — ئولتۇرغىن.

چى رۇينىڭ يۇمشاق، ئىسسىق قولىدىن ئۆتكەن بىر خىل يېقىملىق ئىسسىق جاڭ لىنى ئىختىيارسىز ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. چى رۇي كۆڭلەك ياماۋېتىپ مۈرىسىنى جاڭ لىنىڭ مۈرىسىگە ياقتى. جاڭ لى ئەيمىنىپ نېرىراق سۈرۈلۈۋىدى، چوكان ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇردى. جاڭ لىغا ئەمدى نېرى سۈرۈلگۈدەك ئورۇن قالمىدى. چى رۇينىڭ يۇمشاق ۋە ئىسسىق يوتىسى جاڭ لىنىڭ ئارامىنى قويمىدى، بۇنىڭدىن ئۇ بىر خىل راھەت ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇ كەمگىچە سەزمىگەن نازۇك بىر سېزىم ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارالدى. يۈركى سېلىپ كەتتى. چى رۇي بىردىن كۆڭلەكنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، ئالقىنى بىلەن جاڭ لىنىڭ مەيدىسىنى سىلاشقا باشلىدى. جاڭ لى لەرزىگە كەلدى، چى رۇينىڭ يۈرىكىدىكى كۆيدۈرگۈچ ئوت يىگىتكە ئۆتتى، ماۋۇقتەك يۇمشاق

قولى بىردەم مەيدىدە ئويناپ، ئاندىن جاكلىننىڭ بويىنىغا چىقتى، يۇمشاق، سىلىق بەدەن ۋە ئۇنتەك يۇمران كۆكرەك جاكلىننى بىھوش ھالەتكە كەلتۈردى. مىك غالىداي كەپ قالارمۇ دېگەن قورقۇنچ ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىدىن ئۈستۈن كەلدى. ئۇ چوڭراق نەپەس ئېلىشتىنمۇ چۆچۈپ، ئۆزىنى چى رۇيىنىڭ ئىختىيارىغا بەردى. چى رۇي كىشىگە لەززەت بېرىدىغان ھەر خىل قىلىقلارنى چىقىرىشقا، ناز قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن جاكلىننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى لەززەتلەندى. چى رۇينىڭ ۋۇجۇدىنى ئاچكۆزلۈك، چىدامسىزلىق ئىگەللىدى. ئۇ جاكلىننىڭ قۇلىقىغا شېرىن تىللىرى بىلەن شىۋىرلىدى:

— سىز قورقماڭ، مەن سىزنىڭ، مەن سىزگە باغلانغان. ئىشىكلەرنى ئىچىدىن ئېلىۋەتتىم، مالايلار ئۇخلىغىلى نەۋاق. بۇنداق ئولتۇرسىڭىز سىزنى ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ. بۈگۈن كېچە مەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا. كېلىڭ، مېنى بېسىڭ...

بۇ خىل ھەرىكەت، سۆز ھەر قانداق ئۆلۈمتۈك ئەرنىمۇ جىم تۇرغۇزمايدۇ. جاك لى دېگەن جەسۇر، باھادىر يىگىتقۇ! جاك لى چى رۇينىڭ ياچىۋەكتەك ئىنچىكە بېلىدىن قورۇپ ئۆزىگە تارتتى. چى رۇي ئۇنىڭ قۇچىقىغا بىر تەن بولۇپ كىرىپ كەتتى ۋە ئاچكۆزلەرچە يىگىتنىڭ لەۋلىرىنى شوراشقا باشلىدى. ئاخىر چىدىماي ئىچ كۆڭلىكىنى يىرتىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ قاش تېشىدىنمۇ سۈزۈك بەدىنىنى كۆرگەن جاك لى كارىۋاتقا قىيسىيىۋاتقان چى رۇينى ئۇنتەك قىزغىنلىق بىلەن باستى...

— ئۇھ، ھەقىقىي ئەركەكنى ئەمدى بىلدىم. — دەپ پىچىرلىدى چى رۇي. ئۇنىڭ بۇ سۆزى راست ئىدى. مىك غالىدىنىڭ تەر تەپچىپ تۇرغان سېمىز بەدىنى، قوپال قىلىقلىرى ئۇنى يىرگەندۈرەتتى. ئەر كىشىنىڭ ئۆزىگە بۇنچە لەززەت ـ ھۇزۇر بېغىشلىشىنى ئۇ ھازىرغىچە بىلمىگەنىدى. ئۇ چىڭ قۇچاقلىۋالغان يىگىتتىن سورىدى:

— بۇ سىزنىڭ تۇنجى قېتىممۇ؟

بۇ جاكلىننىڭ ئۆمرىدە جىنسىي تۇرمۇشتىن تۇنجى ھۇزۇرلىنىشى ئىدى. چوكان ناز بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاۋېتىپ:

— ئەمدى سىزلا مېنىڭ خوجايىنىم. مىڭ غالداي كېچىسى تارانچىلار ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. دەپ قورقۇپ ھەرگىز كەلمەيدۇ. مەن سىزگە ئۆزىمىزچە كىيىم تىكىپ قويدۇم. — دېدى ۋە جاڭ لىنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كەتتى. ئۇلار تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىمىدى بولغاي ...

## 2

شۇ كۈندىن باشلاپ چى رۇيلا ئەمەس، جاڭ لىمۇ تۇرمۇشىنىڭ تولىمۇ گۈزەللىكىنى بىلدى. تۇرمۇشىنىڭ بۇنچىلىك شېرىن ـ تاتلىق بولىدىغىنىنى ئۇلار خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. جاڭ لى مىڭ غالداي كەلگىچە ھەر كۈنى «خوجايىن» بولدى. بىر كېچىسى جاڭ لى چى رۇينىڭ ھۇجرىسىغا كىرمىدى. كۈتۈۋېرىپ تاقىتى تاق بولغان چى رۇي جاڭ لىنىڭ ياتىقىغا كىردى. جاڭ لى نەگىدۇر تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى.

— مېنىڭ باتۇر يىگىتىم، نېمىشقا كىرمىدىڭىز؟

— شۇ تاپتا بىر دوستۇمنىڭكىگە بارماقچىمەن.

— دوستىڭىزنىڭكىدە نېمە بار؟

— سىز سورىماڭ، مەن ئېيتماي!

— مېنىڭدىنمۇ يوشۇرىدىغان سىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ چى رۇي ئەركىلەپ سوركەلدى، — سىز ماڭا «سېنىڭدىن باشقا ھېچنىمەم يوق، قارا يېتىممەن، سېنى بىر كۈنمۇ يالغۇز قويمايمەن» دېگەنىدىڭىزغۇ؟

— سىز بۈگۈنچە بەشىنچى جاڭ ئورۇلغىچە ئۇخلاپ تۇرۇڭ، مەن تېزلا قايتىپ كېلىپ يېنىڭىزغا كىرىمەن.

— ياق، — دەپ دومسايدى چى رۇي. ئۇ ھازىر جاڭ لىنى ئۆز كۆلەڭگىسىدىنمۇ كۈنلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، — بىلىمەن، سىزنى ئۈگىتىۋالغان بىر جالاپ بار.

— يوقلاڭ گەپنى قىلماڭ. مەندەك چاكارغا كىممۇ قىزىقسۇن! بۈگۈن يۇرتداشلار بىلەن كېلىشىۋالىدىغان مۇھىم ئىش بولغاچقا ئاز ۋاقىت يېنىڭىزدا بولالمايمەن.

— زادى قانداق ئىشتى ئۇ، كېچىسى كېلىشۋالىدىغان؟
جاڭ لى سەگەكلەشتى.
— كۈندۈزى ھەممىمىز خوجايىنىنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتساق قانداق يىغلالايمىز.
— يالغان.
— سىز مېنىڭ ئۆمۈرلۈك پەرىشتەم. مەن باشقىلارغا كۆز سالسام كۆزۈم كور، يۈزۈم قارا بولسۇن!
بۇ قەسەم چى رۇينىڭ گۇمانىنى يوقىتا چىقاردى. ئۇ ئەمدى يەنە ئەركىلەپ جاڭ لىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى:
— مەندىن سىرىڭىزنى يوشۇرماڭ، مەن سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك خوتۇنىڭىز، سىزگە مەڭگۈ سادىق بولىمەن. بىز بۇ دوزاختىن قېچىپ يۇرتىمىزغا كېتەيلىچۇ، ئاشۇ نىجىس غالدايدىن شۇنچە يىرگىنىمەنكى، بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ ئۆلسىچۇ كاشكى!
— ئالدىرىماڭ، غالدايلار چوقۇم يوقىلىدۇ، بىز ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىمىز! — دېدى جاڭ لى قايناپ.
— ھە، غالدايلارنى يوقىتامسىلەر، بۇ راستمۇ؟ — دەپ چى رۇي ئەندىككەن ھەم خۇش ئاۋازدا سورىدى.
جاڭ لى لېۋىنى چىشلىدى. ئۇ چى رۇينىڭ ئاغزىغا چىدىماي دېمەيدىغان گەپنى دەپ سالغىنىنى كېچىكىپ بىلدى.
— جېنىم، سىرىڭىزنى مەندىن يوشۇرماڭ، سىر يوشۇرسىڭىز ھەر خىل غەم - ئەندىشىدە قالىمەن، — دەپ يالۋۇردى چى رۇي.
بۇ يالۋۇرۇشتىن جاڭ لى يەنە ئېرىدى. بىر ياستۇققا باش قويۇپ ئۆمۈرلۈك خوتۇنىدەك بولۇپ قالغان چى رۇينىڭ ئۆزىگە سادىقلىقىنى ئۇ بىلەتتى. بولمىسا، مىڭ غالداي ئايدا بىر كەلگەندە «بۇ چاكىرىڭ ماڭا زورلۇق قىلدى» دەپ چېقىپ قويسا كاللام كەتمەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سىرنى چىقمايدۇ، ھېچكىمگە ئاربلاشمايدۇ، مىڭ غالداي كەلگىچە بىزمۇ ئىشنى باشلىۋېتىمىز، دېگەن پىكىرگە كەلگەن جاڭ لى سىرنى ئېيتىپلا دوستلىرى ئالدىغا تېزراق بېرىشقا ئالدىرىدى.

— سىرىمنى ھېچكىمگە تىنما، بىلدىڭمۇ، ئېيتىپ قويساڭ بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

— بىلدىم، سىزنىڭ سىرىڭىز مېنىڭ سىرىم، سىزنىڭ جېنىڭىز مېنىڭ جېنىم، ئۆلۈشكە رازىمەنكى، سىرىڭىزنى ھېچكىمگە تىنمايمەن!

جاڭ لى بىر دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن:

— بىز بارلىق ئەسىر - چاكارلار قوزغىلىپ چىڭ ئەمەلدارلىرىنى يوقىتىپ، تىيەنگونىڭ تۇغىنى كۆرە راۋىقىغا قادايمىز. بۈگۈن بۇ ھەقتە بىرلىككە كەلمەكچىمىز، — دېدى.

چى رۇينىڭ قان تېمىپ تۇرغان چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى، قوللىرى دىر - دىر تىترىدى. جاڭ لى جىددىي سورىدى:

— نېمىگە تىترەيسەن؟

— سىزدىن قورقۇۋاتىمەن. ئالىمادىن ئۆلۈپ كەتسىڭىز، ياق، تىلىم كۆيسۇن، كۆرەدىكى چېرىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى مانجۇلار تۇرسا، قانداقمۇ تەڭ كېلەلەيسىلەر!

— بىز نەق جياڭجۇننىڭ يۈرىكىدە تۇرۇپ قوزغالماقچى. كۆرەنى قولغا چۈشۈرسەك پۈتكۈل ئىلى قولىمىزدا بولىدۇ.

— ئاھ بۇتساتىۋا. يۈلتۈزىمىزنى بىر قىلغىنىڭغا خۇش بولۇپ يۈرەتتىم، ئەمدى نېمە بولدى؟! سىز ئۆلۈپ قالسىڭىز مەن قانداق چىدايمەن! قاتناشماڭ!

چى رۇي يىغلاپ جاڭ لىغا مەھكەم يېپىشىۋالدى.

— يىغلىماڭ، — دېدى ئەمدى سىلىق ئاۋازدا جاڭ لى. — دۇنيا دېگەن توختىمايدىغان بوران - چاپقۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىككىمىزنى يۇرتىمىز، تۇغقانلىرىمىزنىڭ يېنىدىن ئۇچۇرۇپ ئەكېلىپ مانا مۇشۇ چەت دىيارغا تاشلىدى. سېنىڭدەك كۆپ مىڭلىغان مەزلۇملارنىڭ قان - ياشلىرى بىزنى كۆتىرىلىشكە دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. مەندىن ئەنسىرىمە، يولۇمنى توسىما، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، دوستلىرىم ساقلاپ قالدى!

جاڭ لى شۇنداق بەزلەپ ئۇنى ئۆزىدىن ئاجراتتى - دە، ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

چى رۇيىنى دەھشەتلىك قورقۇنچ ئىلكىگە ئالدى. قىپقىزىل قان دەريا بولۇپ ئاققاندەك، جاڭ لى قان ئىچىدە سۇنايلىنىپ ياتقاندەك بىلىندى. ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ ئولتۇرۇشىغا «شىرىق» قىلغان سۇس بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىغا قەغەز ئۇرۇلغانىدى. ئۇ قەغەزنى ئېلىپ شام چىراغقا يېقىن ئەكەلدى. ئىمىر - چىمىر خەتلەر كۆرۈندى. ئۇ خەت تونۇمايتتى. ئۇ خەتنى ئۇ ياققا ئۆرۈپ، بۇياققا ئۆرۈپ تۇرۇشىغا مىڭ غالدايىنىڭ يۆتىلى ئاڭلاندى، چى رۇي چۆچۈپ كەتتى ـ دە، ئۇ قەغەزنى غىجىملىغىنىچە ھوجرىسىغا غىلدىرلاپ كىرىپلا ھوجرىدا غادىيىپ تۇرغان ئېرىنگە كۆزى چۈشتى. ئۇ ئېرىنىڭ چوقۇر، بەتچىراي يۈزىگە. قار يېغىپ تۇرغان قاپىقىغا بىرلا قاراپ سەسكىنىپ كەتتى. ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ قازاندەك يالپاق قالپىقىنى ئېلىشقا ئالدىغا كەلدى. ئۇ قولىنى كۆتىرىشىگە قەغەز ئېسىگە كەلدى ۋە ئۇنى ئىتتىك تاشلىۋېتىپ، قالپاققا قول سوزدى. مىڭ غالدايىنىڭ كۆزى قەغەزگە چۈشتى. «خەت تونۇمايدىغان خوتۇندا قەغەز نېمىش قىلىدۇ، نېمىشقا تاشلايدۇ» دېگەن گۇمان بىلەن ئۇ قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇدى ۋە كۆزلىرىدە يىرتقۇچلارچە رەھىمسىزلىك ئۇنى چاقنىدى. ئۇ قوپاللىق بىلەن:

— بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟ — دەپ چى رۇيدىن سورىدى.

— ھويلىدا تۇرغان ئىكەن، سىلى چۈشۈرۈپ قويغان قەغەزمىكىن، دەپ ئېلىۋالغان.

مىڭ غالداي قەغەزگە يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقتى - دە، قالپىقىنى چى رۇينىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## 3

چى رۇي «گۇم - گۇم» قىلغان ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ بۇنى بەشىنچى جاڭ ئوخشايدۇ، دەپ بىردەم ياتتى. بىراق ئاۋاز ھېچبىر جاڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئەنسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئەتراپىغا قارىدى، ئېرى كەلمەپتۇ. ئۇ دېرىزىنى ئاچتى، سىرتقا قۇلىقىنى تۇتتى،

«گوم - گوم!» قىلغان بۇ ئاۋازلار ئەۋجىگە چىقىۋاتاتتى. ھە، مىلتىق ئاۋازى ئىكەن. جاڭ لىلار كۆتىرىلىپتۇ - دە. ئاھ خۇدا، دەپ ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى بۇ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈكۈنۈپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ چوقۇندى.

— سۆيگەن يارىمنى ئامان قىلغايسەن، مىڭ غالدايغا ئەجەل بەرگەيسەن! — ئۇ ئىبادىتىنى تۈگىتەلمىدى، ئىشىك ئېچىلىپ — يېپىلغاندى. چى رۇي چۆچۈپ كەينىگە قارىدى، پەنجىرىدىن چۈشكەن غۇۋا ئاي يورۇقىدا جاڭ لىنى كۆردى - دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى:

— خۇدايىم سېنى ساقلاپتۇ، تىلىكىمنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ!

جاڭ لى ئۈندىمىدى. ئۇرقىدىن خاپىدەك كۆرۈنەتتى. چى رۇي بۇنى سەزمىدى. مىڭ غالدايىنمۇ ئۆلتۈردى. ئۇ تىنماي سۆزلەيتتى:

— ئاخىر كۆتىرىلىپسىلەردە، نۇسرەت قازاندىڭلارمۇ، مىڭ غالداينى ئۆلتۈردىڭىزمۇ؟

— ياق! ئۇ ئىپلاس يۇرتداشلىرىمنى ئۆلتۈردى، مەن قىساس ئالىمەن. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇنى ئۆلتۈرىمەن!

جاڭ لى قوپاللىق بىلەن چى رۇينى كۆتىرىۋېلىپ كارىۋاتقا باستى. چى رۇي ئۇنىڭ يىگىتلەرچە ئىشىدىن لەززەتلەندى، مەستخۇش بولدى، ھەممىنى ئۇنتۇدى... جاڭ لى ئۇنىڭ يۇمشاق، ئىنچىكە بويىنىنى سىلىدى. بۇ ئۇنىڭ چى رۇينى ئەركىلىتىدىغان قىلىقى ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ بويىنىنى سىلاۋاتقان قوللار تۆمۈر قىسقۇچقا ئايلاندى. چى رۇي ھوشىدىن كېتىۋېتىپ يىراق يەردىن، تولىمۇ يىراقتىن مۇنۇ گەپنى ئاڭلىغاندەك بولدى:

— ھۇ خائىن جالاپ، سىر ساقلىغىنىڭ شۇمۇ، يۇرتداشلىرىمنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېرىڭگە بەرگىنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قىساسنى سەندىن ئالىمەن!

چى رۇي مەستخۇش ھالدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى...

# 4

قاراڭغۇ كېچە، يېزىنىڭ تاملىرىنى، قورۇقلىرىنى ئاران ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. سەپ بولۇپ تۇرغان جىسەكچىلەردەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرغان تېرەكلەر ئارىسىدا مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئوينىغاندەك ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىككى كۆلەڭگە كۆرۈندى. ئالدىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق كۆلەڭگە توختىدى. جوۋازا چاپىنىنىڭ ئىككى پېشىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالغان ئېگىز بويلۇق كۆلەڭگە قولىدىكى كۆسەيدەك بىر نېمىنى چىڭ تۇتقان ھالدا كەينىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئوتتۇرا بويلۇق كۆلەڭگە قوش قاناتلىق دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ تۆمۈر ھالقىنى بوش قاقتى. جاۋاب بولمىسا كېرەك، ئەمدى قاتتىقراق قاقتى. بىر چاغدا ئىچكىرىدىن:

— كىم؟ — دېگەن ئاۋاز چىقتى.

— مەن، ما يۈسۈپ، — دەپ بوش جاۋاب بەردى دەرۋازا قاققۇچى.

— ھە، ما ئاكاما، — دېگەن تەئەججۈپلۈك جاۋاب بىلەن دەرۋازىنىڭ ئىلغۇچى شاراققىدە چۈشۈرۈلۈپ، دەرۋازىنىڭ ئوڭ قانىتى «غىچ» قىلىپ ئېچىلدى، — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ما ئاكا. بۇ كېچىدە قانداق بوران ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى دەرۋازا ئاچقۇچى ما يۈسۈپ بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈۋېتىپ.

ما يۈسۈپ جاۋاب بەرمەيلا ئېگىز بويلۇق كۆلەڭگىگە شەرەت قىلدى. ئۇلار ھويلىغا كىردى. ساھىبخان مېھمانلارنى بەنجىرىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنگەن ئۆيگە باشلىدى. ما يۈسۈپ كاڭغا چىقىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى. ئېگىز بويلۇق كۆلەڭگە دۇئاغا قول كۆتۈرمىگەنىدى. ساھىبخانا ئۇنىڭغا بىر قىسمىلا قاراپ قويدى.

— بۇ كىشى جاڭ لى چەنپەن بولىدۇ، — دېدى ما يۈسۈپ. — بۇ كىشى خەنزۇ، بىز گورە سېپىلىدىن بېشىمىزنى قولتۇقىمىزغا قىسىپلا ئارتىلىپ چۈشتۇق. ھەي، ئېسىت!

— ھە، نېمە دېدىڭىز؟ بىرەر پېشكەللىك بولدىمۇ؟

— ھەي ئۇكام، پېشكەلنىڭ چوڭى بولدى، بىزنى نەس باستى، — دەپ

ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى مايۇسۇپ، — بۇ كىشى مەن ساڭا دەپ بەرگەن چەنپەنلەر باشلىقى. بۇلارنىڭ قورغىلىكى مەغلۇپ بولدى. مەن ئاشپەزلىك قىلىۋاتقان غالدايىنىڭ ئەتىيى جاڭ لىنىڭ ھۇجرىسىدىن قورغىلاڭچىلارنىڭ ئىسمىلىكى بىلەن قورغىلاڭ پىلانى يېزىلغان قەغەزنى ئېلىۋېلىپ ئېرىگە بېرىپتۇ. غالداي جياڭجۇنگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. جياڭجۇن ئۇنىڭغا شۇ ھامان ھەر بىر ھويلىدىكى چەنپەننى تۇتۇپ كاللىسىنى ئېلىپ يوللارغا ئېسىشقا پەرمان بېرىپتۇ. مىڭ غالداي چەنپەنلەرنىمۇ، مەزەمزات ھېكىم باشلاپ كەلگەن ئۇيغۇر لەشكەرلىرىنىمۇ تۇتۇپ كاللىسىنى ئالدى. كۆرەدىكى قورغىلاڭچىلار يىغقان قورال - ياراغلارنى ئېپىۋالدى. جاڭ لى مەجلىس ئېچىۋاتقان ئۆينى مۇھاسىرە قىلدى. جاڭ لى يۇرتداشلىرى بىلەن بىرگە چېرىكلەر بىلەن ئۇرۇشتى. بىز مانا شۇنداق پەشۋا يەپ قېچىپ چىقتۇق.

جاڭ لىنىڭ قاپىقى تۇرۇلگەن، چىرايى نامەدەك تاتارغان بولۇپ، بېشىنى كۆتەرمەي ئولتۇراتتى. ما يۇسۇپ غالدايىنىڭ تەتىيىنى تىلغا ئالغاندا ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. ئۆزىنىڭ چى رۇينىڭ نازۇ كەرەشمىلىرىگە باش ئېگىپ ئاغزى بوشلۇق قىلغانلىقى، يۇرتداشلىرىنىڭ قىرغىن قىلىنغانلىقى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەلەم بولدىكى، شۇ تاپتا تىكەندە ئولتۇرغاندەك بىئارام بولۇۋاتاتتى. ۋىجدانى قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى. يۈرىكى ئەلەملىك مۇجۇيتتى. ئەگەر ما يۇسۇپ، ئوردۇنلار توسمىغان بولسا، مىڭ غالداي بىلەن ئېلىشىپ قىساس ئالماقچى ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا بۇ بۈيۈك ئىش ئۈچۈن ھەممىگە چىداش لازىملىقىنى چۈشەندۈرگەندىلا، ئاندىن بىللە قېچىپ چىقىشقا ماقۇل بولدى.

ئىشىك بوش چېكىلىپ ساھىبخانا چىقىپ كەتتى، ئارقىدىنلا چەينەك، خونچىلىق چىنە كۆتۈرۈپ كىردى. ئىككىنچى قېتىم چىقىپ يۇپۇزا، تۇخۇم، ياڭاق ئەكىرىپ قىزغۇچ، پارقىراپ تۇرغان جوزىغا قويدى. چىنىگە بىر چىمدىمدىن پەمىل چاي سېلىپ چەينەكتىن قايناقسۇ قويدى - دە، مېھمانلارغا قاراپ:

— قېنى چاي ئىچىڭلار، قورسىقىڭلارمۇ ئېچىپ كەتكەندۇ، — دەپ

تەكلىپ قىلدى.

ما يۈسۈپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى، ياڭاق چاقتى، يوبۇزا يېدى. ئەمما، جاڭ لىنىڭ گېپىدىن ھېچنىمە ئۇقمىدى.

— ھەي ئۇكاڭزا، بۇ يەردىكى ئىشلار قانداق؟ — دەپ سورىدى ساھىبخانىدىن ما يۈسۈپ.

ساھىبخانا جاڭ لىنغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. بۇ قاراشتىن ئۆزىنى يات كۆرۈۋاتقانلىقىنى سەزگەن جاڭ لى قىزىرىپ كەتتى.

— بۈگۈن چارچاپ كەلدىڭلار، ئۇخلاپ ھاردۇق چىقىرىۋېلىڭلار، گەپنى ئەتە قىلىشايلى!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاڭ لىنىڭ قوللىرى بىلىنەر- بىلىنمەس تىترىدى، ما يۈسۈپ ئىنىسىنىڭ جاڭ لىنغا ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇيغۇرچە شۇنداق دېدى:

— ئۇكام مائىر، سەن جاڭ لىنغا ماڭا ئىشەنگەندەك ئىشەنسەڭ بولىدۇ، بۇ كىشى تەيپىڭ - تيەنگو قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، چوڭ كۆرە قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى، تەجرىبىلىك، ئىرادىلىك ۋە باتۇر ئادەم.

مائىر ئاكىسىنىڭ گېپىنى شۇ ياشقا كىرگىچە يىرىمىغان، ھازىرمۇ گېپىنى يىرالماي گەپنى ئۇچۇق قىلىشقا باشلىدى.

— ئەگەر بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىلىشكە ئالدىرىسىڭىز، دەپ بەرسەم بېرەي. مەن سىلەرنى ھېرىپ كەتتى، دەپ ئايىغانىدىم، — ئۇ بىر ئاز ئويلاندى، ئاندىن ئالدىرىماي گەپنى باشلىدى، — شەنشى، گەنسۇ، ئۈرۈمچىلەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قېرىنداشلىرىمىز «مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئاشتى. پىچاق سۆڭەككە يەتتى، بويىنىمىزنى ئىگىپ يۈرۈۋېرىمىزمۇ، بىزمۇ كۆتۈرۈلەيلى، بىز كۆتۈرۈلسەكلا ئۇيغۇرلار قاراپ تۇرمايدۇ» دېيىشتى. ياڭ شەنسىڭ ئىككىمىز تارجى، ساندىخوزى، ئايرۇدۇفۇسىدىكى قېرىنداشلارنى ئۇيۇشتۇردۇق. ئادەم بار، قورال يوق، بىز سىزگىلا قاراپ قالغان ئىدۇق.

ما يۈسۈپ قىزارغان ھالدا:

— ھەي، ماڭا قارىغىنىڭلار بىلەن ئىش چىقمىدى، — دېدى.

— قورالنىڭ ئىلاجىنى زادى قىلالمىدىڭلارمۇ؟ — جاڭ لى ئۆيگە كىرگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم چىش يېرىپ سورىدى.

— قىلىچ، نەيزىلىرىمىزنى سوقتۇرۇپ تەييار قىلدۇق. مىلتىق بىلەن پوڭنىڭ ئامالىنى قىلالمىدۇق، — دېدى مائېر.

— بۇ يەردە جياڭجۇننىڭ توققۇز قەلئەسى بار دەپ ئاڭلىغانتىمغۇ؟

— ھەئە بار، — دېدى مائېر.

— ئاشۇ قەلئەلەردىن قورال بۇلىساق بولمامدۇ؟

جاڭ لىنىڭ بۇ سوئالى ئاكا - ئۇكا مالارنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. مائېر پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

— بۇ گەپ راسا ئارازا باسىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئارجى قەلئەسىدە قورال - ياراغ ئامبىرى بار ئەمەسمۇ؟ ئەجەب يادىمغا كەلمەپتا، — دېدى.

— زىغىردەك ئەقلىم مانا شۇ ئامبارنى بۇلاشقا ئۈندەيدۇ، — دېدى جاڭ لى. ئۇ شۇ تاپتا باشقىدىن جانلاندى، يېڭى جەڭگە تەشنا ئىدى.

— ھە مانا بۇ دۇرۇس بولدى، — دېدى ما يۈسۈپ.

— مەن ئەتىلا ئارجىغا باراي، ياڭ شەنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەي، — دېدى مائېر.

— بىزمۇ بارايلى، — دېدى مايۈسۈپ.

مائېر يەنە جاڭ لىغا قاراپ قويۇپ:

— سىلەر چارچىدىڭلار، ئوبدان ئۇخلاپ ھاردۇقۇڭلارنى چىقىرىڭلار. ئۈچىمىز بارساق چاندۇرۇپ قويىمىز. مەن ياڭ شەنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېلەي. ئۇ ماقۇل ئاپسا باشلاپ كېلىمەن. جاڭ لى كوچىغا چىقسا بولمايدۇ، — دېدى.

— ئامبار بۇلاش نىيىتىمىزنى سىرتقا يايمايلى، ما يۈسۈپ توغرا دەيدۇ. بىزمۇ بارىمىز، ئوتنى قەيەرگە ياقساق شۇ يەردە بولۇشىمىز كېرەك. مەن ئارجىنى بىر كۆرۈپ باقمىسام بولمايدۇ، — دېدى جاڭ لى.

— ئۇكام، ئەندىشە قىلما، جاڭ لىنى تۇڭگانچە كىيىندۈرسەك چانمايدۇ.

ئۇلار شۇنىڭغا بىرلىككە كەلدى. بۇ ئۈچ كىشى بىر كېچە ئىچىدىلا بىر-

بىرىنىڭ قەلب تۆرىگە سىڭىپ كەتكەنىدى. تارازا يۇلتۇزى مۆكۈنگەندە ئۇلار ئۇخلاپ قالدى.

## 5

قاپقاراڭغۇ كېچە. كۆكتە بىرمۇ يۇلتۇز يوق. كۆكنى قارا بۇلۇت قاپلىغان. غەربتىن سەلكىن شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ. تارجى قەلئەسىنىڭ جاڭگى بەشىنچى قېتىم ئۇرۇلدى. نامەلۇم قارا كۆلەڭگىلەر سېپىل ئەتراپىدا پەيدا بولدى. كۆلەڭگىلەر بىر دەقىقە جىم تۇرغاندىن كېيىن، بىر ئېگىز كۆلەڭگە قولىدىكى ئۇزۇن نەرسىنى شىلتىۋىدى، شۇ ھامان بىر نەچچە كۆلەڭگە بىر ئۇزۇن قارا نەرسىنى سېپىل تېمىغا تىرىدى. ئېگىز كۆلەڭگە ئۇنىڭغا يامىشىپ قارىغۇ ياپىلاقتەك نېرىلا سېپىل ئۇستىگە چىقتى. ئۇ سېپىل قورىغا كېلىپ ھوقۇشتەك ھۇۋلىۋىدى، شۇ ھامان قارا كۆلەڭگىلەر يامىشىپ سېپىل ئۇستىدە ئۆمىلەشكە باشلىدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە قارا كۆلەڭگىلەر چاقماق تېزلىكىدە، تاش پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. بىر چاغدا:

— مېڭىڭلار، دېگەن بوش ئاۋاز چىقتى.

شۇ ھامان دەرۋازا ئىچىدە «چاراق - چۇرۇق»، «ۋايجان، ۋايەي» دېگەن ئاۋازلار چىقىپ، بىردەمدىلا دەرۋازىدىن ئۇرۇلغان بازغاننىڭ ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ كەتتى. بىردىن دەرۋازا ئۇلۇغ ئېچىلدى.

— ما ئاكا، ياك شەنسىڭ، كېلىڭلار!

شۇ ھامان كىشىلەر دەرۋازىدىن دەۋرەپ كىردى.

— مائېر، قورال - ياراغ ئامبىرى قاياقتا! — دەپ سورىدى ما يۇسۇپ.

— مانا بۇياقتا!

دەرۋازىنى بېقىۋاتقان يارىلانغان جەسەكچىلەرنىڭ ئىڭراشلىرى، دەرۋازا قۇلۇپىنى چاققاندا چىققان ئاۋاز ۋە ئاياغ تىۋىشلىرى ئامبارنى ساقلاۋاتقان چېرىكلەرنى ۋەھىمىگە سالدى. ئۇلار قالايمىقان ئوق ئېتىشقا باشلىدى. مائېر دەرۋازا جەسەكچىسىنى چېپىپ تاشلاپ ئۇنىڭ مىلتىقىنى ئېلىۋالغان،

چېرىكلەرنىڭ تۈيۈپ قالغىنىنى بىلىپ، ئاشۇ مىلتىق بىلەن ئىككى چېرىكنى ئېتىپ يىقىتقانىدى. چېرىكلەرنىڭ مىلتىقىنى ما يۈسۈپ بىلەن يەنە بىرى ئالدى. مائىر قولىدىكى مىلتىقنى بىرىگە بەردى - دە، دۈمبىسىگە قىستۇرۇۋالغان قىلىچىنى ئېلىپ چېرىكلەر ئۈستىگە تاشلاندى. مائىر ماھىر قىلىچۋاز ئىدى. قىلىچۋازلىق گۈمپىسىنى دادىسىدىن ئۆگەنگەنىدى. دادىسى ياشلىقىدا لەنجۇ شەھرىدە گۈمپا ئۆگەنگەن بولۇپ، بىر غالدايىنى ئۆلتۈرۈپ قويغاچقا تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەلگەن، ئۈرۈمچىدىمۇ خاتىرجەم تۇرالماي، ياش ئايالى بىلەن تېخى بىر ياشقا توشمىغان ما يۈسۈپنى ئېلىپ ئىلىغا قاراپ قاچقان. ماناسقىچە پىيادە كېلىپ، ماناستا بىر ئۇيغۇر هارۋىكەشنىڭ كۆنەك هارۋىسىغا ئايالى بىلەن ما يۈسۈپنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى هارۋا هەيدەپ ئىلىغا كەلگەنىدى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى بىر ئايلىق ئۇزۇن يولدا هارۋىكەشتىن ئۆگىنىۋالغانىدى. ما يۈسۈپ ئەر بولۇپ يېتىشكەندە، ئۇنى سۆيدۈڭدىكى بىر خۇيزۇ ئاشپەزگە شاگىرتلىققا بېرىپ، ئۆز هۈنىرىنى كەنجى ئوغلى مائىرغا ئۆگەتكەنىدى. مائىر دادىسىنىڭ كۆتكىنىدەك ماھىر قىلىچۋاز بولۇپ يېتىشتى. مائىر دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، گۈمپا ئىشلىتەر يەر ئىزدىدى. ئەمما، جياڭجۈننىڭ مەنئى قىلىشى بىلەن ئىلى ئۇيغۇرلىرى گۈمپىچىلىقنى تاشلاپ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئادىتى بويىچە چېلىش، بەيگە، ئوغلاق تارتىشقا ئوخشاش قارا كۈچ سىنىشىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. شۇڭا مائىرغا ساپلا ئۇيغۇرلار ياشايدىغان بۇ دىياردىن بىرمۇ گۈمپىچى تېپىلمىغانىدى. بۇگۈنكى بۇ جەڭ ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرىقى ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ راسا پەيتى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي، قىلىچۋازلىق كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ قورال - ياراغ ئامبىرىنى قوغداۋاتقان چېرىكلەرگە ئېتىلىپ كېلىپ ئۇچرىغىنىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. چېرىكلەر قاتتىق غەزەپكە كەلگەنىدى. ئۇنى مۇھاسىرە قىلىپ، قىلىچلىرى بىلەن سانچىپ كۆتۈرۈشكە ئورۇنۇۋاتقاندا، كەينىدىن سانچىلغان نەيزىنىڭ تىغىدىن چېرىكلەر تىك موللاق ئاتتى. مائىرنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان چېرىكلەر قىرىپ تاشلاندى. بۇ نەيزە ئىگىسى جاڭ لى ئىدى. ئەتراپتا، «ئاللا ئۇسرەت

قىلغاي»، «شا - ئۇرا» دېگەن سادالار ياڭراپ تۇراتتى. تاڭ ئاتتى، چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلىرى ھەممە يەردە ياتاتتى. كىشىلەر ئاق ۋە قارا مەخمەل دوپپا كىيگەن جەسەتلەرنى بىر يەرگە يىغىپ رەت - رەتى بىلەن قويماقتا، مىلتىقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۇپ ۋارقىراشماقتا، كۈلۈشمەكتە... بۇ تاڭ دەل 1863 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 2 - يىلى) كۆتىرىلگەن خۇيزۇ قوزغىلىڭى يەنى تارجى قەلئەسىنى ئېلىپ قورال بولىغان تاڭ ئىدى.

## 6

دۇمبىسىگە كەڭ بىسلىق قىلىچ قىستۇرۇۋالغان، يېڭىنى جەينىكىگىچە تۈرۈۋالغان مائىر، بېشىغا يېشىل سەللە يۆگىۋالغان، مىلتىقىنى مۈرىسىگە ئېسىۋالغان مايۇسۇپ، بېشىغا ئاق بۆك كىيىۋالغان بىر قاراشتىلا خۇيزۇغا ئوخشاپ قالغان، نەيزىسىنى چىڭ سىقىمدىۋالغان جاڭ لى سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىدە مەشرىققە قاراپ تۇراتتى. ئۇ تەرەپتىن قويۇق چاڭ - توزان كۆتىرىلگەن بولۇپ، نېمىلىكىنى پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى. مائىر:

— سۈيدۇڭدىن ياردەمگە كەلگەنلەرمىدۇ؟ — دېدى.

— بىلگىلى بولمايدۇ، چاپارمەن ئەۋەتىپ باق، — دېدى ما يۇسۇپ.

مائىر كەينىدە تۇرغان بىر يىگىتكە بۇيرۇدى:

— بۇ چاڭ - توزان توزىتىپ كېلىۋاتقانلار كىمكىن، تېز بىلىپ كەل.

مائىر، ما يۇسۇپ، جاڭ لىلار كېچىلەپ تارجىغا كېلىپ ياڭ شەنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدى. ئۇلار تارجىدىكى قورال - ياراغ ئامبىرىنى مەخپىي كۆزەتكەن، چېرىك سانىنى ئېنىقلىغان، ئۇزاق مەسلىھەتلىشىپ جاڭ لىنىڭ قورال - ياراغ ئامبىرىنى قولغا چۈشۈرۈش پىلانىغا قوشۇلۇپ، يەر شارائىتىنى بىلىدىغان مائىر بىلەن ياڭ شەنىڭ ئامبارغا تېگىش تەدبىرىنى تۈزگەن، بۇ تەدبىرنى قايتا - قايتا ئويلىشىپ تولۇقلىغان. ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىنى ساندىخوزا، سۈيدۇڭ قاتارلىق قەلئەلەرگە ئەۋەتىپ ئادەم توپلاپ، ياش، باھادىر يىگىتلەردىن ئونلۇق، يۈزلۈك تۈزۈپ، ھەممە

تەييارلىق تەخ بولغاندىن كېيىن بۇرنا كۈن كېچىسى تارجى قەلئەسىگە بېسىپ كىرگەنىدى. ئۇلار تۇنۇگۈن ئامباردىكى قورال، ئوقلار بىلەن لەشكىرنى قوراللاندۇرۇپ مەشق قىلدۇرۇۋاتاتتى. بىر قىسىم لەشكەرلىرى ساندىخوزا، سەنگۈڭ قەلئەلىرىگە هۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرلەرنى ئازاد قىلدى ۋە بۇ يېزىلاردىن پىدائىيلار قوبۇل قىلىپ، هەر تەرەپكە چاپارمەن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە چاقىرىق قىلغان. غۇلجا شەهىرى، سۈيدۈڭدىكى ئۇيغۇرلارغىمۇ خاس ئادەملەر ئەۋەتكەنىدى. مائىرنىڭ ياردەمگە كەلگەنلەرمىكىن، دېگىنى ئەنە شۇ ۋەجىدىن ئىدى. مائىر ئەۋەتكەن چاپارمەن ئېتىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە، هودۇققان هالدا سېپىل دەرۋازىسى ئالدىدىلا ۋاقىرىدى:

— ما ئاكا، ما ئاكا، ئۇ، ئۇلار چېرىكلەر ئىكەن!

مەشرىقتىن كۆز ئۈزمەي تۇرغان جاڭ لى:

— مەنچىمۇ توغرا كۆرۈندى، چېرىكلەر! — دەپ توۋلىۋەتتى.

— نېمە؟ چېرىكلەر! — ئوتتىنىمۇ - سۇدىنىمۇ قورقمايدىغان مائىر تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

سېپىل ئۈستىدىكىلەر جىددىيلىشىپ قالدى. ما يۈسۈپ:

— راستتىن چېرىكلەر ئىكەن، جاڭ ئۇرۇلسۇن، خەلق سېپىلغا كىرىۋالسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى.

جاڭ ئاۋازى تارجىنىڭ هاۋا بوشلۇقىدا ياڭرىدى. تەرەپ - تەرەپتىن بوۋاي ـ موماي‌لار، جۇۋان ـ قىزلار باللارنى يېتىلەپ، بوپىلىرىنى كۆتىرىشىپ كېلىشكە باشلىدى. بىردەمدىلا سېپىل دەرۋازىسى تىقما - تىقماق بولۇپ كەتتى. «چېرىكلەر» دېگەننى ئاڭلاپ، بىر نەچچە ئون يىگىت دەرۋازىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كوچا - كوچىغا تارقىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بىردە كۈچلۈك، بىردە پەس ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— چېرىكلەر كېلىۋاتىدۇ، هەممىڭلار سېپىلغا كىرىۋېلىڭلار، تېز!

ما يۈسۈپ، مائىرلار قوراللانغان بارلىق ئەركەكلەرنى سېپىل ئۈستىگە چىقىرىپ جاي - جايىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاتلىق چېرىك قوشۇنىنىڭ ئالدى يېزىنىڭ چوڭ كوچىسىغا كىردى، مايۈسۈپ خەلقنىڭ دەرۋازىدىن كىرىپ

بولغىنىنى كۆرۈپ:

— دەرۋازىنى ئاقاڭلار، كەينىگە تىركەك قويۇڭلار، — دېدى.

چېرىكلەر ئۈزلىرى بىلەن بوران ئېلىپ كەلدى. ھاۋا بىردىنلا ئۆزگىرىپ، بوران ھۇۋۇلداپ، چېرىكلەرنى چاڭ ـ توزان بىلەن كۆمۈشكە باشلىدى. دەرەخ شاخلىرى ئېگىلدى. توپا چاڭدىن چېرىكلەرنىڭ ھەرىكىتى كۆرۈنمەي قالدى. مائېر بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئېتىڭلار!

بىرىنچى دۈركۈن ئېتىلغان ئوق ئالدىدا ئۈچۈپ دېگۈدەك كېلىۋاتقان چېرىكلەرنى ئېتىمدىن غۇلاتتى. چېرىكلەرنىڭ كەينىدىكىلىرى ئىلگىرىلەۋەردى. سېپىل ئۈستىدىن دۈركۈن ـ دۈركۈنلەپ مىلتىق ئېتىلدى. ئەمما چېرىكلەر چۆمۈلىدەك مىغىلداپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلاردىن نەچچە ئونى موللاق ئاتتى. سېپىل ئۈستىدىن ياغدۇرۇلغان ئوق چېرىكلەردىن نۇرغۇننى ھالاك قىلدى، بۇنى كۆرگەن چېرىك باشلىقلىرى ئاتلىق قوشۇننىڭ ھۇجۇمىنى توختاتتى. چېرىكلەر سېپىل ياقىسىدىكى ھويلا، باغلارغا كىرىپ، تاملارنى پاناھلاپ مىلتىق ئېتىشقا باشلىدى. ئەمدى چېرىك سەردارى لەكمە قوشۇننى جەڭگە سالغانىدى. بۇ قوشۇن مىلتىق ئېتىپ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئوقلىرى تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئېتىلغاچقا دەل تەگمەيۋاتاتتى، كۆپىنچىسى سېپىل تېمىغا سانچىلاتتى. سېپىل ئۈستىدىكىلەر جىددىيلەشتى، مەرگەنلەرنىڭ بارماقلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ تەپكىلەر بېسىلدى، ئېتىشىش بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. ئوقلار ئۈچۈپ بېرىپ چېرىكلەرنىڭ بېشىغا، مەيدىسىگە، قورسىقىغا تېگەتتى.

— ئېتىڭلار ئەزىمەتلەر، چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكىدىن سېپىل ياسايمىز! — دەپ ۋارقىرايتتى قىزىپ كەتكەن مايسۇپ.

مائېر مىلتىق يېتىشمەي قىلىچ، نەيزە بىلەن قوراللانغانلارنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىدى، بىرىگە ئۆزى، يەنە بىرىگە جاك لىنى سەركەردە قىلدى. شۇ ئارىدا جاك لىنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي، ئىش يامىنىغا ئايلاندى!

مائېر پەسكە قارىدى، چېرىكلەر ئېغىر پولارنى ئاتقا سۆرىتىپ دەرۋازىنىڭ

ئۇدۇلىدىكى كوچىغا تىزىۋاتاتتى. ئۇلار پولارنى دەرۋازىغا توغرىلاپ ئېتىشقا باشلىغاندىلا، مائېر بىلەن جاڭ لى قىلىچۋازلارنى باشلاپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. پولارنىڭ گۈمبۈرلىشىدىن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك بولدى. بەش پودىن ئېتىلغان ئوق تۆمۈر دەرۋازىنى تېشىپ ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋەتتى. مايۇسۇپ مەرگەنلەرگە پوچىلارنى نىشانلاپ ئېتىشقا بۇيرۇغانىدى. ئەمما ئۇلار بىرى يىقىلسا يەنە بىرى تەييار بولۇپ پونى ئېتىۋەردى. كۆپ ئۆتمەي دەرۋازا غۇلاپ چۈشتى. لەكمە قوشۇن چېرىكلىرى دەرۋازىغا بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى. ما يۇسۇپنىڭ مەرگەنلىرى ئۇلارنى توختىتىپ قالالمىدى. چېرىكلەر دەرۋازىدىن كىرىشكە مائېر بىلەن جاڭ لىنىڭ قوشۇنى ئىككى تەرەپتىن قىلىچ-نەيزىلىرىنى ئىشقا سالدى. كىرەلەشمە جەڭ قىزىپ كەتتى. ما يۇسۇپ، ياڭ شەنسىڭلار مەرگەنلەرگە مەدەت بېرەتتى. ئۆزلىرىمۇ توختىماي چەنلەپ تۇرۇپ ئاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئوقى زايە كەتمەيتتى. بىراق، مىلتىقنى ئەمدى قولغا ئالغانلار بولسا قارىسىغا ئاتاتتى. چىش-تىر-نىقىغىچە قوراللانغان مۇنتىزىم قوشۇنغا پوقرانىڭ تەڭ كېلىشى تەس ئىدى. مايۇسۇپ چېرىكلەرنىڭ قەلئەگە كىرىپ قىرغىن قىلىۋاتقىنىنى، قەلئە سىرتىدا ئاز قالغىنىنى كۆرۈپ، مەرگەنلەرنى باشلاپ پەسكە چۈشتى. بۇ چاغدا مائېر ئالدىدىن، كەينىدىن خىرىس قىلىپ كەلگەن چېرىكلەرنى چاپماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى بەكمۇ چاققان ئىدى. ئۇ بىردە موللاق ئېتىپ ئىككى پۇتى بىلەن چېرىكنىڭ بېشىغا تېپەتتى، بىردە ياندىن كەلگەننى چا پۇتلاپ يىقىتىپ قىلىچ ئۇراتتى. ياكى قىلىچنى قورسىقىغا تىقاتتى. جاڭ لىمۇ ماھىرلىق بىلەن نەيزىۋازلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇ ئوڭ-سول ۋە ئۇدۇلدىن كەلگەن چېرىكلەرنىڭ كۆكرىكى، قورسىقى، ھەتتا كۆزىگىمۇ نەيزە تىقاتتى. نەيزىسىنى ئىشلىتىش ئوڭايسىز كەلسە پەشۋا ئاتاتتى. مائېر چېرىكلەرنىڭ بارغانسېرى دەۋرەپ كىرىپ كەلگىنىنى، ئۆز ئادەملىرىنىڭ قېچىۋاتقىنىنى، بەزىلىرىنىڭ ئەل بولۇۋاتقىنىنى، قارشىلىق قىلىۋاتقانلارنىڭ ئاز قالغىنىنى كۆرۈپ دەرۋازىدىن بۆسۈپ چىقماقچى بولدى-دە:

— ما ئاكا، ياڭ ئاكا، مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

مائىرنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەن جاڭ لى ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇلارنى توسقان چىرىكلەر بىلەن ئېلىشىپ كەتتى، بۇ ئىككى چامباشچىنىڭ ھەيۋە بىلەن ۋارقىراپ، چىرىكلەرگە تىغ سانجىپ يول ئېچىشى بىلەن ما يۇسۇپ، ياڭ شەنسىڭ باشلىق ئون نەچچە نەۋقىران ئەزىمەت دەرۋازىدىن سىرتقا چىقىۋالدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇردۇن كوچا بېشىدا تەييار تۇرغان ئاتلىق چىرىكلەرنى كۆرۈپ:

— ئاتلىق چىرىكلەر! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئاتلىق چىرىكلەر قەلئەنى قورشىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ قوزغىلاڭچىنى تىرىك قويۇش نىيىتى بولمىسا كېرەك. مائىر:

— كەينىمدىن يۈگۈرۈڭلار، — دەپ، ئۇدۇلىدىكى قورۇنىڭ قورۇق تېمىدىن ئاتلاپ ئۆتتى. ئۇلار ئۆيمۇ ئۆي، ھويلىمۇ ھويلا، باغمۇ باغ ئاتلاپ قېچىپ يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قورۇغا كىرىپ توختىدى. قورۇدا بىر كۆنەك هارۋا، ئۇنىڭ يېنىدا بىر سوقا تۇراتتى، باغقا چىقىدىغان قاشا يېنىدا بىر دۆۋە شاخ - شۇمبە ياتاتتى، كونا ئۆينىڭ تېمىدا شوتا يۆلەكلىك تۇراتتى. مائىرلار شوتا ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقتى - دە، بىر غارام بېدىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئەتراپقا زەڭ سالدى، كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن چىرىكلەر قورۇنى قورشىۋالغانىدى، بىر يۈزلۈك ئاتلىق چىرىككە قىلىچ، نەيزە، بىر نەچچە تال مىلتىق بىلەن قوراللانغان ئون ئۈچ ئادەمنىڭ تەڭ كېلىشى قىيىن ئىدى، شۇڭا ما يۇسۇپ:

— مائىر، جاڭ لى ئىككىڭلار قىلىچۋازلىق قىلىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىڭلار، ياڭ شەنسىڭ، نۇردۇنلار سىلەر بىلەن بىللە كەتسۇن! نۇردۇن سىلەرنى ئەلا پالۋاننىڭ ئالدىغا ئاپىرىدۇ، بىز ئوق ئېتىپ چىرىكلەرنى جەلپ قىلىپ تۇرىمىز! — دېدى.

— ياق ئاكا، مەن قالاي، ئۇلارنى سەن باشلاپ چىققىن!

— ئۇكام، ئىنى دېگەن ئاكىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى كېرەك، — ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلاشمىغان ئىدى، كۆزى دەرۋازىنى بۇزۇپ كىرگەن ئۈچ چىرىككە چۈشتى — دە، تەپكىنى بېسىۋېتىپ، — ئېتىڭلار، — دېدى. ئۈچ چىرىك شۇئان يەر چىشلىدى.

— ئۇكام، دادام سېنى ماڭا تاپشۇرغان. سەن دادامنىڭ بىردىنبىر ۋارىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ياش ھەم ماھىر قىلىچۋاز. جاڭ لى ئىككىڭلار گۇمپا ئىشلىتىپ مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ كېتەلەيسىلەر. سىلەرمۇ مۇنۇ باغچا تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ چىقىڭلار، چېرىكلەرنىڭ سەركەردىسى دەرۋازا تەرەپتە!

— ئاكا سەن ئائىلىمىزنىڭ چوڭى، سەن ھايات قېلىشىڭ كېرەك! — مائېر كۆزىدىن لۆم - لۆم ياش تۆكۈپ ما يۇسۇپكە يالۋۇردى.

— قاباھەت ئاپىتىدا يانجىلغۇچە جەڭ قىلىپ ئۆلگىنىم ئەۋزەل. گېپىمنى ئاڭلا، خەلقىمىزنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم! — مايۇسۇپ شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، دەرۋازىدىن مارىلاپ كىرىشكە تەمشىلىۋاتقان چېرىكنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقاردى.

ئىلاجسىز قالغان مائېر ئاكىسى بىلەن ئىككى قوللاپ خوشلاشتى — دە، ھويلىنىڭ كەينىگە چۈشتى. ما يۇسۇپلەر ئېتىشىۋاتقان بۇ تۆت چاسا ئۆينىڭ ئۆگزىسى كوچىغا قارايتتى، ئارقا تەرىپى باغچە بولۇپ، ئۈچ تۈپ ئالما دەرىخى تۇراتتى، كۈن چىقىش تەرەپ بىنەملىك ئىدى. مائېر، جاڭ لى، نۇردۇن، ياڭ شەنسىڭ ۋە ئىككى نەپەر خۇيزۇ يىگىتى بىنەملىك تەرەپتىكى قورۇق تامغا چىقىپلا دەررۇ چۈشۈپ كەتتى.

ئۇلار باشلىرىنى يېقىن قىلىپ مەسلىھەتلەشتى. بىر خۇيزۇ يىگىتى مائېر بەرگەن مىلتىقنى ئالدى — دە، تامدىن مارىلاپ تۇرۇپ قورۇلغا ئالدى. مائېر بىلەن جاڭ لى نەيزە - قىلىچلىرىنى سىقىمداپ تەييار تۇردى، «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مائېر تامغا سەكرەپ چىقتى - دە، چاقماق تېزلىكىدە ئوقتىن ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشكەن چېرىكنىڭ ئېتىغا سەكرەپلا مىنىۋالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن جاڭ لى يۈگۈردى. مائېر ئۆزىگە قىلىچنى تەڭلەپ كەلگەن چېرىكنىڭ بىلىكىگە بىر قىلىچ ئۇردى، قىلىچ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئاڭغىچە يېتىپ كەلگەن جاڭ لى يارىلانغان چېرىكنىڭ قورسىقىغا نەيزە تىقىپ غۇلاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا كەلگەن نۇردۇن يەردىن قىلىچنى ئالدى - دە، ئاتقا مىندى. مائېر، نۇردۇن، جاڭ لىلارنىڭ ئۇن نەچچە ئاتلىق چېرىك بىلەن قىلىچلىشىۋاتقىنىنى كۆرگەن ياڭ شەنسىڭ

بىلەن ئىككى خوىزو يىگىتى تامدىن ئارتىلىپ چوشۇپ جەڭگە قاتنىشىپ كەتتى. بىر خوىزو يىگىت ئىگىسىز قىچىپ يۇرگەن بىر ئاتنى تۇتۇۋېلىپ ياڭ شەنسىڭغا بەردى، نۇردۇن يەنە بىر چېرىكنى چېپىۋېتىپ ئېتىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، ئۇزۇن نەيزىسىنى ئۇزىگە هوجۇم قىلىپ كەلگەن چېرىككە تىقىۋاتقان جاڭ لىنى مىندۇرۇپ قويدى. مائېر شېرىكلىرىنىڭ ئاساسەن ئاتلىنىپ بولغىنىنى كورۇپ:

— نۇردۇن، بىنەملىككە قاچايلى، — دەپ ۋارقىرىدى قىلىچلىشىۋېتىپ.

نۇردۇن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بىنەملىككە قارىتىپ، قىلىچىنىڭ پەنجىسى بىلەن ساغرىسىغا بىرنى ئۇردى، ئات يۇلقىنىپ ئالدىغا تاشلاندى. توت ئەزىمەت توت ئاتقا مىنىپ بىنەملىككە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى، قالغان خوىزو يىگىتلىرى جەڭدە قۇربان بولدى.

چېرىكلەر نۇردۇنلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ قوغلاشقا باشلىدى، نۇردۇن بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىنى بىلگەچكە چېرىكلەرنى قايمۇقتۇرۇش ئۇچۇن، بىردە پەسكە، بىردە ئورىگە چاپتى، بۇ خىل چېپىش چەۋەندازلارنىڭلا قولىدىن كېلەتتى. ئومرىدە ئات مىنىپ باقمىغان جاڭ لى ئېگەردە ئولتۇرالماي، كاسىسى پوكزەكتەك سەكرەيتتى، گەۋدىسى ئوڭ ـ سولغا پۇلاڭلايتتى. ئەگەر ئۇ ئاتنىڭ يايلىنى مەهكەم تۇتۇۋالمىغىنىدا ئاللىقاچان ئاتتىن ئۇچۇپ كەتكەن بولاتتى. بۇنى كورگەن مائېر:

— نۇردۇن، جاڭ لى ئاتتا ئولتۇرالمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا قاراشقىن! — دېدى. نۇردۇن ئېتىنى بۇراپ خېلى كەينىدە قالغان جاڭ لىنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتتى، جاڭ لىنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئوگىتىشكە باشلىدى:

— ئېگەرنىڭ قېشىنى تۇتۇۋال، ئىككى پۇتۇڭنى ئاتنىڭ قولتۇقىغا مەهكەم قىسىۋال. هە، مانا شۇنداق. كەتتۇق، چۇ، جانىۋارلار!

مائېر بىلەن ياڭ شەنسىڭنىڭ ئاتلىرى يوگۇرۇك چىقماي قالدى. ئۇلار هەر قانچە قامچىلىسىمۇ نۇردۇنلارغا يېتىشەلمىدى، ئەكسىچە چېرىكلەر ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. ئۇلار چېرىكلەر بىلەن قىلىچلىشىپ كەتتى، بىر ئاش پىشىمغىچە قىلىچۋازلىق جىڭى بولدى، مائېرنىڭ مۇرىسىگە قىلىچ تېگىپ

كۆپ قان كەتتى. شۇندىمۇ ئۇ ئىككى چېرىكنى يىقىتتى. ئۇ مادارسىزلانغانىدى. ئاخىردا ھوشسىزلىنىپ ئات ئۈستىدە يېتىپ قالدى. ياڭ شەنسىڭنىڭ سول قوۋۇرغىسىغا قىلىچ سانچىلىپ يىقىلغانىدى. چېرىكلەر ئۇلارنى ئاتلارغا باغلاپ ئېلىپ كەتتى. بىر ئۇنلۇق چېرىك نۇردۇن بىلەن جاڭ لىنى قوغلاپ ماڭدى.

## 7

غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپى شەھەر ئىچىدىن ئون نەچچە مېتىر ئېگىز بولۇپ، شۇ تۆپىلىكنى ئۇيغۇرلار «بويىنى كېسىك» دەپ ئاتايتتى. چۈنكى، جياڭجۈن بۇ يەردە ھەر ئايدا، بەزىدە ھەپتىدە بىر دېگۈدەك «گۇناھكار» لارنىڭ بويىنىنى كېسەتتى. بۇگۈن بويىنى كېسىككە ئۇيغۇر، خويزۇ پۇقرالار ئادەتتىكىدىنمۇ ناھايىتى كۆپ توپلانغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھونەرۋەنلەر، دېھقانلار، ھارۋىكەشلەر، بوۋايلار، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار بار ئىدى. بىر نەچچە يۈز چېرىك شەھەردىن تارتىپ تۆپىلىككىچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ تۈزۈپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇراتتى. ئۇلار ئادەملەرنى يولغا ئۆتكۈزمەيتتى. بۇنىڭدىن بۇگۈن مۇھىم جىنايەتچىنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغىنىنى جەزم قىلىپ نۇرغۇن ئادەم كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆزى چېرىكلەر قوغداۋاتقان شەھەر يولىدا ئىدى. بىر كەمدە باللارنىڭ چۇرقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، كېلىۋاتىدۇ!

ھەممە شەھەر يولىغا تىكىلىشتى، تۆت ئەتراپىنى بىر ئۇنلۇق چېرىكلەر ئارىدىن چىۋىنمۇ ئۆتمىگۈدەك قىلىپ قورشىغان ئىككى ھارۋا كېلىۋاتاتتى. ئالدىدا كېلىۋاتقان ھارۋىدىكى تۆمۈر قەپەزدە بىر ياش چىرايىنىڭ بېشىلا چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى زەپىراندەك سارغايغان، چاچلىرى ئۇسۇپ خاخوللاردەك بولۇپ قالغانىدى. ئەمما بىر جۈپ قاپقارا كۆزى يېنىپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەردىن غەزەپ - نەپرەت ئوتى چاقنايتتى. ئۇ ماھىر قىلىچۋاز مائېر ئىدى. كەينىدىكى ھارۋىدىكى قەپەزدە ساقال - بۇرۇتى ئۇسۇپ كەتكەن،

چاچلىرى پاخپايغان، يۈزىدە قان ئۇيۇپ قالغان، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ كوسا ساقىلى قەپەزنىڭ تاقىقىغا تېگىپ تۇراتتى، ئۇ ياڭ شەنىسڭ ئىدى. كىشىلەر توپى ئۇلارنى كۆرۈپ دېڭىز دولقۇنىدەك داۋالغۇدى. ھەر خىل ئاۋازلار، ئېچىنىشلىق پەريادلار، غەزەپلىك ۋارقىراشلار، لەنەتلەر ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازلاردىن چېرىكلەر ئۆزلىرىنى تىللاۋاتامدۇ ياكى مەنچىڭ خانى بىلەن ئەمەلدارلىرىنى تىللاۋاتامدۇ، ئاڭقىرالمىدى. ئەتىگەندىن بېرى شوخلۇق قىلىپ بوينى كېسىكنى بېشىغا كىيگەن باللار ھەيران قالغىنىدىنمۇ ياكى قورققىنىدىنمۇ شۈكلىشىپ قالدى. ھەممىنىڭ كۆزى مائىر بىلەن ياڭ شەنىسڭغا تىكىلگەنىدى. ئۇلار مائىرنىڭ تاتارغان يۈزىدىكى كۈلۈمسىرىگەندەك ئىپادىنى كۆرۈپ ئېچىنىشتى. لېۋىنى چىشلىۋالغان ياڭ شەنىسڭنىڭ كۆزلىرىدىكى دەرد-ئەلەم ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ ھېسداشلىق قىلىشتى، چېرىكلەر بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان، كوچىنىڭ چاڭ-توزانلىرىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ماھىر قىلىچۋاز مائىر بىلەن ياڭ شەنىسڭنى قەپەزدىن چىقاردى. پۇتىغا كىشەن، قولىغا ئىشكەل سېلىنغان مائىر يۆلەش ئۈچۈن كەلگەن ئىككى چېرىككە قولىنى تۇتقۇزماي سىلكىۋەتتى-دە، سالماق قەدەم بىلەن ئوتتۇرىدا تۇرغان بىرىنچى جادۇنىڭ يېنىغا كەلدى. جادۇنىڭ يېنىدا بېشىنى لۆڭگە بىلەن باغلىۋالغان گەۋدىلىك، چوشقىدەك سېمىز ئىككى جاللات بىلەن تاقىر بېشى كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان، قولىنىڭ بېغىشىنى لاتا بىلەن بوغۇۋالغان يەنە بىر جاللات تۇراتتى.

چاڭ جىن جياڭجۈن بىر توپ ئەمەلدارلار بىلەن مەپىلىرىدە، كېرىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار تۆپىلىكنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە تۇرۇشقان بولۇپ، ئەتراپىنى خاس مانجۇ ئاتلىق چېرىكلىرى ئورىۋالغانىدى. چاڭ جىن جياڭجۈن يېنىدا تۇرغان غالدايغا قول ئىشارىسى قىلىپ قويىۋېدى، غالداي جاللاتلارغا ئەمىر بەردى:

— توغرا!

بېشىغا لۆڭگە تېڭىۋالغان ئىككى جاللات مائىرنىڭ ئۇششاق پۇتلىرىنى جادۇ كۆتىكى ئۈستىگە قويدى. تاقىر باش جاللات جادۇ تىغىنى باستى،

مائىرنىڭ ئۇششاق پۇتلىرى توغرالغان بىردىدەك بىر تەرەپكە چۇشتى، قان تەپچىرىدى، مائىرنىڭ چىرايى پۇرۇشۇپ كەتتى. ناقىر باش جاللات جادۇ تىغىنى كۆتىرىشكە مائىرنى بېسىپ تۇرغان جاللاتلار ئۇنىڭ پۇتىنى ئۇشۇقىغىچە تىغ ئاستىغا توغرىلاپ يەنە باستى، قىپقىزىل ئىسسىق قان جادۇنى بويىدى... شۇ تەرىقىدە جاللاتلار مائىرنىڭ بىچىرىم تېنىنى ئۇششاق پۇتىدىن تارتىپ بوينىغىچە توغراپ بۇردا ـ بۇردا گۆش قىلدى. بۇ جەرياندا مائىردىن زوۋان چىقمىدى. ئۇ تا جان تەسلىم قىلغىچە چىشىنى چىشىغا بېسىپ يېتىپ مىت قىلىپ قويمىدى، ئۇنىڭ بەدىنىدىن پەقەت سوغۇق تەر ئېقىپ چىقىپ قېنى بىلەن قوشۇلۇپ ئېرىق بولۇپ ئاقتى. ئۇنىڭ بەدىنى توغرىلىنىپ بولغاندا، جادۇنىڭ بىر تەرىپىدە قىيما ـ چىيما قىلىنغان ئۇستىخانلىق گۆش دۆۋىسى قالدى. جاللاتلار ئۇنىڭ كۆزى ئۇچۇق بېشىنى خادىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ بىر چىرىككە تۇتقۇزدى. مائىرنىڭ تېنى توغرىلىۋاتقاندا ئاۋام خەلق چىدىيالماي تەتۈر قارىۋالدى. ياڭ شەنىسىڭنى توغراشمۇ مائىرغا ئوخشاشلا ئېچىنارلىق بولدى. بۇ ئېغىر، دەھشەتلىك جازانى كۆرۈپ چىدىيالماي قالغان بىر بوۋاي ناله قىلىپ كەتتى:

— يا رەببىم، نېمە ئىش بۇ، قىيامەت قايىمنىڭ ئۆزىلىغۇ!

بىر ئۇيغۇر يىگىتى غەزەپ بىلەن جياڭجۈنگە قولىنى شىلتىدى:

— هۇ ئەبلەخ جاللاتلار، بۇ ۋەھشىيلىكىڭگە جاۋاب قىلىشىسەن تېخى!

بايىقى يىگىتنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر يىگىت خەنزۇ تىلىدا:

— دىلى قارىيسپ كەتكەن جاللاتلار، خەپ سەنلەردىن ئۆچ ئالمىسام! — دېدى.

بايىقى ئۇيغۇر يىگىت ئۇنىڭ يېشىدىن تارتىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— جاڭ لى، سەن ئۇنداق ئاشكارا گەپ قىلما، سېنىڭ تىلىڭنى ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ!

ئەمما، چاڭ جىن جياڭجۈن باشلىق ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ لەنەت سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇلار ھەيۋە ۋە ئەنتەنە بىلەن ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ قورۇقدىشىدا قايتىشتى...

چاڭ جياڭجۈن مائىر، ياڭ شەنىسىڭلارنى ۋەھشىيلەرچە توغراش بىلەن

تۇختىمىدى. ئۇ يەنە تارجى بىلەن ساندىخوزىدىكى قوزغىلاڭچىلاردىن بەش يۈز كىشىنى گۇندىخانىغا تاشلىغانىدى، پۇقرالارغا ئىبرەت قىلىمەن، دېگەننى باھانە قىلىپ، قامالغانلاردىن ھەر كۈنى ئون، يىگىرمە كىشىنى بويىنى كېسىككە ئاچىقىپ چېپىپ تۇردى.

ھەر كۈنكى بۇ قانلىق پاجىئە ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىنى ئەزدى. ئۇلار خۇيزۇ قېرىنداشلىرىغا قاتتىق ئېچىندى، قايغۇردى ۋە مەرسىيە قوشاقلىرىنى توقۇدى.

ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ كەپتەرلەرگە دان بەرگەن،
بىچارە تۇڭگانلار ساندىخوزىدا جان بەردى.
ياڭ شەنسىڭ قېچىپ بېرىپ تاغ باغرىدا تۇتۇلدى،
غۇلجىدىكى تۇڭگانلار خەت بېرىپ قۇتۇلدى.

خۇيزۇ ئاقساقاللىرى بۇ بېيتنى ئاڭلاپ، ئۇيغۇرلاردىن مەدەت تىلەشكە ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ جياڭجۇن ئەمەلدارلىرىدىن قىساس ئېلىشقا قەسەم قىلىشتى.

## 8

چاڭ جىن جياڭجۇن خۇيزۇلارنىڭ پەيلى بۇزۇلۇۋاتقىنىنى تىڭچىلىرىدىن بىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇرۇسۇل بەگنى چاقىرىشقا ئەۋەتكەن چاپارمەن يوقاپ كەتكەنىدى. ئۇ خۇيزۇلارغا نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ھورنىنى باسماقچى بولۇپ، بىر جۈمە كۈنى خۇيزۇ مەسچىتىگە كەلدى. خۇيزۇلار جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، جياڭجۇن كېلىدىكەن، دەپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. جياڭجۇن نۆكەرلىرى بىلەن مەسچىت ھويلىسىغا كىردى. ئۇ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن خۇيزۇلارنى ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلدى ۋە سىلىق، مۇلايىم ئاھاڭدا ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى:

— خۇيزۇلار ئىچكىرىدىكى بۇزغۇنچىلاردىن ئەنسىز خەۋەرلەر ئېشىتىپ

تەشۋىش - ئەندىشىگە چۈشۈپسىلەر. مەن خاندىن يارلىق ئالدىم. سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاڭلار. — ئۇ قوينىدىن يارلىقنى چىقىرىپ ئىككى قوللاپ بېشىدىن ئېگىز كۆتەردى، ئاندىن ئوقۇشقا باشلىدى. «چاڭ جېن مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەقە چىقىرىپ غوۋغا تۇغدۇرغانلىقىنى، باش جىنايەتچىلەرنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى ۋە ئىشنىڭ بېجىرىلىش جەريانىنى مەلۇم قىلدى. چاڭ جېننىڭ ئەۋەتكەن خادىملىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، باشلامچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەردىن يۈزدىن ئوشۇقىنى تۇتقۇن قىپتۇ. باندىت باشلىقى ياڭ شەنسىڭ، مائېر قاتارلىقلارغا چاناپ، قىيما - چىيما قىلىش جازاسى بېرىلسۇن... شەنشى، گەنسۇلاردىكى تۇپىلاڭچى خۇيزۇلار تازىلاندى. ئىچكىرىدىن مۇناپىق باندىتلار ئىلىغا قېچىپ چىقىپ ئوت قويىرۇقلۇق قىلمۇۋېتىپتۇ. خۇيخۇيلارنىڭ قىلمىشلىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىرى جازاغا تارتىلسۇن!»

جياڭجۇن يارلىقنى ئوقۇپ بولۇپ جامائەتكە قارىدى. كىشىلەر بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، چىرايلىرى تاتارغانىدى. بۇنى كۆرگەن جياڭجۇن يارلىق قاتتىق تەگكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى - دە، يۇمشاق ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

— ئەي خۇيخۇيلار، بىز سىزلەر بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ياخشى ئۆتۈپ كەلگەن. مەن خاننىڭ قولى، سىلەرمۇ شۇ. مەن پەقەت خاننىڭ ئەمر- پەرمانىنى يورگۇزىمەن. مەن خاننىڭ مۇشۇ يارلىقى بويىچە ئاۋامغا تەنبىھ بولسۇن دەپ بىر نەچچە تۇپىلاڭچىنى قەتل قىلدۇردۇم. شەنشى، گەنسۇدىكى تۇپىلاڭچىلار باستۇرۇلۇپ ئاسايىشلىق ئورنىتىلىپتۇ. بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ گۇندىخاندىكى يارلىق خۇيخۇيلارنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردۇم. ئەگەر شەنشى، گەنسۇدىكى تۇپىلاڭنىڭ بېسىقتۇرۇلغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلگىنىمدە قەتل قىلىنغانلارنىمۇ ئەپۇ قىلاتتىم. ئەمدى ئۆلگەنلەرگە خۇدا رەھمەت قىلسۇن، قالغانلارغا ئۆمۈر بەرسۇن. مەن بۈگۈن ئۆلگەنلەر ئۈچۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار بويىچە نەزىرلىك ئېلىپ كەلدىم. ئون كالا، ئەللىك قوينى سويۇڭلار، يارلىق مۇسۇلمانلار ئېغىز تەگكەي.

جياڭجۈننىڭ سۆزى دەل شۇ يەرگە كەلگەندە، جامائەتتە بىر تەۋرىنىش، گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ پاراڭ كۆتۈرۈلدى. جياڭجۈن سۆزىنى توختىتىپ تىڭشىدى، لېكىن ھېچ گەپنى ئۇقالمىدى. ئۇ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ بىزلەردە يامان نىيەت يوق. خۇدايىملار ئۇ دۇنيانى سىلەرگە ئاتىغان، شۇڭا ئۆلگەنلەر ئۇ دۇنيادا ياخشى ياشايدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز بۇ دۇنيانىڭ بار نېمىتىنى سىلەر بىلەن تەڭ يەيدۇ. ئەگەر بىزدە يامان نىيەت بولسا، بۈگۈن قويۇپ بەرگەنلەرنىمۇ قەتل قىلىشقا كۈچىمىز يېتىدۇ. يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، مەن ئۈرۈمچىگە، جەنۇبقا نۇرغۇن چېرىك ئەۋەتىمەن. خانىمۇ گەنسۇدىكى چېرىكلەرنى ئەۋەتتى. ئۈرۈمچى، سانجى ۋە جەنۇبتىكى توپىلاڭچىلارمۇ باستۇرۇلىدۇ. بىز سىلەر بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ياخشى ئۆتتى. ئاتا ـ بالىدەك ياشىدى. ئەلۋەتتە، ئاتا بالىسى شوخلۇق قىلسا ئەدېپىنى بېرىپ قويىدۇ، بىزمۇ توپىلاڭچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز. سىلەر پىتنىچى توپىلاڭچىلارنىڭ گېپىگە كىرمەي خان ئاتىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلار.

مائىر، ياڭ شەنسىڭ ۋە نەچچە يۈزلىگەن پۇقرالارنى ئاچ بۆرىدەك ياۋۇزلۇق بىلەن چىشلەپ، چايناپ يۇركۇۋەتكەن جياڭجۈن بۈگۈن يۈزىگە ئەنە شۇنداق خۇش تەبەسسۇم نىقابىنى ئارتىۋالغانىدى. بۈگۈن ئۇ بىر يۈزلۈك ئاتلىق چېرىكنىڭ نەيزىسى ئاستىدا نەزىر بەردى، جامائەتنىڭ كۆپ قىسمى نەزىر ئېشىنى يېمىدى، ئەمما قەتل قىلىنغانلارغا چىن دىلىدىن خەتمە ـ قۇرئان قىلدى. خەنجە ئاخۇن، بەي دىيەنشىن، ياقۇپقا ئوخشاش خۇيزۇ ئاقساقاللىرى دىلىدىكى غەزىپىگە مۇلايىملىق، قوللۇق پەردىسىنى ئارتىپ، جياڭجۈنگە ياغلىما سۆزلەر بىلەن تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇلار كۆڭلىگە بىر مەقسەتنى پۈككەنىدى. ئۇلار تارجى، ساندىخوزا خۇيزۇلىرىنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتىنى ئۆرنەك قىلىپ، بۇ مەقسەتكە تولۇق تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئازلىقىنى، يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بولمىسا ئاقىۋىتى تارجى، ساندىخوزا قوزغىلاڭچىلىرىدەك بولىدىغىنىنى چۈشەندى. بۇنى ئەڭ ئاۋۋال خەنجە ئاخۇن سەزدى ۋە ئوتتۇرىغا قويدى:

— كۆپىنىڭ كۈچى ئاللانىڭ كۈچى، — دېدى ئۇ سالماق ھالدا. — ئۇيغۇرلار كۆتۈرۈلمىسە بىز ھېچنىمە قىلالمايمىز. شۇڭا جانابلار ئابدۇررۇسۇل شاغىبەگدىن گەپ ئېلىپ باققىنىمىز تۈزۈك.

بۇ مەسلىھەت ياگۇر ئاقساقالدىن باشقا ھەممىگە ياقتى.

9

نۇردۇن بىلەن جاڭ لى بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەرگە قېچىۋەردى، قاچقاندىمۇ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچتى. ئۇلار زاۋال ۋاقتىدا كەينىگە قاراپ، قوغلاشتىن قۇتۇلغىنىنى ئاندىن بىلىشتى. يوشۇرۇنماق بولۇپ ساي ـ جىرالار ئىچىگە كىردى، گاھى دۆڭ، گاھى ئويمانلىقلاردىن ئۆتتى. «جان ئېلىپ قاچقان يول تاللىماپتۇ، بارغان يېرىنى ماكان ئەيلەپتۇ» دېگەندەك، ئاخىر سېرىق بۇلاق باغرىغا كەلدى. شۇ يەردىكى بىر قېلىن قارغايلىق ئىچىدە توختاپ ئاتلارغا دەم بەردى. جاڭ لى ئاستا قىڭغىيىپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا:

— ھەي، شۇ، مائىر، ياڭ شەنسىڭ، ئۆلدى ئوخشايدۇ! — دېدى.

— بۇرادەر، ئامەت يۈز ئۆرۈگەندە ئاھ ئۇرۇش بىھۇدە ھەسرەت، — دەپ جاۋاب بەردى ئاتلارنى چۇشەپ قويۇپ كەلگەن نۇردۇن. — سەۋر قىلغىن، سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن. سەۋر ـ تاقەتلا بىزنى مەقسەتكە يەتكۈزەلەيدۇ. بەلكىم ئۇلار تاغ ئىچىگە كىرىپ بىزدەك ھاردۇق چىقىرىۋاتقاندۇ.

نۇردۇن گېپىنى تۈگىتىپ ئېگەرنى ياستۇق قىلدى ـ دە، ياتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قۇم تىقىلىپ قالغاندەك يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئابدۇررۇسۇل شاغىبەگنىڭ ئاتلىق قوشۇنىدا يۈرۈش قىلغان چاغلىرىدا ئەنە شۇنداق چۇشكەنلا يېرىدە ئېگەرگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ ئۆگىنىپ كەتكەنىدى، ھەتتا ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپمۇ مۈگدەۋالاتتى. ئۇ مەزمۇت ھېكىم كۆرەگە باشلاپ بارغان بەش يۈز لەشكەرنىڭ ئون بېشى ئىدى. ئۇلارنى ناماقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپلا قوراللىرىنى يىغىۋېلىشتى، يۈز بېشى، سەركەردىلەرنى قەتل قىلدى، قالغانلىرىنى غالدايلارغا چاكارلىققا تارقىتىپ

بەردى، نۇردۇن مىڭ غالدايغا چاكارلىققا بېرىلدى. شۇ چاغدا ما يۇسۇپ، جاڭ لىلار بىلەن تونۇشۇپ ئاغىنە بولۇشۇپ قالغان، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ بېرىپ ئاق پادىشاھ قوشۇننى قانداق مەغلۇپ قىلغىنىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگەنىدى. كېيىن ئۇ ما يۇسۇپتىن تارجى، ساندىخوزا خۇيزۇلىرىنىڭ سىرنى — چەنپەنلەر ئىچىدىن، ما يۇسۇپلەر سىرتىدىن كۆتىرىلىدىغىنىنى بىلىپ، قەسەم بېرىپ ئۇلارنىڭ سىپىگە قوشۇلغانىدى. چەنپەنلەرنىڭ ئىشى سېزىلىپ قالغاندا ئۇ بىر دوستىنىڭ يېنىغا كەتكەنىدى، كېيىن چەنپەنلەرنىڭ باستۇرۇلغىنىنى بىلىپ ئۇ دوستى بىلەن قاچتى، سىپىلگە چىقىۋاتقاندا چېرىكلەر سېزىپ قېلىپ ئوق چىقاردى، نۇردۇننىڭ دوستى قازا تاپتى، نۇردۇن سىپىلدىن ئارغامچىدا سىيرىلىپ چۈشۈپ، تارجىغا قېچىپ بېرىپ ئۇ يەردىكى قوزغىلاڭغا قاتناشتى.

ئات سوقۇۋەتكەن جاڭ لىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنى ئات سوقۇۋەتكەن دېگەندىن كۆرە مەغلۇبىيەت ئازابى سوقۇۋەتكەن دېگەن تۈزۈك. ئۇنىڭ ئەنسىز كۆزلىرى ھەرىكەتسىز، ئۆزى سۇلغۇن ياتاتتى. ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقى يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تىكىلگەن خام قاپىقى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ «قىسمەت ماڭا ھەمىشە تەتۈر باقامدۇ، ئۇچىلا قوزغىلاڭدا بىت - چىت بولدۇق. ھەي، مائىر باتۇر ئوغلان ئىدى. ئۇ راستتىنلا ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ئەسلىدە ئالدىرىماسلىقىمىز، پىششىق تەييارلىنىشىمىز لازىم ئىدى. ما يۇسۇپ ماڭا تەجرىبىسى بار دەپ قاتتىق ئىشەنگەن، ئىشەنچىمنى ئاقلىيالمىدىم. ئەڭ بولمىغاندا ئۇلار بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەمچۇ، كاشكى.» جاڭ لىنىڭ ئىچى كۆچلۈك ئادەم ئىدى، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۆزىنى قويار يەر تاپالماي ھەسرەت بىلەن كاچىتىغا ئۇردى، بارماقلىرىنى چىشلىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ تاغ تەرەپكە قارىدى. قاراڭغۇلۇق سۈزۈلمەكتە ئىدى. ئۇ بەخىرامان ئوخلاۋاتقان نۇردۇننى تۇرتتى، نۇردۇن شۇ ھامان بېشىنى كۆتەردى:

— ھە، نېمە بولدى، مائېرلار كەلدىمۇ؟
— ياق، تاڭ ئاتتى! — دېدى جاڭ لى.
— ھە، مەن تېخى ئۇلارنى كەلدىمىكىن، دەپتىمەن.
نۇردۇن ياتماقچى بولۇپ قىڭغىيىۋېدى، جاڭ لى تىترەك ئارىلاش سورىدى:
— نۇردۇن، بىز ئەمدى نەگە بارىدۇ، بىزگە نىجات بارمۇ؟
نۇردۇن تىلى بىلەن كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ جاۋاب بەردى:
— غۇلجىغا بارىمىز. ئۇ يەردە مېنىڭ شاپائەتچىم بار. ئۇ ئاجايىپ باھادىر، ئەقىللىق، ياپياش تۇرۇپ پالۋان نامى ئالغان. ئۇ ئابدۇرۇسۇل بەگدىن لەشكىرىي ئىلىم، شەمسىدىن خەلپەمدىن بىلىم ئالغان. ئۇ بىزنىڭ ھالىمىزغا يېتىدۇ، بىزنى قوشۇنغا قوشۇۋالىدۇ.
— مېنى كۆرەدە ئۇلتۇرۇلگەن دوستلىرىم، مائېر، ما يۇسۇپلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىدىغان يەرگە باشلاپ بار، مەن ئۇلار ئۇچۇن جېنىمنى تىكىپ قويدۇم! — جاڭ لى كۆكرىكىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.
— خاتىرەڭنى جەم قىل، ئابدۇرۇسۇل ئاغا بىزگە «كۆڭلى ئىنسان قېرىنداشتۇر» دەيتتى، سېنى ئەنە شۇ ئاغىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارىمەن. دوستلىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئالىمىز. مىڭ غالداي دېگەن ئەبلەختە ئەلا پالۋاننىڭمۇ قىساسى بار، ئۇ ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا مىڭ غالداي ئۇنىڭ دادىسىنى ئۇلتۇرۇۋەتكەن، ئەلا پالۋان بىلەن نىيەت ـ ئىقبالىمىز بىر.
جاڭ لى بۇ ۋەدىلەردىن بىر ئاز خاتىرجەملەندى، روھلاندى، ئۈمىدلەندى. تاڭ يورىدى. نۇردۇن ئاتلارنى ئۇتۇپ كېلىپ ئېگەرلىدى. ئىككىسى جىمجىت مېڭىپ بىنەملىك ئارقىلىق پىلىچى خاڭغا چۈشتى. بۇ يەردە قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ چۈشكىچە ئارام ئالدى، قاش قارايغاندا غۇلجىغا يېتىپ باردى. ئۇلار سۇ دەرۋازىدىكى دەڭگە چۈشۈشتى. ئەتىسى نۇردۇن جاڭ لىنى دەڭدە قالدۇرۇپ ھاكىم ئوردىسىغا كەلدى. ئەلا پالۋان ئوردىدىن چىقىپ جۇل ـ جۇل چاپان كىيگەن، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ قالغان، پۇتلىرى يېرىلىپ كەتكەن ئادەمنى كۆردى، ئەمما تونۇمىدى. نۇردۇن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، ئون بېشى بولغىنىنى ئەسلەتكەندىلا:

— ھوي، نۇردۇنمۇ سەن، نېمە بولۇپ كەتكەنسەن! — دەپ ئۇنى باغرىغا ئېلىپ قۇچاقلىدى، — ۋاي ۋۇي، ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ كېتىپسەن، رەڭگى - روپۇڭ سامان بوپتۇ. يۈر، يۈر، يۇيۇنغىن، چاچ - ساقىلىڭنى ئالدۇر، ئاندىن ئاغىنىلەڭ يېنىغا كىرىمىز.

— بىر خەنزۇ بۇرادىرىم بار، شۇنى باشلاپ كېلەي، — دەپ نۇردۇن جاڭ لىنىڭ ھاياتىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

— ھە، ئۇمۇ زۇلۇم چەككەن قېرىندىشىمىزكەنغۇ، نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭ، تېز بېرىپ باشلاپ كەل، — دەپ، ئەلا پالۋان ئۇنى ئەۋەتىۋەتتى.

يۇيۇنۇپ ئادەم سىياقىغا كىرگەن نۇردۇن بىلەن جاڭ لى يېڭى كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا ئوردىغا كىردى. ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. ئەلا پالۋان بۇ ئىككى بۇرادىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، نۇردۇنغا «سۆزلە» دەپ ئىما قىلدى.

ئابدۇرۇسۇل بەگ نۇردۇندىن مەزمىرات ئېلىپ كەتكەن بەش يۈز لەشكەرنىڭ تەقدىرىنى ئاڭلاپ، چاپارمەننىڭ مەلۇماتىغا تولۇق ئىشەندى.

# ئۈچىنچى باب

## غەزەپ بورىنى

*ئۇلۇم ياكى كۆرۈمدىن مىليونلىغان ئەل،*
*قايناپ مەيدانغا چۈشتى باغلاپ مەھكەم بەل.*
*—— لۇتپۇللا مۇتەللىپ*

### 1

شۇ كۈنلەردە ئىلى كۆيۈۋاتقان ئوت ئىدى. بۇ ئوت ئۈچقۇنلىرى يېزا ـ يېزىلاردا يانغىن پەيدا قىلدى. بۇ يانغىننى تۇتاشتۇرغۇچى ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىدى. ئۇ دۇۋان بېگىگە مەكتۇپ تۈزگۈزۈپ ھەر قايسى يۈزلۈكلەرگە ئەۋەتتى. دۇۋان بېگىنىڭ مارجاندەك پۈتكەن نامىلىرى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يۈزلۈكلەرگىمۇ يېتىپ باردى. جىياگجۇننىڭ تېكەستىكى ۋە چاپچالدىكى چېرىكلىرىنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئابدۇرۇسۇل بەگ مۇنداق مەخسۇس نامە ئەۋەتكەنىدى:

*«ئەي شىر يۈرەك بەگلەر، سىلەر ئۈچ بۆلەك لەشكەر تۈپلىگلار. غالجات بېگى توقىلەك بىر بۆلەك، قوغۇنچى بېگى موللاروزى بىر بۆلەك. كەتمەن يېزىسى بىر بۆلەك لەشكەر تۈپلاپ، سۇمۇل قەلئەلىرىنى مۇھاسىرە قىلىڭلار. ئەگەر چېرىكلەر چىقسا كاللىسىنى ئېلىڭلار!»*

بۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغان توقىلەك بەگ شۇڭقار، غالجات يېزىلىرىدىن چار پادشاھنىڭ تاجاۋۇزىنى توسقان پىدائىيلارنى ئاساس قىلىپ بىر مىڭ

ئىككى يۈز كىشىلىك قوشۇن تۈزدى، ئاققوزا مىراپنى باش سەركەردە، دانىيال مۇسانى مۇئاۋىن سەركەردە قىلدى ۋە بىرىنچى سومۇلدىن بەشىنچى سومۇلغىچە خەندەك كولاپ ياتتى. دادامتۇ، كەتمەن، دولاتۇ، خۇنخاي، چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا پىدائىي قوشۇنلىرى قالغان سومۇللارنىڭ سېپىللىرىنى مۇھاسىرە قىلدى.

ئەلا پالۋان يەنە يۈز يىگىتنى لەشكەرگە تولۇقلاپ مەشىق قىلدۇردى، گۇگۇم چۈشكەندە سەپ تۈزۈپ تۇرغان مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئالدىغا كېلىپ سالماق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— قېرىنداشلار، بىز بۈگۈن زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن كۆتۈرۈلىمىز. بۈگۈن قاراڭغۇ بولغىنى بىلەن ئەتە قۇياش نۇرى پارلايدۇ. قۇياش نۇرىنىڭ دۈمبىمىزگە تېگىشى ئۈچۈن باتۇرلارچە ئېلىشايلى. شۇنى بىلىپ قويايلىكى، خەلقىمىزنىڭ توق، مېھىر - مۇھەببەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشى بىزنىڭ نۇسرىتىمىزگە باغلىق. بىز باھادىرلىق قىلساق زۇلۇم يوقىلىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆز ئەركى بويىچە ياشايدۇ. ئالۋان - ياساق، ھاشار توگەيدۇ، كىشىلەر تۇرسۇن، توختى دەپ ئىسىم قويالايدۇ. بىز يۇرتىمىزدا ئىناق، ئەمىن تۇرمۇش كەچۈرىشىمىز ۋە خۇشال ياشىشىمىز، قۇياشنىڭ ھەممە ئادەمگە تەكشى نۇر بېرىشى ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنايلى!

ئەلا پالۋاننىڭ بۇ سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇسى ئىدى. ئىسھاق بەگ ئەتىگەندىلا مەدرىس سەيناسىدا كۆتۈرۈلۈشكە قاتنىشىشقا كەلگەنلەردىن لەكمە قوشۇن تۈزۈۋاتاتتى. زۇلۇم چېكىگە يەتسە خەلق قوزغىلىپ كېتىدۇ، دېگەن گەپ بىكار ئەمەس ئىكەن. شۇ تاپتا غۇلجا شەھىرى تېگىپلا كەتسە پارتلاش ھالىتىگە كەلگەن، مەھەللە - مەھەللىدىن كۆتۈرۈلۈشكە قاتنىشىدىغانلار كۆپەيگەن ھەتتا يولۇچىلارمۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ مەدرىس سەيناسىغا كەلگەنىدى.

— ھەي، شۇنچە ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟

— زالىم ئەمەلدارلارنى يوقىتىشقا!

— نېمە بىلەن يوقىتىسەن!

— چېرىكلەر بەرگەن قورال بىلەن.
— ھەي، ئۆلۈپ كەتسەڭ قانداق قىلىسەن؟
— بۇنداق ياشىغىچە ئۆلگەنمۇ خوپ.
— ئۇنداقتا مەنمۇ قاتنىشىمەن.
مانا شۇنداق ئۆي - ئۆيدىن، كوچا - كويدىن كىشىلەر قوشۇلۇپ مەدرىسكە قاراپ سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن كۈنگە جۈمە ئىدى. پايلاقچىلار «مۇسۇلمانلار جۈمە نامىزىغا كېتىۋاتىدۇ» دەپ بىلىپ بىخۇد يۈرۈشتى. ئىسھاق بەگ پىدائىيلارنى ئۇنلۇق، يۈزلۈكلەرگە ئايرىپ بىردىن سەركەردە بەلگىلىدى، ئۇۋچىلارغا بەردەنگە، قالغانلىرىغا قىلىچ، نەيزە بەردى. ئۇ ئابدۇرۇسۇل بەگ بەرگەن بەش يۈز مىلتىق بىلەن بەش مەرگەنلەر يۈزلۈكى تۈزدى.
كەچ كىردى، غۇلجا كوچىلىرى تىمتاس بوشاپ قالدى، خۇددى ھاياتلىق يوقتەك شەھەر جىمجىتلىققا چۆككەندى. بىردىن قىبلە شاملى چىقىشقا باشلىدى، ئاسماندا پارچە بۇلۇتلار كۆرۈندى، شامال كۈچىيىپ بورانغا ئايلاندى. بوراننىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازىدىن باشقا نە ئاۋاز، نە ھەرىكەت يوق. ئادەتتە ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن باش ئايلىنىدىغان ئاۋات بازارلارمۇ جىم. دۇكانلار تاقالغان، دەرۋازىلار ھەم ئېتىلگەن، دېرىزىلەردىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنمەيدۇ. بىر چاغدا بوراننىڭ ھۆركىرىشىنى ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى، پۇشقۇرۇشى، ئۇزەڭگىلەرنىڭ جاراڭلىشى بېسىپ كەتتى. مىڭ ئاتلىقنىڭ ئوردا مەھەللىسىدىن خەنزۇ بازىرىغا قاراپ ماڭغىنىنى كۆرگەن كىشىلەر ھەر خىل گەپلەرنى ئېلىپ كېلىشەتتى: «بۈگۈن كېچە قوزغىلاڭ بولغۇدەك»، «ئورۇسلار بېسىپ كەپتۇدەك...»
ئەلا پالۋان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ كېتىۋاتاتتى. قوشۇن ئىچىدە چېرىكلەرنىڭ تۇيۇقسىز ئۇقتا تۇتۇشىدىن قورقۇۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. قورغانغا يېقىنلاشقانسېرى قورقۇۋاتقانلارنىڭ قورقۇنچىسى كۈچەيدى. ئۇلار: «قورغاندىن چىققان ئوت مەن - مەن دېگەن يىگىتنى ئاتتىن ئۇچۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، شۇنداق بولۇپ قالسا دۇنيانىڭ قىزىقىنى كۆرەلمەيمىز» دېيىشەتتى. نۇردۇندىمۇ بۇ ئەندىشە بار ئىدى. ئۇ ئۆلۈمنىڭ قانداق

بولىدىغىنىنى قىياس قىلالمايتتى، پەقەت چىرىكلەر بىلەن ئېلىشىپ، قۇربان بولغان دوستلىرىمىنىڭ قىساسىنى ئالسام ئۆلسەممۇ مەيلىتتى، دېگەننىلا ئويلايتتى.

نوردۇن ئەلا پالۋاننىڭ قەيسەر، باتۇر، ئەمما تەرسا يىگىتلىكىنى بىلەتتى، «سەردار دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەك» دەپ ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. ئەلا پالۋان دائىم: «ھۇجۇم قىلغاندا ئۆلۈم كۆپرەك بولىدۇ» دەيتتى. بۇ گەپنىڭ توغرىلىقىنى نارجى قەلئەسىدىكى ھۇجۇم دەلىللىگەنىدى. ئۇ يەنە قېچىشنىڭ ئۆلۈم ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرگەن، شۇڭا قورقۇش ئۆلۈم، چېكىنىش ئۆلۈم، پەقەت ئالغا بېسىشلا نۇسرەت، دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى قورغاندىن ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى بۆلۈۋەتتى. بېشىدىن ۋىژىلداپ ئۆتكەن ئوق «پەيت كەلدى نوردۇن. قورقما، ئوق يامغۇرى ئىچىگە بۆسۈپ كىرىدىغان، ئىسسىق قېنىڭ بىلەن دوستلىرىڭنىڭ روھىنى خۇش قىلىدىغان پەيت كەلدى!» دېگەن ئويىنى كاللىسىغا سالدى. ئۇ مىلتىقىنى مۈرىسىدىن قولىغا ئېلىشىغا، ئەلا پالۋاننىڭ:

— ئاتلارنى ئارقا كوچىغا يوشۇرۇپ قويۇپ كېلىڭلار! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

نوردۇن قاتارلىق يېڭى لەشكەرلەر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ پەرماننى بەجا كەلتۈردى.

ئىسھاق بەگ پىدائىيلاردىن ئىككى مىڭ يىگىتنى تاللاپ لەكمە قوشۇن تۈزدى، بۇ قوشۇن جەڭگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئابدۇررۇسۇل بەگ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قالدى. ئۇ ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەي خالايىق، بىز ھازىر زالىم ئەمەلدارلارنى يوقىتىشقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرىمىز، بۈگۈنكى جەڭ مۇھىم باشلىنىش. بىز جىياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ جەبىر - زۇلۇمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كۆ- تۈرۈلۈۋاتىمىز. ئەگەر بىز نۇسرەت ئەيلىسەك شەھىرىمىزنىڭ كوچىلىرىنى پارلاق كۈن نۇرى تەكشى يورۇتىدۇ، ئىشىكىمىز ئالدىدىكى كۆك تېرەكلەر

مەڭگۈ كۆكلەپ تۇرىدۇ، ھەممىمىز بىر تۇغقانلاردەك ئىناق ئۆتىمىز، بىز بالىلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن يۈرۈش قىلايلى. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەك بىزنىڭ روھىمىز بالىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا مەڭگۈ قورۇنمايدۇ، سىلەرگە نۇسرەت بولغاي.

مەيىن شامالدەك راۋان چىقىۋاتقان بۇ جەسۇر سۆزلەر يېڭى لەشكەرلەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇلار كۈچلۈك ئىشەنچ بىلەن شەھەردەڭگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار قارشىلىقتا ئۇچرىمايلا دەڭنى قورشىۋالدى. شەھەردەڭدە جىياڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ بەش يۈز كىشىلىك قوشۇنى ۋە قورال - ياراغ ئامبىرى بار ئىدى. بۇ قوشۇن چېرىكلىرى كۈن ئارىلاپ بازارغا چىقىپ دېھقانلار بىلەن مىلىچمال تىجارەتچىلىرىنىڭ توخۇ، ئۆردەك ۋە يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق ماللىرىنى بۇلايتتى. پىدائىيلار ئىچىدە تىجارەتچىلەر، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، مەدىكارلار، ئوششاق ئېلىپ ساتارلار كۆپ ئىدى. ئۇلار بۇلاڭچى چېرىكلەردىن ئەنتىنى ئېلىش تەققەززاسىدا ئىدى. شەھەردەڭ ئېگىز ۋە قېلىن تام بىلەن ئېھاتىلەنگەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىش تەسكە چۈشتى. چېرىكلەر تام تۆشۈكلىرىدىن چەنلەپ تۇرۇپ ئاتاتتى. ھە دېگەندە قىزىپ كەتكەن بىر نەچچە يىگىت قازا تاپتى، بىر نەچچىسى يارىلاندى. ئىسھاق بەگ يىگىتلەرنى قارامىلىق قىلماسلىققا پات - پات جېكىلەپ تۇردى.

خەنزۇ بازىرى قورغىنىغا ئوق ئۈزۈش بىلەنلا بولۇپ قالغان ئەللا پالۋاننىڭ يېنىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئابدۇرۇسۇل بەگ پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ جەڭ ئەھۋالىنى ئۇقتى ۋە كۆزەتتى، ئاندىن:

— ئەلا، دورا قاچىلاشنى، پىلىك ئۆتكۈزۈشنى بىلىدىغان ئوندەك يىگىتنى تاللاپ ئوردىغا ئەۋەت. ئۇلار خەزىنىچىدىن دورا ئېلىپ ياغاچ تۇڭلارغا دورا قاچىلىسۇن، ئۇنىڭ توۋىدىكى سۇ قويىدىغان تۆشۈكىدىن ئۇچەي پىلىكى ئۆتكۈزسۇن. بىر كۆتەك ھارۋىغا ئۆتتىن تۇڭنى بېسىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئوق ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن ئىككى ئاغاردىن قۇم باسسۇن. ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئاپىرىپ، دەرۋازىغا تىرەپ پىلىككە ئوت ياقسۇن. تېز بول!

— باش ئۇستىگە!

ئابدۇرۇسۇل بەگ شەھەردەگگە كەتتى. ئەلا پالۋان يۈز بېشىلىرىنى چاقىرىپ، دورا قاچىلاشنى بىلىدىغانلارنى تالالاپ ئەۋەتىشكە بۇيرۇدى. يۈز بېشىلار ھۈنەرۋەن لەشكەرلەر ئىچىدىن شۇنداقلارنى تالالاپ ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە جاڭ لى بىلەن نۇردۇنمۇ بار ئىدى. ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە، مانا ھارۋا شوتىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇردۇن، ئوڭ تەرىپىدە جاڭ لى تۆت نۇك. ئىككى تاغار قوم قاچىلانغان كۆتەك ھارۋىنى ئىتتىرىپ قورغان دەرۋازىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئەلا پالۋان قوشۇنىغا قورغانغا قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا ئەمىر قىلدى:

— بارلىق بەردەنگىلەردىن قورغانغا ئوق ياغدۇرۇڭلار!

كېچە جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. قوماچ قورۇغاندەك بەردەنگىلەر سايراپ كەتتى. شەھەردەگدىن ئېتىلغان ئوقلار نۇردۇنلارنىڭ ھارۋىسىنىڭ ئۈستى، يانلىرىدىن ۋىژىلداپ ئۇچاتتى ياكى قوم قاچىلانغان تاغارغا ئوت بولۇپ كىرىپ كېتەتتى. ھارۋا دەرۋازىغا يېگىرمە ماگدام قالدى. جاڭ لى دومىلا چۈشتى. يالغۇز قالغان نۇردۇن باركۈچى بىلەن ھارۋىنى ئىتتەردى. نۇردۇن سەرەگگىنى ئالىقىنىدا ئېزىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ھارۋىنى كۈچ بىلەن ئىتتەردى، دەرۋازىغا ئون ماگدام قالدى، مانا يەتتە...بەش...ئۈچ... نۇردۇن سەرەگگىنى ياقماقچى بولدى، قوللىرى تىترىدى، بىرىنچى سەرەگگە ياغىچى سۇندى. ئۇ ئالدىرىغانسېرى سەرەگگە ئوت ئالماي جىلە بولاتتى. ئاخىر سەرەگگىنى ياندۇردى، پىلىككە تۇتاشتۇرۇۋېتىپ ئوڭ تەرەپتىكى يىگىتكە:

— ئۆزۈڭنى كەينىگە تاشلا، — دەپ ۋارقىرىدى.

نۇردۇن ھارۋىنى زەرب بىلەن دەرۋازىغا ئىتتىردى-دە، ئۆزىنى كەينىگە تاشلاپ ئون قەدەم يۇگۇرۇپلا يېتىۋالدى. شۇ ھامان دەھشەتلىك گۈمبۈرلەش ئاڭلاندى، ئوت ۋە ئىس - تۈتەككە قوشۇلۇپ ياغاچ دەرۋازىنىڭ پارچىلىرى كۆككە ئۇچتى، ئارقىدىنلا ئەلا پالۋاننىڭ:

— يىگىتلەر ئالغا! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

نۇردۇننىڭ قۇلىقىغا «ئۇر - چاپ»، «ئالغا» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازلارنى يەنە بىر دەھشەتلىك گۈمبۈرلەش بېسىپ كەتتى. ئىسھاق بەگ

قوشۇنىمۇ شەھەردەك دەرۋازىسىنى پارتلاتقانىدى.

نۇردۇن ئالغا ئەمەس، كەينىگە يۈگۈردى، ئۇ بىھوش ياتقان جاڭ لىنى مورىسىگە ئېلىپ كۆتۈردى. ئۇ خەنزۇ بازىرىدىكى بىر دۇكاننىڭ قاپقىقىنى قاقتى.

— كىم؟ — دېگەن ئاۋاز چىقتى.

— ۋاڭ دۇكاندار، مەن نۇردۇن. دوستۇم جاڭ لى يارىلاندى. باڭماڭ قىلساڭ! دۇكاندار ئىشىكنى ئېچىپ نۇردۇننى كىرگۈزدى.

## 2

شەھەر چېرىكلەردىن تازىلاندى، شەھەر خەلقى خۇشاللىققا چۆمدى. ئاخشام قولىغا قورال ئالغان قورقۇمسىزلار، ئۆيلىرىگە كىرىپ مۆكۈنۇۋالغان قورقۇنچاقلار، ئۆزى ئۈچۈن قوماچ قورۇيدىغان پوچىلار، مەيلى كىم بولسۇن، بۇ قۇتلۇق كۈنگە ئاجايىپ خۇشال بولغانىدى. كوچا - كويدا، تۆت ئادەم توپلاشقانلا يەردە قورغىلاڭ ئۈنى ھەققىدە گەپ بولاتتى:

— نۇرغۇن بەردەنگە ئولجا ئالدۇق جۇمۇ!

— مۇنۇ بەردەنگىنى بىر دەيۇزنىڭ قارنىغا ئارىنى تىقىپلا تارتىۋالدىم دېگىنە، بىراق ئارام قىپقالدى، ياخشى ئارا ئىدى.

— نۇرغۇن ئوق - دورىمۇ قولغا چۈشۈپتۇغۇ!

— ئوھوي، ئوق - دورا دېگىنىڭنىڭ سانى يوق دېگىنە، دۇئانبېگى بارلىق پوتوكچىلىرىنى ئاپىرىپ ھازىرغىچە ئىزىملاپ تۈگىتەلمەيۋاتىدۇ. سەردار ئەللا پالۋان ھېچكىم ئالمىسۇن، دەپ ئەترابقا جىسەكچىلەرنى قويۇۋەتتى.

— ئەمما، بۇ كۆڭلىمىزدىكى ئىش بولدى جۇمۇ!

— ئالامەت خاسىيەتلىك ئىش دېگىنە!

— بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى ئابدۇرۇسۇل بەگ قوزغاپتۇ!

— ھەقىقىي ئەر - دە، ياشاپ كەتسۇن!

— بۇ ئادەم بەگلەر ئىچىدىكى تېپىلغۇسىز گۆھەر جۇمۇ!

ئۇنىڭ كوچىدا مۇشۇنداق ياخشى گېپى بولۇۋاتقاندا، ئابدۇرۇسۇل بەگ

سەردار. سەركەردىلەرنى يىغىپ چىلپەگۇزە قورغىنىنى ئېلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئاۋۋال قوزغىلاڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەردى:

— زۇلۇم خەلقىمىزنى دەس تۇرغۇزدى. غۇلجىدىن چېرىكلەر تازىلاندى، — ئۇ بىر مۇنچە سانلىق مەلۇمات، ھازىر بار بولغان قورال - ياراغ ئەھۋالىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى، — ئەمدى مۇشۇ كۈچىمىز بىلەن تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇشىمىز، بوگۇنلا چىلپەگۇزە قورغىنىغا يۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك. كۈرەدىن بىزگە قارشى چېرىك چىققۇچە قورغانلارنى بىر-بىرلەپ ئالمىساق جياڭجۇننىڭ يىگىرمە نەچچە مىڭ چېرىكىگە تەڭ كېلەلمەيمىز. ھازىر شەھەردىكى ئاتلىق قوشۇن ئىككى مىڭغا، لەكمە قوشۇن بەش مىڭغا يەتتى. ئەلا پالۋان بىلەن ئىسھاق بەگ ئۇلارنى رەتكە سالدى. ھەر قايسى يېزىلارمۇ ئۈچ يۈزدىن مىڭ كىشىلىككىچە قوشۇن تۈزدى. يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىن قوشۇنلار كېلىۋاتىدۇ. بۇ قوشۇنلار بىلەن ئەلا پالۋاننىڭ ئاتلىق قوشۇنىدىن مىڭنى، ئىسھاق بەگنىڭ لەكمە قوشۇنىدىن ئۈچ مىڭنى چىلپەگۇزىنى قورشاشقا ماڭغۇزساق، قالغانلىرى شەھەرنى قوغدىسا دەيمەن، سىلەرچە قانداق؟ بۇ مەسلىھەت ئۈستىدە قىلغىنىمىز توزۇك.

ئىسھاق بەگ ئۆزىنىڭ لەكمە قوشۇنىنىڭ تولۇق قوراللانغىنىنى، ھازىر جىددىي مەشق قىلىۋاتقىنىنى بايان قىلدى ۋە:

— بېگىمىزنىڭ چىلپەگۇزىگە يۇرۇش قىلىش ھەققىدىكى تەدبىرى دانا تەدبىر، لېكىن كۈرەدىن چېرىك چىقىپ قالسا چاتاق بولارمىكىن، — دېدى.

ئەلا پالۋان:

— بەگ ئاغامنىڭ بەش يۈز مەرگىنى يېڭىدىن كىرگەن ئاتلىق لەشكەر ۋە لەكمە قوشۇندىكىلەرگە ئات ئۈستىدە بەردەنگە ئېتىش، قىلىچۋازلىق قىلىش ھۈنىرىنى ئۆگىتىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، مەشىقنى يەنە بىر نەچچە كۈن داۋاملاشتۇرۇپ، ئاندىن يۇرۇش قىلساق، يېڭى لەشكەرلەر ئەڭ بولمىغاندا بەردەنگە ئېتىشنى بىلىۋالار ئىدى. ئەمما، ئوق - دورا يېتىشمەيدۇ. شەھەر-دەڭ قورغىنىدىن تۇرغۇن قورال ئولجا ئالدۇق. بۇلارغا ئوق كېرەك. بار ئوق

بىلەن باياندىنى پەتىھ قىلغىلى بولماس، دەيمەن.

— سېنىڭچە ئوق - دورىنى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ سورىدى ئابدۇرۇسۇل بەگ.

— نۇردۇننىڭ خۇيزۇلار قوزغىلىڭىدا باشلامچىلىق رول ئوينىغان جاڭ لى ئىسىملىك بىر چەنپەن ئاغىنىسى بار، ئۇ تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭىدا ئوق - دورا ياسىغانىكەن، ئاشۇرمەت. جاڭ لى ۋە مىسكەچى، تۆمۈرچىلەردىن بىر ئوق - دورا ياساش زاۋۇتى قۇرساق، ئىلقىدىكى مىس كاندىن مىس ئەكەلسەك، شۇنىڭ بىلەن ئوق - دورا مەسىلىسى ھەل بولاتتى.

— ئوبدان گەپ بولدى، — دېدى ئەزىز پالۋان.

ئابدۇرۇسۇل بەگ بەك خۇش بولدى. ئۇ:

— ئەلا پالۋاننىڭ تەكلىپى تولىمۇ ئورۇنلۇق بولدى. ئاشۇرمەتنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلايلى. جاڭ لى چەنپەن ئۇنىڭغا ھەمتاياق بولسۇن. بۇنى ئەلا پالۋان بېجىرگەي. كۆرە يولىغا بولسا ئۈچ مىڭ كىشىلىك لەكمە قوشۇننى قويۇپ چېرىكلەرنىڭ ئالدىنى توسساق، — دېدى.

ئەلا پالۋاننىڭ تەكلىپى ئابدۇرۇسۇل بەگنى ھەم خۇش قىلدى، ھەم ئويلاندۇرۇپ قويدى. خۇش قىلغىنى شاگىرتىنىڭ لەشكىري ئىشلارغا پىشىپ قالغىنى، تەييارلىقنى، ھەربىي مەشىقنى مۇھىم دەپ قارىغانلىقى، ئويلاندۇرغىنى ۋاقىت. بۇ ۋاقىت ئىچىدە جياڭجۈن چېرىك چىقىرىپ، ئىختىلال ئوتىنى بوشۇكىدە تۇنجۇقتۇرۇۋېتەرمۇ، دېگەن ئەندىشە ئىدى. ئۇ ئاخىر ئەلا پالۋاننىڭ تەكلىپىنى تاللىدى:

— تەييارلىقنى پۇختا قىلماي جەڭ قىلىش مەغلۇپ بولۇش بىلەن باراۋەر. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ ئەلا پالۋان دېگەندەك مەشىقنى كۈچەيتىڭلار. بەش يۈز مەرگەننى ھەر بىر ئۇنلۇققا باش قىلىپ مەشىق قىلدۇرۇڭلار، يۈرۈش قىلىش ۋاقتىغا كەلسەك، پەرمانىغا قاراڭلار. چىلپەڭزىنگە يۈرۈش قىلىش نىيىتىمىز سىرتقا چىقىپ كەتمىسۇن. جياڭجۈننىڭ پايلاقچىلىرى يەتكۈزۈپ قويمىسۇن يەنە. مەجلىس تارقالدى!

ئابدۇرۇسۇل بەگ سەردار، سەركەردىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خېلى ئويلاندى. ئۇ بەكمۇ سەگەك ئىدى. شەھەر ئەتراپىغا قاراۋۇللار قويدى، ئۈچ

مىڭ كىشىلىك لەكمە قوشۇننى خەنبىڭ ئەتراپىغا مۇداپىئەدە تۇرغۇزدى، چىلپەگزىنگە ئادەم ئەۋەتىپ يەر شارائىتىنى تەكشۈردى، چېرىك ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئەندىشىسى جياڭجۈندە ئىدى: «ئۇزىنىڭ كەلمىگىنىنى جەزمەن سوراۋشتە قىلىدۇ. پايلاقچىلىرى بۇ چاغقىچە شەھەردىكى ئىختىلالنى يەتكۈزۈپ بولدى، ئەمدى ئۇ چېرىك چىقىرىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟». ئۇ ئويلا - ئويلا، ئاخىر بىر چارە تاپتى: «ھەر ئىشقا پەم بولمىسا بولمايدۇ. جياڭجۈننى بىخۇدلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم چاپارمەن ئەۋەتىش، ھەم بىرىنى ئابدۇرۇسۇل بەگچە ياساندۇرۇپ، بەش يۈز لەشكەرنى كۆرە تەرەپكە ماڭغۇزۇش كېرەك. بۇ لەشكەر ئاستا ماڭسۇن ھەم چارلىسۇن. ئەگەر كۆرەدىن چېرىك چىقىپ قالسا توسۇپ زەربە بەرسۇن!» ئۇ شۇ قارارغا كەلدى ـ دە، پۈتۈكچىنى چاقىرتتى:

— سىز بىر مەكتۇپ يازغايسىز، مەزمۇنى مۇنداق بولسۇن:

*جانابى جياڭجۈن، سىلىنىڭ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرەلمىگىنىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇمەن. مەن مۆھىم بىر ئىش، يەنى سىلىگە قارشى تىغ كۆتۈرگەن خويزۇلارنى بېسىقتۇرۇش يۈزىسىدىن ئالدىلىرىدا ھازىر بولالمىدىم. تۈنۈگۈن كېچە خويزۇلار ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلار خەنزۇ بازىرى، شەھەردىكى قورغانلىرىدىكى چېرىك كاتتىۋاشلىرىنى سېتىۋېلىپ ئوردىغا ھۇجۇم قىلماق بولغان. مەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، لەشكىرىم بىلەن بۇ ئىككى قورغاننى قورشىۋالدىم ۋە بىر كېچە جەڭ قىلىپ بۇ قورغانلارنى ئالدىم. توپىلاڭچىلار كاتتىۋاشلىرى قېچىپ كەتتى، ھازىرمۇ ئۇرۇش داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. ئەتىگىچە ئۇلارنى باستۇرۇپ شەھەرنى ئاسايىشلىققا ئىگە قىلغاندىن كېيىن، توپىلاڭچىلار كاتتىۋاشلىرىنى تۇتۇپ ئالدىلىرىغا ئېلىپ بارىمەن.*

*ھۆرمەت بىلەن:*

*سادىق قۇللىرى ئۇرلاڭ ھېكىم ئابدۇرۇسۇل بەگ*

*تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى، يەنى مىلادىيە 1864 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى*

— ھە، مانا شۇ مەزمۇندا قاتۇرۇپ يېزىپ تىلماچقا ئۇرۇگۇزۇۋەت، ئاندىن مەن مۆھۈر بېسىپ بېرەي. بۇ مەكتۇپنى ئىشەنچلىك چاپارمەندىن ئەۋەتىڭ، ئۇ جىياڭجۇننىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرغاي. چاپارمەنگە ئېيتىڭ، ئەگەر بىزنىڭ ئىختىلال ئۇنى ياققىنىمىزنى جىياڭجۇنگە چاقۇ قىلسا، يەرگە كىرسە يەردىن، ئاسمانغا چىقسا ئاسماندىن تېپىپ كاللىسىنى ئالىمەن. بالا ـ ۋاقىسىنى قىرىپ تاشلايمەن دەيدۇ، دەڭ. بۇ ئىش ناھايىتى مەخپىي بېجىرىلگەي!

— باش ئۈستىگە! — يۇتۇكچى شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى.

— ھاي نۇردۇن! — دەپ چاقىردى ئابدۇرۇسۇل بەگ.

بۆرۈت قويغان، بېشىغا قاسقان قالپاق، مەيدىسىدە «ئەسكەر» دېگەن خەت بار جۇۋازا كىيگەن، قىلىچ ئاسقان نۇردۇن (بۇنداق ياسىنىشنى ئۇنىڭغا ئەلا پالۋان بۇيرۇغانىدى) مەيۈس ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ سالام قىلىپ جىم تۇردى. ئابدۇرۇسۇل بەگ نۇردۇنغا باشتىن ـ ئاياغ بىر قاراپ قويۇپ:

— ھېچ چانماپسەن، پەقەت بۆرۈتۈڭلا چىنىپ قاپتۇ. بۆرۈتۈڭنى چۇشۇرۇۋەت، — دېدى ۋە جىددىي تۇردە تاپشۇردى، — سەن چاپارمەن بىلەن كۇرەگە بارسەن، كۇرەنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەت، ئەڭ مۇھىمى يان[1] قىلىنغان بەش يۈز لەشكەرنىڭ سەركىلىرى بىلەن ئالاقىلەش. ئۇقتۇڭمۇ؟ ئەمسە بار، دىققەت قىل.

ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بەش يۈز ئاتلىق لەشكەرنى كۇرە تەرەپكە ماڭغۇزدى، لەشكەرنىڭ ئالدىدا ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ كەمچەت تۇمىقى بىلەن تونىنى كىيگەن بىرى كېتىپ باراتتى. شۇ كۈنى كەچتە نۇردۇن بىلەن چاپارمەن قايتىپ كەلدى، بۇ چاغدا ئابدۇرۇسۇل بەگ لەشكەرلەرنىڭ مەشىقىنى كۆرۈپ يۈرگەنىدى. نۇردۇن كۆتۈپ تۇردى. ئۇ تاپشۇرمىنى ئورۇندىغانىدى. ئۇ دوستلىرىدىن ئىككىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇلارغا غۇلجىدىكى ئىختىلال ئۇنىنى سۆزلەپ بەردى. يان قىلىنغان لەشكەرلەر كۇرەگە ھۇجۇم قىلغان ھامان كۇرەنىڭ ئىچىدىن كۆتۈرۈلىدىغان

[1] يان — بېرىم قول.

بولدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئابدۇرۇسۇل بەگكە يەتكۈزۈپ بولۇپ:

— قالغان گەپنى چاپارمەندىن ئاڭلىغايلا، — دەپ شۈك بولۇپ قالدى.

— خوش، سۆزلە، جياڭجۈننى ئىشەندۈرەلىدىڭمۇ؟

— تەستە، — دېدى چاپارمەن، — جياڭجۈن مەكتۇپلىرىنى ئوقۇپ ئىشەنمىگەندى، مەن ياگۇرنىڭ ئىككى مىڭ خۇيزۇدىن قوشۇن تۈزگىنىنى، خەنزۇ بازىرى، شەھەردەك قورغىنىدىكى غالدايلارنىڭ قورال سېتىپ بەرگىنىنى، ئاخشىمى ئۇرۇش بولغىنىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن بىر ئاز ئىشەندى ۋە «قوشۇن چىقىرىپ خۇيزۇلارنى قىرىپ تاشلايمەن» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. مەن ئۇرلاڭ ھېكىمنىڭ بەش يۈز مەرگىنى ئالامەت باتۇرلۇق بىلەن شەھەردىكى ئىلىپ توپىلاڭچى خۇيزۇلارنى قورالسىزلاندۇردى، دېدىم. ئۇ: «ئۇنداقتا، ئۇرلاڭ ھېكىم ئەتىگىچە بەش يۈز مەرگەننى ئەكەلسۇن، چار پادىشاھ قورغاس چېگرىسىغا لەشكەر توپلاۋاتىدۇ، شۇ يەرگە ئەمىر لەشكەر بولۇپ بارىدۇ، كەلمىسە ئۆزۈم شەھەرگە كىرىمەن» دېدى.

— ياخشى، يارايسىلەر، ئوبدان ئارام ئېلىڭلار، — دېدى ئابدۇرۇسۇل بەگ چاپارمەننىڭ ئەقلىدىن خۇش بولۇپ.

— ھاي ئەلا، ئىسھاق بەگ بىلەن كىرگىن، — دېدى ئابدۇرۇسۇل بەگ.

ئەلا پالۋان بىلەن ئىسھاق بەگ ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ خۇشاللىقتىن يېنىپ كەتكەن كۆزلىرىگە سوئال نەزىرىدە قاراشتى.

— ۋاقىت يەتتى، — دېدى ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۇردۇن بىلەن چاپارمەن ئەكەلگەن خەۋەرنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ، — بىز بۈگۈن كېچە چىلپەگزە قەلئەسىگە يۈرۈش قىلىمىز. ئىسھاق بەگ تۇن يېرىمىدا ئۈچ مىڭ كىشىلىك لەكمە قوشۇنىڭىز بىلەن ئۇدۇلدىن يۈرۈش قىلىڭ، كەينىڭىزدىن دادامتۇ، نوغايتۇ، پەنجىم، ئارائۆستەڭ، خۇدىيار يۈزىنىڭ لەكمە قوشۇنلىرى يېتىپ بارىدۇ. ئەلا پالۋان، سەن ئەتە باش توخۇدا ئىككى مىڭ ئاتلىق قوشۇننىڭ بىلەن يۈرۈش قىل، ساڭا يۇقىرىقى ئىسمى ئىزھار قىلىنغان يېزىلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى قوشۇلىدۇ. ياگۇرغا ئەمىر قىلدىم، ئۇ ئىككى مىڭ لەكمە قوشۇنى بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چىلپەگزىنىڭ شەرقىي

دەرۋازىسىغا بارىدۇ. سىلەرگە ئامەت، نۇسرەت تىلەيمەن!

— باش ئۈستىگە!

ئىككى سەردار شۇنداق دەپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

چىلپەنزە قەلئەسى سېپىلىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە، تۆت قوقتا[1] بار ئىدى، قوقتىلاردا كىچىك توپ ۋە مىلتىق بىلەن قوراللانغان چېرىكلەر تۇراتتى. بۇ قەلئەدە مىڭدەك چېرىك تۇراتتى. ئۇلار شەھەردە توپىلاڭ ياكى غەليان كۆتۈرۈلسە دەرھال بېرىپ باستۇراتتى. ئۇلار ھەر خىل تەبىقىدىن قوراشتۇرۇلغان چېرىكلەر بولغاچقا تەمىناتى تۆۋەن، ئوزۇق - تۈلۈكى ناچار ئىدى. شۇڭا چۈشكۈن، روھسىز يۈرەتتى. قەلئە چېرىكلىرىنىڭ باش سەردارى شەرقتىكى قوقتىغا چىقتى. غەرب ۋە باشقا قوقتىلارغىمۇ باردى. سېپىلنى بىر تۈمەندەك لەشكەرنىڭ مۇھاسىرە قىلغىنىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. ئەپيۇندىن سارغىيىپ كەتكەن چىرايى تېخىمۇ سارغايدى، قوللىرى تىترىدى. شۇ چاغدا بىر ئوقيا ئوقى ئۇچۇپ كېلىپ قوقتىغا چۈشتى. ئوقياغا بىر قەغەز ئورالغانىدى. بىر چېرىك قەغەزنى ئېلىپ باش سەردارغا ئىككى قوللاپ تۇتتى. سەردار ئوقۇپ بۇنىڭ دەۋەتنامە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ سەركەردىلەرنى چاقىرىپ قانداق مۇقابىل تۇرۇش ھەققىدە كېڭەشتى. بىر سەركەردىسى سۆز ئالدى:

— غالداي جانابلىرى، ئۇلارنىڭ كۈچى بىزدىن ئون ھەسسە كۆپ ئىكەن، يەنە كېلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگۈدەكمىز، — دېدى.

داغۇر قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى پېشىنى قېقىپ دۈم چۈشۈپ دېدىكى:

— ئەي جاناب، چېرىكلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش غەيرىتى يوق تۇرىدۇ، توپىلاڭچىلار بالا - چاقىلىرىمىزغا، بىزگە ئامانلىق بەرسىلا دەرۋازىنى ئېچىپ بېرەيلۇق.

ئىككى قوشۇن سەركەردىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى باش سەردارنىڭ ئىككىلىنىپ تۇرغان كاللىسىنى بىر نىيەتكە كەلتۈردى. ئۇ: «دېمەك،

[1] قوقتا — پوتەي.

قورققان يالغۇز مەن ئەمەس ئىكەنمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ دەۋاتنامىنى ئېلىپ سەركەردىلەرگە ئوقۇپ بەردى: «چىلپەگۈزە قەلئەسىدىكى سەردار، سەركەردە ۋە چېرىكلەرگە: سىلەرگە مەلۇم بولسۇنكى، بىز ئىلى خەلقى ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرۈلدۇق، بىزنىڭ نەچچە ئون مىڭ لەشكىرىمىز بار، سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش يېرىم ئاچ ياشاپ كەلدىڭلار، ئەمەلدارلار خان ئەۋەتكەن كۆمۈشلەرنى يانچۇقىغا سېلىپ سىلەرگە بەرمىدى، سىلەرنى قىينىدى، شۇڭا سىلەرنىڭ دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىشىڭلارنى سورايمىز. سىلەر دەرۋازىنى ئېچىپ قورالنى تاپشۇرساڭلار، باش سەردار باشلىق بارلىق چېرىكلەرگە تەگمەيمىز، بالا ـ چاقىلىرىغا تېخىمۇ تەگمەيمىز، مال ـ مۈلكىڭلارغا قول سالمايمىز.» سەردار لەشكەرلىرىدە ئۇرۇش قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىغا، توپىلاڭچىلارنىڭ ئۆزىگە ۋە بالىۋاقىسىغا تەگمەيدىغىنىغا ئاز ـ تولا ئىشەندى بولغاي، ئاخىر تەسلىم بولىدىغىنىنى بىلدۈردى.

كىچىك چىلپەگۈزە ئاخىر قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. چېرىكلەر قوراللىرىنى تاشلاپ ھەر يەرلەرگە تارىلىپ كەتتى...

# تۆتىنچى باب

## گۇمبەزدىكى يانغىن

*يۇرت قوغدىساڭ ئۇسەرسەن،*
*قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.*
*— خەلق ماقالى*

1

غۇلجا شەھىرىدىكى قوزغىلاڭ ئۇنىنىڭ يالقۇنى قورغاستىكى مۇھەممەت سادىق بۇزرۇكۋار مازىرى، تۇغلۇق تۆمۈر مازىرى، ئالمىلىق، كىرىسمۇن، چەجى، چىزغان، تورگۇن يېزىلىرىغىمۇ تۇتاشتى. مۇھەممەت سادىق بۇزرۇكۋار مازىرىنىڭ شەيخى ئىسرائىل ئەمدىلا نامازشامنى ئۆتەپ بولۇپ تورۇشىغا ئۆيگە تىلماچ ئاغىنىسى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھاسىراپ كەتكىنىگە قارىغاندا يۇگۇرۇپ كەلگىنى ئېنىق ئىدى.

— ئىسرائىل، ئىش چاتاق، غۇلجىدا قوزغىلاڭ بوپتىكەن، جياڭجۇن قورغاستىكىلەرمۇ قوشۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەن گۇمان - ئەندىشە بىلەن بۇ يەردىكى بارلىق ئەركەك ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تاشلاشقا، خوتۇن - قىزلىرىنى بۆلاشقا ئەمىر قىلىپتۇ، پەرمان ھازىرلا كەلدى.

تىلماچ دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپ يەنە ئىتتىك چىقىپ كەتتى. بۇ شۇم خەۋەر ئىسرائىل شەيخنى قاتتىق ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ مەسچىتكە كىردى،

خۇپتەن نامىزىغا ئەرلەر تولۇق دېگۈدەك كەلگەنىدى. ئىسرائىل شەيخ نامازدىن كېيىن قايتماقچى بولغانلارنى توختاتتى:

— جامائەت، جان ساقلاش ھەققىدە مەسلىھەت بار، تەخىر قىلىڭلار.

جامائەت بىر ـ بىرىگە ھەيران بولۇپ قارىشىپ ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى، ئىسرائىل شەيخ ئىلماچ ئېلىپ كەلگەن شۇم خەۋەرنى ئەينەن دېدى:

— ئىككى يېزا خەلقىنىڭ ھاياتى قىل ئۈستىدە تۇرۇپتۇ، قانداق قىلغۇلۇق، ئۆلۈمگە ئەلھۆكمىللا دەپ بېشىمىزنى تۇتۇپ بېرەمىزمۇ ياكى باشنى ئېلىپ چىقىپ كېتەمىزمۇ؟

جامائەت ياقىلىرىنى تۇتۇپ ئۆزۈنغىچە ئولتۇرۇپ قالدى. جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇغلۇق تۆمۈر مازىرىنىڭ شەيخى ئاقىول بىلەن ئىمامى، مەزىنى كىرىپ كەلدى.

يېڭى كىرگەنلەر ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئىسرائىل شەيخ شۇم خەۋەرنى ئۇلارغىمۇ دەپ بەردى ۋە سورىدى:

— نېچۈك قىلماق كېرەك، بىز ئاز، چېرىكلەر كۆپ، بۇنىڭ بىر ئامالىنى تاپىلى، زادى قانداق قىلساق ياخشى بولىدۇ؟

— بۇل كېچە قاچماق كېرەك، — دېدى مۇھەممەت نەزەر ئىمام.

ئاقىول شەيخ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئاقكۆڭۈل ئادەم ئىدى، شۇ مىجەزى بويىچە مۇنداق دېدى:

— بىزلەرنى ئۆلتۈرمەس، سولون سەردارىغا يالۋۇرۇپ بېقىش لازىمدۇر. ئۇنىڭغا بىز، سىلەرگە ھېچنېمە قىلمىدۇققۇ، دەيلى. ئۇلار مانجۇ بولمىغاندىن كېيىن چېقىلماس.

— ھەي ھەزرەت، — دېدى بۇرھانىدىن شەيخ. — جياڭجۇن پەرمان بېرىپ چەنتۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، دەپتۇغۇ. جياڭجۇننىڭ قولى بولغان سولون سەردارىنىڭ بۇ پەرماننى بىجىرمەي بېشى ئۇنىمۇ؟ ئۇمۇ ئۆزىنىڭ كاللىسىنىڭ كېتىشىدىن قورقىدۇ ـ دە. ئۇ ھەرگىز بىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدۇ!

— ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ سورىدى چوڭ مازار ئىمامى.

— قاچقۇلۇق، ھازىردىن باشلاپ خوتۇن ـ باللارنى ئېلىپ تاغ باغرى بىلەن قاچقۇلۇق، — دېدى پەرھات سوپى.

— نەگە قاچقۇلۇق، — دەپ سورىدى ئاقىۋل شەيخ.
— غۇلجا شەھىرىگە.
— مۇبادا چېرىكلەر كەينىمىزدىن قوغلاپ كەلسىچۇ؟
— قوغلاپ كەلسە، — دېدى مۇھەممەت نەزەر ئىمام، — جەڭ قىلغۇلۇق، بېشىمىزغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرگۈلۈك.
بۇ جاۋاب ئىسرائىل شەيخنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. ئۇمۇ چېرىكلەر بىلەن جەڭ قىلىپ تۇرۇپ قېچىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.
— چېرىكلەر بىلەن جەڭ قىلغاندا خوتۇن ـ باللارغا شىكەستە يېتىپ قالماسمۇ؟
ئاقىۋل شەيخنىڭ بۇ سوئالى ھەممىنىڭ كاللىسىنى چۇشۇرۇۋەتتى. بۇ يەردە ئولتۇرغانلار ئۆزلىرىنى ئويلىمايتتى، غېمى باللاردا ئىدى. ئىسرائىل شەيخ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ شۇنداق دېدى:
— جامائەت، تالاش ـ تارتىش قىلمۇۋەرسەك ئىش پۈتمەيدۇ. بۇ ھالقىلىق كېچە. ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ جياڭجۇننىڭ جازاسىغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇھەممەت نەزەر ئىمامنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلساق دەيمەن. ئۇۋچىلار، بەردەنگىسى بارلار ۋە ياشلار ھازىرلا مۇشۇ يەرگە يىغىلسۇن، مەن ئۇلار بىلەن كوچىلارنىڭ ئاغزىنى توسايمەن. چېرىكلەر قىرغىنغا كەلسە تۇرۇشىمىز. ھەر بىر مەھەللىنىڭ ئىمام، شەيخلىرى خوتۇن ـ باللارنى ئېلىپ ئاقبايتال تېغى ئارقىلىق تەلكە ئېغىزى تەرەپكە ماڭغاي. ئۇلار ئات ـ ئۇلاغلارغا ئاشلىق، ئوزۇقلۇق ئارتىۋالسۇن. بىز ئەتە چېرىكلەر بىلەن قاراڭغۇ چۈشكىچە جەڭ قىلىپ، ئاندىن كەينىڭلاردىن بارىمىز.
— بۇ تولىمۇ جايىدا گەپ بولدى.
— شۇنداق بولسۇن!
—مەن قاچماسمەن، مەن چېرىكلەرگە ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى تاشلاپ كەتمەسمەن، — دېدى ئاقىۋل شەيخ.
— قېنى، تېز ھەرىكەت قىلىڭلار، — دېدى ئىسرائىل شەيخ ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي.

جامائەت دەرھال تارقالدى، خوتۇن - بالىلىرىنى ئات، ئۆكۈزلەرگە مىندۈ-
رۈشتى. يىگىتلەر خوتۇن - بالىلىرى، ئائىلىرى بىلەن خوشلاشتى، ئۇز ئارا
رازىلىق ئېلىشتى. مۇھەممەت نەزەر ئىمام، پەرھات سوپى، بۇرھانىدىن
شەيخلەر خوتۇن - بالىلارنى باشلاپ، «تەۋەككۇل خۇدا» دەپ، قويۇق ئالما
ئورمانلىقى ئارىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.

ئىسرائىل شەيخ ئەركەكلەرنى قورۇ - قورۇدىن كۆتەك ھارۋا، كۆتەك، يا-
غاچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەر بىر كوچىنىڭ ئېغىزىغا توشۇتۇپ، بۇ نەرسىلەر
بىلەن كوچا ئېغىزلىرىدا توساق قۇردى. يىراقتىن قارىغاندا، يېزىدا چوڭ
بىر قۇرۇلۇش بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تاڭ ئاتقاندا، كوچا ئېغىزلىرىدا
ئېگىز ۋە قېلىن توساقلار پەيدا بولدى. ئىسرائىل شەيخ ناسىر ئەلەمگە
مەكتۇپ يېزىپ ياردەم سورىدى. ئۇ ئەمدى ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى،
يېزا جىمجىت، يىرىمىدىن كۆپرەكىنى چېرىكلەر قورشاپ بوپتۇ. ئۇ بۇنى
كۆرۈپ دىمىغىنى قاقتى: «ھىم، قېنى ئەمدى كېلىشە جاللاتلار، ھەر
بىرىڭنى بىر ئەجەل ئوقى كۈتۈپ تۇرىدۇ.» ئۇ يىگىتلىرىنى ھەر بىر توساققا
بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردى، ئۆزى توساقلارنى ئارىلاپ يۈردى.

سولون سەردارى ئۇلارنى كۆرۈپ لىۋىنى چىشلىدى، ئەجەبلەندى، ئاخىردا
غەزەپلەندى ۋە شۇ غەزىپى بىلەن ئەمىر قىلدى:

— شا!

چېرىكلەر ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار ئوق ئۈزۈپ تۇرۇپ ئالغا باراتتى. ئۆگزە،
قورۇق تام، توساق كەينىگە پاناھلانغانلار ئىسرائىل شەيخنىڭ سۆزىنى جىم
تۇرۇپ ئاڭلاشماقتا:

— بىر بەردەڭگە ئىككى ئادەم ئىگە بولسۇن، مەرگەن ئوق ئاتسۇن،
بىرى بەردەڭنى ئوقلاپ مەرگەنگە بېرىدۇ. ئوق ئاز بولغاچقا ئاتقان ئوقىمىز
زايە كەتمىگەي. مەن ئېتىڭلار دېگەندە ئاتىسىلەر، توختاڭلار دېگەندە
توختايسىلەر، ئوقياچىلار تەييار تۇرۇڭلار، ئاۋۋال سىلەر ئاتىسىلەر، چەنلەپ
تۇرۇپ ئېتىڭلار!

چېرىكلەر بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى، ئۇلار ئاتقان ئوقلار تاملارغا
تېگىپ توپا توزۇتاتتى، تاشلارغا تېگىپ قاڭقىيتتى، ياغاچلارغا پېتىپ

كىرىپ كېتەتتى. چېرىكلەر قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ كەلدى.

— ئاللا يار بولسۇن، ئوقياچىلار، ئېتىڭلار! — دېگەن ئىسرائىل شەيخنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەمما، ئوقياچىلارلا ئەمەس، بەردەنگىلەردىنمۇ ئوق ئۈزۈلۈشكە باشلىدى. چەنلەپ تۇرغان مەرگەنلەر بىرىنچى ئوقنى خاتاسىز تەگكۈزدى. چېرىكلەرنىڭ ئالدىنقى ھۇجۇمچىلىرىدىن بىر نەچچىسى يىقىلدى. جەڭ قىزىپ كەتتى. تام ئارقىسىدىن، ئۆگزىلەردىن، توساق ئارىسىدىن «تاڭ - تۇڭ» قىلغان ئاۋازلار ياڭراپ كەتتى. چېرىكلەر يىقىلماقتا. ئوقيالار ۋىژىلداپ بېرىپ، سولونلارنىڭ كۆكرىكىگە، قورسىقىغا تېگەتتى، مىلتىقنى تاشلاپ، قورسىقىغا سانچىلغان يا ئوقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان چېرىكلەر «ۋايجان، ۋاي - ۋاي» دەپ ئىڭرايتتى. چېرىكلەر ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئون نەچچە ئۆلۈكنى ۋە بىر نەچچە ئون يارىدارنى تاشلاپ چېكىندى.

— توختاڭلار! — دېگەن ئىسرائىل شەيخنىڭ خۇشال ئاۋازى ئاڭلاندى.

يەنە جىمجىتلىق باشلاندى. چېرىكلەرنىڭ ھۇجۇمىنىڭ قايتۇرۇلۇشى مازارلىقلاردا ئۈمىد پەيدا قىلدى. ئۇلار چېرىكلەرنىڭ ھۇجۇمىنى كۈتۈپ يېتىشتى.

ئارسلان بەردەنگە ئاۋازىنى ئاڭلاپ سامانلىقتىن چىقتى، ئۇ ئاپىلىرى قاچقاندا سامانلىققا مۆكۈنۈۋالغانىدى. ئۇ يەر دەسسەپ ماڭغاندىن تارتىپ دادىسىدىن ئايرىلىپ باقمىغانىدى، دادىسىنىڭ قالىدىغىنىنى ئاڭلاپ «مەنمۇ قالىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى، يالۋۇردى، يىغلىدى. دادىسى زادى ئۇنىمىغاندىن كېيىن، ئاپىسى، ھەدىسى ئىشىكنى ئېتىۋاتقاندا غىپپىدە قىلىپ سامانلىققا كىرىۋالغانىدى. ئاپىسى بىلەن ھەدىسى قاراڭغۇدا ئۇنى تاپالماي، كۆپتىن قېپقالمايلى دەپ ئىلاجىسىز مېڭىپ كەتتى. ئارسلان مۆشۈكتەك شەپە چىقارماي تام تۈۋىدىكى مەردان مەرگەننى كۆرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ بەردەنگىسىنى تۇتۇپ باقتى. چۆچۈپ كەتكەن مەردان:

— ھوي، ئارسلانمۇ سەن. ئاپاڭ بىلەن كەتمەي بۇ يەردە نېمە دەپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— تىش! — دېدى ئارسلان ئالقىنىدا مەرداننىڭ ئاغزىنى توسۇپ. ئاندىن ئاغزىنى مەرداننىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ پىچىرلىدى، — ئاستا گەپ قىل، دادام ئاڭلاپ قالىدۇ. مېنىڭچۇ، مەردان ئاكا، ساڭا ئوخشاش ئۇرۇشقۇم بار. دادامغا دېمە جۇمۇ. بولمىسا ئۇ مېنى چوڭىق بىلەن ساۋايدۇ.

— ھەي شەيتان، — دېدى مەردانمۇ پىچىرلاپ،— ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقمايسەنۇ، دادائىڭنىڭ چوڭىقىدىن قورقامسەن؟

— ئۇ دېگەن دادا ـ دە، — دېدى ئارسلان، — مەردان ئاكا، ماڭا بەردەڭگە ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويغىنا، جېنىم ئاكا.

— تىنچ يات، بولمىسا ئىسرائىل ئاكامغا دەپ قويماي يەنە.

بالا جىم بولۇپ قالدى. قورقۇمسىرىغان كۆزلىرى بىلەن توسالغۇدا سىرتقا دىققەت بىلەن قاراۋاتقان دادىسىغا قاراپ قويدى ۋە يەنە:

— جېنىم ئاكا، ماڭا ئۆگىتىپ قويساڭا. ئەگەر ئۆگىتىپ قويساڭچۇ قارا... — ئۇنىڭ سۆزىنى دادىسىنىڭ ئاۋازى بېسىپ كەتتى:

— ئېتىڭلار!

مەردان تامدىن بېشىنى چىقىرىپ چېرىكلەرنى باشلاپ كېلىۋاتقان بىر سەركەردىنى چەنلىدى ۋە تەپكىنى باستى.

— تۈت! — دېدى ئۇ ۋە تامغا بىر سىزىق سىزىپ قويدى.

جەڭ يەنە باشلىنىپ كەتتى، چېرىكلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىمۇ چېكىندۈرۈلدى. ئىسرائىل شەيخ لەشكەرلەر ئارىسىدا ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇ مەردان تۇرغان تامغا كەلدى، كەلدى ـ دە، مېڭىشىدىن تۇتۇن چىققاندەك بولدى، مەرداننىڭ كەينىدە قورقۇپ كەتكەن ئوغلى تۇراتتى. ئۇ:

— ھەي چوشقا، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ ئاپاڭ بىلەن نېمىشقا كەتمىدىڭ ـ ھە! — دەپ چوڭىق ئىزدىدى.

— ئىسرائىل ئاكا، ئارسلاننىڭ گۇناھىنى سورىۋالاي، ئۇ بانۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ ئاپا، ھەدىسىنى قوغداشقا قاپتۇ. خاپا بولمىساڭ، ئىككىنچى ئۇنداق قىلمىسۇن، گېپىڭنى ئاڭلىسۇن.

ئارسلان مەرداننىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، دادىسىنىڭ ئۆزۈن قوللىرىدىن

كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى، تاياق يېيىشتىن قورقۇپ تىترەيتتى.

— خەير، سەن ئارىلىشىپ قالدىڭ. سەن چوشقىنىڭ ئەدىپىنى كېيىن بەرمىسەم، ماڭ، ئۆيگە كىر، چاي قاينات. ئاكىلىرىڭنىڭ قورسىقى ئاچتى. ئۆيدىن چىققۇچى بولما!

— چاي قاينىتىپ ئاچىقىپ بېرىمەنمۇ؟

— ياق، هويلىدا تۇرۇپ «چاي قايندى» دەپ ۋارقىرا!

ئارسلان تاياق يېمىگىنىگە خۇش بولۇپ غىپىلا قىلىپ ئۆيگە يۈگۈردى. ئۇنىڭ پىچىلداپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ قالغان مەردان:

— بۇ بالاڭزە، سېنى كىيىپلا چىقىپتۇ جۇمۇ! ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش باتۇر ئەزىمەت بولىدۇ! — دېدى.

— چېرىكلەر!

ئىسرائىل ئۆز ئورنىغا يۈگۈردى.

جەڭ كەچكىچە داۋام قىلدى، چېرىكلەر ئون بىر قېتىم هۇجۇم قىلدى. ئۈچ قېتىم توسۇقتىن ئۆتتى، ئەمما جېنىنى تىكىپ قويغان مازارلىقلار ئۇلارنى قىلىچ، پالتىلار بىلەن چېپىپ تاشلاپ قوراللىرىنى ئېلىۋالدى. ئۇلاردىنمۇ بىر نەچچىسى قازا تاپتى، بىر نەچچىسى يارىلاندى. مازارلىق يىگىتلەر هېرىپ هالىدىن كەتتى، يارىدارلارنىڭ هالى تېخىمۇ خاراب ئىدى. بەزىلىرى باش، بىلەكلىرىنى لاتىلار بىلەن تېڭىۋالغانىدى، لاتىلاردىن قان نەپچىرەپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلار جەسۇر ئىدى. قوللىرىدا قىلىچ، پالتا، بەردەنگىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، توساقتىن ئايرىلماي مەزمۇت تۇراتتى. بىر تېۋىپ يارىدارلارنىڭ جاراهەتلىرىنى تىلىپ ئىچىدىن ئوقنى ئېلىۋېتىپ قايتا تاڭاتتى — دە، يەنە باشقىلارنى داۋالاشقا ئالدىرايتتى. ئارسلان بۇ تېۋىپنىڭ چاققان يارەمچىسى بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، يامان بولغىنى، ئوق تۈگىگەنىدى.

— ئوق، ئوق تۈگىدى، ئىسرائىل ئاكا، ئوق بەر!

ياش ئەزىمەتلەر ئەنە شۇنداق دەپ ۋارقىرىشاتتى. ئارسلان بۇ تەلەپلەرنى ئاڭلاپ بىر خالتىنى ئالدى — دە، توسۇقنىڭ يوچۇقىدىن قىسىلىپ ئۇ تەرەپكە ئۆتتى. ئۇ ئۆلۈپ ياتقان چېرىكلەرنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ باردى ۋە

ئۇششاق قولىلىرىنى تېز - تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ چېرىكلەرنىڭ ئوقدانلىرىدىن ئوق ئېلىشقا باشلىدى، بۇنى كېيىنرەك كۆرۈپ قالغان ئىسرائىل شەيخ:

— ئارسلان، قايتىپ كەل، چېرىكلەر ئېتىۋېتىدۇ، قايت! — دەپ ۋارقىرىدى.

— مانا ھازىر، — ئارسلان شۇنداق دەپ قويۇپ يەنە بىر جەسەتنىڭ يېنىغا ئۆتتى. ئۆلۈكلەر كۆپ ئىدى، ئۇ ئۆلۈكلەردىن قورقمىدى، يىرگەنمىدى، بەلكى ئۆلۈكلەرنى پاناھلاپ ئوق يىغاتتى. ئۇنىڭ كىچىككىنە كاللىسىدا پەقەت «ئوق ئوگىدى» دېگەن بىرلا خىيال بار ئىدى. ئۇنىڭ خالتىسى يېرىملاشقانىدى، ئۇشتۇمتۇت چېرىكلەر كۆرۈپ قېلىپ ئارسلانغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئەمما، ئارسلان ئارسلاندەك چاققانلىق بىلەن ئۆلۈكلەرنى پاناھلاپ يېتىۋېلىپ ئوق يىغماقتا ئىدى. ئىسرائىلنىڭ جەھلى چىقىپ:

— قايتىپ كەل دەيمەن! — دەپ يەنە ۋارقىرىدى.

— خاتىرجەم بول دادا، چېرىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئېتىۋاتىدۇ!

— ئەگەر قايتىپ كەلمىسەڭ كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسەن بىكار!

ئارسلان ئاخىر ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ قايتىپ كەلدى. ئىسرائىل شەيخ ئۇنى خالتا بىلەن بىللە تۆشۈكتىن تارتىۋالدى. ئارسلانىنىڭ بىر قولىدا مىلتىق، بىر قولىدا يېرىم خالتىدىن كۆپرەك ئوق بار ئىدى. ئىسرائىل شەيخ بالىسىنى كۆتۈرگەن پېتى تام تۈۋىدە تۇرغۇزۇپ قويدى. ئارسلان ئەمدى ساۋايدىغان بولدى، دەپ قورقۇپ مەردانىغا يېلىنغان ھالدا تەلمۈردى. ئەمما، ئىسرائىل شەيخ ئۇنى ئۇرمىدى، ئەكسىچە كۆزىدە ياش پارلىدى. ئۇ ئۇندىمەي ئوقلارنى يىگىتلەرگىمۇ تەقسىم قىلىپ بەردى. باشقا كوچىدىكى توسالغۇدا ياتقان يىگىتلەرگىمۇ ئارسلان ئوق توشۇپ بەردى. ئاخىردا ئىسرائىل شەيخ ئارسلان ئېلىپ كەلگەن ئېغىر مىلتىقنى ئۆزى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بەردەنگىسىنى ئارسلانغا بەردى ۋە ئېتىش، ئوق سېلىشنى ئۆگىتىپ قويدى. ئىسرائىل شەيخ كۆنگە قاراپ، نامازدىگەر ۋاقتى بولغىنىنى مۆلچەرلىدى. چېرىكلەر تەرەپكە قارىدى، ئۇلاردىمۇ ھەرىكەت يوق. ئۇ ئارسلاندىن سورىدى:

— ئارسلان، چاي قايناتقانمىدىڭ؟
— ھە، قازاندا، چەيلەكتە، كوزىدا، لىققىدە چاي بار.
— يارايسەن! ھاي ھېزىم، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ چاي ئاچىققىن. مۇنۇ ئارسلان بېرىدۇ. ئوغلۇم، ئۆيدە بار ناننى ئاچىققىن. كوزىدىكى مەشكە ماينىمۇ ئاچىققىلار! — دېدى.
ئارسلان چاي ئاچىققىچە ئىسرائىل شەيخ ھەر بىر توساقتا بەشتىن يىگىتنى قالدۇرۇپ قالغىنىنى چاي ئىچىشلىشقا ئۈندىدى. قورساقلىرى ئېچىپ ھالى قالمىغان ئەزىمەتلەر بىردىن - ئىككىدىن كېلىشتى. ئىسرائىل شەيخ ئۆلگەنلەرنىڭ ساننى ئېلىپ بولۇپ بېشى ساڭگىلىغان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ دېدى:
— تۇغقانلار، سىلەر باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ چېرىكلەرنىڭ ئون بىر قېتىملىق ھۇجۇمىنى قايتۇردۇڭلار. ئارسلان يىغىپ كەلگەن ئوقتىن باشقا ئوقمۇ قالمىدى. بىزدىن يىگىرمە يەتتە قېرىنداش شېھىت بوپتۇ. چېرىكلەرنىڭ يۈزدىن ئارتۇقىنى يوقاتتۇق. خوتۇن - بالىلىرىمىز ۋاللاھۇ ئەلەم، بۇ چاغقىچە تاغ ئىچىگە كىرىپ بولغاندۇ. چېرىكلەر ھەر قانچە قوغلىسىمۇ ئۇلارغا يېتەلمەيدۇ. ھازىر جەڭ توختىدى. چېرىكلەر ھۇجۇم قىلسا بار ئوق بىلەن زەربە بېرىمىز. ئوقىمىز تۈگىسە يەككىمۇ يەككە جەڭ قىلىمىز. قورساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن شېھىتلەرنى كۆمىمىز. ئاڭغىچە قاراڭغۇ چۈشىدۇ. تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ خوتۇن - بالىلىرىمىزنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالىمىز. چېرىكلەر قوغلىسا ئەتە قوغلار. كېچىچە يول يۈرسەك يايلاققا بېرىۋالىمىز. يايلاقتا مېنىڭ، مۇھەممەت ئىمامنىڭ، سوپۇر ۋە باشقىلارنىڭ بولۇپ بىرەر يۈز ئېتىمىز بار. ئۇ ئاتلارنى مىنىپ غۇلجىغا بېرىۋالىمىز. بىز بۇ يەردىن چىقىپ تەلكە ئېغىزىغا بېرىۋالساقلا ئاتلىنىمىز دېگەن سۆز. خوش، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟
— بولىدۇ. سەن نېمە دېسەڭ بىز شۇ!
— بۇ ئاقىلانە گەپ.
— ئەمىسە سىلەرنى مەردان باشلاپ بارسۇن. قېنى ئۇ؟
زاۋال ۋاقتى بولۇپ كىشىلەر بىر - بىرىگە قاراشتى، مەردان يوق ئىدى.

ئىسرائىل شەيخ تەئەججۇپ بىلەن سورىدى:

— ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟

— ھېچنېمە بولمىدى دادا. ئەنە ئۇلار، مىلتىق، ئوق يىغىپ چىقىشتى. — ئارسلان مۇرىلىرىدە بىر نەچچە مىلتىق ئېسىۋالغان، ئوق سېلىنغان خالتىلارنى كۆتۈرگەن ئۈچ يىگىتنىڭ ئالدىغا يوگۈردى.

ھەممەيلەن ئۇلارغا قاراشتى. مەردان كۈلۈپ يېتىپ كەلدى:

— ھا ـ ھا ـ ھا! سولون يىگىتلىرى مەرد ـ دە، بىزگە يېڭى مىلتىقلارنى ئوقلىرى بىلەن ئەكېلىپ بېرىپ ئۆزلىرى جەھەننەمگە سەپەر قىلدى!

— ھۆي، سەنمۇ بالا بولدۇڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئىسرائىل.

— تىللامسەن، سۆكەمسەن، نېمە دېسەڭ دە، سەردار، ئەمما مېنى چۈشىنىڭ بىلەن ساۋىما! — دەپ قورقۇقان قىياپەتتە ئۇمچىيىپ يالۋۇردى مەردان.

ئىسرائىل شەيخ باشلىق ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ئارسلان پوكاندەك قىزىرىپ مەرداننى مۇشتلاپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ شۇم خەۋەر ئاڭلانغاندىن بېرىقى تۇنجى ساغلام كۈلۈشى ئىدى. كۈلكە توختىغاندىن كېيىن ئىسرائىل جېكىلىدى:

— مەردان، تېز چېيىڭنى ئىچ، يىگىتلەرنى تەلكە ئېغىزى تەرەپكە ئېلىپ بارسەن، مەن كەينىڭلاردىن يېتىپ بارمەن! سىلەر مەردان چېيىنى ئىچكۈچە جەسەتلەرنى قەبرىستانلىققا ئاپىرىڭلار، مۇھەممەت بۇزرۇكۋارنىڭ گۇمبىزىنىڭ يېنىغا!

يىگىتلەر ئېغىر مۇسىبەت ئىچىدە جەسەتلەرنى كۆتۈرۈپ ئەكەتتى. ئارسلان دادىسىغا يالۋۇردى:

— دادا، سېنىڭ بىلەن مەنمۇ قالايچۇ؟

— ئاغزىڭنى يۇم! ھەي مەردان، مۇنۇ ئارسلاننى يېنىڭدىن ئايرىما!

— خوپ سەردار! — دېدى مەردان ۋە ئارسلانغا كۆزىنى قىسىپ قويدى.

مەردان ئاپقۇر چىنىگە چاينى تولدۇرۇپ قويدى، مەشكە مايدىن سالدى، ناننى بېسىپ چىلىدى، ئاق ناننىڭ گىرۋىكىنى ئۇشتۇۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن

چىنىدىكى ئىۋىغانناننى ئاغزىغا تىقىپ چايناشقا باشلىدى. ئۇ ئۇچەيلەن چايلىرىنى ئىچىپ بولغۇچە ئارسلان چىنىلەر بىلەن چىلەكلەرنى ئۆيگە ئەكىردى. مەردان دۈئاغا قول كۆتۈردى. ئاندىن يوغان بىر ئاق ناننى تۆت پارچە قىلىپ ئۇشتۇپ پوتىسىغا باغلىدى. قالغان شىرىكلىرىمۇ شۇنداق قىلدى. ئاڭغىچە جەسەتلەرنى كۆتۈرۈپ كەتكەنلەر قايتىپ كەلدى. مەردان خۇددى بىر سەرداردەك كىشىلەرنى بىر - بىردىن سۈرۈشتۈرۈپ تۇگەللىدى - دە، ئارسلاننىڭ قولىدىن يېتىلەپ، «يا خۇدا، قېنى كەتتۇق» دەپ تاغ تەرەپكە يول ئالدى...

ئىسرائىل شەيخ خۇپتەن نامىزىغا يېقىن تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ بەش كىشى بىلەنلا قالغانىدى. ئەتراپتا ھېچقانداق شەپە بولمىغاندىن كېيىن، خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن يىگىتلەرگە ھەر بىر توسالغۇنىڭ يېنىغا گۈلخان يېقىشنى بۇيرۇدى. گۈلخان يېقىلغاندىن كېيىن يىگىتلەرنى باشلاپ تاغ يولىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 2

ئەتىسى كۈن چىقىشىغىلا كىچىك مازار يېزىسىغا توپ ئوقلىرى چۈشۈپ پارتلاشقا باشلىدى. توسۇقتىكى ياغاچ - تاشلار ئاسمانغا ئۇچتى. ياغاچلار كۆيۈپ ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئىسرائىل شەيخنىڭ ئۆگزىسىدىكى بىدىگە ئوت كەتتى. توپ ئوقلىرى كۆپەيگەنسېرى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ ئوت ئۆلغايدى. مانا شۇندىلا ئاتلىق چېرىكلەر «شا - چاپ!» دەپ نوۋلىشىپ قىلىچ ئوينىتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئاتلار كۆيۈۋاتقان توسۇقتىن سەكرەپ ئۆتتى، بىر چېرىكنىڭ ئېتى پۇتلىشىپ يىقىلدى، چېرىك ئاتتىن يىقىلىپ ئوتقا چۈشتى. كىيىملىرى كۆيۈشكە باشلىدى.

ئەسلىدە سەردار بىر كۈن ھۇجۇم قىلىپ يېزىغا بېسىپ كىرەلمىگەندىن كېيىن، «مازار چەنتۇلىرى بىزگە قارشى جەڭ قىلدى، ئۇلار ناھايىتى كۆپ، قوراللىرى خىل ئىكەن، بىز ئۈن بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدۇق، لېكىن قاتتىق ئوققا ئۇچراپ يۈزدىن ئارتۇق ئادىمىمىزدىن ئايرىلدۇق. چەنتۇلارنىڭ

كۆچى زور، جانابلىرى بىزگە توپ ئەۋەتمىسىلە بىز قىرىلىپ كېتىمىز»
دېگەن مەزمۇندىكى مەكتۇپنى جياڭجۇنگە شام ۋاقتىدا يېتىپ بارغاندى. جياڭجۇن چىڭسىخوزا قەلئەسى سەردارىغا توپ ئەۋەتىش ھەققىدە پەرمان بەرگەنىدى. سولون چېرىكلىرىنىڭ سەردارى توپقا ئىگە بولۇپلا كىچىك مازارنى توپقا تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرگەنىدى. توپ ئېتىش توختىغاندىن كېيىن، ئۇ چېرىكلىرىنى باشلاپ يېزىغا باستۇرۇپ كىردى. لېكىن، يېزىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئۇ ھاڭ - تاڭ قالغان ھالدا ۋارقىرىۋەتتى:

— قېنى بۇ چەنتۇلار!

ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى. بىر چاغدا بىر چاپارمەن كېلىپ:

— سەردار، چەنتۇلار گۇمبەزگە بېكىنىۋاپتۇ! — دېدى.

— گۇمبەزگە قاراپ ئاتلان! — دەپ ۋارقىرىدى سەردار.

چېرىكلەر چوڭ مازارغا قاراپ چاپتى.

## 3

ئاقيول شەيخ ئۆيىگە كېلىپ بىر ئاش پىشىم ئۇخلىدى، بامدات ۋاقتىدا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ تەرەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن بەردەڭگىسىنى سۈرتتى، مايلىدى، ئوقلارنى تەييارلىدى، قىلىچىنى بىلىدى. ئاندىن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ قىزى بىلەن ئۈچ ئوغلىغا شۇنداق دېدى:

— بۈگۈن ھېچيەگە بارماڭلار، ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتابىڭلارنى ئوقۇڭلار.

ئوغلىنىڭ چوڭى ئون ئالتە ياش، قىزى بويىغا يېتىپ قالغان، قالغان ئىككىسىنىڭ بىرى ئون ئۈچ ياش، يەنە بىرى توققۇز ياش ئىدى. بۇ بالىلار تولىمۇ ئەدەپلىك بولۇپ، دادىسىدىن چوڭ بوۋىسى توغلۇق تۆمۈردىن بېرىكى ئەجدادلىرىنىڭ شەجەرىسىنى ئۆگەنگەن، ئۆۋەيسخان، يۇنۇسخان، ئابدۇرېشىتخانغا ئوخشاش بوۋىلىرىنىڭ بانورلۇقى، ئىلىمگە ھېرىسلىكى، سەنئەتخومارلىقىنى بىلگەن ۋە ئاشۇلاردەك بولۇشقا بەل باغلىغانىدى. شۇڭا، ئۇلار ھەر كۈنى دادىسى كۆرسىتىپ بەرگەن كىتابلارنى ئوقۇيتتى. ئاقيول

شەيخ بالىلىرىغا «بىلىم ئېلىش خەلق قەلبىگە مەشئەل يېقىش دېگەنلىكتۇر. بىلىم بىزنىڭ ھايات سەپىرىمىزنىڭ مەنىۋى بۇلىقى» دەپ تەلىم بېرەتتى، ئۇلارنى بىلىمگە قىزىقتۇراتتى. ئاقىۋول شەيختە تارىخ، ئەدەبىيات كىتابلىرى كۆپ ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ شەجەرىسى تولۇق ئىدى. ئۇ بۇ كىتابلار بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ قاچمايمەن، دېگىنىمۇ جېنىمدىن ئەزىز كۆرىدىغان ئاشۇ كىتابلار ئۈچۈن ئىدى. ئاقىۋول شەيخ تىنچ، زېرەك كىشى ئىدى. بىتەرەپ يەر دەسسىمەيتتى، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيتتى. ئاز - تولا يەر تېرىپ ھوسۇلى بىلەن جان باقاتتى، ئات، كالا، قوي بېقىپ قوياتتى.

ئاقىۋول شەيخ چايدىن كېيىن كۈتۈپخانىسىغا كىردى. بۇ ئاددىي كۈتۈپخانا ئىدى. ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىرەن ياغىچىدىن ياسالغان، پۇتلىرىغا نەقىش چىقىرىلغان شىرە، شىرە ئۈستىدە دەۋەت، قەلەم ۋە قەغەز تۇراتتى، بىر چېتىدە قېلىن قولىيازمىلار تۇراتتى. بۇ قولىيازمىلار سالىش ئىمامىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنى ئاقىۋول شەيخ كۆچۈرۈپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ تېخى كۆچۈرۈلۈپ بولۇنمىغان قولىيازمىنى ئاۋايلاپ ئاق ماتاغا، تاملارغا چىقارغان ئويۇقلاردىكى كىتابلارنى گىلەمگە يۆگىدى، ئاستىغا تاختا قويۇپ ئوبدان چۈمكىدى. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغىچە چۈش بولدى. ئۇ چۈشلۈك چېيىنى ئىچىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى، چىقتى - دە، قۇلىقى دىڭ بولدى: كىچىك مازار تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ ھودۇققان ھالدا گۈمبەزگە قاراپ يۈگۈردى. تۇغلۇق تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ گۈمبىزى ئاقىۋول شەيخنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىلا ئىدى. ئۇ تېزلا گۈمبەزگە يېتىپ كەلدى، ئەگمە ئىشىكتىن كىرىپ، توپا پەلەمپەيلەر بىلەن گۈمبەز ئۈستىگە چىقتى، قولىنى سايىۋەن قىلىپ كىچىك مازار تەرەپكە نەزەر تاشلىدى. سانجاق - سانجاق چېرىك كىچىك مازار تەرەپكە كېتىۋاتاتتى، بۇ يەردىن مىلتىق ئاۋازى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاقىۋول شەيخ:« ھىم، دېمەك، چېرىكلەر جياڭجۈننىڭ پەرمانىنى بىجىرىشكە كىرىشىپتۇ - دە. ئەجەب نادانلىق قىپتىمەنا، بالىلىرىمنى بولسىمۇ كىچىك مازارلىقلارغا قوشۇپ

ئەۋەتمۇەتسەمچۇ!» دەپ ئويلىدى. ئەلەم ۋە پۇشايمان ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، ئۇ گۈمبەز ئۈستىدە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كىچىك مازارلىقلار قورغان تۇساق، چىرىكلەرنىڭ ھۇجۇمى، چېكىنىگىنىنى كۆردى. ئۇ ئالدىراش پەسكە چۈشتى. ئۆيگە كىرىپ ئالدىراپ - سالدىراپ بىر چىنە چاي ئىچتى، پېشىنىنى ئوقۇدى، ئۈچ ئوغۇل ئۇنىڭ جامائىتى ئىدى. باللار دادىسىنىڭ ئىمامىلىقىدا نامازنى ئوقۇپ بولدى. ئەمما دادىسى ئورنىدىن تۇرمىدى، جاينامازدا ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇ ئاللا تائالادىن، مۇھەممەت سادىق بۇزرۇكۋاردىن يۇرتداشلىرىنى ئامان قىلىشنى، چىرىكلەرنى يوق قىلىشنى تىلىدى، ئۆزۈندىن ئۇزۇن دۇئا قىلدى. بىر چاغدا ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ شۇنداق دېدى:

— بالىلىرىم، گېپىمنى ئاڭلاڭلار. بىز ھازىر گۆھەرلىرىمىزنى تۇغلۇق تۆمۈرخان گۈمبىزىگە توشۇيمىز. بولمىسا چىرىكلەر ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. قېنى بولۇڭلار! بەردەنگە ئاۋازنى ئاڭلىغانسىلەر، كىچىك مازارلىقلار چىرىكلەرنىڭ قىرغىنچىلىقىغا قارشى جەڭ قىلىۋاتىدۇ.

ئۇ چوڭ ئوغلى بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلىنى كىتابلارنى توشۇشقا جورۇپ قويۇپ، ئۆزى كۆنەك ھارۋىسىنى قاتتى. ئايالى بىلەن بىللە ئۈچ ناغار بوغداي، ئۈچ قوينى ھارۋىغا باستى. ئاندىن ئايالى، قىزىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، كىچىك ئوغلىغا ھارۋىنى ھەيدىتىپ چىلپەنزىگە يولغا سالدى، چوڭ چىلپەنزىدە ئايالىنىڭ ئاكا - ئىنىلىرى بار ئىدى.

باللار ئەدەپلىك بولغاچقا دادىسىنىڭ گېپىدىن چىقمىدى. چوڭى بىلەن ئوتتۇرانچىسى كىتابلارنى توشۇۋاتاتتى، ئاقيول شەيخ باللار توشۇغان كىتابلارنى گۈمبەزنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە، گىلەمگە ئورالغان كىتابلارنى گۈمبەزنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى بوش يەرگە قويدى. كۈن ئولتۇرۇپ جاھان قاراڭغۇچىلىقتا چۆككەندىلا بارلىق كىتابلار توشۇلۇپ بولدى. ئاخىرقى قېلىن كىتابنى كۆتۈرۈپ چىققان ئاقيول شەيخ ئۇنى:

— بۇ كىتابتا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۇلۇغ يۈرۈشلىرى بايان قىلىنغان، — دەپ ئەڭ ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ، كونا، لېكىن گۈلىنى يوقاتمىغان گىلەمنى ئاچىقىپ قېقىپ ئۇنى كىتابلارنىڭ ئۈستىگە ياپتى.

شۇندىلا كۆڭلى ئەمىن تېپىپ بالىلىرىنى باشلاپ ئۆيگە كىردى. خوتۇنى چۈشلۈكى پىشۇرۇپ جىمبىلگە ئېلىپ قويغان مانتىنى ئاۋاقتا ئېلىپ شىرەگە قويدى. ئوغۇللىرىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، خونچىلىرىغا مانتا سېلىپ بەردى. ئوغۇللىرىنىڭ: «يېمەيمەن، تويۇپ كەتتىم» دېگىنىگە قويماي:

— بۈگۈن ئادەتتىكىدىن جىقراق يەڭلار، — دەپ زورلىدى.

— دادا، بىزگە زورلاۋەرمەڭ. بۈلجورگەن يەپ قويغانىدۇق. كېيىنرەك يەيلى، — دېيىشتى ئۇلار.

ئاقىۋل شەيخ بۇ گەپكە ئىشەندى، چۈنكى بۇ يەر ياپلاقنىڭ ئۆزى ئىدى. كىشىلەر ماللىرىنى ئەتىگەنلىكى قورۇقتىن چىقىرىۋېتەتتى. كەچ كىرگىچە تويۇنغان ماللار مەرىشىپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلەتتى. بۇ يەردىكىلەر ھەم دېھقان، ھەم چارۋىچى ئىدى. ئەتراپتا بۈلجورگەن ناھايىتى كۆپ ئىدى. يازنىڭ چىقىشى، باش كۈزنىڭ كىرىشى بىلەن قاپقارا بولۇپ پىشىپ كېتەتتى.

تاماق يېيىلىپ بولدى، ئاقىۋل شەيخ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى:

— ئەي پەرۋەردىگارىم، سېنىڭدىن باشقا باش پاناھىم يوق. ئۇشبۇ مۆمىن پەرزەنتلىرىمنى ئامان قىلغايسەن، چېرىكلەرنىڭ يامان كۆزىدىن يىراق قىلغايسەن. ئامىن!

ئوغۇللار ھەيران بولۇپ دادىسىغا قاراشتى. ئەمما ئەدەپ يۈزىسىدىن سورىماقچى بولغانلىرىنى سورىمىدى. ئۇلارنىڭ سوئالىنى ئاتا بولغۇچى بىلىپ، ئۆ ئېغىز ئاچتى:

— جېنىم ئوغۇللىرىم، بىزنىڭ ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىسىلەر، ھەممىڭلار بالاغەتكە يەتتىڭلار، بىلىم ئالدىڭلار، ئەجدادىڭلارنى بىلدىڭلار، بۈگۈن بەردەنگە ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىدىڭلار. چېرىكلەر قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. ھازىرچە بىزگە تەگمىدى، ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. سىلەر ماللارنى ھەيدەپ كېيىگەن تېغىغا بېرىڭلار. مەن بۇ كېچە كىتابلارنى ساقلاپ گۈمبەزدە ياتاي. ئاپاڭلارنى چوڭ

چىلپەڭزىگە ماڭغۇزۇۋەتتىم.
ئوغۇللار كىتاب دېسە جېنىنى بېرىدىغانلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار
كىتابلارنى بىزمۇ قوغدايمىز، دەپ تۇرۇۋېلىشتى. ئاقىيول شەيخ بالىلىرىنىڭ
كىتابقا بولغان مېھرىنى بىلگەچكە ئۇلارنى كايىمىدى. بەلكى بالىلىرىدىن
تولىمۇ خۇش بولدى. ئۇلار كىتابنى مۇشۇنداق سۆيسە كەلگۈسىدە ھەقىقىي
ئالىم بولىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ بالىلىرىنى بىر ئامال قىلىپ چېرىكلەرنىڭ
كۆزىدىن نېرى قىلىشنى ئويلىغانىدى، ئۇلارنىڭ كىيىگەن تېغىغا بېرىشقا
ئۈنىمىغىنىنى كۆرۈپ يېقىنراق يەرنى كۆرسەتتى:
— ئەمسە ئالمىلىق شەھىرىگە بېرىڭلار، مەن كەينىڭلاردىن بارىمەن.
ئالمىلىق شەھىرىنىڭ خارابىلىقى ئىچىدە ئاقىيول شەيخنىڭ ماللىرى
قىشلايدىغان قوتانلار بار ئىدى. ئوغۇللار بۇنى ماقۇل تېپىشتى. ئۇلار
ماللارنى ھەيدەپ كېتىشتى. بالىلاردىن خاتىرجەم بولغان ئاقىيول شەيخ
ئاشقان مانتا، بىر دەستە نان، قويماق، مەشكە مايلارنى گومبەزگە توشۇدى.
مېھمانخانىدىكى بەردەنگە، ئوقيا، قىلىچنى قولتۇقىغا قىستى. ھويلىسىدا
بىر مەھەل تۇرۇپ نەقىشلەنگەن چىرايلىق ئۆيلىرىگە قارىدى. ئۇلار بىلەن
تەستە ۋىدالاشتى. ئاندىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھويلىدىن چىقتى.
ئۇ گومبەزنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا سەپسالدى. كىچىك مازار، چوڭ
مازار يېزىلىرى گۆردەك قاراڭغۇ، جىمجىت ئىدى. ئادەتتە مۇنداق چاغلاردا
ھەممە ئۆيلەرنىڭ پەنجىرىلىرىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنەتتى. ناخشا ئاۋازلىرى
ياڭراپ تۇراتتى، ئىتلار ھاۋشىيتتى، ماللار مەرەيتتى. شۇ تاپتا بولسا
ئۇلارنىڭ بىرىمۇ يوق، «ئاقىيول، سەن ئۆزەڭلا قاپسەن - دە»، دەپ ئويلىدى
ئۇ. ئاندىن پەسكە چۈشۈپ بىر قۇچاق تېۋىلغا كۆتۈرۈپ چىقتى. شامنى
يېقىپ، ئالدىرىماي قەلەمتىراشنى ئېلىپ تېۋىلغىنى ئۇچلاشقا باشلىدى.
مازارلىقلارنىڭ ئوۋچىلىق قىلمايدىغىنى يوق. چۈنكى بۇ يەردە ئوۋ كۆپ
ئىدى. يوگۇرۇپلا چىقسا تاغ، بىنەملىك، ياپپېشىللىق ۋە ئالما ئورمىنى
ئىدى. بۇنداق جەننەتتەك يەرنى ئادەملەرلا ئەمەس، ھەر خىل قۇشلار، ياۋايى
ھايۋانلار ماكان قىلاتتى. ئۇلار ئالمىلارنى ئوزۇق قىلاتتى. بۆلجۈرگەن

يەيتتى، چوڭ ھايۋانلار كىچىكلەرنى ئوۋلايتتى. ئېيىق، شىر، يولۋاستىن باشقا ھەممە ھايۋان بار ئىدى. باھار كىرىشى بىلەن بۇلبۇللار بەس - بەستە سايراپ كېتەتتى. كەكلىكلەر، قىرغاۋۇللار قانات قېقىپ ئۇچاتتى. مازارلىقلار ئوۋچىلىقنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ھەم كەسىپ، ھەم دەم ئېلىش قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئوۋلىغانلىرىنى بەردەڭگىلەرگە، ئوققا تېگىشەتتى. ئۇلار كۆپرەك چېرىكلەرگە تېگىشەتتى، چۈنكى چېرىكلەردىن قورال، ئوق ئوغرىلاپ ئاچىقىپ ساتىدىغانلار خېلى بار ئىدى. بولۇپمۇ قورال - ياراغ ئامبىرىدىكى چېرىكلەر شۇنداق قىلاتتى. ئاقيول شەيخ بىلەن ئىسرائىل شەيخ ئادەملىرىنىڭ بەردەڭگىلىرى بىلەن قىلمىچلىرى ئەنە شۇ چېرىكلەردىن سېتىۋالغان بەردەڭگىلەر، قىلمىچلار ئىدى. ئۇلار يەنە ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئادىتىنى تاشلىماي، ئوقيا بىلەنمۇ ئوۋچىلىق قىلاتتى. ئوقىنى تېۋىلغىدىن ياسايتتى، ئۇچىغا مىس ئورنىتاتتى. ئاقيول شەيخ مەرگەن ئوۋچى ئىدى. تېۋىلغىدىن ياسىغان، ئۇچىغا مىس شەمشەر قالپىقى كىيگۈزگەن ئوقلىرى بىلەن جەرەنلەرنى كۆزىگە ئىلىنغان يەردىن نىك چۈشۈرەتتى.

ئوغۇللار كېلىپ ھەيران قالغىنىدىن ياقىلىرىنى تۇتتى ھەم دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى نېمە ئۈچۈن كىيگەن تېغىغا جورىغىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشتى. ئۇلار توغلۇق تۆمۈر گۈمبىزىنىڭ چىقىش يولى بىلەن گۈمبەزنىڭ ئۈستىنىڭ يا ئوقلىرى بىلەن تولغىنىنى كۆردى. گۈمبەزنىڭ ئۈستىدە يەنە بەردەڭگە بىلەن ئۇنىڭ دۈۋۈلەكلىك ئوقلىرىنى كۆردى. شام يېنىپ تۈگىگەنىدى. دادىسى قولىدا قەلەمتىرىشىنى تۇتقان ھالدا قىڭغىيىپ ياتاتتى. ئۇ يېنىك پۇشۇلدايتتى. چوڭ ئوغۇل يېنىك ھەرىكەت بىلەن دادىسىنىڭ قولىدىن قەلەمتىراشنى ئالدى، كىچىك ئوغۇل دادىسىنىڭ پەرىجىسىنى ئاستا يېپىپ قويدى، ئاندىن يا ئوقلىرىنى ئۆگزىگە ئاچىقىپ رەتلىك تىزىشقا باشلىدى.

## 4

ئاقيول شەيخ گۇمبۇرلىگەن قاتتىق ئاۋازدىن ئويغىنىپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆگزىگە چىقتى. گۇمبەزنىڭ چۆرىسى يالغۇز ئاياغ يول ئىدى. ئاقيول شەيخ شۇ يول بىلەن مېڭىپ گۇمبەزنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە ئۆتتى ۋە لېۋىنى چىشلىدى. ئوغۇللىرى قاتار تىزىلغان ئوقيا يېنىدا مۆكچىيىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئاقيول شەيخ كىچىك مازار تەرەپكە نەزەر تاشلىدى. كىچىك مازاردا قىيامەت بولۇۋاتاتتى. ياغاچ - تاش، كېسەك، توپىلار ئاسمانغا ئۇچاتتى. چاڭ - توزانلار تارقالغۇچە يەنە بىر يەردە بۇ ھال پەيدا بولاتتى. ئۆيلەر كۆيمەكتە، ئۆرۈلۈپ چۈشمەكتە. يېزا ئوت ئىچىدە يانماقتا ئىدى.

— يارەببىم، بۇ نېمە ئىشتۇ؟

ئاقيول شەيخ چۆچۈپ يېنىغا قارىدى، ئوغۇللىرى ئويغىنىپ قوللىرىنىڭ كەينى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ كىچىك مازار تەرەپكە قاراۋاتاتتى.

— چېرىكلەر يېزىنى توپقا ئۇتۇۋاتىدۇ. بۇ ۋەھشىيلەر ھەممە نەرسىنى يوقاتماقچى، — دېدى ئاقيول شەيخ زەردە بىلەن ۋە بىردىن ئېسىگە كەلگەندەك سورىدى، — سىلەر ماللارنى تاشلاپ نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭلار، مەن سىلەرنى ئالمىلىقتا تۇرۇڭلار دېمىگەنمىدىم؟

— دادا، ئۇ مالدىن سىز ئەلا، بىزگە مال - دۇنيا ئەمەس، دادا كېرەك، دادىمىزنى چېرىكلەرگە يالغۇز تاشلاپ بېرەلمەيمىز!

— بالىلىرىم، مەن كەينىڭلەردىن بارىمەن دېگەنىغۇ؟ ساقلىساڭلار بولمامدۇ؟

— يېرىم كېچىگىچە ساقلىدۇق، كەلمىدىڭىز، سىزدىن ئەنسىرەپ ئالىر سىزنى ئەكەتكىلى كەلدۇق.

— مەن ئۇخلاپ قاپتىمەن، — ئاقيول شەيخ خىجىل بولۇپ قالدى.
— ئەمسە بۇ ئوقلارنى نېمىگە ياسىدىڭىز؟
ئاقيول شەيخ خېلىغىچە ئۈندىمىدى. ئۇ چېرىكلەرنىڭ يېزىغا باستۇرۇپ كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىر:
— مەن پۇتكۈل تارىخىمىزنى، كىتابلارنى قوغدىشىم، ساقلىشىم كېرەك، مېنىڭ ئاتا - بوۋام مىڭ يىلدىن بېرى بۇلارنى ساقلاپ كەلگەن.
— بىزمۇ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ بۇ كىتابلارنى ئاسرايمىز، سىزنى چېلبۆرىلەرگە تاشلاپ بەرمەيمىز!
ئاقيول شەيخنىڭ كۆزى كىچىك مازار تەرەپتىن توپتوغرا ئۇزۇلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقان چېرىكلەرگە چۈشتى. ئۇ بەردەنگە يېنىغا كېلىپ ياتتى:
— بالىلىرىم، سىلەر گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ كېتىڭلار!
بالىلار يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ يۈرۈپ دادىسىنىڭ ئىككى بېقىنىدا ياتتى.

5

سەردار ۋە چېرىكلەر گۈل نەقىشلەر، ئايەتلەر بىلەن بېزەلگەن گۈمبەزگە يېقىنلىشىپ، بىردىن ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىشتى. بۇ گۈمبەز سەردارنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ سېھىرلىك، سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. يېنىغا بارايدېسە تۇغلۇق تۆمۈر ئالدىغا مىسران قىلىچىنى ئۇينىتىپ چىقىدىغاندەك بولاتتى - دە، قورقۇپ تىترەپ كېتەتتى. گۈمبەز ئىچىنى كۆرۈپ بېقىشقا شۇنچە ھەۋەس قىلسىمۇ، قورقىنىدىن ئىچىگە كىرەلمەي يىراقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇ تاپتا گۈمبەزدىن غايىبانە بىر نۇر چىقىپ ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋەتتى. بۇنى سەردار تۇغلۇق تۆمۈر دېگەن باتۇرنىڭ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن قارىشى دەپ چۈشىنىپ تېخىمۇ قورقۇنچ باستى. ئەسلىدە ئۇ باشقا نەرسە ئەمەس، قۇياشنىڭ ئەكس نۇرى ئىدى. قۇياش نۇرى ئاۋۋال مۇشۇ گۈمبەزگە چۈشەتتى، گۈمبەز ئىشىكىنىڭ چۆرىسىدىكى رەڭدار سىرلار بىلەن سىرلانغان ئايەت ۋە نەقىشلەرگە چۈشكەن قۇياش نۇرى پارقىراپ

ئەكس نۇر قايتۇراتتى. بۇنى پەرق ئېتەلمىگەن سەردار گۇمبەزگە يېقىنلىشىشتىن قورقۇپ تۇلۇڭ دېگەن سەركەردىگە ئەمىر قىلدى:

— بۇ گۇمبەزگە ھۇجۇم قىل، بىرمۇ چەنتۇنى تىرىك قويما!

تۇلۇڭ سەركەردە كەينىدە سەپ تارتىپ تۇرغان يۈز ئاتلىق قوشۇنغا قاراپ قىلىچىنى سوغاردى - دە:

— شا! — دەپ نەرە تارتتى.

تۇلۇڭنىڭ لەشكەرلىرى گۇمبەزگە بىر ئاز يېقىنلىشىۋىدى، ئۇشتۇمتۇت تۇلۇڭ سەركەردە ئاتتىن پۇلاڭلاپ يىقىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا كېلىۋاتقان چېرىكلەردىنمۇ بىر نەچچىسى ئۇچۇپ چۈشتى. گۇمبەزگە يېقىنلاشقانسېرى چېرىكلەرنىڭ يۈرىكىگە بىر خىل قورقۇنچ چۈشتى. چۈنكى ئالدىدىكى چېرىكلەر ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايلا جىمجىتلا يىقىلىۋاتاتتى. گۇمبەزدىكى تۇغلۇق تۆمۈر ئۇلارنى سېھىرلەپ ئۆلتۈرۈۋاتامدۇ نېمە؟ دېگەن ئوي ۋە قورقۇنچ ئۇلارنى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىشقا، كەينىگە قېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

بۇ ھالنى كۆرگەن سەردارنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ بارلىق چېرىكلىرىگە بۇيرۇق بەردى:

— بۇ سېھىرلىك گۇمبەزنى كۇمپەيكۇم قىلىڭلار!

چېرىكلەر قورقۇپ تۇرۇپ ئالغا سىلجىدى. لېكىن ئالدىدىكىلەر يىقىلىۋەرگەچكە، چېرىكلەر قورقىنىدىن كەينىگە داجىشقا باشلىدى. لېكىن، سەردار چېرىكلەرنى قىلىچىنىڭ كەينى بىلەن ئۇرۇپ گۇمبەزگە ھەيدەيتتى. سېھىرلىك گۇمبەز ئۇلاردىن قايسىسى يېقىنلاشسا شۇنى ئاتتىن ئۆچۈراتتى. بۇنداق ئۇچۇپ چۈشكەن چېرىكلەردىن سېھىرلىك گۇمبەز ئالدىدا يەنە بىر گۇمبەز پەيدا بولغاندا كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. سەردار بۇ قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ يانغان گۇمبەزدىكى يەنە بىر نۇرنى كۆردى - دە، ئېتىنى كەينىگە بۇراپ بولۇشىغا چاپتۇردى.

## 6

ئىككى ئوغۇل ئىككى يېنىدا تورۇپ دادىسىغا ئوقيا ئوقى سۇنۇپ بېرىپ تۇردى، ئاقيول شەيخ ئۆزمەي ئوق ئۈزدى. بۇ ئوقلار خاتاسىز ھالدا چېرىكلەرنىڭ مەيدە، قورساق، قوللىرىغا سانجىلاتتى. ئۇلارنى ئاتتىن ئۇچۇراتتى. مازارلىقلار ئۇنى بىكاردىن ـ بىكار «ئوقيا مەرگىنى» دەپ ئاتىمىغانىكەن.

چېرىكلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاقيول شەيخ خۇداغا ھەمدۇ سانا ئوقۇدى. باللىرى بىلەن تەيەممۇم قىلىپ ناماز شامنى ئوقۇدى، پېشىن، نامازدىگەر قازاسىنى ئۆتىدى. ئاندىن مانتىلارنى ئەكىلىپ قورسىقىنى تويغۇزدى. قالغان تېۋىلغىلار بىلەن ئوقيا ئوقى ياسىدى. چوڭ ئوغلىغا ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەتتى. ئۆيگە چۈشۈپ يەنە بىر ئوقيا بىلەن بىر كوزا سۇ ئاچىقتى. ئۇ ئەتىگەنلىككە بۇ ئوقيانى ئوغلى بىلەن بىرگە ئاتماقچى ئىدى. ئوغۇللار بولسا، پەسكە چۈشۈپ ئۆلگەن چېرىكلەرنىڭ ئىككى بەردەڭگىسىنى، ئوقلىرىنى يىغىپ چىقتى. ئوغۇللارمۇ جەڭ قىلماقچى. ئۇلار دادىسىدىن بەردەڭگىگە ئوق سېلىش، تەپكىنى بېسىش، قارىغا ئېلىشنى ئۆگەندى. ئاخىر ئۇلار كىتابلارنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، كىتابلارنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلاشتى.

ئاقيول شەيخ باللىرى بىلەن ئەتىسى چۈشكىچە ئوقيا بىلەنلا چېرىكلەرنى قايتۇردى. ئوتتۇرانچى ئوغۇل دادىسى بىلەن ئاكىسىغا ئوق سۇنۇپ تۇردى. چۈش ۋاقتىدا تېۋىلغا ئوقلار تۈگىدى، ئەمدى ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئۈچ بەردەڭگىگە ئوق سېلىپ بېرىش بىلەن بولدى، ئاتا ـ باللار ئۈچ بەردەڭگە بىلەن كەچ كىرگىچە چېرىكلەرنى يېقىن يولاتمىدى.

جەڭ ئۈچىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. ئاقيول شەيخنىڭ ئوقلىرى تۈگىمىدى، چېرىكلەر ئۆلۈپ تۈگىمىدى. ئاقيول شەيخ چېرىكلەرنى گۇمبەزگە يېقىن يولاتمىدى، لېكىن ئوزۇقى تۈگەپ قالدى. ئۇ بار ناننى ئىككى ئوغلىغا بېرىپ، ئۆزى ئاچ ھالدا جەڭ قىلدى، ئاچلىقتىن ھالسىزلاندى.

ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن دۈشمەن سەردارىنىڭ كاللىسىغا ناھايىتى يامان بىر ئوي كەلدى. ئۇ بۇ ئاسارەتىقىگە ئوت قويۇپ، چەنتۇلارنى

كۆيدۈرۈپ تۈگىتىشنى پىلانلاپ، چېرىكلەرنى ئوتۇن توشۇشقا سالدى ۋە ئوتۇنلارنى گۈمبەز ئەتراپىغا دۆۋىلەتكۈزدى. ئاقىۋول شەيخ دەرمانسىزلانغان بولسىمۇ چوڭ ئوغلى بىلەن ئوتۇن دۆۋىلەۋاتقان چېرىكلەرنى ئوققا تۇتتى. چېرىكلەر ئوتۇننى باغ قىلىپ هارۋىغا باستى. هارۋىنىڭ شوتىسى تەرەپكە قوم سېلىنغان تاغارنى قويدى. ئاندىن هارۋىنى ئىتتىرىپ بېرىپ گۈمبەز يېنىغا ئوتۇننى تاشلىدى - دە، قايتتى. ئۈچ هارۋىدا ئۈچ تەرەپتىن مۇشۇنداق ئوتۇن توشۇپ گۈمبەزنىڭ چۆرىسىگە نۇرغۇن ئوتۇن دۆۋىلىدى. ناماز شام ۋاقتىدا سەردار هەممە تەييارلىقنىڭ پۈتكىنىنى كۆرۈپ گۈمبەزگە ئۈچ تەرەپتىن ئوت يېقىشقا ئەمىر قىلدى. ئوت تۇتاشتى ۋە بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، كىچىك مازار يېزىسىدىكى ئوت يالقۇنىدىنمۇ هەيۋەت بىلەن ساماغا كۆتۈرۈلدى. ئاقىۋول شەيخ چېرىكلەرنىڭ هەممە ۋەھشىيلىكلەرنى قىلسىمۇ، بۇ ئۇلۇغ مازار گۈمبىزىگە ئوت ياقىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. بۇ گۈمبەزنى كۆيدۈرسە چىن خانىدانلىقىنىڭ غەربىي دىياردىكى بىر چوڭ تارىخ، مەدەنىيەت يوقىلاتتى. بۇنىڭغا جىياڭجۈن يول قويماس ئىدى. ئەمما سەردار نادانلىق بىلەن بۇ تارىخنى يوقاتماقچى. ئاقىۋول شەيخ ئوت ئىككىنچى قەۋەتكە كىرەلمەس. دېگەن ئۈمىد بىلەن بالىلىرىنى باشلاپ كىتابلار يېنىغا كىرىۋالدى. ئەمما بۇ يەر تونۇردەك قىزىپ كەتكەن، ھەتتا ئەڭ ئۈستىدىكى ئېسىل كىتابمۇ بۇ قىزىقتىن سارغىيىشقا باشلىغانىدى. يەنە بىر ئازلا تۇرسا كىتابلار ئوت ئالاتتى. ئاقىۋول شەيخ كىتابنى قويىنىغا تىقتى. ئوغۇللار كىتابلار دۆۋىسىنى بەدىنى بىلەن يېپىپ ئوت تۇتۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئەمدى ئوت كىتابلارغا تۇتىشىش ئۈچۈن ئاقىۋول شەيخنى، ئوغۇللارنى كۆيدۈرۈشى كېرەك. ئاندىن كىتابلار كۆيىدۇ. ئاقىۋول شەيخ بارغانسېرى قىزىۋاتقان ئوت تەپتىدىن كاۋاپ بولۇشقا باشلىدى، تەردىن هۆل بولغان كىيىملىرىمۇ قۇرۇپ. ئوت تەپتىدىن سارغىيىشقا باشلىدى. يەنە بىر ئازدىن كېيىن كىيىملىرىنىڭ ئوت ئالىدىغىنىنى چۈشەنگەن ئاقىۋول شەيخ: «بىزگە كەلگەن بالا - قازا مۇشۇ ئوخشايدۇ. ئەقىدىرىمىز بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىدا كۆيۈش ئوخشايدۇ. ئەي

پەرۋەردىگارىم، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن!» دەپ تىلاۋەت قىلدى.
ئەڭ دەھشەتلىك دەقىقىلەر باشلاندى، ئاۋۋال ئاقىيول شەيخنىڭ كىيىمى بىراقلا ئوت ئالدى. ئۇ سۈرە ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ تەڭ ئوقۇشتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى سۇسلاشتى. ئوت ئىچىدە ئاقىيول شەيخنىڭ ئاخىرقى نىداسى ئاڭلاندى.

— ئەي پەرۋەردىگارىم، پەرزەنتلىرىم پاك. — ئۇنىڭ ئاۋازى سۇسلاپ ئۈزۈك - ئۈزۈك چىقاتتى، — سېنىڭ يېقىن مۆ - مۆ - مىن - بەندىلىرىڭ!

ئوت رەھىمسىزلەرچە يالماپ، پاك بەدەنلەرنى كۆيدۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن كىتابلارغا ئۆتتى ۋە ئۇلارنى بىردەمدىلا يالماپ يۇتۇۋەتتى... ئەمما گۈمبەزنىڭ قاتتىق كۆك خىشلىرى، چىرايلىق نەقىشلىرى ۋە ئايەتلىرىنى كۆيدۈرەلمىدى...

چېركىلەر سەردارى تۇغلۇق تۆمۈر گۈمبىزىنىڭ قىپقىزىل چوغ بولۇپ كۆيۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ كۈلمەكتە. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ئۆزىگە سۈرلۈك تۇيۇلۇپ، دائىم ۋەھىمە سېلىپ كەلگەن بۇ ھەيۋەتلىك گۈمبەزدىكى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىش نىيىتىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىغا كۈلەتتى. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈۋاتقىنى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مازىرىنى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئاسراپ كېلىۋاتقان ھايات يېڭى تۇغلۇق تۆمۈر ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى ھەم بىلەلمەي قالدى. بۇ يېڭى تۇغلۇق تۆمۈر ئاقىيول شەيخ ئىدى. ھازىر بۇ گۈمبەز ئەمەس، بەلكى قىزىغان تونۇر بولدى. ئۇ يەردىن چاراسلاپ ئېتىلىپ چىققان يالقۇن چېركىلەرنىڭ كىيىمىگە يېپىشىپ ئۇلارنى چىرقىراتماقتا. سەردارنىڭ بىردىن كۈلكىسى توختىدى، قىيسىق كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلدى، چىرايىدا قان قالمىدى، پۈتۈن بەدىنىدىن تەر ئېقىپ چىقتى، قول - پۇتلىرى تىترىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە كۆيۈۋاتقان ئاقىيول شەيخ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى گۈمبەز ئۈستىدە كۆرۈنگەن، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى غەلىتە بولۇپ كەتكەنىدى...

## 7

ئەلا پالۋان يۈزلۈك ئاتلىق لەشكەر بىلەن كىچىك مازارغا كېلىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى تۈرۈلگەن، كۆزلىرى ئالايغانىدى. كىچىك مازار تۇپراق بېشى جىم. ئۇ يەر - بۇ يەردە ئىس - تۈتەك چىقىپ تۇرغاندىن باشقا، نە ئادەم، نە هايۋان، هەتتا ئۆلارنىڭ جەسەتتىمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەتلا ئۆرۈلگەن ئۆيلەرنىڭ قالدۇق تاملىرى ئۇ يەر - بۇ يەردە كۆرۈنەتتى. «هىم، كېچىكىپتىمەن» دەپ پىچىرلىدى ئۇ. ناسىر ئەلەم ئىسرائىل شەيخنىڭ ياردەم سورىغان مەكتۇپىنى ئېلىپلا ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگكە كۆرسەتكەن، ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئەمرى بىلەن ئەلا پالۋان يۈز يىگىتنى تاللاپ، پىلچى، سېرىقبۇلاق، ئاقسۇ يېزىلىرىنىڭ تاغ تەرىپى بىلەن بىر كېچە - كۈندۈز يۈرۈش قىلغانىدى، كەلسە هېچكىم يوق. «مازارلىقلار نەگە كەتكەندۇ؟» لەشكەرلەرگە دەم بەرگەن ئەلا پالۋان چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئويلاندى. ئۇنىڭ ئويىنى جېسەكچىنىڭ ئاۋازى بۆلدى:

— ئەلا پالۋان، گۇمبەزدە ئوت كۆرۈندى!

ئەلا پالۋان چىنىنى قويۇپ، جېسەكچى كۆرسەتكەن ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ گۇمبەزدىكى يانغىننى كۆردى. ئۇ جېسەكچىگە:

— لەشكەرلەرگە خەۋەر قىل. ئاتلانسۇن! — دەپ ئەمىر قىلدى.

ئەلا پالۋان لەشكىرى بىلەن گۇمبەزگە كەلگەندە ئاقيول شەيخ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، ناسىر ئەلەم تاپىلغان كىتابلار كۆيۈپ تۈزۈپ بولغانىدى.

— ئاپلا، كېچىكىپتىمەن! — دېدى پالۋان ئىككىنچى قېتىم.

ئۇ چېرىكلەرنىڭ گۇمبەزنىڭ كۆيۈشىنى تاماشا قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى:

— يىگىتلەر، جاللاتلارنى چېپىڭلار!

ئاتلار تاراسلاپ ئوت يالقۇنىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەلدى.

بۇ چاغدا كۆلۈۋاتقان سەردارغا ئەلا پالۋاننىڭ لەشكەرلىرى تۇغلۇق تۇمۇرنىڭ لەشكەرلىرى بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ ئۇلارنى كۆرۈپ: «ۋايجان، قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلاپ ئاتنىڭ بېشىنى بۇرىدى ۋە شۇ ھامان زەرب بىلەن تەگكەن قىلىچتىن تىك موللاق چۈشتى. ئۈركىگەن ئات پۇتلىرى ئۈزەڭگىدە قالغان سەردارنى ئېلىپ قاچتى. باش ۋە ساڭگىلاپ قالغان قوللىرى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ مىجىقى چىقىپ كەتتى.

## 8

ئىسرائىل شەيخ ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى تاغ ئىچى بىلەن غۇلجىغا كەلدى. ئەلا پالۋان چېرىكلەرنى قىرىپ تاشلاپ، سۈيدۈڭدە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، ئاندىن غۇلجىغا كەلدى.

ئىسرائىل شەيخ ئوردا ئالدىغا كېلىپ ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشمەك بولدى. جىبەكچى:

— ھازىر كېڭەش بولۇۋاتىدۇ، كىرىشكە بولمايدۇ، — دېدى.

ئىسرائىل شەيخ كۈتۈپ تۇردى. دىگەر ۋاقتىدا ئەلا پالۋان يىگىتلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ ئىسرائىل شەيخنى ئوردىغا باشلاپ كىردى. بۇ چاغدا كېڭەش تۈگىگەنىدى. مەزەمزات، ناسىر ئەلەم، ئابدۇرۇسۇل بەگلەر نامازدىگەرنى ئۆتەۋاتاتتى. ئىسرائىل، ئەلا پالۋانلارمۇ ناماز ئوقۇدى. دىگەر ئوقۇلۇپ بولۇشىغا ئىسرائىل شەيخ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپ سالام بەردى.

— خوش، خىزمەت؟ — دەپ سورىدى مەزەمزات.

ئىسرائىل شەيخ جاۋاب بېرىشكە ئېغىز ئېچىشىغا:

— بىزنىڭ شەيخىمىز ئىسرائىلغۇ بۇ، — دەپ ناسىر ئەلەم ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى.

بۇ كۆرۈشۈش ئولتۇرغانلارنىمۇ قوزغىۋەتتى. ئۇلارمۇ كېلىپ كۆرۈشتى. ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ سورىدى:

ئادەملىرى قېنى، مېنىڭ مەكتۇپىمنى ئالدىلىمۇ؟

— ئالدىم. ئىككى مازار ئادەملىرىمۇ تولۇق قوراللىنىپ كەلدى. بۇلار بىلەن بىللە چاڭ جياڭجۇننىڭ ئىككى مازار خەلقىنى قىرىپ تاشلاش ھەققىدىكى يارلىقىنىمۇ ئەكەلدىم.

— ئەمىرلەشكەر، پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرەلمىدىم. مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دېدى ئەلا پالۋان تىزلىنىپ تۇرۇپ.

— زادى نېمە ئىش يۈز بەردى، قېنى تەرتىپلىك سۆزلەڭلارچۇ؟ — دېدى جىددىيلەشكەن ئابدۇرۇسۇل بەگ.

ئاۋۋال ئىسرائىل شەيخ، ئاندىن ئەلا پالۋان مازار يېزىسىدىكى كەسكىن جەڭ ۋە گۇمبەزدىكى ئوت ۋەقەسىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. ئاقيول شەيخ بىلەن ئىككى ئوغلىنىڭ باتۇرانە ئېلىشقىنىنى، ئاخىردا كىتابلار بىلەن بىللە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ ناسىر ئەلەم يىغان چەكتى:

— ئاھ! ئاقيول شەيخ. ئاھ كىتابلار! ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى كۈل بوپتۇ! نەچچە ئۆمۈرلۈك ئەمگىكىمىز كۈل بوپتۇ! ۋاي ئىست، ئىست!

ناسىر ئەلەمنىڭ كۆزلىرىدە ياش پارلىدى. بەلكىم بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆز يېشىدۇر.

چاچ-ساقىلى قاشلىرىغىچە ئاپئاق ئاقارغان بۇ ئالىمنىڭ كۆزىدىن ياش چىقمىقى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئوردىدا سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغان سالىش ئىمام بىلەن شەمسىدىن خەلپەم كۆيۈپ كۈل بولغان بۇ تارىخنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزىپ چىقىشقا ئەھدە قىلدى.

# بەشىنچى باب

## گۈزەل ئاغىچا

*قىزلىرى كەشتە توقۇر ئۆيىدە يېتىپ،*
*ئوغۇللىرى ئوقىيا ئاتۇر ئاتقا مىنىپ.*
**— خەلق قوشىقى**

### 1

ئوبۇل ئەلامۇ، گۈزەل ئاغىچىمۇ تەڭلا يېتىم قالدى. بولۇپمۇ ئوبۇل ئەلا قارا يېتىم بولۇپ قالدى. ئۇنى ئىبراھىم يۈزبېگىنىڭ شىرەم تۇغقىنى. قادىر يۈزبىلىك شەمسىدىن خەلپەم ئۆز ھىمايىسىغا ئالدى ۋە ئوقۇتۇپ بىلىم بېرىشكە باشلىدى. ئەلانىڭ كىچىككىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان تام قوشنىسى گۈزەل ئاغىچىنى ھەر كۈنى كۆرگۈسى كېلەتتى. مەھەللىسىگە ئۆچۈپ دېگۈدەك بارغۇسى كېلەتتى. شەمسىدىن خەلپەم بىلەن بوۋى ئۇنى ئۆز بالىسىدىنمۇ چارە ئوبدان كۈتكەچكە بىر يىلغىچە چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمىدى. ئاتا دېگەن مىڭ قىلغان بىلەن ئاتا — دە. ئىبراھىم ئەلانى يالغۇز ئوغلۇم دەپ، ئۇ نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرەتتى. تا ئۇ ئۇخلاپ قالغۇچە «چىن تۆمۈر باتۇر»، «خېمىر باتۇر» دېگەندەك چۆچەك ۋە رىۋايەتلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. مىڭ غالداي ئىبراھىم يۈز بېگىنى ۋاڭ خولۇ ئالۋۇنىغا بارغان يېزىلىقلىرىڭغا باش بول دەپ زورلىغاندىمۇ، ئوغلۇم قارانچۇقسىز قالىدۇ، دەپ بارمىغان ۋە قامچا ئاستىدا مەجبۇرىي بارغانىدى. ئۇ ئەلانى توختاخۇننىڭ خوتۇنىغا تاپشۇرۇپ ئوبدان قاراپ قويۇڭلار دەپ

يېلىنغان، گۈزەل ئاغىچىنىڭ دادىسى توختاخۇننى دەرياغا تاشلىمىسۇن دەپ ئىسمىنى «توختى ئەمەس، توخولا» دەپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. ئۇ ئالۋاندا يۈرگەندە، ھەر جۈمە كۈنى ئۆيىگە كېلىپ ئەلانى كۆرۈپ كېتەتتى، شۇڭا ئەلا شەمسىدىن خەلپەم بىلەن بۇۋىسىنىڭ شۇنچە مېھرىبانلىقىنى دادىسىغا ئوخشىتالمايتتى. ئورما باشلانغاندا، شەمسىدىن خەلپەم ئادىتى بويىچە شاگىرتلىرىنى دەم ئېلىشقا قويۇۋېتەتتى. شەمسىدىن خەلپەمنىڭ ئۆزى پەرۋىش قىلىدىغان بېغىدىن باشقا دېھقانچىلىقى يوق ئىدى. ئەلا بىر كۈنى خەلپەمدىن ئىجازەت سورىدى:

— ھۆرمەتلىك خەلپە دادا، ماڭا بىر نەچچە كۈنلۈك ئىجازەت بەرسىلىكەن، دادام تولا چۈشۈمگە كىرىپ كۆڭلۈم پەرىشان بولۇۋاتىدۇ، تۇپراق بېشىغا بېرىپ قۇرئان ئوقۇپ كەلسەم.

— بارغىن بالام، — دېدى شەمسىدىن خەلپەم. — بۇ ساۋابلىق ئىش!

چاشكا ۋاقتى بولغىنىغا قارىماي ئەلا بۇۋىم تەييارلاپ بەرگەن نان - توقاچ ۋە ئۆزى باغدىن تاللاپ تۈرۈپ ئۈزۈۋالغان ئالمىلار بىلەن خۇرجۇنىنىڭ ئىككى بېشىنى توشقۇزدى، ئاق بوز غونان تېپىنى ئېگەرلىدى، خۇرجۇننى غانجۇغىلىدى، ئاندىن خۇشال ھالدا تايغا مىنىپ، «نەدە سەن گۈزەل ئاغىچا» دەپ يولغا چىقتى. ئۇ ئون نەچچە چاقىرىم مېڭىپ مەھەللىسىنىڭ غەربىدىكى بۈك قارىياغاچلىق مازارغا يېتىپ كېلىپ تاينى بىر قارىياغاچقا باغلاپ قويدى - دە، دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا كېلىپ قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلدى.

ئۇ تۇپراق بېشىدىن چىقىپ تۈپتوغرا توختاخۇننىڭ قورۇسىغا كەلدى. تايدىن چۈشۈپ قورۇنى ئاچتى. تاينى موما ياغاچقا باغلاپ خۇرجۇننى ئالدى. ھويلا مازاردەك جىمجىت ئىدى، ھەتتا چىۋىننىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئۇ ھاڭ - تاڭ بولغان، يۈرىكى سىقىلغان ھالدا ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. بىر ھازاغىچە گۈزەل ئاغىچىنى چاقىرىشقا تىلى بارمىدى. ئاخىر:

— گۈزەل، گۈزەل ئاغىچا؟ — دەپ ئاستا تۈۋلىدى.

ئۆيدىن ھېچ سادا چىقمىدى. ئۇ ۋارقىراپ ئاڭلىتالماي ھەيران قالدى،

ئۆيدە ئادەم بارمۇ - يوق، دېگەن گۇمان بىلەن ماي سۈركەپ چاپلىغان سامان قەغەزلىك پەنجىرە يېنىغا كېلىپ پەنجىرىدىن قارىدى. قارىدى - دە، چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئۆيدىن ئەلا دادىسى بىلەن ئۇۋغا چىققان چاغلىرىدا كۆرگەن تۈلكىلەرنىڭ ئۇۋىسى ياخشىراق ئىدى. ئۇنداق ئۇۋىلاردا تەبىئەت ئاتا قىلغان ساپ ھاۋا، ياپيېشىللىق ۋە گۈللۈك بار ئىدى. ئەمما ھازىر دوستى گۈزەل ئاغىچىنىڭ ئۆيىچۇ؟ بۇ خانىۋەيران ئۆي شۇنچىلىك زەي ھەم قاراڭغۇ ئىدىكى، يەردە چىرىپ كەتكەن بورا، بورا ئوچاقنىڭ تۆپىسىدە بىر چۆچەك. پوچۇق ھېجىر توپا بېسىپ تۇراتتى. قۇلىقى سۇنغان بىر قۇم قازان بورا ئوچاققا ئېسىلغان، ئوچاقنىڭ ئالدىدا بىر قۇم چۈگۈن غېرىبسىنىپ ياتاتتى. بىر دۆۋە مەنگەن ئۈستىدە ئوررۇقلۇقىدىن ئىسكىلىت بولۇپ قالغان، ئون نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن شاھتاۋار كۆڭلەك كىيگەن بىر ئايال ئىككى قولىنى ئېڭىكىگە تىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز نەملىشىپ كەتكەن تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئەلا ئۇنى ئاران تونۇيالىدى، بۇ قىزنىڭ يۈزى تاتارغان، جۇدەڭگۈ ئىدى، ئۇچىسىدا رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن، نەچچە يېرىگە ياماق سېلىنغان شاھتاۋار كۆڭلەك بار ئىدى، كۆڭلەكنىڭ يىرتىقىدىن ئاپئاق ئىككى مۈرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نۇرسىز كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى. ئەلانىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. «ئاھ خۇدا، ئەرلەرغۇ بۇنداق ئېچىنىشلىق كۈنگە چىدار، مۇنۇ بىچارە ئانا، بولۇپمۇ مۇنۇ بىچارە قىز قانداقمۇ چىدىغاندۇ. بۇ قىز تېخى سەبىي بالىغۇ؟ بىزدەك سەبىيلەرنىڭ بۇنداق ئېغىر كۈنگە قالغۇدەك نېمە گۇناھىمىز بار؟ — دەپ نالە قىلدى ۋە ئىچ - ئىچىدىن تىترەپ كەتتى، — ئېھ بىچارە ئوماق قىز. سەن بىر يىلدىلا مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدىڭمۇ؟» دەپ شىۋىرلىغان پېتى ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى ۋە قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى، كۆزىدىن لۆم - لۆم ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ:

— گۈزەل ئاغىچا، نېمە بولۇپ كەتكەنسىلەر، بۇ نېمە كۈن سىلەرگە، — دېدى.

قىز ئەلاغا لاپپىدە قاراپ ئۇنى تونۇدى ۋە ئاغزىنى ئۇمچەيتتى، ئۆزرۈن

كىرپىكلىرى بىلەن ياشقا تولغان كۆزىنى ياپتى. ئەلانىڭ يۈرىكى ئاغدى. ئۇ قىزدىن جاۋاب ئالالماي، ئىچكىنى تىرەپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، تىزلاندى ۋە ئانىنىڭ ئورۇق قوللىرىنى تۇتۇپ:

ــ گۈلشەن ئاپا، نادىر ئاكام قېنى؟ ــ دەپ سورىدى.

ئۇ ناھايىتى سۇس، زەئىپ، ئەمما غەزەپلەنگەن ھالدا ئارانلا جاۋاب بەردى:

ــ ۋاڭ خۇلۇ دېگەن ئادەم يەيدىغان ئەجدىھادا ! راست گەپنى قىلسام، ئىككى كۈندىن بېرى قازان ئاسالمىدۇق. ئاخىرقى يېرىم ناننى ئاخشام يەپ بولدۇق. ئەتىگەننىڭ ياقى مىجەزىم يوق، سىرتقا چىقالمىدىم.

ــ ھە راست، گۈلشەن ئاپا، مەھەللىدە ئادەملەر كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ــ بالام، دېسەم گەپ تولا. ھاشاغا ھەيدەلگەنلەر ھاشادا. قالغانلار ئورۇق ـ تۇلۇك ئىزدەپ باشقا يۇرتلارغا كەتتى.

ــ ئۇلار ئەمدى كەلمەسمۇ؟ ــ دېدى ئەلا گۈزەل ئاغىچىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ.

ــ بۇغدايلارمۇ سېرىق تال بولۇپ قالدى، كېپ قالار دەيمەن.

«ئاھ ۋاڭ خۇلۇ، ۋاڭ خۇلۇ! سەن سانسىز بىچارىلەرنى يالماپ كەتتىڭ. گۈزەل ئاغىچىدەك، گۈلشەن ئانىدەك سانسىز ئانا ـ باللارنى يېتىم قىلدىڭ، ئېغىر كۈنلەرگە مەھكۇم قىلدىڭ. سەن نېمانچە رەھىمسىز، نېمانچە ياۋۇز!»

ئەلا شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، قىزنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويغان خۇرجۇننى ئاچتى ۋە خۇرجۇننى داستىخان قىلىپ گۈلشەن ئانىنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇۋۇم بەرگەن سۇنلۇك توقاچلارنى، سارىم ئالمىلارنى ئوتتۇرىغا تۆكتى. توقاچنى ئۇشتۇپ قويدى. گۈلشەن ئانا بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئىككى ئالىقىنىنى ئىچكىدىن چۇشۇردى، ئۇشتۇغان توقاچنى ئېلىپ ئاغزىغا ئاپاردى. ئەلانىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ گۈلشەن ئانىنىڭ گېلىغا نان تۇرۇپ قالغىنىنى بىلىپ بىر تال سارىم ئالمىنى تەڭلىدى. ئانا ئالمىنى يەپ بولۇپ راھەتلىنىپ كۈلۈمسىرىدى:

— بالام سەن كېلىپ بىزنى ئاچلىق غېمىدىن خالاس قىلدىڭ، — ئۇ ئاۋۋال ئەلاغا، ئاندىن گۈزەلگە قاراپ، — گۈزەل، داستىخانغا كەل، ئەلا ساڭا مايلىق توقاچ ئەكەپتۇ، پاھ، پاھ، نېمىدېگەن تاتلىق. ھەجەب يامان ۋاقتىدا كېپقالدىڭ، ئالدىڭغا داستىخان سالالمىدۇق. بوپتۇ، ئەلا سەن دېگەن ئۆز بالامغۇ — دېدى.

بۇ چاغدا قىزنىڭ يۇمۇقلۇق كۆزىدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ غۇنچە لەۋلىرىدىن ئاغزىغا كىرمەكتە ئىدى. ئەلا بىر پارچە نان بىلەن بىر جۈپ ئالمىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، قىزنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزدى. قىز نومۇس قىلدىمۇ ياكى كۆرمىدىمۇ، مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى. ئەلا كۆزلىرىدىن لۆم - لۆم ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ يېلىندى:

— گۈزەل، يېگىن، سادىغاڭ كېتەي يېگىن. ئاتايىن سىلەرگە ئەكەلدىم! — قىز يەنىلا يېمىدى. ئەلانىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇشقا چىدامى يەتمىدى. ئۇ ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسى جىرىلداپ قاتتىق نىدا قىلدى: «ئېھ ياشلىق، ئېھ ساغلاملىق! ئاچلىق - ئازاب سېنىڭ ئىززىتىڭ، نازۇك دىلىڭنى نابۇت قىلالمايدۇ. بەلكى نومۇسچان، پاكلىقتىن ئىبارەت ئادەمنىڭ قەلبىنى ئاسرايدىغان بۇ پەزىلەت مەڭگۈ ساقلىنىدۇ! ئاھ بەختسىز گۈزەل، ئاپاڭ بىلەن مۇشۇنداق تەقدىرگە يولۇقۇپسەن!»

ئەلا ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئۇ كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستىدىن خەۋەر ئالالمىغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى: «دەردىنى ئېيتقۇدەك بىرەر كىشىسى يوق بىچارە مەزلۇملارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، خەلپەمنىڭ ئۆيدە بەخىرامان يۈرگىنىم نېمىسى؟ گۈزەل ئاغىچا بىلەن قەلبىم بىر ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئانىلىق مېھرى مېنىڭ قەلبىمگە سىڭگەنىدىغۇ؟ راست، ئۇلارنى ئۇنتۇمىدىم. كۆڭلىدە ئەسلەپ تۇردۇم. ئەمما ئەسلەشلا كۇپايە قىلمايدۇ - دە. ئەسلەش بىر گەپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش باشقا گەپ! بىز بىر مەھەللىلىك، قوشنىلا ئەمەس، بەلكى قېرىنداش، دوست ئەمەسمىدۇق؟»

ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئەيىبلەپ ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەپ توختىمايتتى: «مەن سىلەر دەرد - ئەلەمدە قالغاندا نېمىشقا قارىشالمىدىم؟ نېمىشقا ياردەمدە بولالمىدىم؟ نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە ئۈچۈن؟ راست، گۈلشەن ئاپام بايا ۋاڭ خۇلۇ، دېدىغۇ؟! توغرا، ھەممىنى قىلغان ئاشۇ ۋاڭ خۇلۇ ئالۋىنى! ئۇ بىزنى ئاتىمىزدىن، ئاكىمىزدىن ئايرىدى، ئاچ قويدى، يالىڭاچ قويدى، بىزنى ئاياغ - ئاستى قىلدى.» ئۇنىڭ ئېسىگە ئىختىيارسىز دادىسىنىڭ ناخشىسى كەلدى:

ياز بولسا قىلار غەمكىن
ۋاڭ خۇلۇنىڭ ئالۋىنى.
ھاشارلارغا باش بولغان
زالىملارنىڭ يامىنى.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا
چوڭ كۆرەنى سوقماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر
ھاشا بىلەن توسماقچى.

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ تولىمۇ تونۇش، تولىمۇ زەئىپ بىر ئاۋازنىڭ ناخشىغا جور بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىدى. گۈزەل ئاغىچا مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلمەكتە ئىدى:

دەريانىڭ سۈيى تاشسا
توختى ئاتلىقنى تاشلايدۇ.
بۇ ھالنى كۆرۈپ ھاشا
خۇدايىمغا يىغلايدۇ.

گۈزەل ئاغىچىنىڭ ناخشىسىغا ئەلا قوشۇلدى:

ئالۋان - سىلىق بەك تولا
بىرەي دىسەم ئىشىم يوق.
بۇ سىلىقنى بەرمىسەم
تىرىكلىكتە بىشىم يوق.

ئەتىسى ئۇلار گۈلشەن ئانىنىڭ بۇغدىيىنىڭ پىشىپ قالغان پاسىللىرىنى ئورۇۋېتىپمۇ بۇ ناخشىنى ئېيتىشتى. ناخشا گۈزەل ئاغىچىغا قايتا هايات بەردى. ئەلا كەلمىگىنىدە، مۇڭلۇق ناخشا ئېيتمىغىنىدا ئۇ شۇ ئولتۇرغىنىچە ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.
هەپتىدىن كېيىن ئەلا ساۋاقداشلىرىنى يىغىپ كېلىپ ئورما ئورغان، خامان تەپكەندىمۇ بۇ ناخشىنى ئېيتىشتى.
ئەلا گۈزەل ئاغىچىنىڭ ئاكىسىنىڭ هاشاردا ئىككەنلىكىنى بىلگەچكە هەممە ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، ئوقۇش باشلانغۇچە گۈزەل ئاغىچىلارنىڭ هوسۇلىنى يىغدى، ئەمما ئالغان هوسۇلى ئاران يىگىرمە بىر خو چىقتى. بۇ پاراق تاپشۇرۇشقىمۇ يەتمىدى، يەنە ئون بىر خو بۇغداي كەم ئىدى. ئەلانىڭ يىلىنىشى بىلەن شەمسىدىن خەلپەم چوڭلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ، قالغان ئون بىر خو پاراقنى ئالماس قىلدى ۋە بۇ ئالىم گۈلشەن ئانا بىلەن گۈزەل ئاغىچىنى ئۆز قوروسىغا كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ بىر ئېغىز ئۆيىنى بوشىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئەلانىڭ كۆڭلى تىنىپ گۈزەل ئاغىچا بىلەن بىللە ئوقۇشقا باشلىدى.

## 2

گۈزەل ئاغىچا ئاخشام تاغىسى هاجى ئەكبەرنىڭ گۈلشەن ئانا، نادىرلار بىلەن مەسلىهەتىنى بىر قىلىپ توققۇزتاراغا كۆچمەكچى بولغىنىنى

ئاڭلىدى. سەبىي يۈرەك بىئاراملىق بىلەن سوقۇپ ئۇنى كېچىچە ئۇخلاتمىدى. ئۇنىڭ ئەلا بىلەن كۈندە بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ، بىللە ساۋاق ئېلىۋاتقان بۇ ئىللىق ماكاندىن كەتكۈسى يوق ئىدى. ئۇ يات يۇرتتا خارلىنارمۇ، ئەلادىن بىراقلا ئايرىلىپ چىدارمۇ؟ بۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالى نەرسىلەرگە ئەقلى يەتكۈدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تاڭ ئاتقان ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئاستا تالاغا چىقتى، ئەلا ياتقان ئۆي تەرەپكە قارىدى ۋە بىردىن چۆگۈن كۆتۈرۈپ باغدىن چىقىۋاتقان ئەلانى كۆرۈپ قالدى. ئارىلىقى شۇنداق يېقىن بولسىمۇ، ئىزا تارتىپ ئۇنى چاقىرالمىدى. لېكىن چاقىرمىسىمۇ بولمايتتى، ناشتىدىن كېيىن ئاپىسى بىلەن ئاكىسى كىچىك دادىسىنىڭ يۇرتىغا ماڭاتتى. ئۇ يۆتىلىپ قويدى، ئەلا بۇرۇلۇپ گۈزەل ئاغىچىنى كۆردى ۋە ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. گۈزەل ئاغىچا ئۇنىڭ ۆڭلىكىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ پىنھان يەرگە باشلىدى. ھەيران بولغان ئەلا ۋزدەك ئەگەشتى. گۈزەل ئاغىچا:

— بىز بۈگۈن مەڭگۈلۈك ئايرىلىدىغان ئوخشايمىز ! — دەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار يامغۇردەك تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— گۈزىلىم، ئاغىچام، بۇ نېمە دېگىنىڭ، زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟

— بىزنى كىچىك دادام توققۇزتارا دېگەن يەرگە كۆچۈرۈپ كېتىدىغان بولدى. مەن قانداق قىلىمەن، سەن بىز بىلەن كېتەرسەنمۇ؟

بۇ ئۇشتۇمتۇت خەۋەردىن ئەلانىڭ يۈرىكى جىغىلدا قىلىپ قالدى. ئۇ گۈزەلنىڭ ئۇششاق، نازۇك قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— كەتمىسەڭلار بولمامدىكەن؟ — دېيەلىدى.

— ئاكام، بۇ يىل ئاشلىق چىقمىدى، تۇرخانىغا تاپشۇرغۇدەك پاراقمۇ يوق، شۇڭا بۇ يەردىن كېتەيلى، دېيىشتى.

— ئاشلىق چىقمىسا پاراق ئالماس.

— بىلمىدىم.

— كەتمەيمىز دېگىن، مەن خەلپە دادامغا دەيمەن.

— مېنىڭ زادى كەتكۈم يوق، — دەپ گۈزەل يەرگە قارىدى.

— مەن خەلپە دادامغا دەيمەن ! — ئەلا شۇنداق دېدى-دە، ئۆتتىك كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيۈقلار كىتاب بىلەن تولغان ئۆيگە كىردى. قېلىن بىر كىتابنى ئېچىپ قويۇپ ئولتۇرغان چار ساقال، يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان كىشى كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ۋە ھېچقاچان بۇ ئۆيگە بىسوراق كىرمەيدىغان ئەلاغا ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۇنىڭ ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىغا، تۇرۇلۇپ كەتكەن قاپىقىغا، ئۆچلىنىپ كەتكەن تومشۇقىغا قاراپ، بىرەر ئىش بولغان بولسا كېرەك، دەپ سورىدى:

— كەل بالام، نېمە بولدۇڭ، بىرەر ئىش بولدىمۇ، چىرايىڭ سۇنۇقلىغۇ؟!

ئەلا يەرگە قارىغىنىچە تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— خەلپە دادا، گۈزەل ئاغىچا توقۇزتاراغا كېتىمىزكەن، دەيدۇ. ئۇنداق يەرگە بېرىپ نېمە قىلىمىز، سىلى ئۇنى ئېلىپ قالسىلىكەن!

شەمسىدىن خەلپەم ئەلاغا مېھرى بىلەن قارىدى، بىر ئاز ئويلاندى، ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— نادىرلارنىڭ كەتكىنى توغرا. ئۇنى ۋاڭ خولۇ ئالۋۇنىدىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلدۇرۇپ قالغانتۇق. بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولۇپ ئاشلىق چىقمىدى، پاراق تاپشۇرالمىدى. ئەگەر ئۇ كەتمىسە غالدايلار پاراق تاپشۇرمىدىڭ دەپ زىندانغا تاشلايدۇ.

— ئاشلىق چىقمىسىمۇ پاراق تاپشۇرامدۇ؟

— بالام، سەن تېخى كىچىك، بۇ ئامبال، دالۇي، غالدايلارنىڭ زامانى. ئۇرانزىپ گۇڭ ۋاقتىدا ھەر بىر دېھقان سەككىز خو پاراق تاپشۇراتتى، خالزاتخان زامانىسىدا ئون ئالتە خو تاپشۇرىدىغان بولدى، مەزمزات ھېكىم زامانىغا كەلگەندە ئوتتۇز ئىككى خو تاپشۇرىدىغان بولدى. مەيلى ئاشلىق چىقسۇن، چىقمىسۇن، پاراقنى تاپشۇرمىغان دېھقان جازالىنىدۇ.

— خەلپە دادا، مۇنداق بولسا قانداقمۇ ياشىغىلى بولسۇن، بۈگۈن نادىركاملار كەتسە، ئەتە يەنە بىرى كەتسە يېزىمىز نېمە بولىدۇ، بىزگە ئىگە بولغۇدەك ئادەم يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلا.

شەمسىدىن خەلپەم شاگىرتىنىڭ بۇ ئاقىلانە گەپلىرىدىن خۇرسەن بولدى ۋە بۇ شاگىرتىنىڭ دىلىنى تېخىمۇ ئېچىپ قويۇشنى لازىم تېپىپ شۇنداق دېدى:

— بالام، بىز يېرىم قول ھېسابىدا ياشايمىز. چىڭ خاندانلىقى لەشكەرلىرى ئەرلىرىڭنى قول، خوتۇن - قىزلىرىڭنى چۆرە قىلىمىز، دەپ خالىغان ئەسكىلىكنى قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ باش ئەيىبدارى مەنچىڭ خانى چيەنلۇڭ. ئۇ ئىلىدىكى چېرىكلەرنىڭ باش سەردارى جاۋخۇيغا مۇنداق مەزمۇندا يارلىق چۈشۈرگەن. — خەلپەم بىر كىتابنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى، — « بۇ بىپايان زېمىنلارغا ئەمدى قوشۇن تۇرغۇزماي بولمايدۇ. ئىسيانچىلار قەبىلىلىرى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، باشلىق تاللاش كېرەك. شەھەر ۋە قەلئەلەرنى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ... تەۋەلىك بىلدۈرگەن ياۋاشلار ئىچىدىن ئىشەنچلىكلىرىنى تاللاپ، ئۇلارغا ئەمەل بېرىپ، ئولپان، ھوسۇل ئىشلىرىنى باشقۇرغۇزسا بولىدۇ. ئىلىدا تۇرۇشلۇق داچېنلار[1] ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى باشقۇرسۇن.» ئۇلارنىڭ ياۋاشلارنىڭ ئىچىدىن تاللىغىنى ئىمىن ۋاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلىنى ئىلىغا ھېكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ھازىرقى ھېكىم مەزەمزات ئەنە شۇ ئىمىن ۋاڭنىڭ پۇشتى. ئالۋان - ياساق، سېلىق، دەۋا - دەستۇرلارنى باشقۇرىدۇ. سەن خانىنىڭ مۇنۇ يارلىقىنى ئاڭلىساڭلا خەلقىمىزنى قانداق ئېزىۋاتقىنىنى بىلىسەن. — شەمسىدىن خەلپەم قولىدىكى كىتابنى خېلى ۋاراقلاپ ئۇ يارلىقنى تاپتى. — «ئىلى مۇھىم جاي. دەريانىڭ شىمالىدا غۇلجۇ بار، جەنۇبىدا قاينۇق بار، چاغان ئۇسۇ[2] دىن قاينۇققىچە بىر سېپىل سوقۇش كېرەك. بۇ يەردە ئۈچ يۈز نەپەر ئۇيغۇر دېھقانچىلىق قىلسۇن! سېپىلدا يۈز چېرىك مۇداپىئەدە تۇرسۇن! بۇ سېپىل بويىغا مىڭ چېرىك قويۇلسۇن!» شەمسىدىن خەلپەم يارلىقنى ئوقۇپ بولۇپ ئەلاغا دېدى:— مانا مۇشۇ يارلىق

---

[1] داچېن — مەسلىھەتچى ئامبال.
[2] چاغان ئۇسۇ — ئاق سۇ بويىسى.

بويىچە ئۇيغۇرلار جياڭجۇن مەھكىمىسى ئۇچۇن شىچۇەن قەلئەسىدىن تارتىپ ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي ياقىسىغىچە، يەنى بايانداي، سۇيدۇڭ، كۇرە، لوسىگۇڭ، چىلپەڭزە، تالچى[①] قاتارلىق سەككىز قەلئەنىڭ سەكسەن كۇادرات چاقىرىم دائىرىدىكى ئۆي — ئىمارەتلىرىنى ياسىدى، چاپچال، ئاقئۆستەڭ قاتار- لىق ئۆستەڭلەرنى چاپتى. جياڭجۇن مەھكىمىسى يەنە ئۇيغۇر يېزىلىرىنى باشقۇرۇش ئۇچۇن سەككىز شىبە قەلئەسىنى ياساتتى، سىپىللارنى سوقتۇردى. شىبە، سولۇن، داغۇر، موڭغۇللاردىن تۈزگەن ئوتتۇز مىڭ چېرىك بىلەن ئون بەش مىڭ ئاتنى ئۇيغۇرلارنى بېقىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇيغۇرلار ھەر يىلى ئوتتۇز ئالتە مىڭ دەن ئاشلىق بىلەن ئۇلارنى باقتى، ئەمەلدار ۋە مانجۇ بالىلىرى ئۇچۇنلا بەش - ئالتە مىڭ تەڭگە مائاش بېرىدۇ. مانجۇلارنىڭ بالىسى تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ، چېرىك تىزىمىغا ئېلىنىپ مائاش بېرىلىدۇ. ئۇلارغا ھەر يىلى بىر مىڭ ئىككى يۈز دەندىن ئارتۇق ئاشلىق بېرىپ تۇرۇلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلار بېرىشى كېرەك. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىنى ئېيتقۇدەك يېرى، ئادىمى يوق، شۇ ھالدا نادىر قانداقمۇ پاراق تاپشۇرمايمەن دېيەلىسۇن؟ ئەگەر نادىر كەتمىسە گۈزەل ئاغىچىنى پاراق ئورنىغا زورلاپ ئەكىتىشى مۇمكىن. بۇنداق ئىشلار كۆپ بولغان.

ئەلا ئاخىرقى گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئۇ قىزدىن زادى ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. ئەگەر ئۇلار كەتمىسە گۈزەل ئاغىچىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالىدىغىنىنى بىلىپ ئېخىمۇ مەيۇسلەندى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى بايقىغان شەمسىدىن خەلپەم:

— قايغۇرما بالام، مەن سېنى توققۇزتاراغا ئاپىرىپ تۇرىمەن، — دېدى.

ئەلانىڭ كۆڭلى ئۇستازىنىڭ بۇ گېپىدىن بىر ئاز تەسكىن تاپتى، ئەمما گۈزەل ئاغىچا بىلەن بىرگە كېتىش نىيىتىنى دېيىشكە جۈرئىتى يەتمىدى. ئۇ شەمسىدىن خەلپەمنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭغا ۋاپادار

① تالچى — تەلكە.

ئوغلىدەك بويسۇناتتى. ئۇ شەمسىدىن خەلپەمدىن بىلىم ئېلىپلا قالماي، ئۇ بەرگەن كىتابلاردىنمۇ بىلىم ئالاتتى، بىلىمنى ئاشقانسېرى ئۇستازىغا ھۆرمىتى ئاشاتتى. ئەلا ئاستا چىقىپ كەتتى. ساۋاق باشلاندى. بۇ گۈزەل ئاغىچا ئالغان ئاخىرقى ساۋاق بولدى. گۈزەل ئاغىچا ئۇستازىنىڭ ساۋىقىنى پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ ئاڭلىدى:

— بىلىم دېگەن مەشئەل. بىزنىڭ ھايات سەپىرىمىزدىكى ئوزۇق...

ئەلانىڭ كۆزى گۈزەل ئاغىچىدا، كۆڭلى ۋىدالىشىشتا...

## 3

شەمسىدىن خەلپەم تارىخچى، دىنىي ئالىم ۋە خەلپەت بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇستا مەرگەن ھەم چەۋەنداز ئىدى. ئۇ گۈزەل ئاغىچا توققۇزتاراغا كەتكەندىن كېيىن ئەلانىڭ تولىمۇ روھسىز يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ئەلانىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر جۈمە كۈنى ئۇنى ئوۋغا بىللە ئېلىپ چىقتى، بىر نەچچە قېتىم توققۇزتاراغىمۇ ئاچىقتى. توققۇزتاراغا بارغاندا ئەلانىڭ شادلىقى قىنىغا پاتماي قالاتتى. گۈزەل ئاغىچا بىلەن كەچ كىرگىچە بىللە بولاتتى. ياغاچتىن قىلىچ ياساپ ئۇنىڭغا قىلىچۋازلىقنى ئۆگىتەتتى.

ئەلانىڭ ئەڭ ئۇنتۇمايدىغان، قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالغان بىر نەچچە ۋەقە بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى توققۇزتاراغا چىققان ۋاقىت ئىدى. شۇ يىلى گۈزەل ئاغىچىنىڭ ئون بەش ياشقا كىرگەن، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك تولغان چېغى ئىدى. ئەلا چاي ئىچىلىپ بولغۇچە تاقەتسىزلىك بىلەن ئىشىككە قاراپ ئولتۇردى، لېكىن گۈزەل ئاغىچا ئۆيگە كىرمىدى. ئەلا نادىردىن سوراشقا ئۇيالدى. ئۇ دۇئادىن كېيىنلا ئۆزىنى ھويلىغا ئاتتى، ھويلىدىن گۈزەلنى تاپالماي، نادىر بەرپا قىلغان يېڭى باغقا كىردى. گۈزەل ئاغىچا باغنىڭ شىپاڭىدا ئولتۇرۇپ ئالما قېقى سىيلىۋاتاتتى. ئۇ ئەلانى كۆرۈپ قولىدىكى ئالمىدەك قىزىرىپ كەتتى. قاپقارا شەھلا كۆزلىرىنى قويۇق كىرپىكلىرى بىلەن ياپتى.

— گۆزەل، ھالىڭ نېچۇك، مەن كەلسەم نېمىشقا ئۆيگە كىرمىدىڭ؟
— تارتىنىدىم — دەپ قىز قولىدىكى ئالمىنى ئويناپ ئولتۇردى.
— قارا سېنى، مېنىڭدىن تارتىنىدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟

ئەلا ھەيران قالدى، ئۇ قىزغا ئوتلۇق كۆزلىرىنى تىكتى: قىز ھەقىقەتەن گۆزەللىشىپ كەتكەن. ئاپئاق، سوزۇلغان يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرگەن، ئىنچىكە قاشلىرى، قويۇق كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە چېچى تېقىمىغا چۈشەتتى. ئەلانىڭ كۆز ئالدىدا ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان بىر جانان تۇراتتى. ئەلانىڭ تۇنجى قېتىم يۈرىكى باشقىچە ئويناپ كەتتى. ئۇ بۇلتۇرقىدەك قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئويناشقا پېتىنالمىدى، ئاۋازى تىترەپ چىقتى:

— بۇ يىل تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن.

قىز ئاناردەك رەڭلىنىپ تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى، تاشتەك چىڭ كۆكسى تېز - تېز كۆتۈرۈلۈپ چۈشەتتى. ئەلا ھاياجانلانغان ھالدا:

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن، يا مېنىڭ كەلگىنىمگە خۇش ئەمەسمۇسەن؟! — دېدى.

— يا ... يا ... ياق، — قىز ئەندىكىپ جاۋاب بەردى، — ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ!

ئەلاغا بۇ خىل سىزلەپ گەپ قىلىشىمۇ يېڭىلىق بولدى. ئادەتتە ئۇلار بىر - بىرىنى سەنلەپ چوڭ بولغانىدى، مانا ئەمدى سىزلەۋاتىدۇ، توۋا!

— يۈرۈڭ ئەلا، باغنى كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى گۆزەل ئاغىچا.

ئەمما، بۇلتۇرقىدەك قولىنى بەرمىدى. ئۇلار يانمۇيان مېڭىشتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېرىق قىرىدا ھەر خىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئەلا بىر تال قىزىل گۈلنى ئۈزۈپ ئېلىپ پۇرىدى ۋە سورىدى:

— پاھ - پاھ، نېمىدېگەن خۇشپۇراق، بۇ گۈللەرنى سەن ئۆستۈردۈڭمۇ؟

ئۇنىڭ سوئالىغا ئالما شېخىدىكى بۇلبۇل جاۋاب بەردى، ئۇنىڭ مۇڭلۇق

سايرىشى ئەلانى ئاجايىپ مۇڭلاندۇرۇۋەتتى. گۈزەل ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ
قويۇپ مىيىقىدا كۈلدى. بۇ ئۇنىڭ جاۋابى ئىككەنلىكىنى چۈشەنگەن ئەلانىڭ
مېھرى تولۇپ - تاشتى. ئۇ ھاياجان بىلەن:

— ئاھ گۈزەل، سېنىڭ قوللىرىڭمۇ گۈزەل! — دېدى.

بۇ خىل ماختاشلاردىن قىز ئاجايىپ راھەتلەندى، قانداقتۇر شىرىن،
تاتلىق ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارقالدى. ئەلا يەنە سورىدى:

— گۈزەل، ئات مىنىشنى خالامسەن؟

— بىلمىسەم.

— ئۆگىتىپ قويىمەن.

— ماقۇل ئەمىسە.

ئەلا شەمسىدىن خەلپەم مىنىپ كەلگەن ئاتقا گۈزەل ئاغىچىنى ئاۋايلاپ
مىندۇردى، ئۇلار دەسلەپ ئاستا، يانمۇيان مېڭىشتى.

— نەگە بارساق بولار؟ — دەپ سورىدى ئەلا.

— چاتقاللىققا.

— ئەمىسە باشلا.

چاتقاللىق ئەلاغا ياقتى، قويۇق چاتقاللىق ئارىسىغا كەلگەندە،
تۇيۇقسىز بىر جەرەن لەپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ھاي، ھاي، ئوۋ ئوۋلايدىغان يەركەنغۇ بۇ! — دېدى ئەلا ھەۋەس
بىلەن.

— بۇ يەردە ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوۋ ئوۋلايدۇ، جەرەن ناھا-
يىتى كۆپ، باللار چېغىدا توشقان ئوۋلاۋالىدۇ. — دېدى گۈزەل ئاغىچا
ئېچىلىپ.

— سەنمۇ ئوۋلامسەن؟

— ئوۋ ئوۋلاشنى بىلمەيمەن. قىزلار بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ بۆلجۈرگەن
تېرىمىز، شۇنداق تاتلىق. تېرەمدۇق — ھە!

— ياق، بۆلجۈرگەننى كېيىن تېرىمىز، سەن ئات مىنىشنى ئۆگىنىۋال،
ئاندىن ئوقيا، بەردەنگە ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئوۋچى

قىز بولسەن! مەن بۇدا كەلگىنىمدە خەلپە دادامنىڭ ئۇۋ مىلتىقىنىمۇ ئالغاچ كېلىپ ساڭا ئۇگىتىپ قوياي. بولامدۇ؟
هەر قانداق ياشتا هەر خىل هەۋەس. تەلپۈنۈش. قىزىقىش بولغىنىدەك گۈزەل ئاغىچىدىمۇ ئوتتەك قىزغىنلىق، هەۋەس بار ئىدى. شۇڭا ئۇ خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى.
— ئۆگىتىپلا قويسىڭىز سىزدىن تاغدەك مىننەتدار بولاتتىم. مېنىڭمۇ يىگىتلەردەك ئاتتا چېپىپ، ئۇۋ ئوۋلاپ يۈرگۈم بار ئىدى. — دېدى گۈزەل ئاغىچا.
ئۇلار چاتقاللىقنى كەچ كىرگۈچە ئايلاندى. هەر قەدەمدە بىر كېيىك ياكى توشقان ئۇچراپ تۇردى. ئەلا بەردەنگىسىنى. ئەڭ بولمىغاندا ئوقياسىنى ئېلىپ كەلمىگىنىگە مىڭ بىر پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئاتنى بىردە قاترىتىپ، بىردە يورغىلىتىپ، ئاخىردا چاپتۇرۇپ، گۈزەل ئاغىچىنى ئات مىنىشكە ئاتتا ئولتۇرۇشقا ئادەتلەندۇردى.

## 4

گۈزەل ئاغىچىنىڭ بويى ئۆستى، تېرىسى سۇزۇلدى، چاچلىرى پارقىرىدى، قاپقارا كېيىك كۆزلىرىدىن نۇر چاقنايدىغان بولدى. ئۇ ئەلا «گۈزەل بولۇپ كېتىپسەن» دېگەن كۆڭلىنىڭ ئەنسىلا بۇلاق بېشىغا باردى. قىردا ئولتۇرۇپ سۇزۇك سۇغا قارىدى، سۇدىن ئۆز جامالىنى كۆرۈپ گۈزەل قىز بولۇپ قالغىنىغا تاڭ قالدى ۋە ئويالدى. ئۇ باش تارىغان. ئۇسما قويغان كۆڭلىرى بۇ يەرگە كېلەتتى. بۇلاققا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇسما قوياتتى.
گۈزەل ئاغىچا خۇشال هالدا كېيىكتەك سەكرەپ چاتقاللىققا كىردى. چاتقاللىقنىڭ مەنزىرىسى قىزنى ئالاهىدە مەپتۇن قىلىۋالدى. گۈللەر كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەنىدى. قويۇق دەرەخلەر قۇياش نۇرىدا خۇشپۇراق چاچاتتى، بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن بۇ شاخلارغا قونۇۋالغان قۇشلار بەس - بەستە سايرىشاتتى. ئۇ قۇشلارنى تاماشا قىلىپ

يۈرۈپ بىر دەرەخ تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى دەرەخنىڭ ئاچىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇۋىغا چۈشتى. ئۇۋىدا ئىككى قارلىغاچ بالىسى ياتاتتى. ئانا قارلىغاچ ئۇچۇپ كەلدى – دە، قانىتىنى يەلپۈگۈچتەك يېيىپ بالىلىرىنى قانىتى ئاستىغا ئالدى. ئاتا قارلىغاچمۇ ئۇچۇپ كەلدى. بالىلىرى ئانىنىڭ قانىتى ئاستىدىن چىقىپ تۇمشۇقلىرىنى سوزدى. ئاتا قارلىغاچ ئاغزىدىكى يەمنى بالىلارنىڭ ئاغزىغا سالدى – دە، يەنە ئۇچۇپ كەتتى. قىز ئاتا قارلىغاچنى ئەلاغا ئوخشاتتى ۋە شۇئان قىزىرىپ كېتىپ ئەتراپىغا قارىدى، ھېچكىم يوقلۇقىنى بىلىپ خاتىرجەم بولدى. بۇ كىچىككىنە قارلىغاچلار ئائىلىسى ياش قىزنىڭ قەلبىنى جىلۋىلەندۈرۈپ، كەلگۈسى تۇرمۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندى. ئۇ بۇنىڭدىن شادلىنىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ كۆزىدە بىر خىل نۇر پارلايدىغان بولدى. بۇ نۇر سۆيۈنۈش نۇرى ئىدى. بەلكىم ئۇ ئەلا بىلەن بىللە بولغاندا، ئۆزىنىڭ تولىمۇ شادلىنىپ كېتىدىغىنىنى، ئېچىلىپ – يېيىلىپ كېتىدىغىنىنى سەزمەي كەلگەن بولسا كېرەك. مانا ئەمدى چۈشىنىشكە باشلىدى. تەقدىر ئۇلارنى ئىختىيارسىز بىرلەشتۈرمەكتە ئىدى.

گۈزەل ئاغىچا ئەلانىڭ ئەقىل – پاراسەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئەمدى ئۇنىڭ سالاپەتلىك، پالۋان قامەتلىك يىگىت بولۇپ قالغىنىنى قىزلىق ھېسسىياتى بىلەن سەزدى. بۇ سەزگۈ ئۇنى ئەلادىن ئىزا تارتىدىغان، ئەمما ئۇنى ئويلايدىغان قىلىپ قويدى. ئەلامۇ قىزنىڭ جىلۋىلىك قاراشلىرىنى كۆرگەندە تۇرالماي قالاتتى. ئۆزىنى مەپتۇن قىلغان، نۇر يېغىپ تۇرغان بۇ گۈزەل چىرايدىن كۆزىنى ئالالمايتتى. بۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىشاتتى.

شەرقتىكى غايەت زور نۇر چەمبىرىكى ئاسمانغا تىك كۆتۈرۈلدى. گۈزەل تەبىئەت، يازنىڭ ساپ ھاۋاسى، جۇشقۇن ياشلىق، بۇلبۇللارنىڭ شاد ناۋاسى گۈزەل ئاغىچىنى پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك ئېچىلدۇرۇپ پاك مۇھەببەت قوينىغا باشلىماقتا ئىدى...

ئەلا كېيىنكى يىلى گۈزەل ئاغىچلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۇۋ

مىلتىقلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدى. ئۇ قىزغا قاراپلا قالدى. گۈزەل ئاغىچا تازىمۇ تولۇپتۇ، بويى تارتىپ قامەتلىك قىزغا ئايلىنىپتۇ. قىزنىڭمۇ ئەلاغا تاشلانغان كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇلار ئاتلىنىپ چاتقاللىقتا مەشىق قىلغىلى ماڭدى. ئەلا ئۇنىڭغا بەردەنگىنى بەردى. قارىغا ئېلىشنى كۆرسەتتى. گۈزەل ئاغىچا بەردەنگىنى تۇنجى قېتىم قولىغا تۇتقىنى ئۈچۈن قاملاشتۇرالمىدى، قوندىقىنى مۈرىسىگە ئىرىمەي مەيدىسىگە تىرىۋالدى. بەردەنگىنىڭ ئۇچىنى يەرگە قارىتىۋالدى. ئەلا ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتتى، بەردەنگىنى قىزنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە قويدى. بۇ چاغدا يىگىتنىڭ كۆكرىكى قىزنىڭ ئاغىقىغا تېگىپ كەتتى. قىز خۇددى بىر ئوت ئاغىقىنى كۆيدۈرگەندەك بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ئەلا قىزنىڭ يۇمشاق، نازۇك قولىنى تۇتۇپ بارمىقىنى تەپكىگە قويغۇزغىنىدا، قىز تېخىمۇ بىر تۈرلۈك بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ھاياجانلىنىپ كېتىپ بېشىنى كەينىگە تاشلىغانىدى، مەڭزى ئەلانىڭ مەڭزىگە تېگىپ كېتىپ ھەر ئىككىسى بىر دەقىقە قېتىپ قالغاندەك مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇشۇپ قالدى...

## 5

ئەلا پالۋان گۈزەل ئاغىچىغا ئوقيا، بەردەنگە ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويۇپ بىر يىل يوقاپ كەتتى. بۇ بىر يىل گۈزەل ئاغىچا ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر كەلدى. يېقىملىق ئاۋازى بارغانسېرى ئازايدى، چىرايىدا قايغۇ - ھەسرەت ئالامەتلىرى سايە تاشلاشقا باشلىدى. ئاخىر كۈزدىكى قىزىلگۈلدەك سولىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ھېچنېمە خۇشياقمايتتى. ئولتۇرسا - قوپسا ئەلا كۆز ئالدىدىن كەتمەس بولۇپ قالدى. كېچىلىرى ياستۇقىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ چىقىدىغان بولدى.

مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەلا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بوز ئېتى تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەنىدى، گۈزەل ئاغىچا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بوز ئات ئۈستىدە ئاق مالخايلىق، بېلىگە ئالتۇن تۈگمىلىك تاسما پوتا باغلىغان، پوتىسىغا

كۈمۈش ساپلىق قىلىچ ئاسقان بىر بەرنا يىگىت تۇراتتى. ئۇنىڭ خەت تارتقان بۇرۇتى خوپ ياراشقان، قاپقارا چوڭ كۆزلىرى ئوت بولۇپ يانغانىدى. گۈزەل ئاغىچا ئاپىسى ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىكى باتۇر يىگىتنى كۆرۈۋاتمايدىغاندىمەن، دېگەندەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئەلا قىزدىن ھال سوراشقا باشلىدى:

— گۈزىلىم، ئاغىچام، ئامانمۇ سەن. رۇخسارىڭ زەپىرەڭدەك سارغىيىپتۇغۇ، ئاغرىپ - ئارتىپ قالمىغانسەن؟

— ھېلىمۇ ئۆلۈپ قالمىدىم. بەزىلەر راھەتتە ياشاپ سەمرىپ كېتىپتۇ، مەن تېخى ئۇنى ئەمدى كەلمەسمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن!

گۈزەل ئاغىچا دومسىيىپ، ئالۇچارەڭ لەۋلىرىنى ئۇشلاپ، كۆڭلىدىكى ئاغرىنىشنى ئاشكارىلىدى. ئەلا ئۇنىڭ ئاھاڭىنى دوراپ:

— ئۇ كىشىنىڭ قانىتى بولغان بولسا ئۇچۇپلا كېلەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى مەشەدە تۇرسا نېمىشقا كەلمىسۇن؟ ئامالى بولمىدى. ئۇستازى ئۇ كىشىنى ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىغا كىرگۈزدى. لەشكەر دېگەننى قاتتىق باشقۇرىدىغان گەپكەن. بىر سائەتمۇ نېرى كەتكىلى بولمايدىكەن. ئابدۇرۇسۇل بەگ شۇنداق بىلىم ئىگىسى ئىكەنكى، ئەييۇھەنناس، ئۇ كىشىدىن ئۇرغۇن لەشكەرلەر بىلىم ئالىدۇ... گۈزەل، ماڭا ئۇ يەردىن قول ئۈزۈپ كېلىشنىڭ ئىلاجى زادى بولمىدى. سېنى بىر دەقىقىمۇ ئۇنتۇغىنىم يوق!

ئەلانىڭ ھېكمەت دۇردانىسى تۈكۈلۈپ تۇرغان جەزبىلىك ئاۋازىدىن گۈزەل ئاغىچىنىڭ خاپىلىقى پۈررىدە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ ئەلانىڭ بەردەم قامىتىگە قارىدى. پاھ، ئۇنىڭ سۆزلىرى نېمىدېگەن كۆچلۈك، نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن سەممىي - ھە؟! قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۇمان - ئەندىشە بۇلۇتلىرى پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ گۈلدەك ئېچىلىپ، ئەلانىڭ ئاشىقلارچە تىكىلىشىگە چىدىيالماي يەرگە قارىۋالدى ۋە ئاستا باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار قويۇق ئالمىلىق ئارىسىغا كىردى. ئەلا قىزنىڭ ئۇتتەك قوللىرىنى تۇتتى ۋە تىترەك ئاۋازدا:

— گۈزىلىم، سېنىڭسىز بىر كۈنمۇ ياشىيالمايمەن، بىز توي قىلايلى،

مەن سېنى غۇلجا شەھىرىگە ئەكېتىمەن، بولمىسا كۆڭلىرىم مىسكىن ئۆتىدىكەن، سېنىڭدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىكەنمەن. سېنى تولا ئويلاپ ساراڭ بولاي دەپ قالدىم، — دېدى.

ھاياجاندىن قىزنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. سۆيۈنۈش ئوتى يۈرىكىنى كۆيدۈردى. سۈزۈك لەۋلىرى ئېچىلىپ سەدەپ چىشلىرى كۆرۈندى. كۆزلىرى كۈلدى. ھۆسنىدە ئاجايىپ بىر خۇشخۇي گۈزەللىك پەيدا بولدى. قولىنى ئۇنىڭ قوللىرى ئارىسىدىن تارتىۋېلىشقا قۇربىتى يەتمەي لېۋىنى چىشلىدى.

— گۈزىلىم، ئاغىچام، سېنىڭ جاۋابىڭنى ئالغىلى كەلدىم، تېز جاۋاب بەرگىن. ھازىر غۇلجىدا ئىشلار بەكمۇ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. — دەپ ئەلا قىزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. — بىز ئېھتىمال ئۇتنىنى ياقماقچى، بۇ ئۇلۇغ ئىشتىن بۇرۇن تويىمىزنى قىلىۋالايلى.

ئەلانىڭ سۆزلىرى قىزنىڭ قەلبىنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ ئەلانىڭ سۆزىدىن ھاياجان، قىزغىنلىق، سەمىمىيلىك، زور ئۈمىد ۋە پاك بىر كۆڭۈلنى كۆرگەندەك بولدى.

— ئاھ گۈزەل، — دېدى ئەلا تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، — سەن مېنىڭ ھەقىقىي گۈزىلىم، پەرىشتەم، مەن ساڭا كېچە - كۈندۈز تەلپۈندۈم. شۇ تاپتا نېمە بولۇپ كېتىۋاتقىنىمنى بىلسەڭ ئىدى... شۇ تاپتا مەن گۈزەللەرنىڭ گۈزىلىنى، جەننەتتىكى ھۆر پەرىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن. گەپ قىل، گەپ قىلساڭچۇ!

گۈزەل ئاغىچا ساددا. پاك قىز بولغاچقا ئەلانىڭ يېقىملىق گەپلىرىدىن ئېرىشكە باشلىدى. ئۇ ئەلا ئارانلا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ:

— ئاپام بىلىدۇ، — دەپلا كەينىگە بۇرۇلدى.

بۇ گۆھەردەك جاۋابتىن ئەلانىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. قايتماقچى بولغان قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى. قىزنىڭ ئېگىلگەن بېشىنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، چاڭقىغان لېۋىنى قىزنىڭ ئالۇچارەك لېۋىگە باستى. ئوتتەك يۇمشاق لەۋ ئۇنىڭ لېۋىنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن تارىغان ھارارەت پۈتۈن قان تومۇرلىرىغا

تارالدى. قىز تىپىرلاپ قولىلىرى بىلەن ئەلانىڭ كۆچلۈك مەيدىسىنى ئىتتىرىپ باقتى. ئەمما پالۋان قامەت يىگىتكە كۈچى يەتمىدى. ئەلا ئۆزىنى ئۇنتۇغان. ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىزنىڭ تال چىۋىقتەك بىلىدىن قۇچۇپ باغرىغا مەھكەم باستى. قىزنىڭ قارشىلىق كۈچى ئاجىزلاشتى. بۇ سۆيگۈ ئۇلارنىڭ پۈتكۈل جىسمىنى چىرمىدى. ئۇلارنىڭ قەلبى بىر - بىرىنىڭكىگە سىڭىپ كەتتى. بىر چاغدا ھوشىغا كەلگەن گۈزەل ئاغىچا ئەلانىڭ قوچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، قەپەستىن بوشىغان قۇشتەك پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. ئەلا ئۆز ئورنىدا تۇنجى سۆيگۈنىڭ شېرىن لەززىتىدىن مەست بولۇپ بىر ھازاغىچە تۇرۇپ قالدى. گۈزەل ئاغىچا شۇ كۈندىن باشلاپ ئەلاغا كۆرۈنمىدى، قېچىپ يۈردى.

ئەلا ئەنسىي توققۇزتارا مەھەللىسىنىڭ يۈزبېگى ھوشۇر باقىنىڭ ھوزۇرىدا بولدى. ئۇ بولغۇسى ئىختىلال ھەققىدە ئۇنىڭغا ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى يەتكۈزدى. ئاخىردا:

— ئابدۇرۇسۇل ئاغا سىزنى لەشكەر توپلاپ مەشق ئېلىپ بارسۇن، خەۋەر قىلغان ھامان لەشكەرلىرىنى باشلاپ غۇلجىغا بارسۇن، دەپ تاپىلىدى، — دېدى.

— شاغى بەگ ئاغىغا ئېيتىپ قويۇڭ، بىز مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۈزىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ھوشۇر باقى.

سۆز تۈگىگەندى، ئەلا چىقىپ كەتمەكچى بولاتتى، ئەمما بىردە قىزىرىپ، بىردە بوزىرىپ ئولتۇرۇۋەردى. ھوشۇر باقى ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر گەپ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ سورىدى:

— خوش ئەلا، يەنە تاپشۇرمىلار بارمۇ. بولسا باش ئۈستىگە!

ئەلا قىزىرىپ، بوزىرىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ھالدا:

— ھوشۇر باقى ئاكا، كەمىنىڭىزنىڭ بىر ئىشى ... ئىشى، — دەپ دۇدۇقلاپ توختاپ قالدى.

— تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ، تاغدەك ئىشىڭىز بولسىمۇ ئاككىز قاچمايدۇ.

— نادىركامغا ئەلچى بولۇپ كىرسىڭىزمىكىن! — ئەلا ئاڭلىنار-

ئەگلانماس ئاۋازدا ئىلتىجا قىلدى.
— ھە، مۇنداق دەڭ، — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى ھوشۇر باقى. — گۈزەل ئاغىچا ئۇچۇنۇدۇر ھەقىچان. بۇنداق ساۋابلىق ئىشقا ماقۇماي نېمىگە ماقۇمىمىز، تاھىر - زۆھرەلەر ئۇچۇن بېشىم بىلەن ماقۇمەن!
— رەھمەت، ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويارسىز.
— ئەمىسە قايتقۇچە مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇڭ. تاپىنلىق مەن ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندىن كېيىن ئۇ ئۆيدە تۇرالمايسىز، — دېدى ھوشۇر باقى.
— ماقۇل.
ئەلا ئۆيدىن چىقتى. يېزىنى ئايلاندى، تونۇش يىگىتلەر بىلەن پاراڭلاشتى. لېكىن، ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى گۈزەل ئاغىچىنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇ «بەلكىم گۈزەلمۇ باغقا چىقىپ كەتكەندۇ» دېگەن خىيالدا نادىرنىڭ بېغىنىڭ ئارقا تېمىغا كەلدى، تامنىڭ شورىسىدىن باغقا كىردى. باغنى ئايلاندى، گۈزەل ئاغىچا باغدىمۇ، شىپاڭدىمۇ يوق ئىدى. ئۇ گۈگۈم چۈشكىچە ساقلىدى، گۈزەل چىقمىدى، ئامالسىز باغدىن چىقىپ كەتتى. ھوشۇر باقى ئۇنى تاماققا ساقلاپ ئولتۇراتتى، ئۇلار ئۇندىمەي چۆچۈر ئىچىشتى، دۇئا قىلىشتى، ناماز شامنى ئۆيدىلا ئوقۇشتى. نامازدىن كېيىن ھوشۇر باقى گەپ ئاچتى:
— يىگىت، نېمە سۆيۈنچە بېرىسىز؟
بۇ سوئالدىن ماقۇل جاۋاب بولغىنىنى بىلگەن ئەلا دادىسىنىڭ نەۋرىكىنى بېلىدىن يېشىپ ئىككى قوللاپ تۇتتى:
— ئاغزىڭىزدىن چىققان ناۋانتەك سۆزنىڭ لايىقى بولمىسىمۇ، ئالدىمىزدىكى جەڭلەردە ئەسقېتىپ قالار!
— ئوھوي، مەردلىكتە ئىبراھىم ئاكىنى كىيىپلا چىقىپسىز، — دېدى ھوشۇر باقى قىلىچنىڭ بىسىغا بارمىقىنى تەگكۈزۈپ قويۇپ، — پاھ، پاھ، راسا جىنىڭ گاڭدىن سوقۇلغانىكەن. رەھمەت ئىنىم. دادىڭىزنىڭ بۇ يالدامىسى قىساس ئېلىش يالدامىسى. بۇنى بېلىڭىزدىن مەڭگۈ ئالماڭ. مەن سۆيۈنچە ئالغاندەك بولدۇم.
ھوشۇر باقى قىلىچنى غىلىپىغا سېلىپ قايتۇرۇپ بەردى:

— گۈلشەنخىنىدەم بىلەن نادىر رازىلىق بەردى. بىراق، تويىنى قوناق يىغىمىدىن كېيىن قىلايلى، دەيدۇ. سىزدىن بىر تەلىپىم. بىزگە بىر نەچچە ۋاقىت لەشكىرىي ئىلىمدىن ساۋاق بەرسىڭىز. لەشكەرلىرىمىزنى مەشىق قىلدۇرسىڭىز. سىزنىڭ ماڭا بېرىدىغان سۆيۈنچىڭىز شۇ بولسۇن.

ئەلا ماقۇل بولدى. ھەتتا قىزلاردىن قوغدىنىش قوشۇنى قۇرۇش كېرەك، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەسقېتىپ قالىدۇ، دېدى.

ئەلانىڭ قىزلاردىن قوغدىنىش قوشۇنى قۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپى گۈزەل ئاغىچىنىڭ خۇشاللىقى ئۈستىگە خۇشاللىق ئاتا قىلدى. ئۇ دەرھال دوستلىرىنى يىغدى. ئۆزى دېمەتلىك قىزلاردىن ھە دېگەندىلا يىگىرمە يەتتە قىز قوغدىنىش قوشۇنىغا كىرىشكە رازىلىق بەردى. ئەلا ئۇلارغا لەشكىرىي بىلىم بېرىشكە باشلىدى.

## 6

ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇرادىغا يەتمىكى قىيىن. قوناق يىغىمى ۋاقتىدا قورغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئەلا پالۋان قوشۇندىن ئايرىلالمىدى، نوقۇزتارادا ئەرلەر غۇلجىغا كېتىپ، ئانا - بالىلار، بوۋاي ۋە قىزلار قالغانىدى. مانا شۇ چاغدا دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق بولدى.

بۇ ۋەقە مىلادىيە 1864 - يىلى يازدا نوقۇزتارا، يامانۇ ئەتراپىدا يۈز بەردى.

نوقۇزتارا ئېقىنى توققۇز تەرەپكە يېيىلىپ ئاقىدىغان بولغاچقا توققۇز تارا دەپ ئاتالغان قەدىمىي يېزا ئىدى. سۈيى مول، بايلىقى كۆپ، يېرى مۇنبەت، مەنزىرىلىك بۇ گۈزەل زېمىن — نوقۇزتارا يېزىسى قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىسى بولۇپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. توققۇز تارماق تاغ سۈيى بۇ دەرياغا قوشۇلۇپ، ئۇلغىيىپ چوڭ دەرياغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا بۇ دەريا بۇ زېمىنغا كىرگەن قىسمىدىن باشلاپ ئىلى دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. يېزا بىلەن دەريا ئارىلىقى بۈك - باراقسان ئورمانلىق. ئاستى چىمەنزارلىق، گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ قېلىن

چۈپلىرى مالنىڭ ئەڭ شېرىن ئوزۇقى. بۇ ئورماندا مالغا ياقمىدىغان ئىككى يۈز خىلدىن ئارتۇق چۆپ بار. تۈت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ ھايۋانلىرى، ياۋايى ھايۋانلار جەننەتتە ياشىغاندەك ياشايدۇ. ئۇلار چۆپنىڭ بېشىنى يەيدۇ، چەيلەيدۇ. ئەمما تەبىئەت سېخىيلىق بىلەن بۇ گۈزەل جاينىڭ مەنزىرىسىنى يەنە تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردە بۇغا ـ مارال توپ ـ توپى بىلەن يۈرىدۇ، بۇ يەر ئۇلارنىڭ ھەم قىرغاۋۇل، ياۋا ئۆردەك، غاز ۋە باشقا قۇشلارنىڭ تۆت پەسىللىك ماكانى. كەكلىك، بۆدۈنە، كاككۇك، بۇلبۇللار بەس ـ بەستە سايرىشىپ تۇرىدۇ. كەكلىكلەر بوغۇلدىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن قوغلىشىپ ئوينايدۇ... توقۇزتارالىقلارنىڭ قولى بوشىسىلا بۇ يەرگە كېلىپ ئوۋ ئوۋلايدۇ. ئوۋچىلارنىڭ، ئاتلارنىڭ ئاياغ ئىزىدىن يىلان باغرى يوللار ھاسىل بولغان. مانا شۇ يولدا بىر كېلىشكەن يىگىت كەلمەكتە. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئاق مالخىيى، ئۇچىسىدىكى پەرىجىسى، ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈكى كېلىشكەن بەستىگە خوپ كەلگەن. بېلىنى كەڭ مىسدانلار بىلەن بېزەلگەن كەمەر بىلەن قورۇپ باغلىغان، كەمەرگە قىلىچ، دولىسىغا سادىق ئېسىۋالغان. ئوڭ قولىدا يا، سول قولىدا چۇلۋۇر. ئۇ بىرىنىڭ ئىنچىكە زىل، تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

ــ گۈزەل ئاغىچا، ئالدىڭغا بىر توپ كېيىك كەتتى!

ــ كۆردۈم، ۋارقىرىما! ــ جاۋاب قايتۇردى ئۇ يىگىت ئاستىدىكى جەرەن قاشقىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.

ئات جىم تۇردى. يىگىت سول قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، كىرىچىنى تۇتقان ئوڭ قولىنى قۇلىقىنىڭ تۈۋىگىچە تارتىپ، يانى قوياي دېيىشىگە:

ــ گۈزەل، قاراقچىلار! ــ دېگەن ۋەھىملىك ئاۋاز كەينىدىن ئاڭلاندى.

بۇ ئاۋاز چىقمىغان بولسا، ھەممىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن دىققىتىنى ئالدىغا قاراپ كېلىۋاتقان كېيىكنى نىشانلاشقا قارىتقان گۈزەل ئاغىچىنىڭ ئوقى كېيىكنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بولاتتى. «ئوۋ ئۇرۇشنىڭ شولىسى» دېگەن راست گەپ ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى ئەرەنچە كىيىنىۋالغان قىز. گۈزەل ئاغىچا ئەلا پالۋاندىن ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن دائىم ئوۋغا چىقىدىغان بولۇپ

قالغانىدى. ئۇۋچىلىق ئۇنى ناھايىتى سەگەك، ھوشيار قىلىۋەتتى. شۇ نۇرقىدا ئۇ ناۋلىنىپ چەبدەس يىگىتكە ئوخشاپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا قاراقچىلارنىڭ كەلگىنىنى مەلۇم قىلغاندا قىلچە قورقمىدى، ھودۇقمىدى. كىيىككە ئانقۇچە قاراقچىغا ئاتاي دەپ، ئوقيانى ساداقا سالدى، ئىككى قولىنى كاناي قىلىپ ۋارقىرىدى:

— قىزلار، بۇ يەرگە توپلىنىڭلار، تېز بولۇڭلار!

ئورمانلىقنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، ساپلا ئەرەنچە كىيىنگەن قىزلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ بىردەمدىلا توپلاندى. گۈزەل ئاغىچىنىڭ ئاستىدىكى ئات ئوينىاقلايتتى، ئىغىرزدۇرۇقىنى چايناپ يۇلقىناتتى، ئىگىسىنى چۆرۈۋەتكۈسى كەلگەندەك چاپچىيتتى. ئەرەنچە كىيىنگەن بۇ زىلۋا قامەتلىك قىزلار چەۋەنداز يىگىتلەردەك ئاتتا تىك ئولتۇراتتى.

— لەشكەرلىرىم، قاراقچىلار بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ. بىز ئۇلارنى توسۇشىمىز كېرەك. پاتىمە، سەن يېزىدىكى بوۋايلارغا خەۋەر يەتكۈز. ئانا - بالىلارنى يامانۇ تەرەپكە باشلاپ بارغاي، نۇدەر بوۋام غولجىغا خەۋەر قىلغاي!

پاتىمە ئېتىنى مەھەللە تەرەپكە چاپتۇرۇپ كەتتى. گۈزەل ئاغىچا جىم تۇرماي ئاتقان جەرەن قاشقىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئات ئۇچۇپ دېگۈدەك شەرققە چاپتى. قىز چەۋاندازلار ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي چېپىشتى. توققۇزتارا مەھەللىسى بىلەن بويۇنگوزەر كەنتىنىڭ ئارىلىقى ئون نەچچە چاقىرىم كېلەتتى. گۈزەل ئاغىچا: «تېز بارمىساق قاراقچىلار توققۇزتارا مەھەللىسىنى بېسىۋېلىپ، بىر نەچچە يۈز ئانا - بالىنى بۇلايدۇ» دېگەن ۋەھىمىلىك ئوينىڭ تۈرتكىسىدە مەھەللىدىكى قىز لەشكەرلەر بىلەن بوۋاي لەشكەرلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتمەيلا بويۇنگوزەر تەرەپكە ئات سالغانىدى. بويۇنگوزەرگە كېلىپلا قاراۋۇلدىكى بوۋايلارنىڭ قىلىچۋازلىق جېڭى بىلەن تىركىشىۋاتقىنىنى كۆردى.

— ئالغا! — گۈزەل ئاغىچىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇچۇپ دېگۈدەك كەلگەن قىزلار قوشۇنى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ قاراقچىلار ئۈستىگە شىردەك باستۇرۇپ باردى. ھەممىنىڭ ئالدىدا قىلىچ ئوينىتىپ بارغان

گۈزەل ئاغىچا سادىق بوۋايغا قىلىچ ئۇرماقچى بولۇپ تۇرغان قاراقچىنىڭ گەجگىسىگە قىلىچ ئۇردى، قاراقچى ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشتى. يەككىمۇ يەككە قىلىچۋازلىق قىزىپ كەتتى. قاراقچىلار كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئەرەنچە كىيىنگەن قىزلارنى توپىلاڭچىلارنىڭ لەشكەرلىرى غولجىدىن كەپتۇ، دەپ چۈشىنىپ قېچىشقا باشلىدى. قاراقچىلارنىڭ قالدۇقى دۆڭلۈككە چىقىپلا چىپپىدە توختىدى، بىر يەرگە توپلاشتى. ئۇلارنى قوغلاپ كەلگەن گۈزەل ئاغىچا قوشۇنىمۇ سول تەرەپتىكى دۆڭگە چىقىپ قېتىپلا قالدى. چەكسىز دۆڭلۈكتە قويۇق توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلگەنىدى. گۈزەل ئاغىچا توپا ـ چاڭ ئارىسىدىن تۇغ ـ ئەلەملەرنى پەرق ئېتەلىدى. سانسىز ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى پۈتكۈل دۆڭلۈكنى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى. گۈزەل ئاغىچا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان قىزلارغا:

— بۇ ھەرگىز يىلدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم بۇلاڭ ـ تالان قىلىدىغان قاراقچىلار ئەمەس، بۇ جياڭجۈننىڭ موڭغۇللاردىن تەشكىللىگەن چېگرا قوشۇنى. بايىقى بىز قوغلىغان ئالدىن يۈرەر چارلىغۇچىلىرى. بىز ئىككى ياندىكى جىراغا مۆكۈنەيلى، ئۇلار كەلگەن ھامان بەردەنگىسى بارلار بەردەنگە بىلەن، ئوقياسى بارلار ئوقيالىرى بىلەن ئوق ئاتسۇن. ئۇلار ئورۇر ـ توپۇر بولۇشىغا ئۈشتۈمتۇت ئات سېلىپ بىر نەچچىسىنى ئاتتىن غۇلىتايلى ـ دە. يەنە ئاۋۇ جىراغا مۆكۈنەيلى. — دېدى.

ئۇ شۇنداق دەپ، ئۆزى باشلاپ كەلگەن قىزلارنى ئوڭ تەرەپتىكى جىراغا، پاتىمە مەھەللىدىن باشلاپ كەلگەن قىزلار بىلەن سادىق بوۋاينىڭ لەشكەرلىرىنى سول جىراغا ئورۇنلاشتۇردى. جياڭجۈننىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قىرىق ـ ئەللىكتەك چېرىكى قىزلار مۆكۈنگەن جىرانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئىككى تەرەپتىن تەكشى ئېتىلغان ئوقيا، بەردەنگە ئوقلىرىدىن يەر چىشلىدى. چېرىكلەر بۇنىڭدىن ئېسەنكىرەپ نېمە قىلارنى بىلمەي قالدى. شۇ ھامان:

— ئاللا مەدەتكار، قىرىنداشلار! — دېگەن زىل سادا بىلەن ئىككى تەرەپتىن چىققان ئاتلىق قوشۇن ياۋ لەشكەرلىرىنى قىلىچ ئاستىغا ئالدى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يەنە غايىپ بولدى. چېرىكلەرنىڭ سەردارى مىڭ

غالداي ئالدىغا چارلىغۇچىلار ئەۋەتتى. گۈزەل ئاغىچا چارلىغۇچىلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كەينىدىن ئاتلىق ھۇجۇم قىلىپ يەنە ئون نەچچە چېرىكنى ئۆلتۈردى. بۇ خىل ئۇسۇل دۆڭلۈك، جىرالار تۈگمىچە بىر نەچچە قېتىم قوللىنىلدى. بويۇنگۈزەر بىلەن توققۇزتارا ئارىلىقى تۈزلەڭ ئېتىز ئىدى. مىڭ غالداي قوشۇنى بىلەن بۇ يەرگە چىققاندا، گۈزەل ئاغىچا قوشۇنىنىڭ يۈزگىمۇ يەتمەيدىغىنىنى كۆرۈپ، ئىككى يۈزلۈك چېرىكنى ئۇلارغا قارشى ئەۋەتتى. قىزلار بوشاشمىدى، چېرىكلەرنى تاڭ قالدۇرۇپ ئاۋۋال ھۇجۇم قىلدى، يەنە بىردىنلا چېكىنىپ بويۇنگۈزەر تاملىرىنى پاناھلاپ ئوق ئۈزدى. ئۇلارنىڭ ئوقلىرى تۈگەپ بەردەنگىلىرى كۆسەيگە ئايلاندى. ئۇلار بىردە قېچىپ، بىردە قىلىچۋازلىق قىلىپ مىڭ غالداي قوشۇنىغا ئۆزلۈكسىز تەھدىت سالاتتى...

مىڭ غالداي قوشۇنى مەھەللىگە بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭغا كىرىشتى. گۈزەل ئاغىچىنىڭ لەشكەرلىرى چېرىكلەر ئويلىمىغان يەردىن پەيدا بولۇپ ئۇلارنى يەر چىشلىتەتتى. ئەسلىدە گۈزەل ئاغىچا ئانا ـ باللارنىڭ ياماتۇ كېمىسىدىن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن، مىڭ غالداي قوشۇنىنى پاراكەندە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئانا ـ باللارنى قوغلىشىنى توسۇشنى نىيەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ نىيىتىنى چۈشەنگەن قىزلار ئۆز ئانىلىرى، ئىنىلىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن چېرىكلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى. ئۇلار بىردە چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن، بىردە يېنىدىن چىقاتتى، بىرلا قىلىچ ئۇرۇپ يەنە غايىب بولاتتى. ئۇلارنى ئۆزلىرى بەش قولدەك بىلىدىغان ئۆيلەر، باغلار يوشۇرۇۋالاتتى. بىراق، قورالى ئاددىي، سانى ئاز بولغان بۇ قىزلار قوشۇنىنىڭ تەربىيە كۆرگەن، تولۇق قوراللانغان چېرىكلەرگە تەڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گۈزەل ئاغىچىنىڭ قىرىق بىر كىشىلىك قىزلار قوشۇنىدىن ئاران ئون يەتتىسى، سادىق بوۋاينىڭ ئوتتۇز نەچچە لەشكىرىدىن يەتتىسى، پاتىمەنىڭ پىدائىيلىرىدىن ئۈچى قالدى، قالغانلىرى ئانىلار، باللار ئۈچۈن جان تەسلىم قىلغانىدى. گۈزەل ئاغىچا چېرىكلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن يۈرگىنىدىن پايدىلىنىپ ياماتۇ تەرەپكە چېكىندى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئۆيلەردە ئۇچۇقتۇرغان چېرىكلەرنىڭ

مىلتىق، ئوقلىرىدىن خېلى يىغىۋالغانىدى.

چېرىكلەر ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ئاختۇردى. مەھەللە خەلقى ئادەتتە تاڭ سەھەردىلا ماللىرىنى ئورمانغا ھەيدىۋېتەتتى. قوي - كاللار كۈن پاتقىچە ئوتلاپ زاۋال بىلەن قايتىپ كېلەتتى. بۈگۈنمۇ مال - ۋاران شۇ تەرىقىدە ئورمانغا يېيىلىپ كەتكەچكە چېرىكلەر بىرمۇ مال تاپالماي تېرىكتى. ئاچ قالغان بۇ چىلبۆرىلەر ئاخىر توخۇلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا باشلىدى. كىيىم - كېچەكلەرنى بۇلاشتى. ئۇلار قورسىقىنى توقلاش، بۇلاڭچىلىق قىلىش ھەلەكچىلىكىدە خېلى ۋاقتىنى ئۆتكۈزدى. تېرىكىپ يېرىلغۇدەك بولغان مىڭ غالداي ئىزچىلارنى يوشۇرۇپ قويغان ماللارنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىپ، ئۆزى يۈزلۈكتىن ئۈچ قوشۇننى باشلاپ ياماتۇ تەرەپكە قوغلاپ ماڭدى. بۇ قوشۇن ئاشتۆپىنىمۇ ئاختۇرۇپ ئۆكتەي - توكتەي قىلىۋېتىپ، تىك ئېرىق تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار تىك ئېرىقتىن چىقىپ ياماتۇ سازلىقىغا قاراپ يۈرۈشكە تېكەس غولىدىن ئون نەچچە لەشكەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۇلار ئېسىنى يىغىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلارغ زەربە بەرگىچە ئۇلار قانداق پەيدا بولغان بولسا شۇنداق غايىب بولدى. مىا غالداي قىرغا كېلىپ سازلىققا كۆز تاشلىدى. تۈپىلىق يولدا نەچچە يۈزلىگەن ئاتا بالىلىرىنى يېتىلەپ ياكى ھارۋىلاردا ئولتۇرۇپ، ئاتلارغا مىنىشىپ كېتىۋاتاتتى. پىيادە كېتىۋاتقانلار بەزىدە يۈگۈرۈيتتى. بەزىدە ئاستا ماڭاتتى. قىزلار مومايلارنى يۆلىۋالغانىدى. مىڭ غالداينىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. دالىدا زىرىككەن چېرىكلەرمۇ قىز- چوكانلارنى كۆرۈپ ھىجايدى. مىڭ غالداي:

— قىرىلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈڭلار، خوتۇن - بالىلارنى ئولجا ئېلىڭلار، كىم بىر خوتۇننى ئولجا قىلسا شۇنىڭ بولىدۇ! — دېدى.

ئەمما، ئۇ ئات سالغان چېرىكلىرىنى پالۋانلارنىڭ توسايدىغىنىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. گۈزەل ئاغىچا ئولجا ئالغان مىلتىقلاردىن ئوق ئۈزۈپ ئون يەتتە چېرىكنى يەر چىشلەتتى. بۇنى كۆرۈپ چېرىكلەر ئالدىغا ئات سېلىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى. بۇ پەيتتىن پايدىلانغان قىزلار قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ ھۇجۇم قىلدى. چېرىكلەر بارغانچە كۆپىيىپ

قىزلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مىڭ غالداي، «ئۇر، چاپ، قاراقچىلارغا قول بولمايمىز» دېگەن زىل، ئىنچىكە ئاۋازنى ئاڭلاپ، بۇ پالۋانلارنىڭ ئەرەنچە كىيىنگەن قىزلار ئىكەنلىكىنى بىلدى - دە، قاقاقلاپ كۈلگەن ھالدا: «بۇ جانانلارنى تىرىك تۇتۇڭلار!» دەپ ئەمىر قىلدى. چېرىكلەر قىزلارنى قىستاپ كېلىشكە باشلىدى، بىر چىرىك گۈزەل ئاغىچىنىڭ كەينىدىن كېلىپ، ئېتىنىڭ ساغرىسىغا قىلىچ ئۇرماقچى بولۇۋېدى، گۈزەل ئاغىچا دەرھال ئېتىنى بۇراپ قىلىچىنى قىلىچ بىلەن ياندۇردى. شۇ ھامان يەنە بىر چېرىك يېقىنلاپ كەلدى. گۈزەل ئاغىچىنىڭ كۆزىگە ئەزرائىلنىڭ سىماسى غۇۋا كۆرۈنگەندەك بولدى. شۇ ئەسنادا ئارقىسىدىن ئانا - باللارنىڭ قىيا - چىيا قىلغان زارلىنىشلىرى، مومايلارنىڭ «خۇدايىم سەن قاراقچىلارنىڭ جاجىسىنى بېرەر» دېگەن قارغاشلىرى ئاڭلاندى. چېرىكلەر قىزلارنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، قارشىلىق بولمىغاچقا، ئۇدۇل ئانا - باللار تەرەپكە ئات سېلىپ، مومايلارنى قىلىچلاپ، قىز - چوكانلارنى، باللارنى تۇتۇپ باغلاشقا كىرىشكەندى. قورقىنىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئانىلارغا ھەممىلا يەرنى ئالۋاستىغا ئوخشاش ئادەمخورلار قاپلاپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. چوكان - جوۋانلار قارشىلىقمۇ قىلدى، ئۇلاردىنمۇ چانالدى. يولدا جەسەتلەر تىرىكلەردىنمۇ كۆپىيىپ، قان دەريا بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشقان گۈزەل ئاغىچا ئۆزىنى تۇتۇشقا كەلگەن چېرىكنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تىرىك تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىنى سەزگەندى. شۇڭا قېچىپ تۇرۇپ يېقىن كەلگەن چېرىكنى چېپىۋەردى. چېرىكلەرنىڭ بۇ مىسلىسىز باھادىر قىزلارغا ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغالماي قالمىدى. ئۇلار ھەيران بولۇپ بىر پەس تۇرۇپ قېلىشتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان قىزلار ئانا - باللارنى ئۇتقۇن قىلىۋاتقان چېرىكلەرگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. مىڭ غالداي تۇرۇپ قالغان چېرىكلەرنى تىللاپ، دۈشكەللەپ ھۇجۇمغا ھەيدىدى. گۈزەل ئاغىچا دوستى سائادەتنى ئۇتماقچى بولغان ئۈچ چېرىكنىڭ كەينىدىن كېلىپ بىرىنىڭ كاللىسىنى ئالدى، يەنە بىرىنىڭ قورسىقىغا قىلىچىنى تىقتى، ئۈچىنچىسى ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. بۇ چاغدا پاتىمە بىلەن يەنە بىر قىزلا تىرىك

قالغانىدى. گۈزەل ئاغىچا نۇرغۇن ئانا ـ بالىلارنىڭ ياماتۇ كېمىسى بويىدا توپلىشىپ قالغىنىنى، كېمىنىڭ لىق ئادەم بىلەن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇ قانقا كېتىۋاتقىنىنى كۆردى. بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنى كۆرگەن ئانىلار، جۇۋانلار، چوكانلار ئۈمىدىنى ئۈزدى. بىر چوكان قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئاياللار، ئۆزىمىزنى ئاياغ ـ ئاستى قىلدۇرۇپ قۇل بولغۇچە دەريادا غەرق بولغىنىمىز ئەلا! — دەپ، بەش ياشلىق ئوغلىنى قۇچاقلىغان پېتى ئۆزىنى ئەزىم دەرياغا ئاتتى.

ئۇنىڭ بۇ باتۇرانە ھەرىكىتى ئانىلارغا نەمۇنە بولدى، ئانىلار بالىلىرىنى باغرىغا باسقان پېتى ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغىلى تۇردى. ياش چوكانلار، قىزلار، بوۋايلار قولىغا نېمە چىقسا شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەرنى ئۇردى، ئېلىشىپ تۇرۇپ قازا تاپتى. بەزىلىرى تاش ئاتتى. قانلىق جەڭ بىر ئاش پىشىم داۋام قىلدى. چېرىكلەر پاتمە بىلەن گۈزەل ئاغىچىنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن كېمە كۆرىكىگە قىستاپ كەلدى. ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان بىر چېرىك گۈزەل ئاغىچىنىڭ بېشىغا قىلىچىنى تەڭلەپ تۇرۇپ: «ھەي، باتۇر قىز، تەسلىم بول!» دېدى. گۈزەل ئاغىچا: «ئۆزۈڭ تەسلىم بول!» دەپ جاۋاب قايتۇردى. ھېلىقى چېرىك قىزنىڭ جاۋابىغا تاڭ قالدى، قىلىچى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەگەر گۈزەل ئاغىچا تەسلىم بولۇپ قۇل بولۇشنى ئويلىغان بولسا ھەرگىز قىلىچ تۇتمايتتى، چىرايلىق، نازۇك قوللىرى بىلەن كەشتە باسقان بولاتتى. ئۇنى تىغ كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلىغان ئاشۇ قاراقچىلار! ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى، غۇرۇرىنى ساقلاش ئۈچۈن قىلىچ كۆتۈرۈپ چىققان. ئۇنىڭ سۆيۈملۈك يارى — پالۋان ئوبۇل ئەلا كېلىدۇ! يەنە نۇرغۇن قېرىنداشلىرى كېلىدۇ! ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ بۇ قاراقچىلارنى تەسلىم قىلدۇرىدۇ!

گۈزەل ئاغىچا، ئاشۇ پادىشاھلىق زامانىنىڭ بۇ قەھرىمان قىزى ئەنە شۇنداق جاسارەت، باتۇرلۇق بىلەن خورلۇققا، قۇللۇققا قارشى ئاخىرقى كۈچى، ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە جەڭ قىلدى. ئۇ ئاجايىپ باتۇرلۇقى بىلەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ياراتتى!

گۈزەل ئاغىچا ئۆزىگە تەھدىت سېلىپ كەلگەن بىر چېرىكنى قانغا بويىدى ـ دە، ئۇ قاتتىق قارىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ ئۆزۈپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدىكى بوز ئات ئۈستىدە بىر سۆيۈملۈك چىرايىنى كۆردى. قىز كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئالغۇسى كەلمىدى. ئەمما، يوپۇرۇلۇپ كەلگەن بىر نەچچە ئالۋاستى قىزنى ئەزىز ياردىن كۆزىنى ئېلىشقا مەجبۇرلىدى. قىز ھەممىنىڭ ئالدىدا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن بىر چېرىكنىڭ قورسىقىغا قىلىچنى بار كۈچى بىلەن تىقتى. قىلىچنى تارتىۋېلىش ئارىلىقىدا ئۈچ چېرىك ئۇنى تۇتۇشقا تەڭلا قوللىرىنى سوزدى. قىز دەرياغا ــ سۆيۈملۈك يارىنىڭ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم قارىدى ـ دە:

ــ ئەلا، قىساس! ــ دەپ بار ئاۋازدا تۇۋلاپ تۇرۇپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلىدى.

ئۈچ چېرىكنىڭ ياۋۇز قوللىرى ھاۋانى تۇتۇپ قالدى.

ــ گۈزەل ئاغىچا ! ــ دېگەن كۈچلۈك، ئەمما ئېچىنارلىق بىر ئاۋاز دەريا دولقۇنلىرى ئارىسىدىن ياڭرىدى...

## 7

ئۇ شۇ ۋارقىرىغىنىچە گۈزەل ئاغىچىنى دەريادىن ئىزدىدى، تاپالمىدى. ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك يارى، بەللە ئۆسكەن دوستىنى قۇتقۇزالمىغىنىغا قان ـ قان يىغلىغان ئەلا پالۋان قىرغاققا چىقتى. گۈزەل ئاغىچىنىڭ ئاخىرقى ئاۋازى، ئاخىرقى «قىساس!» دېگەن سۆزى ئۇنى ئىختىيارسىز ئېتىغا مىندۈردى. ئۇ ھۆل بولۇپ كەتكەن قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى ـ دە، قەھىرلىك ئاۋازدا:

ــ قىساس ! ــ دەپ ۋارقىراپ، چېرىكلەر قارا كۆرۈنەر قېچىپ كېتىۋاتقان يولغا قاراپ ئات سالدى. ئۇنىڭ ئاق بوز تۇلپىرىمۇ غەزەپلەنگەن بولسا كېرەك، تۆت پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي دولدۇلدەك چېپىپ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە قاچقان چېرىكلەرگە يېتىشىۋالدى. ئۇ ئەڭ ئارقىدا قېچىپ كېتىۋاتقان، قولىدا ئاياللارنىڭ كۆڭلەكلىرىنى تۇتۇۋالغان چېرىكنى

«قىساس!» دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ شۇنداق قەھرى بىلەن چاپتىكى، ئۇنىڭ كاللىسى ئۇزۇلۇپ سازلىققا دومىلاپ چۈشتى. ئۇ شۇ غەزەپ ـ قەھرى بىلەن قېچىۋاتقان چېرىكلەرنى چېپىپ تاشلاۋەردى. ھەتتا گۈزەل ئاغىچىغا «تەسلىم بول» دېگەن چېرىكنىڭ «مەن ... مەن ئۇيغۇر» دەپ يالۋۇرغىنىغىمۇ قارىمىدى. شۇ ئارىلىقتا دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتكەن لەشكەرلەر بۇ قانقا چىقىپ بولغانىدى. بۇ ئۇنىڭ گۈزەل ئاغىچىسى ئۈچۈن ئالغان بىرىنچى قىساسى ئىدى. ئۇ چاپقۇدەك بىرەر چېرىك قالماي، سارائگلاردەك سازلىقتىكى قومۇشلارنى چېپىپ يۈرگەندە نۇردۇن كېلىپ ئۇنى چاقىردى. نۇردۇننىڭ يىغلىق ئاۋازى قۇلىقىغا كىرگەندىلا ئەلا ئۆزىگە كەلدى. ئۇ ھەر دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يامانبويىغا كەلدى. ئۇ ھەر قەدەمدە ئانىلار، بولۇپمۇ بوۋاي، جوۋان، چوكان، ياش قىزلارنىڭ جەسەتلىرىنى، قىلىچلىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە قېتىپ قالغان، ئەرەنچە كىيىنگەن تونۇش چىراي جەسەتلەرنى كۆردى. كۆز يېشى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. لەشكەرلەر چېرىكلەرنى سۈر ـ توقاي قىلدى. قىلىچلارنىڭ «جاق ـ جۇق» قىلغان ئاۋازلىرى، ۋارقىراش، تىللاشلار دەريا بويىنى بىر ئالدى. ئەلا پالۋاننىڭ يىگىتلىرى قىران، جەسۇر پالۋانلار بولۇپ، ئۆلگەنلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى، ئاچا ـ سىڭىللىرى، بالىلىرى ئىدى. ئەلا پالۋاننىڭ لەشكەرلىرى چېرىكلەردىن ئون ھەسسە كۆپ ئىدى. ئۇلار يۈزدىن ئارتۇق چېرىكنى بىردەمدىلا قىرىپ تاشلىدى. ھوشۇر باقى يۈز بېگى نۇردۇن قاتارلىق يۈزدىن ئارتۇق لەشكەرنى قاراتام كېمىسىگىچە ئەۋەتتى. ئۇلار دەريا چىقىرىۋەتكەن جەسەتلەرنى يىغدى، ئەلى بەگ قوشۇنى ياماتۇدىكى جەسەتلەرنى يىغدى. ھوشۇر باقى غەمكىن ھالدا ئەلا پالۋانغا:

— دەرياغا ئۆزىنى تاشلىغان ئانا ـ بالىلارنىڭ ئالتە يۈز سەكسەن يەتتە جەسىتى يىغىلدى. گۈ ... گۈزەل ئاغىچىنىڭ مۇبارەك جەسىتى... ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالمىدى.

ئەلا پالۋان ئاتتىن ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ئىگەرنىڭ قېشىنى تۇتۇۋالمىغىنىدا، بەلكىم يوكىنىغا ئوق تەگكەن قىرغاۋۇلدەك ئۇچۇپ چۈشكەن بولاتتى. ئەلا پالۋان بىر ھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغدى، ئاندىن

هوشۇر باقى يۈزبېگىگە جەسەتلەرنى توققۇزتارا يېزىسىغا ئاپىرىشنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى لەشكەرلىرىنى باشلاپ مىڭ غالدايىنىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئۇ بوز ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، مىڭ غالدايىنىڭ توختاخۇننى تۇتۇپ كەتكىنىنى، دادىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگىنىنى ئەسلىدى. بۇ مىڭ غالداي ئاشۇ غالداي بولۇپ قالمىسۇن يەنە!

ئەلا پالۋان ئېتىنىڭ ئىزگىنىنى تارتتى. ئۇ توختىغان يەر دۆڭ ئىدى، بۇ يەردىن خېلى پەسلەپ، ئاندىن دەريا ياقىلاپ تۈز يولغا چىقاتتى. ئەنە شۇ تۈز يولدا ئاياللار، بالىلار، قوي - كالىلار تىقىلىشىپ تۇراتتى. چېرىكلەر ئاۋۋال تار ياغاچ كۆۋرۈكتىن ماللارنى ھەيدەپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئەلا پالۋان:

— ئانا - بالىلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان چېرىكلەرنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار، ئانا - بالىلارنى دەريا بويىغا توپلاڭلار، — دېدى ۋە ئېتىنى دېۋىتتى. قىزىپ قالغان، ئىزگىنى سىيرىپ تۇرغان ئات ئۇچتى. ئەلا پالۋان قىلىچىنى سوغۇرۇۋېلىپ، «ئالتە يۈز سەكسەن ئانا - بالا ئۈچۈن!»، «گۈزەل ئاغىچام ئۈچۈن!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە چېرىكلەرنى چېپىشقا باشلىدى. نەچچە يۈزلىگەن ئادەم ۋە نەچچە يۈزلىگەن مالنى ھەيدەپ ماڭغان بىرەر يۈزچە چېرىك يەر چىشلىدى. ئەلا پالۋان قاراقچىلارنىڭ ياردەمچى سەردارىنىڭ كاللىسىنى ئالدى - دە، يۈز بېشى ئەلى بەگكە:

— ئانا - بالىلار بىلەن ماللارنى توققۇزتاراغا يەتكۈزۈڭلار! — دەپ ئەمىر بېرىپ، قالغان لەشكىرىنى باشلاپ جىرغىلاڭغا قاراپ چاپتى.

ئەلا پالۋان جىرغىلاڭ سېيىنىڭ ئىچى بىلەن ئۆرلەپ ماڭدى. سايىنىڭ باغرىدىن تارتىپ تاغ باغرى ياپيېشىل قارىغايلىق بىلەن پۈركەنگەن، سايىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يوتىلاردا قېيىن دەرەخلىرى، چېتەن، تاغ تېرەكلىرى بۈككىدە ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئاتلار سايدىن چىقىپ، تاغ قاپتاللىرىدىكى بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپ ئىچىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. يول بويى قارىغايلار، دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا كېيىكلەر غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇلار بۇ مېھمانلارغا ئەجەبلەنگەندەك، چىرايلىق، ئىنچىكە قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ، قاپقارا چىرايلىق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قارايتتى - دە، ئۈركىگەن قۇشتەك قارىغايلىققا چېپىپ كىرىپ كېتەتتى.

دەممۇ دەم نوشقانىلار لىپ قىلىپ چىقىپ ئاتلارنى ئۇركىتىۋېتەتتى.

## 8

كەچكى يۈرۈش جەمجەمت بولدى. ئاتلارنىڭ پۈشقۇرۇشى، ئۈزەڭگىلەرنىڭ جاراڭلىشىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. بوز ئات ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ تولپاردەك ئۇچماقتا. لېكىن، ئاتنىڭ مۇشۇنداق تېز چېپىشىمۇ ئەلا پالۋانغا تولىمۇ ئاستا ماڭغاندەك، مۇشۇنداق ئاستا ماڭغاچقا گۈزەل ئاغىچىسىنى قۇتقۇزالمىغاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەنتىنى ئاتتىن ئالماقچى بولغاندەك، قامچا باسقانىدى، ئات يولقۇنۇپ بار كۈچى بىلەن ئالدىغا ئېتىلدى. ئەلا پالۋاننىڭ كۆزى ئالدىدا ئىدى. ئالدى تەرەپتە ئۇپۇق سوزۇلۇۋاتاتتى.

ئەلا پالۋان تاڭ يورۇقىدا ئۇزۇنىسىغا سوزۇلۇپ ياتقان. ئىككى تەرىپى دۆڭلۈك دالا كۆرۈنگەندىلا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. دالانىڭ ئوتتۇرىسىدا سەككىز قىرلىق ئاق ئۆي، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كىگىز ئۆيلەر چوخچىيىپ تۇراتتى. تەردىن قارىيىپ كەتكەن ئاتلار بىر ـ بىرىگە باغلانغان ھالدا بېشىنى يەرگە قارىتىپ تۇرۇشاتتى. ئەلا پالۋان: «دېمەك، قاراقچىلار يېڭىلا كەپتۇ ـ دە...» دېگەنىچە ئويلاپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقاردى ـ دە، بوز ئاتنىڭ بېشىنى قويۇۋېتىپ توپتوغرا سەككىز قىرلىق ئاق ئۆيگە قاراپ چاپتى. ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ئات دۈپۈرى ۋە «ئۇر ـ چاپ، قىساس!» دېگەن سادانى ئاڭلاپ ئۆيلەردىن يۈگۈرۈپ چىققان چېرىكلەر ئاتلىرىغا يۈگۈرۈشتى. ئەلا پالۋاننىڭ لەشكەرلىرى قەھر ـ غەزەپ بىلەن چېرىكلەرنى چېپىشقا باشلىدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە چېرىكلەردىن تىرىك جان قالمىغاندەك ھالەت شەكىللەندى. ئەلا پالۋان ئاق ئۆيدىن جالاقلاپ تىترىگەن ھالدا يۈگۈرۈپ چىققان مىڭ غالدايىنىڭ گەدىنىگە قىلىچىنى توغرىلاپ:

— رەھمىتى دادام ئۈچۈن، توختاخۇن ئاتا ئۈچۈن، گۈزەل ئاغىچام ئۈچۈن! — دەپ زەرب بىلەن ئۇردى.

مىڭ غالدايىنىڭ كاللىسى ئېيىندىن ئاجراپ يەرگە دومىلاپ چۈشتى. ئەلا پالۋان ئۇنىڭ كاللىسىنى قىلىچىدا سانجىپ ئالدى ــ دە، نۇردۇنغا:

ــ بۇ ئىت كاللىنى مۇنۇ يالغۇز قارىغايىنىڭ ئۇچىغا ئېسىپ قوي، بۇنداق ۋەھشىي كاللىنى پۈتكۈل ئالەم كۆرۈپ تەبرەتلەنسۇن. قاغا ــ قوزغۇنلار كۆزلىرىنى چوقۇسۇن! ــ دېدى.

نۇردۇن كاللىنى چېچىدىن تۇتۇپ قارىغايغا ياماشتى ۋە قارىغايىنىڭ ئۇچىغا كاللىنى چېچىدىن باغلاپ قويۇپ تېزلا قايتىپ چۈشتى. ئەلا پالۋان توققۇزتاراغا قايتىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر قارىدى. بىر قاغا ئۇنىڭغا قونۇۋېلىپ كۆزىنى چوقۇۋاتاتتى...

ئەلا پالۋان يۈرىكىدىكى ئېغىر مۇسىبەت سەل يەڭگىللىگەندەك، چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى.

ئەمما، ئۇنىڭ گۈزەل ئاغىچىسى قۇربان بولغانىدى.

بۇ ئەلا پالۋان ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ يوقىتىش ئىدى.

# ئالتىنچى باب

## قەست

*قەست قىلغاننى پەس قىل*
*— خەلق ماقالى*

1

ئەخمەتخان خوجا، ئۆزىنى كەمبەغەللەرنىڭ كۆڭلىنى يەڭگىللىتىشكە ئاتىغانمەن، دەپ يۈرەتتى. شۇ ۋەجىدىن، غۇلجىدا ھۆرمەت بىلەن كۆتۈۋېلىنىدىغان خوجىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. قورغىلاڭ ئۆتىنىڭ يېقىلغانلىقى ئۇنىڭ دىلىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان نىيىتىگە راسا خوپ كەلدى. ئۇ چىغلىق مازاردا زىكرى - سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇپ ئۆزىگە خېلىلا كۆپ مۇرىت توپلىغان، خانىقا قۇرۇپ، ھەر يىلى بارات ئاي، رامىزان ئايلىرىدا داشقازان قايىنىتىپ كەمبەغەللەرنى تويغۇزغان. بۇنىڭ بىلەن نام - شەرىپى تېزلا سەكسەن يۇزلۇككە تارقىلىپ، «ئۇلۇغ زات، ئېسىل خوجا، ھەزرىتى ئىشان» بولۇپ تونۇلغانىدى. بىرەر كىم ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئېيتىپ قالسا، «كۇپۇرلۇق قىلما» دېگەن سىلكىنىشلەرگە ئۇچرايتتى. خېلى كۆپ ساندىكى نادان خەقلەر «غوجام سۇق دەپ (دەم) سېلىپ قويسا پالەچ كېسەلمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ، بۇنداق ئۇلۇغ زاتقا تىل تەگكۈزسەڭ ئاغزىڭ مايماق كېتىدۇ» دېگەن گەپلەرگە ئىشىنەتتى. شەمسىدىن خەلپەم ياماتۇدا بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن يەنە مۇنداق گەپ تارقالدى:«خوجام بىر ئەپسۇن ئوقۇۋىدى، چېرىكلەر مىدىرلىيالماي قالدى. بىز قارشىلىقسىزلا

ئۇلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ ئاتلارنى مىنىپ كېلىۋەردۇق.»

ئابدۇرۇسۇل بەگ مەزەمزات ئۈچۈن چاي بەرگەندە، ئەخمەتخان خوجا:

— بىز رىياسەت[1] تۈزەيلى. ھېكىممۇ سالامەت كەلدى، — دېدى.

— ھازىر ۋاقتى ئەمەس. ئاۋۋال كۆرە، بايانداي قەلئەلىرىنى پەتىھ قىلمىغىمىز زۆرۈر، — دەپ جاۋاب قىلدى ئابدۇرۇسۇل بەگ.

ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمىغاندا ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ جاۋابى ئۇنىڭغا ھار كەلدى. ئۇ ئەتىسىلا مەزەمزاتنى يوقلاپ بېرىپ، ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالغانلىقى، ھېكىم ۋە ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلدى:

— سىلى ئوردىنىڭ ۋاڭ گۇڭى. سىلىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى باشلىقى بولۇشلىرى بەرھەق. مەن تۈنۈگۈن شۇ نىيەتتە رىياسەت تۈزۈشنى تەلەپ قىلسام ئابدۇرۇسۇل بەگ مېنى كىچىك بالىسىدەك سىلكىۋەتتى. يا مېنىڭ تەكلىپىم خاتامۇ؟ بۇ يۇرتنىڭ ھاكىمى لەشكەر ئىشلىرىنى، مۈلكىي ئىشلارنى قولىدا تۇتۇشى، ھۆكۈمنى يۇرگۈزۈشى لازىمدۇركى، نەدىكى پەلپەتىش ئادەملەرنىڭ تۇتۇشقا ھەققى يوقتۇر.

تۈنۈگۈن مەزەمزات ئەخمەتخان خوجىنىڭ تەكلىپىنى كۆڭلىدە ماقۇل كۆرگەن، بىراق تازا بىلىپ كەتمىگەن بۇ خوجا ئالدىدا ئۆزىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىغۇسى كەلمىگەنىدى.

— كۆڭۈللىرىگە رەھمەت تەقسىر، مەن يېڭى كەلدىم، ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىپتىقاندەك، ۋاقىت كېرەك. ئابدۇرۇسۇل بەگ مېنىڭ ئەمىرىم. ئۇ ھەرگىز مېنىڭ شىللەمگە چىقىۋالماس. تۈنۈگۈن چاي ئۈتكۈزۈپ مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ھۆرمىتىمنى قىلدى. ئەسلىدە جياڭجۈن بىلەن مىڭ ئامبال مېنى خۇيزۇلار تۇپىلاڭ كۆتۈردى، شىبەلەرنى قوزغاپ باستۇرغايسىز، دەپ ئەۋەتكەن. كەلسەم يالغۇز خۇيزۇلار ئەمەس ئىكەن، پۈتكۈل يۇرت قوزغىلىپتۇ، خۇش بولدۇم.

---

[1] رىياسەت — ھۆكۈمەت.

مەزەمزات ئۆزىنى رىياسەت باشلىقى قىلىپ كۆتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان ئەخمەتخان خوجىنى ھەممىدىن يېقىن بىلىپ، ھېچكىمگە تىنمىغان ئىشنى دەپ سالدى. ئەخمەتخان خوجىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىگە بىر نېمىنى پۈكۈپ، مەزەمزاتنى قەتئىي تەختكە چىقىرىش زۆرۈر، دەپ ئويلىدى. بىراق، ھەممىنىڭ دىققەت ئېتىبارى بايانداي ئۇرۇشىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى. ئەخمەتخان خوجا نۇرغۇن باش قاتۇرۇپ، خەلق ئارىسىدا ئىناۋەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى بايانداي ئۇرۇشىدا زەپەر قۇچۇش، دېگەن نىيەتكە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىدىن توختاخۇن سەركەردىلىكىدە تۈزۈلگەن مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن بايانداىغا باردى. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى «خوجام ئابدۇرۇسۇل بەگ ئالالمىغان قەلئەنى بىر سوق بىلەن ئالىدۇ» دەپ گەپ تارقاتقانىدى. ئەخمەتخان خوجا جەڭگە كىرىشتىن ئاۋۋال ئۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزەتتى. سېپىلغا ياماشقان غەيۇر لەشكەرلەرنىڭ سېپىلدىن تاشلانغان ئوتتا كۆيۈپ شوتىدىن يىقىلىۋاتقانلىرىنى كۆردى ۋە قورقىنىدىن دىر ـ دىر تىترەپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ غۇلجىغا قايتتى. بۇ چاغدا، ئابدۇرۇسۇل بەگ غۇلجىغا تېگىش ئۈچۈن ياماتۇغا يېقىنلاپ قالغان چىڭتەي غالدايىنىڭ قوشۇنىغا قارشى كىمنى ئەۋەتىش ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. ئەخمەت خەزىنىچى:

— ئەمىر لەشكەر، ئەخمەتخان خوجا بايانداىدىن يېنىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى ئەۋەتسىڭىز مۇۋاپىق بولار، ئۇلار ياماتۇنى ئوبدان بىلىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

بۇ مەسلىھەت ئابدۇرۇسۇل بەگكە ياقتى. ئۇ چاپارمەنگە:

— ھەي چاپارمەن، دەرھال ئەخمەتخان خوجىغا ئېيت، قوشۇنىنى باشلاپ ياماتۇغا بارغاي، چىڭتەي قوشۇنىنى يوق قىلغاي! — دېدى.

چاپارمەن كەتتى. ئابدۇرۇسۇل بەگ، چىڭتەي قوشۇنى سەر خىل قوشۇن، قىلىچۋازلىقتا ماھىر. خوجا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي قالمىسۇن يەنە، دېگەن خىيالدا ئولتۇرۇپ ئەلا پالۋانغا «مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تېز يېتىپ كەل» دەپ مەكتۇپ يازدى. شۇ ئارىدا چاپارمەن كەلدى.

— بېگىم، خوجام پەرمانلىرىدىن باش تارتتى. بارمايمەن، دەپ ئۇز

يولىغا ــ چىغلىق مازار تەرەپكە كەتتى، ــ دېدى چاپارمەن.

ــ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟

ــ ئەمىر لەشكەر، رەنجىمەڭ. مەن بېرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرەي، بەلكىم ئاق ساقىلىمىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلار، ــ دېدى ئەخمەت خەزىنىچى.

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قېرىپ قالغان قېيناتىسىنى ئاۋارە قىلغۇسى يوق ئىدى. بىراق ئامالسىز ئىدى. چېگتەينى توسايدىغان قوشۇن بولمىسا ئۇنىڭ چېرىكلىرى يېزىلارنى ۋەيران قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئەخمەت خەزىنىچى كۆيئوغلىنىڭ ئۆزىنى ئاياۋاتقىنىنى سېزىپ:

ــ ئوغلۇم. ئات بىلەن ئايلاپ يول يۈرگەن يەردە بىر چامدام يەرگە بېرىپ كېلىشكە چىدىمامدىمەن! ــ دېدى.

ئەخمەت خەزىنىچى ئوردىدىن چىقىشىغا ئوغلى ئۇچراپ قالدى، ئۇ دادىسىغا ھەمراھ بولدى. ئۇلار چاپارمەننىڭ يول باشلىشى بىلەن ئەخمەتخان خوجىنىڭ ئىزىدىن ئات سالدى.

ــ خوجام، ئۇچ ئاتلىق بىزگە قاراپ چاپتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، ــ دەپ خەۋەر بەردى توختاخۇن.

ئەخمەتخان خوجا كەينىگە قاراپ ئۆزىگە يېقىنلاپ قالغان ئەخمەت خەزىنىچىنى تونۇدى، ئەمما توختىماي كېتىۋەردى. ئەخمەت خەزىنىچى يېتىشىۋالدى، خوجا بىلەن ياندىشىپ مېڭىپ:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خوجام! ــ دەپ سالام قىلدى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ــ تەقسىر، سەپەرلىرى قاياققا؟

ــ ماڭا «لىڭكۇغا ياۋ كەلدى، ياردەم بەرسىلە» دېگەن مەزمۇندا مۇنۇ مەكتۇپ كەلگەن، ــ دەپ خوجا بىر مەكتۇپنى خەزىنىچىگە بەردى.

ئەخمەت خەزىنىچى مەكتۇپنى ئوقۇدى، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى. بۇ مەكتۇپ غەلىتە ئىبارىلەر بىلەن يېزىلغانىدى. خەزىنىچى:

ــ ئەسلى ياۋ لىڭكۇدا ئەمەس يامانۇ تەرەپتە. چېگتەي غالداي قوشۇنى بىلەن شەھىرىمىزنى مۇستەھبىت قىلىشقا چىققان، ئەمىر لەشكەر ئابدۇرۇسۇل بەگ سىلىنى ئاشۇ چېگتەيگە قارشى يۈرۈش قىلىشقا ئەمىر قىلدى. ئۇ

سىلەردىن چىڭتەي قوشۇنىنى زابۇت قىلىشلىرىنى سورايدۇ، — دېدى.

ئۆز نىيىتىگە يېتەلمىگەن ئادەملەر ئۈمىدسىزلىنىدۇ، تاقەتسىزلىنىدۇ، ھەتتا نادانلىق بىلەن قىلغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، بەلكى نىيىتىگە يېتىشكە توسقۇنلۇق قىلغانلاردىن ئۆچ ئالىدۇ. شۇ تاپتا ئەخمەتخان خوجا مانا شۇنداق ھالەتتە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ رىياسەت تۈزۈش تەلىپى ئابدۇرۇسۇل بەگ تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتتى. نام چىقارماقنى مەقسەت قىلىپ باياندىغا يۈرۈش قىلىۋىدى، دەھشەتلىك جەڭنى كۆرۈپ قورقتى. قارارگاھىدا پۇرسەت كۈتۈپ ياتماقچى بولۇۋىدى، مۇنۇ ئابدۇرۇسۇل بەگ دېگەن خۇمپەر چاپارمەن ئەۋەتتى. «ئۇنىڭ نىيىتى ماڭا مەلۇم، — دەپ ئويلايتتى خوجا. — كۈچلۈك چېرىكلەرگە مېنى يەم قىلىپ بېرىپ مېنىڭدىن قۇتۇلماقچى. ساددا ئىكەنسەن ئەمىر، سېنىڭدەك ئەخمەقلەردىن نەچچىسىنى دەرياغا ئاپىرىپ سۇغارماي كەلگەنمەن!» ئۇ ئەمىر لەشكەر ئابدۇرۇسۇل بەگدىن ئالالمىغان ئۆچىنى ئۇنىڭ قېيناتىسىدىن ئالماقچى بولدى بولغاي، سەنلەپ تۇرۇپ دوق قىلدى:

— ئەي خەزىنىچى، بېرىپ خەزىنەڭگە قارا، كۈيئوغلۇڭ ئىككىڭ خەزىنىنى قۇرۇقداپ بولۇشتۇڭ. ئەمدى سەنلەرنىڭ پىت كۆزى مېنىڭ سەر خىل قوشۇنۇمغا چۈشتىمۇ! مەن سېنىڭ، ئەمىرىڭنىڭ ئادىمى ئەمەس. مەن سەنلەرگە ئەمەس، سەندەك قۇللار ماڭا بېقىنىشىڭ كېرەك! بار، ياخشىلىقچە قايتىپ بېرىپ ئەمىرىڭگە بۇ سۆزۈمنى يەتكۈز!

ئەخمەت خەزىنىچى بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن باتۇر، مۆرىتى كەلسە ئاتاڭنىڭ گېپىگە يان، دەيدىغانلاردىن ئىدى. شۇڭا، ئۇمۇ جىددىي، كەسكىن ھالدا جاۋاب قايتۇردى:

— ئەي خوجا، ئەگەر ئەمىرلەشكەرنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرمىسەڭ جازاغا مەھكۇم بولۇرسەن. بويۇنتاۋلىق قىلمەن دېمە، بۇ لەشكەر سېنىڭ ئەمەس! ئەي توختاخۇن. لەشكىرىڭنى باشلاپ ياماتۇ تامان ئاتلان. چىڭتەي قوشۇنىنى يوقات! بۇ ئىختىلال ھەيئىتىنىڭ باشلىقى، پۈتكۈل قوشۇننىڭ ئەمرى ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ پەرمانى!

توختاخۇن بىردە خەزىنىچىگە، بىردە خوجىسىغا قاراپ قالدى. ئۇ ئوتتۇردا خىجىل بولۇپ نېمە قىلارنى بىلمەيۋاتاتتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئەخمەتخان خوجا خەزىنىچىگە:

— ئەي خەزىنىچى قۇل، لەشكەرنى توسما. ھېلى بىكار تىنغ يەيسەن!— دېدى قولىنى قىلىچىغا ئاپىرىپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مەن ياۋ ئەمەسمەن. — دەپ خەزىنىچى لەشكەرلەرنى توسۇپ تۇرغان يېرىدە تۇرۇۋەردى.

خوجا قىلىچىنى شارتتىدە سۇغاردى — دە، ئېتىنى دېۋىتىپ بېرىپ ئەخمەت خەزىنىچىنىڭ گەجگىسىگە ئۇردى. ئەخمەت خەزىنىچى «ئاللا» دەپلا ئاتتىن يىقىلدى. ئاتا ھالىنى كۆرگەن قەددى سەرۋازدەك، چىرايى گۈلدەك، تېخى بۇرۇتى خەت تارتمىغان ئوغۇل:

— ئاھ، قارا يۈزدىن ۋاپا تەلەپ قىلغان دادام! — دەپ پەرياد كۆتۈردى.

ئەخمەتخان خوجا ئۇزىنى «قارا يۈز» دەپ ھاقارەتلىگەن ئوغۇلغا غەزەپ بىلەن قارىدى. ئۇ بۇ قانلىق پاجىئەنىڭ شاھىدىنى قالدۇرماسلىق نىيىتىگە كېلىپ، توختاخۇنغا:

— ئاۋۇ دەيۈزنى چاپ! — دەپ ۋارقىراپ، ئۆزى ئاۋۋال ئوغۇلغا ئات سالدى. بالا قاچتى، ئۇ ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى بالىنىڭ يۇمران بوينىغا قىلىچ ئۇردى، ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى تۇپراقنى بويىدى.

توختاخۇن بۇ پاجىئەنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولۇپ ئۆتكىنىنى كۆرۈپ قېتىپلا قالغان، خوجىنىڭ پەرمانىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەنىدى. خەزىنىچى بىلەن بىللە كەلگەن چاپارمەن خوجىنىڭ ئۆزىنىمۇ قەتل قىلىشقا پەرمان بەرگىنىنى ئاڭلاپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپلا ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى ۋە بارغان پېتى ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ، بولغان دەھشەتلىك پاجىئەنى بايان قىلدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ نۆكەرلىرى بىلەن پاجىئە يۈز بەرگەن يەرگە كەلدى. ئەخمەتخان خوجا ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يەردە قېيناتىسى ۋە قېيىنىنىسىنىڭ ئىسسىق قېنى بويىغان يول، ئۇلارنىڭ قاتقان جەسىتى تۇراتتى. ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ غەزەپ ۋە ئېچىنىشتىن چىشلىرى غۇچۇرلىدى: «بايانداىدا قانلىق جەڭ

بولۇۋاتقاندا ئۆز ئادەملىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈش دېگەن قانداق گەپ! خەپ خوجا، سەن قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن.» ئابدۇررۇسۇل بەگ چاپارمەن ئېلىپ كەلگەن ھارۋىغا جەسەتلەرنى سالغۇزۇپ، تۆپىسىنى ياپقۇزۇپ، ئۆيگە ئېلىپ كەلدى.

بۇ دەھشەتلىك ئۆلۈمنى — ئېرىنىڭ جەسىتى بىلەن پەرزەنتىنىڭ جەسىتىنى كۆرگەن پاشاخان ھوشىدىن كەتتى. ئاياللار سۇ پۈركۈپ يۈرۈپ ئاران ھوشىغا كەلگەن پاشاخان:

— ئاھ دوست، سىلىگە قايسى زالىم قەست قىلغاندۇ، مېنىمۇ بىللە ھالاك قىلسا بولماسمىدى! — دەپ پەرياد چەكتى.

ئابدۇررۇسۇل بەگنىڭ ئاغىچىسى ئەزرا بىر قولى بىلەن دادىسىنىڭ پۇتىغا، بىر قولى بىلەن ئىنىسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلغان ھالدا ئىچ-ئىچىدىن يىغلاپ تۇرۇپ نالە قىلدى:

— ئاھ، مېنىڭ شىردەك ئاتام، پېقىر ناتىۋانغا مەدەتلىك ئاتام. سەبىي قېرىندىشىم. ئاھ ئاتام... ئاھ قېرىندىشىم!

ئابدۇررۇسۇل بەگ ئاغىچىسىنى يۆلىدى، تەسەللى بەردى:

— سەۋر قىل، مەن قاتىلنى جەزمەن تۇتىمەن، قانغا قان ئالىمەن!

## 2

ئابدۇررۇسۇل بەگنىڭ «قانغا قان ئالىمەن» دېگەن گېپى ئەخمەتخان خوجىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. نەزىرى ئۈستۈن، خورېكى چوڭ خوجىنىڭ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان كۆزلىرى قورقۇنچىدىن چانقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى، كېچىسى ئۇخلىيالماس بولۇپ قالدى. چىغلىق مازار يېزىسىنىڭ ئەتراپىغا قاتمۇ-قات جېسەكچىلەرنى تۇرغۇزدى. ئابدۇررۇسۇل بەگ قوشۇن تارتىپ كېلىدۇ، دېگەن ۋەھىمىدە بىردەممۇ خاتىرجەم بولالمىدى. گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەي قالدى. ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ، چىرايىدا قان قالمىدى. ئۇ ئاخىر چىدىيالماي، كېچىلەپ بىر نەچچە پالۋاننى ھەمراھ قىلىپ، ئوغرىلىقچە مەزەمزاتنىڭ

قوروسىغا كەلدى، دەرۋازىنى ئاستا چەكتى. دەرۋازىۋەن مەزەمزاتنى ئويغاتتى، مەزەمزات مووۋت پەشمىتىنى كىيىپ ساراي ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ:
— مېھمانلارنى باشلاپ كىر، — دېدى.
ئەخمەتخان خوجا ئىشىكتىن كىرىپ ئىككى پۈكلىنىپ سالام بەردى. يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئاھ ـ ۋاھ دېدى. مەزەمزات ئۇنىڭ بېشىدىكى يوغان سەللىسىگە، يالپاق يۈزىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى، خوجىنىڭ ھەيۋەت سالاپىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ بەجايىكى نان تىلەپ كەلگەن بىر بىچارە دىۋانە، مۇساپىر قىياپىتىدە ئىدى. مەزەمزات ھېچكىمنى نەزەرىگە ئىلمايدىغان بۇ يوغانچى خوجىنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىگە تولىمۇ ھەيران قالغانىدى.
— ئەي خوجام، چىرايىڭىزدا قان، ئۆزىڭىزدە جان يوق، نېمە بولدى؟— دەپ سورىدى.
خوجا هارامزادە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تورۇپ نالە ـ زار قىلدى:
— ئاھ ئۇلۇغ ھېكىم، ۋاڭلارنىڭ ۋاڭى، بوينىمىز قىلدا باغلاقلىق، ئەمىر بىزنى ئۆلتۈرگۈدەك. غەزەپ ئوتىدا كۆيدۈرگۈدەك!
مەزەمزات غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن بېرى ھېچ ئىش يوق ئىچى پۇشۇپ يۈرگەنىدى. قوشۇننى ئابدۇرۇسۇل بەگ، مۈلكىي ئىشلارنى ئابدۇل ناسىر ئەلەم بىلەن ئەخمەت خەزىنىچى باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ھەتتا ئۇ جىياڭجۈن مەھكىمىسى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئۈچ يۈز كۈمۈش تەڭگىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى. ئەسلىدە مەزەمزات بۇ يەرگە كېلىپلا: «مەن بۇ ئىشنىڭ بېشى بولىمەن. يەنىلا بۇرۇنقىدەك دەۋران سۈرىمەن» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۇنىڭغا بىرەر ئەمەلمۇ بەرمىدى، بەلكى گۇماني كۆزدە قاراپ كەلدى. شۇڭا مەزەمزات ئۆزىنىڭ مەنسەپتىن، كۈمۈشتىن، ئابرويىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى ئابدۇرۇسۇل بەگدىن كۆرۈپ كۆڭلىدە، ئۇنىڭغا غوم ساقلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ قېيناتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن: «بىر رەقىبىمدىن قۇتۇلدۇم، ئەمدى مېنى بۇرۇنقىدەك مۈلكىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىدىغۇ» دەپ خۇش بولغانىدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن ئىختىلال ھەيئىتى ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يېقىن ئاغىنىسى،

دىۋانبېگى ۋەلى باينى خەزىنىچىلىكنى قوشۇمچە ئۆتەشكە قويدى. مەزەمزات بۇ ئىشنىمۇ ئابدۇرۇسۇل بەگدىن كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئابدۇرۇسۇل بەگكە بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. ئۇ شۇ توپەيلى ئۆزىگە دوست ـ يارەن ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ ئاخىر مۇشۇ مىسىڭ ئاتلىق قوشۇنى بار، نەچچە مىڭلىغان مۈرىتى بار ئەخمەتخان خوجىنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. مانا ئەمدى دەل مۇشۇ ئەخمەتخان خوجا ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ھاي، كىم بار؟ — دەپ ۋارقىرىدى مەزەمزات.

— خوش جانابلىرى، — چاكار بوسۇغىدا ھازىر بولدى.

— مېھمانلارغا تائام تەييارلاڭلار! — دېدى مەزەمزات. ئاندىن ئەخمەتخان خوجىنى يۇقىرى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى.

چاكار ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىردى. قولغا سۇ ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي داستىخان سېلىنىپ چاي تارتىلدى.

— قېنى، ئېلىڭ خوجام، — دېدى مەزەمزات.

— خوش، خوش، رەھمەت، — ئەخمەتخان خوجا ھېجىيىپ قويۇپ چايدىن ئوتلىدى.

چايدىن كېيىن قېزا، قوزا گۆشلىرى بېسىلغان پولو كەلتۈرۈلدى.

ئەخمەتخان خوجا بىر كاپام ئاشنى ئاغزىغا سالدى. ئۇ ئاشنى ھوزۇرلانغاندەك چايناپ تۇرۇپ پولونى ماختاشقا باشلىدى...

— سىزنى خوجىلارنىڭ ئەۋلادىمىش دېيىشىدۇ، مەنمۇ ئىمىن ۋاڭدەك خان ئەزىمنىڭ ئەۋلادى، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى مەزەمزات.

— شۇنداق بولمامدىغان، — دېدى ئەخمەتخان خوجا. — چوڭ بوۋىلىرى ئىمىن ۋاڭ چىڭ خانىغا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇلۇغ زات، چىڭ خانىدانلىقى بوۋىلىرىغا ۋاڭ ـ گوڭلۇق ئەمەل ئىنئام قىلغان. پېقىر بۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟ ئەمما، مېنى ئېچىندۇرىدىغىنى ھازىر بۇ ۋاڭلىق قولىڭىزدىن كەتتى. ئۇنى سىلىنىڭ خىزمەتكارلىرى تارتىۋالدى. ئەمدى سىلىنى ۋاڭ ئەۋلادى دېگىلى بولمايدىغان بولدى. شۇڭا سىلىنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەزەمزاتنىڭ كۆزلىرى ئالايدى. بۇرۇنى تىك تۇرۇپ كەتتى. گېلىغا گۈرۈچ تىقىلىپ قالغاندەك تاۋاقتا ئاپارغان قولىنى تارتىۋېلىپ قوپاللىق بىلەن سورىدى:

— ئەي خوجا، نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسىز، نېمە ئۈچۈن مېنى ۋاڭ ئەۋلادى دېمەيدىكەن، چاڭ جياڭجۇن بىلەن مىڭ شۈي ئامبال مەن بۇياققا ماڭغاندا، مېنى «سىز ۋاڭ» دەپ ئاتىدىغۇ؟ خاننىڭ يارلىقى بارغۇ؟

ئەخمەتخان خوجا ئىككى ھەپتىدىن بېرى تۈنجى قېتىم كۆڭلى ئەمىن تېپىپ تاماققا ئاچ بۆرىدەك تۇتۇش قىلغانىدى. ئۇ ئاغزىدىكىنى يۇتۇۋېتىپ چايدىن بىر ئۇتلىدى، ئاندىن ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

— سىلى ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ شەھەر سوراپ كەلگەن ۋاڭ، ھۆكۈمرانلىقنىڭ قائىدە - يوسۇنى، ئۇسۇلىنى بىلىدىلا. شۇڭا دەيمەنكى، سىلى مەڭگۈلۈك ۋاڭ. خانمۇ شۇنداق يارلىق چۈشۈرگەن دەۋاتىدىلا. ئەمما، ئابدۇرۇسۇل بەگ، ناسىر ئەلەملەر سىلىنى، مەنچىڭ خاننىڭ ئەمەلدارى، جياڭجۇننىڭ قولچومىقى، ئەمەلدارلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەر بىز، ھەرگىز مەزەمزاتقا ئەمەل بەرمەيمىز. ئۇ ياۋاشلىق بىلەن پۇقرا بولغىنى ياخشى، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ رىياسەت تۇرۇپ سىلىنى باش قىلىش نىيىتىم ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇ ئىختىلال ھەيئىتىنىڭ باشلىقى، پۈتكۈل لەشكەرنىڭ ئەمىرى بولغاچقا پېتىنىپ بىر نېمە دېيەلمىدىم. ئۇ ئۆزى خان، قېيىناتىسى بەگ بولۇپ پۈتكۈل ھەربىي ۋە مۈلكىي ئىشلارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. خەزىنىنىڭ بايلىقى ئۇلارنىڭ بولدى. ھەتتا مېنى ئەخمەت خەزىنىچىدەك بىر پاسىق قول جياڭجۇننىڭ سەر خىل قوشۇنىغا قارشى ئۆلۈمگە بېرىشقا زورلاپ تەھدىت سالدى. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندىم، غەزىپىمگە بەس كېلەلمەي خەزىنىچىنى قەتل قىلىۋېتىپتىمەن، بۇ مېنىڭ سەۋر قىلالمىغانلىقىم، ئەلۋەتتە.

مەزەمزات ئويلىنىپ قالدى: «مەن ئەجدادىمغا ۋارىسلىق قىلىپ يۇرت سوراپ كەلگەنىدىم، ئەمدىچۇ؟» ئەخمەتخان خوجىنىڭ گېپىدىن ئۇنىڭدا تەختتە قايتا ئولتۇرۇش ئارزۇسى تۇغۇلدى. ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ۋاڭ - گۇڭلۇق ئەمەل قولىدىن كەتكىنىنى چۈشەندى. «ھىم، ئابدۇرۇسۇل

بەگنىڭ تەۋەررۇك مىراسىمنى ئارتۇۋالغىنىنى بىلەتتىم. مۇنۇ قېرىنى ھەممە ھۆرمەت قىلىدۇ. ھەتتا ئابدۇرۇسۇل بەگ چېغىدا قېيناتىسى قېيىنئىنىسىنى قەتل قىلسىمۇ تېگەلمىدى، مېنىڭدەك بىر ۋاڭنى بولسا «ياۋاش پوقرا بولسۇن» دەپتۇ. شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئاتا - بوۋام گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرمامدۇ؟ ياق، ياق! بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن! مۇنۇ قېرى خوجىچىلىكمۇ بولالمىدىمەن. بۇ خېلى باتۇر، قارام ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلانسام بولار... ئۇ شۇنداق نىيەتكە كەلدى - دە، خوجىنى چېكىپ باقتى:

— بۇ گېپىڭىز ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، نېمە مەسلىھەتىڭىز بار؟

— مېنىڭچە، بىر رىياسەت ئۆزگۈلۈك. بۇ رىياسەتكە سىلى ۋاڭ بولسىلا، يەنى سۇلتانلىق قۇرۇپ سىلىنى سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزۇش كېرەك.

— سۇلتانلىق بولسا، چىڭ خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققان بولمامدۇ؟

— يوقسۇ تەقسىر، سۇلتانلىق دېگەن چىڭ خاندانلىقى ئىلكىدىكى بىر بەگلىك بولىدۇ. خانغا ھەر يىلى سېلىق تۆلەم بېرىدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ رىياسەتمۇ بولىدىكەن.

— بىراق...

— نېمە بىراق؟

— ئابدۇرۇسۇل بەگ سىلىنىڭ تەختكە چىقىشلىرىغا يول بەرمەيدۇ، — ئەخمەتخان خوجا شۇنداق دەپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى. باياتىنقى تەرىپ - ماختاشلار، ئەپسۇن - ئېزىتقۇلار مەزەمزانقا تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئاقىل كۆزى يۇمۇلدى، ئەخمەت خوجىنىڭ ئاخىرقى سۆزى كۆزلىرىدە ئەقىل نۇرىنغا غەزەپ يالقۇنى ياندۇردى. ئۇ ئۇزاق ئويلاندى، بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. ئاخىر مېھماننى ئۇخلاپ ئارام ئېلىشقا، قالغان گەپنى ئەتە قىلىشقا جورىدى.

بۇ قىسقىراپ قالغان كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ھەر ئىككى ۋاڭ ئەۋلادى ئۇخلىدىمۇ، ئۇخلىمىدىمۇ بەلگىسىز. ئۇلار ئەتىگەنلىك بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇشۇپ ناشتىغا ئولتۇرۇشتى. چايىنى ئۇندىمەي ئىچىشتى. چايدىن

كېيىن بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتى ۋە مىيىقىدا كۈلۈشتى. بەلكىم ئۇلار كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىدىن كۈلۈشكەندۇر ۋە ياكى بىرەر ئەقىل تېپىشقىنىدىن كۈلۈشكەندۇر. گەپنى ساھىبخانا باشلىدى. مېھمان قۇلىقىنى دىڭ قىلدى. ساھىبخانا تاڭ ئاتقىچە ئويلاپ: «ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئەخمەتخان خوجىدا قىساسى بار، ئەمدى ئەخمەتخان خوجىنى پېغىرىغا تېگىپ، ئابدۇرۇسۇل بەگكە قارشى قويۇش كېرەك. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىچا تېرىپ، ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپنى ئۇلغايتىپ، ئوتتۇرىدىن پايدىلىنىش ئەڭ ئاقىلانىلىقتۇر. شۇ چاغدا جىياڭجۈننىڭ تەلىپى ئورۇنلىنىدۇ، ئۆزى يەنە داۋران سۈرىدۇ» دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. هازىر ئۇ شۇ قىچىنى چاچتى:

— سىز ئاخشام ئابدۇرۇسۇل بەگ بىزنى قەتل قىلغۇدەك، دېدىڭىز. بۇ ئەھقىق! سىز ئۇنىڭ قېيناتىسى بىلەن قېيىنىسىنى قەتل قىلدىڭىز. بۇ كىچىك ئىش ئەمەس. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۈچۈنلا ئەمەس، ئىختىلال ئوتى ئۈچۈنمۇ چوڭ يوقىتىش. ئەخمەت خەزىنىچى ھېساب ـ كىتابتا تەڭداشسىز ئادەم ئىدى. ئۇ بۇرۇن مەن تەختتە ئولتۇرغاندىمۇ خەزىنىچى ئىدى. هازىر ئەمىر بەگ ئالدىراش، باياندايىنى ئالالمايۋاتىدۇ، پۈتۈن زېھنى ۋە ۋاقتىنى باياندايىنى ئېلىشقا قارىتىۋاتىدۇ. ئۆيىدىمۇ، ئوردىدىمۇ بولمايۋاتىدۇ. ئۇ باياندايىنى پەنھە قىلسىلا سىزنى تۇتىدۇ. ئۇ: «قولۇم بوشىغاندا خوجىنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويىمەن» دەپ يۈرۈپتۇ. سىزنىڭ چىغلىق مازاردەك تار جاھاندا مۆكۈنۈپ يېتىشىڭىز زىيانلىقتۇر. ئەمدى قالغىنىنى ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ.

— بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قانتى. سىلىنى ئۆز بىلىپ، بېشىمنى سىلار، قوتۇلۇشنىڭ مەسلىھەتىنى بىرەر دەپ جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدىم، — دەپ خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ يالۋۇردى.

مەزەمزات ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يەنە بىر قاراپ قويۇپ:

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ خوجا، — دېدى. ئۇ ئولتۇرغاندىن كېيىن سىرلىق قىلىپ پىچىرلىدى، — بۇ غوۋغادىن قوتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى

شۇكى، ئابدۇرۇسۇل مۇشت ئاتقۇچە سىزنىڭ مۇشت ئاتقىنىڭىز تۇرۇڭ.

ئەخمەتخان خوجىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى تورۇسقا قادىلىپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇزىگە كېلىپ پىچىرلىدى:

— ئەي مەرھەمەتلىك ھېكىم، ئۇنداقتا پۈتكۈل لەشكەر ئۇئم بولۇپ، مېنى تىتما - تىتما قىلىۋەتمەمدۇ؟!

— ئەڭ ئەۋزىلى، — دېدى مەزەمزات ئاۋازىغا سىرلىق تۇس بېرىپ، — بۇنداق ئىشلاردا سىزنىڭ قان چىقارماي جاننى ئېلىش ھىيلىڭىز ئەسقىتىپ قالارمىكىن.

خوجا تىترەپ كەتتى، ئۇزاق ئويلاندى، تولغاندى. ئاخىر زۇۋانغا كەلدى:

— بۇنىڭدىن باشقا ماڭا قۇتۇلۇش يولى يوقتەك تۇرىدۇ. جانابىي شاھىم، پاناھىم، سىلى تىرەك بولۇپلا بەرسىلە پۇرسەت تېپىپ بۇ ئىشنى بېجىرىمەن!

— ئەمما، پىنھان يۈرۈڭ، ئۇنىڭغا كۆرۈنمەڭ. بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنماڭ، — دېدى مەزەمزات.

بۇ تەدبىرنى ئاڭلاپ، ئەخمەتخان خوجىنىڭ تاتارغان يۈزىگە قان يۈگۈردى، ئالۋاستىلارچە ھىجايدى. ئۇلار پېشىن نامىزىغىچە ئايرىم خانىدا ئارام ئېلىشتى، پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ تاماق يېيىشتى. كەچلىكى ئەخمەتخان خوجا مۇشۇكتەك تىنىش چىقارماي ئۇۋىسىغا قايتتى.

## 3

مىلادىيە 1864 - يىلى كەچ كۈز. ئابدۇرۇسۇل بەگ باياندايىنى پەتىھ قىلىش ئىشى بىلەن بەند ئىدى. ئۇ لەشكەرلەرنى رويخەتكە ئالدى، تۈرلۈك تەدبىرلەر ئۈستىدە باش قاتۇردى. لەشكەر، سەركەردىلەرنىڭ تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. بۇ تەكلىپلەر ئىچىدىن بىرنى تۇرغۇزدى، يەنى سېپىلدىن ئېگىز قىلىپ ئىككى شەبىە تۇرغۇزدى. شەبىلەرنىڭ ئۈستىگە مەرگەنلەرنى چىقىرىپ، باياندايى قەلئەسى ئىچىگە ئوق ئېتىشنى ئەمىر قىلدى. مەرگەنلەر قەلئەگە، سېپىل ئۈستىدىكى چېرىكلەرگە ئوق ياغدۇرۇشقا

باشلىدى.

— ئەمىر لەشكەر، — دېدى جاڭ لى، ئۇ بۇ يەرگە ئوق ئېلىپ كەلگەنىدى، — بۇنىڭدا يەنىلا مەرگەنلەرگە ئوق تېگىپ كېتىدۇ. ھەر بىر مەرگەنگە ئىككىدىن يارماق بەرسىلە. مەرگەنلەر شەببە ئۈستىگە دالدا قىلغۇدەك نېپىز تام قوپارسۇن، بۇ يارماقلارنى تام ئارىسىغا قىستۇرسۇن، بىر يارماقنى سوغۇرۇپ ئالسا، ئوق ئۆتكۈدەك تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بۇ تۆشۈكتىن قەلئەگە ئوق ئېتىۋېرىدۇ. ئەمما مەرگەنلەرگە ئوق تېگىپ شىكەستە يېمەيدۇ.

ئابدۇرۇسۇل بەگ بۇ تەكلىپنىمۇ ماقۇل تېپىپ مەرگەنلەرگە يارماق تارقىتىپ بەردى. جاڭ لى مەرگەنلەرگە ئۆگىتىپ، باشنى پاناھلىغۇدەك لاي تام قىلىپ. تام ئارىلىقىغا يارماقلارنى ئورناتقۇزدى. تام قۇرۇغاندىن كېيىن يارماقنى ئېلىپ تاشلىۋىدى تۆشۈك ئېچىلدى. جاڭ لى بۇ تۆشۈكتىن ئوق ئۈزۈپ، بىر نەچچە چېرىكنى سېپىلدىن موللاق ئاتقۇزدى. مەرگەنلەرمۇ ئوق ئاتتى. مەرگەنلەر تۆشۈكتىن ئوق چىقىرىپ، سېپىل ئۈستىدىكى چېرىكلەرنى باش كۆتۈرتمىدى. بىراق، سېپىلغا غەيۇر لەشكەرلەر چىققان ھامان چېرىكلەر مىلتىق ئېتىپ، نەيزىلەپ، تاش، كىگىز، ماز، يوتقانلارنى سۇمايغا چىلاپ ئوت يېقىپ لەشكەرلەر ئۈستىگە تاشلاپ سېپىلغا چىقارتقۇزمىدى. لەشكەرلەر سېپىل گىرۋىكىگە چىقاي دېگەندە مەرگەنلەر ئوق ئاتماي تۇراتتى، بۇنىڭدىن چېرىكلەر پايدىلىناتتى.

ناسىر ئەلەم لەشكەرلەردىن ھال سوراش يۈزىسىدىن موللا شاۋكەت ئاخۇن. جاللىدىن خەلپەم قاتارلىق ئۆلىما ۋە سىپاھلارنى باشلاپ بايانديغا كەلدى. ناسىر ئەلەم جەڭنىڭ ئىختىلال لەشكەرلىرىگە پايدىسىز بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ بېشىنى خىيال بىلەن ئەگدى. بىر دەقىقە ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەي ئەمىر، پېقىرنىڭ كالتە پەمى دورا بىلەن سېپىل دەرۋازىسىنى كۆككە ئۇچۇرماقنى لازىم تاپتى، — دېدى.

— ئۇستاز، بۇنداقتا جاھان ئىش بولار ئىدى، دەرۋازىنى قانداق ئۇچۇرغىلى بولار؟ — دەپ سورىدى ئابدۇرۇسۇل بەگ.

— بۇنى سادىر پالۋان قىلالىشى مۇمكىن. ئۇ يامۇلنىڭ سېپىل

ئالىملىرىنى تولا ئىشىپ تەجرىبە ھاسىل قىلغان، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرايلى، — دېدى ناسىر ئەلەم.

— سادىر ئاغا ياشىنىپ قالدى، ئېغىر كەلمەسمۇ؟

— ئۆزىگە دەپ باقمايمىزمۇ؟

ئەمىر سادىر پالۋانغا چاپارمەن ئەۋەتتى. ناسىر ئەلەم، موللا شاۋكەت، جالالىدىن خەلىپەم، ئابدۇللېتىپ خەلپەم ۋە ئەلا پالۋان باشلىق سەردارلار سەككىز قىرلىق چېدىردا ئولتۇرۇشۇپ، باياندايىنى قانداق پەتىھ قىلىش ھەققىدە گوڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا سادىر پالۋان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاق سانچىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئېگىز، بەرنا قەددى پۈكۈلمىگەن، كەڭ كۆكرىكىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئېشىپ تۇراتتى. ئۇ گۈرس - گۈرس دەسسەپ چېدىرغا كىرىپ كەلگەندە، ھەممە ھۆرمەتلەپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. سادىر پالۋان بۇقىنىڭ بويىنىدەك يوغان بويىنىنى ئېگىپ سالام بەردى ۋە بىر چەتتىن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ناسىر ئەلەم ئۇنى يېنىغا ئۆتكۈزدى، ئەھۋالىنى سورىدى، ئاندىن سادىرغا قاراپ:

— ئەي پالۋانلارنىڭ پالۋىنى، سىز ھەممە ئىشقا ماھىر، جەڭگە قادىر ئادەمسىز. بىز بىر ئايدىن بېرى باياندايىنى ئالالمايۋاتىمىز، سىزچە قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى.

— ھەر قايسىلىرىدەك دانىشمەنلەر تۇرغان يەردە كەمىنە نادانلىرى نېمىنى بىلسۇن؟ — دېدى سادىر پالۋان دىمىغىدا گەپ قىلىپ.

— بىز نەدىنمۇ ھەربىي ئىشلاردا بولايلى، — دېدى كۈلۈپ ناسىر ئەلەم، — پېقىرنى ئالسىڭىز، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم. بۇ يەردە ئولتۇرغان سىپاھلار شەرئىي، مۇلكىي ئىشلارنىلا بىلىدۇ. سىز بولسىڭىز ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى چېرىكلەر بىلەن جەڭ قىلىپ كەلگەن باھادىر سەردار، پالۋان. بىز ھەربىي ئىلىمدىن ئېلىپىنىمۇ ئۇقمايمىز. ھەممىمىز سىزنىڭ مەسلىھەت ۋە تەدبىرىڭىزنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ ئولتۇرۇپتىمىز، قېنى، خەلقىڭىز ئۇچۇن ئاقىلانە مەسلىھەتىڭىزنى ئايىماڭ!

سادىر پالۋان ناسىر ئەلەمدەك كاتتا ئۆلىمانىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بولدى. ئۇنىڭ سورىغىنىنى جاۋابسىز قالدۇرۇشنى ئەدەپسىزلىك دەپ

بىلدى. ئۇ بىر پەس ئويلىنىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بايانداينى پەنىھ قىلىش ھەققىدە كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن تەدبىرنى قايتا - قايتا دەڭسەپ كۆردى. بىر چاغدا ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى پاللىدە ياندى. ئاندىن ئۆلۈغلار ئالدىدا ئاتكاچىلىق قىلغۇسى كەلمىگەندەك كەمتەرلىك بىلەن سورىدى:

— يۇرتىمىزدا سىلىدەك ئىلمىي زاھىردا سەيىر قىلغۇچى ئالىم يوق دېيەرلىك. سىلىنىڭ ئويلىغانلىرى باردۇ بەلكىم. ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ ئاقىلانە تەلىمىنى مۇبارەك ئاغزىلىرىدىن ئاڭلاپ باقساق.

ناسىر ئەلەم ئۇنىڭ كەمتەرلىكىنى، سادىدىلىقىنى ياقتۇراتتى. شۇڭا:

— بىلىپ تۇرۇپتىمەنكى، سىز بىر ياخشى چارە تاپتىڭىز. بۇ چارىڭىزنى ئاڭلىغىمىز كېلىدۇ. بۇ چارىڭىز لەخمە كولاپ سېپىل دەرۋازىسىنى ئىرتىلىتىش! — دېدى.

سادىر پالۋان كۈلكىسىنى بېسىپ:

— مەن دېمىدىممۇ، سىلىدەك دانىشمەن تۇرغان يەردە بىز بىر نادان. كۆڭلۇمدىكىنى تاپتىلا. پېقىر بىر كېچىدىلا بۇ ئىشنى بەجا كەلتۈرىدۇ.

— بارىكاللا سادىر ئاغا، سىلىنى كىشىلەر بىكارغا لەشكىرىي ئالىم دېمەيدىكەن، — دېدى ئابدۇللىتىپ خۇش بولۇپ.

سورۇن ئەھلى بايانداي سېپىلى دەرۋازىسىنى پارتىلىتىشنى ئەڭ ياخشى چارە، دەپ قارىدى. ناسىر ئەلەم سادىر پالۋانغا دۇئا بەردى:

— ئاللا تائاللا ئىگەم سادىر پالۋانغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي، ياۋ ئوقىدىن ساقلىغاي.

سادىر پالۋان ئۈچ ئوغلى بىلەن كەچ كىرگىچە تەييارلاندى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ پالۋان قامەتلىك. بەستىدىن كۈچ يېغىپ تۇرغان ئەزىمەتلەر ئىدى. سادىر پالۋان يەنە دائىم ئايرىلمايدىغان تۆت نۆكىرىنى باشلاپ سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ بېقىنىغا كەلدى. ئۇ دەرۋازىدىن تارتىپ ئوتتۇز ماڭدام ئارىلىقنى مۆلچەرلىدى. ئاندىن باشلاپ كەلگەنلەرنى تېۋىش چىقارماي، سېپىل تۈۋىدىكى ئويمانلىقنىڭ قوراي - چۆپلىرىنى يۇلۇپ بولۇشىغا سېپىلنىڭ بېقىنىدىن تېشىشكە بۇيرۇدى. چىققان توپىنى نۆكەرلەر تاغارغا سېلىپ ئوت - چۆپتىن تازىلانغان ئويمانلىققا تۆكتى. ئۇ ئۆزى سىغقۇدەك

ئۆڭكۈر كولانغاندىن كېيىن، ئۆڭكۈرنىڭ ئاستىنى ئويۇشقا بۇيرۇدى. ئۆڭكۈر ئاستى ئۈچ ئادەم سىغقۇدەك كەڭ ھەم سادىرنىڭ بويىنىنى چۆكۈرگۈدەك چوڭقۇر كولاندى. سادىر پالتىنى قولىغا ئېلىپ دەرۋازا تەرەپكە قارىتىپ چېپىشقا باشلىدى. ئۇ دەسلەپكى توپىنى ئۇيمانغا تۆكتۈردى. ئۈچ غۇلاچ ئېشىپ سېپىل ئىچىدە لەخمە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، دۈۋىلەپ قويغان ئوت ـ چۆپنى تۆپىسىگە چاچقۇزۇۋەتتى، ئەمدى سېپىل ئۈستىدىن ئېگىشىپ قارىغانلار بۇ يەردە توپىنىڭ ئىزناسىنىمۇ كۆرەلمەيتتى. سادىر ئۆزى سىزغان سىزىقى بويىچە ئەگرى ـ بۈگرى قىلىپ تەشمە تەشمەكتە. ئوغۇللىرىغا تەشمە تېشىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتمەكتە ئىدى. ئوغۇللار دادىسىنىڭ قولىدىن پالتىنى ئېلىپ نۆۋەت بىلەن چاپاتتى. سادىر زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئۆگىتەتتى:

— ئاۋاز چىقارماي چاپ، چىڭقاپ كەتمە، پالتىنىڭ بىسى ئىتتىك بولغاندىن كېيىن بەك كۈچەپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. ھە، ئەمدى ئۇمشۇق چىقار.

يىلان باغرى لەخمە دەرۋازىغا يەتتى. ئاڭمۇ سوزۇلۇشقا باشلىدى. سادىرنىڭ ئوغۇللىرى لەخمىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ دورىنى ئەكىردى. سادىر پالۋان دورىنى ئوبدان قاچىلاپ، قورۇتۇلغان كالا ئۈچىيىدىن ياسالغان پىلتىنى ئورناتتى، ئاندىن ئۈچەي پىلتىنى لەخمە ئاغزىدىكى ئۆڭكۈرگىچە تارتىپ، ئوغۇللىرىغا:

— ھەممىڭلار كېتىڭلار، ئەمىر لەشكەر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا لەخمە تەييار، دادام پىلتىغا ئوت ياقىدۇ، دەڭلار. ئۆزۈڭلار مېنىڭ چېدىرىمغا كىرىپ ئۇخلاڭلار، — دېدى.

يىگىتلەر قوراي ئارىسىدىن ئۆمىلەپ كېتىشتى. شەببە ئۈستىگە ناسىر ئەلەم باشلىق ئۆلىمالار چىققانىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ سېپىل دەرۋازىسىدىن كۆز ئۈزمەي تۇراتتى. ئۇ چېرىكلەرنىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مەرگەنلەرنى ئۈزمەي ئوق ئېتىشقا ئەمىر قىلغانىدى. ئىككى تەرەپنىڭ مىلتىق ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى.

شەببە سىلكىنىپ كەتتى، گۈلدۈرمامىدەك قاتتىق گۈمبەرلەشتىن يەر

تەۋرىدى، دەرۋازىنىڭ بىقىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كۈن نۇرىنى توستى، ئالەمنى ئىس - تۈتەك قاپلىدى. ناسىر ئەلەم، موللا شاۋكەت ئاخۇنلار ئالىقىنى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ:

— ياشاپ كەت سادىر ئاغا! ھەقىقىي لەشكىرىي ئالىم -- دە. سەن! ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار! — دەپ پەرمان بەردى.

ئاتلىق، لەكمە قوشۇنلار پەرۋانە ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغاندەك، ئوت يورۇقى كۆتۈرۈلگەن سېپىل دەرۋازىسىغا ئېتىلدى. بىراق، پارتلاشتىن ھاسىل بولغان دەرۋازا يېنىدىكى شورىغا بىرىپلا يىقىلىشتى، چېرىكلەر كۆچلۈك ئوق كۆچى بىلەن شورىدىن بېسىپ كىرگەن قوزغىلاڭ غەيۇرلىرىنى قىرىشقا باشلىغانىدى، چېرىكلەر مۆكۈنۈپ تۇرۇپ ئوق ئېتىپ، توپا قاچىلانغان تاغارلار بىلەن بوزۇلغان شورىنى ئەتمەكتە ئىدى. چېرىكلەر قارشىلىقنى بارغانچە كۈچەيتىپ، مىلتىق، توپلاردىن ئۆزمەي ئوق ئۈزدى. لەشكەرلەر جان بېرىپ، جان ئېلىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى.

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كورەدىن نۇرغۇن چېرىك ياردەمگە چىقتى، ئاي - ھاي، دۇقۇزىدا قىيامەتنىڭ جېڭى بولدى.

## 4

چاڭ جېن جياڭجۈن تەختتە ئولتۇراتتى. شى دارېن باشلىق سەردارلار جياڭجۈن ئالدىدا باش ئېگىپ ئولتۇرۇپ پەرمان كۈتتى.

— شى دارېن، يەتتە مىڭ سەرخىل چېرىكنى ئاچقىپ چەنتۇ سەردارلىرىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىڭ. يا توپىلاڭچىلارنىڭ قېنى دەريا كەبى ئاققاي، يا مەن ئەپيۈن سويى ئىچىپ ئۆلەي، — دەپ پەرمان بەردى چاڭ جېن جياڭجۈن.

شى دارېن ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق ئەھدى - پەيمان قىلدى:

— ئۇلۇغ خانىمىز ئۈچۈن، باياندايغا باراي مەن، توپىلاڭچىلار سەردارلىرىنىڭ ئىت كاللىسىنى ئۈزۈپ جانابىڭىزغا كەلتۈرەي مەن! بۇتلار بىزگە مەدەتكار بولغاي، بۇ مېنىڭ بۇتلار ئالدىدىكى ئەھدۇ پەيمانىم بولغاي!

— بۇنلار بىزگە مەددەت بېرەلمەيدۇ، — دېدى جياڭجۈن ھەسرەتلىك ئاۋازدا، — ئۇلار دىلىمىزدىكىنى بىلمەيدۇ. بولدى، بېرىڭ، سىزگە نۇسرەت تىلەيمەن!

شى دارىن سەردار، سەركەردىلەر بىلەن يەتتە مىڭ چېرىكنى باشلاپ، ھەيۋە بىلەن كوزە دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئابدۇرۇسۇل بەگمۇ بايانداىغا لەكمە قوشۇنلىرىنى ئىسھاق بەگكە تاپشۇرۇپ شى دارىننىڭ قوشۇنىغا قارشى يۈرۈش قىلدى. كانتا ئوغلار بىلەن ھېسابسىز چېرىك شىددەت بىلەن كەلمەكتە ئىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ تورۇق ئېتى ئۈستىدە، تىك ئولتۇراتتى. شۇ ئاپتا ئۇنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرگە تىكىلگەن كۆزلىرىدە قەھر - غەزەپ ئۇتلىرى چاقنايتتى. ھازىر ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىككى قوشۇننىڭ دوقۇرۇشۇپ قېلىشى ئىككى سەركىنىڭ تار كۆۋرۈك ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىر - بىرىگە يول بەرمەي ئۇسۇشۇپ ئاخىر بىرىنىڭ تىك مولالاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتكىنىدەك ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى ئايان بولۇپ قالغانىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەزىز پالۋان، بەشرى بەگ، ئابدۇلھېمىت باست، ياگور ئاخۇن، ئابدۇل ۋارىسلارنىڭ لەكمە قوشۇنىنى سەپكە تۇرغۇزۇپ چېرىكلەرگە ئوق ياغدۇرۇشنى ئەمىر قىلدى. ئابدۇرۇسۇل بەگكە ھېلىدىن ھېلى چاپارمەنلەر خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. لەكمە قوشۇن لەشكەرلىرى مۇرىلىرىگە بەردەنگىلىرىنىڭ قوندىقىنى تىرەپ، تەمكىن ھالدا قىمىرلىماي، گەپمۇ قىلماي، ئۆزلىرىگە قارشى ئات سېلىپ كېلىۋاتقان چېرىكلەرنى نىشانلاپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا بىر نەچچە مىڭ ئاتنىڭ دۈبۈرلىشى ئاڭلاندى. كۆزلىرىگە قويۇق چاڭ - توزان ۋە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر كۆرۈندى. ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ۋە ئۇزەڭگىلەرنىڭ جاراڭلاشلىرى ئاڭلانغاندىلا:

— ياۋنى چەنلەپ ئېتىڭلار! — دېگەن پەرمان ئاڭلاندى.

بىرىنچى دۈركۈن ئوقتىن ئالدىدا يېتىلىپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر ئاتلىرىدىن مولالاق ئېتىپ چۈشتى. ئەمما چېرىكلەر كەينىگە يانماي باستۇرۇپ كېلىۋەردى. قىزىپ كەتكەن بەشرى بەگ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى نەرە تارتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ئۇ خاتا قىلغانىدى. ئاتلىق چېرىكلەرگە لەكمە قوشۇنىنىڭ تەڭ كېلىشى تەس ئىدى. ئۇ كۈچ ئېلىشالمىدى، ئۆزى ۋە نۇرغۇن لەشكىرى قۇربان بولدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ بەشرى بەگنىڭ خاتا قىلغىنىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ چېرىكلەرنىڭ كۈچىنى خورىتىش يۈزىسىدىنلا لەكمە قوشۇنىنى جەڭگە سالغانىدى. بەشرى بەگ ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى بۇزۇۋەتتى. نۇرغۇن لەشكەرنى نابۇت قىلدى. بۇ يوقىتىشنى ئاز دېگەندەك باياندايدىنمۇ چېرىكلەر چىقىپ قورغىلاڭچى قوشۇننى ئىككى تەرەپتىن قىستى. لەكمە قوشۇن سېپىنى بۇزۇپ ئۆتتى. ئابدۇرۇسۇل بەگ پەرمان بەردى:

— ئەلا پالۋان، ئىرادە كەمەرىڭنى چىڭ باغلاپ چېرىكلەرگە جەسۇرلۇق بىلەن زەربە بەر، تەڭرى ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلغاي!

— پەرمان بەردارمەن! — دېدى چېرىكلەرنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدىن غەزەپلىنىپ چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن ئەلا پالۋان قىلىچىنى چىقىرىپ. ئۇ بوز ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويىۋەتتى، سەكرەپ، كىشنەپ، چاپچىپ جىم تۇرمايۋاتقان بوز ئات قۇيرۇقىنى يېيىپ تۇلپار كەبى ئالغا ئۆچتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا: «مەن سەنلەرگە تېتىمسام پالۋان بولماي كېتەي» دېگەن ئويدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئەلا پالۋاننىڭ سەپراس تۇرغان. تاللانغان ئۈچ مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى سەردارنىڭ كەينىدىن بوراندەك ئۆچتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان ئابدۇللېتىپ خەلپەمنىڭ ياش مۇرىتلىرىدىن تەشكىللەنگەن بەش يۈز ئاتلىق قوشۇنمۇ ئاتلاندى. ئابدۇللېتىپ خەلپەمنىڭ ئاپئاق سەللىسى قوشۇننىڭ تۇغىدەك لەشكەرنىڭ ئالدىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. گەرچە سان جەھەتتىن چېرىكلەر كۆپ بولسىمۇ، ئەمما شىجائەت، باتۇرلۇقتا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەلا پالۋان قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ كىردى. ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان بوز ئاتنىڭ ئىگىسى چېرىكلەرگە شىردەك ئېتىلىپ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلاتتى. ئۇ ساپلا مەيدىسىدە چەنى بار سەردارلار بىلەن ئېلىشاتتى. ئۇنىڭ ئوت بولۇپ يانغان كۆزلىرى بىردىنلا بىر توپ نۆكەرلەر ئوتتۇرىسىدا غادىيىپ تۇرغان ئادەمگە چۈشتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىرى تۇغ تۇتۇپ تۇراتتى. ئەلا پالۋان «ھىم، باش سەردارى شۇكەن — دە»

دەپ ئويلاپ ئالدىغا كەلگەن چېرىكنىڭ ئېتىغا خىرىس قىلىۋاتقان بوز ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇغ - ئەلەم بار تەرەپكە بۇرىدى. ئاق بوز ئات كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، قۇيرۇق، يايلىنى يېيىپ بوراندەك ئۇچتى. ئۇنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوت ياناتتى. ئەلا پالۋان بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا نەرە تارتىپ، قىلىچ ئۇرۇپ، ئالدىنى توسقان چېرىكلەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. بوز ئات چېرىكلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تۇغ ئەلەم بار يەرگە يېتىپ كەلدى. ئاتتا غادىيىپ ئولتۇرغان شى دارىننىڭ كۆزى بوز ئات ئۈستىدىكى قارا قاشلىق، كۆزلىرى يېنىپ تۇرغان يىگىرمە ئۈچ ياشلاردىكى يىگىتكە چۈشۈپ يۈرىكى جىغىلا قىلىپ قالدى. ئۇ دەرھال قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى. ئەلا پالۋان ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن شى دارىننىڭ بىر نەچچە نۆكىرىنى قىلىچ بىلەن يەرگە غۇلىتىپ، بىر نەچچىسىنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپ شى دارىننىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى - دە، سېپى نەقىشلىك مىسران قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئۇ پۈتۈن ياشلىق كۈچىنى بىلىكىگە يىغىپ، كۆزلىرىنى چامدەك ئېچىپ شى دارىننىڭ بويىنىغا ئۇردى. شى دارىن چاقچاقلىق بىلەن ئەينەكتەك پارقىراپ كەلگەن قىلىچتىن بېشىنى ئاتنىڭ يايلىسىغا تىقىپ قۇتۇلدى. بوز ئات ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈردى، ئەلا پالۋان ئىككىنچى قېتىم قىلىچ ئۇردى. شى دارىن ئۆزىنى يانغا ئېلىپ يەنە قۇتۇلۇپ قېلىپ، قىلىچىنى پىرقىرىتىپ ئەلا پالۋاننىڭ بېشىغا ئۇردى. ئەلا پالۋان بېشىغا ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قىلىچنى قىلىچى بىلەن قايتۇردى. قىلىچلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندا چاقماق چاققاندەك ئوتلار چاچرىدى. ئىككى سەردار ئۇيان ئۆتۈشۈپ، بۇيان ئۆتۈشۈپ تەكرار - تەكرار ئېلىشتى. ئاتلار ئۆرە - تۆپە بولۇشتى. ئېگەر ئۈستىدە ئەلا پالۋان بىلەن شى دارىن، يەر ئۈستىدە ئات بىلەن ئات ئېلىشىشقا باشلىدى. ئەلا پالۋان شى دارىننىڭ بەشىنچى قىلىچىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ ئاتنىڭ بويىنىغا ئېگىشىۋېلىپ شى دارىن ئۇرغان قىلىچنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. شى دارىن ھاۋانى يېرىپ ئۆتكەن قىلىچ بىلەن تەڭ ئېگىشىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئەلا پالۋان ئۇنىڭ بويىنىغا «ياپىرىم» دەپ كۈچ بىلەن ئۇرغانىدى، شى دارىننىڭ قىزىل لېنتىلىق قاسقان قالپىقى

بىر ياقىدا، بىر ئۆزۈم چاچلىق بېشى بىر ياققا چۈشتى، ئاققان قېنى تۇپىنى بويىدى. ئەلا پالۋان ئۇنىڭ بېشىنى قىلىچى ئۇچىغا ئىلىپ ئېگىز كۆتۈردى. شى دارىننىڭ نۆكەرلىرى بىلەن ئەلا پالۋاننىڭ نۇردۇن باشلىق خاس يىگىتلىرى قاتتىق ئېلىشماقتا ئىدى. شى دارىننىڭ بېشىنى كۆرگەن چېرىك سەركەردىلىرى ياغاچتەك قېتىپلا قالدى، تۇغچىنىڭ قولىدىكى چوڭ تۇغمۇ يىقىلدى. ئۇلار ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە يىگىتلەر ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسىنى چېپىپ تاشلىدى. باش سەرداردىن ئايرىلغان سەركەردىلەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئاتلىرىنىڭ بېشىنى كەلگەن تەرىپىگە قايرىدى. چېرىكلەر سەركەردىلىرىنىڭ قاچقىنىنى، تۇغنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ ھەر تەرەپكە جېنىنى ئېلىپ قاچقىلى تۇردى. ئۈچ مىڭ بەشيۈز پالۋان ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ قىر - چاپ قىلدى، ھەتتا سۈر - توقاي قىلىپ كۈرەگىچە قوغلاپ باردى.

ئەلا پالۋان شى دارىننىڭ بېشىنى قىلىچىنىڭ ئۇچىغا ئىلغان پېتى بوز ئاتنى كەينىگە بۇرىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ شى دارىننىڭ بېشىنى ئات تۇيىقى ئاستىغا تاشلىدى. ئەمىر لەشكەر سۆيۈنگىنىدىن:

— يارايسەن باتۇر يىگىت، جەڭ نۇسرىتىنى ھەل قىلدىڭ، بۈگۈندىن باشلاپ سېنى پۈتكۈل قوشۇننىڭ باش سەردارلىقىغا تەيىنلىدىم، — دېدى.

با دارىن شى دارىننىڭ كاللىسى ئېلىنغىنىنى بايىندىكى سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرۈپ خۇن بولۇپ يىقىلدى. قالدى چېرىكلەرنى ئارا ئۈستەڭ، ناشئۈستەڭ، چۈنجا، قاش، نىلقا، ئۈلاستاي، سۈپتاي، ئاربوز، بارغابوسۇن يېزىلىرىنىڭ لەشكەرلىرى تىرىپىرەن قىلدى. چېرىكلەرنىڭ قالدىسى ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ بېشى قايغان تەرەپكە قېچىشتى، نۇرغۇنى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەل بولۇشتى. ھوشىنى يوقاتمىغانلىرى سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرىپ قۇتۇلدى. كۆرەدىن چىققان يەتتە مىڭ ئاتلىق قوشۇننىڭ تەڭدىن تولىسى قىرىلدى، قالغانلىرى كۆرەگە كىرىۋالدى. يېشىل زېمىن قىزىل قان بىلەن بويالدى، ئۆلۈكلەر سايىنىڭ ئېشىدەك يېتىپ كەتتى.

ئىرىك قالغان سەردار، سەركەردىلەر چاڭ جېن جياڭجۈننىڭ ئالدىدا باش

قويۇپ مۇسىبەت خەۋىرىنى بايان قىلدى:

— جانابىي جياڭجۈن، شى دارىن ئۆلتۈرۈلدى، قوشۇن يېڭىلدى!

جياڭجۈن ساقىلىنى يۇلدى، ھەسرەت بىلەن بارمىقىنى چىشلىدى، خۇددى ئەپيۇن چېكىپ مەست بولۇپ قالغاندەك تىلى تۇتۇلغان ھالدا ئولتۇرۇپلا قالدى، توپىلاڭنى باستۇرغۇدەك مادارى قالمىغانىدى.

مىڭ شۈي شۇ كۈنىلا چاڭ جىيىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن يەتتە مىڭ سەرخىل قوشۇنىنىڭ تىرىپىرەن قىلىنغىنىنى خانغا مەلۇم قىلىپ مەكتۇپ يوللىۋەتتى. كۈنلەر تىنىمسىز ئۆتۈشكە باشلىدى. بايانداىدا توپىلار تىنماي ئېتىلىپ تۇردى، چاڭ جىيىن باياندايغا ياردەم بېرەلمەي، يا چىقىپ توپىلاڭنى باستۇرالماي، بۇنتىن مەدەت تىلەپ ياتاتتى.

5

ئاردىن بىر ئاي ئۆتتى. مىڭ شۈي ئامبال خاننىڭ يارلىقىنى ئالدى، ئۇ يۇتكۇل ئامبال، دارىن، غالداي، سەركەردىلەرنى يىغدى. داتاڭنى كارامە بېزەتتى، سارچىلار سازلىرىنى تۇتۇشۇپ تەييار تۇرۇشتى. داتاڭغا تەييارلانغان تەختتە چاڭ جىيىن جياڭجۈن ئولتۇردى. بەزىلىرى جىگەررەڭ تاۋاردىن، بەزىلىرى قارا تاۋاردىن ئەمەلدارلىق تونى كىيگەن. بېشىغا مارجان قادالغان قالپاق كىيگەن، سىم ساقاللىق ئامبال، دالوي، دارىن، غالداي ۋە سەردارلار جياڭجۈنگە ئادەت بويىچە تىزلىنىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى، ئاندىن داتاڭنىڭ ئىككى يېنىغا مەنسەپ ـ ئەملى بويىچە قاتار تىزىلىپ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇشتى. بېشىغا يالپاق قازاندەك قىزغۇچ يۇپۇكلۇك قالپاق، ئۇچىسىغا مەيدىسىدە جياڭجۈنلۇك چەنى بار سۇسۇن دۇردۇندىن تون كىيگەن، بىلىگە رەڭدار قۇش چۇچىلىق شايى پوتا باغلىغان مىڭ شۈي بېشىنى تىك تۇتۇپ غادايغىنىچە تەخت ئۇدۇلىدا توختاپ:

— چاڭ جىيىن، خان يارلىقىنى ئوقۇيمەن! — دېدى.

مىڭ شۈينىڭ كىيىنىشىگە، بولۇپمۇ جياڭجۈنلۇك چەنى بار تونىنى كىيىپ غادىيىشىغا ھەيران، دىلى ۋەيران بولغان چاڭ جىيىن تەختتىن

قوپتى ۋە بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ مىڭ شۆيگە يامان كۆزى بىلەن ئالىيىپ قويۇپ پەسكە چۈشتى ۋە ئىككى يىگىنى پەسكە سىلكىپ قويۇپ تىزلىنىپ ئولتۇردى، بېشىنى ئىگىپ قىمىرلىماي تۇردى. قالغان ئەمەلدارلارمۇ چاڭ جېن نېمە قىلغان بولسا شۇنداق قىلىپ باش قويۇشتى. مىڭ شۆي يارلىقنى ئىككى قوللاپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى ۋە ئۇنى سۆيدى، ئاندىن دەبدەبە بىلەن ئالدىرىماي ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

*«چاڭ جېن توپىلاڭچىلارغا سەل قاراپ ئۇلارنى باستۇرمىغان، شۇڭا جىياڭجۇنلۇق مەنسەپتىن قالدۇرۇلسۇن! ئۇنىڭ ئورنىغا مەسلىھەتچى ئامبال مىڭ شۆي جىياڭجۇن بولسۇن!»*

مىڭ شۆي ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە، چاڭ جېنغا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئەرۋاھنىڭ چىرايىدەك كۆكەرگەنىدى. مىڭ شۆي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ يارلىقنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

*«مىڭ شۆيگە پەرمان: ئىلىنىڭ ئاشلىق ۋە خىراجەتلىرى ھازىرغا قولىڭىزغا تەگمىسە روسىيىدىن ئۆتنە ئېلىپ ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرۇپ تۇرسىڭىز بولىدۇ. نېسىگە ئېلىپ، خىراجەت يېتىپ بارغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرسىڭىز بولىدۇ. ھازىر روسىيە ئۆز پونكىتلىرى ئارقىلىق خەت ـ ئالاقە يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولدى...»*

داتاڭدا زىياپەت قىزىپ كەتتى. تەييارلىنىپ تۇرغان سازچىلار سازلىرىنى ياڭرىتىۋەتتى. كۈمۈش تەخسىلەردە ھەرخىل سەيلەر ئېلىپ كېلىنىپ جوزىلارغا قويۇلدى. قويۇق، ئاجايىپ خۇش پۇراق چايلار چىنىلەرگە، ماۋتەي ھارىقى جاملارغا قۇيۇلدى. مىڭ شۆي تەختكە ئولتۇردى. بويىنغا زۇننار ئاسقان، ئېسىل دۇردۇندىن چاپان كىيگەن خانىشى سەل پەستىكى تەختتىن ئورۇن ئالدى.

بۇ چاغدا پۈت ـ قولىدا جان قالمىغان، ئۆلۈك چىراي چاڭ جىننى ئىككى چېرىك قولتۇقىدىن يۆلەپ داتاڭدىن ئاچىقىپ كەتتى.

ئەمەلدارلار مىڭ شۈينى قوتلۇقلىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەپ قەدەھلەر كۆتۈرۈشتى. مەسلىھەتچى ئامبال (ئۇمۇ مىڭ شۈي بىلەن تەڭ ئۆسكەن) چى دارىن قەدەھ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— مىڭ شۈي جياڭجۈنىمىز توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇپ، خانىمىزغا شانۇ شەۋكەت كەلتۈرگەي!

ھەرخىل تائاملار كەلتۈرۈلدى. تائامدىن كېيىن، قىزىل دۇردۇندىن كۆڭلەك كىيگەن رەققاس قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇلاردىن كېيىن يېشىل تون كىيگەن قىزلار ناخشا ئېيتتى.

ئەتىسى مىڭ شۈي رۇڭ چۈەن ئامبالنى مەخپىي رەۋىشتە ئالماتاغا ئەۋەتتى.

## 6

مەزەمزات مەپىسگە ئولتۇرۇپ ناسىر ئەلەمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئۇلا ئالىقىنىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز. مۇبارەك قوللىرىنى يۈزۈمگە سىيپىغىلى كەلدىم، — دەپ ئەلەمنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى.

— قېنى، قېنى، مەرھەمەت، يۇقىرىغا ئۆتۈڭ. پېقىرنىڭ غېرىب خانىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزغا كۆپ خۇرسەنمەن!

ناسىر ئەلەم ئۇنى ھۆرمەتلەپ كۆرپە ئۈستىگە ئۆتكۈزدى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ھال سوراشتى، ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن پاراڭ قىلىشتى. باياندىي ئۇرۇشى، كۇرەدىن چىققان يەتتە مىڭ چېرىكنىڭ تىرىپىرەن بولغىنىدىن خۇش بولۇشتى. مەزەمزات مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن سۆزنى ئەسلى مۇددىئاسىغا يۆتكىدى:

— سىلى مېنىڭ ئۇستازىم ھەم ئاتا كۆرگەن ئاتام. ھازىر ئىختىلالىمىز نۇسرەت قۇچماقتا. ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇنى قالغان باياندىي تېخىچە

ئېلىنمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبى شۇكى، ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەخمەتخان خوجىنى قەتل قىلىمەن، دېگەچكە ئۇ زات مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن مۆكۈنۈپ ياتىدۇ. ئۈزلىرىگە مەلۇمكى، ئارىمىزدىكى نىزا جىياڭجۈننىڭ قولىقىغا يەتسە، ئۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ نىزا ئۇلغىيىۋەرسە يامان ئاقىۋەت چىقىدىغىنىنى ئۈزلىرى بىلىدىلا. شۇڭا ۋاقىتلىق سۇلتانلىق قۇرۇپ، لەشكەرنى چىڭ تىپ تەرتىپنى ياخشىلىۋالساق بايانداي بىلەن كۆرەنى پەتىھ قىلمىقىمىز ئاسان بولاتتى.

ناسىر ئەلەم مول تەجرىبىسى بويىچە مەزەمزاتنىڭ نىيىتىنى بىلىپ بولدى. ئۇ سالماقلىق بىلەن دانىمۇ دانە سۆزلەپ شۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي جاناب، ھازىر سىز دېگەندەك، دەسلەپكى نۇسرەتكە ئېرىشتۇق، ئاللا مەدەت بەرسە تولۇق نۇسرەت قازىنىشىمىزدا شەك يوق. ئەمما، ئەخمەتخان خوجا دېگەن بۇ پاسىق ناكەس ئەمىر لەشكەرنىڭ قېيناتىسى، خەزىنە ئىشلىرىنىڭ پېشۋاسى ئەخمەت بەگ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى قەتل قىلدى. بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، ئەخمەتخان خوجا خەتەرلىك مەلئۇن، ئۇنى جازالىماي تۇرۇپ سۇلتانلىق قۇرغىلى بولمايدۇ.

مەزەمزاتنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ ناسىر ئەلەمنىڭ مۇلايىم تەبىئىتى، غايەت زور ئابرۇيىدىن پايدىلانماقنى نىيەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ بىر لەھزە ئويلاندى ۋە دەرھال ئۆزىگە مۇلايىملىق، ئەدەپ - قائىدىلىك چۈمپەردىسىنى تارتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسى ئۇنى كۈچۈك بولۇشقىمۇ زورلايتتى. ئۇ بىردىنلا ئاشۇنداق كۈچۈككە ئايلىنىپ ناسىر ئەلەمنىڭ تاپىنىنى يالاشقا باشلىدى:

— ئاھ ئۇستاز، ئەخمەتخان خوجىنىڭ پاسىق ھەرىكىتى مېنىمۇ رەنجىتتى. مەن ئۇنى تۆمۈرلەڭ ئەۋلادى بولغاچقىلا قەتل قىلساق بولماس دەيمەن. ئۇ قەتل قىلىنسا پۈتكۈل جاھان خوجىلىرى بىزگە نارازى بولۇر، مۇرىتلىرى تىغ كۆتۈرۈپ چىقۇر، ئارىمىزدا جەڭگى - جېدەل بولۇر. بۇ ئەھۋال جىياڭجۈن ئۈچۈن پايدىلىق بولۇرمىكىن، دەپ قورقىمەن. بىز سۇلتانلىق قۇرۇپ، سۇلتان، قازىكالان، ئەمىرلەشكەرلەرنى سايلىغاندىن كېيىن، قاتتىق

ئەرتىپ - تۈزۈم ئورناتساق، قاتتىق باشقۇرساق بۇنداق جەڭگى - جېدەل چىقماسمىكىن دەيمەن.

ناسىر ئەلەم ئويلىنىپ قالدى: «دەرۋەقە، بىرەر سۇلتانلىق تۈزمەيمۇ بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر سۇلتانلىق قۇرۇلسا، ئەخمەتخان خوجىدەك قاتىللارنى جازالىغىلى بولاتتى. قاتتىق تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلسا، بەلكىم جەڭگى - جېدەللەر بولماس. مەھكىمە شەرئىيمىز لەشكىرى بار ئەخمەتخان خوجىدەكلەرگە چىش پاتۇرالمىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۇنى جازالايمەن، دېسە ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.» ئۇ شۇنداق ئويغا كېلىپ، مەزەمزاتنىڭ تەلىپىگە كۆڭلىدە قوشۇلدى.

— ئەخمەتخان خوجا بىر قاتىل، — دېدى ئۇ مەزەمزاتقا قاراپ. — قاتىل دوزىخىدۇر. سۇلتانلىق تەسىس قىلىش كىچىك ئىش ئەمەس. چوڭ ئىش. بۇنداق چوڭ ئىشنى ئىختىلال ھەيئىتى ئويلاشسۇن، ھەيئەت ماقۇل تاپقاندىن كېيىن خەلق كېڭەشكە قويىمىز، سۇلتان بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى خەلق كېڭەشى سايلايدۇ، ئەلۋەتتە.

— ھەر ھالدا ئۇستاز ھەيئەت مەجلىسىدە بولسۇن. كېڭەشتە بولسۇن. سۇلتان بىلەن ئەمىرلەشكەر بولغۇچىنى ئوبدانراق ئويلاپ قويسىلا. سىلىنىڭ ھۆكۈملىرى قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈر.

— كىملەرنى سايلاشنى ئۇلۇغ خەلق كېڭەشى بىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن گەپ كېسىلدى، بەزەمزات ھەم خۇش، ھەم ناخۇش ھالدا قايتىپ كەتتى.

ئابدۇرۇسۇل بەگ غۇلجىغا كەلگەن كۈنى ناسىر ئەلەم ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۇلتانلىق ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ئەتىسى ئابدۇرۇسۇل بەگ چاپارمەنلەرنى ئەۋەتىپ، ئىختىلال ھەيئەتلىرىنى مەجلىسكە چاقىرتتى.

## 7

مەجلىسنى ئابدۇرۇسۇل بەگ باشقۇردى. ئۇ تەمكىنلىك بىلەن دېدىكى:

— ھۆرمەتلىك ھەيئەتلەر، ھازىر باياندىدا جىددىي جەڭ بولۇۋاتىدۇ،

كۆچىمىز كۆندىن ـ كۆنگە ئۆلغىيىۋاتىدۇ، نۇسرەت قازىنىشىمىزدىن ئۈمىد بار. يۇرت چوڭلىرى بۇ نۇسرەتنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىختىلال ھەيئىتىنىڭ ئورنىغا بىر ۋاقىتلىق بەگلىك، يەنى سۇلتانلىق قۇرۇپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش، تۈزۈم ئورنىتىش ۋە مۈلكىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. قانداق قىلساق بولار، مەسلىھەت قىلىپ باقايلى.

— مەنمۇ شۇ ئويدا، — دېدى ناسىر ئەلەمنىڭ پىكرى بويىچە ھەيئەت يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشقان مەزمۇزات، — ئابدۇرۇسۇل بەگ ناھايىتى زور كۆچ چىقاردى، شۇنداقتىمۇ تەرتىپلىك باشقۇرۇش بولمىسا، بەزى زىق ـ زىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىر رىياسەت بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا جانابلاردىن ئېلى سۇلتانلىقى قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇنىڭ سۆزىنى لايىق تېپىپ ياگور ئاخۇن، موللا شاۋكەت، خەنجە ئاخۇن قاتارلىقلار ئۆزئۆزىدىن ئۆزۆنغا سۆزلىدى. ئۇلار سۆزىنى تامام قىلغۇچە چۈش بولدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ:

— مەجلىسنى پېشىندىن كېيىن داۋاملاشتۇرساق، — دېدى.

پېشىندىن كېيىن ئابدۇرۇسۇل بەگ ناسىر ئەلەم بىلەن خاس پاراڭلىشىۋالدى. پېشىندىن كېيىنكى مەجلىسكە ئەلا پالۋانمۇ كېلىپ قاتناشتى. ئۇ: «ھازىر رىياسەت تۈزۈش ئەمەس، باياندايىنى ئېلىش ئەڭ مۇھىم ئىش» دېگەن مەزمۇندىكى پىكرىنى بېرىپ بولۇپ باياندايغا قايتىپ كەتتى. ئەمما، ئىختىلال ھەيئەتلىرى ئېلى سۇلتانلىقى قۇرۇش تەلىپىگە قوشۇلدى. بۇنىڭغا راسا كۆڭلى تارتىمىغان ناسىر ئەلەم:

— ئۇلۇغ خەلق كېڭىشى مەسلىھەتىگە سالماق كېرەك. خەلق كېڭىشى نېمە دېسە شۇ بولغاي! — دېدى.

ئابدۇرۇسۇل بەگ بۇ تەكلىپنى ماقۇل تاپتى.

ئۇلۇغ خەلق كېڭىشى بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ سەيناسىدا ئۆتكۈزۈلدى. كېڭەشكە شەھەر خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى، يېزا بەگلىرى، يۇز بېگىلەر ۋە قوشۇن ۋەكىللىرى كەلدى. لەشكەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر ۋە خەنزۇ قاتارلىق باشقا مىللەت ۋەكىللىرىمۇ ئۇلۇغ خەلق كېڭىشىگە قاتناشتى. خەلق كېڭىشى

مەزەمزات، ياگور ئاخۇن، موللا شاۋكەت ئاخۇنلارنىڭ ئۆزئۆزىدىن ئۆزرۆن چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىن، ۋاقىتلىق سۇلتانلىق تەسىس قىلىشقا ماقۇل بولدى. موللا شاۋكەت، جالالىدىن خەلپە، خەنجە ئاخۇن قاتارلىق بەگ، سىپاھلار مەزەمزاتنى سۇلتان قىلىپ سايلىماق بولدى. دېھقانلار ۋەكىلى، خەنزۇلار ۋەكىلى جاڭ لى، لەشكەرلەر ۋەكىلى نۇردۇن ئابدۇرۇسۇل بەگنى سۇلتان قىلىپ سايلىماق بولدى ۋە نۇردۇن پەشتاقتا چىقىپ قىزغىن ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئابدۇرۇسۇل ئاغا سۇلتان بولغاي، چۈنكى ئۇ ئىشتا ئادىل، دىلى پاك، مۇستەھكەم ئىرادىلىك، رەزىللىكنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ ماھىر زات. ئابدۇرۇسۇل ئاغا ئىختىلال ئوتىنى ياقتى، لەشكەرنى تەربىيىلىدى، غايەت زور قوشۇن تۈزدى. ئۇ بىز لەشكەرلەرنى غازاتقا ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا پۈتكۈل قوشۇن ئىشىنىدۇ!

بۇ كەسكىن تالاشنى ئابدۇرۇسۇل بەگ ھەل قىلدى. ئۇ بۇ ئىشتا تۈزەتكۈسىز خاتا قىلغانىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ كەمتەرلىك قىلىمەن، دەپ ئۆزى سۇلتان بولۇشتىن باش تارتتى. ئۇنىڭ بۇ كەمتەرلىكى مەزەمزاتقا يول ئېچىپ بەردى. مەزەمزات سۇلتان بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ كەمتەرلىكى، دانالىقى، ئالەمدە تەڭداشسىز ماھارىتى بارلىقىنى ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىقۇچە ماختىدى ۋە سۆزىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردى:

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىرلەشكەرلىككە ئابدۇرۇسۇل بەگدىن باشقا ئادەم چىقماس، ئۇ ئەمىر لەشكەر بولغاي. ھۆرمەتلىك ياگور ئاخۇن مۇئاۋىن سۇلتان بولغاي، ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم قازىكالان، ئەخمەتخان خوجام قازى ئەسكەر...

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسىز؟! — غەزەپلەنگەن ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى، — ئەخمەت خەزىنىچى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تېنى سوۋۇماي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قاتىلىنى تېخى قازى ئەسكەر قىلماقچىمۇ سىز؟! سىزنىڭ نىيىتىڭىزنى چۈشىنەلمەي قالدىم. ئۇ قاتىل ئەمدى جازاسىنى تارتىدۇ!

ئۇلۇغ كېڭەشتە خەلق ۋەكىللىرى چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈردى:

— مەزەمزاتنى سۇلتان سايلىمايمىز!

— قاتىلنى تېز جازالاش لازىم!

ناسىر ئەلەم ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىكنى جىم بولۇشقا چاقىردى. كېڭەشتىكى چۇقان بىردىن پەسەيدى، مەزەمزات تىلىنى چايناپ بىر نېمىلەرنى دېدى:

— مەن ... مەن، موللا ... شاۋ ... شاۋكەت ئا ... خۇن دەيمەن دەپ، قاتىلنىڭ نامىنى دەپ سابتىمەن... مەن...

ناسىر ئەلەم ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلماي جاكارلىدىكى:

— قاتىل ۋاقىتلىق سۇلتانلىق ئىچىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ. ئۇ جازالىنىدۇ. ۋاقىت بىر يەرگە يەتتى، ئەمدى بىز مۇئاۋىن سۇلتان، ئەمىرلەشكەر، قازىكالان، قازى ئەسكەر، خەزىنىچى قاتارلىقلارنى سايلايلى!

سايلاش باشلاندى. ئاغزى كىچىك ئون نەچچە كوزىغا ۋەكىللەر بىر-بىرلەپ ئۇرۇق تاشلاشقا باشلىدى. مۇئاۋىن سۇلتانغا بۇغداي، ئەمىرلەشكەرگە قوناق، قازىكالانغا ئۇرۇقچا، قازى ئەسكەرگە شىمشىكا تاشلىدى. سايلام ھەيئىتى كوزىلاردىكى ئۇرۇقلارنى ئايرىم - ئايرىم ساندى، مەزەمزات سۇلتان بولۇش سۈپىتىدە ئۇرۇق سانىنى جاكارلىدى:

— ياگور ئاخۇن سەكسەن بەش ئۇرۇق بىلەن مۇئاۋىن سۇلتانلىققا، ئابدۇرۇسۇل بەگ يۈزدە يۈز ئۇرۇق بىلەن ئەمىرلەشكەرلىككە، ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم يۈزدە يۈز ئۇرۇق بىلەن قازىكالانلىققا، موللا شاۋكەت ئاخۇنۇم قازى ئەسكەرلىككە، ۋەلى باي مۆھۈردار ۋە خەزىنىچىلىككە سايلاندى.

پەشتاق ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇردى. ناسىر ئەلەم تەنتەنە بىلەن شۇنداق دېدى:

— جامائەت، ئۇلۇغ خەلق كېڭىشى ۋاقىتلىق ئىلى سۇلتانلىقى قۇردى. سۇلتانلىققا مەزەمزات، مۇئاۋىن سۇلتانلىققا ياگور ئاخۇن، قازىكالانغا ناسىر ئەلەم، ئەمىرلەشكەرلىككە ئابدۇرۇسۇل بەگ، قازى لەشكەرلىككە موللا شاۋكەت ئاخۇن، مۇپتىلىققا موللا روزى، مۆھۈردار ۋە خەزىنىچىلىككە ۋەلى بايلار سايلاندى. ھەربىي، مۈلكىي ئىشلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن سۇلتان باشقۇرىدۇ، مۈلكىي ئىشلارنى قازىكالان مەھكىمە شەرئىي ئارقىلىق

مۇپتىنىڭ ياردىمىدە بېجىرىدۇ، ھەربىي ئىشلارنى ئەمىرلەشكەر باشقۇرىدۇ. قالدى باش سەردار، سەركەردىلەرنى ئەمىر لەشكەر بەلگىلەپ، سۇلتاننىڭ پەرمان بېرىشىگە يوللايدۇ. مۆھۈردار ئوردىنىڭ مۆھۈر، مەكتۇپ، خەزىنىدىكى كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ.

ئۇلۇغ خەلق كېڭىشى لەشكىرىي تەرتىپ ۋە باشقا مۇھىم ئىشلار ئۈستىدىمۇ بەلگىلىمە ماقۇللىدى.

## 8

كۆنلەر، ئايلار ئۆتتى. مەزەمزات ئۆزىنىڭ ئەسلى ۋاڭلىق مىراسىغا ۋارىس بولدى. ئۇ خۇشلۇقىدىن ئەخمەتخان خوجىغا مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئۇ مەكتۇپىدا شۇنداق يازدى:

*ئەي خوجا، پېقىرنى ۋاڭلىق مىراسىتىن ئايرىلىدىكەن دېگەنىدىڭىز، مانا مەن ھازىر سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپتىمەن. پۈتكۈل ئىلىنىڭ تىزگىنى مېنىڭ قولۇمدا. ئەپسۇسكى، سىزنى قازى لەشكەرلىككە شۇنچە كۆچىسەممۇ ئىلاج بولمىدى. ئابدۇرۇسۇل بىلەن ناسىر ئەلەم زىنھار ئۇنىمىدى. ھەتتا ئۇلار ئۇلۇغ خەلق كېڭىشىدە سىزنى جازالاش كېرەك، دېدى ۋە بۇ ئىشنى مېنىڭ زىممەمگە ئارتتى. يەنە ئۇلار سىزنىڭ قولىڭىزدىكى قوشۇننى بايانداي ئۇرۇشىغا سېلىش كېرەك، دېيىشتى. مەن ئىلاجسىز ماقۇل بولدۇم. ماقۇل بولمىسام سۇلتان بولالمايتتىم. مەن ئۇزاق ئويلىنىپ مۇنداق نىيەتكە كەلدىم: مەن لەشكىرىڭىزنى شەھەرگە ئالدۇرمىسام سۇلتانلىقىم قولدىن كېتىدۇ، بۇنى چۈشىنىسىز ئەلۋەتتە. شۇڭا مەن ھىيلەئىي شەرئىي ئىشلەتمەكچىمەن. بىلىپ قويۇڭ، ھىيلەئىي شەرئىي! سىزگە توختاخۇن سەردارلىقىدا بارلىق قوشۇننى ئەۋەتىڭ دېگۈم يوق. پەقەت يېرىمىنى ماڭا ئەۋەتىڭ، قالغان لەشكىرىڭىز قوغدىنىشىڭىزغا يېتەر. مەن ئابدۇرۇسۇلغا*

*لەشكىرىنىڭ يېرىمى تارقىلىپ كېتىپتۇ، باياندايغا كەتكەن چېغى، دېيمەن. سىز ئەتراپ يېزىلاردىن بىر نەچچە يۈز ئادەمنى بايانداىغا ئەۋەتكەيسىز، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش پۈتكۈسى. سىزگە ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە يەنە مەكتۇپ بىلەن مەخپىي چاپارمەن ئەۋەتىمەن. شۇ مەكتۇپتىن كېيىنكى ھىيلەئىي شەرئىينىڭ ھۆكۈمىنى كۆرەرسىز.*

*سۇلتان مەزەمزات خالزات ئوغلى*

بۇ مەكتۇپنى ئالغان ئەخمەتخان خوجا ھېچبىر مەنسەپكە ئېرىشەلمىگىنىگە، يەنىلا ئۇلۇم كۆلەڭگىسىنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرگىنىگە غەزەپلەندى، تېرىكىپ بوغۇلدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. ئۇ: «خەپ، مەلئۇن ئابدۇرۇسۇل، خەپ ناسىر جەددال، سەنلەرنىڭ ئەدىپىڭنى بەرمىسەم خوجا بولماي كېتەي، سەنلەرنىڭ مەنسەپتە ئولتۇرۇشۇڭ ئۆزۈڭنىڭ غا بارمايدۇ!» دەپ ئويلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن مەزەمزاتنىڭ ئەقلىگە قايىل، ھىيلەئىي شەرئىيسىگە مايىل بولدى. ئۇ توختاخۇننى چاقىرتىپ:

— ئەي سەردار، شەھەردە سۇلتانلىق قۇرۇلۇپتۇ، سىزنى مەزەمزات سۇلتاننىڭ خاس مۇھاپىزەتچى سەردارى بولۇشقا تەيىنلىدىم. بەش يۈز ئاتلىق قوشۇننى ئېلىپ ئوردىغا بېرىڭ. ئابدۇرۇسۇل بەگ قالغان لەشكەر قېنى دەپ سوراپ قالسا، بايانداىغا كەتتى، دېگەيسىز. مېنى سورۇشتۇرسە، سىزدىن ھېيىقىپ پەرغانىگە جۆنىدى، دەڭ. پېقىر سىز بىلەن ئەمىر لەشكەر سۈپىتىدە كېيىن كۆرۈشىمىز ۋە سىزنى پۈتكۈل لەشكەرنىڭ باش سەردارلىقىغا تەيىنلەيمىز، — دېدى.

توختاخۇن ئىنچىكىلەپ سوراۋەرگەندىن كېيىن، خوجا مەكتۇپنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىنى دەپ بەردى، ئەمما ئاخىرقى ھىيلەئىي شەرئىيسىنى ئېيتمىدى، ئەكسىچە توختاخۇنغا ئالاھىدە تاپشۇرمىلارنى بەردى.

مەزەمزات توختاخۇننىڭ لەشكىرى كەلگەندىن كېيىن، خاس ۋە ئالاھىدە چېدىر تىكتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن توختاخۇن چىلپەڭزىگە كۆچۈپ چىقىپ چېدىر تىكىپ بارگاھ قۇردى. ئۇ بايانداينى پەتىھ قىلىپ ئۆزىنى بىر

كۆرسەتمەكنى لازىم تاپقانىدى، ئەپسۇس، ئىش ئۇنىڭ خاھىشىچە بولماي قالدى. ئابدۇررۇسۇل بەگ ئۇنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى شاغى بەگ ۋاقتىدىكىدەكلا كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلايتتى. ئەمما ئىش يۈزىدە ئۇنىڭ پەرمانلىرى پەرمان بويىچە سۇلتان چېدىرىدىلا قالاتتى. ئابدۇررۇسۇل بەگ جەڭنى ئۆزى بىلگىنىچە قىلاتتى. ناسىر ئەلەممۇ ئۇنىڭدىن پەرمان كۈتۈپ ئولتۇرمىدى. مەزەمزاتنىڭ پەرمانلىرى ھەر ئىككىسىنىڭ كۈلكىسىنى قوزغايتتى. ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ جياڭجۈنلەرنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈشنىلا بىلىدىغان، سېلىق يىغىش، ھاشارغا ئادەم ھەيدەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر خانزادىنىڭ بۇنداق چوڭ ئىشلارنى، يېڭى ئىشلارنى بېجىرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ چوڭ ئىشلارغا مەزەمزاتنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرمەيتتى، كۆرگۈسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ ناسىر ئەلەمنىڭ بەرگەن ياخشى مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايتتى، ئەكسىچە بۇ جەددال قىرىنى راسا قاپقانغا چۈشۈردۈم، دەپ كۈلەتتى. ئۇ ئاخىر شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ئابدۇررۇسۇل بەگمۇ، ناسىر ئەلەممۇ ئۇنى پۇچەككە ئالمايدىكەن. بەلكى ئۇنى جياڭجۈننىڭ قولچومىقى دەپ ھېسابلايدىكەن. مەزەمزات شۇ خىيالدا ئىچىدە غەمگە پېتىپ ئولتۇرغانىدا توختاخۇن سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى ئۇ قولىدىكى مەكتۇپنى مەزەمزاتقا ئۇزىتىپ تۇرۇپ دېدى:

ھۆرمەتلىك سۇلتان جانابلىرى، بۇ مەكتۇپنى كۇرە جياڭجۈنى ئەۋەتىپتۇ!

مەزەمزات خىيالدىن ئويغىنىپ مەكتۇپنى قولىغا ئالدى، مەكتۇپ چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغانىدى:

*ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن ھەزرىتى مەزەمزات سۇلتانغا !*

*خان ئالىيلىرى چاڭ جىننىڭ ئۇيغۇر پۇقرالارغا سالغان ئاۋارىچىلىقلىرىنى تەپتىش قىلىپ ئۇنى جياڭجۈنلىكتىن ئېلىپ تاشلىدى، پېقىرنى جياڭجۈن تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. بۇ ھەم خاننىڭ ئۆزلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇغداشلىرىغا قىلغان*

مەرھەمىتى! ئۆزلىرى بىلىدىلەركى، مەن چەنتۆلار بىلەن يېقىن ئۆتكەن (مەرھەمەتلىك سۇلتان مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا چەنتۇ ئاشپەز ۋە مۇلازىم قېرىنداشىنى كۆرگەن). ھازىر چەنتۇلار خوپزۇلارغا ئالدىنىپ توپىلاڭ كۆتۈردى. مەن بۇ ئىشنى ئاسايىشلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلاي، دېگەن نىيەتتە ئۇشبۇ نامىنى يازدىم. بىرىنچى، خويزۇلارغا ئالدانغان چەنتۇلارنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ ئومۇمىي ئەپۇ قىلاي؛ ئىككىنچى، ئۈستۈرمە سېلىق ۋە ھاشارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن بىرگە ئىلگىرى ئالغان ئۈستۈرمە سېلىقلارنى ياندۇرۇپ بېرەي؛ ئۈچىنچى، ئىلى سۇلتانلىقى مۈلكىي ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۆزى باشقۇرغاي؛ تۆتىنچى، خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى بويىچە ئۆزلىرى جانابىي سۇلتانغا «قىزىل جۇڭسۇ» دېگەن چوڭ ئەمەل بېرەي. سورايدىغىنىم بىرلا، ئۇ بولسىمۇ چەنتۇلارنى ئالداپ ئازدۇرغان، بۇزۇلغان خويزۇلارنىڭ باشچىلىرىنى ماڭا ئەۋەتكەيلا.

سىلىگە ئېھتىرام بىلدۈرگۈچى دوستلىرى:

مىڭ شۈي جياڭجۈن

مەكتۇپ مەزمۇنىنى قاتتىق ئويغا سالدى، بىئارام قىلدى. تەگلىكتە قالدۇردى. «ئېھ، پەلەك، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — چاڭ جېنىڭ ئورنىدا مىڭ شۈي بولۇنلا بولغاندا مەن قالتىس دەۋر سۈرەر ئىكەنمەن. مانا قارا، مېنى سۇلتان ئالىيلىرى دەپتۇ. مىڭ شۈي ياخشى ئەمەلدار. ھەي - ھەي، قانداق قىلاي؟ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلسام يەنىلا سۇلتانمەن، ھەممىنى ئۆزۈم باشقۇرىمەن!» شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەن ناسىر ئەلەم كەلدى، ئۇلار قوللىرىنى بىگىز قىلىپ: «ئۇ خەلق دۈشمىنى، ئىبلاس!» دەپ تىللاۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ قورقىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قوللىرىنى سىلكىپ : «ياق، ياق! ئۇلار مېنى سېتىلدى، دەپ دارغا ئاسىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە مىڭ شۈيگە رەددىيە مەكتۇپى يېزىپ خەلقى ئالەم ئالدىدا ئۆزۈمنى كۆرسەتكىنىم تۈزۈك!» ئۇ شۇ ئوي بىلەن ئولتۇردى ۋە دۇۋەتنىڭ ئاغزىغا پەي قەلەمنى پاتۇرۇپ بىر دەقىقە

ئويلاندى ـ دە، يېزىشقا باشلىدى:

*ئەي مەلئۇن، سەن مېنى ئالدام خالتاڭغا چۈشۈرەلمەيسەن. ئىلگىرى بىر قېتىم چۈشتۇم، ئەمدى چۈشمەسمەن! مەكتۇپىڭدىن قاپقانغا چۈشكەن چىلبۆرىنىڭ كۈنىدە ئىكەنلىكىڭ مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، قورالنى تاشلا. ئەگەر تاشلىمىساڭ قاپقىنىڭدىن چىقىپ ئۇرۇش مەيدانىدا ھازىر بول! شۇنىمۇ دەپ قوياي، مۇشۇ مەكتۇپنى ئالغان ھامان قولۇڭدىكى بەش يۈز مەرگەننى چىقىرىپ بەر. ئەگەر چىقىرىپ بەرمىسەڭ كورلە قەلئەسىنى تەخت ـ بەختىڭ بىلەن كۈكۈم تالقان قىلۇرمەن!*

مەزمىزات بۇ مەكتۇپنى يۇتۇقچىلەرگە ئەۋەتىپ بىر نەچچە نۇسخا كۆچۈرۈشكە ئەمىر قىلدى. بىر نۇسخىسىنى مىڭ شۆيىنىڭ چاپارمىنىغا، بىر نۇسخىسىنى ئابدۇررۇسۇل بەگ، ناسىرئەلەم ۋە ئەلا پالۋانلارغا ئەۋەتتى. بىر نەچچە مىرزىنى چاقىرتىپ كۆپەيتىپ يازغۇزۇپ، مىڭ شۆيىنىڭ مەكتۇپى بىلەن ئۆزىنىڭ جاۋاب مەكتۇپىنى لەشكەرلەر ئىچىدە ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. مىڭ شۆيىنىڭ مەكتۇپى بىلەن مەزمىزاتنىڭ جاۋاب مەكتۇپىنى ئوقۇغان ئابدۇررۇسۇل بەگ، ناسىر ئەلەملا ئەمەس، پۈتكۈل لەشكەر خۇش بولدى. مەزمىزاتقا ئىشەنچ تىكلىدى، ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان بولدى. ئابدۇررۇسۇل بەگ مىڭ شۆيىنىڭ مەكتۇپىدىن جياڭجۈننىڭ كۈچسىز، ئاجىزلىقىنى سەزدى. مىڭ شۆيىنىڭ مەكتۇپى ئىلى تەۋەسىدىكى جياڭجۈننىڭ موڭغۇل چاقارلىرىغا يەتتى. تورغۇت موڭغۇللىرى ھەممىدىن بۇرۇن ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىلى سۇلتانلىقى تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەزمىزاتنىڭ ئابرۇيى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ ئابرۇيىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ، ئۇ ئەمىرلەشكەرگە بۈگۈنى بىر پەرمان چۈشۈرسە، ئەتىسى ئۇنى بىكار قىلىپ يەنە بىر پەرمان چۈشۈردى. ئۇرۇش ئىلمىدىن خەۋىرى يوق ئادەم، بولۇپمۇ ئۆز ئابرۇيىنىلا ئويلايدىغان بۇنداق ئادەم مانا شۇنداق تۇتۇرۇقسىز پەرمانلارنى

چۈشۈرۈپ قوشۇننى زور چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ. بۇنى ئوبدان بىلىدىغان ئابدۇرۇسۇل بەگ ئاخىر بېرىپ سۇلتاننىڭ پەرمانلىرىغا قارىمۇ قويمايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن پايلاقچىلىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان مەزەمزاتنىڭ ئابدۇرۇسۇل بەگكە بولغان ئۆچمەنلىكى كۈنسېرى كۈچەيدى. ئۇ ئاخىرقى ئويۇننى سەھنىگە چىقىرىشقا ئالدىراپ خوجىغا پەرمان چۈشۈردى.

*ئەي ئالىيجاناب خوجا، ئەمدى قەپەستىن چىقىدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى، ئۇشبۇ مەكتۇپنى ئالغان ھامان كېچىلەپ ئاتلىنىڭ، قالدى سۆزنى مېنىڭ بارگاھىمدا ئاڭلايسىز!*

ئۇ مەكتۇپنى ئەخمەتخان خوجىغا دائىم مەكتۇپ ئاپىرىدىغان ئىشەنچلىك چاپارمەنگە تۇتقۇزدى:

— ئەگەر بۇ مەكتۇپ خوجىنىڭ ئۆز قولىغا تەگمىسە كاللاڭ كېتىدۇ، بار!

سۇلتاننىڭ مەكتۇپىنى ئالغان خوجا ھېچنېمىگە قارىماي قارا ئۇۋۇسىدىن كېچىدىلا يولغا چىقتى. ئۇ ھېچقاچان بۇنداق ئىتتىك يول يۈرمىگەنىدى. ئۇ يېرىم كېچىدىن ھالقىغاندا سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا كىردى ۋە سۇلتانغا باش قويۇپ خۇشامەتلىك تىللىرىنى سايراتتى:

— جانابىي ئالىي شاھ سۇلتانىمغا مۇبارەك بولغاي! دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي! مىڭ يىللاپ ياشىغايلا! ئالىي شاھ سۇلتانىمنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولغان تۆمۈرلەڭ ئەۋلادى ئەخمەتخان خوجا كەلدىلەر!

مەزەمزات ئەخمەتخان خوجىنى يېنىغا ئۆتكۈزدى. ئۇ خوجىنىڭ بوينىنى قايرىپ سالپاڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىماقچى بولۇۋىدى. ئەزەلدىن خۇدۇكى بار خوجا خۇدۇكسىنىپ ئۆزىنى ئۇنىڭدىن تارتتى. ئەمما، مەزەمزاتنىڭ مۇنۇ شىۋىرلىشى ئۇنىڭ قۇلىقىنى شاھنىڭ قۇلىقىغا چاپلىۋەتتى:

— مەن بىر پەنت ئويلاپ تاپتىم. ياخشىراق ئاڭلاڭ. شۇ سائەت، شۇ مىنۇتتا بايانداي تام بارگاھىغا ئات سالغايسىز. توختاخۇن لەشكىرى بىلەن سىزگە ھەمراھ بولىدۇ. مانا بۇ چاڭ جىن جياڭجۇننىڭ مۇھۇرى بار مەكتۇپ،

بۇنى ئابدۇررۇسۇل قەتل قىلىنغان ھامان ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇڭ. ئۇنىڭ لەشكىرى سىزگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە، مېنىڭ تىلمىچىمغا كۆز قىسىپ قويىسىز، ئۇ شۇ ھامان ئابدۇررۇسۇلنىڭ يانچۇقىدىن بۇ مەكتۇپنى ئېلىپ ئاۋۋال مانجۇ تىلىدا ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىسا لەشكەرلەر ئەڭ بولمىغاندا ئابدۇررۇسۇلغا دەرگۇماندا بولىدۇ. ئۇنى جياڭجۇنگە سېتىلغانىكەن، دەپ ئويلايدۇ. ئېنىقكى، ئاسىي ئەلەم قارشى تۇرىدۇ، كەمىنىڭىز ئۇنى زىندانغا تاشلايدۇ.

ئەخمەتخان خوجا مەزەمزاتىنىڭ ئالدىدا تۈلكە، خىزمىتىدە، چىلبۆرە بولۇپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش يولىنى ئاللىۋالدى. ئۇ ئۆزىگە بۇنىڭدىن ئارتۇق يول قالمىغىنىنى ئاللىبۇرۇن بىلگەنىدى.

بۈگۈن دەل مىلادىيە 1865 - يىلى، بارات ئېيىنىڭ بەشى، يەنى جۈمە كۈنى ئىدى. ئەخمەتخان خوجا تەييارلىنىپ تۇرغان تۇختاخۇن سەردارلىقىدىكى مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن باياندايغا ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى، ئۇلارنى توسقان جېسەكچىلەرگە تۇختاخۇن:

— مەن سۇلتاننىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ سەردارى. سۇلتاننىڭ پەرمانى بىلەن باياندايىنى پەتھە قىلىشقا كەلدۇق، كۆرۈپ تۇرۇشۇپسەنغۇ، — دەپ دېۋەيلىدى.

جېسەكچىلەر قۇللۇق بىلدۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغاچقىمۇ تۈن تېخىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. تام بارگاھ پۈتۈنلەي ئۇيقۇغا چۆمگەن، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئەخمەتخان خوجا قۇلى يۈزبېشى بىلەن بايتوقاي يۈزبېشىنى لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئەمىرلەشكەر چېدىرىنى قورشاشقا ئەمر قىلدى. ئۆزى تۇختاخۇن قاتارلىق بىر نەچچىسى بىلەن شام يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان چېدىرغا باستۇرۇپ كىردى. ئابدۇررۇسۇل بەگ باياندايغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەتىكى تەدبىرى ئۈستىدە ئىسھاق بەگ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغانىدى. قاتىل ئەخمەتخان خوجىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ كاللىسىغا: «قان قاتىلنى قىرىق يىلغىچە سۆرەيدۇ، دېگەن گەپ چىن ئىكەن، مانا ئالدىمغا قېيناتام بىلەن قېيىنىنىمنىڭ قېنى ئۇنى سۆرەپ كەلدى» دېگەن ئوي كەلدى. ئەمما

چاندۇرماسلىق ئۈچۈن خوجىنىڭ مۈشۈكياپىلاقتەك ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قادىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي خوجا، بۇ تۈن كېچىدە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ۋە قىلىچىنىڭ دەستىسىگە قولىنى ئاپاردى.

خوجا شۇ ھامان مۈشۈكتەك سەكرەپ بېرىپ يالىڭاچلاپ ئەكىرگەن خەنجىرىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇردى. قولى يۇزبېگى قىلىچىنى ئەمىرلەشكەر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ بېشىغا ئۇردى. قىلىچىنىڭ يېرىمىنى چىقىرىشقا ئۈلگۈرگەن ئابدۇرۇسۇل بەگ ئاستا ئۆگدىسىغا چۈشتى. توختاخۇن ئىسھاق بەگنىڭ قورسىقىغا قىلىچىنى تىقتى.

ئەزىز پالۋان كۈچلۈك ئات دۈپۈرىنى ئاڭلاپ لەشكەرنى باشلاپ كەلگەندە، ئەمىر لەشكەر بىلەن ئىسھاق بەگنىڭ پاك قېنى چېدىرنىڭ ئىچىنى بويىغانىدى. چىرايىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان ئەخمەتخان خوجا ئەزىز پالۋانغا دېدىكى:

— ئەي پالۋانلار، نېمە ئۈچۈن بىر يىلغىچە باياندايىنىڭ پەتىۋە قىلىنمىغىنىنى بىلەمسىلەر؟ مۇنۇ مۇناپىقلار جياڭجۈن بىلەن ئاستىرتىن تىلنى بىر قىلىپ، خان لەشكىرىنىڭ ياردەمگە كېلىشىنى كۆتكەنلىكتىن. يالغان دېسەڭلەر ئۆزۈڭلار تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار.

شۇ ھامان تىلماچ ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ھەممە يانچۇقلىرىنى ئاقتۇردى ۋە بىر مەكتۇپنى قولىغا ئالدى. ئۇ مانجۇچە خەتنى ئەينى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۆرۈپ بەردى:

*«ئۇرلاڭ ھېكىم ئابدۇرۇسۇل بەگ، ئىسھاق بەگ، سىلەرگە مەلۇم بولغايكى، چاڭ جېن تەختتىن چۈشتى. پېقىر مىڭ شۈي تەختكە ئولتۇردى. خان ئالىيلىرى سىلەرگە ئىشىنىدۇ. سىلەرنىڭ باياندايىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن پەتىۋە قىلمىغىنىڭلاردىن، ئۇلامباي جياڭجۈنىنىڭ قوشۇنىنى كۈتكىنىڭلاردىن خەۋەر تاپقان خان سىلەرگە «قىزىل جۇڭسۇ» مەنسىپىنى ئىنئام ئەيلەدىلەر. خائىن مەزەمزات بىلەن*

*ئەخمەتخان خوجا ۋە لۈكچەك سادىرنى ئۆلتۈرۈپ توپىلاڭنى*
*تىنچىتساڭلار سىلەرگە ئالامەن. جاۋاھىرلار تارتۇق قىلىمەن،*
*ئىلى سۇلتانلىقىنى ئىككىڭلار سورايسىلەر!*
*ساڭ ئىۋي جياڭجۈن (مۇھۇر)»*

ئەزىز پالۋاننىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا ھەرخىل سادالار كۆتۈرۈلدى:
— يا رەببىم! يا جەمشىت!
— تۇۋا، ئەمىرلەشكەر جياڭجۈننىڭ ئادىمى بولسا ـ ھە!
— بۇرۇندىن جياڭجۈننىڭ شاغى بېگى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدۇڭلارمۇ؟ — دەپ غۇلغۇلىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى ئەخمەتخان خوجا.

ئەزىز پالۋان قولىدىكى يالىڭاچ قىلىچ بىلەن يا ئەخمەتخان خوجىنى چاناپ تاشلاشنى، يا قوشۇننى ئېلىپ چېدىرغا قايتىشنى بىلمەي ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن ئەخمەتخان خوجا توختاخۇنغا كۆز ئىشارىسىنى قىلىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غىپپىلا قىلىپ شۇڭغۇدى.

سۇلتاننىڭ چاقىرتىشى بىلەن ئوردىغا كەتكەن ئەلا پالۋان ئەتىسى كېلىپ، ئۇستازى، ئەمىر ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەن ئىسھاق بەگنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپلا ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلىدى. ئۇ ئىككى مەپە كەلتۈرۈپ ئابدۇرۇسۇل بەگ بىلەن ئىسھاق بەگنىڭ جەسىتىنى غۇلجا شەھىرىگە، مەرھۇملارنىڭ ئائىلىسىگە ئاپاردى. ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشى ئەلا پالۋاننىڭ ياش يۈرىكىگە زەھەرلىك خەنجەر ئۇرۇلغاندەك قاتتىق تەگدى. ئۇ ئوردىغا كىردى. كۆڭلىدە: «ئەخمەتخان خوجا مەزەمزاننىڭ يېقىنى. ئۇنى تۇتۇپ قەتل قىلىشنى بىسوراق قىلسام ھۆرمەتسىزلىك بولار» دەپ ئويلاپ، دېدىكى:

— ھۆرمەتلىك سۇلتانىمىزغا مەلۇم بولغايكى، پىر ئۇستازىم ئەمىرلەشكەر ئابدۇرۇسۇل بەگ ئاغىنى ئەخمەتخان خوجا كېچە قەست بىلەن قەتل قىپتۇ. سەردار ئىسھاق بەگنىمۇ بىرلا ۋاقىتتا توختاخۇن قەتل قىپتۇ. سىلىنىڭ پەرمانلىرىنى ئالماي تۇرۇپ بۇ قاتىللارنى تۇتقۇن قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدىم. پەرمان بەرسىلە. ئۇلارنى تۇتۇپ شەرىئەت ھۆكۈمىگە

تاپشۇرسام!
مەزەمزات چوچۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، يەنە ئولتۇردى، يەنە تۇردى، ئاندىن قايغۇرغان ھالدا:
— ھەي، ھەي، بۇ راستمۇ، ھەي ئىسىت! ئابدۇرۇسۇل بەگ دانا ئەمىرلەشكەر ئىدى. مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم ئىدى، ھە، قازا يېتىپتۇ - دە! — دېدى.
ئۇ يەنە ئولتۇرۇپ بېشىنى ئەگدى. قايغۇلۇق سۈكۈت قىلدى، ئاندىن تىترىگەن ئاۋازدا:
— ئۇ قاتىللار نېمە ئۈچۈن ئەمىرنى قەتل قىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.
— جياڭجۈننىڭ كونا ئەمەلدارى، شۇلار ئۈچۈن ئىشلىگەن دېگەن بوھتان بىلەن.
— دەلىلى بارمىكەن؟
— ئەمىر لەشكەرنىڭ يانچۇقىدىن جياڭجۈننىڭ مەكتۇپى چىقىپتۇ. مەكتۇپتا جياڭجۈننىڭ ئەمىرلەشكەرگە مەنسەپ بەرگىنى، ئىلى سۇلتانلىقىنى سوراش پەرمانى بېرىلگىنى دېيىلگەنمىش.
— ھە، گەپ مۇنداق ئىكەن - دە! — مەزەمزات قاپقارا قېشىنى كۆتۈرۈپ گېپىنى سوزۇپ قىلدى، — ئۇنداقتا، ئەخمەتخان خوجامنىڭ ئۇنى قەتل قىلغىنى دۇرۇس ئىكەنغۇ!
— بۇ بۇ يالغان مەكتۇپ! — دېدى ئەلا پالۋان غەزەپ بىلەن.
— يالغان بولسا تەكشۈرەيلى، مەكتۇپنى ئېلىپ كېلىڭ، تۈتقۇن قىلىشقا ئالدىرىماڭ، — دېدى مەزەمزات.
ئەلا پالۋان ھەم ئاچچىقلانغان، ھەم ھەيران قالغان ھالدا كەينىگە شارتتىدە بۇرۇلدى - دە، ئۆردىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ توپتوغرا ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قورۇسىغا كەلدى، ھويلا، كوچىلارغا ئادەم پاتماي قىستىلىشىپ تۇراتتى. خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى تىغ كۆتۈرگەن بۇ خەلق باھادىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى ئەقىدىسىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن خەلق تۈركۈم - تۈركۈملەپ كەلمەكتە ئىدى. بەگنىڭ ھويلىسىدىن بەيتۇللا مەدرىسىگىچە بولغان يوللاردا ئادەم مىغىلدايتتى. ئۇلار بۇ باھادىر بىلەن

بىرگە ئىختىلال ئۇنى كۆمۈلۈپ كېتەرمۇ، دېگەن ئەندىشىدە ئىدى. قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ ماھارەتلىك ئابدۇرۇسۇل بەگ بولمىسا قوزغىلاڭ نۇسرەت قازىنالمايدىغانلىقىنى ئۇلار ئوبدان بىلەتتى.

ئەلا پالۋاننىڭ قايغۇ ۋە غەزەپتىن بېشى گاڭگىراپ، ئۆڭگۈلى يوق، دەرۋازا ئالدىدا ئېغىر مۇسىبەت تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ «غۇلجا گۈزىلى»نىڭ يىغا زارىسىغا، بەگ ئاغىچىسىنىڭ پەريادىغا ئاران - ئاران چىداپ تۇراتتى. ئۇ مۇنداق قايغۇ - ھەسرەتنى كىچىكىدە كۆرگەن بولغاچقا، شۇ تاپتا دادىسىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنى بىر قورقۇنچلۇق چۈشتەك ئەسلىدى.

شەمىدىن خەلپەم ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى بېجىرىش بىلەن بەند ئىدى. بۇ ياشانغان مويسىپىت تولا چېپىپ، ئىش تاپشۇرۇپ چارچاپ كەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ سەللا قولى بوشىسا خالىي يەرگە بېرىپ كۆز يېشى قىلىۋالاتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئاپئاق ساقىلىنى يۇيۇپ ھۆل قىلىۋېتەتتى. بۇنى كۆرگەن ئەلا پالۋاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى. ئۇ ئىچكىرى ئۆيدىن چىققان ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئايالى ئەززا ئاغىچىنىڭ ئالىلىق يىغىسىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئېزىلىپ كەتتى:

— گۈل سۈپەت ئېردى قامىتىڭ، يۈزۈڭ ئېردى تولۇنئاي، تۇپراقتا بولغاندى ئاھۇ كۆزۈڭ. ئەندى نە قىلاي ئەي مېنىڭ پاسىبان بېغىم! سەنسىز لازىم ئەمەس بۇ كەڭرى جاھان، تۆكۈلگەن قانىڭغە پىدادۇر بۇ ئەزىز جان! سەن ئېردىڭ باشىمىز تاجىسى ئەمىر، دۆلەت قۇشۇم ئېردىڭ بېگىم ئەمىر!

ئەلا پالۋاننىڭ ياش تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى ھويلىدا ئاھ - زار ئەيلەپ يىغلاۋاتقان ئەمىرلەشكەرنىڭ ئوغلى تېيىپبەگكە چۈشتى. ئۇ قولىنى ئاق پوتىسىغا تىرەپ:

— قىساس ئالىمەن ئاتا، سېنىڭ نامەرد رەقىبلىرىڭدىن! — دەپ زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ، قىساس ئېلىشقا ئەھدۇ پەيمان قىلدى.

«غۇلجا گۈزىلى» دەپ نام ئالغان، ناسىر ئەلەم ئەلا پالۋانغا سايە قىلغان ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئون ئالتە ياشلىق قىزى تولا يىغلاپ

يىقىلغاندا، ئەلا پالۋاننىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، گۈزەل ئاغىچىسىنىڭ دادىسى ئۈچۈن يىغلىغىنىنى ئەسلىدى. ئۇ بۇ يىغا ـ زارە، مۇسىبەت قايغۇسى ئىچىدە يۈرۈپ ئۆزىنى بىر بىلەتتى، بىر بىلمەيتتى. بۇنداق چاغدا، ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن مەڭزى تىترەيتتى، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلەتتى، كۆزىدىن غەزەپ ـ نەپرەت ئوتلىرى ياناتتى.

يىراقتىن سۈس، يىقىملىق سالاۋات ئاڭلاندى. بەيتۇللا پەشتىقىدىن كېلىۋاتقان مەزىننىڭ سالاۋاتى ئەلا پالۋاننىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى، ئۇنىڭغا ئۇستازىنىڭ ھەقىقەتەن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغىنىدىن بېشارەت بەردى. بۇ بېشارەت ئەلا پالۋاننى جىنازىغا قاراشقا مەجبۇر قىلدى. مەزىننىڭ قايغۇلۇق تىترىگەن، بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ، بەزىدە پەسىيىپ چىقىۋاتقان ئاۋازى جىنازىدا سۇنايلىنىپ ياتقان ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قولىقىغا تولۇلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئەلا پالۋاننىڭ پۈتكۈل جىسمى، قەلبى تىترىدى. ئۇ ئۇستازىنىڭ ھەقىقەتەن ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىشەندى. يىقىلىپ چۇشمەسلىك ئۈچۈن دەرۋازىغا دۈمبىسىنى تىرىۋالدى. جىنازا كۆتۈرۈلدى، كىشىلەر ھەر يەتتە ماڭدامدا بىر جىنازىنى ئالىشىپ ئېلىپ كۆتۈرەتتى. سان ـ ساناقسىز كىشىلەر جىنازىنىڭ كەينىدىن بەيتۇللا مەدرىسىگە قاراپ ماڭدى.

ئەلا پالۋان ئۇستازى دەپنە قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى ئوردىغا كەلدى، ئۇنى سۇلتان چاقىرتقانىدى. ئەلا پالۋان سۇلتانغا ئېگىلىپ سالام قىلماي، غەزەپ بىلەن يوغان ئاۋازدا دېدىكى:

— ئەي سۇلتان، ماڭا ئىجازەت بەرگەيلا، مەلئۇن خوجىنىڭ تېرىسىنى نەتور سويىمەن، ئۇستازىمنىڭ ئەتىنى ئالمىغۇچە تىنچىمايمەن. ئەگەر...

ئەلا پالۋان گېپىنى ئاخىرلاشتۇرالماي بوغۇلۇپ قالدى، مەزەمزات ئۇنى بەزلىدى:

— ئەي باھادىر پالۋان، ئالدىرىماڭ، سەۋر قىلماق كېرەك، «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن»دۇر، خوجىنىڭ يولىنى ئۈزۈلىدۇ، ئۇنى قارا يەر يۇتىدۇ، سۈيىقەستچىلەرنى يوق قىلىشىمىز بەرھەق! بەرھەق!

— بەگ ئاغام سۇتتىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق ئىدى، ئۇنىڭدەك ئەر يۈرەك باھادىر مىڭنىڭ ئىچىدىن بىرى چىقىدۇ. ھۆرمەتلىك سۇلتان، ماڭا

ئىجازەت بەرگەيلا. خوجىنىڭ كاللىسىنى ئالاي مەن، ئۇ بىزنىڭ يولىمىزغا توپا چاچتى...

ئەلا پالۋاننىڭ بۇ قاتتىق تەلىپى ئالدىدا ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان مەزەمزات ئۇنى ئەمەل بىلەن ياندۇرماقنى لازىم تاپتى:

— ئەي باھادىر پالۋىنىم، مەن سىزنى چۈشىنىمەن، مەن ھەم قاتىللارغا غەزەپلەنمەكتىمەن. قاتىللارنى مەھكىمە شەرئىي جازالايدۇ. ھازىر بايانداي تاش بارگاھىدىكى لەشكەرلەر ئىچىدە غۇلغۇلا كۆپ. ئۇلار بوشاشقان. سىز دەرھال بارگاھقا بېرىپ ئۇلارنى تىنچلاندۇرمىسىڭىز بولمايدۇ. مېنىڭ پەرمانىم شۇكى، سىزنى ئەمىرلەشكەر ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئورنىغا ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىن ئەتتىم. بويۇنتاۋلۇق قىلىسىڭىز ئىختىلالىمىز يوق بولىدۇ. ھازىر بارگاھقا قايتىڭ. جىياڭجۈن چېرىكلىرى بۇ مۇسىبەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇنىمىزغا ئېغىر زىيان سالمىغاي. ئەگەر زىيان سالسا سىزنى جاۋابكارلىققا تارتىمەن. بۇ مېنىڭ پەرمانىم. بەجا كەلتۈرۈڭ!

ئەلا پالۋان ياش ئىدى، مەزەمزاتتىن گۇمانلىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنى ئىززەتلەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۇنىڭ بىر لەشكىرى سۈپىتىدە پەرمانغا باش ئېگىپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ بارگاھقا بارماي قارىكالان ناسىر ئەلەم ئالدىغا باردى. ناسىر ئەلەم بۇ كۈنى قانىتى سۇنغان قۇشتەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەلا پالۋاننىڭ مۇسىبەت ئىچىدە قىزارغان يوغان كۆزلىرىنى، بوزارغان يۈزىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە سەۋر بەرمىسە ئىچكى ئىختىلال بولىدىغىنىغا ئەقلى يەتتى. ئۇ ئەلا پالۋاننىڭ غەزەپلىك نالىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— بالام، ئۆز ئەمىرلەشكىرىنى قەتل قىلغانلار كۆپرى بولۇپ، دوزاختا كۆيۈر. ئەخمەتخان خوجا سېنىڭ قولۇڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھازىرچە سەۋر قىل. ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، ئېغىرلىق قىلىلى، ئېغىرلىق راخمانلىق، — دېدى. ئاندىن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ يەنە دېدى، — ئەخمەتخان خوجا يېڭى باشلىغان يولىمىزغا كاتاڭ كولىدى، ئۇنى جازالاش كېچىكمەيدۇ. بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بەر. ھازىر ئىنتايىن جىددىي، خەۋپلىك ۋاقىت. ۋاقتى – سائىتى كەلگەندە قىساس ئالىمىز

بالام. ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ جەسىتى كۆمۈلگىنى بىلەن ئۇنىڭ روھى كۆمۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ دانا، باھادىرلىق ئىشلىرى تارىخ بېتىگە پۈتۈلىدۇ، سەن ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئىختىلالىمىزنى ئاخىرىغا ئاچىققايسەن!

ئەلا پالۋاننىڭ بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ گېپىنى يەرىشقا تىلى بارمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە پەقەت ئەخمەتخان خوجىدىن ئىبارەت بۇ يىلاننىڭ زەھىرى قالدى، بۇ زەھەردىن يۈرىكى پۇچىلانغان پالۋان گالدا ـ گولدۇڭ مېڭىپ ناسىر ئەلەمنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەخمەتخان خوجىنى خېلى ئىزدىدى، تاپالمىدى.

ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يەتتە نەزىرىدىن كېيىن، مەزەمزات ئەخمەتخان خوجىنىڭ مەكتۇپىنى ئالدى. مەكتۇپتا:« ئەگەر ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلمىسىلا، مەن سىلىنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ يۇرتۇمغا قېچىپ كېتىمەن» دېيىلگەنىدى. مەزەمزات قورقىنىدىن تىترەپ كەتتى. ئۇ ئەتىسى نۆكەرلىرىگە پەرمان بەردى:

ــ ناسىر ئەلەمنى تۇتۇپ كېلىڭلار!

پەرمان بەردار بولۇپ ناسىر ئەلەم ئوردىغا ئېلىپ كېلىندى. مەزەمزات قەھرى بىلەن پەرمان بەردى:

ــ بۇ قوزترانقۇ مۇناپىق قەتل قىلىنسۇن!

شۇ سورۇندا، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قاتىلىنى جازالاش ھەققىدە سۆزلەشكىلى كەلگەن ئابدۇللېتىپ خەلپەم قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى:

ــ ھەي جياڭجۈننىڭ يالاقچىسى، ناسىر ئەلەمدەك ئۇلۇغ ئۆلىمانى قەتل قىلىشقا قايسى قولۇڭ بارىدۇ؟ كۆرسەتكىنە، مەن شۇنى چېپىپ تاشلاي!

بىردە سىمقاپ كېلىۋاتقان ئابدۇللېتىپ خەلپەمنىڭ غەزەپلىك چىرايىغا، بىردە ئۆزىگە تەڭلەنگەن قىلىچقا قاراپ غال ـ غال تىترەپ كېتىۋاتقان مەزەمزات ئىختىيارسىز ھالدا ئابدۇللېتىپ خەلپەم ئالدىدا تىزلاندى:

ــ مېنى ئەپۇ قىلغايلا خەلپەم، مەن ئېزىپتىمەن، كىشلەرنىڭ غەليان كۆتۈرۈپ ئىختىلالىمىزنىڭ نابۇت بولۇشىدىن قورقۇپ بۇ پەرماننى

بەرگەنىدىم.

— پەرمانىڭنى قايتۇر!

— قايتۇراي، نۆكەرلەر، پەرمانىم بىكار قىلىندى!

نۆكەرلەر چىقىپ كەتتى. ئابدۇللىتىپ خەلپەم قىلىچنى قىنىغا سالدى ـ دە، ناسىر ئەلەمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاچىقىپ كەتتى.

ھالبۇكى، مەزەمزات نىيىتىدىن يانمىدى. يېرىم كېچە بولغاندا نۆكەرلىرىنى ئەۋەتىپ ناسىر ئەلەمنى تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلىدى...

# يەتتىنچى باب

# تۆگە بويۇندىكى جەڭ

جىياڭجۈن دېگەن دارىنىڭ،
زۇلمىغا ھېچ چىدىماي.
چىقتى خەلق سېپىلگە،
غەزەپلىرى توختىماي.
— خەلق قوشىقى

## 1

بىردىنلا قار چۈشۈپ كەتتى. پاختەكتەك چۈشۈۋاتقان بۇ قار بىردەمدىلا باياندايۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا تىكىلگەن چېدىرلارغا ئاق لىباس كىيگۈزدى. لەشكەرلەر، بولۇپمۇ جىبەكچىلەر ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ھاۋاغا قاراپ قوياتتى. كۈن پېتىش تەرەپتىن ھاۋانىڭ سۈزۈلگىنىنى بىلىنمەيتتى. ئەكسىچە قارا بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ ـ تۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇ، بۇلۇتلار ئۆزى بىلەن قارنىلا ئەمەس، بورانىمۇ ئەگىشىپ شىۋىرغانغا ئايلاندى. جەڭ توختىدى. جىبەكچىلەردىن باشقا بارلىق لەشكەر چېدىرلارغا كىرىۋالدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ قەست قىلىنغاندىن كېيىن روھى چۈشكەن، بەگلەرگە بولغان ئىشەنچى سۇۋۇغان، ئۇرۇشتا سۇسلۇق قىلىۋاتقان لەشكەرلەر ئەمدى ئىسسىق ئۆيلىرىنى، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنى، خوتۇنلىرى ۋە سۆيگۈلىرىنى ئويلاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇلار چېدىرلاردا تىقماق ـ تىقماق ئولتۇرۇپ خىيال

قىلىشاتتى، ھەربىلكەشلەرمۇ جىمىپ كەتكەنىدى. ئەلا پالۋاننىڭ چېدىرىغا كىرىۋالغان لەشكەرلەردە بۇ جىمجىتلىق تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنى نۇردۇن بۇزدى:

— ئاغىنىلەر، ئابدۇرۇسۇل ئاغىنى ئىختىلالنى ساتقان خائىن، دېگىنى يالغان. ئۇ ئۆزى قوزغىغان ئىختىلال ئوتىنى ئۆزى ساتامدۇ. ئەمەل دېسە ئۇمۇ بىر ئەمەلدار ئىدىغۇ، بۇنىڭدا بىر گەپ بار. ئۆتكەندە ئابدۇرۇسۇل ئاغىنىنىڭ قېيناتىسى بىلەن قېيىنىنىسىنى قەتل قىلغان ئەخمەتخان خوجا ئابدۇرۇسۇل ئاغىدىن قېچىپ، مۇكۇنۇپ يۈرگەنىدى. مەزەمزات ئۇنى مۇكۇنگەن ئۇۋىسىدىن ئاچىقىپ، ئەمىر لەشكەرنى قارىلاپ خوجىنى ئاقلىدى.

— ھە، مۇنداق دېگىنە. — دېدى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان يۈسۈپ.

— قاراپ تۇر، — دېدى نۇردۇن، — ئەلا پالۋان ئەخمەتخان خوجىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدىلا بۇ سىر ئېچىلىپ پەردىدىن چىقىمىز.

— ھەر ھالدا مەزەمزات سۇلتاننىڭ ئەلا پالۋاننى ئابدۇرۇسۇل ئاغىنىڭ ئورنىغا ئەمىرلەشكەر قىلغىنى ئوبدان بولدى، بولمىسا ئىشىمىز چاتاق بولاتتى. — دېدى جالال ئىسىملىك سەركەردە.

جالالنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مەتىمىن قارى گەپ قاتتى:

— ھەي بۇرادەرلەر، ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز. بۇ ئابدۇرۇسۇل ئاغىغا ئاللادىن كەلگەن ئەجەل. بۇنىڭغا شەك كەلتۈرمەسلىك لازىمدۇر. رەھمەتلىكنىڭ ئۆمرى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن! — دېدى نۇردۇن تېرىكىپ، — بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق سۇيىقەست تۇرسا، يەنە نېخى ئاللادىن كەلگەن ئەجەل دەيسىنا. بۇ قەستىنىڭ سىرى ئاخىر ئېچىلىدۇ. قاتىل قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ پاش بولغان ئىشلار بار. چۈنكى قان سۆرەيدىكەن.

مەتىمىن قارى ئۆزىنى ئاقلىغان ئاھاڭدا دېدى:

— مەن دەيمەنكى، ئەجەل دېگەن بىرى ئوتتىن، بىرى سۇدىن كېلىدۇ، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قازاسى ئەنە شۇنداقمىكىن دەيمەن. قاتىلغا كەلسەك،

ئۇ ئېيىتقىنى ئەخمەتخان خوجا دېگەن بەچچىغەر!

يەنە جىمجىتلىق باشلاندى، ھەر كىم ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى.

— ھەي، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى لەشكەر يۇسۇپ، — بىر يىلدىن بېرى باياندايىنى ئالالماي ياتساق نېمىمىز ئوغۇل بالا بولدى بىزنىڭ. پەرمان بەرسە جەڭ قىلىپ باياندايىنى ئالساق بولاتتىغۇ.

— كىم ئۇچۇن جان بېرىپ جان ئېلىۋاتىمىز، ئەگەر مۇشۇنداق قەستلىكلەر بولىۋەرسە بۇ ئىشىمىزمۇ سۇغا چىلاشتى دېگىنە، — دېدى مەردان.

— بۇ بەگ - خوجاملار ئەمەل تالىشىپ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشۈۋەرسە باياندايىنى ئېلىشنىڭ ئوخلاپ چۈشۈڭ. بىز قان تۆكۈپ، جان بېرىپ ئەخمەق بولۇۋاتىمىز، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم.

— ئاغىنىلەر، — دېدى نۇردۇن، — مەيۈسلەنمەڭلار، بىزنىڭ ئەلا پالۋان قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ بار جىگەرلىك يىگىت. ئۇ ئابدۇرۇسۇل ئاغىنىنىڭ لەشكىرىي بىلىمىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن، بىزنى جەزمەن نۇسرەتكە باشلايدۇ. ئېسىڭلاردىن چىقتىمۇ، شى دارېنىنىڭ كاللىسىنى ئالغىنى!

نۇردۇننىڭ بۇ گېپى چېدىردىكىلەرنى خېلى جانلاندۇردى.

## 2

لەشكەرلەرنىڭ روھىنىڭ بوشىشىپ كەتكىنىدىن خەۋەر تاپقان مەزەمزات سەردارلارنىڭ مەسلىھەت سورۇنى ئۆتكۈزدى. ئۇ سورۇندا باياندايىنى جەزمەن پەتىھ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ سۇلتان بولغانىدىن بۇيانقى چوڭ ئىشى مىڭ شۆي جياڭجۈننىڭ دۆ چىيى باشلىق تۆت ئەلچىسىگە قايتۇرغان قاتتىق جاۋاب مەكتۇپى بولدى. خەتتاتلار ئۇنىڭ جاۋاب مەكتۇپىنى كۆپەيتىپ يېزىپ پۈتكۈل ئىلىدىكى لەشكەر، پۇقرالارغا ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭ جاۋاب مەكتۇپى قوشۇننى خوش قىلىپ روھىنى كۆتۈردى. ئىككىنچى چوڭ ئىشى شۇ بولدىكى، ئۇ ئەمىرلەشكەر ئەلا پالۋانغا بەرگەن بەيدىشاڭ، گاڭگۇل، شاڭخاڭگۇدىكى چېرىكلەرنى يوقىتىش پەرمانى بولدى. ئەلا پالۋان ئۇنىڭ پەرمانىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئەزىز پالۋان، ئەمىر شاھ، قوۋاش پالۋانلارنى

بۇ ئۈچ قورغاننى پەتھ قىلىشقا ئەۋەتتى. قوۋاش پالۋان ئۆزىنىڭ ئاقتۆپە يېزىسى ئارقىلىق ئاقتاش تېغى باغرى بىلەن بېرىپ شائخائگۇغا ھۇجۇم قىلدى. كېيىنى تەرىپىدىن قىلىنغان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمدىن تەمتىرەپ كەتكەن چېرىكلەر بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىلا يوق قىلىندى. قوۋاش پالۋان نۇرغۇن ئوق - ياراغ غەنىيمەت ئېلىپ باياندايغا قايتىپ كەلدى.

ئەزىز پالۋان قوشئەمچەك تېغىنى ياقىلاپ بىنەمىلىككە چىقتى. ئۇ گائگۇل قورغىنىغا كەلگەندە تاڭ سوزۇلۇپ قالدى. ئۇ قورغاندا سەھەرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان چېرىكلەر ئۈستىگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇنىڭ ئالدىن ئەۋەتكەن بىر ئونلۇق لەشكىرى بۆلۈنۈپ جېسەكچىلەرنى تۇيدۇرماي ئۇجۇقتۇرغانىدى. شۇڭا، بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان چېرىكلەر ئەزىز پالۋاننىڭ لەشكىرىنى كۆرۈپ قولىنى كۆتۈردى، بەزىلىرى ئىچ كىيىمى بىلەنلا قاچتى.

ئەمىرشاھ كۆلدىلەڭ سۇ تەرەپتىن كەلدى. ئۇ بەيدىشائىغا كەلگەندە چېرىكلەر كەچلىك تامىقىنى يەۋاتاتتى. مەرگەنلەرنىڭ جېسەكچىلەرگە ئاتقان بەردەنگە ئاۋازىدىن «دۈشمەن كەلدى» دەپ ۋارقىرىغان سەركەردە چېرىكلەرنى تىك تۇرغۇزدى. بۇ چاغدا ئەمىرشاھ قوشۇنى دەرۋازىدىن قورغان ئىچىگە كىرىپ بولغانىدى. چېرىكلەر ھۇجۇمچىلارنى ئوققا تۇتتى. ھە دېگەندىلا ئەمىرشاھ قوشۇنىدىن ئۈچ لەشكەر ئوگدىسىغا چۈشتى. ئەمىرشاھ لەشكەرلەرنى يېتىشقا، ئوق ئۈزۈشكە بۇيرۇدى. بىر يۈز بېشىنى لەشكەرلەرنى ئېلىپ، تام ياقىلاپ چېرىكلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈشكە ئەۋەتتى. يۈزبېشىنىڭ لەشكەرلىرى چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن ئوق چىقارغان ھامان ئەمىرشاھ قوشۇنى ھۇجۇمنى باشلىدى. ئىككى تەرەپتىن قىسىلىپ قالغان چېرىكلەر كۆپ قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى.

بۇ ئۈچ پالۋان نۇرغۇن ئوق - ياراغ غەنىيمەت ئېلىپ، باياندايىنىڭ غەربىگە كېلىپ چېدىر تىكتى. بۇ ئۈچ نۇسرەتنى كۆرگەن موڭغۇل چاقالىرى ۋەكىل ئەۋەتىپ سۇلتانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇلاردىن بۇرۇن شىبەلەرنىڭ ئامبىلى سۇمبا بىر نەچچە شىبە دارىنلىرى بىلەن كېلىپ مەزەمزاتقا ئەل بولغىنىنى بىلدۈرگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن مەزەمزاتنىڭ ئابرويى ئۆستى. ئۇ بۇ ئابرويىدىن پايدىلىنىپ ئەخمەتخان خوجىنى ئاقلاشقا

تونۇندى. ئۇ ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ يانچۇقىدىن تېپىلغان مىڭ شۇي جياڭجۈن نامىدىكى مەكتۇپنى كۆپەيتىپ يازدۇرۇپ ھەممە يەرگە تارقاتقان. مەكتۇپكە قوشۇمچە قىلىپ سۇلتاننىڭ پەرمانىنى يازدۇرغانىدى. پەرماندا شۇنداق دېيىلگەن:

*«ئابدۇرۇسۇل جياڭجۈننىڭ ئەمەلدارى ئىدى. ئۇ كونا خوجايىنىنىڭ تاپشۇرمىسىنى بەجا كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن قېيىناتىسى ئەخمەت خەزىنچى بىلەن بىرلىشىپ جەڭگە كېتىۋاتقان ئەخمەتخان خوجامنى نوسقان. بۇ ئارقىلىق ياماتۇغا يېتىپ كەلگەن جياڭجۈننىڭ تېكەستىكى قوشۇنلىرىنىڭ غۇلجىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئىختىلال ئوتىنى ئۆچۈرۈشىگە يول ئاچماقچى بولغان. ئەخمەتخان خوجام دانالىق ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن بۇ قەستنى بىلگىنى ئۈچۈن ئەخمەت خەزىنچىنى قەتل قىلغان. كېيىن پايلاقچىلىرى ئارقىلىق ئابدۇرۇسۇلنىڭ مىڭ شۇي بىلەن مەخپىي ئالاقە قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ، ئابدۇرۇسۇلنى قەتل قىلغان. ئىسھاق بەگ ئەھۋالنى بىلمەيلا، ئەخمەتخان خوجىغا تىغ كۆتۈرگەچكە لەشكەرلەر ئۇنىمۇ قەتل قىلغان. شۇڭا، ھەممىگە مەلۇم بولسۇنكى، ئابدۇرۇسۇل، ئەخمەت خەزىنچى مىڭ جياڭجۈننىڭ ئادىمى، ئۇلار ئىختىلالىمىزنى باستۇرماقنى نىيەت قىلغان. ئۇلارنى ئەخمەتخان خوجامنىڭ قەتل قىلىشى ناھايىتى توغرا بولغان. ئەخمەتخان خوجا ھەقىقىي ئەقىلدار ۋە باھادىر پالۋاندۇر.»*

بۇ پەرمان تارقىتىلغان كۈندىن باشلاپ، ئەخمەتخان ئۆۋنىسىدىن چىقىپ ئەركىن - ئاشكارا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. سىپاھلار ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى. بولۇپمۇ شاۋكەت ئاخۇن بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتتى. مەزەمزات ئۇنى مەسلىھەتچىسى قىلىۋالدى. بىر كۈنى ئەخمەتخان خوجا مەزەمزاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، شېرىن، مۇلايىم سۆزلەر بىلەن مەزەمزاتنىڭ دانالىقىنى ماختىدى. ئاندىن قوللارچە مۇنداق ئىلتىجا قىلدى:

— ئەي پاسىبانىم سۇلتان. تەڭرى تېغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قېرىنداشلار بىلەن ئالاقە قىلىشلىرىنى سورار ئىدىم. كوچادىكى ئۇيغۇر،

خوتەنلىكلەرنى يوقىتىپ خانلىق قۇرغان. ئۈرۈمچى، ماناس خوتەنلىكلەرنىڭ ئىختىلال قىلىپ خانلىق قۇرغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلدىلە.

خوتەنلىكلار بىزدىن بۇرۇن، 1864 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ شەنبە كېچىسى ئەمەلدار، چېرىكلەرنى يوقىتىپ خانلىق قۇرغان. ئۈرۈمچى، ماناس خوتەنلىكلەرنىڭ ئىختىلال قىلىپ خانلىق قۇرغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلدىلە. ئەڭ مۇھىمى، ياقۇپ بەگ قەشقەرىيە خانلىقىنى قۇردى. جانابىي ئالىيلىرى ئۇ تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىلا، بولۇپمۇ ياقۇپبەگكە ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىلا جاھان ئىش بولار ئىدى. ئۇلار بىزگە مۇزارت ئارقىلىق تەربىيە كۆرگەن باھادىر پالۋانلاردىن ئەۋەتەر ئىدى. ئەگەر ئۇلار ياردەم بەرسە بايانداي، كۇرە قەلئەلىرىنى ئالماق ئاسانغا چۈشەر ئىدى. ياگۇر سۇلتانمۇ ئۈرۈمچىدىكى ئىختىلالچىلارغا ئەلچى ئەۋەتسەك دەۋاتىدۇ.

مەزەمزات مۇئاۋىن سۇلتان ياگۇرنىڭ بۇ ھەقتە بىر نەچچە قېتىم تەلەپ قىلغىنىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ھۆرمەتلىك ئەخمەتخان خوجامنىڭ دانا سۆزى خېلى ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ. ياردەم بېرىپ قالسا پايدىسى باركى، زىيىنى يوق، دەپ ئويلىدى ۋە چاپارمەننى چاقىرتىپ پەرمان بەردى:

— خوتەنلار بارگاھىغا بېرىپ ياگۇر سۇلتاننى چاقىرىپ كەل!

— باش ئۈستىگە! — دەپ چاپارمەن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ياگۇر كەلدى. مەزەمزات، ياگۇر، ئەخمەتخان خوجا ئۈچى مەسلىھەتلىشىپ ئەلچى ئەۋەتىشكە كېلىشتى. مەزەمزات سورىدى:

— كىمنى ئەلچىلىككە ئەۋەتسەك بولار؟

— مەنچە خوجەم نىيازنى ئەۋەتسەك، — دېدى ئەخمەتخان خوجا.

— خوتەنلاردىن ئادەم قوشساق. — دېدى ياگۇر، — ئۇلار لاۋتەي بىلەن سۆزلىشىپ ياردەم ئالالايدۇ.

ئۇلار بارىدىغان ئەلچىلەرنىڭ سانىنى مۇزاكىرە قىلىشتى. ئاخىردا مەزەمزات:

— ئۇنداقتا خوجەم نىياز باشچىلىقىدا يىگىرمە ئۇيغۇر، يىگىرمە خوتەن ئەلچى بولۇپ بارغاي. خوتەنلاردىن بىر كىشى خوجەم نىيازغا ياردەمچى بولغاي، — دېدى.

ياگۇر ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ مىيىقىدا كۈلدى. مەزەمزات بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خوجەم نىيازنى چاقىرتىپ، ئۈرۈمچى، كۇچا، قەشقەرىيەگە

بېرىشىنى. ئۇ يەردىكى ئىختىلالچىلاردىن ياردەم سوراشنى تاپشۇردى ۋە مەكتۇپلار يازدۇرۇپ قولىغا تۇتقۇزدى. ياگۇرمۇ ئۆز ئەلچىلىرىگە ئالاھىدە تاپشۇرما ۋە مەكتۇپلار بەردى. خوجەم نىياز ئوبدان تەييارلىق قىلدى. بەلگىلەنگەن كۈنى ئادەملىرىنى باشلاپ يولغا چىقتى. ئۇ توغرا سۇ، ئاچال ئارقىلىق جىڭغا باردى. ئۇ يەردە ئىككى كۈن ئارام ئېلىپ يەنە يولغا چىقتى. ماناستىمۇ بىر نەچچە كۈن ئاتلارغا دەم بەردى. ئۇلار ئاخىر ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردى. ئۈرۈمچى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى لاۋتەي بىلەن كۆرۈشتى. لاۋتەي ئىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى سورىدى، خوجەم نىياز قىسقىچە بايان قىلدى. لاۋ تەي:

— لەشكىرىي كۈچىڭلار قانچىلىك؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمەيدىكەنمەن، — دەپ جاۋاب بەردى خوجەم نىياز.

— چارچاپ كەپسىلەر، بىر نەچچە كۈن ھاردۇق چىقىرىڭلار. بىز سانجىغا ھۇجۇم قىلماقچىمىز. سىلەرمۇ بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ بىزنىڭ پالۋانلىرىمىزنىڭ جەڭ قىلغىنىنى كۆرۈڭلار. سانجىنى ئىشغال قىلغىنىمىزدىن كېيىن سىلەرگە لەشكەر ۋە زەمبىرەك ياردەم قىلايلى.

خوجەم نىياز لاۋتەيىنىڭ بۇ سۆزىگە ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ھەپتىدىن كېيىن لاۋتەي سانجىنى ئالدى. خوجەم نىياز لاۋتەيدىن:

— ئەي مەرھەمەتلىك سەردار، لەۋز قىلغان لەشكەر ۋە زەمبىرەكنى بەرگەيسىز، — دېدى.

لاۋتەي ئويلانغان ھالدا بىر لەھزە جىم ئولتۇردى. ئۆز ئىچىدە چوت سوققان بولسا كېرەك ئەتىمالىم. ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

— مېنى ئەپۇ قىلغايسىز، خان بىزنى باستۇرۇشقا نۇرغۇن چېرىك ئەۋەتىپتۇ، ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىشىم لازىم. شۇڭا ھازىرچە ياردەم بېرەلمەيمەن!

خوجەم نىياز ئىچىدە: «خان لەشكەرلىرى كاللاڭنى ئالغاي» دەپ تىللاپ قويۇپ كوچاغا بېرىش تەرەددۇتىنى قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن خۇيزۇ ئەلچىلەر قارىسىنى كۆرسەتمىدى. خوجەم نىياز ئادەم ئەۋەتىپ خۇيزۇلارنى تاپتى. لېكىن، ئۇلار: «بىز ھازىر لاۋتەي قوشۇنىدا

قالىمىز، قاچان ياردەم بەرسە شۇ چاغدا قايتىمىز، كۇچاغا بارمايمىز» دېگەن جاۋابنى بەردى. خوجەم نىياز: «ھىم، بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار» دەپ ئويلىدى ۋە كۇچاغا قاراپ كەتتى.

كۇچاغا ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان راشىدىن خان ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇ پولات باي، باھاۋىدىن پانساد باشچىلىقىدا بىر يۈز ئەللىك كىشىلىك قوشۇن ياردەم قىلدى.

3

جياڭجۈن مەھكىمىسى. بىرىنچى دەرۋازىدىن تارتىپ تەخت سارىي دەرۋازىسىغىچە چېرىكلەر سەپ تۈزۈپ تۇرۇشاتتى. ئامبال، دالوي، غالداي، سەردارلار بىر ـ بىرلەپ بۇ سەپ ئوتتۇرىسىدىكى يولدا ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار تەخت سارايغا كىردى. تەختتە غادىيىپ ئولتۇرغان مىڭ شۈيگە توققۇز تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى. جياڭجۈن ئۇلارغا ئولتۇرۇش ئىشارىتى قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئولتىرىشتىن يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، مەنسەپ ـ ئەمەللىرى بويىچە تەخت ئالدىدا تىزىلىپ تۇرۇشتى. مىڭ شۈي ئۇلارنىڭ تاۋاپ ـ تەزىمىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئەمرانە ئاۋازى تەخت سارايىنى بىر ئالدى:

— مەن بىر تومەن سەرخىل قوشۇن تەييارلىدىم. بۇ يەرگە كەلگەن بارلىق سەردارلار جان تىكىپ جەڭ قىلىپ چەنتۇلار بىلەن خۇيزۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى قويماي قىرىپ تاشلاڭلار. مەزەمزات دېگەن تۈزكور مەلئۇننى تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار، ئۇنىڭ تېرىسىنى شىلىپ يۈرىكىنى يەيمەن. شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، قاچقان، قورققانلار چىقسا چېپىپ تاشلاڭلار، ئۆلۈكۈڭلار كەلسۇنكى، تىرىكىڭلار كەلمىسۇن!

ئۇ چى دارېنغا غەزەپلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ ئەمىر قىلدى:

— سىز بىلەن سۆزلەشكىنىمىز بويىچە ئىش قىلغايسىز، باش سەردارلىق سۈپىتىڭىز بىلەن چېرىكلەرنىڭ سەركەردىلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇڭ!

— خوش! — دەپ چى دارېن ئالغا بىر قەدەم چىقتى ۋە ئىككى

قولىنى جۇپلەپ تۇرۇپ دېدى، — پەرمانلىرىنى ئورۇندايمەن. خاتىرجەم بولغايلا، بۇ ئالتە تۇك - تۇك چەنتۇ توپىلاڭچىلارنى غۇلزۇغىچە قوغلاپ بېرىپ ھەممىسىنى دەپنە قىلىمەن!

مىڭ شۈي جياڭجۈن مەزمۇنىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ قاتتىق غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ دەرھال چېرىكلەرنى رەتكە سېلىپ كېچە - كۈندۈز قاتتىق مەشىق قىلغۇزدى، كۆرەدىكى سولۇن، شىبەلەرگە لەشكەر ئېلىپ ئۇلارنى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ نازارىتىگە قويدى. ئۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن يېرىم تۈمەن چېرىكنى كۆرەدە قالدۇرۇپ، بىر تۈمەن سەرخىل قوشۇننى توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا چىقارماق بولدى. ئۇ: «بۇ قۇدرەتلىك قوشۇنۇم توپىلاڭچىلارنى قىرىپ تاشلايدۇ. توپىلاڭ باستۇرۇلىدۇ. خان ماڭا چوڭ ئىنئام ئاتا قىلىدۇ» دېگەن ئىشەنچكە كەلگەنىدى. ئۇ يەنە شىبەلەرگە مەخپىي چاپارمەن ئەۋەتىپ، سومۇللاردىكى شىبە چېرىكلىرىنى غۇلزۇغا تېگىشلار، دەپ پەرمان بەرگەن. شىبە ئامبىلى سومباغا ئالاھىدە ئىنئام ۋە مەنسەپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىدى. ئەمما، سومبا ئامبال مىڭ شۈينىڭ بۇ پەرمانىنى ۋە بىر تۈمەن سەرخىل قوشۇننىڭ كۆرەدىن چىقىپ ئىختىلالچىلارغا ھۇجۇم قىلىدىغىنىنى بەل تەرەپ سەردارى توقلەك بەگكە خەۋەر قىلدى. توقلەك بەگ بۇ خەۋەرنى ئەلا پالۋانغا يەتكۈزدى. چى دارىن بارات ئېيىنىڭ 19 - كۈنى قوشۇننى كۆرەنىڭ باش دەرۋازىسىدىن باشلاپ ئاچىقتى. ياگۇر بۇ ئەھۋالنى ئەمىرلەشكەر بارگاھىغا يەتكۈزدى. ئەلا پالۋان بىر تۈمەن لەكمە قوشۇننى ياگۇر قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىغا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە جاڭ لى باشلىق يۈز مەرگەنمۇ بار ئىدى. چى دارىننىڭ ئۇن مىڭ چېرىك بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا چىقىدىغىنىنى ئاڭلاپ، جاڭ لى ئەلا پالۋانغا مۇنداق يالۋۇردى:

— ھۆرمەتلىك پالۋان ئاكا، بۇ جەڭگە مېنىمۇ قاتناشسا، لاۋشاڭلىرىمنىڭ قىساسىنى ئالسام!

ئەلا پالۋان ئويلىنىپ قالدى. جاڭ لى چەنپەن باياندىغا بۇزۇلغان، پىستان چاقالمايۋاتقان بەردەنگىلەرنى تۈزەشكە كەلگەنىدى. ئۇ بەردەنگىلەرنى بىر - بىرلەپ تۈزەپ، شەيىنگە چىقىپ، ياماق تۆشۈكىدىن چەنلەپ تۇرۇپ

سىپىلدىن ئوق ئۈزۈۋاتقان چېرىك مەرگەنلىرىدىن ئون نەچچىسىنى يەر چىشلەتكەن، ئەلا پالۋان ئۇنىڭ مەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى بايانداىدا! ئېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھايات يولىنى ئوبدان چۈشەنگەن ئەلا چوڭ ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭغا يۈز مەرگەن قوشۇپ ئەۋەتتى ۋە يۈز بېشى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇش بولغان جاڭ لى بەردەنگىسىدىن باشقا يەنە قىلىچىنىمۇ ئېلىۋالدى، ئۇ ئەلا پالۋاننىڭ پەرمانى بويىچە ياگۇرنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. ياگۇر سۇلتاننىڭ ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇنى كۆرە تەرەپتە سەپتە تۇرغانىدى، ئەمدى ئون ئىككى مىڭ لەكمە قوشۇن بىر سەپ تۈزۈپ بەردەنگىلىرىگە ئوق سېلىپ، خەندەكلەردە ماراپ ياتتى. چېرىكلەر يۈزلۈك ـ يۈزلۈك بويىچە ھەيۋە بىلەن ئات سالدۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئەمىر لەشكەر چاپارمەن ئارقىلىق چېرىكلەرگە قارشى توپ ئېتىشقا پەرمان بەردى. توپ ئوقىدىن تاش ـ توپىلار كۆككە ئۆرلىدى. بۇنى كۆرۈپ ياگۇر لەكمە قوشۇنغا ئوق ئۈزۈشكە پەرمان بەردى. لەكمە قوشۇن قارىغۇيۇق ئوق ئېتىشقا باشلىدى. تومەندىن ئارتۇق بەردەنگىدىن ئېتىلغان ئوققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئاتلىق چېرىكلەر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. ياگۇر سۇلتان قوغلاشقا پەرمان بەردى. تومەن قوشۇنغا باش سەردار بولغان ئەزىز پالۋان ياگۇرغا دېدى:

— چېرىكلەر پەنت ئىشلىتىۋاتامدىكىن جانابىي سۇلتان، قوغلىمايلى!

— مەن سۇلتان، سەن بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈشنى بىل! — دەپ ۋارقىرىدى ياگۇر.

— باش ئۈستىگە! — دېيىشكە مەجبۇر بولدى ئەزىز پالۋان.

ئەسلىدە ئەلا پالۋاننىڭ پەنتى ئاۋۋال لەكمە قوشۇن ئوق ئۈزۈپ، چى دارېننىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى توسۇپ زەربە بېرىش، ئاندىن پۈتۈن قوشۇن بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، چى دارېننىڭ بۇ زور قوشۇنىنى بىراقلا تارمار قىلىش ئىدى. شۇڭا جاڭ لىنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماي، يۈز مەرگەن بىلەن ئەۋەتكەنىدى. ئەلا پالۋاننىڭ جەڭ پەنتىسىنى ئوبدان بىلىدىغان ئەزىز پالۋان مۇئاۋىن سۇلتاننىڭ پەرمانىغا قارشى تۇرماي، ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئۇنىڭ پەرمانى بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتكۈزۈپ، قالغان يەتتە مىڭ

كىشىلىك قوشۇننى مۇداپىئەدىن مىدىرلاتمىدى. بۇ پەنتنى چۈشەنگەن جاڭ لىمۇ يۈز كىشىلىك قوشۇننى مىدىرلاتمىدى. ياگۇر قوشۇنى قاچقان چېرىكلەرنى قوغلىدى. ئۇلار ئۈچ چاقىرىم قوغلاپ بارغاندا ئۇشتۇمتۇت چىققان قويۇق ئوت كۆچمىگە ئۇچراپ، بىر-بىر يۈز لەشكەر يىقىلدى. ئەسلىدە چېرىكلەردىن بىرەر مىڭى مۆكۈنۈپ ياتقان. ئاتلىق چېرىكلەر چى دارىيننىڭ پەنتى بويىچە قاچقان، مۆكۈنۈپ ياتقان چېرىكلەر بىلەن قاچقان ئاتلىق چېرىكلەر بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. ئۇلار ياگۇر ۋە ئەمىر شاھ قوشۇنىنىڭ ئالدى ۋە ئوڭ - سول بىقىنىدىن زەربە بەرگىلى تۇردى. ئەمىر شاھ بۇنىڭ پەنت ئىكەنلىكىنى بىلىپ قوشۇننى چېكىنىشكە بۇيرۇدى. شۇندىمۇ ئۇنىڭ قىرىق ئۈچ يىگىتى قازا تاپتى. خۇيزۇ قوشۇنى جاھىللىق بىلەن ئېلىشتى. ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي پەرمانسىزلا قالايمىقان قېچىشقا باشلىدى. چېرىكلەر يانار تاغدەك باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئەلا پالۋان بۇ شۇملۇقنى كۆرۈپ لېۋىنى چىشلىدى. جاڭ لى ئەزىز پالۋاننىڭ مۇنۇ ياڭراق ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— پۈتۈن سەپ بويىچە ئوق ئېتىلسۇن!

جاڭ لى روھلىنىپ، يۈزلىك قوشۇنغا پەرمان بەردى:

— چېرىكلەرنى ئېتىپ ئۇچۇرايلى.

يۈز بەردەڭدىن تەڭلا ئوق چىقتى. جاڭ لى مەرگەنلىرىنىڭ ئوقى زايە كەتمەي، بوراندەك بېسىپ كېلىۋاتقان بىرىنچى سەپتىكى چېرىكلەرنىڭ ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشكىنىنى كۆردى. ئۇ بەردەڭگىسى بىلەن چېرىكلەرنى ئالغا باشلاپ قەھرى بىلەن قىلىچ ئوينىتىپ كېلىۋاتقان سەردارنى نىشانلىدى-دە، تەپكىنى باستى. سەركەردە قىلىچىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتقان پېتى ئېتىدىن ئۇچۇپ چۈشتى. ئاتلىق چېرىكلەر لەكمە قوشۇن سېپىگە يېتىپ كەلدى. جاڭ لى بەردەڭگىسىنى تاشلاپ، دۈمبىسىگە ئېسىۋالغان قىلىچىنى ئالدى-دە، بىرىنچى بولۇپ كەلگەن چېرىكنى قىلىچلىدى. ئۇ قىزىپ كېتىپ، چېرىكلەر بىلەن قىلىچلىشىپ ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ بىر نەچچە ئاتلىقنىڭ قورشاۋىدا قالدى. چېرىكلەر ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن قىلىچ ئۇردى. جاڭ لى يىقىلدى... شۇ ئاردا بىردىنلا چېرىكلەر ھۇجۇمى

سوسلاشتى، ئەزىز پالۋاننىڭ لەكمە قوشۇنى سىپىدىن ئۇچقان مىڭلىغان ئوقلار ئۇلارنى سوسلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئەلا پالۋان بۇ ھالنى كۆرۈپ، قولىنى قىلىچىنىڭ دەستىسىدىن ئالدى. «يارايسەن ئەزىز، سەنمۇ پەنتكە پەنت بىلەن جاۋاب قىلىپسەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. بىر لەھزە ئۆتكەندىن كېيىن ئەلا پالۋان قولىنى يەنە قىلىچىغا ئاپاردى. چېرىكلەرنىڭ ئاتلىق قوشۇنى بوراندەك باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئەلا پالۋان قىلىچىنى سۇغاردى. قىلىچ قۇياش نۇرىدا نۇر چېچىپ پارقىرىدى. شۇ ھامان كاناي - سۇناي، بۇرغا ئاۋازلىرى تەڭلا ياڭرىدى. ئەلا پالۋان:

— يىگىتلەر، ئالغا! — دەپ، ئاتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنى بورانغا قارشى قويۇن بولۇپ ئۇچتى. ئىككى تەرەپنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى توشقان مايا قىلمايدىغان توگە بويۇندا ئۇچراشتى. ئەلا پالۋاننىڭ لەشكەرلىرى قىلىچلىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى بوراندەك گۈرۈلدەپ كېلىۋاتقان چېرىكلەر سېپىگە قويۇن بولۇپ باستۇرۇپ كىردى. توغ - ئەلەملەر شامالدا لەپىلدەيتتى. ئۆزىنى ئۇگشۇۋالغان ئەمىرشاھ بىلەن ياگۇر قوشۇنى، زەخمەت يېمىگەن ئەزىز پالۋاننىڭ لەكمە قوشۇنى ئىككى بىقىندىن تەگدى. ئۇلار بەردەنگە مىلتىقلاردىن ئوق ئۈزۈپ چېرىكلەرنى ئاتتىن موللاق ئاتقۇزاتتى. قىزىپ كەتكەنلىرى جەڭ مەيدانىدا ئۇركۇپ قېچىپ يۈرگەن چېرىكلەرنىڭ ئاتلىرىنى تۇتۇپ مىنىپ ئاتلىق لەشكەرلەرگە قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئاق كىگىز مالخايلار، پارقىرىغان قىلىچلار، نەيزىلەر، كۆزلىرى چەكچەيگەن، قۇلاقلىرى دىڭ بولغان ھەرخىل ئاتلار، توپلارنىڭ گۈلدۈرلەشلىرى، «ئۇر - چاپ!» دىگەن قىقاس - سۈرەنلەر توگە بويۇننى بىر ئالغانىدى. بۇ كۈنى شۇنداق شىددەتلىك، قاتتىق جەڭ بولدىكى، گويا ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر كۆمتۈرۈلگەندەك ئاجايىپ بىر زىلزىلە ھاسىل بولدى. ئەلا پالۋاننىڭ لەشكەرلىرى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا رەقىبلىرىگە شىردەك ئېتىلاتتى. ئۇلارنى ھېچقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدىغاندەك ئىدى. ئابدۇللىتىپ خەلپەمنىڭ ئاتلىق قوشۇنى چېرىكلەرنىڭ لەكمە قوشۇنى ئىچىگە بۆسۈپ كىردى. ئاتلىق قوشۇن غۇژمەك - غۇژمەك بولۇۋالغان لەكمە قوشۇن سېپى ئىچىدە قويۇندەك ئايلىناتتى. چەتتە قاراپ تۇرغان ھەر قانداق

سەردار ياقىسىنى تۇتقان هالدا: «بۇ جەڭ ئەمەس، غالجىرانە غەزەپ، جاسارەتنىڭ شىددەتلىك ئىپلىشىشى» دېگەن بولاتتى. بىر دەمدىلا ئۆلۈكلەر سانىنىڭ ئېشىدەك يېتىپ كەتتى، قانلار دەرىيادەك ئاقتى. جەڭ مۇشۇنداق قاتتىق بولۇۋاتقاندا، ئەزىز پالۋان لەكمە قوشۇننى قوۋاش پالۋاننىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ ئۆزى ئېكىلخاننىڭ[1] ئۈستىگە چىقتى. ئۇ تومەن قوشۇنغا سەردارلىق قىلىۋاتقان چى دارىننى نىشانغا ئېلىپ مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنى بېسىشىغا چى دارىن ئاتتىن تىك موللاق چۈشتى. باش سەردارى چى دارىننىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەن، قاتتىق جەڭگە چىدىماي قالغان چېرىكلەر ئەمدى توسالغۇسىز قېچىشقا باشلىدى.

هەممىدىن ئاۋۋال شىبە، سولون چېرىكلىرى قوراللىرىنى تاشلاپ ئىختىلالچىلار تەرەپكە تەسلىم بولدى. بىر قىسمى دەريا بويى تەرەپكە قاچتى. بۇنى كۆرگەن چېرىكلەرنىڭ لەكمە قوشۇنى هەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ئەلا پالۋاننىڭ پەرمانى بىلەن لەشكەرلەر قاچقان چېرىكلەرگە تەگمىدى، مەيلىگە قويۇپ بەردى. بۇ ئىش مانجۇ چېرىكلىرىگىمۇ تەسىر قىلدى، ئۇلارمۇ قېچىشقا باشلىدى. بۇ خىل قېچىش پاجىئەگە ئايلاندى، خۇددى ئىلى دەرياسىنىڭ مۇزى ئېرىگەندە مۇزلار بىر-بىرىنىڭ تۆپىسىگە مىنگىشىپ، بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ ئاققاندەك، چېرىكلەرمۇ بىر-بىرىنى دەسسەپ، چەيلەپ قېچىشماقتا ئىدى. ئاتلىقلار پىيادىلەرنى دەسسەيتتى، پىيادىلەر بىر-بىرىگە ئۇرۇلاتتى، يىقىلغىنى چەيلىنەتتى، شۇ هالدىمۇ ئېلىشما جەڭ يەنە داۋاملاشماقتا ئىدى. ئەلا پالۋاننىڭ ئاتلىق قوشۇنى تىغ كۆتۈرۈپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان چېرىكلەر بىلەن يەنىلا قاتتىق ئېلىشماقتا، بوينىغا قىلىچ ئۇرماقتا، چانماقتا ۋە ئۆزلىرىمۇ چانالماقتا ئىدى…

جەڭ كەچ كىرگۈچە داۋام قىلدى. تۆت مىڭدىن ئارتۇق چېرىك ئەسىرگە ئېلىندى، مىڭدىن ئارتۇقى يارىلاندى. تېپىلار مەيلى ئۆز ياكى چېرىك

---

[1] ئېكىلخان — نام بارگاھ ئۈستىدىكى ئېگىزلىك.

بولسۇن، يارىدارلارنى داۋالىماقتا، زەمبىلدە كۆتۈرۈپ توشۇماقتا. بۇ ئۇرۇشتا ئەلا پالۋان قوشۇنى ئۈچ مىڭ چېرىكنى ئۆلتۈردى، توقسان ئالتە زەمبىرەك، نۇرغۇن ئوق - ياراغ، ئاتمىش ھارۋا ئوزۇق - تۈلۈك ئولجا ئالدى. خەلق بۇ ئۇرۇشنى «تۇگە بويۇندىكى جەڭ» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى.

## 4

ئۇستازىنىڭ قانلىق قىساسىنى ئالالماي جىلە بولۇپ يۈرگەن ئەلا پالۋان ئاۋۋال بايانداينى ئېلىشقا بەل باغلىدى. تۇگە بويۇندىكى غايەت زور نۇسرەت يۇنكۇل لەشكەرلىرىنىڭ روھىنى خانتەڭرى چوققىسىچىلىك كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇلار بايانداي، كورەنى بويسۇندۇرۇپ تىنچ ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەلا پالۋان:

— ئەي پالۋان غازىلار، باھادىرلار، دىلاۋەر شامبارلار، بايانداينى پەتىھ قىلىشقا بارىڭىز! — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ئەلا پالۋان توقسان ئالتە توپتىن بايانداي قەلئەسىگە توختىماي ئوق ياغدۇرۇشقا پەرمان بەردى. توپتىن ئوق ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، لەكمە قوشۇن باش سەردارى ئەزىز پالۋان باھادىر يىگىتلەرنى تاللاپ سېپىلغا شوتا بىلەن چىقارغۇزدى، چېرىكلەر قىرىلغان ياغ، كۆيۈۋاتقان نەرسىلەر ۋە ئوت چېچىپ ئۇلارنى شوتىدىن غۇلاتقىلى تۇردى. تۇردى باقى پالۋان چىداپ تۇرالماي، بىر ئونلۇق لەشكەرنى باشلاپ شوتىغا چىقتى، چېرىكلەر ئۇنىمۇ ئوق بىلەن كۆتۈۋالدى. تۇردى باقى پالۋان شېھىت بولدى. بۇنى كۆرگەن ئىچى كۆچلۈك سەركەردە جالال ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ سەردارى ئابدۇللېتىپ خەلپەمگە ئىلتىجا قىلدى:

— ئەي خەلپەم، ماڭا ئىجازەت بەرگەيلا، بىز قەلئەگە كىرمىسەك كىم كىرىدۇ، تامام غازىلار نامىدىن ماڭا ئىجازەت بەرگەيلا!

ئابدۇللېتىپ خەلپەم باھادىر سەركەردىسى تۇردى باقىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ تۇراتتى، ئەمدى يەنە بىر باھادىر سەركەردىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قانداقمۇ يول قويسۇن. ئۇ تەمكىن ھالدا دېدىكى:

— ئەي سەركەردە، سەۋر قىل، نۇسرەتكە تەڭرىم كېپىل، ساڭا ئوق تەگسە گۈل يۈزۈڭ كۆل بولۇر، بالاڭ بىناۋا، خوتۇنۇڭ تۇل بولۇر!

جالال ئۆز تەلىپىدە چىڭ تۇردى:

— ئۆمۈر كۆرسە بۇ ئالەمدە يۈز يىل كىشى، ئاخىر ئۆلمەك ئەرمىش ئىشى. تىرىك قالسام غازى بولاي، ئۆلۈپ كەتسەم رازى بولاي!

ئابدۇللېتىپ خەلپەم جالالنىڭ بۇ مەردانە سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئەمما ئۇنى بىھۇدە ئۆلۈمگە ئۇتۇپ بېرىشكە كۆڭلى بارمىدى. شۇڭا، ئۇ جالال ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپ قىلغانلارغا نەسىھەت قىلدى:

— سىلەرنىڭ ئىختىلال نۇسرىتىنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدا ئۆزۈڭلار-نىڭ ئۆلۈپ كېتىشىڭگە رازى - رىزا ئىكەنلىكىڭلارنى چۈشىنىمەن. بۇ ئۇلۇغ نىيەت - ئىقباللىڭلارنى ھەممە بىلۇر. ئەمما ئۇرۇش دېگەننىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ بولۇر. تەخىر قىلىڭلار. بىھۇدە ئۆلۈش ھاجەتسىز. ئەمىر لەشكەر ئەلا پالۋان توگە بويۇندىكى بىر جەڭدىلا، بىر تۈمەن سەرخىل چېرىكنى مەغلۇپ قىلدى، ئەمدى ئۇ يەنە باياندايىنى پەتىھ قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇنىڭمۇ پەنتى باردۇر.

— ئەي خەلپەم، بىز ھۇجۇم قىلماي بىكار ياتىمىزمۇ؟ بىز ئۆلسەك قالغانلار ئىزىمىزنى باسۇر، بۇ جاھىل قەلئەنى پەتىھ قىلۇر،— دېدى جالال.

ئابدۇللېتىپ خەلپەم ئۇنىڭ بۇ جاسارەتلىك سۆزىگە بىر نېمە دېيەلمىدى، ئۇندىمەي ئۇنى قۇچاقلاپ خوشلاشتى. جالال قىلىچىنى سۇغاردى، ئىتتىك مېڭىپ دەرۋازىغا ياماشتى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ناھايىتى چاققان ھەرىكەت قىلىپ دەرۋازىغا چىقىشقا بەش يېرىگە ئوق تېگىپ يىقىلدى. دوستلىرىدىن دۆلەت بوبى، مەتىمىن، قەمبەر تۆرىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى ئەكەلدى. ئۇنىڭ باھادىرلارچە ئۆلگىنى نۇرغۇن سەركەردە-لەشكەرلەرنىڭ قېنىنى قىزىتتى. تۆلەندى، ئەلىش، ئەبدى، ئاشۇر، باقاش، ئارزۇ پالۋانلار سېپىلغا يۈگۈردى. ئۇلار شوتا بىلەن چىقتى. سېپىل گىرۋىكىگە چىقىشقا قىزىق مايىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

مىلادى 1865 - يىلى 7 - ئاينىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە

شەمسىدىن خەلپەم ئەلا پالۋاننى يوقلاپ بايانداي بارگاھىغا كەلدى. ئۇ بۇ يەردە كۆيۈۋاتقان لەشكەرلەرنى كۆردى. بايانداي سېپىلنىڭ ئەتراپى كۆيمەكتە، سېپىل ئۈستىدىن كۆيۈۋاتقان ماي، كىگىز ـ كېچەك، ئورۇن ـ يوتقانلار چۈشۈپ سېپىلغا ياماشقان پالۋانلارنى كۆيدۈرمەكتە، جېنىدىن جۇدا قىلماقتا. يەردىكى ئوت ـ چۆپ، ھەتتا توپىلارنىمۇ كۆيدۈرمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ لەشكەرلەر بۇ ئوت ئىچىدە سېپىلغا يامىشاتتى.

سېپىلدىن يىراق، ئوق يەتمەس يەرگە چېدىرلار تىكىلگەن. ئاتلار باغلانغان، داشقازانلار ئېسىلغانىدى. بۇلار بىلەن سېپىل ئوتتۇرىسىغا شىببەلەر تىكلەنگەن. شىببەلەردىن مەرگەنلەر سېپىل ئۈستىدىن ئوت چېچىۋاتقان چېرىكلەرنى چەنلەپ ئاتماقتا ئىدى. شەمسىدىن خەلپەم ئەلا پالۋاننىڭ يۆلىشى بىلەن بىر شىببەگە چىقىپ جەڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئېنىق كۆردى. كەڭ غوللۇق، ئېگىز بويلۇق، شاپ بۇرۇت بىر پالۋان شوتىغا ياماشتى. ئۇ قىلىچى بىلەن ئۈستىگە تاشلانغان كۆيۈۋاتقان كىگىزنى شىلتىپ يانغا چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ سېپىل گىرۋىكىنى تۇتۇشىغا بىر قىلىچ ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى. ئۇ پالۋان ئۇۋچى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قىرغاۋۇلنى ئاتقاندا قىرغاۋۇل يەرگە قانداق چۈشكەن بولسا شۇنداق چۈشتى. لەشكەرلەر ئاشۇ پالۋانغا ئوخشاش، بىرى يىقىلسا يەنە بىرى شوتىغا يامىشاتتى، يىقىلاتتى، ئوق تېگىپ ئۇچۇپ چۈشەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن شەمسىدىن خەلپەم چىدىيالمىدى، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش پارلىدى. ئۇ ئەلا پالۋانغا:

— ئەمىرلەشكەر، بۇ جەڭ ئەمەس، دوزاخ بوپتۇ. مېنىڭچە، سېپىلغا ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىڭ. بىر ئەپلىك چارە تاپايلى، — دېدى.

— بولىدۇ ئۇستاز. ئەزىز پالۋان، پەرمان بېرىڭ. لەشكەر جەڭدىن چىقسۇن! — دەپ ئەزىز پالۋانغا قارىدى ئەلا پالۋان.

— باش ئۈستىگە! — دېدى ئەزىز پالۋان ۋە شىببەدىن چۈشۈپ كەتتى.

شەمسىدىن خەلپەم ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك گەپ قىلدى:

— بۇ قەلئە جياڭجۈننىڭ ئىلىدىكى كورەدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇستەھكەم قەلئەسى. قەلئەدە جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ

سەككىز يىلڭ خاس چېرىكى تۇرىدۇ. بۇ قەلئە كۇرە دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى، ئىلىنىڭ دەرۋازىسى. بۇنى 1766 ـ يىلى تۇنجى ئىلى جياڭجۈنى مىڭ رۇي سەككىز تۇرنىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بىنا قىلغان. جياڭجۈننىڭ سەككىز تۇرنىسى بولۇپ، ئۇلارنى پال ئاچقۇزۇش ئۈچۈن باققانىكەن. مىڭ رۇي جياڭجۈن قەلئە سېلىشقا مۇۋاپىق يەر ئىزدەپ ئۇنداق يەرنى تاپالمايدۇ. ئاخىردا ئۇ: «تۇرنىلىرىم قەيەرگە قونسا شۇ يەرگە قەلئە سالايلى» دەيدۇ ۋە تۇرنىلىرىنى تەڭلا قويۇپ بېرىدۇ. تۇرنىلار ئۇچۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قونىدۇ. جياڭجۈن خۇش بولۇپ، بۇ يەرگە قەلئە سالغۇزىدۇ. ئۇيغۇرلاردىن ھاشار ئېلىپ، سېپىللىرىنى كەڭ، مۇستەھكەم قىلىپ سوقتۇرىدۇ. قەلئە پۈتكەندىن كېيىن، تۇرنىلىرىنىڭ مۇشۇ يەرگە قونغانلىقىنى خاتىرىلەپ بۇ قەلئەگە بايەندەي[1] دەپ نام بېرىدۇ.

قىزىقىش ۋە دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان ئەلا پالۋان:

— بۇ يەرنىڭ مۇنداق تارىخى بار ئىكەندە. بىزمۇ جياڭجۈننىڭ سەككىز ۇرنىسىنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ پۇتىغا دورا باغلاپ قويۇپ بەرسەك بولغۇدەك، تۇرنىلار سېپىلغا قونۇشقا پارتلاپ، بايانداي ئۇگايلا پەتىھ بولار ئىدى، — دېدى.

شەمسىدىن خەلپەم باشلىق سەردارلار پاراققىدە كۈلۈشتى.

— بۇمۇ بولىدۇ، — دېدى شەمسىدىن خەلپەم كۈلكىسىنى يىغىپ، — جياڭجۈننىڭ ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ سەككىز تۇرنىمىز بار!

— ھە، قەيەردە؟ — دەپ ئەجەبلىنىپ سورىدى قۇۋاش پالۋان.

— مەشەدە، — دېدى شەمسىدىن خەلپەم، — مەشەدە تاقەتسىزلىنىپ يۈرگەن سادىر پالۋان باشلىق سەككىز پالۋان بار. ئۇلارنىڭ ئۆتكەندە دەرۋازىنى پارتلاتقىنى ئېسىڭلاردىن چىقتىمۇ؟ بۇ قېتىم دورىنى بىر نەچچە ھەسسە ئارتۇق قاچىلاپ پارتلاتسا، سېپىلدىن سىلەر كىرگۈدەك تۆشۈك ئېچىلمامدۇ؟!

---

[1] بايەندەي — سەككىز تۇرنا قونغان جاي.

ئەلا پالۋان پېشانىسىگە ۋاقىدە بىرنى ئۇرۇپ، ئۇستازىغا دېدى:

— ھەي مېنىڭ مۇشۇ دۆت كاللام، شاگىرتلىرى كەم ئەقىل ئىكەن، ئەجەب بۇنى ئويلىماپتىمەنا. سىلىگە مىڭلارچە تەشەككۇر پىر ئۇستازىم!

— يۇرۇڭلار، تەشەككۇرنى سادىر پالۋانغا ئېيتايلى، — دېدى شەمسىددىن خەلپەم.

ئەلا پالۋان سادىر پالۋانغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئاندىن بارگاھتىكى مەزەمزات سۇلتاننىڭ ئالدىغا كىردى. بۇ يەردە موللا شاۋكەت ئاخۇنۇم، مۇپتى موللا روزىلار ئولتۇرۇشقانىكەن. مەزەمزات سۇلتان شەمسىددىن خەلپەمنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ غايەت خۇرسەن بولدى. ئۇلار سادىر پالۋاننى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى. خېلى ۋاقىت ئۆتتى. چېدىرغا بۇرۇت — ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن، ئېيىقتەك بەستىنى كۆتۈرۈپ، بۇقىدەك بوينىنى سوزۇپ سادىر پالۋان كىرىپ كەلدى. ئۇ دىمىغىدا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇلۇغلار، — دەپ سالام بەردى.

ئەلا پالۋان ئۇنى تۆرگە، شەمسىددىن خەلپەمنىڭ يېنىغا ئۆتكۈزدى. ئۇ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، شۇ ھامان مەزەمزات سۇلتان ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلدى:

— ئەي پالۋانلارنىڭ پالۋىنى، باياندىي سېپىلىنىڭ تولىمۇ ستەھكەملىكىنى، سەككىز قەلئە ئىچىدە چىڭلىقتا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنىنى مەن دېمىسەممۇ ئوبدان بىلىدىلا. قانداق قىلساق بولار، دانا ئەقىللىرى بىلەن بۇ مۇشكۇل ئىشنى ئاسان قىلغايلا.

— مۇنۇ خەلپەم كەبى ئالىمىمىز تۇرغان يەردە بىزدە نېمە ئەقىل بولغاي، ئۇلۇغلار پەرمان بەرسە پېقىر خاگرۇق ياق دېمەيدۇ، — دېدى سادىر پالۋان.

— ئەي پالۋىنىم، — دەپ ئىلتىجا قىلدى شەمسىددىن خەلپەم، — بىز ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر سەككىز تۆرىنىمىزنى يەنە بىر قېتىم قوندۇرساقمىكىن دېگەن يەرگە كەلدۇق. بۇ سەككىز تۆرىنىمىز ئۆزلىرى باشلىق پالۋانلار سېپىلنى تېشىپ، دورىنى ئۈچ ھەسسە كۆپ قاچىلاپ پارتلاتساڭلار بولارمىكىن!

— ھا - ھا - ھا! — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى سادىر ۋە بۇرۇتىنى ئادىتى بويىچە تولغاپ قويۇپ ئەلا پالۋانغا دېدى. — ھەي ئەمىر لەشكەر، بۇ ئۇلۇغلارنى ئاۋارە قىلغۇچە ئاكاڭغا پەرمان بەرسەڭ بولىدىغان ئىشتىغۇ!

— سىلىگە پەرمان بېرىشكە ھەددىممۇ. سىلىنىڭ پەرمانلىرىنى مەن ئاڭلىشىم كېرەكتە. — دېدى ئەلا پالۋان.

— مېنى ھۆرمەت قىلغىنىڭغا رەھمەت. — دېدى سادىر پالۋان ۋە جىددىي ھالدا ئەسكەرتتى. — بىلىپ قوي، مېنى جەڭدىن باشقا ۋاقىتتا ھۆرمەتلە. جەڭ بولۇۋاتقاندا مەن سېنىڭ بىر لەشكىرىڭ، مەن سېنىڭ پەرمانىڭنى ئورۇندىمىسام كاللامنى ئال. توغرىمۇ سۇلتان جانابلىرى، يا گېپىم خاتامۇ؟ ئەمىر لەشكەر دېگەن جەڭدە قاتتىق قول بولۇشى كېرەك - دە!

— ناھايىتى ئورۇنلۇق تەلىم. — دېدى مەزەمزات. — ھازىر لەشكىرىمىز سېپىلغا يامىشىپ كۆپ قۇربان بەردى. سېپىلنى پارتلىتىپ بۇ باھىل قورغاننى ئېلىش سىلىگە باغلىق بولۇپ قالدى.

— پەرمانلىرىغا بېشىم بىلەن تەييارمەن، بۈگۈن كېچىلا كىرىشەي، ئۆتكەندە كولاپ كىرگەن لەخمەمنى سەل كېڭەيتسەم، دورا قاچىلايدىغان ئورەكنى كېڭەيتسەملا بولدى!

— باركاللا! — دېيىشتى سورۇندىكىلەر.

موللا شاۋكەت ئاخۇن نۇسرەت ئۈچۈن دۇئا بەردى.

سادىر قايتىش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئاتقا مىنىشىگە ياردەملەشمەكچى بولغان ئەلا پالۋانغا پىچىرلىدى:

— ئەمىرلەشكەر، بارلىق لەشكىرىڭنى ئىشقا سالىمەن دېمە! ئەزىز پالۋان مىڭ كىشىلىك، ئەمىرشاھ يۈز كىشىلىك، ئابدۇللېتىپ خەلپەم يۈز كىشىلىك، قۇۋاش پالۋان بەش يۈز كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەلئەگە كىرگەي، مەنمۇ قوشۇنۇم بىلەن كىرىمەن. مەرگەنلىرىڭ ئوقىنى توختاتماي ئاتقاي، لەكمە قوشۇنۇڭ يالغاندىن ھۇررا سېلىپ چىقسۇن. مەن پىلىككە ئوت يېقىشتىن ئاۋۋال ساڭا كىچىك ئوغلۇمنى ئەۋەتىمەن. شۇڭغىچە قەلئەگە بېسىپ كىرىدىغان لەشكەرلەر ئوق يەتمەس يەردە مۆكۈنۈپ تۇرغاي. بۇ مېنىڭ پەرمانىم ئەمەس، مەسلىھەتىم. قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل.

— بولىدۇ ئاغا. پەرمانلىرى بويىچە ئىش كۆرىمەن!
سادىر پالۋان ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

5

شەمسىدىن خەلپەم ئەلا پالۋاننىڭ چېدىرىدا قونۇپ قالدى. ئۇ ئېپتار قىلىپ ئولتۇرۇپ، مۇنداق مۇھىم مەلۇماتنى ئەلا پالۋاننىڭ قولىقىغا قويدى:
— ئوغلۇم. سەردارلىرىڭ بایاندايىنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىنى ئوبدانراق بىلىۋالغاي، بولمىسا لەشكەرلىرىمىز شىكەستە يەپ قالىدۇ. ئاڭلا. باياندايى «ئۈچ باش. ئالتە قانات» دەپ ئاتالغان مانجۇ دىنى قائىدىسى بويىچە ياسالغان. ئۇ يېڭىشەھەر، كونا شەھەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. يېڭىشەھەردىن چوڭ ئۆستەڭ سۈيى ئېقىپ ئۆتىدۇ. كونا شەھەر ئىچكىرىسىدە بولۇپ، ئۇ يەردە خان ئوردىسى بار. خان ئوردىسىدا تۆت قوڭغۇراقلىق راۋاق، يەتتە دەرۋازا بار، ئۇ يەرگە مانجۇلاردىن باشقا ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدۇ. بىزنىڭ ئۈچ قېتىم چوڭ ھۇجۇم قىلىپمۇ بایاندايىنى ئالالمىغىنىمىزنىڭ سەۋەبى شۇدۇر. سادىر پالۋان سىپىلنى پارتلاتقاندىن كېيىن كۈچلۈك سەردارىڭنى خان ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەيىنلىگىن. بولاڭ - تالاڭ بولمىغاي.
— خوپ ئۇستاز، تەلىملىرى بويىچە ئىش بېجىرىمەن.
ئەلا پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە ئۆزرە ئېيتتى:
— ئاتا، سىلى ئوبدان ئارام ئالغايلا. ئوردۇن سىلىدىن خەۋەر ئالىدۇ. مېنى سۇلتان چاقىرتىپتۇ. ئەمىر - پەرماننى ئاڭلاي، قوشۇنلارنى ئورۇنلاشتۇراي، مېنى ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمەن.
— بارغىن بالام، ئەتىكى جەڭ ھەل قىلغۇچ جەڭ بولىدۇ، بارغىن.
ئەلا پالۋان توپتوغرا مەزەمزاتنىڭ چېدىرىغا كەلدى. مەزەمزات پەرمان بەردى:
— ئەمىر لەشكەر، سىز ھازىر جىددىي تەييارلىنىڭ. بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بایاندايغا بېسىپ كىرسۇن، ئابدۇللېتىپ خەلپەم

بىرىنچى بولۇپ بېسىپ كىرسۇن. بىر تۈمەن قوشۇن كۆرەدىن چىققىنىدىغان چېرىكلەرنى توسۇپ ياتسۇن، يەنە بىر تۈمەن قوشۇن سۇيدۇڭ تەرەپنى توسسۇن! خوش، قازى ئەسكەر، پاتىھە!

— ئاللائائاللا ئىگەم ئۆز قوشۇنلىرىنى ئامان قىلغاي، نۇسرەت قازىنىشقا مەدەتكار بولغاي، سۇلتانىمىزنىڭ دۆلىتى زىيادە بولغاي، ئامىن!

ئەلا پالۋان چىدىردىن چىقىپ كېتىۋېتىپ مىيىقىدا كۈلدى. سۇلتاننىڭ پەرمانى قۇرۇق، سادىرنىڭ پەرمانى جانلىق ئىدى. كۆرە، سۇيدۇڭ تەرەپتە قوشۇن بۇرۇندىن بار ئىدى. سۇلتان بۇنى ئۇنتۇدىمۇ، تۈمەن قوشۇن تۇرسۇن دەيدۇ. ھەي بىلمىسىزلىك! ئەلا پالۋان سەردارلارنى يىغدى ۋە سادىر پالۋان كۆرسەتكەن ئەقىل بويىچە سەردارلارنى ئورۇنلاشتۇردى. شەمىسىدىن خەلپەم يېڭىشەھەر ئۇنتۇرىسىدىن بىر چوڭ ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتىدۇ، دېگەندىلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر پەنت كەلگەنىدى. ئۇ شۇ پەنت بويىچە ئەزىز پالۋانغا ئىككى يۈز يىگىت تاللاپ، ئۆستەڭ ئارقىلىق كىرىپ، خان ئوردىسىنى ئېلىش، ئوردىدىكى ئەرسىلەرگە زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ھەققىدە پەرمان بەردى.

سادىر پالۋان، ئوغۇللىرى ۋە ئۆتكەندە لەخمە كولاشقا قاتناشقانلار بولۇپ سەككىز تۆرنا بولدى. ئۇلار نامازشام قاراڭغۇسىدا ئۆتكەندىكى لەخمە كولىغان يەرگە كېلىپ كونا لەخمىنى سەل كېڭەيتتى. تۈن قىسقا بولغاچقا، سۇبھى ئالدىدىلا لەخمىنى كېڭەيتىپ دورا قاچىلاشقا ئاران ئۈلگۈردى.

ئەزىز پالۋان لەكمە قوشۇن ئىچىدىن سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغان لەشكەردىن يۈزنى تاللىدى. ئوق - دورىنى ئۇرغۇن تەييارلىدى. ئارغامچا، ئىلمەك، شوتا ھازىرلىدى. ئۇ باياندا سېپىلى ئەتراپىدا ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك، مىلتىق ئوقى ئاۋازىدىن پايدىلىنىپ، يېرىم كېچىدىن كېيىن سېپىلنىڭ ئاستىدىكى سۇڭگۈچتىن كىرىدىغان ئۆستەڭ بويىدا ھازىرلىنىپ ياتتى.

## 6

سادىر پالۋان سېپىل دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىن دورا كۆمىدىغان چوڭ ئورەك قېزىشنى باللىرىغا قويۇپ بەردى، ئۆزى ئۈستىدە قاراپ ئولتۇردى. ئورەك كولىنىپ بولغاندىن كېيىن، دورىنى بۇرۇنقىدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق قاچىلىدى. كالىنىڭ قۇرۇق ئۈچىيىنى دورىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۈچەي ئۇلاپ كەينىچە مېڭىپ لەخمىدىن چىقتى. بۇ ئىش تاڭ سۈزۈلگىچە پۈتكەنلىكتىن ئىنس ـ جىن بىلمىدى. بۇ يەردە ئۇرۇش بولمىغاندەك جىمجىت ئىدى. سادىر پالۋان كەنجى ئوغلىنى ئەلا پالۋانغا ئەۋەتىۋەتتى. ئوغلىنىڭ تام بارگاھقا يېتىپ بارغىنىنى مۆلچەرلەپ، قالغان ئالتە يىگىتنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ پىلىككە ئوت ياقتى. ئالدىرىماي قاشقا ئېتىنىڭ يېنىغا كېلىپ پىلىكنىڭ ۋىژىلداپ كۆيۈپ ماڭغىنىغا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن خاتىرجەم ھالدا ئېتىغا مىندى. ئۇ ئون قەدەممۇ ماڭمىغانىدى. سەھەر جىمجىتلىقىنى دەھشەتلىك گۈلدۈرماما بۇزۇۋەتتى. يەر سىلكىندى. سېپىلنىڭ بىر ئۈچى ئاسمانغا ئۇچتى. جاھاننى قارا تۇتەك قاپلىدى. چېرىكلەرنىڭ باش، قول، پۇتلىرى ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرغان ئەلا پالۋان لەشكەرلىرى ئالدىغا چۈشتى. سېپىلنىڭ توپىسى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. باياندىي قەلئەسى زۇلمەت تۈنۈنى ئىچىدە قالدى. قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تۇرغان ئابدۇللېتىپ خەلپەم ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. جەدە ئات يۇلقۇنۇپ ئالغا تاشلاندى. خەلپەمنىڭ مۇرىتلىرى:

— ئاللا يار! — دەپ كەينىدىن ئات سالدى.

ئابدۇللېتىپ خەلپەم ئەلا پالۋاننىڭ سېپىل پارتلىغان ھامان بىرىنچى بولۇپ بېسىپ كىرىش ھەققىدىكى پەرمانىنى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن غۇسلى ـ تەرەت ئالدى. يېرىم كېچىگىچە چېدىرىدا تەرىتى بىلەن ئولتۇرۇپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى، ھەمدۇسانا ئوقۇدى. ھاپىزلار، مۇرىتلىرى بىلەن زىكرى ـ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئاندىن يېتىپ ئارام ئالدى. خەلپەم كەچ ياتسىمۇ يەنىلا زو ۋاقتىدا ئويغىنىپ تالاغا چىقىپ تەرەت ئالدى، چېدىرغا كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن زولۇق يېدى. مەزىن ئەزان

ئېيتتى، ئابدۇللېتىپ خەلپەم ئەزان ئېيتىلىپ بولۇشىغا دۇئا قىلىپ سىرتقا چىقتى. مۇرىتلىرى مىلتىق، قىلىچلىرىنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇپ سەپ تۈزۈپ تۇراتتى. ئابدۇللېتىپ خەلپەم سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى، قولاق قاقتى... بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ شۇنداق دېدى:

— ھازىر ھەممىمىز ئاتلىنىپ سەپراس تۇرايلى. سېپىل پارتلىغان ھامان قەلئەگە ھۇجۇم قىلىمىز. بىرىنچى بولۇپ بىزنىڭ كىرىشىمىزنى مەزەمزات سۇلتان پەرمان قىلغان.

لەشكەرلەر دەرھال تارقىلىپ ئاتلىرىنى ئېگەرلىدى، قورال-لىرىنى ئالدى. ئاتلىرىغا مىنىپ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ سەپراس تۇرۇشتى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئارقا تەرەپتىن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئابدۇللېتىپ خەلپەم كەينىگە قارىدى. ئون بىر ئاتلىق لەشكەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ توغرا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمەكتە ئىدى. ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا كەلگىنى ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ سالام بەردى ۋە:

— خەلپىكا. بىز مەزەمزات سۇلتاننىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىدىن ئىدۇق. بىز سۇلتاندىن باياندايى قەلئەسگە بىرىنچى بولۇپ كىرىشنى تەلەپ قىلغان. سۇلتان ئاخىر بىر ئونلۇقنى سىلىنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇپ قەلئەگە ھۇجۇم قىلىشقا ئىجازەت بەردى. بىزنى قوبۇل قىلغايلا! — دېدى.

ئابدۇللېتىپ خەلپەم نۇسرەت ئارغىمىقىنىڭ ئۈزەڭگىسىگە ئايىغىنى قويۇۋېتىپ ئەجەبلەندى: «قىزىق ئىشلار بولۇۋاتىدىغۇ، ئەلا پالۋاننىڭ سەر خىل قوشۇنىنىڭ ئورنىغا مېنىڭ قوشۇنۇمنى بىرىنچى بولۇپ قەلئەگە كىرسۇن دېگەنىدى، ئەمدى يەنە ئۆز ئادەملىرىنى، يەنە كېلىپ ئەخمەتخان دېگەن قاتىلنىڭ مۇرىتلىرىنى ئەۋەتىپتۇ.» ئۇ شۇ ئويدىلا بولدى، باشقىچە ئويلاشقا ۋاقىت يار بەرمەيتتى، ئۇ كەلگەنلەرگە قول ئىشارىسى بىلەن ئارقا سەپتىن ئورۇن كۆرسەتتى. دەھشەتلىك گۈمبۈرلەش ساداسى بىلەن تەڭ ئابدۇللېتىپ خەلپەم ئالغا تاشلاندى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى «ھۇررا» دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئالدىغا قاراپ چاپتى. مانا، ئابدۇللېتىپ خەلپەم پارتلاشتىن ھاسىل بولغان شورىدىن كىردى ۋە بىردىنلا ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشتى. بىر

نەچچە مۇرتتى ئاتتىن چۈشۈپ ئابدۇللېتىپ خەلپەمنى كۆتۈرۈپ چېدىرغا ئېلىپ كىردى. خەلپەمنىڭ نۇر يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى ئاقارغان، شىر كەبى يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغانىدى.

غەيۇر لەشكەرلەر «ھۇررا» سېلىپ كەينى ـ كەينىدىن شۇرىدىن كىرگەندە، سېپىل ئۈستىدىكى لەكمە ـ لەكمە چېرىك توپ ۋە مىلتىقلىرى بىلەن ئوق ياغدۇردى. نۇرغۇن لەشكەر شېھىت بولدى. ئەمما باھادىر پىدائىيلار بېسىپ كېلىۋەردى. بىرى يىقىلسا، يەنە بىرى ئىز بېسىپ كىردى. تۇغ ـ ئەلەملەر قەلئە كوچىلىرىدا جەۋلان قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمنىڭ بەلگىسى ئىدى. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان، نەيزىلىرىنى تىرىۋالغان لەشكەرلەر چېرىكلەرگە ھەيۋە بىلەن ئېتىلاتتى. نەيزە تىقاتتى، چاپاتتى. ئۆزلىرىنىڭ كۆزىگە، ئوق يەپ شېھىت بولغان دوستلىرى، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن قىساس ئوتىدا يانغان لەشكەرلەرنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. قەلئەدىكى جاھىللارنى غەزەپ بىلەن چانايتتى. چېرىكلەر قوچاقلىما جەڭگە جۈرئەت قىلالماي، ئۆيلەرگە كىرىۋېلىپ پەنجىرىلەردىن چەنلەپ ئېتىشقا، ئۆگزىلەرگە چىقىۋېلىپ نىشانە ئېلىشقا باشلىدى. چېرىكلەرنىڭ بۇ ئەجەل ئوقلىرىدىن پاناھلانغۇدەك يېرى يوق لەشكەرلەر قېرىنداشلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى دالدا قىلىپ ئۆگزە، ئۆيلەردىكى چېرىكلەرگە ئوق ئاتاتتى. توققۇزتارالىق ھوشۇر باقى يۈزبېگى، ئەلى تۆرە، نىياز ھاجىلارنىڭ لەكمە قوشۇنلىرى ئابدۇللېتىپ خەلپەم قوشۇنىنىڭ كەينىدىن قەلئەگە كىرگەنىدى. ھوشۇر باقى بىلەن ئەلى تۆرە توپ ئوقىدا قازا بولدى. لەشكەرلەر قىلىچ، نەيزىلىرىنى تىنىماي ئىشقا سالدى. ھەممىلا تەرەپتىن «چاراق ـ چۇرۇق» قىلغان قىلىچۋازلىق ئاۋازى ئاڭلىناتتى، ئوق ئاۋازى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ھۇررا، ئىڭراش، ئاھ ـ ۋاھ ئاۋازلار بايانداي قەلئەسىنى بىر ئالغانىدى. چاڭ ـ توزان، ئوق ـ دورا پۇرىقى ۋە كىگىز، پاختا، رەختلەرنىڭ كۆيگەندە چىققان پۇرىقى قوشۇلۇپ لەشكەرلەرنىڭ دىمىغىنى ئېچىشتۇراتتى. تەكبىر، «ئاللا مەدەتكار! ئۇر ـ چاپ!» دېگەن ئاۋازلار ۋە ناغرا ـ بۇغرا، كاناي ـ سۇناي ئاۋازلىرىدىن چېرىكلەرنىڭ يۈرىكى سۇ بولدى. ئەمما، ئۇلار جاھىللىق بىلەن قارشىلىق

بىلدۈرەتتى، بىرىمۇ تەسلىم بولمايتتى، تەسلىم بولۇشنى ئويلىمايتتى. شەمسىدىن خەلپەمنىڭ. ئۇ يەردە خىللانغان سەككىز يىڭ چېرىك تۇرىدۇ، دېگىنى ھە دېگەندە ئىسپاتلاندى. جەڭ يېڭىشەھەردە قىزىپ كەتتى، قولى چانىلىپ ساڭگىلاپ قالغان. پۇتى چانىلىپ ئۈمىلەپ يۈرگەن. بېشى قىلىچتىن يېرىلغان غەيۇر لەشكەرلەر بىلەن چېرىكلەر ئۆز تىلى، ئۆز ئاھاڭىدا ئىڭرايتتى. ياردەم تەلەپ قىلاتتى. جەڭ كەسكىن بولۇۋاتقاچقا تېۋىپلار قەلئەگە كىرمىگەنىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھالىدىن ھېچكىم ھەتتا يېقىن دوستلىرىمۇ خەۋەر ئالالمايتتى. ئاتلار قان كەچتى، قىلىچ يەپ يىقىلغانلارنىڭ قانلىرى تاملارغا چاچرىدى، ۋارقىراش، ئىڭراش، مىلتىق ئاۋازى، ۋەھشىيلەرچە دەسسەپ ـ چەيلەشلەر داۋام قىلماقتا. مۇھەممەت ئىمىن، دۆلەت سوپى، قەمبەر تۆرىلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماي، ئۇزۇن نەيزىلىرىنى چېرىكلەرنىڭ قارنىغا تىقاتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرى قان بولۇپمۇ كەتكەنىدى. ئۇلار بىر توپ لەشكەرنى باشلاپ چېرىكلەرنى ئۆيمۇ ئۆي، كوچىمۇ كوچا سۈرۈپ توقاي قىلماقتا ئىدى. بىر ئۆيگە ئىككى چېرىكنى قوغلاپ كىرگەندە، مۇھەممەت ئىمىن ئوق يەپ يىقىلدى. دۆلەت سوپى ئۇنى يۆلەپ تام تۈۋىگە ئاپىراي دېيىشىگە يەنە بىر ئوق ئۇنىڭ قولىقى ئوتتۇرىسىدىن كىرىپ كەتتى...

قەمبەر تۆرە ئۈچ يېرىدىن يارىلاندى. بېشىدىن ئاققان قان يۈزىنى بويىۋەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بىر چېرىك ئۇرغان قىلىچنى نەيزىسى بىلەن قايتۇرۇپ بوقمىدەك تۈگۈلدى ـ دە، قەھرى بىلەن ئۇنى بىرنى ئۇستى. چېرىك ئۆگدىسىغا يىقىلدى. شۇ ھامان يەنە بىر چېرىك كېلىپ قەمبەر تۆرىنىڭ بېقىنىغا قىلىچ تىقىۋەتتى. غەزەپلەنگەن قەمبەر تۆرىنىڭ لەشكەرلىرى ئۇ ئىككى چېرىكنى چاناپ قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى.

تۆلەندى پالۋاننىڭ باتۇرلىقى چېرىكلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ، سەكرىتىپ يۈرۈپ، خۇددى گۆش چانىغان قاسساپتەك ئۇچرىغانلا چېرىكنى چانايتتى. ئەمما، غايىپتىن كەلگەن بىر تال شۇم ئوق بۇ ياش پالۋاننى ئاتتىن غۇلاتتى.

ئەزىز پالۋان كۈچلۈك گۇمبۇرلەشنى ئاڭلاپ لەشكەرلەرگە ئۈستەڭگە

چۆشۈشنى شەرەت قىلدى ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۆزى باش چۆكۈردى. ئۇ ئۈستەڭنىڭ شورىسىدىن باش چۆكۈرۈپ ئۆتۈپ قىرغا چىقتى. لەشكەرلەر بىر-بىرلەپ باش چۆكۈرۈپ شورىدىن ئۆتكىچە خېلى ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئەزىز پالۋان خان ئوردىسىنى كۆزەتتى. ئوردا ئەلا پالۋان ئېيتىپ بەرگىنىگە ئوخشاش ئىدى. خان ئوردىسى سېپىل بىلەن قورشالغان، سېپىلنىڭ ئالدىدا قوڭغۇراقلىق راۋاق. دەرۋازا ئۈستىدە قوقتىلار بار ئىدى. يەردىكى چېرىكلەر يېڭىشەھەر تەرەپكە قاراپ دەككە - دۈككىدە تۇرۇشاتتى. ئەزىز پالۋان لەشكەرلەرنى سەپكە تۇرغۇزدى، ئاندىن مىلتىقلاردىن قوڭغۇراقلىق راۋاق. قوقتىلارغا ئوق ئېتىشقا ئەمر قىلدى. چېرىكلەر كەينىدىن چىققان ئوق ئاۋازىدىن قورقۇپ قالايمىقان ئوق ئېتىشقا باشلىدى. قاتتىق ئېتىشما بولدى. ئەزىز پالۋان ئىككىدىن لەشكەرنى شوتا كۆتەرتكۈزۈپ ئوردا دەرۋازىلىرىغا ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىۋالغۇچە توختىماي ئوق ئېتىپ تۇردى، شوتا كۆتۈرگەنلەر دەرۋازىغا يېقىنلاشمايلا يىقىلدى. ئەزىز پالۋان بۇ ھۇجۇمدىن ۋاز كەچتى. ئۇ بىر قىسىم لەشكىرىنى قوڭغۇراقلىق راۋاقنىڭ كەينىگە بىلىندۈرمەي ئۆتكۈزدى. لەشكەرلەر بىر - بىرىنىڭ مۈ-رىلىرىگە دەسسەپ شوتا بولۇپ راۋاققا چىقىشتى. ئۇلار باش كۆتۈرمەي مىلتىق ئېتىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن شەپە چىقارماي كەلدى - دە، بىر - بىرلەپ چاناپ تاشلىدى. ئىككى لەشكەر راۋاقتىن چۈشۈپ دەرۋازىنى ئاچتى. ئەزىز پالۋان لەشكەرلىرىنى باشلاپ خان ئوردىسىغا بېسىپ كىردى. قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق جېڭى بولدى. لەشكەرلەر بىلەن چېرىكلەر قىزىپ كېتىپ مۇشتلاشتى. كۈن بىر غۇلاچ ئۆرلىگەندە ئەزىز پالۋاننىڭ قوشۇنى خان ئوردىسىنى ئىشغال قىلدى. ئەزىز پالۋان ئەتراپقا جېسەكچىلەرنى قويدى، قوڭغۇراقلىق راۋاق ئۈستىگە: «زالىم ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ، خەلقنى ئەمىن قىلىمىز!» دېگەن خەت كەشتىلەنگەن تۇغنى قادىدى.

بۇ تۇغنى سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرۈپ قالغان باش سەردار با دارىن ئوردىغا بىر يىڭ چېرىك ئەۋەتتى. چېرىكلەرنىڭ ئالدىنقى سېپى قويۇق مىلتىق ئوقىدىن يەر چىشلىدى، دەرۋازىغىمۇ يېقىن كېلەلمىدى. ئەزىز

پالۋان چېرىكلەرنىڭ ھۇجۇمىنى ئوق بىلەنلا قايتۇرۇپ تۇردى. ئۇنىڭدا خان ئوردىسىدىن ئېلىنغان ئولجا ئوق - دورىلار نۇرغۇن ئىدى، مىلتىقلار بىر لەشكەرگە ئىككى - ئۈچتىن توغرا كېلەتتى. شۇڭا، ئۇ قايتۇرما ھۇجۇممۇ قىلمىدى، سېپىلدىنمۇ چۈشمىدى، كەچ كىرگىچە خان ئوردىسىنى قوغدىدى.

ئابدۇباتۇر بىلەن ئەلەش پالۋان جەڭنىڭ ئىككىنچى كۈنى بايانداي قەلئەسىنىڭ جاھىل باش سەردارى، ئامبال با دارىننى ئىزدىدى. ئۇنىڭ تەخت ئوردىسىنى تېپىپ دەرۋازىسىنى بۇزۇپ كىردى.

با ئامبال يېڭىلگىنىنى بىلدى. ئۇنىڭ باشقا كۈچى قالمىغانىدى، توپىلاڭچىلار بىلەن ئېلىشىۋاتقان چېرىكلەرنى چاقىرتىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ سېپىلدىن چۈشتى. ئۇنىڭغا سەردارلىق قىلغۇدەك ئىشمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ھەپتە بۇرۇن خان ئوردىسىدا ئۆتكۈزگەن خانغا قەسەم بېرىش مۇراسىمىنىڭ چېرىكلەرنى قايتماس باتۇرلارغا ئايلاندۇرغىنىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېپىل پارتلىغان ھامان ئۇ بارلىق چېرىككە ھاراق ئىچكۈزگەن. سەركەردىلەرگە ئەپيۇن تارقىتىپ بەرگەنىدى. ھاراق چېرىكلەرنىڭ قېتىپ قالغان قانلىرىنى قىزدۇرۇپ، قورقماس، يانماس باتۇرلارغا ئايلاندۇرىدىغىنىنىمۇ ئۇ بىلەتتى. مانا ئەمدى چېرىكلەرنىڭ باتۇرلۇقىمۇ كارغا يارىمىدى. چوڭ كۈرە ياردەم بەرمىدى. نېمە ئىلاج! ئۇ ئۆيگە كىردى، دورا قاچىلىدى. پىلىك ئۆتكۈزدى. باللىرىنى، تەنەيلىرىنى شۇ ئۆيگە يىغدى. ئېسىل تائاملار كەلتۈرگۈزۈپ، ئېسىل شارابلارنى قانغۇچە ئىچتى، خوتۇنلىرىغىمۇ ئىچۈردى، باللىرىنى ئىچىشكە زورلىدى، خوتۇن - باللىرى ھاراقتىن غەرق مەست بولۇپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەتىسى ئۇ پەنجىرە يېنىغا كېلىپ سىرتقا قارىدى، مىلتىق ئاۋازلىرى يوق، قەلئەنى جىمجىتلىق قاپلىغانىدى. «ھىم، دېمەك، قەلئە توپىلاڭچىلار قولىغا ئۆتۈپ بوپتۇ، مېنىڭ باتۇر قوشۇنۇم توگەپتۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇ ھامان دەرۋازىنى بۇزۇپ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئەلەش پالۋان بىلەن ئابدۇباتۇرلارنى كۆرگەن با ئامبال ئۆلۈكتەك قېتىپلا قالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى پىلىتىغا چۈشۈپ سەرەڭگىنى قولىغا ئالدى:

— ۋادەرىخا، چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى قۇللىرىنىڭ باغرى خۇن بولدى، — دەپ زار - زار يىغلىغان پېتى سەرەڭگىنى چاقتى. پىلتىگە تۇتاشتۇردى، دورا دەھشەتلىك پارتلاپ، ئۇخلاۋاتقان سەبىي باللىرى، نازۇك بەللىك، پۇتى كىچىك ئەتىيلىرىنىڭ يەتتە ئەزاسى يەتمىش پارچە بولۇپ خىش - توپا ئارىسىغا چېچىلىپ كەتتى.

شۇ كۈنى، يەنى مىلادىيە 1865 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چىڭ خاندانلىقى قوشۇنىنىڭ بۇ جاھىل تايانچ پونكىتى بىتچىت قىلىندى.

## 7

ئەمىرلەشكەر ئەلا پالۋان بارلىق سەردارلارنى يىغىپ قۇربان بولغانلارنىڭ سانىنى ئالدى. باياندايىنى پەتىھ قىلىش ئۇرۇشىدا يەتتە يۈز سەكسەن لەشكەر قۇربان بولغان، سەككىز يۈز ئوتتۇز ئىككى لەشكەر يارىلانغان، سەردار، سەركەردىلەردىن ئابدۇللېتىپ خەلپەم، نىياز ھاجى، ئەلى تۆرە، تۆلەندى باتۇر، ھوشۇر باقى، ئەلەش پالۋان، قەمبەر تۆرە، ئابدۇباتۇر، ئاشۇر بەگ، باقاش پالۋان، ئارزۇ پالۋان قاتارلىق ئوتتۇز ئىككى پالۋان شېھىت بولغانىدى. ئەتىسى ھەر قايسى يېزىدىن كەلگەنلەر ئۆز يېزىسىدىن شېھىت بولغان سەردارلارنى يېزىلىرىغا ئەكەتتى. شېھىت بولغان لەشكەرلەر باياندايى قەلئەسىنىڭ شىمالىدىكى دەريا تەرەپكە جايلاشقان قەبرىستانلىققا قويۇلدى. ئابدۇللېتىپ خەلپەمنىڭ جەسىتى قازانچىدىكى قورۇسىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، شەھەردىن قوشۇلغان جامائەت بىلەن كوچىلار ئادەمگە پاتماي قالدى. مەرھۇمنىڭ يەرلىكى ھىراتتا بىلىم تەھسىل قىلىپ كېلىپ غولجىدا خەلپەم بولغان دادىسى ئابدۇقادىر خەلپەمنىڭ قەبرىسى يېنىدىن كولانغانىدى. قازانچىدىن ناغرىچىدىكى خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرىغىچە جىنازىنىڭ ئالدىدا خەلپەمنىڭ مۇرىتلىرى زىكرى سوقۇپ، تەلقىن ئوقۇپ ماڭدى. كەينىدىن مەزەمزات سۇلتان بەش يۈز مۇھاپىزەتچىسى بىلەن، ئاندىن قازى ئەسكەر موللا شاۋكەت ئاخۇن مۇرىتلىرى بىلەن، ئاندىن سالىش ئىمام، شەمسىدىن خەلپەم، جالالىدىن خەلپەملەر شاگىرتلىرى بىلەن،

ئاندىن ئەلا پالۋان باشلىق سەردارلار، بەگ، سىپاھلار، ئالىم، ئاخۇنلار، مۆپتىلار رەتلىك سەپ تۈزۈپ ئاستا قەدەم تاشلاپ مېڭىشتى. جىنازا خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرىغا كەلگەندە، مېيىت ئۈزاتقۇچىلارنىڭ ئاخىرى قازانچى كوچىلىرىغا پاتماي تۇرۇشاتتى.

ئابدۇللېتىپ خەلپەمنىڭ بۇنچە دەبدەبىلىك دەپنە قىلىنىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. ئۇ زات: «كىشىلەرنىڭ نەزىرىسىگە قاراپ قالغان ئادەم تەمەدىن خالىي بولالمايدۇ. ئۆزۈم نان تېپىپ يەيمەن» دەپ، بىنەم تېرىپ جان بېقىپ كەلگەن زات ئىدى. شۇڭا ناسىر ئەلەمدىن تارتىپ بارلىق ئاخۇنلار، بەگ، سىپاھلار، ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار ئۇ زاتنى ئىززەتلەيتتى.

8

باياندىي قەلئەسىنىڭ ئېلىنىشى كىشىلەرنىڭ قوزغىلاڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇردى، ئېلى خەلقى نەچچە كېچە ـ كۈندۈزلەپ بۇ نۇسرەتنى مۇبارەكلىدى. بەيتۇللا مەدرىسى ئالدىغا توپلىنىپ ناغرىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسۇل ئوينىدى. مۇددەرىسنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىپتارلىق ناغرىنى نامازدىگەردىن كېيىن چېلىشنى بولغا قويدى، ئىپتاردىن كېيىن خەلق يەنە توپلىنىپ ناغرىغا ئۇسسۇل ئوينىدى. باياندىي ئۇرۇشىنىڭ نۇسرىتى ھەققىدە، قوشاقلار توقۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا ئېيتىشتى:

جىياڭجۈن دېگەن چوڭ دارىن
باياندايدا ياتالماي.
قورشاپ ئالغان خەلققە
تومبال بوپى ئاتالماي.

قورشاپ تۇرغان خالايىق

ئۆزگەرتمىدى گېپىنى.
شۇ سېپىلگە كىرىشنىڭ
قىلماق بولدى ئېپىنى.

قورقۇپ كەتكەن چېرىكلەر
قۇتقۇزماقچى جېنىنى.
دەرۋازىغا ئوت قويساق
ئونقا ياقتى تېنىنى.

قالدى ھەممە قايغۇرۇپ
ئويلاپ - چايقاپ بېشىنى.
سادىر سېپىلنى ئاتتى
لەخمە كولاپ تېشىنى.

شوندا خەلق يۈگۈردى
ئوندا قاتتىق جەڭ بولدى.
ئىككى ياقنىڭ ئۆلۈكى
سېپىل بىلەن تەڭ بولدى.

جىياڭجۈن باشلىق چوڭلىرى
ھەر تەرەپكە يۈگۈردى.
بولارى بولۇپ ھالىدىن
كەتتى بەكمۇ بوزاردى.

شۇ كۈنلا خالايىق
دۈشمەنلەرنى چېپىشتى.
غەزەپ بىلەن گېلىغا
نەيزىلەرنى تىقىشتى.

باياندايىنىڭ ئۆرۈشى
جىياڭجۇنلەرگە چوڭ ساۋاق،
خەقنى ئېزىمەن دېسە
بولىدىكەن ئاشۇنداق.

تالقان يېگەن خەلقلەر
نېمەتلەرگە يېتىشتى.
ئازاد بولۇپ زۇلۇمدىن
مۇڭلىرىنى ئېيتىشتى.

باياندايى ئۆرۈشىنىڭ نۇسرىتى ئىختىلالچىلارنىڭ قېنىغا قان، جېنىغا جان قوشتى.

# سەككىزىنچى باب

## مەھمۇد پو

### 1

بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ مۇنارىسىدىن ئاڭلانغان مۇڭلۇق ۋە جاراڭلىق ئەزان ئاۋازى ئاغرا، سۇناي ۋە ئۇسسۇلنى تۇختىتىپ قويدى. مىڭلىغان ئەركەك زاتى قىبلىگاھقا قاراپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەزاننى ئاڭلىماقتا.

ئەزان ئېيتىلىپ بولدى، يۈكۈنۈپ ياكى تىزلىنىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئىككى ئالىقىنىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ يا شەكلىدىكى كۆك خىشلىق دەرۋازىسىدىن كىرىشكە باشلىدى. مانا شۇ نەچچە مىڭ توپ ئىچىدە ئۇچىسىغا ئالىچەكمەن كىيگەن، بېشىغا سېرىق سەللە ئورىغان، ئاپئاق كەكە ساقاللىق، ئورۇقلۇقىدىن ياغاچتەك بولۇپ قالغان، بەش بارمىقى بىلەن ساقىلىنى تارىغان پېتى دىڭگۇسلاپ كىرىۋاتقان بىر مويسىپىتمۇ بار ئىدى. بۇ ئادەم ئالدىراپ تۇرۇپ ھەر قەدەمدە بىر سالام بېرەتتى. ئۇنىڭ تولۇق قىرائەت بىلەن قىلغان سالىمى ئەسىر قىلغان بولسا كېرەك، جامائەت ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىپ يول بېرەتتى. ئۇ دىڭگۇسلاپ مېڭىپ مەسچىتكە كىرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خۇدا رەھمەت قىلغاي! — دەپ سالام بېرىپ ھەممىنى ئۆزىگە قاراتتى ۋە ئىمامنىڭ كەينىدىكى بىرىنچى رەتتە ئولتۇردى.

ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، مەزەمزات سۇلتان، ئەخمەتخان خوجا، جالالىدىن خەلپەم، موللا روزى مۆيىتى قاتارلىق ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ دىنىي پېشىۋالىرى، ئۇلۇغلىرى، ئەمىرلىرى، ھۆكۈمالىرى، سول تەرىپىدە ئەمىرلەشكەر ئەلا پالۋان، ئۇزىمشاھ، ئەزىز پالۋان قاتارلىق سەردارلار ۋە سەركەردىلەر ئورۇن ئالغانىدى. جۈمە نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنىڭ ئىمامىلىقىنى خالىس ئۆتەيدىغان موللا شاۋكەت ئاخۇنۇم خۇتبىغا چىقتى، قۇرئان كەلىمىلىرىنى ئوقۇدى. مەزىنىنىڭ تەكبىرىدىن كېيىن خۇتبىدىن چۈشۈپ قولاق قاقتى.

بىزنىڭ ئۇ مويسىپىتىمىز نامازدىن كېيىن قىلىدىغان ۋەزىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مەزەمزات، موللا شاۋكەتلەرگە ئىككى پۈكلىنىپ سالام بەردى ۋە ئۆزىنىڭ ۋەز ئېيتىش ئويىنى بىلدۈردى. موللا شاۋكەت بۇ زاتنىڭ بۇخارادەك ئىسلام دىنىنىڭ ئوچىقىدىن كەلگەن خوجا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ۋەز ئېيتىشىغا ئىجازەت بەردى. مويسىپىت جامائەتكە قاراپ تۇرۇپ ۋەزىنى باشلىدى:

— مېنىڭ ئىسمىم مەھمۇد. غۇس ئەلا ئەزىم ئەۋلادىمەن! كەسپىم جاھانكەشتىلىك. ئىلىمدە تەڭداشسىزمەن. ماڭا كىمكى قارشى تۇرسا، ئىلمىي ھۇجۇم بىلەن جاۋاب قىلىمەن. ئورۇق بولغىنىم بىلەن شىردەك قۇۋۋىتىم بار. شۇڭا شان - شۆھرىتىم جاھانغا پۇر بولغان. جاھاندىكى ھەممە ئىشنى بىلىمەن. ئاللاتائالا ئىگەم «ۋاخالىق نەلەكوم، ماخىل ئەرزى جەمىئە، يەنى زېمىننى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتتىم» دېگەن ۋە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى توپىدىن، ھەۋۋا ئانىمىزنى ھاۋادىن ياراتقان. مانا شۇنداق جىمى زېمىندىكى ئاللا ياراتقان مۇسۇلمانلارنى ئاسراش، يېتىم - يېسىرلارغا پاناھ بولۇش، زالىملارنى يوقىتىپ، خەلقنى ئەمىن قىلىش مېنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇم. ھازىرقى زامان بۇزۇلغان، شۇڭلاشقا پولات شەمشىرىمنى جاراڭلىتىپ قەھرىتان سوغۇق، پىژ - پىژ ئاپتاپ، بوران - چاپقۇنغا قارىماي بۇ زامانىنى تۈزەيمەن. دەپ يۇرتۇڭلارغا كەلدىم. مەن ھەممە يەردە ياخشىلىق قىلىشقا، ساۋاب تېپىشقا تىرىشىمەن. ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتىم مۇسۇلمانغا زىيان ئەمەس، پايدا

يەتكۈزىدۇ. سىلەرنىڭ بەگلىرىڭلار ھۇرۇن ئىكەن. قۇرۇق گەپ سېتىپ ئەمەلىي ئىش قىلمايدىكەن. ئۇلۇغ سۇلتانىمىز مېنى يېنىغا ئالسا كۈچلۈك ياردەمچىگە ئىگە بولغان بولاتتى. مەن كۆرە قەلئەسىنى جەڭ قىلماي تۇرۇپ بىر ئەپسۇن بىلەن ئالىمەن. مەن ئەپسۇن ئوقۇسام چېرىكلەرنىڭ كۆزى باغلىنىدۇ، بېشىنى چاپساڭمۇ تۇيمايدۇ!

مەھمۇد مانا شۇنداق ۋەز ئېيتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىدىن كۆرە كۆپرەك يۈزىدىكى نۇرغۇن چوقۇرلىرىغا، ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئاپئاق كۆپۈككە قىزىقاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ يۇقىرىغا قارىغان بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىدىكى تۈككە چاپلىشىپ قېتىپ كەتكەن قاپقارا قاقاچلىرىغا قاراپ قالغانىدى. ئۇلار يەنە ۋەزخاننىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ، سوقا بېشىنىڭ چوققىسىغىچە سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى. ئۇنىڭ قېلىن كالپۇكلىرى سىرتقا ئۆرۈلۈپ تۇرغاچقا كۈلمىسىمۇ ھىجايغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئوچۇق ئېغىزنىڭ يۇقىرىسىدىكى بىر سېرىق چىشى ھەر بىر سۆز قىلغاندا ئاستىدىكى ئىككى چىشىنىڭ ئارىسىغا بىمالال كىرىپ چىقاتتى. يۈزى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى چاپاق باسقانىدى. ئۇ يۈزىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ، ئاغزىدىن ئاپئاق كۆپۈك قايىنىتىپ ۋەزخانلىق قىلماقتا. ئۇ ئاللانى شىپى كەلتۈرۈپ شۇنداق تەسىرلىك، سىلىق سۆزلىدىكى، ھەتتا بىر مۇنچە كۆڭلى يۇمشاق كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. ئۇ سۆزلەپ بولدى. جامائەت ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈشكە، قولىنى يۈزىگە سۈرۈشكە ئالدىرايتتى. بىر ئادەم ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلسە، جامائەت ئۇ ھاجى بىلەن كۆرۈشۈشنى، قوللىرىنى يۈزىگە سۈرۈشنى ساۋاب بىلىدۇ. مەھمۇد ھەرەمدىن كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تەسىرىدىن ھاجىلاردىنمۇ قىزغىن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

مەھمۇد خوجا يۇرت كاتتىلىرى بىلەن مەسچىتتىن بەيتۇللا ئالدىغا چىققاندا پەشتاقتا 12 مۇقام ناغرىسى سايراۋاتاتتى. بەيتۇللانىڭ ئالدىدىكى سەينا ۋە يولدا توپ-توپ كىشىلەر مۇقامغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ھېيتلىق

كىيىملىرىنى كىيىشكەن، چىرايلىرىدىن شادلىق، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ زوق - شوقى مەھمۇد خوجىنى جەلپ قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يېنىدا تۇرغان ئەخمەتخان خوجىدىن سورىدى:

— ھەزرەت، بۇ كىشىلەر نېمە ئۈچۈن شاد. بۈگۈن يا ھېيت بولمىسا؟

ئەخمەتخان خوجىنىڭ ئورنىدا موللا شاۋكەت جاۋاب بەردى:

— بۈگۈن ئىلى خەلقى ئۈچۈن ھېيتتىنمۇ ئۇلۇغ ھېيت، بىز تۈنۈگۈن بايانداي قەلئەسىنى پەتىھ قىلدۇق. بۇ شۇ نۇسرەتنىڭ تويى!

بەيتۇللا ئالدىدا ئوتتۇز كۈن روزىدا. كىشىلەرنى ئىپتار قىلىش ۋە زولۇق يېيىشكە ئۈندەپ ياكى ھېيت كۈنلىرى تەنتەنە قىلىپ ناغرا چېلىناتتى. ھېيت كۈنلىرى خەلق بەيتۇللا ئالدىغا كېلىپ بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق شادلىق نەغمىلەرنى قىلىشاتتى. ئۇسسۇل ئوينىشاتتى. بۇ يەر شۇنداق قىزىپ كېتەتتى. ئوقەتچىلەر دۇنيادا بار يېمەك - ئىچمەكنى ئەكىلىپ ساتاتتى. باشقا كۈنلىرى بۇ يەرنىڭ كۈندۈز - تۈنى جىمجىت بولاتتى. پەقەت مەدرىستە ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ھەر رامزان ئېيى. ھېيتلاردا ھەر قايسى يۈزلۈكلەردىكى ناغرا چالغۇچىلار بەيتۇللاغا كېلىپ ناغرا چالاتتى. بەيتۇللانىڭ ئىمارىتىنى خەنزۇ ئۇستىلار ساپلا ياغاچ ۋە پىشاك بىلەن ياسىغان بولغاچقا، بۇ مەسچىتنىڭ مۇنارىسى خەنزۇ مىمارچىلىقى پاسونىدا بولۇپ، ئۈگزىسى ئەجدىھانىڭ قويما سۈرەتلىرى، ھەر خىل قويما قۇش، شىرلارنىڭ، گۈللەرنىڭ نەقىشلىرى بىلەن بېزەلگەنىدى. بۇ كۆرۈنۈش مەھمۇد خوجىغا ياقمىدى. ئۇ ئىچىدە: «ھەي، ئۇيغۇرلار بەكمۇ ساددا ئىكەن. بۇ بۇددىست بۇتخانىلىرى شەكلىدە سېلىنغان مەسچىتنى خۇدانىڭ ئۆيى دەپ ناماز ئوقۇيدىكەن» دەپ ئويلىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى بۇ يەردە تونۇتمىسا بولمايدىغىنىنى بۇخارادىلا بىلگەچكە، ئالدى بىلەن بۇ مەسچىتنى تاۋاپ قىلغانىدى. يالغۇز مەھمۇد خوجىلا ئەمەس، ئىلىغا چەت ياقىلاردىن كەلگەن ھەر قانداق كىشى بۇ مەسچىتنى تاۋاپ قىلماي قالمايتتى.

ئىلى خەلقى مەھمۇد خوجىنىڭ ئىلىمدە تەڭداشسىز، سېھرىي كۈچى بار باھادىر، جاھانكەشتە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بېشىدا كۆتۈردى. مەھمۇد توي

ـ تۈكۈن، نەزىر ـ چىراغ بولغان ئۆيلەر، مەسچىتلەردە ۋەزخانىلىق قىلىپ پاختىنى زەي سالماي ئېتىۋەردى، ئۆزىگە مۇرىت نوپلىدى، بەزى لەشكەرلەر مەزەمزات سۇلتاننىڭ يېنىدىن كېتىپ مەھمۇد خوجىغا مۇرىت بولدى.
مەھمۇد خوجىنىڭ بۇ ئىشى مەزەمزات سۇلتاننى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۇنى چۆچۈتۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇز چېدىرىغا چاقىرتتى. مەھمۇد خوجا يەتتە پۈكلىنىپ، ھەر بىر پۈكۈلگەندە بىر سالام قىلىپ سۇلتاننىڭ ئالدىدا تىزلاندى ۋە دۇردانە سۆزلەر بىلەن تىل ياغلىمىلىق قىلىشقا باشلىدى:
— جانابىي شەۋكەتلىك سۇلتانىمىزنىڭ ئەركانى دۆلىتى زىيادە بولغاي، سۇلتانىمىز مىڭ يىللار ئۆمۈر كۆرگەي!
مەزەمزات ئاسماقچىلاپ سوراشقا باشلىدى:
— ئەي خوجا، سىزنىڭ تەگداشىڭىز بىلىمىگىز، باھادىرلىقىڭىز ھەققىدە ھەر كىمدە ھەر خىل قاراش بار ئىكەن. بەزىلەر سىزنى: «جاھاندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ نىجاتكارى، ئۇلۇغى» دېسە، بەزىلەر: «ئايىنىپ قالغان دەللە»، يەنە بەزىلەر: «ئايىنىپ قالغىنى بىلەن قىزىقچى ئىكەن»، «غەيرىتى بار، ماغدۇرى يوق پوچى ئىكەن» دېيىشىۋاتىدۇ. سىز زادى كىم؟ جانىسىز پەقىرمۇ ياكى غەنى؟!
مەھمۇد خوجا ئۆزىگە تەگكەن ھاقارەتلىك سۆزلەرگە ئىرەن قىلماي سىلىق ـ سىپايە جاۋاب قىلدى:
— ئەي ئۇلۇغ سۇلتانىمىز، مەن غوس ئەلا ئەزىم ئەۋلادىمەن، ئىلىمدە تەگداشىسىز، جاھانكەشتىدۇرمەن. ئىشەنمىسىلە، چوڭ تېرەكنى ئۇرۇپ، ئىچىنى تۆمۈر قىرغۇ بىلەن تېشىپ، سىرتىنى تۆمۈر چەمبىرەكلەر بىلەن ئوراپ تومەنلىگەن توپ ياسايمەن. بۇ توپلار بىلەن ياۋنىڭ سېپىللىرىنى يەكسان قىلىمەن.
مەزەمزات كۈلۈۋەتتى، ئۇنى ئايىنىپ قالغان دەللە ھېسابلىدى، شۇندىمۇ ئۇنىڭ قىزىقىنى كۆرمەكچى بولۇپ:
— ھاۋادىكى گەپنى قىلىۋاتامسىز، قانداق؟ ياغاچ توپتىن نىچۈك ئوتلۇق ئوق چىقسۇن؟! — دەپ سورىدى.
— قارا چاشقان، قارا قاغا، قارا كىرپىنى سويۇپ، ئۇنىڭغا يەتتە ـ

سەككىز تۇرلۇك دورا قېتىپ، تاسقاپ ئوق ياسايمەن، — دېدى مەھمۇد خوجا ئىشىنەرلىك قىلىپ، — بۇ ئوق ياغاچ توپتىن دەھشەتلىك هالدا ئۇچۇپ چىقىپ سېپىلنى تېشىدۇ، ئاندىن بىر «سۇق» دېسەم چېرىكلەر بىھوش بولۇپ، نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەيلا قالىدۇ.

مەزەمزات ئۇنىڭ چوپىدا توختىمايدىغان سۆزلىرىدىن زېرىكىپ، ئۇنى چاقىرتىشتىكى مۇددىئاسىغا ئۆتتى.

— سىز نېمە ئۈچۈن كەمىنىگىزنى «ھورۇن» دەپ ھاقارەتلەيسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ جىددىي ھالدا.

— ھەزرىتى ئالىيلىرى، مېنىڭ ئۇنداق دېيىشكە پېتىنىم ئۇنىمۇ؟!

— مەن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىمغۇ؟!

— پەقىر نادان قۇللىرىنى كەچۈرگەيلا. مەن ئەمىر لەشكەر بولۇۋالغان بالىنى كۆزدە تۇتقانىدىم.

— ئەلا پالۋانمۇ؟

— ئۇ قانداقمۇ پالۋان بولالىسۇن؟ ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن نادان بالا تۇرسا! ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولسام سۇيدۇك، كۇرە قەلئەسىدىكى چېرىكلەرنى ئاللىقاچان جەھەننەمگە يوللار ئىدىم.

— خوجا، سىز ئەلا پالۋاننى بىلمەيدىكەنسىز، — دېدى مەزەمزات قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا، — ئۇ بىزنىڭ دانىشمەنلىرىمىز شەمسىدىن خەلپەمدىن ئۆرگەنگەن بىلىم ئالغان، ئەمىرلەشكەر ئابدۇرروسۇل بەگدىن لەشكىرىي بىلىم ئالغان ھەربىي ئالىم. بىزدە بۇنداق ئالىمدىن ئىككىسىلا بار، بىرى مانا شۇ ئەلا!

— سوراشقا ئىجازەت بىرەرلىمىكىن، يەنە بىر ئالىمنىڭ ئىسمى شەرىپى كىم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خوجا ئېگىلىپ تۇرۇپ.

— سادىر پالۋان! — دەپ جاۋاب قىلدى مەزەمزات، — بۇ كىشىمۇ ھەربىي ئالىم. ئەمما ئىلىم بابىدا بۇ كىشى ئەلا پالۋانغا يەتمەيدۇ.

— ھە، مۇنداق دېسىلە تەقسىر، ئەمدى بىلدىم، — ئۇ بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن مەزەمزاتقا ئىلتىجا قىلدى، — جانابىي ئالىيلىرى ئىجازەت بەرسە، دەسلەپ بەش دانە توپ ياساپ سىلىگە سوۋغا قىلسام، كۆكۈللىرىگە

يېقىپ قالسا پوتكول ئېلىنىڭ تېرەكلىرىنى توپقا ئايلاندۇرىمەن! شۇندا مېنىڭ تەگداشىمىز بىلىمىنى، ئەلا پالۋانمۇ ماڭا يېتەلمەيدىغىنىنى بىلەتتىلە. ئۇ چاغدا توپلاردىن قورققان چېرىكلەر...

مەزەمزات ئۇنىڭ يەنە قالايمىقان سۆزلەشكە باشلىغىنىنى كۆرۈپ، سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— سىز غەرق نادان ئىكەنسىز، سىزگە ئىجازەت، — دەپ قولىنى سىلكىدى.

مەھمۇد خوجا كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ تەرلەپ كەتكەنىدى. بىر ئاز شامالدىغاندىن كېيىن جىددىي ئويلاندى: «ھىم... سۇلتان ماڭا ئىشەنمىدى. ئەمدى ئەمەلىي بىر ئىش قىلىشىم كېرەك. قېنى ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي چۇ.» ئۇ شۇ ئويي بىلەن ئىشىكىنىڭ بېقىنىغا نوقۇپ شەھەرگە قايتىپ، ئۆزىگە بەكمۇ ھېرىسمەنلىك بىلەن قول بەرگەن ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئابدۇسەمەتنىڭ خېلى ئېپى بار دىندار ئادەم ئىدى. مەھمۇد خوجا ئابدۇسەمەتكە تېرەك، ياغاچچى، تۆمۈرچى تېپىپ بېرىشنى سورىدى. ئابدۇسەمەت خوجىنىڭ بىر نەچچە مۇرىتىنى مىرباقى باي بېغىغا باشلاپ باردى. بەش توپ قاپاق تېرەك ئۆرۈلدى. ئۇ يەنە يۈسۈپ، قاسىم گۇلى، ئىسمايىل دېگەن ياغاچچىلارنى باشلاپ كەلدى. خوجا ئۇلارغا تېرەكنى قانچە گەز ئۇزۇنلۇقتا كېسىش، تېرەك ئىچىنى قانچىلىك چوڭلۇقتا ئويۇشنى كۆرسەتتى. ئۇ يەنە ئابدۇسەمەت تېپىپ كەلگەن تاھىر، ئابابەكرى، ئاشۇرمەت تۆمۈرچىلەرگە چەمبىرەك ياساتتى. بىر ئايدىن كېيىن بەش ياغاچ توپ تەييار بولدى. مەھمۇد خوجا ھەر بىر توپقا بىردىن ئەلەم قادىدى. يۈز كىشىلىك توپچى قوشۇن ۋە مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇن تۈزۈپ ئابدۇسەمەتنى سەركەردە قىلدى. ئۇ دەبدەبە بىلەن بۇ بەش توپنى سۆرىتىپ ئۆزى ئالدىدا مېڭىپ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندۇردى. نۇرغۇن ئادەم ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۇلارغا ئەگەشتى. شەھەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. كىشىلەر توپلارنى، مەھمۇد خوجىنىڭ خوجىلارغا خاس ئاق تون، ئاق سەللە، ئاق كەش كىيىپ، سۇرلۇك ھالدا ئاق ئېشىكىدە ئولتۇرۇپ مېڭىشىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس بولۇشتى. بۇ ئىش پوتكول ئېلىغا تېزلا تارقالدى. «مەھمۇد خوجا توپ

ياساپتۇ. بۇ توپلار ياۋ سېپىللىرىنى يەكسان قىلغۇدەك!» دېگەن خەۋەر مەزەمزات سۇلتانىنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتتى.

## 2

مەزەمزات سۇلتان قېرى خوجىنىڭ كۈندىن - كۈنگە شۆھرەت تېپىپ مۇنتىزىم قوشۇن قۇرغانلىقىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن بىر جۈمە نامىزىدا ۋەزمۇ ئېيتتى:

— ئەي مۇسۇلمان پۇقرالار، مەھمۇد خوجىنىڭ ياغاچ توپىغا ئىشەنمەڭلار، ئۇ بۇ توپلىرى بىلەن كۆرەڭلەپ ھالىغا باقماي شەھەرگە پاتماي كېتىۋاتىدۇ. ياغاچ توپ بىلەنمۇ جەڭ قىلغىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭغا كىممۇ ئىشىنەر! ئۇل خوجا ئالدامچىدۇر. قىلغان - ئەتكەنلىرى ھىيلىدۇر.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەھمۇد خوجا سۇلتاندىن ھەزەر ئەيلەپ، ئەخمەتخان خوجا بىلەن يېقىنلاشتى. مۇشۇكتەك ئۇششاق چامداپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كۈندە كېلىپ، سۆز دۇردانىسىنى ياغدۇرىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۇ ھۆك - ھۆك يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— جانابىي خوجام. سىلى بىز خوجىلارنىڭ پىرى. ئۇلۇغ زاتىمىز. مەندەك ئاجىز قېرىلار سىلىدىن كۈچ ئالىدۇ. يىقىلغانلار سىلىدىن مەدەت ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. بەختسىزلىككە يولۇققانلار سىلىنىڭ ھىممەتلىرى بىلەن تەسەللى تاپىدۇ. بىز خوجا ئەۋلادلىرى پەيغەمبەر رەسۇلىللانىڭ ۋەكىلى. سىلى جاھاندا بىر ئۇلۇغ زات. سىلىدەك باش پاناھىمغا ئىچ - قارنىمنى تۆكمەي كىمگە تۆكەي!

— ئەي خوجا، سىزگە نېمە دەرد - ئەلەم كەلدى؟ نېمىگە شۇنچە يىغلايسىز؟ ئېيتىڭ، پەقىرىڭىز قولىدىن كەلگىنىنى سىزدىن ئايىمايدۇ، — دېدى ئەخمەتخان خوجا تەسەللى بەرگەن ئاھاڭدا.

— ھەزرەت، مەن بىر ئاجىز قېرىمەن، ئەمما مەزەمزات سۇلتان ئۆتكەن جۈمە نامىزىدا مېنى «ئالدامچى» دەپ خەلقنى مېنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندىدى، شۇڭا سۇلتانىنىڭ ماڭا ئازار بېرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدىم.

سىلى بۇ مۈشكۈلۈمنى ئاسان قىلمىسىلا مېنىڭ ھالىم خاراب!
ئەخمەتخان خوجا ئاپئاق ساقىلىنى ئۇشىشاق قوللىرى بىلەن تاراپ ئولتۇرۇپ بىر دەقىقە ئويلاندى ۋە مەنىلىك قىلىپ شۇنداق دېدى:
— سىز خوجىلارنى يەرگە قاراتمىدىڭىز، ھەممە يەردە سۆز دوردانىلىرىڭىزنى مۇرادىغا يەتكۈزدىڭىز. بۇنىڭ بىلەن شان - شۆھرىتىڭىز ئاشتى. شۇڭا، سۇلتان سىزنىڭ بۇ شۆھرىتىڭىزدىن ھەزەر ئەيلىگەندۇر. ماڭا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، سۇلتان سىزنى كۆزىدىن يوقاتماقچى. ئەڭ ياخشىسى، ئۇ تىغ كۆتۈرگىچە سىز كۆتۈرۈڭ!
مەھمۇد خوجا بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، چاپاقلاشقان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بىر مەھەل ئەخمەتخان خوجىغا تىكىلدى. ئاندىن ئىككى يېنىغا ئىغاڭلاپ تۇرۇپ، ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇدى. دۇرۇت ئوقۇۋېتىپ ئويلاندى.
مەھمۇد خوجا جاھانكەشتىلىك قىلىپ يۈرۈپ ئۆزىنى ئوتتۇۋالالايدىغان خۇسۇسىيەتنى يېتىلدۈرگەچكە پۇختا ئىش كۆرەتتى. ئۇ ئېھتىياتچان، سەزگۈر، ئەھۋالنى كۆزىتىشكە ماھىر ئىدى، شۇڭا ئەخمەتخان خوجىنىڭ نىيەت - ئىقبالىنى چېكىپ كۆرمەكنى لايىق تاپتى:
— ئەي مەرھەمەتلىك خوجام، تىغ كۆتۈرۈشكە قانداقمۇ قولۇم بارار، ھېلىمۇ بۇ يات ئەلدە، ئۇستۇمدىن پىتنە - پاسات كۆپەيدى. ئۆزۈم يۈرەكئالدى بولۇپ تۇرۇۋېتىمەن. يا ھەزرەت! مەن بۇيۈك ئىختىلالغا ھەمدەم بولۇشقا كېلىپ ئۇنىڭ سۇلتانىغا تىغ كۆتۈرۈشكە قانداقمۇ پېتىناي!
— مەن سىزگە ئىختىلالغا قارشى تىغ كۆتۈرۈڭ دېمىدىم. ئالدىنقى كۈنى سىز «سۇلتان تولىمۇ بوش نېمە ئىكەن، ئەگەر مەن سۇلتان بولسام ئىختىلالنى غازاتقا چىقىرار ئىدىم» دېمىگەنمىدىڭىز؟ شۇڭا مەن مانا شۇ ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇڭ دەۋاتىمەن.
مەھمۇد خوجا ئەخمەتخان خوجىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى، دىلى يورۇغاندەك، ئاجىز جىسمىغا كۈچ توپلانغاندەك بولدى.
— ئۇلۇغ خوجام، مېنىڭدە تىغدەك تىك تاغلاردىن، دوزاخ ئوتىدىن قورقمايدىغان پولات يۈرەك بار، تۆمۈردەك چىڭ بىلىكىم بار، ئەگەر مەزەمزاتىنىڭ ئورنىغا سىلىنى سۇلتانلىققا ئولتۇرغۇزالىسام ئۆزۈمنى ئەڭ

بەختىيار جاھانكەشتى ھېسابلار ئىدىم، — دېدى ئۇ.
شۇ كۈنى بۇ ئىككى خوجا تۇن نىسپىغىچە مەسلىھەتلەشتى. ئەخمەتخان خوجا مەزەمزاتقا بىر مەكتۇپ پۈتۈپ بەردى. مەھمۇد خوجا بۇ مەكتۇپنى ئۆز نامىدىن مەزەمزات سۇلتانغا ئەۋەتتى.
مەزەمزات مەكتۇپتىكى: «ناسىر ئەلەمنى دەرھال بوشاتقايسىز» دېگەن ئەمرانە جۈملىنى، بىرمۇنچە دوق - پوپوزىلارنى ئوقۇپ مەھمۇد خوجىنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەندەك: « ھىم كۆرەرمىز » دەپ قويدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. مەزەمزات ناسىر ئەلەمنى زىنداندىن چىقارمىدى. ئەخمەتخان خوجا مەھمۇدقا:
— ئەمدى كېلىشكىنىمىز بويىچە ئىش قىلىڭ. ۋاقىت يەتتى، — دېدى.
مەھمۇد خوجا مۆتىبەرىم لەشكىرى ۋە ياغاچ توپلىرى بىلەن زىندانغا بېسىپ كىردى ۋە ناسىر ئەلەمنى زىنداندىن بوشىتىپ ئائىلىسىگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ يەنە بارچە مەھبۇسلارنى قويۇپ بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قاتىللار، ئوغرى - لۈكچەكلەر ئۇنىڭ قوشۇنىغا كىردى. مەھمۇد خوجىنىڭ باھادىرلىق بىلەن زىندانغا باستۇرۇپ كىرىپ قازنىكالان ناسىر ئەلەمنى بوشىتىپ چىققىنىنى ئاڭلىغان ئىلى خەلقى مەھمۇد خوجىغا بارىكاللا ئېيتتى، ئۇنى تېخىمۇ ئىززەتلەيدىغان بولدى.
مەزەمزات بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدى: «ھىم، بۇ قېرى خوجا ئەخمەتخان خوجا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى، ناسىر ئەلەمنى زىنداندىن بوشاتقىنى ئەخمەتخاننىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولغان. ئۇلار ناسىر ئەلەمنى ھۆرمەت قىلىپ قوتولدۇرغىنى يوق، بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بار. ئەمدى ئۇلار ئۈچ كىشى بولۇپ ماڭا قارشى تۇرماقچى. قانداق قىلىش كېرەك؟» ئۇ ئۇزاق ئويلاندى. ئاخىر ئۆزىگە سادىق دەپ ئىشەنگەن، بارلىق كۈچىنى ئىختىلال نۇسرىتىگە ئاتىغان سادىر پالۋان، ئەلا پالۋان، شەمسىدىن خەلپەملەر بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى ماقۇل تاپتى. چاپارمەن سادىر پالۋاننىڭ موللاتوختىيۈزىگە چىقىپ كەتكىنىنى مەلۇم قىلدى. شەمسىدىن خەلپەم دېگەن ۋاقىتتا تام بارگاھقا يېتىپ كەلدى. ئەلا پالۋان بارگاھتىكى

خاس چېدىردا يېتىپ ـ قوپۇپ لەشكىرىي مەشىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. مەزەمزات دىلىدىكى تۈگۈچنى بۇ ئىككىسىگە تۆكۈپ مەسلىھەت سورىدى.

— ئەي سۇلتان، — دېدى شەمسىددىن خەلپەم ۋەزمىنلىك بىلەن، — سىلى بۇ قېرى خوجىغا سەل قارىدىلا. ئۇنىڭ ئىچى ـ تېشىنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىنى كېچىكىپ كۆرۈپتىلا. ئۇنىڭ ھەممە كىشىگە، ھەتتا تىلەمچىلەرگىمۇ سىپايە مۇئامىلىدە بولغىنىنى كۆرۈپ چىرايىدىكى مەخسۇملاردەك مۇلايىملىقىغا ئىشىنىپ كەتتىلە. ئۇنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان نېمە ئىدى، ئەمدى ئۇ كۈچ توپلىۋالدى. ئەسلىدىكى ناسىر ئەلەمنى زىندانغا تاشلىماي، بىرلىكتە ئىش قىلىدىغان گەپ ئىدى. شۇ چاغدا بۇ خوجىلار ھېچ ئىش چىقىرالمايتتى.

بۇ كەسكىن، ئەمما چىن سۆزنى ئاڭلاپ مەزەمزاتنىڭ بېشى ساڭگىلىدى، چوڭقۇر خورسىندى، ئاندىن:

— توغرا دەيلا خەلپىكا، مەندىن ئۆتتى. ئابدۇررۇسۇل بەگنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن ئالتوپىلاڭ چىقمىسۇن دەپ، بۇ ئىشقا ھە دېگەندىلا قارشى چىققان ناسىر ئەلەمنى زىندانغا سالغانىدىم. بۇنى خاتا قىلغان ئىكەنمەن، ھېلىھەم بولسا سىلى ئارىغا چۈشسىلە، مەن ئۇ زاتتىن ئەپۇ سوراي، قازىلىق قىلىۋەرگەي.

— بۇمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇلار ناسىر ئەلەمنى يېنىغا تارتقۇچە سىلى تارتىۋالسىلا، ئاڭغىچە ئىككى خوجىنى سۈيدۈڭنى پەتىھ قىلىشقا ئەۋەتسىلە، جەڭ بىلەن بولۇپ بىر مەزگىل بۇ ئىشلار ئۇنتۇلار، مەھمۇد خوجىنىڭ توپلىرى جەڭگاھتا پارتلاپ پوچىلىقى خەلقى ئالەم ئالدىدا مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى تولىمۇ سۇسلۇق قىلىپ، جىياڭجۈنگە چۆچەكتىن ياردەم لەشكەر كېلىشىگە پۇرسەت بېرىۋاتىدىلا، — دېدى شەمسىددىن خەلپەم.

— سۈيدۈڭگە ئەۋەتسەك، ئۇلار تايىنلىق باش سەردارلىقنى تەلەپ قىلىشىدۇ، پۈتكۈل قوشۇننى ئۇلارنىڭ چاڭگىلىغا ئېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

شەمسىددىن خەلپەم مەزەمزاتنىڭ بۇ ئەندىشىسىگە كۈلدى.

— ھەي سۇلتان، — دېدى ئۇ، — پۈتكۈل قوشۇننىڭ ئەمرى

ئالدىلىرىدا ئۆلتۈرمامدۇ! ئەلا پالۋان بار يەردە نېمىدىن ئەندىشە قىلاتتىلا. ئۇ ئىككى خوجا زەي سالماي پاختا ئېتىشنىلا بىلىدۇ، ئەمما جەڭگە سەركەردىلىك قىلىشنى، جەڭ قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئۇلار نامىدىلا باش سەردار، ئەمەلدە باش سەردارلىقنى مۇنۇ ئەمىرىڭىز بېجىرىدۇ. ئەزىز پالۋان شەھىرىمىزنى قوغدىسۇن.

باياتىن چوڭلار ئالدىدا گەپ قىلىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ بىلگەن ئەلا پالۋان سۇلتاندا ئىشەنچ تىكلىمەكنى لازىم تاپتى:

— جانابىي سۇلتان، مەھمۇد خوجا توپلىرىنى ئېتىپ، سىپىلنى يەكسان قىلىدىغان باھادىرلىقنى خەلقى ئالەمگە بىر كۆرسەتمىسۇنمۇ! شۇندا لەشكەرمۇ، مۇلكىي ئەمەلدارلارمۇ ئۇنىڭ پوچىلىقىنى بىلىدۇ. جانابلىرى خاتىرجەم بولسۇنكى، پېقىر قۇللىرى قوشۇنۇمنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بېرىپ قويمايمەن. ئۇ قوتۇر ئېشەكنى بىلەن سۇيدۇڭگە يېتىپ بارغىچە مەن جەڭنى قىزىتىۋېتىمەن!

مانا شۇندىلا مەزەمزات خاتىرجەم بولدى.

ئەلا پالۋان سۇلتان ھوزۇرىدىن چىقىپلا ئۇستازىنى چېدىرىغا تەكلىپ قىلدى:

— ئۇستاز، ئۇزۇن بولدى، دىدارلىشىپ مۇڭدىشالمىدۇق. سىلىنىڭ تەلىملىرىنى ئالالمىدىم. ھازىر كەچ كىرىپ قالدى، پېقىرنىڭ چېدىرىدا قونۇپ كەتسىلىكەن.

شەمسىدىن خەلپەمنىڭمۇ ئۇزۇر پەرزەنتىدەك بولۇپ كەتكەن بۇ شاگىرتى بىلەن مۇڭداشقۇسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەلا پالۋاننىڭ چېدىرىغا كىردى. چېدىر ئاددىيلا ياسالغان، بىر پارچە كىگىز سېلىنغان، تۆردىكى تامغا قىلىچ، بەردەنگە قايچا شەكلىدە ئېسىپ قويۇلغانىدى، بوسۇغىدا كۆمۈش ئېگەر جابدۇق تۇراتتى. ئەلا پالۋاننىڭ ھەممە ئۆي جاھازىسى شۇ ئىدى. ئەلانىڭ نۆكىرى كىرىپ كۆرپە سالدى. شەمسىدىن خەلپەم كۆرپىگە ئولتۇردى. پاتنەھەدىن كېيىن ئەلا پالۋاندىن ئەھۋال سورىدى:

— ھالىڭ نېچۈك، تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالمىغانسەن؟

— خۇداغا مىڭ قەتىرە شۈكۈر، سىلى ئاتىمىزنىڭ غەمخورلۇقىدا يامان

ئەمەس ئۆتنۈۋاتىمىز. ئۆزلىرى خۇش ۋاقىت تۇرۇۋاتامدىلا، بوۋىم ئانامنىڭ ساقلىقى ئوبدانمۇ؟ — ئەلا پالۋان ھەم جاۋاب بەردى، ھەم ھال سورىدى.

نۆكەر قولىغا سۇ ئېلىپ داستىخان سېلىپ، بىر تاۋاق نارىن ئەكىردى. ئۇلار ئۈندىمەي تائامغا قول سالدى. تائام يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن:

— پاھ-پاھ، نارىن قالتىس ئوخشاپتۇ، — دېدى شەمسىدىن خەلپەم.

— بىزنىڭ بۇ نۆكەرنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، — دېدى ئەلا پالۋان تاۋاقنى ئېلىۋاتقان نۆكەرگە مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ.

— بۇ نۆكەر ئۆيلىنىپ كېتىپ قالسا ساڭا كىم تاماق ئېتىپ بېرىدۇ، ئۆيلەنگىنىڭ ياخشى ئىدى! — دېدى شەمسىدىن خەلپەم قولىنى يۇيۇپ بولۇپ.

ئەلا پالۋان جاۋاب ئورنىغا يەرگە قاراپ ئولتۇردى.

— بالام، بوۋىم ئىككىمىزنىڭ بىر پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلىدى، دادىڭ رەھمەتلىك ساڭا ئاتىدارچىلىق قىلىشىمنى تاپشۇرغان، ئەمما مەن تۈزۈك قارىيالمىدىم. كۆزىمىزنىڭ ئوچۇقىدا «غۇلجىنىڭ گۈزىلى» دەپ ئاتالغان ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئاشۇ قىزىغا ئۆيلەنسەڭ گۈلگە گۈل بولار ئىدى، بېشىڭنى ئوڭلاپلا قويسام خاتىرجەم كۆز يۇمار ئىدىم.

شەمسىدىن خەلپەم يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى بۇ ئارمىنىنى ئاخىر ئېيتىۋەتتى. ئەلا پالۋان ھوپپىدە قىزاردى. كۆز ئالدىغا گۈزەل ئاغىچا لەپپىدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ دەريادا ئېقىپ كېتىۋېتىپ: «ئەلا، قىساس» دېگەن ئاخىرقى سۆزى قۇلىقىدا قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى.

— ئاتا، سىلىنىڭ ئاتىلىق مېھرىدىن قىلغان ھەر قانداق نەسىھەتلىرىنى ئاڭلايمەن. ئەمما ئۆيلىنىشكە ئالدىراش يوق. چىڭ ئەمەلدارلىرىنى تولۇق يوقاتمىدۇق، سۆيدۈڭ بىلەن كۈرە تېخى ئۇلارنىڭ قولىدا. يەنە بىر تەرەپتىن بۈگۈن ئاڭلىدىلا، ئىشىمىزغا قارا قولىنى سېلىۋاتقانلار چىقتى، — دېدى سوس ئاۋازدا.

— بۇ گېپىڭىز دۇرۇس، ھەر ھالدا بوۋىم ئىككىمىز ئارماندا كەتمەيلى.

ئەلا پالۋاننىڭ ئۇستازىنىڭ بۇ گېپىدىن قورۇنۇشى سەل بېسىققاندەك بولدى. شۇڭا ئۇ دەررۇ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى. ئۇنىڭ شۇ كەمگىچە ئۆزى

سەزمەي يۈرگەن خوجىلارنى بىلگۈسى بار ئىدى. ئۇ:

— ئاتا، بۇ خوجا دېگەنلەر نېمە ئادەملەر؟ ئۇلارنىڭ تەكتى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنى ياخشى سورىدىڭ، — دېدى شەمسىدىن خەلپەم ئازادە ئولتۇرۇپ، — خوجا دېگەنلەر خان - پادىشاھلارنىڭ ئەۋلادى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئالاھىدە تائىپە ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساپ ئەمەس، مىسمۇ بولالمايدىغان ئۆلۈمتۈكلىرىمۇ كۆپ. ئۇلار خوجا نامىنى دەسمىي قىلىپ خەلقنى ئالداپ، بۇزۇقچىلىق قىلىپ كەلگەن نېمىلەر. مۇنۇ مەھمۇد خوجا ئۆزىنى غوس ئەزەم ئەۋلادىمەن، تەڭداشسىز بىلىمىم بار دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە، مەسچىتلەردە ۋەزخانلىق قىلىشقا ئۇستا. تىلى شېكەر، دىلى زەھەر مەخلۇق. ئۇ ئۆزىنى مىڭ دانىشمەن قىلىپ كۆرسەتكىنى بىلەن تۇتامى يوق گەپلەرنى قىلىدىغان نەرسە. ئۇ ياغاچ توپ ياساپ جاھانغا پاتماي قالدى. بۇنىڭغا بىزنىڭ بەزى ئەخمەق ئادەملىرىمىز ئىشىنىپ، ئۇنى ئەۋلىيا بىلىپ، كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئەخمەنخان خوجا ئابدۇرۇسۇل بەگنى قەتل قىلغۇچە ئۇنى ئۇلۇغ زات ھېسابلاپ كەلگەن، ھەتتا مەزەمزاتىمۇ ئۇنى ھاسا تاياق قىلىۋالغانىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ۋەقەسىدىن كېيىن، ئەخمەنخان خوجىنىڭمۇ، مەزەمزاتىنىڭمۇ نىيەت - ئىقبالى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. بۇ خوجىلار يۇرتىمىزغا ئاتام زامانىدىن تارتىپ بالا - قازا ئېلىپ كەلگەن... ئەخمەنخان خوجا ئابدۇرۇسۇل بەگنى خائىن دەپ يالغان مەكتۇپنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ قەتل قىلدى. بۇ خوجىدىن قۇتۇلالماي يۈرسەك مۇنۇ قېرى خوجا پەيدا بولدى. ئۇ پاختىنى زەي سالماي ئېتىپ كىشلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىپ ھەممە ئىشىمىزغا قول سېلىشقا باشلىدى. بالام، چوڭ گەپنىڭ تېگى بوش، ئۇ چوڭ گەپ قىلىپ ئۆزىنى تونۇتتى، بۇنىڭغا دىققەت قىلغايسەن. سەن قەلەم تۇتۇشقىمۇ، ئەلەم تۇتۇشقىمۇ ماھىر سەردارىمىز. خوجىلارنىڭ تېگى - تەكتىنىمۇ بىلدىڭ، ئوبدان زەن سېلىپ يۈر. ئەگەر ئۇلار ھارامىلىققا قول سوزسا سىرغىسىغا تويغۇزۇپ قوي، ھەرگىز لەشكىرىي ھوقۇقنى تۇتقۇزۇپ قويما. بىزنىڭ ئۈمىدىمىز سادىر پالۋان ئىككىڭلاردا!

— كۆڭۈللىرىنى تـوق تـۇتقايلا ئۇسـتاز، ئاۋۋال خۇدا، ئانـدىن قالسا سـىلىدەك ئۇسـتازىم، خـەلقىم يۆلـەنچۈك بولـۇپ تۇرىـدۇ. شاگـىرتلىرى خەلقىمىزنىڭ مىۋىسىنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ.

ئەلا پالۋان ئۇستازىغا ئەنە شۇنداق ۋەدە بەردى.

3

ئىككى كۈنـدىن كېيىـن مـەزەمزات شـەھەردىكى ئوردىسـىغا كـىردى. ئۇ ئوردىغا بـارلىق لەشكىرىي، مۈلكىي سىپـاھلارنى چاقىرتتى. ئۇلار ئوردىغا يىغىلغانـدىن كېيىن، مـەزەمزات سـىلىق ـ سىپايە ئاھاڭـدا مـەجلىسـنىڭ مەقسىتىنى ئىزهار قىلدى:

— ئـەي ئـەمىران، سـەردەرىيانلار، بۈگـۈن سىلـەرگە شۇنى بايان قىلغـۇم كەلدى، قوشۇن بىر يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى، زىرىكتـى، خوتـۇن ـ بالىسىنى سـېغىنىپ تېرىكتـى. قانـداق قىلغۇلـۇق، مەسـلىھەت ۋە ئـەقىل كۆرسەتكەيسىلەر.

ئەخمەتخان خوجا ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ شۇنداق دېدى:

— بىر كەلىمە ھەق سۆز قىلسام، سۇلتانىنىڭ ئەقلى ئەمدى كەپتۇ، گەرچە كېچىكىپ بولسىمۇ. سۇيدۇڭ، كورەنى ئالماي بولمايدۇ. چېرىكلەرگە ياردەم كۆچى كېلىشكە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرسە خەلق كەچۈرمەيدۇ.

بۇ گەپتىن مەزەمزاتنىڭ دىلى ئاغرىدى. ئەلا پالۋان ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشتىن بۇنى سېزىپ، مۇنداق دېدى:

— بىز ئالدى بىلەن سۇيدۇڭ قەلئەسىنى پەتھ قىلىپ، چۆچەكتىن ياردەمگە كېلىۋاتقان ئۇلامتاي جياڭجۈن لەشكىرىنىڭ يولىنى توسىشىمىز كېرەك.

مەھمۇد خوجا بۇ پاراسەتلىك لەشكىري پىلاننى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كـەتتى ۋە ئېگىلگـەن پېتى بۇ پىلاننى ئۆزىنىڭ پىلانى سۈپىتىدە سۆزلەپ كـەتتى:

— ئەگـەر سۇلتان ئالىيلىرى ماقۇل بولسا، كەمىنە خوجىلىرى

سۈيدۈڭنى بىر ئەپسۇن بىلەن ئىستىپلا قىلار ئىدىم.

مەزەمزات شەمسىدىن خەلپىگە «قانداقكەن» دېگەندەك قاراپ قويدى. ئاندىن ئەلا پالۋانغا ئۈمىدلىك كۆز بىلەن تىكىلدى. ئەلا پالۋان بۇ قاراشنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، مىيىقىدا كۈلگەن هالدا بېشىنى يېنىك ئىگىپ قويدى. مەزەمزات مەهمۇد خوجىغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، ئىچىدە: «شەيتان سېنى يوق قىلغاي ئىلاهىم» دەپ قارغىدى. ئۇ بارچە سىپاهلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئىككىلەنگەن هالدا جاۋاب قىلدى:

— بوپتۇ، مەهمۇد خوجا باش سەردارلىقىدا سۈيدۈڭگە لەشكەر ئەۋەتەيلى. ئەمما، قوشۇنىمىزنىڭ ئەمرى ئوبول ئەلا جەڭ سەردارلىقىنى قىلسۇن.

— سۇلتان ئالىيلىرى، هىممەتلىرىگە بارىكاللا. مېنىڭ تەلپىم شۇكى، ئەقىل - ئىدراكتا كامالەتكە يەتكەن هەزرىتى ئەخمەتخان خوجام مېنىڭ مۇئاۋىن باش سەردارىم بولغاي، توختاخۇن تومەن بېگى، ئۆمەرخان، ئابدۇسەمەتلەر مىڭبېشى سەركەردىسى بولغاي. باهادىر ئاشۇرمەت تۇغ تۇتقاي! — دېدى مەهمۇد خوجا.

مەزەمزاتنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. «قارا بۇ مۇناپىقنى. ساپلا ئۆز ئادەملىرىنى سەركەردىلىككە تاللاۋاتىدۇ، ئەستاغپۇرۇللا.» ئۇنىڭغا شەمسىدىن خەلپەم هەمدەم بولدى:

— جانابلار، ئەلا پالۋان لەشكىرىمىزنىڭ ئەمرى تۇرۇپ قوشۇنغا سەركەردىلىك قىلمىسا قانداقمۇ ئەمىر بولسۇن. دۇنيادا لەشكەرسىز سەردار بولغان ئەمەس. شۇڭا سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە ئوبول ئەلا مۇئاۋىن باش سەردار بولغىنى لايىق. — شەمسىدىن خەلپە مەهمۇد خوجىغا يۈزلەندى. — مەهمۇد خوجا، سىز ئېتىراز بىلدۈرمەڭكى. سۇلتاننىڭ پەرمانىنى بېجىرمەك ۋاجىپتۇر. كامالەتكە يەتكەن ئەخمەتخان خوجام «ئەقىل - ئىدراكلىق» بولغانلىقى ۋەجىدىن سىزنىڭ ئەقىلدارىڭىز بولسۇن، بىز دىنىي پېشىۋالارنىڭ لەشكىرىي ئىشلاردىن خەۋىرىمىز بولمىغاندىكىن، ئارىلاشمىغىنىمىز تۈزۈك.

تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن، كۆپچىلىك سىپاهلار شەمسىدىن

خەلپەمنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل تېپىشتى. سۇلتان پەرمان بەردى:

— مەھمۇد خوجا باش. ئەلا پالۋان مۇئاۋىن ئەمىر لەشكەر بولۇپ ئون مىڭ لەشكەر، يۈز توپ بىلەن سۈيدۈڭگە يۈرۈش قىلغاي. ئەخمەتخان خوجا مەھمۇد خوجىنىڭ ئەقىلدارى، ناسىر ئەلەم پۈتكۈل قوشۇننىڭ قازى لەشكىرى بولغاي!

— پەرمان بەردار! — دەپ ئەمىر ئەلا پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى يەنە كىچىككىنە قالغان مەھمۇد خوجا، — پېقىر غۇس ئەلا ئەزىم بىننى مەھمۇدنىڭ تەگداشىسىز ئىلىم بىرلەن ئەپسۇن ئوقۇپ، چېرىكلەرنىڭ كۆزىنى باغلاپ يوق قىلىشىمغا، بەش ياغاچ توپىم بىلەن سىپىللىرنى يەكسان قىلىپ نۇسرەت بىلەن قايتىشىمغا دۇئا بېرىلگەي!

قازىكالان موللا شاۋكەت ئاخۇن پاتىھەگە قول كۆتۈردى.

— ئامىن!

## 4

ئەلا پالۋان مەجلىستىن چىقىپلا تۇپتوغرا چىلپەڭزە قارار گاھىغا ئات سالدى. ئۇ قوشۇننى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئاندىن ئەزىز پالۋان تۇمەنبېگىگە يۈختا تەييارلىق قىلىشنى ئەمىر قىلدى. تۇمەنبېگى قوي ـ كالا سويدۇرۇپ لەشكەرلەرنى ئوبدان تويغۇزدى. لەشكەرلەر بەردەنگە، توپلارنى مايلاپ ئوق ـ دورىلارنى تولۇق تەييارلىدى. ھەر بىر لەشكەر ئۈچ كۈنلۈك پىشقان گۆش، قويرۇق ماي ۋە ئاق نانىنى خۇرجۇنلىرىغا قاچىلىدى. تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا، ئەلا پالۋان ئەمىر شاھنىڭ ئاياغ قوشۇنىغا توپلارنى قوشۇپ سۈيدۈڭگە ماڭغۇزدى، تاڭ سۈزۈلۈشىگە ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ئۆزى ماڭدى. ئۇ ئاياغ قوشۇنغا چەيلەڭزىدە يېتىشىۋالدى ۋە بۇ يەردە قوشۇنغا دەم بېرىپ ئۈزۈقلاندۇردى. قوشۇن ئۈزۈقلىنىپ بولغۇچە ئەلا پالۋان ئەۋەتكەن چارلىغۇچىلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە يېتىپ كەلدى. چارلىغۇچىلار

باشلىقى:

— ئەمىر، سۈيدۈك، كۆزە چېرىكلىرى دەرۋازىلىرىنى ئاچمايتۇ! — دەپ مەلۇمات بەردى. ئەلا پالۋان قوشۇنى يەنە يۈرۈپ كەتتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مەھمۇد خوجا مۇنتىزىم قوشۇنى بىلەن ئەخمەتخان خوجىنىڭ قورۇسى ئالدىغا كەلگەنىدى. بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپلا ئاتلىنىشقا تەييار تۇرغان ئەخمەتخان خوجا ئۇنىڭ كېچىكىپ كەلگىنىگە تېرىكىپ:

— جانابىي ئەمىر لەشكەر، بۇ ئۆزىڭىزدەك ئۇرۇق، ماڭسا مۇدۈرۈپ تۇرىدىغان ئېشىكىڭىز بىلەن سۈيدۈڭگە قانچە كۈندە يېتىپ بارسىز؟ — دېدى كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

مەھمۇد خوجا ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى ياقتۇرسىمۇ مۇشۇ كۆلكىسىنى ياقتۇرمايتتى. ھەتتا چۆچۈيتتى. ئۇ ئەخمەتخان خوجىنىڭ ئاچچىق ئۇچىيىگىچە بىلگەچكە ئۆزىنى بېسىپ جاۋاب بەردى:

— ئەقىلدارىم خوجام، سىلى بۇ جانىۋارنى بىلمەيدىلا، ئۇرۇق بولغىنى بىلەن دۈلدۈلدەك چاپىدۇ. شۇنداق يىراق بۇخارا ئەزىمدىن مېنى بىر نەچچە كۈندە ئەكەلگەن يەردە، سۈيدۈڭ دېگەن بىر چامدام يەرغۇ!

— راست گەپ قىلسىڭىزلا ۋەسسالام. ئاتقا مىنەلمەيمەن دەڭا! — دەپ يەنە ھېلىقى كۆلكىسىنى كۆلدى ئەخمەتخان خوجا مۇرىتىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىشى بىلەن ياۋاش بايتىلىغا مىنىۋېتىپ. ئۇ بايتىلىغا قامچا باستى ۋە باش ئەمىرگە قارىماي كېتىۋەردى. ئۇلارنىڭ ئات تۇياقلىرىدىن چىققان توپا-چاڭنى سۈمۈرۈپ مەھمۇد خوجا ماڭدى. ئۇ ياغاچ توپىلىرىنىڭ كەينىدە، ئاتلىق قوشۇننىڭ ئالدىدا جىدەللەپ مېڭىشقا تىرىشاتتى. ئۇ كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە شەھەردىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى چىلپەڭزىگە يېتىپ كەلدى. ئەخمەتخان خوجا ئەنسىزلىك ئىچىدە باش ئەمىرنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۇنى بويۇن تومۇرلىرى كۆپكەن ھالدا مۇنداق قوپال گەپلەر بىلەن قارشى ئالدى:

— باش ئەمىرلەشكەر، بۇ بارگاھتا سۇلتان چېدىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن باشقا پۈتكۈل قوشۇن سۈيدۈڭگە كېتىپ بوپتۇ. قاراڭ،

سۇلتان چېدىرىدىن باشقا بىرمۇ چېدىر يوق. سىز لەشكەرسىز ئەمىرلەشكەر بولۇپ قالدىڭىز، قايتىمسىزمۇ ـ يا!

بۇ خەۋەر مەھمۇد ئەمىرلەشكەرگە شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، ئېشەك ئۈستىدىن ئۈگدىسىغا ئۇچۇپ چۈشۈشكە تاس قالدى. ھېلىمۇ ياخشى ئابدۇسەمەت ئۇنى يۆلىۋالدى. ئۇ ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىۋېلىپ، ئېشەكنىڭ قولىقىغا قاراپ تۇرۇپ:

— ئەقىلدارىم، مەن مەجلىستىن چىقىپلا مۇناۋىنىمغا پۈتكۈل قوشۇننى تېز سۈيدۈڭگە ئېلىپ بېرىڭ، دەپ ئەمىر قىلغان، — دەپ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دەپ ئەخمەتخان خوجا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجايدى، — ئۇنداقتا مېنىڭ بارغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ھۇ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەيدىغان ئەخمەق! سىزگە لەنەت!

— ھەي خوجا، مەن باش ئەمىرمەن، ماڭا ھۆركىرىمەڭ ـ ھە! قېنى مېڭىڭ، نۇسرەت بىزگە مەنسۇپ بولۇر، — دەپ مەھمۇد خوجا ئېشىكىنى دېۋىتتى.

ئەخمەتخان خوجا بىر ھازا غىچە ئاچچىقىنى باسالماي بارگاھتا تۇرۇپ قالدى. ئاخىر ئۆزىنى بېسىپ، شەھەرگە قايتسا سۇلتان بىلەن شەمسىدىن خەلپەملەرنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغىنىنى چۈشەندى ـ دە، سۈيدۈڭگە قاراپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ مەھمۇد خوجىنىڭ يېنىدىن قارىماي ئۆتۈپ كەتتى. مەھمۇد خوجا ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن يولنى مول يورۇشكە تىرىشاتتى. ئۇ جەڭگاھقا يەتكەندە، دىگەر نامىزىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندى. گاڭگىراپ قالغان مەھمۇد خوجا ئۆمرىدە تاشلىمىغان نامىزىنى ئۆتتۈدى.

مەھمۇد باش ئەمىرنىڭ جەڭگاھقا بېرىپلا كۆرگىنى ئەلا پالۋاننىڭ دۆڭ ئۈستىدىكى سىيماسى، ئاڭلىغىنى ناغرا، بۇغرا ۋە توپ ئاۋازى بولدى.

سېرىقبۇلاق سېيىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى دۆڭلۈكتە ئەلا پالۋان نۆكەرلىرى ئالدىدا ھەيۋەتلىك خانتەڭرى چوققىسىدەك تۇراتتى. ئۇنىڭ

ئاستىدىكى بوز ئېتى ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ، چاپچىپ جىم تۇرمايتتى. ئات ھەر بىر چاپچىغاندا، ئەلا پالۋاننىڭ ئاق مالىخىيىنىڭ چوققىسىدىكى چىرايلىق ئاق ئۇكە بىر قېتىم يەلپۈنەتتى. بۇ ئۇكە ئۇنىڭ ئەمىرلەشكەرلىك بەلگىسى ئىدى. ئەلا پالۋان مۇشۇ دۆڭلۈكنى سەردارلىق ئورنى قىلىپ تاللىغانىدى. ئۇ بۇ دۆڭدە تۇرۇپ، تۆپتۈز سۈيدۈك - كۆرە ئارىلىقىنى، پۈتكۈل جەڭنى كۆزىتەلەيتتى. بۇ يەردىن سۈيدۈك، كۆرە سېپىللىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۈيدۈك سېپىلى ئۈستىدىن ئېتىلغان توپ ئوقلىرى سىرىقبۇلاق سۈيىگە چۈشۈپ پارتىلىماقتا ئىدى. بىر ئازدىن كېيىنلا سۈيدۈكنىڭ شەرقىي سېپىل دەرۋازىسىدىن تۈركۈملەپ چېرىكلەر چىقتى. ئەلا پالۋان ئەزىز پالۋانغا:

— لەشكىرىڭىزنى چېرىكلەرگە قارشى غازاتقا باشلاڭ! — دەپ پەرمان بەردى.

ئەزىز پالۋاننىڭ لەشكىرى بەردەڭگە، نەيزە بىلەن قوراللانغان ئاياغ قوشۇن ئىدى. ئۇ:

— پەرمان بەردار!— دەپ تۇغچىغا قول ئىشارىسى بەردى. تۇغ - ئەلەملەر لەپىلدىدى، كاناي - سۇناي، بۇرغا ئاۋازلىرى ياڭرىدى. ئەزىز پالۋان قوشۇنى سەپ - سېپى بىلەن يۈرۈش قىلىپ بىرىپ سايىنىڭ بېرىقى تەرىپىدە ياتتى. چېرىكلەر سايغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. ئەزىز پالۋاننىڭ قول ئىشارىسى بىلەن بەردەڭگىلەردىن قويۇق ئوق ئۈزۈلدى. بىر نەچچە دۈركۈن ئوق ئۈزۈلگەندىن كېيىن، چېرىكلەرنىڭ ئالدىنقى سېپى يەر چىشلىدى. ئۇلار بەرداشلىق بېرەلمەي ئارقىغا ياندى. شۇ ھامان نۇسرەت ناغرىسى ياڭراپ، ئاياغ قوشۇن نەيزىلىرىنى ئالدىغا تۇتۇپ: «ئۇر - ئالغا!» دەپ قوغلىدى. ئۇلار سايدىن ئۆتۈشكە چېرىكلەر سېپىل ئىچىگە كىرىپ بولغانىدى. دەرۋازا ئېتىلدى. شۇ ھامان سېپىل ئۈستىدىن توپلار ئەجەل ئوقىنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئەزىز پالۋان ئاياغ قوشۇننى قايتۇردى. ئۇنىڭ قوشۇنى سايىنىڭ بۇ قىرىغا ئۆتۈشكە، ئەلا پالۋان:

— توپلار سېپىل ئۈستىگە ئېتىلسۇن! — دەپ پەرمان بەردى.

توپلارنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى يەر - جاھاننى تىترەتتى. پاتقاقتا

تىقىلىپ قالغان توپىلىرىنى چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلىنىۋاتقان مەھمۇد خوجا بۇ دەھشەتلىك ئاۋازدىن قورقۇپ تىترەپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن بۇ ئاۋازلارغا قۇلىقى كۆندى بولغاي، سېپىلنى يەكسان قىلىدىغان توپىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن «دۇلدۇل»نى قىلىچىنىڭ دەستىسى بىلەن نوقىدى. بىراق، «دۇلدۇل» ئۈچۈشنىڭ ئورنىغا جايىدىلا تەتور چۆرگىلەشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن سەپرايى ئۆرلىگەن مەھمۇد خوجا ئېشىكنىڭ ئاچ بىقىنىغا قاتتىق بىرنى ئۇرۇۋېدى، ئېشەك مۇدۇرۇپ بېرىپ پاتقاققا يىقىلدى. سەردارنىڭ بىر پۇتى ئېشەكنىڭ ئاستىدا قالدى. تۇنۇگۇن مەزمىزات باش سەردارلىق بەلگىسى دەپ بەرگەن قىزىل، قارا خوراز قۇيرۇقىدىن ياسالغان تاجىسى بىر ياققا، سېرىق سەللىسى بىر ياققا چۈشتى. ئابدۇسەمەت ئۇنى ئېشەك ئاستىدىن چىقىرىپ ئۆز ئېتىغا مىندۈرمەكچى بولۇۋىدى، سەردار:

— ۋاي باش ئەمىرلىك تاجام. قېنى سەن، — دەپ، پاتقاققا مىلىنىپ ياتقان تاجىسىغا ئۆزىنى ئاتتى، چۇۋۇلغان سەللىسى بىلەن تاجىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇ سەللىسىنى ئابدۇسەمەتكە يۆگىتىپ، تاجىسىنى پاتقاق پېتى قاداپ«دۇلدۇل»غا مىنمەكچى بولۇۋىدى، ئابدۇسەمەت:

— ئەمىر لەشكەر، بۇ ئېشەك بىلەن قانداقمۇ جەڭ قىلالايدىلا ؟ — دېدى.

— بۇ «دۇلدۇل»نى ماڭا خىزىر ئەلەيھىسسالام بەرگەن، مېنىڭ سېھرىي كۇچۇم مۇشۇ «دۇلدۇل»دا، — دېدى مەھمۇد خوجا.

مەھمۇد خوجا «دۇلدۇل»نىڭ ئاستىدا قېلىپ مادارى قالمىغانىدى، شۇندىمۇ غەيرىتىگە ئېلىپ ئېشىكىگە مىنمەكچى بولدى. ئابدۇسەمەت ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ مىندۈرۈپ قويدى. بۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان ئەخمەتخان خوجا كۈلۈپ تېلىقىپ، بايتالدىن ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى. خۇدايىم ساقلاپ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ قالغان باش ئەمىرلەشكەر ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىنى ئاڭلىمىدى.

ئەتىسى سەھەردىلا كورە قەلئەسى دەرۋازىسىدىن بىر توركۇم چېرىك سەپ بولۇپ چىقتى. ئەلا پالۋان ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئات سالدۇرۇپ چىققان سولۇن

چېرىكلەرنى كۆرۈپلا جىياڭجۇننىڭ نىيىتىنى چۈشەندى. بۇ بەش يۈز سولۇن يىگىتى ھەم چەۋانداز، ھەم قىلىچۋاز ئىدى، ئەڭ يامىنى قارام ئىدى. شۇڭا جىياڭجۈن ئۇلاردىن بۆسكۈچى قوشۇن سۈپىتىدە پايدىلىنىۋاتاتتى. ئەلا پالۋاننىڭ ئۆيىنى ئىسپاتلىغاندەك، سولۇن چېرىكلەر ئاساسىي قوشۇندىن ئايرىلىپ چىقىپ ئەلا پالۋاننىڭ بارگاھىغا ئات سالدى. ئەلا پالۋان ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، تۇمەنبېگى قوۋاش پالۋانغا پەرمان چۈشۈردى:

— ئۇستازىم ئابدۇرۇسول بەگنىڭ لەشكىرىنى باشلاپ بېرىپ، سولۇنلار-نى سۈر - توقاي قىلىڭ!

— پەرمان بەردار!— قوۋاش پالۋان سەپراس تۇرغان بەش يۈز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى،— خەلقىم مەدەتكار، نۇسرەت بىزگە يار. ئاتلان!

مىڭلىغان ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئېشىكىدە ئەگرى قوزۇقتەك ئولتۇرغان مەھمۇد خوجىنى كۆمۈۋەتتى. ئۇ كۆزىنى جەڭگاھتىن ئالمىدى. بىراق باھادىرلىرىنىڭ بەردەنگىلىرىنى ئاتلىرىنىڭ ئىككى قۇلىقى ئارىسىغا قويۇپ، بىر دورگۇندىن ئوق ئۈزگىنىنى، شىردەك ئېتىلىپ كەلگەن سولۇنلارنىڭ يەر چىشلىگىنىنى كۆرەلمىدى. باش سەردار چاڭ - توزان تارقىغاندىلا يىگىتلىرىنىڭ بەردەنگىلىرىنى بويىنىغا ئېسىۋېلىپ، قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ سولۇن چېرىكلىرىنىڭ سېپىنى يېرىپ كىرگىنىنى كۆردى ۋە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلدى:

— قىيامەتنىڭ جېڭى. ئەي خۇدا، ماڭا نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن!

ئۇ قوللىرىنى ساقىلىدىن چۈشۈرۈپ شۇنداق قاراپلا، جەڭگاھتىكى يالقۇنلۇق ئاۋازلار، يىقىلىپ ياتقان جەسەتلەر، قېچىپ يۈرگەن سالتاڭ ئاتلارنى كۆردى ۋە قورققىنىدىن كۆزىنى جەڭگاھتىن ئېلىپ ئەلا پالۋانغا قارىدى. ئاق بوز ئات شېرىكلىرى قويۇندەك جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەتكەن چاغدىلا يەر چاپچىپ، تىزگىن سىيرىپ، كىشنەپ تۇرالماي قالغانىدى. ئۇ ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىنى ئاڭلاپ تاقەتسىزلىنىپ ئىككى پۇتىنى ئېگىز

كۆتۈردى، يۇلقۇندى، خوجايىننى جەڭگە ئۈندىدى. ئەلا پالۋاننىڭ قېنى قىزىپ، قىلىچ دەستىسىنى چاڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ ھەر بىر جەڭدە ئۆزىنى ئاشۇنداق تۇتۇۋالاتتى. قىلىچ دەستىسى ئۇنى ئېغىر بول، ئومۇمىي جەڭنىڭ تەقدىرى سېنىڭ قولۇڭدا، مەن ھەر قاچان سېنى يەرگە قاراتمايمەن دېگەندەك، ئۇنى توسۇپ قالاتتى. ئەلا پالۋانمۇ چىدىمايۋاتقان ئېتىغا نەسىھەت قىلدى: «ئېغىر بول دوستۇم. سېنىڭ بىلەن مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم كىچىك ئەمەس، ئونمىڭلىغان جاننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئېغىر بول!» بوز ئات ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەندى بولغاي، ئالدى ئىككى پۇتىنى چۈشۈردى. ئەمما خاپا بولغاندەك پۇشقۇرۇپ قويدى. ئەلا پالۋان مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ سولۇنلارغا ياردەمگە ماڭغىنىنى كۆرۈپ، ۋاقىت يەتتى، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئەزىز پالۋانغا:

— سايىنى ياقىلاپ دۈشمەن ئاساسىي قوشۇنىنىڭ ئوڭ بېقىنىدىن ئۆرۈلۈڭ! — دەپ پەرمان بەردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ قىلىچىنى سۇغاردى ۋە كەينىدە سانجاق تۇرغان ئاتلىق قوشۇنغا ئۆرۈلۈپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئالغا!

ئەتىگەندىن بېرى چىدامسىزلىق بىلەن ئېغىزدۇرۇقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكۈدەك بولغان بوز ئات ھەقىقىي دۇلدۇلدەك مانجۇلارنىڭ ياردەمگە ئۆتكەن يېڭى توپىغا قاراپ ئۇچتى.

سۈيدۈڭ ـ كۆرە تۈزلىڭى ناغرا ـ سۇناي، بۇغرا، ئۇر ـ چاپ، دېگەن سادالار بىلەن ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىگە تولدى. بۇ ئاۋازلارغا يارىلانغانلارنىڭ ئىڭراشلىرى، ئاھ ـ ۋاھلىرى قوشۇلۇپ كەتتى. يەككىمۇ يەككە جەڭ. قىر ـ چاپ ئەۋجىگە چىقتى. ئۈچ تەرەپتىن قىلىنغان بوراندەك ھۇجۇم چېرىكلەرنى تەمتىرىتىۋەتتى. سولۇن يىگىتلىرى ھۇجۇمى بىتچىت بولۇپ ھالسىرىغانىدى. ئەلا پالۋاننىڭ ئاستىدىكى بوز ئات مانجۇ ئاتلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېرىپ كىردى. ئەلا پالۋاننىڭ كۈچ بىلەن ئوڭ ـ سولغا ئۇرغان مىسران قىلىچىنى يېگەنلەر ئاتتىن تىك موللاق چۈشمەكتە، ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي يۈرگەن نۇردۇنمۇ ئەمىرلەشكەرنىڭ كەينىگە چۈشمەكچى

بولغانلارنى جەھەننەمگە يوللىماقتا ئىدى. بېشىن ۋاقتىدا كۆرەدىن چىققان چېرىكلەر قوشۇنى خەتەرلىك ھالدا قالدى. جەڭ قالايمىقان ھالدا بولۇۋاتاتتى. مىڭلىغان لەشكەر ئوڭ ـ سولغا داۋالغۇيتتى. قوشۇن دولقۇندەك ئۆركەشلەيتتى. بەزىدە چېكىنەتتى، بەزىدە ئىلگىرىلەيتتى. بەزىدە گىرەلىشىپ كېتەتتى. لەشكەرلەرنىڭ قېنى قىزىپ كەتكەچكە. پەقەت يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دېگەن بىرلا ئويدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. ئۆزىگە ھەملە قىلىپ كەلگەن رەقىبىنى يەر چىشلىتىشنىلا بىلەتتى. قىلىچۋازلىق يەككىمۇ يەككە بولغاچقا ھەر كىم ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلاتتى. سانسىز كىچىك تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كېتەتتى. شۇڭا، چاڭ ـ توزانلار گاھ ئۇ يەردە، گاھ بۇ يەردە كۆتۈرۈلەتتى. جەڭ شىددەتلىك تۇسكە كىرگەندىن باشلاپلا جەسەتلەر كۆپەيدى، قان ئېرىق بولۇپ ئاقتى. بۇ قانلار ئۇيغۇر، خۇيزۇ، سولۇن، مانجۇلارنىڭ قانلىرى ئىدى. جەڭنىڭ قاتتىقلىقىدىن كونا تاملار ئۆرۈلدى، تاش ـ توپىلار كۆككە ئۇچتى، ئوق تەگكەن يەرلەردىن قان تامچىلىدى، دەرەخلەر تىترىدى. مەھمۇد خوجا ئەمدى ئەمىرلىك سۆيىتىدە ئەلا پالۋاندەك «دۇلدۇل»دا ئولتۇرسىمۇ، ئەمما جەڭنىڭ قانداق بولۇۋاتقىنىنى بىلەلمىدى، چۈشىنەلمىدى. قايسى تەرەپنىڭ نۇسرەت تېپىپ، قايسى تەرەپنىڭ مەغلۇپ بولىدىغىنىغا ھۆكۈم قىلالماي بېشى قېتىپ قالدى. كۆرەدىن چىققان چېرىكلەر مەغلۇپ بولۇپ بەرداشلىق بېرەلمەي قاچتى. ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى شۇ قاچقىنىچە كۆرە دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى. دەرۋازا ئېتىلگەندىلا ئەلا پالۋان جەڭنى توختىتىش پەرمانى چۈشۈردى. جەڭدىن كېيىن ئەلا پالۋان جەڭگاھنى ئارىلىدى. جەسەت يىغقۇچىلار بىلەن يارىدارلارنى ئەملىگۈچىلەردىن باشقا جەڭگاھتا لەشكەر قالمىغانىدى. ئەلا پالۋان ئابدۇرۇسۇل بەگنى سېغىنىپ ئەسلىدى. ئۇ بولغان بولسا، پۈتكۈل لەشكىرىنى ھازىر قېپقالغان بەش يۈز لەشكىرىدەك باھادىر چەۋانداز قىلىپ يېتىشتۈرەر ئىدى. «بۇ قوشۇننى تولۇقلاش، كۆپەيتىش ئەمدى مېنىڭ بورچۇم» دەپ ئويلىدى. ئۇ جەڭگاھنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ئاياغ قوشۇن جەڭ قىلغان يەرگە سىنچىلاپ قارىدى. چىڭ چېرىكلىرىنىڭ جەسىتى ھەر خىل ھالدا ياتاتتى، بەزىلىرى بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا كېرەك، ھېچ

يېرىدە قان يوق ئىدى، بەزىلىرىنىڭ تېنىدە، تىغ ئىزى تۇراتتى.

بۇ ئۇلۇغۋار جەڭنىڭ نۇسرىتىدىن شادلانغان باش ئەمىرلەشكەرنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئەلا پالۋاننىڭ چېدىرىغا كىردى. بىر كۈن تاماقسىز قېلىپ ئەمدى نارىنغا قول سوزغان ئەلا پالۋان باشلىقنىڭ بېشىدىكى لايغا مىلەنگەن سەللە ۋە تاجىسىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئاخىر سۇلتاننىڭ ئەمرىنى ئەسلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئىززەت بىلەن تۆرگە ئۆتكۈزدى. باش سەردار تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، ئەلا پالۋاننى ماختاپ كۆككە كۆتۈردى:

— سىز ماڭا ھەقىقىي لايىق مۇئاۋىن ئىكەنسىز. مەن سىزنى بۈگۈن مۇئاۋىن جاھان پالۋانى دەپ جاكارلايمەن!

بۇ ئۇنىڭ ئۈنجى قېتىم ئەلا پالۋانغا تەن بەرگىنى ئىدى. ئۇ قورسىقىنى راسا تۇقلاپ چېدىرىدىن چىقىپ ئەخمەتخان خوجا ئىككىسىگە تىكىلگەن چېدىرىغا كەلدى. ئەخمەتخان خوجا ئۇنىڭ كېرىلىپ، جاھانغا پاتماي مېڭىشىنى، كۆلكىدىن ئاغزى كالاچتەك ئېچىلىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، يىلاندەك ۋىشىلداپ سورىدى:

— ۋاھ خوجا. قالتىس خۇشالغۇسىز؟

— ئەي ساخاۋەتلىك ئەقىلدارىم، سىز بىلەن بىز نۇسرەت قۇچقاندا كىممۇ خۇش بولمىسۇن؟ شۇ تۇرقىدا ئېشىكىممۇ خۇشلۇقىدىن ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ!

راست، ئۇنىڭ ئېشىكى بىر كۈن ئاچ قالدىم، دەپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئاۋازى مۇڭلۇق ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئەخمەتخان خوجا:

— سىز ئېشىكىڭىزدىنمۇ بەتتەر ئەخمەق ئىكەنسىز، — دەپ، مەھمۇد خوجا قورقىدىغان ھېلىقى كۈلكىسىنى يەنە كۈلدى.

بۇ كۈلكە مەھمۇد خوجىنىڭ نۇسرەت شادلىقىنى پۇررىدە ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ تېنى شۈركەندى. ئۇزايى بۇزۇلۇپ، خوجىسىغا قوللارچە ئېگىلىپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى.

مەھمۇد خوجىنىڭ پىچىرلىشىنى چېدىرغا باستۇرۇپ كىرگەن نۆكەرنىڭ ئەنسىز ئاۋازى توختاتتى:

— ناسىر ئەلەم سۇلتانىنىڭ ئادىمى تەرىپىدىن قەتل قىلىنىدى!
چۆچۈپ كەتكەن مەھمۇد خوجا قۇلىقىغا ئىشەنمەي قايتا سورىدى:
— نېمە دېدىڭ، سۇلتانىنىڭ... ناسىر ئەلەمنى...
— شۇنداق خوجام، ناسىر ئەلەمنى قەتل قىلدى.
مەھمۇد خوجا ئەخمەتخان خوجىغا قارىدى، ئەخمەتخان خوجا زەھەرلىك ھىجىيىش بىلەن جاۋاب بەردى، ئەمما بۇ ھىجىيىش ئۇنى بايىقىدەك قورقۇتمىدى...

## 5

كۆرە جېڭى يېڭىدىن باشلىنىشىغا سۇلتانىنىڭ قوشۇنىغا قارى ئەسكەر بولۇپ سۈيدۈڭگە بارغايلا. دېگەن پەرمانىنى ئالغان ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم زىنداندىن چىققان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا سۈيدۈڭگە قاراپ ماڭدى. مەھمۇد خوجا قالدۇرۇپ كەتكەن ئۈچ لەشكەر ئۇ زاتقا نۆكەر بولۇپ بىرگە ماڭدى. ناسىر ئەلەمنىڭ قەدىمى چىلپەگزىگە يەتكەندە بىر نۆكەر:
— ھەزرەت، چىرىك كەلدى. قاچىلى، — دەپ ۋارقىرىدى.
ناسىر ئەلەم كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. ياق چىرىك ئەمەس، بەلكى ئەخەت باقى دېگەن سۇلتانىنىڭ خاس يىگىتى ئىكەن. ئۇ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ناسىر ئەلەمگە ئۇقتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم:
— ئەي رەببىم، باھاردىن پاك، جاندىن بولار نەسلىنى ئەيلە پاك، — دەپ ياۋ قىلىچىدىن ئۆزىنى يولىنىڭ چېتىگە ئالدى.
ئات ناسىر ئەلەمنى شاللىققا ئېلىپ باردى. ئىتتىك يۈگۈرگەن ئات شاللىق قىرىغا پۇتلىشىپ بېشىچە يىقىلدى، ناسىر ئەلەم موللاق ئېتىپ يىقىلغاندا، شۇ ھامان يېتىپ كەلگەن ئەخەت باقى ناسىر ئەلەمنىڭ مۇبارەك بويىنىغا قىلىچىنى ئۇردى، ناسىر ئەلەمنىڭ پاك تېنى قانغا بويالدى. بايا ۋارقىرىغان نۆكەر بەردەنگىسىنى بويىنىدىن ئېلىپ كېچىكىپ ئوق ئۈزگەنىدى، ئوق ئەخەت باقىنىڭ كاللىسىغا تېگىپ يەرگە دۈم چۈشتى.
ناسىر ئەلەمنىڭ قازا بولغىنى پۈتكۈل ئىلىنى زىلزىلىگە سالدى. ئىلى

خەلقى قاتتىق ھازا تۇتتى، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنىڭ كۆزىدىن بۇلاقتەك ياش تۆكۈلدى. ئۇلار ناسىر ئەلەمنىڭ ئىلمىنى، ئادىللىقىنى، نادىرلىقىنى، ئۇلۇغ پەزىلىتىنى ياد ئېتىپ يىغلاشتى. ناسىر ئەلەمنىڭ بۇۋىسى:

— ھەي قاتىللار، پۈتكۈل ئۇرۇقۇڭنى يارا بېسىپ كەتكەي ئىلاھىم، چىشلىرىڭ تۆكۈلۈپ ئۈچەي ـ باغرىڭ قۇرۇپ كەتكەي ئىلاھىم، — دەپ قارغىدى.

ئوغلى پەخىردىن قان ـ قان يىغلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان يېشى بۇرۇتىنى يۇدى. يەنە بىر ئوغلى نىزامىدىن ئاخۇنۇم[1] ياقىسىنى يىرتتى. ناسىر ئەلەمنىڭ نامىزىغا كەلگەن كىشىلەر بەيتۇللانىڭ ئىچى ـ تېشىغا پاتماي قالدى. نامازدىن كېيىن كىشىلەر جىنازىنى يەتتە ماڭدامدا بىر كۆتۈرۈۋېلىشنى تالىشاتتى. جىنازىنىڭ كەينىدىكى خەلق توپى دېڭىزدەك چايقىلاتتى. جىنازا ناغرىچى مازىرىغا يەتكەندە، خەلق توپىنىڭ ئاخىرى بەيتۇللادا ئىدى. جەسەت لەھەتكە قويۇلغان ھامان ئاق يوپۇقنى تالىشىش باشلاندى، ھەركىم يوپۇقتىن تىرناقچىلىك بولسىمۇ يىرتىۋېلىپ تەۋەررۈك قىلىپ ساقلاشقا ئۇرۇناتتى. ناسىر ئەلەم يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن نەچچە ئون مىڭ خەلق نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭ قورۇسىغا كېلىپ قۇرئان ئوقۇدى. ئۇلار كوچىلاردا، بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا ناسىر ئەلەمنىڭ قاتىلىنى تېپىش ھەققىدە پىچىرلىشاتتى. مەھمۇد خوجا:

— ئەي مۇسۇلمانلار، ناسىر ئەلەمنى مەزەمزات قەتل قىلدى، — دەپ كىشىلەر توپلاشقان يەرلەردە جاكارلاپ يۈردى.

بۇ خۇددى قازاندىكى قىزىغان مايغا سۇ چاچقاندەك بولدى. كىشىلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ مەزەمزات ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىردى. مەزەمزات جىنازا نامىزىدىن كېيىنلا تام بارگاھقا كەتكەنىدى. ئۇنى تاپالمىغان خالايىق ھېكىم ئوردىسىنى ۋەيران قىلدى، ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى ئۇرۇپ ـ چېقىپ،

---

① نىزامىدىن ئاخۇنۇم — شائىر. ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق بېيىت يازغان. كۆچ ـ كۆچ ۋاقتىدا ياركەنت شەھرىدە تۇرۇپ قالغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

يانجىپ چەپلىدى. شاۋكەت قازىكالان ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:
ــــ ئەي خۇدانىڭ بەندىلىرى، ئۇلۇغ زات ناسىر ئەلەمنىڭ جېنىنى خۇدا بەرگەن، خۇدا ئالدى، بۇنىڭغا نارازىلىق قىلىش كۇپۇرلۇق بولىدۇ. تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۇ زاتنىڭ روھىغا دۇئا قىلىڭلار، ئىسىڭلارنى يىغىڭلار، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولماڭلار!
ئۇ شەيتاننىڭ دەل ئۆزىنى قازىكالانلىقىنى كۆنۈرگەن مەھمۇد خوجا ئېكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بۇ شەيتان ئۇنىڭغا قارشى سۆزلىدى:
ــــ نېمىگە مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدىكەن. يۇرت ئاتىسىنى قەتل قىلغان مەزەمزات گۇناھكار بولماي ناسىر ئەلەم ئۈچۈن يىغلىغان مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولامدۇ؟
خەلقنىڭ پىغانى ئوردىنى ۋەيران قىلىش بىلەن چىقمىدى...
موللا بىلال ئۆزىنىڭ ئالتۇن قەلىمى بىلەن مەرسىيە يېزىپ، خەلقنىڭ پىغانىنى مۇنداق چىقاردى:

ناسىردىن قازىنىڭ يۈزى گۈل ئىردى.
گۈل چىرايلار ئۇنىڭ ئالدىدا لال ئىردى.
نەكەللۇمدا سۆزمەن، ساقىلى مىسلى ئاق،
يۈرەكلىك زەبەندار باھادىر ئىردى.

6

ئەلا پالۋان ناسىر ئەلەمنىڭ قازا تاپقىنىنى ئاڭلاپلا سۈيدۈكنى پەتىھە قىلىشنى كەينىگە قويۇپ قوشۇننى تام بارگاھقا قايتۇردى. ئۆزى شەھەرگە كەلدى. ئۇ ناسىر ئەلەمنىڭ يەتتە نەزىرىدە ئەخمەتخان خوجىنىڭ مەھمۇد خوجىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، سۈيدۈك ـ كورە جەڭگاھىدا نۇسرەت قازانغان جاھان پالۋىنى، دەپ جاكارلىغاندا ھەم غىدىقى كەلدى، ھەم كۈلگىسى كەلدى. ئۇ ئەخمەتخان خوجىنىڭ سۇلتان، ئەمىرلەرنى دوراپ گەپ قىلىۋاتىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ غىڭ ـ غىڭ ئاۋازىنىڭ تېگىدىن ئاچكۆز

ئالۋاستىنىڭ روھىي ھالىتىنى، ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن سۇغۇرۇلغان ھەيۋىسىنىڭ بىر خىل ساختا، ياسالمىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بىۋاستە كۆردى.

مەھمۇد خوجا مۇشۇ سورۇندىلا ئەخمەتخان خوجىنىڭ زەھەرلىك كۈلكىسىنىڭ تەمىنى تېتىدى. بۇ كۈلكە ئەمدى ئۇنىڭغا زەھەر ئەمەس شېكەر بىلىندى. ئۇلار خاس ئۆيدە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئەخمەتخان خوجا ئاشۇ كۈلكىسى بىلەن ناسىر ئەلەم ئۈچۈن خۇن داۋاسى قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. مەھمۇد خوجا ناسىر ئەلەمنى پاناھىم، غەمگۇزارىم دەپ جامائەت ئالدىدا قان ـ قان يىغلاپ تۇرۇپ تەسىرلىك مۇقام توۋلاشقا باشلىدى. ناسىر ئەلەمنى ھەقىقەتەن ئىلى خەلقى سۇلتاندىنمۇ بەكرەك ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىختىلال ئوتىنى يېقىشتىكى ئەقىل ـ پاراسىتى، باھادىرلىقىنى ياد ئېتىپ يۈرەتتى. مەھمۇد خوجىنىڭ مۇقامى كۆيۈۋاتقان ئوتقا ماي چاچقاندەك تەسىر قوزغىدى. پۈتكۈل شەھەر ناسىر ئەلەم ئۈچۈن پىژ ـ پىژ كۆيدى. مەھمۇد خوجا ناماز كۈنىدىكى. ناسىر ئەلەمنى مەزەمزات قەتل قىلدى، دېگەن سۆزنى تېخىمۇ كۆپتۇرۇپ، مەزەمزات ئىلى جياڭجۈننىڭ ئەمرى بىلەن شىبەلەردىن لەشكەر توپلاپ ئىختىلالىمىزنى باستۇرماقچى ئىدى، ئۇ بۇ سىرنى ئەخمەتخان خوجامغا ئېيتقان، دەپ جار سېلىشقا كىرىشتى. ئەخمەتخان خوجا مەزەمزاتنىڭ كۆرەدىن چىقىپ ئۆز يېنىغا كەلگىنىنى، ئۇنى جياڭجۈننىڭ شىبەلەردىن لەشكەر تۈزۈشكە ئەۋەتكىنىنى دەلىللىدى. ئىش چوڭىيىشقا باشلىدى. شەھەر خەلقىنىڭ مەزەمزاتقا بولغان نەپرىتىنىڭ ئاشقىنىنى كۆرگەن ئەخمەتخان خوجا:

— پۇرسەت كەلدى! — دېدى مەھمۇد خوجىغا ۋە قۇلىقىغا: «ئۇنى ئۇنداق، بۇنى مۇنداق قىلىڭ» دەپ پىچىرلىدى.

كۆمۈردەك قاراڭغۇ كېچە، تومۇز ئىسسىقى كېتىپ سالقىنلىق باشلانغان چاغ، ياپېشىل چۆپلەرنى دەسسەپ بىر مايماق ئېشەك كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۆتتىن ئات قوشۇلغان ھارۋىلار «غىچ ـ غىچ» قىلىپ ئاستا كېلىۋاتىدۇ. كۆكتىكى يۇلتۇزلارنى قارا بۇلۇت پەردىسى توسىۋالغان. پەقەت

ئاتلارنىڭ پوشقۇرۇشلىرى، ھارۋىلارنىڭ غىچىرلىشىدىن باشقا ئاۋاز يوق. كارۋان چىلپەتۈزە تام بارگاھىغا كەلگەندە، تاڭ تېخى ئاتمىغانىدى. ئۇلار تام بارگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ چېدىرغا يېقىنلاشتى. ئىشىكتە ئولتۇرغۇچىنىڭ سۈس ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سۇلتان چېدىرىغا توغرىلاڭلار، ئوق سېلىڭلار، مەن قىلىچىمنى ئىگىز كۆتۈرگەن ھامان پىلتىغا ئوت يېقىڭلار!

ئۇ يەنە بىر قانچە ئوندىن گۇرۇپپىلانغان لەشكەرنى سۇلتان چېدىرى ئەتراپىدىكى چېدىرلارغا ئەۋەتتى. ئۆزى ئون نەچچە نۆكىرى بىلەن سۇلتان چېدىرىغا. ئابدۇسەمەت تاللانغان ئون لەشكەر بىلەن ئەلا پالۋان چېدىرىغا قاراپ تېۋىش چىقارماي ماڭدى. تام بارگاھ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى، پاقىلارنىڭ كۇرۇلدىشىدىن باشقا ئاۋاز يېقىمايتتى. سۇلتان چېدىرى ئالدىدا! تاياقتەك قېتىپ تۇرغان جېسەكچى ئەردەنگىسىنى قارا كۆلەڭگىلەرگە تەڭلەپ:

— كىمسەن؟ توختا! — دەپ ۋارقىرىدى. ئىشەك مىنىپ كەلگۈچى قىلىچىنى ئىگىز كۆتۈردى. شۇ ھامان «گۈمبا - گۈمباك» قىلغان قاتتىق ئاۋاز تام بارگاھنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. «ۋايجان، ۋاي خۇدا، ئۆلدۇم» دېگەن ۋايساش - ئىڭراشلار ئاڭلاندى. ئەمما، توپ ئوقلىرى سۇلتان چېدىرىغا چۈشمىدى، بىراق جېسەكچى بىر كىمنىڭ تىغىدىن تىك موللاق چۈشتى. بىر لەشكەر يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— خوجا دادا، توپلىرىمىز پارتلاپ، كۆيۈپ، توپچىلىرىمىز قانغا بويالدى، — دېدى.

مەھمۇد بۇ قاتتىق گۈمبۈرلەشتىن ئىسەنكىرەپ تۇرغاچقا بۇ گەپنى ئاڭلىماي دەرھال سۇلتان چېدىرىغا ھوقۇشتەك شۇڭغۇدى. قاتتىق گۈمبۈرلەشتىن چۆچۈپ ئويغانغان مەزەمزات سۇلتان يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ چېدىردىن چىقتى - دە، جىبىنىنىڭ بارىچە:

— دۈشمەن كەلدى، ئەمىر ئەلا، ئىتتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ ھامان مەھمۇد خوجىنىڭ قىلىچى ئۇنى يىقىتتى. قىلىچ جان كېسىپ تەگكەنىدى. ئاندىن ئۇ ئەخمەتخان خوجا يازدۇرۇپ بەرگەن مەكتۇپنى

مەزەمزاتنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. ئۇز چېدىرىدا ئۇخلاۋاتقان ئەلا پالۋان توپنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ تامدىكى بەردەنگىسىنى ئالدى ـ دە، چېدىردىن چىقتى. ئۇ مەزەمزاتنىڭ «ئەلا، ئېتىڭلار» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قىلىچ كۆتۈرگۈچىگە بەردەنگىسىنى تەڭلىدى. ئۇ تەپكىنى باساي دېيىشىگە بىلىكىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلغان توقماقتىن ئوق ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتتى. ئەلا پالۋان ئۆزىنى باغلاۋاتقانلارنىڭ ئۆز ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى...

## 7

تاڭ ئاتتى. مەھمۇدنىڭ خوجا نامى ئۇنىڭ توپى پارتلاپ كەتكەن مىنۇتتىن باشلاپ مەھمۇد خوجا ئەمەس، مەھمۇد پوغا ئۆزگەردى. مەھمۇد پو تام بارگاھتىكى پۇتكول قوشۇننى يىغقۇزدى ۋە تىلماچقا ئەمىر قىلدى:

— مۇنۇ مەزەمزاتنىڭ يانچۇقىنى ئاقتۇر!

تىلماچ مەزەمزاتنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە سامان قەغەزنى ئالدى.

— ئۈنلۈك ئوقۇ! — دەپ ئەمىر قىلدى مەھمۇد پو.

تىلماچ ئوقۇپ ئۆرۈپ بەردى. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

*ئەي مەزەمزات ھېكىم!*

*سىز خان ئالدىدا يەنە بىر گۇناھ ئۆتكۈزدىڭىز. مەن سىزنى شىبە چېرىكلىرىنى باشلاپ، توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىڭ دەپ ئەۋەتسەم نېمە قىلدىڭىز؟ ئەكس ھالدا سۇلتان بولۇۋالدىڭىز. سىز بۇ گۇناھىڭىزنى يۇيىمەن دەيدىكەنسىز، چۈچەكتىن بىزگە يارەمگە كېلىۋاتقان ئۇلامتاي جياڭجۇنى مىن يى جانابلىرىنىڭ ئالتە مىڭ چېرىكى يېتىپ كەلگۈچە توپىلاڭچىلارنى بىزگە ھۇجۇم قىلدۇرماي تۇتۇپ تۇرۇڭ...*

*ئىلى جياڭجۇنى مىڭ شۇي*

مەھمۇد پو مەكتۇپ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قوشۇنغا نەزەر سالدى. لەشكەرلەر ھەيران قالغىنىدىن ئاغزى ئېچىلىپ قالغان، بەزىلىرى ياقىسىنى تۇتۇپ قالغانىدى. ئۇ قوشۇنغا ۋەز ئېيتتى:

— مەزەمزات جياڭجۇن بەلگىلىگەن ھېكىم. ئۇ سېپى ئۆزىدىن جياڭجۇننىڭ ئەمەلدارىدۇر. شۇڭا، ئۇ جياڭجۇننىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ ئۇزۇن ۋاقىت سىز باھادىرلارنى جەڭگە باشلىمىدى، مىڭ يىنىڭ چېرىكلىرىنىڭ كېلىپ كالالىڭلارنى ئېلىشىنى كۈتۈپ ياتتىڭلار. مانا بۇ مەكتۇپنىڭ ئۇنىڭ يانچۇقىدىن چىققىنىنى كۆردۈڭلار، دېمەككى، ئۇ جياڭجۇنگە سادىق ئەمەلدار. ئۇ ئۆزىگە قارشى تۇرغان ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمنى سۈيىقەست بىلەن قەتل قىلغان. مەن ئىختىلالىمىزنى، سىزلەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن بۇ خائىننى قەتل قىلدىم.

بۇگۈن سەھەردىلا بۇ يەرگە ئات سېلىپ كەلگەن ئەخمەتخان خوجا مەھمۇد پونى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى ۋە ئاخىردا ئىختىلال ھەيئىتىنىڭ پەرمانى دەپ، بىر يوغان قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

*ئىختىلال ھەيئىتى شۇنداق پەرمان بېرىدۇركى، جاھان پالۋىنى، ئىلىمدە تەڭداشسىز غوس ئەلا ئەزىم بىننى مەھمۇد خوجا ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى بولۇپ تەيىنلەنسۇن! موللا شاۋكەت ئاخۇن قازىكالان بولسۇن، توختاخۇن ئەمىرلەشكەر بولسۇن...*

بۇ پەرماندىن مەھمۇد پونىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. ئۇ قولىنى قولىغا ئۇردى، ئاندىن تىزىغا شاپىلاقلاپ تەنتەنە قىلدى. ئەخمەتخان خوجىنىڭ داپ چېلىشى بىلەن مەھمۇد پو مانا شۇنداق ئۇسسۇلغا چۈشتى.

— بىر پوچى ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى بولامدىكەن، قېنى كۆرەرمىز بۇ پوچىنى! — دېدى ئەلا پالۋان باغلاقلىق ھالدا تۇرۇپ.

ئەزىمشاھقا ئوخشاش سىپاھلار، بەگلەر پوچىنى مەنسىتمىدى، بىقىنمىدى. بۇنى كۆرۈپ مەھمۇد پو جۇۋىسىنى تەتۈر كىيدى. ئۇ مەزەمزاتنىڭ بەگ - ئەمەلدارلىرىنى قەتل قىلىش پەرمانى چۈشۈردى. كۆپلى

گەن سىپاھلار، يېزا بەگلىرى ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ يۇرتلىرىغا كېتىشتى. بۇ ئىختىلال ئوتىنى تۇنجى قېتىم ياققان، قېرىپ قالغان سادىر پالۋان:

— ئېھ پەلەك، بۇ رەسۋاچىلىق بىزنىڭ شەنىمىزگە داغ چۈشۈردىغۇ. بۇ بەگ - خوجىلار مەنسەپ تالىشىپ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرسە، يوقانسا نېمە قىلغۇلۇق. بەس سادىر، سىڭگەن نېنىڭنى يە، — دەپ، ئۆز لەشكىرىنى شەھەردىن ئېلىپ موللا توختىيوزىگە چىقىپ كەتتى.

مەھمۇد پو لەشكەرلىرىنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن سىپاھ بەگلەرنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاتقۇزدى، ھەممىلا يەردە تونتۇن قىلىش، قەتل قىلىش، بۇلاش - تالاش باشلىنىپ كەتتى. خەلق:

يېغلىقتا ياغ ئاقار،
ياخشى - يامانغا كىم باقار.
بارچە بەگلەر ئۆلتۈرۈلسە،
ئىختىلال ئوتىنى كىم ياقار.

دەپ زارلاندى.

مەھمۇد پو مۇلايىملىق پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ يىرگىنىشلىك قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ:

«مەزەمزات ئوغلى خىزىرخاننى تېپىپ كەلگەن ياكى كاللىسىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە ئەمەل بېرىمەن، بىر ياخشى ئات ئىنئام قىلىمەن» دەپ پەرمان بەردى.

ئۇنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنىدىكى تورمىدىن چىققان كاللاكېسەرلەر تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ خىزىرخاننى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار كىرمىگەن ئۆي ياكى تۆشۈك قالمىدى، ئاخىر بىر ماشكا پۇراپ يۈرۈپ ئايدۇڭ مەھەللىسىدىكى بىر قورۇدىن تېپىپ مەھمۇد پونىڭ ئالدىدا تىزلاندۇردى. مەھمۇد پو بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان، كېلىشكەن ياش يىگىتنى كۆرۈپ، رەھىمسىزلەرچە پەرمان بەردى:

— كالليسىنى ئال!

خىزىرخاننى بويىنى كېسىككە ئاچىقىپ قەتل قىلدى.

ئەمدى نۆۋەت ئەلا پالۋانغا كەلگەنىدى. ئەخمەتخان خوجا مەھمۇد پونى سۇلتان دەپ جاكارلىغان كۈنىلا ئەلا پالۋاننىڭ ئاتلىق قوشۇنى ھىيلە بىلەن قورالسىزلاندۇرۇلغان، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ بەش يۈز ئاتلىق باھادىرى ۋە ئۈن مىڭ لەشكىرى ئەزىز پالۋان سەردارلىقىدا سۈيدۈك-كۆرەنى مۇھاسىرە قىلىپ قالغانىدى. ئۇلار مەھمۇد پونىڭ ئۆزگىرىش قىلغىنىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەلا پالۋاننىڭ قوشۇن ئىچىدىكى شۆھرىتىدىن ھېيىقىپ يۈرگەن مەھمۇد پو ئۇنى ئۆزى بىۋاسىتە سوراققا تارتتى. ئۇ سوراقنى مۇنداق باشلىدى:

— سەن نېمە ئۈچۈن ماڭا قارىتىپ ئوق ئاتىسەن؟

قولى باغلانغان ئەلا پالۋان كەسكىن ھالدا جاۋاب بەردى:

— بىز ئۇيغۇرلاردا «تۇز بەرگەننىڭ يۈزىگە تۈكۈرمە» دېگەن گەپ بار، ماڭا تۇز بەرگەن خوجايىنىم ئات دېگىنى ئۈچۈن ئاتتىم.

— ھە! — دەپ مەھمۇد پو كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئالايدى، — ئەمدىكى كۈنۈڭنىڭ نېمە بولۇشىنى بىلەمسەن؟

ئەلا پالۋاننىڭ غەزەپ ۋە نەپرەتتىن مەڭزى تىترىدى، بۇرنىنىڭ چاناقلىرى كېرىلدى، كۆكسىدىن لەنەت خەنجىرى ئېتىلىپ چىقتى:

— ئەمدى كۈنۈم بولسا شۇ قانلىق قىلىچىڭنىڭ قۇربانى بولار. مېنى قورقۇپ قالىدۇ دېۋىدىڭمۇ؟ بىز قايسى كۈنى قولىمىزغا قىلىچ ئالدۇق، شۇ كۈندىن باشلاپ نۇسرەت قىلالمىساق كۈنىمىزنىڭ قىلىچ ئاستىدا قالىدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلانغان. ئەمما، سەن ھازىر بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرگىنىڭ بىلەن ئۆزۈڭمۇ ساق قالمايسەن، مېنىڭ ئاساسىي قوشۇنۇم ھېلىھەم ئىختىلال ئوتىنى ساقلاپ قالىدۇ!

مەھمۇد پو ئەلا پالۋاننىڭ بۇ گەپلىرىدىن تىترىدى. شۇندىمۇ ئۆزىنى زورغا بېسىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— مەن سېنى تۇغما ھالىڭغا كەلتۈرۈپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىمەن!

— مەن بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كەلگەن، ئۇ دۇنياغىمۇ يالىڭاچ كېتىمەن،

سېنىڭدەك نىجىستىن كىيەنلىك سورىمايمەن!

ئەلا پالۋان: «قېنى قىيما ـ چىيما قىلمامسەن» دېگەندەك ئالغا بىر قەدەم باستى، ئۇ سوپىدۇڭ تەرەپكە بىر قاراپ قويۇپ، بويىنىنى تۇتۇپ بەردى. مەھمۇد پو جاھانكەشتىلىك قىلىپ يۈرۈپ نۇرغۇن باھادىرلارنى كۆرگەن، تەرپىنى ئاڭلىغان، ئەمما ئۆلۈمنى پىسەنت قىلمايدىغان بۇنداق باھادىرنى كۆرۈپمۇ، ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. ئەلا پالۋاننىڭ بۇ خىل دادىل جەسۇرلۇقى مەھمۇد پونىڭ كۆزىگە خانتەڭرى چوققىسىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھەيران بولۇپ، ئالدىدا تۇرغان بۇ كېلىشكەن باھادىرغا قاراپلا قالدى. كۆڭلىدىن «پاھ، پاھ، نېمىدېگەن تاغ يۈرەك نېمە بۇ. ئۆلۈمنى پىسەنت قىلمايدىغان بۇنداق باھادىرلار دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ. بۇنى قەتل قىلدۇرۇپ، ئۆمۈرۋايەت ئۇ دۇنيادىمۇ، بۇ دۇنيادىمۇ كىشىلەرنىڭ قارغىشىغا قالماي. ئەڭ مۇھىمى ئۇ سوپىدۇڭ ـ كورە ئۇرۇشىدا نۇسرەت قىلىپ، مېنىڭ شۆھرىتىمنى ئاشۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى ئۆلتۈرسەم ئەزىز پالۋان ۋە ئۇنىڭ باھادىر قوشۇنى مېنى ساق قويماس. بەس! ئۇنى ئۆلتۈرمەي، ئۆزۈم ئۈچۈن خىزمە قىلدۇراي!» دېگەن ئويلار كەچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەمرانە سىئاھاگى، ۋەھشىي قىياپىتى بىردىنلا بۇرۇنقى خەلپەتلەردەك مۇلايىم تۇسكىردى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئالۋاستىنىڭ روھىي ھالىتى ئىدى. ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن سوغۇرۇلغان ھەيۋىسى ئەلا پالۋاننىڭ جاسارىتى ئالدىدا بىر خىل ساختىلىق، ياسالمىلىق بولۇپ ئاشكارىلاندى.

ــ ئاپىرىن يىگىت، ئاپىرىن! داڭگال بولغىنىڭ بىلەن شىر يۈرەك ئىكەنسەن! مەن سېنى سىناپ بېقىش ئۈچۈنلا بۇ جازا مەيدانىغا كەلتۈرگەنىدىم. تۇز ھۆرمىتىنى قىلدىڭ. جەسۇر پالۋانلىقىڭنى ئىسپاتلىدىڭ. قېنى، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، پالۋاننىڭ قولىنى يېشىڭلار! بارغىن، قوشۇنىڭغا باش سەردار بولۇپ ئىختىلال نۇسرىتى ئۈچۈن ھىممەت ـ غەيرىتىڭنى كۆرسەت!

جازا مەيدانىدىكى لەشكەر ۋە جامائەت بۇ كۆرۈنۈشتىن شۇنى ئېنىق چۈشەندىكى: مەھمۇد پونىڭ خۇي ـ پەيلى ئۆزىنى ماختاپ ئۇچۇرۇش، پو ئېتىش. ئەلا پالۋاننىڭ پەزىلىتى بولسا ئاقىلانىلىق، مەردانىلىق، پالۋانلاردا

بولىدىغان بىر خىل قورقماس جاسارىتىنى نامايان قىلىش بولدى. شۇ تاپتا ئۇلار مەھمۇد پونى قوتۇر ئېشىكىگە، ئەلا پالۋاننى بوز تۇلپارىغا ئوخشىتىۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۆچلۈك ۋە ياۋۇزلۇق ھەقىقەت نۇرىنى، باتۇرلۇقنى بېسىپ كېتەلمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا باش ئەگدى.

ئەلا پالۋان قىلىچ ئاستىدىن چىقىپ «سەردارلىقنىڭ چېكەڭگە تاڭ» دېگەندەك قولىنى بىر شىلتىپلا قەدىناس ئېتىغا مىنىپ ئارا ئۆستەڭگە قاراپ چاپتى.

## 8

بىر دەللە ئالدامچى پاسىقنىڭ قورغىلاڭ مېۋىسىنى تارتىۋېلىپ، ۋەھشىيلەرچە قىرغىن ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغىنىدى، بولۇپمۇ قوشۇننىڭ تارقىلىپ كېتىشى شەمسىدىن خەلپەم، سالىش ئىماملارنىڭ خاتىرجەملىكىنى يوقاتتى. باللارغا بىلىم بېرىۋاتقان بۇ زاتلار قېرى خوجىنىڭ ۋەتەنىنىڭ بۇ گۈلىستانىنى خاراب قىلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

شەمسىدىن خەلپەمە، ئەلا پالۋاننىڭ قىلىچ ئاستىدىن قۇتۇلۇپ كەلگىنىنى كۆرۈپلا بىر يېڭى ئۈمىد تۇغۇلدى ۋە بىر نىيەتلىك ئارا ئۆستەڭلىكلەرنى قوتلۇق مىراپنىڭ ئۆيىگە يىغىپ مەقسەتنى ئىزھار قىلدى:

— بىر چوڭ ئىش بېزگە كېلىپ قادالدى. ئالدامچىنىڭ پاسىقلىقى ئارقىسىدا، گۈزەل، شاد - خۇرام يۇرتىمىز مۇسىبەت قايغۇسىغا، ئۇنىڭ خۇش پۇراق گۈل ھىدى قان ۋە جەسەت سېسىقچىلىقىغا، يورۇقلۇق زۇلمەتكە ئايلاندى. يۇرتىمىزنى شۇ ھالغا كەلتۈرگەن قېرى خوجىلار يەر يۈزىدىن يوقىلىشى كېرەك، بولمىسا بىزنىڭ بۇ ئىختىلالىمىز، تۆككەن قانلىرىمىز بىكار كېتىدۇ. شۇڭا، بارماق چىشلەپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن سىز باھادىرلارنى چاقىرتتىم.

شەمسىدىن خەلپەمنىڭ بۇ تەسىرلىك گېپى مەجلىس ئەھلىنىڭ قەلبىدىكى سۆزلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق نادامەت چىقتى:

— ئاھ خۇدا، پېشانىمىز ئەجەبمۇ كاج ئىكەنغۇ!

سالىش ئىمام بۇ ئىداغا جاۋاب بەرمەي تۇرالمىدى:

— جامائەت، بۇ ئىككى خوجىنىڭ نىيىتى بەكمۇ يامان. ۋاستىسى تولىمۇ قەبىھ ئىكەن. بىز ئاھ چېكىپ ئولتۇرساق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز، بۇ ھىيلىگەر خوجىلارنىڭ قاباھەت تاپىنىدا يانجىلىپ دەپنە بولغاندىن كۆرە بىر ئېلىشىپ كۆرەيلى.

شەمسىدىن خەلپەم ئۆزى ئۈمىد كۈتكەن ئەلا پالۋانغا قارىدى. ئۇ پاچاقلىرىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ، ئېڭىكىنى تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇراتتى. شەمسىدىن خەلپەم شاگىرتىدىن:

— ئەي بالام، ھالىڭ نېچۇك، نېمە ئويداسەن؟ — دەپ سورىدى.

زەردىگۈش بولۇپ، قورقىقى ئۆرلەپ ئولتۇرغان ئەلا ئۇستازىغا تۈنجى قېتىم گەپ ياندۇردى:

— ئىختىلالىمىز تولۇق نۇسرەت قازانماي تۇرۇپلا ئارىمىزدا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرسە، مەن يەنە نېمىگە كەتمەن چاپىمەن!

شەمسىدىن خەلپەم شاگىرتىنىڭ يوغان كۆزلىرىدىكى چىن ئىنسانغا خاس غەزەپ ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، بىر دەقىقە سۈكۈت قىلدى، ئاندىن ئۇنى گەپكە ئۈندىدى:

— بالام، سەن ئەزرائىلنىڭ ئاغزىدىن ياندىڭ. بۇ ساڭا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك. بىر پالۋان مۇرادىغا يەتمە خوش بولىدۇ. بۇ چۈشىنىشلىك. مۇرادىغا يېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئاچچىقىنى يۇتۇش كېرەك. «يىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما» دەيدۇ دانالىرىمىز. مەھمۇددەك بىر يىتقا ئاچچىق قىلىپ ئىختىلالنى ئوتقا سالامسەن. ئۇلۇغۋار ئىشىمىزدىن چەتنەمسەن؟ ئۆتكەندە چېدىرىڭدا ماڭا قانداق ۋەدە بەرگەنىدىڭ؟ خەلقنى ئۇنتۇما. خەلق ئىسسىق يۇرسە سەن تونگلىمايسەن، خەلق توق بولسا سەنمۇ توق بولىسەن. سەن خەلققە باغلانغان، خەلقنىڭ

خۇشاللىقى سېنىڭ خۇشاللىقىڭ! شۇڭا، سەن بۇ ئىشتىن قول تارتما!
ئەلا پالۋاننىڭ قەلبىنى شۇ تاپتا بىر قەۋەت تۇمان پەردىسى قاپلىغانىدى، شۇڭا قولىقىغا ئۇستازىنىڭ گەپلىرى كىرمىدى. ئۇ:
— ئەپۇ قىلسىلا ئۇستاز، ۋىجدانىم بىلەن ئىش قىلسامىلا كۆڭلۈم خۇش بولىدۇ. ئەمدى مەن شاپاشلاپ بولغاندەك تۇرىمەن. ئاقساقاللىرىمىزنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنى سۈلتانلىق تالىشىش بولىدىكەن، بىز مەڭگۈ يالچىمايمىز! — دەۋەتتى.
— بالام، بىز شۇ تاپتا پەلسىرات كۆۋرۈكىدە تۇرىۋاتىمىز. كۆۋرۈكتىن ئۆتەلىسەك نۇسرەت بىزدە، ئۆتەلمىسەك دوزاختا مەھكۇم بولىمىز. مەھمۇد بىزنى دوزاختا ئىنتىزىۋاتىدۇ، ئۇ ئىنتىزىگىچە بىز ئۇنى ئىنتىزەيلى، — دېدى شەمسىددىن خەلپەم جىددىي قىلىپ.
— ئەي ئۇستاز، شۇ تاپتا مۇڭ ـ پىغان، ھەسرەت ـ نادامەت قاپلىغان يۈرىكىمگە ھېچنېمە پاتمايدۇ، مېنى ئەپۇ قىلسىلا، — ئەلا پالۋان شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلدۈڭ ـ گۈلدۈڭ مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
مەجلىس ئەھلى سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار ئەلا پالۋاننى چاقىقان مەھمۇددەك يىلاننىڭ سالغان نەشتىرى چىقىپ كەتمىسە، زەھىرى يۈرىكىدە قالغىنىنى چۈشەندى. شەمسىددىن خەلپەم بۇ كۆڭلى نازۇك شاگىرتىنى كۆپ ئايايتتى، شۇڭا ئۇنى توختاتمىدى.
سۈكۈتنى تۇردى يۈزبېگىنىڭ ئاۋازى بۇزدى:
— خەلپە دادا، بۇ ئىشنى ماڭا قويسىلا. ئات ئېغىنىغان يەردە توكى قالىدۇ، يا ئۆلەرمەن، يا بۇ ئىككى مىتتىنى جەھەننەمگە يوللارمەن! مەن بۇ ئىشنىڭ يولىنى دىلىمغا پۈكۈپ قويدۇم.
ھەممە ئادەم تۇردى يۈزبېگىنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، كەڭ غولىغا، كۆچتۈڭگۈر بەستىگە باقتى، ئۇنىڭ بۇ مۇشكۇل، خەتەرلىك ئىشقا جېنىنى قولتۇقىغا قىسىپ تەۋەككۇل قىلماقچى بولغىنىدىن دىللىرى يورۇدى. شەمسىددىن خەلپەم ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى، سالىش ئىمام دۇئا بەردى:
— ئەي خۇدا، تۇردىنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلغايسەن!

# 9

شۇ كۈنى كەچتە تۇردى يۈز بېگى يېنىغا ئۇنلۇق يىگىتنى ئېلىپ تام بارگاھقا ئاتلاندى. ئاتلار سارغىيىشقا باشلىغان چۆپلەرنى چەيلەپ چاپتى. ئاسمان ئاچ ھاۋارەڭ ئەينەكتەك ناپتازا، يۇلتۇزلار ئىمىر - چىمىر قىلاتتى. تەبىئەت ئۇيقۇغا كەتكەندەك، جىمجىتلىق. پەقەت كۈزنىڭ سالقىن شامىلى يۇزلەرنى ئەركىلىتىپ ئارام بېرەتتى. تۇردى يۈز بېگىلەر ئارازا يۇلتۇزى ھالىدىن كېتىپ مۆكۈنگەندە، يىراقتىكى تام بارگاھ چېدىرلىرىنى قارا - كۇرە كۆرۈشتى ۋە توختاپ ئاتتىن چۈشۈشتى. ئاتلارنى چۈشەپ قويۇۋېتىپ، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈۋاتقان دەرەخ، قورۇشقا باشلىغان قورايلار ئارىسىدىن مەھمۇد پونىڭ چېدىرىغا قاراپ ماڭدى. مەھمۇد پو سۇلتان بولغاندىن كېيىن مەزەمزانىنىڭ چېدىرىدا تۇرۇۋاتاتتى. تۇردى يۈزبېگى يىگىتلىرىنى ئېزلا ئۇنىڭ چېدىرىغا باشلاپ ئەكەلدى. تۇردى يۈز بېگى چېدىر ئەتراپىدا كۆزەتتە تۇرغان لەشكەرنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئاستا، سالما ئىدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق قارا كۆلەڭگىگە يېقىنلاشتى. بىر قەدەم قالغاند توختاپ، يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدىشىنى پەسلەتتى، ئاندىن لاچىندەك تېزلىك بىلەن جېسەكچىنىڭ بوينىدىن قايرىپ ئاغزىغا لاتا تىقتى ۋە جېسەكچىگە:

— مەن ئەمىر ئەلا پالۋاننىڭ پەرمانى بىلەن مەھمۇد پونى قەتل قىلغىلى كەلدىم، قارشىلىق قىلمىساڭلا جېنىڭ ئامان قالىدۇ. جىم يات ! — دەپ پىچىرلىدى ھەم ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلىۋەتتى.

جېسەكچى ئەلا پالۋاننىڭ پەرمانى دېگەن سۆزگە ئىشەندى بولغاي، مومىلا ياتتى. تۇردى يۈز بېگى ئۇنىڭ بەردەنگىسىنى بېنىدىكى يىگىتكە ئالغۇزۇپ چېدىرغا يېقىنلاشتى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئىككى يىگىتى چېدىر ئىشىكىنى بېقىپ تۇرغان جېسەكچىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنىمۇ تۇردىغا ئوخشاش چېدىر ئارقىسىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. تۇردى يۈزبېگى ئىككى جېسەكچىنىڭ ئورنىغا ئىككى يىگىتنى جېسەكچى قىلىپ قويۇپ ئۆزى بىر يىگىت بىلەن چېدىرغا كىردى. مەھمۇد پو چۈشىكىدە كىرىپىدەك تۈگۈلۈپ

يېتىپ بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. تۇردى يۈزبېگى ئۇنىڭ بېشى ئۇستىگە كېلىپ، ئاچ بېقىنىغا بىرنى قويۇپ ۋارقىرىدى:
— ئەي مەككار، تۇر ئورنىڭدىن!
مەھمۇد چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوينىغا تەڭلىنىپ تۇرغان شەمشەرنى كۆرۈپ قورققىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى:
— ھەي نجىس، سەن زادى ئۆلۈمغا نېمە مەقسەتتە كەلگەن؟!
— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلە ... يەەن، — دەپ تىترەپ تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى مەھمۇد پو، — مەن ... مەن مۇ ... سۇلما ... نلارنى قوت ... قۇزۇشقا كە ... كەلگەن. مېنىڭ نى... نىيىتىم شۇ ... كى ... ، سىز ... لەرنى خو ... خوجام بە ... بەدۆلەت بىلەن بىر ... بىرلەشتۇرۇش!
— ھىم، خوجامنىڭ خوجىسى بار ئىكەن - دە، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. ئاندىن مەھمۇد پودىن يەنە سورىدى، — ئەخمەتخان خوجاڭچۇ؟
— ئۇ خوجامنىڭ بە دۆلەتنىڭ يېقىن كىشىسى ئىكەنلىكىنى يېقىندا بىلدىم. مەن سۇلتان بولغاندىن كېيىن ئۇ زات ماڭا بە دۆلەتكە ئادەم ئەۋەتىشىمنى، ئىلى شەھىرىنىڭ ئۇنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشىنى ئېيتقان.
— سەن ئادەم ئەۋەتتىڭمۇ؟
— ياق تېخى.
تۇردى يۈزبېگىنىڭ قان يۈگۈرگەن يۈزىدە، كۆزلىرىدە غەزەپ شولىسى چاقنىدى - دە، جاھاندىكى كۆچتۈڭگۈرلەردەك قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى ۋە قاتتىق ئاۋازدا:
— ئەمىر ئابدۇرۇسۇل ئاكا ئۈچۈن، ناسىر ئەلەم ئۈچۈن دوزاخقا سەپەر قىل، — دەپ مەھمۇدنىڭ بوينىغا چاپتى.
مەھمۇد پونىڭ بەتبەشىرە كاللىسى ئاجىز تېنىدىن ئايرىلىپ پالازغا دومىلاپ چۈشتى.
تۇردى يىگىتلىرىنى باشلاپ شەھەرگە قاراپ قوينىدەك ئۇچتى. ئۇلار ئەخمەتخان خوجىنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كەلگەندە، تاڭ ئاتقانىنىڭ

بەلگىسىنى كۆرسىتىپ يولتوزلار شالاڭلاشقانىدى.

ئەخمەتخان خوجىنىڭ ھاجەتكە چىققان مورتى دەرۋازىنى ئېتىۋرگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ خوجىنى ئويغاتتى. ئىشنىڭ كۆتكىنىدەك بولمايۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن تۇردى:

— ئەي خوجا، ئەر بولساڭ چىق بۇياققا. كالىلاڭنى ئالىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەخمەتخان خوجا ئۈشتۈمتۇت قۇياش تۇرىغا دۇچ كەلگەن شەپەرەڭدەك نېمە قىلارىنى بىلمەي قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ مورىتلىرى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ خوجىنى باغنىڭ تېمىدىن ئارتىلدۇردى. ئەخمەتخان خوجا تامىبىلىنى كۆتۈرگەن پېتى خوپزولارنىڭ بارگاھىغا قاراپ قاچتى. خوپزولارنىڭ سولتانى ياگور باشلىق سىپاھلار خوجىنى ئەتۋارلاپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى.

ھاسىل كالام، مەھمۇد پونىڭ سويىقەست بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالغا، سولتانلىقى «موزاينىڭ يوگۇرۇشى سامانلىقىچە» دېگەندەك، ئوتتۇز ئالە كۈنلا ئۆمۈر سۈرەلىدى.

تاڭ شەپىقى سېخىي نۇرى بىلەن بەيتۇللانىڭ پەشتىقىغا ئەگىلىپ يېقىپ نۇرلاندۇرۇۋەتتى. يېڭىنىڭ سەھەر شاملى مەھمۇد پونىڭ خام كالىلىسىدىن چىققان سېسىق پۇراقنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى. خوجىلاردىن ئىخلاسى قايتقان شەھەر خەلقى مەھمۇد پونىڭ ھىيلە - مىكىرگە تولغان، بەتبەشرە كالىلىسى ئەتراپىغا توپلىنىپ، بىر نىجىسنىڭ يوقالغىنىغا شۈكۈر قىلىشتى، ئۇنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرىنى ئەسلەپ راسا كۈلۈشتى.

شۇنداق، بۇ جاھان ئۆزۈن جاھان. بۇ جاھاندا يامانلىق ياخشىلىق ئۈستىدىن كۈلەلمەيدۇ. ياخشىلىق ھامان يامانلىق ئۈستىدىن كۈلىدۇ.

# توققۇزىنچى باب

## ئاخىرقى نۇسرەت

ئالقان يېگەن خەلقلەر
نېمەتلەرگە يېتىشتى.
ئازاد بولۇپ زۇلۇمدىن
مۇڭلىرىنى ئېيتىشتى.
— خەلق قوشىقى

1

ھەيۋەتلىك كۆركەم مەپە كۆرەنىڭ مەركىزىي كوچىسىدىكى جياڭجۇن ئىبادەتخانىسى ئالدىدا توختىدى. بۇ يەردە سەپ تۈزۈپ تۇرغان جىسەكچىلەر ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇشاتتى. مۇلازىملار دەررۇ جياۋ[1] كەلتۈرۈشتى. بىر مۇلازىم مەپىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ دۈم ئولتۇردى. مەپىگە مىڭ شۈي جياڭجۇن ھېلىقى مۇلازىمنىڭ دۈمبىسىنى دەسسەپ چىقىپ سۇلغۇن ھالدا جياۋغا ئولتۇردى. ئىبادەتخانىغا مىڭ شۈينىڭ پەرمانى بىلەن بارلىق دارىنلار توپلانغانىدى. ئۇلار بۇ يەرگە ئىبادەت قىلىپ توپلاڭچىلارنى

[1] جياۋ — ھەشەمەتلىك ياسالغان، كىچىك دېرىزىلىك تۆرە ساندۇق. ئىچىدە بىر ئادەم ئولتۇرۇشقا بولىدۇ. تۆت ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ.

يوقىتىشىنى ئىلتىجا قىلماقچى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەسلىھەتچى ئامبال، دالوي، غالدايلار، ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئۇلار مىڭ شوي جياۋدىن چۈشۈشكە ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلىشتى. بۇ ئىبادەتخانا ئىلى جياڭجۇن مەھكىمىسىگە تەۋە جايلار ئىچىدىكى ئەڭ سەلتەنەتلىك، ئەڭ چىرايلىق ئىبادەتخانا بولۇپ، پۈتۈنلەي چىڭ خاندانلىقى ئوردىسىنىڭ ئۇسلۇبىدا ياسالغان، ئاستى ـ ئۈستى، تام ـ تورۇسلىرى يېشىل، سېرىق، كۆك ساپاللار بىلەن بېزەلگەنىدى. ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ دەرۋازىلىق پەشتاق بەيپىڭمېن بار بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. بارلىق قورۇلۇشنى تۆتلا تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ بۇتخانىنى ھەربىيلەر ئىبادەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «جياڭجۇن بۇتخانىسى» ياكى «ئەلەم بۇتخانىسى» دەپ ئاتايتتى. چۈنكى بۇنىڭغا ياندىش كۆڭزى ـ مىڭزى خاتىرە ئىبادەتخانىسىنى «قەلەمكەشلەر ئىبادەتخانىسى» دەپ ئاتىشاتتى.

ئادەتتە جياڭجۇن باشلىق ھەربىي ئەمەلدارلار قەمەرىيە يىلى ھېسابى بويىچە 3 ـ ۋە 10 ـ ئايدا بۇ ئىبادەتخانىغا كېلىپ بۇتقا چوقۇنۇپ مەبۇددىن مەدەت تىلەيتتى. بۈگۈن 3 ـ ئايمۇ، 10 ـ ئايمۇ ئەمەس، 1 ـ ئاي ئىدى. ئەپسۇسكى، مىڭ شوي نەچچە يۈز يىللىق ئادەتنى بۇزۇپ، مەبۇددىن مەدەت تىلەشنى توققۇز ئاي بۇرۇن ئېلىپ باردى.

بۇتخانىغا دۆلەت تۇغى ئېسىلغان، كالا ـ قوي، چوشقىلار ئۆلتۈرۈلۈپ پۈتۈن پېتى مەبۇدنىڭ ئالدىغا قويۇلغانىدى. مىڭ شوي كېلىشى بىلەنلا مۇراسىم باشلاندى، كۈجە كۆيدۈرۈلدى، ئىسرىق سېلىندى، جاڭ ـ دۇمباقلار چېلىندى. ھەممە بۇت ئالدىدا سەپ تۈزۈپ تۇرۇشقىنىدا توققۇز پاي توپ ئېتىلدى. خاس راھىب تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن قوڭغۇراق چېلىندى، ئاندىن ھەممە ئادەم بۇتقا تەزىم قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىبادەت ئاخىرلاشتى.

مىڭ شوي ئەمەلدارلارغا مۇنداق دېدى:

— ئەي دارىن، ئامبال، دالوييلار، توپىلاڭچىلار بوسۇغىمىزدا يولۋاستەك خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنى يوق قىلىش خۇسۇسىدا قانداق مەسلىھەتىڭلار بار، ئوتتۇرىغا قويۇڭلار!

بۇتخانا قىدۇقتا تاش چۈشكەندەك جىمىپ كەتتى. ئەمەلدارلارنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى يىگىنە يېۋالغان ئىتتەك بىچارە، مادارسىز ۋە چۈشكۈن ئىدى. بىر چاغدا چىڭ دالوي ئورنىدىن تۇردى، بۇتقا ئۈچ قېتىم باش قويدى، ئاندىن جياڭجۇنگە قاراپ دېدىكى:

— جانابىي ئالىيلىرى ئىجازەت قىلسا، كەمىنە قۇللىرى كەم ئەقلى بىلەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلغاي.

— سۆزلەڭ! — دېدى مىڭ شۈي.

باشقا ئەمەلدارلار قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇشتى. چىڭ دالوي ۋەزمىن هالدا شۇنداق دېدى:

— خېلى ۋاقىتتىن بېرى توپىلاڭچىلار بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلدۇق، لېكىن ئۇلار تولىمۇ كۆپ بولغاچ ئەدىپىنى بېرەلمىدۇق. ئۇلار قەلئەنى چىۋىن ئۆتمەس قىلىپ قورشىۋالدى. قەلئەدە ئاشلىق ئۈكسۈپ قالدى. شۇڭا، يۇقىرىدىن ياردەم كەلگۈچە توپىلاڭچىلارنى ئالداپ تۇتۇپ تۇرساق، دەيمەن.

— قانداق ئالدايسىز؟ — سورىدى جياڭجۇن.

— يالغان تەسلىم بولىمىز. ئۇلارغا «جانابىي جياڭجۇن ۋە باشقا ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلارغا، چېرىك ۋە بالا - چاقىلارغا تەگمىسەڭلار تەسلىم بولىمىز. بۇنىڭ تەييارلىقىغا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىڭلار» دەيمىز. بۇ ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئۈچ كۈننى تۈگەتمەي تۇرۇپ يەنە ئۈچ كۈن سورىساق. بۇ ۋاقىت ئىچىدە سۈيدۈڭ، لوسىگۇڭ، چىڭسىخوزا قەلئەلىرىدىن بىر تۈمەن چېرىك ئالدۇرۇۋالىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، سېپىل ئاستىدىن لەخمە كولاپ، كېچىسى چىقىپ بىر تۈركۈم توپىلاڭچىلارنى قىرىپ تاشلىساق.

— ھىم. خوش، باشقىلار بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن؟ — سورىدى جياڭجۇن.

— چىڭ دالوينىڭ مەسلىھەتى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولدى، شۇنداق بىر ھىيلە ئىشلەتمىسەكمۇ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى داتۇڭ يامۇلىنىڭ ئامبىلى.

ئەمەلدارلارغا بىر ئاز جان كىرگەندەك بولدى. توپىلاڭچىلار ئاتقان

توپلارنىڭ، مىلتىقلارنىڭ ئاۋازىدىن ئەرۋاھى ئۇچۇپ جېنى ھەلقۇمىغا بىرىپ قالغان بۇ ئەمەلدارلار قۇتۇلۇش يولىنىڭ تېپىلغىنىغا شۈكۈر قىلىشىپ، ھەر قايسىسى چىڭ دالوينىڭ مەسلىھەتىنى جياڭجۇننىڭ ئەقلى بىلىپ قوللىدى، جياڭجۇن چىڭ دالوينىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدى، ئۇ بۇنىڭدىن باشقىمۇ چارە تاپالمىغانىدى.

— ئەمىسە چىڭ دالوينىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش تۇتىمىز. توپلاڭچىلار ئالدىغا كىم ئەلچى بولۇپ چىقىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

بۇتخانا يەنە جىمىپ كەتتى، جاۋاب بەرگۈدەك ئادەم چىقمىدى. نۇرغۇنلىرى كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇشتى. شۇ ئارىدا ئىبادەتخانىغا كۆكرى - مىكرى بۇتخانىسىدا ئىبادەت قىلىۋاتقان مۇلكىي ئەمەلدار، ئۇلارنىڭ بالا - ۋاقىسى ۋە بىر نەچچە يۈز مانجۇ، شىبە، سولۇن پۇقرالىرى كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرىنى تۆكۈپ كىرىپ كېلىشتى. جياڭجۇن ئۇلارنىڭ ئەرز - ھالىنى ئاڭلاپ بىرمۇنچە تەسەللى بەردى، سۈلھى تۈزىدىغىنىنى ئېيتىپ خاتىرجەم قىلدى. ھەربىي ئەمەلدارلار ئورنىدىن تۇرۇپ كەلگەنلەرنى نەسىھەت بىلەن قايتۇردى.

جياڭجۇن ئورنىدىن تۇردى، ئەمەلدارلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى. جياڭجۇن پەرمانىنى جاكارلىدى:

— سۈلھى تۈزۈشكە چىڭ دالوي چىقسۇن!

2

چىڭ دالوي ۋەكىللەر بىلەن راۋاق ئۈستىگە چىقتى. ئۇ سېپىل سىرتىدا سانجاق تۇرغان قوزغىلاڭ لەشكەرلىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئەي ئەھلىي دىندىكىلەر، تىلماچ ئېلىپ كەلسەڭلار، روبىرو سۆزلىشەيلى، خىياللىڭلارنى بىلەيلى.

ئەلا پالۋان ئۇلارنىڭ ئالدىغا جابباش مىراپ، خۇدا بەردى بەگ، تۇردى يۈز بېگى، ئەمىرشاھ ۋە ساماساق تىلماچلارنى ئەۋەتتى.

— تەسلىم بولۇپ دەرۋازىنى ئاچساڭلار ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەيمىز، —

دەپ ۋارقىرىدى ئەمىرشاھ.
ساماق تىلماچ ئۆرۈپ بەردى. چىڭ دالوي سورىدى:
— تەسلىم بولساق ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرمەمسىلەر؟ ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلارنىچۇ؟ قانداق شەرتلىرىڭلار بار؟
ئەمىرشاھ دەرھال چاپارمەننى چاقىرىپ:
— تېز بېرىپ ئەمىر لەشكەردىن سورىغىن، ئۇلار تەسلىم بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى سورايدۇ. قانداق جاۋاب بېرىمىز؟ — دېدى.
چاپارمەن كەتتى، ئەمىرشاھ ئادەملىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى پەقەت يالغاندىن باش قوشۇش ئىدى. خېلىدىن كېيىن چاپارمەن يېتىپ كېلىپ ئەمىرشاھقا دەۋەتنامە[1] بەردى ۋە دېدى:
— ئەمىرلەشكەر ئەلا پالۋان دەيدۇلەركى، مۇنۇ دەۋەتنامىنى چىڭ دالويگە بەرگەي، دەۋەتنامىگە كۆنسە، باشقا تەلەپ قويمىسا، ئەمىر شاھ ۋەكىللەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلغاي!
ئەمىر شاھ ئەلا پالۋاننىڭ دەۋاتنامىسىنى چىڭ دالويگە ئۆرۈپ بېرىشنى ساماق تىلماچقا تاپشۇردى. ساماق تىلماچ دەۋەتنامىنى مۇنداق ئۆرۈپ، ۋارقىراپ تورۇپ ئوقۇپ بەردى:
— مىڭ شوي جياڭجۈن باشلىق بارلىق ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلار، چېرىكلەر، كۆرە قەلئەسىدىكى پۇقرالار. سىلەرگە مەلۇم بولغايكى، بىز ئىختىلالچىلار چاڭ جياڭجۈنگە ئوخشاش زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى كۆتىرىلگەن. بىزنىڭ نىيىتىمىز بىر، ئۇ بولسىمۇ پۇقرالارنى توق، باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش، ۋاڭ خولۇ ئالۋىنىغا ئوخشاش ئېغىر ھاشارلار، ئۈستى - ئۈستىگە چۈشكەن سېلىقلارنى يوقىتىش. پۇقرا بىلەن ئەمەلدارلار ئاللانىڭ قۇياش نۇرىدىن تەڭ بەھىر ئېلىش. بۇنىڭدىن باشقا نىيىتىمىز يوق. بىز ۋەتىنىمىزگە بېسىپ كىرگەن ئاق پادشاھ لەشكەرلىرىنى بىتچىت قىلدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن بېسىپ كىرسىمۇ بىتچىت قىلىمىز. شۇنىڭ

---

[1] دەۋەتنامە — تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن مەكتۇپ.

ئوچۇن دەيمىزكى، سىلەر يېتىم قالدىڭلار، ئەگەر تەسلىم بولساڭلار ئەمەلدار، چېرىكلەرگە تەگمەيمىز، مىڭ شۈي جياڭجۈن باشلىق بىر نەچچە ئەمەلدارنى بىزگە چىقىرىپ بېرىڭلار. كۆرە قاتارلىق توققۇز قەلئە ۋە بارلىق قورغانلار ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئەگەر مىڭ جياڭجۈن تەسلىم بولۇشقا قارشى تۇرسا، بىز سېپىلنى پارتلىتىپ كۆرەنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمىز، گېپىمىز گەپ!

چىڭ دالوي ئاڭلاپ بولۇپ دەۋەتنامىنى قولىغا ئالدى.

ــ ئەي ئەھلى دىن باھادىرلىرى، بىز بۇ شەرتلەرنى مىڭ شۈي جياڭجۈنگە تاپشۇرايلى، ئۇ زات نېمە دەيدۇ، مۇزاكىرە قىلايلى، ئۈچ كۈن مۆھلەت بەرگەيسىلەر، ــ دېدى.

ئەمىرشاھ جابباش مىراپ، تۇردى يۈزبېگى، خۇداۋەردىلەر بىلەن مەسلىھەتكە چۈشتى. ئۇلار ئەمىرلەشكەرنىڭ، باشقا تەلىپى بولسا ئۆزلىرى جاۋاب قىلغاي، دېگەن پەرمانى بويىچە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىشكە ماقۇل بولدى.

چىڭ دالوي غالىبلارچە مىڭ جياڭجۈننىڭ خاس «تەخت ئۆيى» گە كىردى. مىڭ شۈي تەختىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئالدىراپ سورىدى:

ــ خوش، ئۇ ئوغرىلار نېمىدەپ جاۋاب بەردى؟

ــ جاۋابى مانا بۇنىڭدا، ــ چىڭ دالوي دەۋاتنامىنى ئىككى قوللاپ سۇندى. مىڭ جياڭجۈن دەۋەتنامىنى ئوقۇپ ئويلىنىپ قالدى. چىڭ دالوي:

ــ ئالىيلىرى، ئۇلار دەۋاتنامىسىدە چاڭ جېن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىغا قارشى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، بىز بۇنىڭدىن پايدىلانساقمىكىن؟ ــ دېدى مۇغەمبەرلەرچە ھجىيىپ.

ــ قانداق پايدىلانساق بولىدۇ؟

ــ مەسىلەن، ئۇلار قارشى تۇرغان چاڭ جېن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى چىقىرىپ بەرسەك.

ــ ھىم! ــ مىڭ شۈي تامىقىنى قىرىپ قويدى.

چىڭ دالوي ئۇنىڭ دىلىغۇل بولۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ دېدىكى:

— ئەگەر جانابلىرى لايىق تاپسا، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئىشەندۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، قورقۇنچاق ئەمەلدارلارنى ۋە بىر قىسىم پۇقرالارنى چىقىرىپ بەرسەك، ئۇلار بىزگە ئىشىنەر ۋە بىخۇدلىشار دەيمەن.

— قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان دېگەنلىرىڭىز كىملەر؟

— يەنى مەسىلەن، توپىلاڭچىلار قارشى تورۇۋاتقان چاڭ جىن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى. چاڭ جىن ئۈچقۇننى بىرلا پۇدەپ ئۈچۈرۈۋېتىدىغان ۋاقىتتا بىخۇدلۇق، يېنىكلىك قىلىپ ئۈچۈرمىدى، يالقۇنغا ئايلانغاندا بىز ئامالسىز قالدۇق. ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى قېرىپ، بىر پۇتى ئالدىغا ماڭسا، بىر پۇتى كەينىگە كېتىدىغان ھالدا يۈرۈيتۇ. ئۇلار بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلىرى بىلەن بىرەر يۈزگە يېتىدۇ. ئۇلارنى چىقىرىپ بەرسەك تەمىناتتىمۇ يەڭگىللەپ قالار ئىدۇق. توپىلاڭچىلارنىڭ غەزىپى بىر ئاز بولسىمۇ بېسىلار ئىدى.

مىڭ جياڭجۇنگە بۇ مەسلىھەت مايدەك يېقىپ كەتتى. ئۇ يەنە سورىدى:

— يەنچۇ، يەنە كىملەرنى چىقىرىپ بەرسەك بولىدۇ؟

— توپىلاڭچىلارنىڭ تۇغىدا «زالىم ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ، يۇرتىمىزدا ئاسايىشلىق تۇرمۇش كۆچۈرۈش يولىدا ئالغا!» دېگەن گەپ بار. بىز. سىلەر يوقىتىدىغان زالىم ئەمەلدارلار مۇنۇلار، دەپ، تۇدارىن، بى دارىن، چا دارىن، خا غالداي، با غالداي...

— بولدى، بولدى، كۆڭلىمىزگە پۈككەننىڭ ھەممىسىنى خوتۇن - بالىلىرى بىلەن چىقىرىپ بېرىڭ. بۇلارغا ھازىرلا ئۇقتۇرۇڭ. مۆھلەت توشقان كۈنى چىقىرىپ بېرىڭ!

شۇ تاپتا مىڭ جياڭجۇننىڭ ئۆزى بىلەن بالا - چاقىسى ئامان قالىدىغانلا بولسا چىڭ دالويىنىمۇ چىقىرىپ بەرگۈسى بار ئىدى. چىڭ دالوي گولقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا جياڭجۇننىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ كەتتى. ئۇ يول بويى بۇ يۇزدىن ئارتۇق دارىنلارنىڭ بارلىق بايلىقى قولۇمغا چۈشتى، دەپ ئويلاپ ماڭدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەمەس، چىڭ دالوي تۆتىنچى كۈنى يوقىرىدا ئىسمى -

شەرىپى زىكرى قىلىنغان ئەمەلدارلارنى بالا - چاقىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ۋە بىر نەچچە يۈز خەنزۇ، شىبە، سولون پۇقرالىرىنى شىمالىي دەرۋازىدىن مەجبۇرىي چىقىرىۋەتتى.

ئەمىرشاھ چاڭ جىڭدىن باشقىلارنى غۇلجا شەھىرىگە ماڭدۇرۇۋەتتى. ئەلا پالۋان خۇيزۇلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن چاڭ جىن جياڭجۇننى ياگۇر سۇلتانغا تاپشۇرۇپ بەردى. ياگۇر ئۇنى دارغا ئېسىپ پۇخادىن چىقتى.

ئەمما، قەلئە قوۋۇقلىرى ئېچىلمىدى، دەرۋازا ئۈستىدىكى قوقتىلاردا چېرىك كۆپەيتىلدى. ئەلا پالۋان يەنە ئۈچ كۈن سەۋر قىلدى. مىڭ شۈي يەنىلا تەسلىم بولۇش بېشارىتى بەرمىدى، ئەكسىچە، يېرىم كېچىدە، نۇرغۇن ئاتلىق چېرىك سۈيدۇڭ تەرەپتىن كېلىپ كورەگە كىرىپ كەتتى. ئەلا پالۋان جابباش، ئەمىرشاھ، تۇردى يۈزبېگى، خۇدابەردى، قاۋاش پالۋان، بەگزات بەگ ۋە ساماساق تىلماچنى يەنە ئەۋەتتى. ئەلچىلەر راۋاق ئالدىدىكى دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. ساماساق تىلماچ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئەي ناكەسلەر، نېمە ئۈچۈن ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ۋەدىگە ۋاپا قىلماي چېرىك توپلايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن دەرۋازىنى ئېچىپ تەسلىم بولمايسىلەر؟

چىڭ دالوي سېپىل ئۈستىگە چىقىپ جاۋاب بەردى:

— ئەي باھادىرلار، جياڭجۇن سىلەردىن بەك قورقۇپ كېتىپ يېتىپ قالدى. جياڭجۇن يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرسا دەۋاتىدۇ، ئاندىن تەسلىم بولۇش ھەققىدە كېلىشىم تۈزسەك.

— ئەمىسە ئۆزۈڭ ئەمىرلەشكەرگە بېرىپ سۆزلەش!— دېدى ئەمىر شاھ.

چىڭ دالوي ماقۇل بولۇپ، ئارغامچىغا ئېسىلىپ سېپىلدىن چۈشتى. ئەمىرشاھ باشلىق ۋەكىللەر چىڭ دالوينى ئاتقا مىنگۈزۈپ ئەمىرلەشكەر چېدىرىغا قاراپ ماڭدى. شۇ ھامان سېپىل ئۈستىدىن مىلتىق ئېتىلىپ، بىر پاي ئوق ساماساق تىلماچقا جان كېسىپ تەگدى. ساماساق تىلماچ شۇئان جان ئۈزدى. ئەمىرشاھ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ شۇئان چىڭ دالوينىڭ كاللىسىنى ئالدى. تۇردى يۈزبېگى چىڭ دالوينىڭ بېشىنى خەندەك كۆۋرۈكىنىڭ سالاسۇنىغا باغلاپ قويدى.

يەنە ئېتىشما باشلىنىپ كەتتى. توپ ئوقلىرى كۆرە قەلئەسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى لەرزىگە كەلتۈردى. كۆرە سېپىلىدىن ئېتىلىپ چىققان ئون - يىگىرمە جىڭ ئېغىرلىقتىكى دۈگىلەك چويۇن ئوقلار پارتلاپ ئۇيمانلىق ھاسىل قىلاتتى.

ئەلا پالۋان ئەمىرشاھتىن جىياڭجۈننىڭ ھىيلە ئىشلەتكىنىنى بىلىپ ئۆزىنىڭ ساددىلىقىنى ئەيىبلىدى. ئۇ كۆرەنى پەتىھ قىلىش ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇردى. دەل مۇشۇ پەيتتە شەمسىدىن خەلپەم كۆرە تام بارگاھىغا كەلدى. ئەلا پالۋان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشىغا شەمسىدىن خەلپەم چېدىر بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز! — ئەلا پالۋان ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى، قولتۇقىدىن يۆلەپ تۆرگە ئۆتكۈزدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھالىڭىز نېچۇك، ئەمىرلەشكەر.

— ئاتا، سىلى مېنى كىچىكىمدىن ئوغۇللىرى سۈپىتىدە ئۆز كۆرۈپ سەنلەيتتىلە، ئەجەب بۈگۈن سىزلەپ قاپتىلا، مەندىن نېمە گۇناھ ئۆتتى، ئالدىلىرىدىن ئۆتۈپ قويغان يېرىم بار ئوخشىمامدۇ!

شەمسىدىن خەلپەم كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئەلا پالۋانغا ئاتىلىق مېھرى بىلەن قاراپ قويۇپ:

— ھېچقانداق گۇناھىڭ يوق بالام. لەشكىرىمىزنىڭ ئەمىرى دەپ سەلتەنەتكە لايىق مۇئامىلە قىلىش بىز پۇقرالارغا سۈننەت بولغاچ سىزلەپ قويغاندىم، — دېدى.

— ئۇنداقتا خاتىرجەممەن، — دېدى ئەلا پالۋان. — سىزلەش ياتسىراش مەنىسىنى بەرگەچكە سىلىگە گەپ سېلىپ قالدىم.

— ئەگەر مېنىڭ سېنى سىزلىگىنىمنى ياتسىراش دەپ چۈشەنسەڭ، مېنى سىلى ئۆزلىرى دېگىنىڭنى نېمە دېسەك بولار؟

— سىلى دېگەن ئاغزىمغا ئىلىم سالغان ئۇستازىم. ئۇستازنى ھۆرمەتلەش ھەر بىر شاگىرتنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل خەلقنىڭ ئادىتى.

ئۇلار شۇ تەرىقە ئۇستاز - شاگىرتلىق مېھرىنى ئىزھار قىلىشقاچ، تاماققا ئولتۇرۇشتى. بۈگۈن ئاشپەز شەمسىدىن خەلپەمنىڭ كېلىدىغىنىنى

بىلگەندەكلا ئۇ ئامراق پېتىر مانتا ئەتكەنىدى. خەلپەم جىلتىسىنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ چىققان پېتىر مانتىنى تەقسىمگە قويدى:
— پاھ، پاھ، ئاشپىزنىڭ مانتىغا ئۇستا ئىكەن، — دەپ ماختىدى.
— ئاشپەزنى ئۇستا قىلغان خەلقنىڭ ئىمتىي، — دېدى ئەلا پالۋان كۈلۈپ.
— لەشكىرىڭىز مۇشۇنداق تاماقلارنى يەمدۇ؟
— لەشكەرنىڭ تاماقى كۆچلۈك، مانتا، شورپا، پولۇ، شويلا دېمەيلا، ئىشقىلىپ، ھەممە تائاملار ئېتىلىپ تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئەلا پالۋان.
— لەشكەر توق بولسا يىلىكى پۈتۈن. بىلىكى چىڭ بولىدۇ. بۇنداق لەشكەر كورەنى تېز ئازاد ئېتىدۇ، — دېدى شەمسىدىن خەلپەم.
— راسا بېشىم قېتىپ تۇرغاندا كەلدىلا، سىلىنىڭ تەلىم - بىلىملىرىگە تەشنا بولۇپ تۇراتتىم، — دېدى ئەلا پالۋان. — چوڭ كورە قەلئەسىدىن ئىبارەت بۇ ئاخىرقى جاھىل قورغاننى ئۇرغۇن كۈچ بىلەن ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغاندەك، — ئاندىن ئۇ جىياڭجۇننىڭ ھىيلىسى چىڭ دالوي ۋەقەسى ۋە ئىلماچىنىڭ ئۆلۈمىنى ھېكايە قىلىپ بەردى.
شەمسىدىن خەلپەم ئۇنىڭ ھېكايىسىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئاندىن ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى، كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئىش كەلگەندەك بولدى.
— بىزنىڭ توپلىرىمىز كورە سېپىلىنى تېشەلمەيدۇ، بۇزالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ناھايىتى مۇستەھكەم، — دېدى ئۇ، — سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى ئون ئىككى گەز، ئاستى كەڭلىكى توققۇز، ئۈستى كەڭلىكى سەككىز گەز. سېپىل ئۈستىدىن سەككىز ئات سۆرىيەلەيدىغان ئوتتۇراھال توپنى بىمالال سۆرەپ يۈرگىلى بولىدۇ، چېرىكلەر تۆت قاتار بولۇپ مەش دەسسەپ ماڭالايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، مېنى باشلىغىن. كورەنىڭ تۈزۈلۈشىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، پايدىسى يېتىپ قالار، — دېدى.
ئۇلار ئاتلىنىپ جەنۇبىي دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە شەمسىدىن خەلپەم توختاپ:

— مانا بۇ دەرۋازىنىڭ تۆمۈردىن قاپلانغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۇنىڭغا ئىچىدىن يىگىرمە جىڭ ئېغىرلىقتىكى قۇلۇپ زەنجىرى بېكىتىلگەن، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى ئاۋۇ قوقتىدا ئادەتتە بىر پەي چېرىك تۇراتتى، ھازىر كۆپەيتكەن ئوخشايدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى.

ئۇلار سېپىلنى ئوق يەتمەس يىراقلىقتىن ئايلاندى.

— مۇنۇ كىچىك سېپىل، — شەمسىدىن خەلپەم قامچىسى بىلەن كۆرسەتتى، — چوڭ سېپىلنى قوغدايدۇ. ئۇنىڭ ئاۋۇ بۇرجىكىدىكى سېپىلنى كۆردۇڭمۇ؟ بۇ سېپىلنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئاشۇنداق يەنە تۆت كىچىك سېپىل بىلەن قورشالغان چېرىك بارگاھى بار. ئاتلىق چېرىكلەر بۇ ئۈچ قۇر سېپىل تۆپىسىدە كېچە - كۈندۈز چارلايدۇ. دۈشمەن شەپىسى كەلسە بارگاھ ئامبىلىغا خەۋەر قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۈچ سېپىلغا چىقىپ قوغدىنىش ئۇرۇشى قىلىدۇ. بۇ سېپىللار مانا شۇنداق مۇستەھكەم.

— توغرا ئېيتىدىلا. ھازىر بۇ سېپىللارنى ئېلىش تولىمۇ مۇشكۈل بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئەلا پالۋان غەمكىن ھالدا.

— ھە، بۇ ئىختىلالنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىگە تاقىشىدىغان گەپ، — دېدى شەمسىدىن خەلپەم، — بۇنىڭ چارىسىنى ئويلىشايلى.

— قانداق چارە قوللانساق بولار؟— دەپ جانلىنىپ كەتتى ئەلا پالۋان.

— كونىرە سېپىلنى بۇزۇشنىڭ تەسلىكى مېنىمۇ بىئارام قىلىپ، بىردىن سادىر پالۋاننىڭ بايانداي سېپىلنى پارتلاتقىنى ئېسىمگە كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە قاراپ يۈگۈردۈم. سادىر پالۋان بىلەن سۆزلىشەيلى.

— بۇ ئاقىلانە چارە. ئەمما سادىر ئاغامنى ئاۋارە قىلمىسۇەك بولارمۇ؟ ئۇمۇ قېرىپ قالدى. يەتمىشتىن ھالقىغان بوۋاينى...

— ئاۋارە قىلىشتىن باشقا چارە يوق. سادىردىن باشقا ھېچكىم بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. سادىرمۇ ئېغىر ئالماس. چۈنكى ئۇ بۇ ئىختىلال ئوتىنى بىرىنچى بولۇپ تۇتاشتۇرغان پالۋان.

ئەلا پالۋان ئۇستازىنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن يېنىكلەپ قالدى.

## 3

ئۇلار سادىر پالۋاننىڭ چېدىرىغا كىردى. سادىر پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ئوھۇي، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خەلپەم. بىزنىڭ كەپىمىزگىمۇ قەدەملىرى يېتىپتۇ. قېنى، قېنى، يۇقىرىغا ئۆتسىلە. — دەپ ئۇلارنى خۇشال كۈتۈۋالدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پالۋان ئاغا. ئەھۋاللىرى قانداق، سالامەت تۇرلىمۇ؟ — دەپ ھال سورىدى ئەلا پالۋان.
— كەل پالۋان ئىنىم، سالامەتمۇ سەن، پېقىر قېرىنى يوقلاپ كەلگىنىڭلاردىن كۆڭلۈم يايرىدى، — دەپ، ئەلا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى سادىر پالۋان.
ئۇلار ئولتۇرۇشتى. سادىر پالۋاننىڭ نۆكىرى دەرھال قولغا سۇ ئېلىپ داستىخان سالدى. ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ بىردەم ئادەتتىكى پاراڭلارنى قىلىشتى. ئەلا پالۋان شەمسىدىن خەلپەمنىڭ يوقلاپ كەلگىنىنى، ئۇستازىنىڭ كۆزە قەلئەسى سېپىلىنى تونۇشتۇرۇپ بەرگىنىنى سۆزلەپ بەردى.
— خەلپەم ئىلىمنىڭ ھەممە يېرىنى بىلىدۇ، كۆزەنى پېقىر ئاغىچىمۇ بىلىدۇ. نەچچە قېتىم كۆزەنىڭ گۈندىخانىلىرىدا يېتىپ، تېمىنى تېشىپ چىققىنىم ئېسىڭىزدىن چىقىپتۇ - دە، — دېدى سادىر پالۋان.
— ئېسىمدىن كۆتۈرۈلەمدىغان، سىلىنى يوقلىغاچ كۆزەنىڭ سېپىلىنى قانداق بۇزۇپ كىرىش ھەققىدە تەلىم سوراپ كەلدۇق، — دېدى ئەلا پالۋان.
— ھازىر كۆزە قەلئەسى يا بەز ئەمەس، يا گۆش ئەمەس بىر نېمە بولۇپ قالدى. خەۋەرلىرى بار، چىڭ دالۋي دېگەن مەلئۇن تەسلىم بولمىمىز، دەپ بىزنى ئالدىدى ھەم بېشىنى يېدى. ھازىر توپلارمۇ بوكەڭ سېپىلنى بۇزالمايۋاتىدۇ.
— ھەي، ئەمىر، سېپىلنى بۇزىمەن دېسەڭ مىڭ پاتمان ئۇمىد كېرەك. ئۇنى پەتىھ قىلىمەن دېسەڭ جىياڭجۇنلاردىنمۇ ئارتۇقراق ھىيلە ئىشلىتىشكە

توغرا كېلىدۇ، ــ دېدى سادىر پالۋان.

ــ قانداق ھىيلە ئىشلەتسەك بولار پالۋان، ياكى باياندايى سېپىلىنى كۆككە ئۇچۇرغاندەك ئۇچۇرامدىلا؟ ــ دەپ سورىدى شەمسىدىن خەلپەم.

سادىر پالۋان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ خېلىغىچە ئويلاندى، ئاندىن:

ــ پارتلىتىشقا دورىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. كۆرە سېپىلى باياندايىنىڭكىدىن قېلىن، دەرۋازىلىرى تۆمۈردىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوۋۇقلىرىدىن توپ، مىلتىق ئېتىپ، ئوت چېچىپ يېقىن يولاتمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، لەخمە كولاپ سېپىل ئاستىدىن تېشىپ كىرىپ دەرۋازىنى ئېچىش كېرەك. ــ دېدى.

ــ بەللى، ــ دېدى شەمسىدىن خەلپەم خوش بولۇپ. ــ بۇ تولىمۇ ئاقىلانە چارە ئىكەن. لەخمىدىن كىرىپ دەرۋازىنى ئېچىش، قوقتىلارغا ئوت قويۇش كېرەك. مانا ئەقىل ۋە چارە دېگەن!

ئەلا پالۋاننىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا سادىر پالۋاننى قېرىغاندا ئاۋارە قىلغۇسى كەلمىگەندەك:

ــ ئاغا، بۇ ئىشنى كىمگە تاپشۇرساق بولار؟ ــ دەپ سورىدى.

ئاغاڭغا تاپشۇر، مەن قىلماي كىم قىلىدۇ!

ئەلا پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە چىن قەلبىدىن:

ــ باركاللا ئاغا، باياندايىنى لەخمە كولاپ پارتلىتىپ پەتىھ قىلغانتىلا، ئەمدى چوڭ كۆرەنىمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولدىلا، ــ دېدى.

ــ ياق، مەن تۈنۈشۈك ئېچىپ بەردىم. باياندايىنى سېنىڭ غەيۇر لەشكەرلىرىڭ، ئابدۇللېتىپ خەلپەم، ئەزىز پالۋانلار پەتىھ قىلدى. سەن مېنىڭ باياندايى قەلئەسىگە كىرىشىمگە ئۈنىمىدىڭ، ــ دېدى سادىر پالۋان.

ــ ياق، ياق، ھەق گەپ قىلىسىلا، ــ دېدى ئەلا پالۋان ۋە شەمسىدىن خەلپەمگە قارىدى، ــ ئۇستاز، باياندايىنى پەتىھ قىلىش نۇسرىتىمىزنى سادىر پالۋان ئاغامنىڭ ھېسابىغا يېزىپ قويسىلا، ــ ئۇ سادىر پالۋانغا يۈزلەندى،

ــ كۆرەنى پەتىھ قىلىش ۋە لەخمە كولاشقا سىلىنى ئەۋەتەلمەيمەن، ياشىنىپ قالغانلىرىدا بۇ ئېغىر يۈكنى سىلىگە يۈكلەپ قويغۇم يوق، سىلى پەقەت بىزگە يول كۆرسىتىپ ھۈنەرلىرىنى ئۆگىتىپ قويسىلا بولىدى. سىلى

بىزنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ قالغىنىمىزنى تۇيۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ، بىزنىڭ تۇۋۇرۇكىمىز.

— مانا كۆردىلىمۇ خەلپەم، بۇ باللار بىزنى ھېلىمۇ قىرلىقتا چىقىرىپ يۇمشاق كۆرپىدە ئولتۇرۇپ بەر، دەۋاتىدۇ، — دېدى سادىر پالۋان بۆرۈتىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئاغىزنىڭ چاچ - ساقىلىغا ئاق سانجىلغىنى بىلەن بىلگە، بىلىنگە سانجىلمىدى، خېلى - خېلى يىگىتلىرىڭنى يەرگە ئاتقۇدەك قۇۋۋىتىم بار جۇمۇ!

— بۇنى بىلىمەن، لېكىن كۆرە سېپىلى ئاستىدىن ئۆزۈن لەخمە كولاشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ تولىمۇ ئېغىر ئىش. كەمىنە ئىنىلىرى بۇ ئىشنى ئوغۇللىرىغا تاپشۇرماقچى، سىلى ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ بەرسىلە كۇپايە.

سادىر پالۋان قاپىقىنى تۈردى، بۆرۈتىنى سىلاپ قويۇپ، ئەلا پالۋانغا قاراپ دېدى:

— ئوكا، بۇ بىر ئۇستەڭ چېپىش، يەر ھەيدەشكە ئوخشاش قارا ئىش ئەمەس، بىر ئىنچىكە ھۈنەر، سېپىل تېگىدىن لەخمە كولاپ كىرىپ چېرىكلەر يوق يەردىن چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بولدى، ئۆزۈمگە قويۇپ بەر، باللىرىم ۋە ئۇتكەنكى يىگىتلىرىم بولۇپ بۇدا سەككىز تۇرنا ئەمەس سەكسەن تۇرنا بولۇپ لەخمە كولايمىز. بۈگۈن كېچىلا باشلاي، قولىرىم قىچىشىپ تۇرىدۇ.

— نەچچە كۈندە كولاپ بولالايدىلا؟ — دەپ سورىدى خەلپەم.

سادىر پالۋان ئويلاندى، بارماقلىرىنى پۈكۈپ سانىدى، ئاندىن:

— ئۈچ كۈن، ئەگەر بالدۇرراق تېشىپ كىرەلىسەم غەربىي قوۋۇقنى ئېلىپ ئوت قويىمەن، ئاندىن دەرۋازىنى ئېچىۋېتىمەن، — ئۇ ئەلا پالۋانغا يۈزلىنىپ دېدى، — سەن ئاشۇ ئوتقا قاراپ قوشۇنىڭنى كىرگۈزگىن.

— تولا ئوبدان، — دېدى ئەلا پالۋان. ئاندىن ئۇ شەمسىدىن خەلپەم بىلەن سادىرنىڭ چېدىرىدىن چىقتى.

كۈن تېخى ئەتىگەن ئىدى، ئەلا پالۋان چېدىرغا كېلىپ شەمسىدىن خەلپەمنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن چاپارمەنگە پەرمان بەردى:

— بارلىق سەردارلارنى تېز چاقىرىپ كەل!

ئەلا پالۋان شەمسىدىن خەلپەم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغاندا،

چېدىرغا سەردارلار بىر ـ بىرلەپ كىرىپ كېلىشتى. ئەلا پالۋان قىسقىلا قىلىپ:

ـــ شۇ دەقىقىدىن باشلاپ لەشكەرلەر جىددىي ھالەتتە تۇرسۇن! توپچى ۋە مەرگەنلەر سېپىل ئۈستىگە، قوقتىلارغا ئۇزمەي ئوق ئاتسۇن! ئوقنى ئايىماڭلار، كېچە ـ كۈندۈز ئېتىلسۇن! ـــ دەپ پەرمان بەردى.

سەردارلار ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ:

ـــ پەرمان بەردار! ـــ دەپ چىقىپ كېتىشتى.

## 4

ئەلا پالۋانمۇ ئاتلانماقچى بولۇپ، شەمسىدىن خەلپەمدىن ئۆزرە سورىدى:

ـــ ئۇستاز، سىلى ئۆيدىن ئارام ئالسىلا، مەن چىقاي.

ـــ ئالدىرىما، لەخمە كولىنىپ دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن لەشكەرلىرىڭ قەلئەگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ. ئۇلار قەيەرگە ھۇجۇم قىلىشنى، چېرىكلەرنىڭ تۇرۇش ئورنىنى بىلەمدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى شەمسىدىن خەلپەم.

ـــ ھە، بۇمۇ مۇھىم ئىش، ئۇلار بىلمەسلىكى مۇمكىن.

ـــ سەن بىلەمسەن؟

ـــ كورەنى تېخى كۆرۈپ باقمىغان.

ـــ ئەمىسە مەن ساڭا كورەنىڭ ئىچىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي. سېپىلنى ئايلىنىپ چىققاچ ساڭا سۆزلەپ بېرىمەن. سەنمۇ پەرمانىڭنىڭ ئورۇندىلىشىنى كۆرەلەيسەن.

ـــ ئەگەر چارچىتىپ قويمىسام جاھان ئىش بولاتتى.

ـــ سادىردەك پالۋان بولمىساممۇ ئاتتا مىختەك ئولتۇرالايمەن. بېلىم قاتقاچقا ئاغرىمايدۇ.

ـــ ھاي، كىم بار، ئات كەلتۈرۈڭلار! ـــ دەپ ۋارقىرىدى ئەلا پالۋان، ئاندىن ئۇستازىغا دېدى، ـــ سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

ئۇلار ئاتلاندى. بۇ چاغدا توپ ئاۋازلىرى يەر ـ جاھاننى بىر ئالغانىدى. ئۇلار ئوق يەتمەس يەردىن سېپىل ياقىلاپ بىرخىل يورغىدا مېڭىشتى.

شەمسىدىن خەلپەم قەلئەنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:
— قەلئەگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان سەركەردە، يۈزبېشىلىرىغا كوچا، يامۇللارنى ئىگىلەش ۋەزىپىسىنى بەرگىن. بىر كوچلۇك سەردار غەربىي مەركىزىي كوچىدىكى دۇتۇڭ يامۇلىغا ھۇجۇم قىلسۇن. دۇتۇڭ يامۇلىنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى شىر ھەيكىلى، ئۇنىڭ نېرىسىدا مەشق مەيدانى بار. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يامۇلنىڭ ئىچكى بىناسىغا بارغۇچە يەنە ئۈچ ئۇرۇندا خاس چېرىكلەر ساقلاۋاتقان دەرۋازا بار. بۇ دەرۋازىلاردا نۇرغۇن ئامانلىق ساقلاش چېرىكلىرى تۇرىدۇ. دۇتۇڭ يامۇلىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلار لەكمە، توپچى، ئاتلىق قوشۇنلارغا سەردارلىق قىلىدۇ. يامۇل ئىچىدىكى بارگاھتا ئىككى يىڭ چېرىك دائىملىق تۇرىدۇ. يىڭ دېگىنى بىرچە تۈت يۈزلۈك چېرىك دېگەنلىك. غەربىي مەركىزىي كوچىدا يەنە شىلىڭ يامۇلى، زۇلىڭ يامۇلى، مۇزىكا ئەترىتى ۋە لەكمە قوشۇن تۇرالغۇلىرى بار. شىمالىي مەركىزىي كوچىغا ھۇجۇم قىلىدىغان سەركەردەڭگە قاتتىق جېكىلەپ قوي...
ئۇنىڭ سۆزى قاتتىق توپ ئاۋازىدىن ئاڭلانماي قالدى. شەمسىدىن خەلپەم سۆزىنى توختاتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى سالدۇرۇپ چېپىپ، توپچە ئارىسىغا بېرىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى. ئەلا پالۋان ئۇلارغا كېچىدە توختاتماي ئېتىشنى جېكىلىدى. ئۇلار توپچىلار قوشۇنىدىن نامازدىگەر-يېقىن قايتتى.
كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئەلا پالۋان يەنە قوشۇننى ئارىلىغىلى چىقىپ كەتتى. ئۇ يېرىم كېچىگە يېقىن چېدىرغا كەلدى. كۆردىكى، ئۇستازى ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ قەغەزگە بىرنېمىلەرنى سىزىۋاتاتتى. ئۇ ئەلانىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە:
— كەلگىنىڭ ياخشى بولدى، مەن سەن كەلگۈچە قەلئەنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشىنى سىزىپ قويدۇم، — دېدى.
ئەلا پالۋان يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قەغەزگە قارىدى، قەغەزدە يول، ئۆي، راۋاقلارنىڭ رەسىملىرى بار ئىدى. شەمسىدىن خەلپەم بىرىنچى ۋاراق قەغەزنى ئۈستىگە قويۇپ چۈشەندۈردى.
— مەن بايا ساڭا دەپ بەرگەن غەربىي مەركىزىي كوچا مۇنۇ، دۇتۇڭ

يامۇلى مانا بۇ. شىلىنىڭ يامۇلى بۇ. مۇنۇسى زۇلىنىڭ يامۇلى، مۇنۇلار لەكمە قوشۇن تۇرالغۇلىرى.

ئۇ بىرىنچى ۋاراق قەغەزنى ئۇنىڭ تەرەپكە ئېلىپ قويۇپ ئىككىنچى ۋاراق قەغەزنى ئالدى ۋە ئۇنى ئەلا پالۋاننىڭ ئالدىغا قويدى. ئەلا شامنىڭ پىلىكىنى چىمدىپ قويدى. يورۇق روشەنلەشتى.

— مۇنۇسى شىمالىي مەركىزىي كوچا. بۇ كوچىدا بىر لىڭدۇي. ئىككى شىلىنىڭ يامۇلى بار، ئۇلار مانا بۇ يەردە. خەۋەرلىشىش ئورنى مۇنۇ. ماۋۇ بولسا بۇتخانا. — خەلپەم چۈشەندۈرۈپ بولۇپ ئۇ قەغەزنىمۇ ئۇنىڭ تەرەپكە ئېلىپ قويۇپ ئۈچىنچى ۋاراق قەغەزنى ئالدى. — بۇنىڭدا جەنۇبىي مەركىزىي كوچا سىزىلغان. بۇ كوچىدا ماۋۇ لىڭدۇي يامۇلى. ماۋۇ زۇلىنىڭ يامۇلى. مەيەردە لەكمە، توپچى، ئاتلىق قوشۇنلار بارگاھلىرى بار. بۇ تۆت پارچە رەسىمنى تۆت سەردارىڭغا بېرىپ چۈشەندۈرۈپ قويارسەن. ئۇلار جياڭجۈننىڭ مۇشۇ مۇھىم ھەربىي كۈچلىرىنى نىشان قىلىپ ھۇجۇم قىلغاي. ئۇ يەرلەرنى بىلەلمىسە لەشكەرلىرىمىز تۇيۇقسىز زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇ كوچىدا يەنە باشقا ئۆيلەر، سودىگەرلەر جەمئىيىتى، دۇكانلار بار. لەشكەرلەر، سودىگەر، ھۈنەرۋەن، تىجارەتچى، پۇقرالارغا تەگمىگەي.

ئەلا پالۋان چوڭ كۆزەنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇستازىنىڭ بۇ سىزمىسى ۋە چۈشەندۈرۈشىنىڭ قەلئەنى ئېلىشتىكى مۇھىم قورال ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— ئۇستاز، — دېدى ئۇ، — ماڭا لەشكىرىي بىلىم بەردىلە. بۇ يەنە كېلىپ ھەل قىلغۇچ پەيتتە بېرىلگەن ئەمەلىي بىلىم بولدى. بولمىسا لەشكەرلەر قەلئەگە كىرىپ قايمۇقار ئىدى. ئەمدى سەردارلار، سەركەردە، لەشكەرلەر قەلئەنى بەش قولدەك بىلىۋالىدىغان بولدى. مەن تېخى ئۆردۈنى يول باشلىغۇچى قىلسام بولار دەپ خام ئويلاپتىكەنمەن.

— ئۇلار يول باشلىسا تېخىمۇ ياخشى بولار، — دېدى شەمسىدىن خەلپەم ۋە ئەلا پالۋانغا قاراپ مىيىقىدا كۈلدى، — سەن تېخى قەلئەنى تولۇق بىلىپ كەتمىدىڭ. مەن ھازىر پەقەت لەشكىرىڭ ھەدەپ قەلئەگە كىرگەندە ماڭىدىغان كوچىلارنى ۋە بۇ كوچىلاردىكى يامۇللارنىلا دەپ بەردىم.

ئەڭ مۇھىمى مانا بۇلار، — شەمسىدىن خەلپەم بەشىنچى ۋاراق قەغەزنى
ئەلانىڭ ئالدىغا يېيىپ، جىياڭجۇن مەھكىمىسى، مەھرەم، جىياڭجۇننىڭ
تەخت سارىيى، خەزىنە ئورنى، كىرىش ئىشىكلىرىنى قەغەزدىن كۆرسەتتى.
يەنە ئۇ قەغەزدىن مانجۇ كوچىسى، خەنبىڭ كوچىسى ۋە شىبە كوچىسىنى
كۆرسىتىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. — لەشكەرلەر قەلئەگە كىرگەندە
مۇنۇ جەنۇبىي ئامبارنى ساق قولغا چۈشۈرۈۋالغاي. بۇ ئامباردا قورال - ياراغ،
ئوق - دورا، چېرىكلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، ئېگەر - جابدۇقلار بار.
خەلقنى قان يىغلىتىپ يىغىۋالغان يىگىرمە مىڭ چېرىك، ئەمەلدارغا ۋە
ئۇلارنىڭ ئائىلىرىگە يەتكۈدەك ئاشلىق بار. شۇلارنى قولغا چۈشۈرگەي. مۇنۇ
شىبە كوچىسىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدە سېپىللىق قورغان بار. بۇنىڭدا
ئايرىم - ئايرىم تۆت قورغانچە بولۇپ، بۇ يەرگە تۆت خىل ھەربىي ئەسلىھە
قويۇلىدۇ. بۇنى شىمالىي ئامبار دەيدۇ. بۇ يەردە توپ ۋە ئۇنىڭ ئوقلىرى بار.
بۇ يەرنى تازا ئوبدان ئوقۇۋال. بىرىنچى قورغانچىدا پىلتە بىلەن ئاتىدىغان،
ئېغىرلىقى ئالتە جىڭدىن قىرىق جىڭغىچە كېلىدىغان دوملاق، چوڭ -
كىچىكلىكى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان چويۇن بومبا. پىلتىلىك توپلارغا
سېلىپ ئاتىدىغان ئون جىڭدىن يىگىرمە جىڭغىچە بولغان يۇملاق چويۇن
ئوق، پىلتە بىلەن ئاتىدىغان قوغۇشۇن ئوقلۇق قارا مىلتىقلار. پىلتىلىك
ئۇزۇن قول قوراللار، ئىككىنچى قورغانچىدا مىلتىق دورىلىرى، ئۈچىنچى
قورغانچىدا ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ باش كىيىملىرى، زەرباپ
لىباسلار، زەر كەمەرلەر، لاتىدىن تىكىلگەن قىلىن چەملىك ئۆتۈك. «بىڭ»
دېگەن خەت بېسىلغان چېرىكلەرنىڭ كالتە پېنجەكلىرى، تىزغا كېلىدىغان
قارا چاپان - جۇيازا. چېرىكلەرنىڭ قارا پوتا. كالتە قونچىلىق قارا لاتىدىن
تىكىلگەن ئۆتۈكى قاتارلىق ھەرخىل كىيىملەر بار. مۇنۇ تۆتىنچى
قورغانچىدا چېرىكلەرنىڭ قالقىنى، كالتە قىلىچى، نەيزە، تەبەر، ئورغۇن
ئوقيا. بامبۇك ئۇچىغا ئىنچىكە نەيزە بېكىتىلگەن ئوق، ئوقدان ۋە باشقا
خىلدىكى ھەربىي قوراللار بار. بۇ قورغانچىلار ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىر
ئامبال باشچىلىقىدىكى چېرىكلەر قوغدايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرە
قەلئەسىگە كىرگەندە تەمتىرىمەي ھۇجۇم قىلىدىغان، ئولجا ئالىدىغان

ئورۇنلار. پۈتۈمدا ماغدۇر بولغان بولسا ئىدى، ئۆزۈم باشلاپ يۈرەتتىم. سەن بۇ سىزمىلارنى ئالغىن، بۇ سىزمىلاردا كۆرسىتىلگەن ئورۇنلار بويىچە لەشكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، ھەربىر قوشۇنغا بۇ ئورۇنلارنى پەتىھ قىلىشنى تاپشۇرغىن، سەردار - سەركەردىلەرگە بۇ سىزمىدىكىلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويغىن. مانا شۇندا ھۇجۇم ئىدىتلىق بولۇپ ئاز چىقىم بىلەن كۆرەنى ئالغىلى بولىدۇ.

شەمسىددىن خەلپەم جىم بولۇپ قالدى. ئەلا پالۋان ئۇستازىنىڭ بۇ ئەمەلىي ساۋىقىنى ئاڭلاپ، كۆرە قەلئەسىنى ئۆزى ئارىلاپ چىققاندەك بولدى. ئۇنىڭ تونۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ كۆرە قەلئەسىنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىنى ئېسىگە مەھكەم ئورناتتى. ئەلا پالۋان ئۇستازىنى چارچاپ قالدى دەپ ئويلاپ:

— سىلىنىڭ بۇ ساۋاقلىرىنى قەلبىمگە خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئورنىتىۋالدىم، ئەگەر نەچچە ئون پايلاقچى كىرگۈزسەممۇ قەلئە خۇسۇسىدا سىلىدەك مەلۇمات يىغالماس ئىدىم. سىلىگە پۈتكۈل لەشكەر نامىدىن مىڭلارچە تەشەككۈر، ئەمدى ئارام ئالغايلا، — دېدى.

— ھاي، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش خەلقنىڭ شادلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقان بىر لەشكەرمەن، تەشەككۈر بىلدۈرۈش ھاجەتسىز.

ئۇلار يېتىپ ئۇخلاشتى.

5

مەزەمزاتنىڭ ئورنىغا كىمنى سۇلتان سايلاش ئىشى قاتتىق تالاش - تارتىشلارغا سەۋەب بولدى. جالالىددىن خەلپەم ھەر يەردە:

— ئارا ئۇستەڭلىكلەر يۈرتۋازلىق قىلىپ ئەلا پالۋاننى سۇلتان قىلىمىز دەيدۇ، ئانىسىنىڭ سۈتى ئاغزىدىن كەتمىگەن بىر بالىنى بېشىمىزغا مىندۈرۈپ قويساق تولىمۇ سەت ئىش بولماسمۇ؟ — دەپ يۈردى.

— شۇنداق، توغرا ئېيتىدىلا خەلپەم، — دەپ قوللىدى موللارۇزى مۇپتى، — ئۆيلەنمىگەن ئادەم ئىمام بولالمىغاندەك ئۇ بالىنى بېشىمىزغا كۆتۈرسەك بولماس. موللا شاۋكەت ئاخۇنۇمدەك بىلىم ۋە تەھسىلدە

ئەگەداشىمىز، موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان بىر پېشۋايىمىز تۇرغان يەردە ئۇنى ھەرگىز سايلىماسلىق كېرەك. مەنچە، مولللا شاۋكەت ئاخۇنۇم بولسۇن!

ئۇلارنى مولللا، ئاخۇن، بەگ، سىپاھلار تامامەن قوزۇۋەتلىدى.

يەنە بىر تەرەپ ئەپكار ئامما، سەردار، سەركەردە ۋە لەشكەرلەر بولۇپ، ئۇلار ئەلا پالۋاننى سۇلتان قىلماقچى بولدى. ئۇلار:

— ئەلا سۇلتان بولۇشى لازىم، ئۇ بىزنى نۇسرەتكە باشلاپ كەلدى. شەرئەت ھۆكۈمىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم سۇلتان بولسا ئىشىمىزنىڭ توگەشكىنى! — دېيىشتى.

ئۇلار توپلىشىپ ئەلا پالۋان ئالدىغا كەلدى ۋە تەلەپ قىلىشتى:

— سىز بىزگە سۇلتان بولۇڭ، بولمىسا بىز ئەمىن تاپمايمىز.

— ئەي سەردار، سەركەردىلەر، بىز ئۇچۇن ھازىر مەنسەپتىن كۆرە كۇرە قەلئەسىنى ئېلىش، ئاخىرقى نۇسرەتنى قولغا كەلتۇرۇش زۆرۈردۇر، شۇندىلا ئىلىدا خاتىرجەملىك بولۇر.

ئەلا پالۋان ئەپكار ئامما ۋە لەشكەرنىڭ تەلىپى، يالۋۇرۇشلىرىنى رەت قىلدى، سۇلتان بولۇشتىن باش تارتتى.

جالالىدىن خەلپەم، مولللا روزى مۇپتىلار بۇنى پۇرسەت بىلىپ، ئىختىلال ھەيئەت مەجلىسى چاقىرىپ مولللا شاۋكەت ئاخۇننى سۇلتانلىققا ئولتۇرغۇزدى. شاۋكەت ئاخۇن ئەلا پالۋاننىڭ ئابرۇيىدىن چۆچۈدى، ئەلا پالۋانغا ئاۋايلاپ مۇئامىلە قىلدى، ئەمما كەلسە - كەلمەس پەرمان چۈشۈرۈشكە باشلىدى. بېرىپ - بېرىپ ئۇ بەگ، سىپاھلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي قويدى. ئۇ پەقەت قارىكالان جالالىدىن خەلپە، قازى ئەسكەر مولللا روزىنىڭلا گېپىنى ئاڭلىدى. ئۇ بۇ ئۇچىنىڭ سۆزى بويىچە ئەلا پالۋاننى چاقىرتىپ:

— كورەنى ئۈچ كۈن ئىچىدە پەتھ قىلىڭ! — دەپ پەرمان بەردى.

ئەلا پالۋاننىڭ ئەس - يادى كورەنى پەتھ قىلىشتا ئىدى، بۇ پەرمان ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. ئۇ بۇ يېڭى سۇلتاننى سىناش مەقسىتىدە:

— سۇلتان ئاكا، ئۈچ كۈندە قانداق پەتھ قىلىش چارىسىنى ئۆگىتىپ قويسىلىكەن! مەن كورەنى قورشاپ ياتقىلى ئۈچ ئاي بولدى، — دېدى.

— سىز مېنىڭ پەرمانىمغا بويسۇنمامسىز؟ — دەپ ھۆركىرىدى سۇلتان.

— شەۋكەتلىك سۇلتان، سىلىنىڭ پەرمانلىرىغا بويسۇنمايدىغانغا بېشىم ئۇنمۇ. كورەنى پەتنە قىلىشنى ئۈچ كۈن ئەمەس، ئۈچ ئايدىن بېرى ئويلاپ، پەنت ئىشلىتىپ جەڭ قىلىپ كېلىۋاتىمىز. ئەمما پەتنە قىلالمايۋاتىمىز، — دېدى ئەلا پالۋان ئۆزىنى بېسىپ.

— سۇلتانىنىڭ پەرمانى بىر بولىدۇ، ئۈچ كۈندە پەتنە قىلىنىڭ دېگەندىكىن، پەتنە قىلىڭ. بولمىسا پەتنە قىلىدىغان سەردارغا ئەمىر لەشكەرلىكنى تاپشۇرىسىز. گەپ تامام! — دېدى شاۋكەت ئاخۇن.

— باش ئۈستىگە! — دەپ ئەلا پالۋان چىقىپ كەتتى.

ئۇ چىڭ دالۋىگە ۋەكىل ئەۋەتكەن كۈنى ئۇنى سۇلتان يەنە چاقىرتتى.

— كورەنى تاشلاپ سۇيدۇڭنى پەتنە قىلىڭ! — دەپ پەرمان بەردى شاۋكەت.

ئەلا پالۋان ئوردىدىن چىقتى. ئۇ ئاتلىنىپ كېتىۋېتىپ «تووا، — دەپ ياقىسىنى تۇتتى، — بۇ قانداق سۇلتاندۇ، بىر كۈنى ئۇنداق پەرمان بەرسە، يەنە بىر كۈنى مۇنداق پەرمان بېرىدۇ. تۇنۇگۈن بەرگەن قاتتىق پەرمانىنى بۇگۈن بىكار قىلىپ، سۇيدۇڭنى ئال دەيدۇ. زادى قانداق ئادەم بۇ؟» ئۇ شاۋكەتنىڭ پەرمانلىرىنىڭ قالايمىقانلىقىنى ئويلاپ ئاچچىقلاندى.

شاۋكەت سۇلتان ئۆزىنىڭ پەرمانلىرىنى ئەلا پالۋاننىڭ كۆزگە ئىلماي، چاقىرتىسىمۇ ئالدىغا كەلمەي يۈرگىنىنى ئاڭلاپ، ئەخمەتخان خوجىغا زارلىنىپ مەكتۇپ يازدى. ئەخمەتخان خوجا: «ئەلانى ئەمىر لەشكەرلىكتىن قالدۇرسىلا، ئورنىغا توختاخۇننى ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلىسىلە، شۇندا سىلىمۇ، مەنمۇ خاتىرجەم بولار ئىدۇق» دەپ جاۋاب يازدى. شاۋكەت كورە ئۇرۇشى ھەل قىلغۇچ قەدەمگە كىرگەچكە ئەلا پالۋاننى مەنسەپتىن قالدۇرۇشقا پېتىنالمىدى.

ئەخمەتخان خوجا ئەلا پالۋاندىن قورقۇپ، خويزۇلار بارگاھىدىن كەلمەي قويدى، ئەمما موللا شاۋكەت ئاخۇننى ھەقىقىي «موللا» قىلىش ئۈچۈن مەخپىي ئالاقە قىلىپ تۇردى. ئۇ بىر مەكتۇپىدا كۇچا بىلەن قەشقەرىيەگە ئەلچى ئەۋەتىپ خوجىلاردىن ياردەم تىلىشنى، كورەنى پەتنە قىلىشنى

تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپ موللا شاۋكەت ئاخۇنغا مايدەك ياقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوردىدا بەگ، سىپاھلار مەجلىسى ئېچىپ شۇنداق دېدى:

— بايانداي جېڭىمىزدە بىز كۆپ ئادىمىمىزدىن ئايرىلدۇق. چېرىكلەر قوشۇنىمىزدا يوق. بىزدە ھازىر ناسىر ئەلەمدەك ئۇستىمىزدە تۇرۇپ دۇئا قىلىپ بېرىدىغان زات يوق. بىز راشىدىن خان خوجامغا بويسۇنىدىغانلىقىمىزنى، بىر مىللەت، بىر مەزھەپتە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇملىشىپ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، بىرەر مۇشكۇل ئىش يۈزبەرسە ئۆز ئارا مەدەت ۋە ياردەمدە بولۇپ، قان ـ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پاراغىتى، يۇرتىمىز-نىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ نامە بىلەن ئەلچى ئەۋەتسەك قانداق دەيسىلەر؟

بۇ مەسلىھەت يۇرت چوڭلىرىغا ماقۇل كەلدى. شاۋكەت سۇلتان ئىتائەتنامە يېزىپ، دارا خانىپقا كۆچۈرتتى. نامىدە كۆرەنى پەتىھ قىلىشقا ياردەم سورالغانىدى. ئۇ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن دارا خانىپ ئاخۇنۇ باشلىق قىرىق كىشىنى ئەلچى قىلىپ كۇچاغا يولغا سالدى. بۇ ئەلچىلە مۇز داۋاندىن ئېشىپ، تېز يول يۈرۈپ ئۇچتۇرپانغا كەلدى. ئۇچتۇرپاندىـ خوجىلار ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ قارشى ئالدى ۋە ئۆز لايىقىد كۈتۈۋالدى. ئۇلار راشىدىن خان خوجامغا ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ مەلۇم قىلىشتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن راشىدىن خان خوجام: « ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتىم، ئەلچىلەر كۇچاغا كەلسۇن!» دەپ يارلىق چۈشۈردى. ئۇچتۇرپاندىكى خوجاملار ئىشەنچلىك خىزمەتچى، مۇلازىملارنى قوشۇپ ئەلچىلەرنى كۇچاغا يولغا سالدى. راشىدىن خان خوجام ئەلچىلەرنى كۇچادا ئىككى ئاي تۇختىتىپ، ھەممىسىگە ئۆز لايىقىدا ئىنئام ـ سوۋغاتلارنى بېرىپ قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سايىت خوجامنى باش قىلىپ، ئاللايارنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ، يۈز ئەللىك لەشكەرگە تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرتكۈزۈپ ئىلىغا ماڭدۇردى. ئۇلار مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن مۇز داۋاندىن ئۆتتى. شوتىدا ئارام ئېلىپ ئەتىسى تېكەسكە يېتىپ بارغاندا ئۇشتۇمتۇت ئالدىدىن بىر نەچچە موڭغۇل چىقىپ ئالدىنى توستى. ئۇلارنىڭ تۆرىسى:

— سىلەر نېمە ئادەم، نەدىن كەلدىڭلار؟ قەيەرگە بارىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇ جاۋابىنى ئالغۇچە بۇلارنىڭ سانىنى بىلىۋېلىپ:

— بۇ يەردە قاراقچىلار بار. مەن سىلەرگە ئادەم قوشۇپ قوياي، ئۇلار سىلەرنى تىنىچ ئامان غۇلجىغا ئۇزىتىپ قويسۇن. بۇ مېنىڭ ئىلى سۇلتانىغا قىلغان خىزمىتىم بولۇپ قالار، — دېدى.

سايىت خوجام: «ئەگىرىم يولىمىزنى ئاق قىلدى، مۇشكۇلىمىزنى ئاسان قىلدى» دەپ ئويلىدى ۋە ئۆزلىرىگە قوشۇپ بەرگەن ئادەملەر بىلەن ئىككى مەنزىل يەرگە بېرىپ چۈشتى. ئاتلىرىنى ئوتقا قويۇپ، ئاش - تائاملىرىنى يېدى، نامازلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، غەم - ئەندىشىسىز يېتىپ غەرق ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ ھالنى بىللە كەلگەن موڭغۇللار باشلىقىغا خەۋەر قىلدى. يېرىم كېچىدە نۇرغۇن موڭغۇللار ئاسماندىن بالا - قازا ياغقاندەك ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كېلىپ، خوجىلارنىڭ بىر مۇنچىلىرىنى ئۆلتۈردى، بىر مۇنچىلىرىنى ئەسىر ئالدى. خوجامنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىسسىق كۆل ئەرەپلەرگە قېچىپ كېتىپ جېنىنى قۇتۇلدۇردى. سايىت خوجام ئاچ - يالىڭاچ، يېرىم جان ھالەتتە مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن قوۋۇ يېزىسىغا كەلدى. يېزا ئاقساقىلى سايىت خوجامنى كىيىندۈرۈپ بىر ئونلۇق لەشكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا سېلىپ ئەلا پالۋان بىلەن كۆرۈشتۈردى. سايىت خوجام ئەلا پالۋانغا بېشىدىن كۆچۈرگەن ھادىسىلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن، ئەلا پالۋان ئۇنىڭغا مۇناسىپ تون - سەرپاي، كىيىم - كېچەك، تەمىنات بەلگىلەپ بەردى، چاي - ماكان بەردى. موللا ئاللايارمۇ بىر ئاماللاپ قاراقچىلاردىن قۇتۇلۇپ بىر شاگىرتى بىلەن كېلىپ سايىت خوجام بىلەن بىللە بولدى. ئىلى خەلقى سايىت خوجامغا ئىشەنچ، ئېتىقاد بىلدۈرمىدى، بەلكى ئۇنى «يالىڭاچ خوجام» دەپ ئاتىدى. چۈنكى، بۇلار بارغۇچە راشىدىن خانغا بويسۇنمەن دېگەن موللا شاۋكەت سۇلتان ئاللىقاچان قاپقا سېلىنىپ ئىلى دەرياسىغا تاشلانغانىدى. ئىلى خەلقى خوجىلارنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقاچقا، سايىت خوجام ياقۇپ بەگنىڭ ئەلچىلىرىگە قوشۇلۇپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

## 6

كۆرە قەلئەسىدە قىيامەت قايىنىمى بولدى. توپ، مىلتىق ئاۋازلىرىدىن قولاقلار پۈتۈپ كەتتى، يەر سىلكىندى. دەھشەتلىك ئوققا تۇتۇش باشلىنىپ كەتكەندە، سادىر پالۋان ئۈچ ئوغلى ۋە سەكسەن زەبەردەس پالۋان يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ سىپىلنىڭ دەريا بويى تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇلار سىپىلغا يېقىنلاشقاندا سىپىل ئۈستىدىكى چېرىكلەر سېزىپ قېلىپ ئوق ياغدۇردى. ئون ئۈچ يىگىت قازا تاپتى. قالغانلىرى سادىر پالۋاننىڭ ئەمرى بىلەن تۈرنىلاردەك تىزىلىپ سىپىل تۈۋى بىلەن ماڭدى. سادىر پالۋان ئۆزى مۆلچەرلىگەن يەرگە كەلدى. ئۇ كەتمەن، پالتا، كەكە، قىسقا ساپلىق گۈرجەك ئېلىپ كەلگەن يىگىتلەرنى ئۈچ گۈرۈپپىغا بۆلدى، ھەر گۈرۈپپىغا بىر ئوغلىنى باش قىلدى. كىچىك ئوغلىنىڭ گۈرۈپپىسىغا سىپىل تۈۋىدىن چوڭقۇر ئورا كولاشقا بۇيرۇدى. ئالاھازەل بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن سادىر پالۋان ئورىغا چۈشۈپ، سىپىل تەرەپكە ياي شەكلىدە بىر سىزىق سىزىپ، ئوتتۇرانچى ئوغلىغا:

— مۇشۇ سىزىق ئاستىدىن ئويۇپ كىرىڭلار، — دېدى. ئاندىن چوڭ ئوغلىغا توپا چىقىرىشنى جېكىلىدى.

ئىش مانا شۇنداق تەرتىپلىك باشلاندى. ئۈچىنچى كۈنىگە ئۆتكەندە، لەخمە ئوتتۇز بەش ماڭدامدەك ئىچكىرىلىدى. چوڭ ئوغلىنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەر توپىنى تاغارغا سېلىپ يۆدۈپ ئورەككە ئاچىقىپ قوياتتى، كىچىك ئوغلىنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەر يارغا ئاپىرىپ تۆكەتتى. سادىر پالۋان كەنجى ئوغلىغا:

— يىگىتلەرگە ئاشتا قىلدۇرۇڭلار، دېگىن، — دېدى.

يىگىتلەر ئىشنى توختاتتى، ئالىقانلىرىنى قولتۇقىغا سۈرتۈپ تازىلىغان بولدى. دەريانىڭ سۈيى ئۇن ماڭدام نېرىدا شارقىراپ ئېقىۋاتسىمۇ، لېكىن ئۇ سۇنى ئالالمايتتى، چېرىكلەر كۆرۈپ قالسا لەخمە كولاش ئىشى بۇزۇلاتتى. ئۇلار خۇرجۇنلىرىدىن توقاچ، پىشقان گۆشلەرنى ئېلىپ يېيىشكە

باشلىدى. لەخمە ئىچى تىپتىنچ، پەقەت «مالاش ـ مالاش» قىلغان ئاۋازدىن باشقا تىۋىش يوق ئىدى. سادىر ئاغزىغا ئاپارغان توقاچ پارچىسىنى چىشلىگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ قولىنى «جىم» دېگەن ئىشارىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ، قۇلىقىنى ئۆزى كولاپ كەلگەن لەخمىنىڭ تېمىغا يېقىپ «گۈپ ـ گۈپ» قىلغان ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىدى. ئۇ بىر ئەر كىم لەخمىنى كېڭەيتىپ چېپىۋاتامدۇ، قانداق، دەپ شاملار يورۇقىدا يوپيورۇق تۇرغان لەخمە ئىچىگە قارىدى. يىگىتلەر نان يېيىشتىنمۇ توختاپ سادىرغا قاراپ تۇراتتى. سادىر پالۋان لەخمە تېمىغا قۇلىقىنى ياقتى، بۇ قېتىم «گۈپ ـ گۈپ» قىلغان ئاۋاز ئېنىق ئاڭلاندى.

ــ ھىم، بىزگە چېرىكلەر قەلئە ئىچىدىن ياردەم قىلمۇۋېتىپتۇ.ــ سادىر كەنجى ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى، ــ يىگىتلەرگە ئېيت، تېۋىش چىقارماي، بەردەنگە، قىلىچلىرىنى تەييارلىسۇن، چېرىكلەرمۇ قەلئە ئىچىدىن لەخمە كولاۋاتقان ئوخشايدۇ. بىزنىڭ لەخمىمىز بىلەن روبىرو چىقىپ قالدى. قىلىچىمنى ئالغاچ كەل، تېز بول!

كەنجى ئوغلى يېنىدىكى يىگىتنىڭ قۇلىقىغا، ئۇ يىگىت كەينىدىكىسىگە خەۋەر قىلدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئاتمىشتىن ئارتۇق يىگىت بۇ خەۋەرنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈپ بولدى. ئۇلار سادىرنىڭ قىلىچىنى قولمۇقول سۇنۇپ بەردى. بىر قىسىم يىگىتلەر يېمەكلىكلىرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ لەخمىدىن چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا قوراللىنىپ كىردى. سادىر لەخمە تېمىدىن تويىنىڭ شۇرىدە قىلىپ چۈشكىنىنى كۆرۈپ: «تەييارلىنىڭلار!» دەپ ئوغلىغا شىۋىرلىدى، بۇ پەرمانمۇ قولاقتىن ـ قولاققا يەتكۈزۈلدى. يىگىتلەر قوراللىرىنى چىڭ تۇتقان ھالدا ھۇجۇمغا ئۈتۈشكە تەييارلانغان ئارسلاندەك دۈم يېتىشىۋالدى. سادىر پالۋان ئالدىدىكى شامنى ئۆچۈردى، يىگىتلەرمۇ شاملارنى ئۆچۈردى، لەخمە ئىچى قاراڭغۇلىشىپ گۆرگە ئايلاندى. سادىرنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى ئالمىدەك تۆشۈكتىن چىققان يورۇقنى كۆردى. ئۇ قىلىچىنى تەييار قىلىپ تۇردى. شۇ ھامان لەخمە تېمى گۈپ قىلىپ چۈشۈپ، يوغان تۆشۈك ئېچىلدى، بىر چېرىك پالتىسىنى كۆتۈرگىنىچە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. سادىر پالۋان ئۇنىڭ قارنىغا

قىلىچىنى تىقتى، چېرىك قورسىقىنى ئۈزۈپ دۈم ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىغا يەنە بىر چېرىك: «نېمە بولدۇڭ» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېدى. سادىر پالۋان ئۇنىڭ قارنىغىمۇ قىلىچ تىقىپ يىقىتىپ، چېرىكلەر قازغان لەخمىگە كىردى. سادىر پالۋاننىڭ كەينىدىن يىگىتلەر كىردى. ئون توققۇز گەز چوڭقۇرلۇقتىكى لەخمىدە قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى. سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى چېرىكلەرنى بىر-بىرلەپ چاپقاچ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭدى. لەخمە ئېگىزلەشكە باشلىدى. سادىر پالۋان يىگىتلەرنى بىر-بىرلەپ لەخمىدىن چىقاردى. يىگىتلەر چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكى ئۈستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ تار بىر كوچىغا چىقىپ قالدى. سادىر پالۋان شىبە كوچىسىغا چىقىپ قالغىنىنى بىلىپ يىگىتلەرنى توپتوغرا غەربىي دەرۋازىغا باشلاپ باردى. ئۇلار تۈن قاراڭغۇسىدا تام، دەرۋازىلارنى پاناھلاپ، ئاۋاز چىقارماي، بىردە يۈگۈرۈپ، بىردە قاتراپ ماڭاتتى. تەبىئەتمۇ ئۇلارنى پاناھلىغاندەك، بىپايان ئاسماندا بىر قەۋەت قارا بۇلۇت پەيدا بولدى. سادىر پالۋان تۇيدۇرماي دەرۋازا يېنىغا كەلدى ـ دە، دەرۋازىنى قوغداۋاتقان چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن كېلىپ قىلىچلىدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئۆز گۇرۇپپىسىنى پەلەمپەي بىلەن قوقتىنغا باشلاپ چىقتى. قوقتىندىكى چېرىكلەرنىڭ بىر قىسمى مۈگدەپ ئولتۇراتتى، بىر نەچچىسى سېپىل سىرتىغا كۆز تىكىپ تىك تۇرۇشاتتى. توپلارنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى چېرىكلەرنىڭ قۇلاقلىرىنى پاڭ قىلىۋەتكەن بولسا كېرەك، سادىرنىڭ يىگىتلىرىنىڭ قوۋۇققا چىققىنىنى تۇيماي قالدى. چېرىكلەر سىرتقا قارىتىپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئوق ئېتىپ قوياتتى. سادىر پالۋاننىڭ يىگىتلىرى ئاۋۋال ئاشۇ تىك تۇرغان چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن تىغ ئۇردى. ئارقىدىن يەنە ناھايىتى چاققان ھۇجۇم قىلىپ، مۈگدەپ ئولتۇرغانلار بىلەن قوچاقلاشما جەڭ قىلىشتى. سادىر بىر چېرىكنى دەس كۆتۈرۈپ سېپىلدىن ئۇلاقتۇردى ـ دە:

— ماي چېچىڭلار، ئوت يېقىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

## 7

سادىر پالۋان بىر نەچچە قاۋۇل يىگىتنى باشلاپ چۈشۈپ ئۇ يىگىتلەرگە ئۇن جىڭ ئېغىرلىقتىكى قولۇپ زەنجىرنى بازغانلاشقا بۇيرۇدى. يىگىتلەر بار كۈچى بىلەن نۆۋەت بىلەن بازغانلىدى. زەنجىر ئۈزۈلمىدى. سادىر پالۋان بىر يىگىتنىڭ قولىدىن بازغاننى ئېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇۋىدى، زەنجىر ئۈزۈلۈپ چۈشتى. يىگىتلەر دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى.

ئەلا پالۋان مەيداندا لەك - لەك بويىچە تىزىلىپ تۇرغان لەشكەرنىڭ ئالدىدا كۆزنى سىپىل تەرەپتىن ئۈزمەي تۇراتتى. شەمسىدىن خەلپەم شىببە ئۈستىگە چىقىپ پاتىھە بەردى:

— لەشكەر ناھەق، ناشايان ئىشلارنى قىلسا، ئولجا ئالسا، خوتۇن - قىزلارغا ناتوغرا مۇئامىلىدە بولسا، نامە ئەمەلى باتىل بولۇر، ۋەللاھۇ ئەلەم، بىساۋاب. سىلەر كۈرە قەلئەسىگە كىرگەندە بۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار. كىمكى ئەمەل قىلمىسا سەركەردىلەر قاتتىق جازالايدۇ. سىلەرگە نۇسرەت تىلەيمىز، ھوشيار بولۇڭلار، قورقۇنچاق بولماڭلار. ئوق ئالدىڭلاردىن تەگسۇنكى، ئارقاڭلاردىن تەگمىگەي. ئامىن!

پۈتكۈل لەشكەر: «ئامىن!» دەپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن ئەمىر لەشكەر ئەلا پالۋان لەشكەرلەرنى چىدام ۋە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشقا ئۈندىدى. ئۇ شىببەدىن چۈشۈۋېتىپ بىردىن ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ قالدى، شىببەگە قايتىپ چىقىپ يەنە قارىدى، غەربىي دەرۋازا قوۋقىسىدىن قىزىل يالقۇن كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇ شىببە ئاستىدا تۇرغان ئاتلىق چاپارمەنلەرگە خۇشال ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— بارلىق دەرۋازىلارغا قاراپ چېپىڭلار! ئوت يېقىلسۇن!

بىر ئاش پىشىم ۋاقىتمۇ ئۆتمەي كۈرە سېپىلىنى قىزىل ئوت يالقۇنى قاپلىدى، تۈتۈن، ئوت يالقۇنى ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلدى. بۇ ئوت يالقۇنلىرىنى كۆرگەن ئەزىز پالۋان:

— نۇسرەت ئۇچۇن ئالغا! — دەپ غەربىي دەرۋازىغا قاراپ ئات سالدى.

ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ كەينىدىن نۇردۇنىنىڭ يول باشلىشىدا ئەمرشاھ قوشۇنى ئاتلاندى. ئاتلار سادىر پالۋان ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەن غەربىي دەرۋازىدىن ئۇچۇپ كىردى.

— چاپارمەن! — دەپ توۋلىدى ئەلا پالۋان.

— خوش!

— ئەزىمشاھقا يەتكۈز، توپلار ئېتىشتىن توختىتىلسۇن!

— باش ئۇستىگە!

ئەلا پالۋان شىببەدىن چۈشتى. شىببەدە شەمسىدىن خەلپەم قالدى. ئەلا پالۋان بوز ئاتنىڭ چۇلۋۇرنى ئالدى ـ دە، ئاتقا سەكرەپ مىندى. بەش يۈز كىشىلىك خاس ئاتلىق يىگىتلىرى كەينىدىن ماڭدى...

ئەزىز پالۋان شىببە كوچىسىغا كىرىپ ئۇنلۇك بۇيرۇق قىلدى:

— قاۋاش باتۇر، قوشۇنۇڭ بىلەن ماۋۇ غەربىي مەركىزىي كوچىغا كىرىپ دۇتۇڭ يامۇلىنى ئىشغال قىل! بۇ يەردىكى ھەربىي ئەمەلدارلارنى، قەلئەدىكى لەكمە، توپچى، ئاتلىق چېرىكلەرنى يوقات!

— پەرمان بەردار! — دەپ، قاۋاش باتۇر قوشۇننى باشلاپ كەتتى.

— تۇردى يۈزبېگى، سىز مۇنۇ شەرقتىكى مەركىزىي كوچىغا كىرىپ، لىڭدۇي، شىلىڭ يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىڭ!

— جاپباش پالۋان، سىز مۇنۇ جەنۇبىي مەركىزىي كوچىدىكى لىڭدۇي يامۇلى، زۇلىڭ يامۇلى، لەكمە قوشۇن، توپچى، ئاتلىق قوشۇن بارگاھلىرىغا ھۇجۇم قىلىڭ! لەشكىرىڭىزنىڭ تۇيۇقسىز زەخمەت يېيىشىدىن دىققەت قىلىڭ!

— پەرمان بەردارمەن!

ئەزىز پالۋان قالدى لەشكەرنى باشلاپ شەرقىي شىمالدىكى مانجۇ كوچىسىغا ئات سالدى. بۇ كوچىدا مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئائالە تۇراتتى، ئۇلارنى قوغدايدىغان ئوتتۇرا، كىچىك يامۇللار بار ئىدى. ئەزىز پالۋاننىڭ قوشۇننى يامۇللاردىكى چېرىكلەر قاتتىق ئوققا تۇتتى. ئەزىز پالۋان بىر نەچچە لەشكىرىنىڭ ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشكىنىنى كۆرۈپ:

— چىكىنىڭلار! — دەپ ئەمىر قىلدى.
لەشكەرلەر ئاتلارنى قورۇلارغا كىرگۈزۈۋەتتى، ئۆزلىرى تام، دەرۋازا، دۇكان، دەرەخلەرنى پاناھلاپ تۇرۇپ چېرىكلەرگە ئوق ئېتىشقا باشلىدى. قوماش قورۇغانىدەك ئېتىشما باشلىنىپ كەتتى...
ئەلا پالۋان ئايلىنىشى ئون ئىككى چاقىرىملىق سېپىلنى كۆزىتىپ چىقتى، ئۇستازى ئېيتقانىدەك، ھەر ئۈچ يۈز گەز ئارىلىقتا تۇرغان قوقتىلاردىن چېرىكلەر ئۆزمەي ئوق ئاتماقتا ئىدى. سېپىلنىڭ تۆت بۇلۇڭىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك چوڭ قوقتىسىدىكى بىر پەي چېرىك مەرگەنلىرىنىڭ ئاتقان ئوقىدىن ئەلا پالۋاننىڭ ئون نەچچە يىگىتى قازا تاپتى. ئەلا پالۋان چوغدەك كۆيۈۋاتقان كاتتا دەرۋازىلارنىڭ كاھىشلىق ئىككى قەۋەتلىك قوقتىلىرى ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئوت قويۇۋاتقان، ئون يېرىم گەز ئېگىزلىكتىكى سېپىلغا يامىشىۋاتقان، غەيۇر لەشكەرلەرگە ئوق ئېتىۋاتقان، ئوت چېچىۋاتقان، تاش ئېتىۋاتقان بىر پەيدىن ئارتۇق چېرىكنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەيران قالدى. قوقتىدىن ئۆزۈلدۈرمەي توپ ئېتىلىپ تۇراتتى. ئەلا پالۋان:
— قارىغاندا، مىڭ جياڭجۈن بىر ئادىمى قالغۇچە جەڭ قىلىشقا بەل باغلىغان چېغى! — دېدى.
ئەلا پالۋان بوز ئاتنى ئۆز يورغىسىغا قويۇپ بېرىپ، ھەر بىر دەرۋازىدا جان تىكىپ جەڭ قىلىۋاتقان لەكمە قوشۇن سەردارلىرىغا پەرمان بېرەتتى. ئۇ غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمگەن لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ پالۋان قامەتلىك لەشكەرلەر ئېگىزلىكى تۆت يېرىم گەز، ئايلانمىسى يۈز ئەللىك گەز كېلىدىغان كورە سېپىلغا يانداپ سېلىنغان قوغدىنىش سېپىلىنى ئىشغال قىلىپ بولۇپ غەلىبىگە تەنتەنە قىلىشىۋاتاتتى. ئەلا پالۋان ئەمىر لەشكەر سۈپىتىدە ياگۇر سۇلتان، يۈسۈپ، بەگزات بەگ، دىلەۋەر، بوشرى، ئاكا ـ ئۇكا ھەسەن ـ ھۈسەنلەرنىڭ بۇ سېپىلنى باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ پەتىھ قىلغىنىنى ئالاھىدە ماختىدى. بۇ پالۋانلار پەنت ئىشلىتىپ، غايەت باتۇرلۇق كۆرسەتكەنىدى. ئەسلىدە بۇ سېپىلنىڭ چۆرىسىدە يەنىمۇ گەز كەڭلىكتە، ئون بەش گەز چوڭقۇرلۇقتا چوڭ ئۆستەڭ بولۇپ، ئۆستەڭدە لىق سۇ بار ئىدى. ياگۇر، بەگزات، دىلەۋەر قانارلىق پالۋانلار ئۆستەڭگە قولۋاق سېلىپ

لەشكەرنى قولۋاق بىلەن ئۆتكۈزدى. لېكىن، ھە دېگەندە قولۋاقتىكىلەرگە سېپىلدىن ئېتىلغان ئوقلار تېگىپ قازا بولدى. ھەسەن ـ ھۈسەنلەرنىڭ مەرگەنلىرى سېپىلدىكى چېرىكلەرگە دۈركۈن ـ دۈركۈن ئوق ئېتىپ ئۇلارنى باش كۆتۈرتمىدى. شۇ پۇرسەتتە لەشكەرلەر قولۋاق بىلەن ئۆتۈپ سېپىلنى ئىگىلىدى.

ئەلا پالۋان ئومۇمىي جەڭ ئەھۋالىدىن دېگەندەك خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ قەلئە ئىچىدىكى جەڭنى كۆزىتىش مەقسىتىدە غەربىي دەرۋازىدىن قەلئەگە كىردى. قەلئەدە جەڭ قاتتىق بولۇۋاتاتتى. سېپىل ئۈستى «ئاھ ـ ۋاھ»، «ئۇر ـ چاپ» دېگەن ئاۋازلار، خىرىس قىلىشلار، قىلىچ، مىلتىق، توپ ئاۋازلىرىغا تولغانىدى. سادىر پالۋان دەرۋازا قوۋۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، يىگىتلىرىنى قوۋۇقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھۇجۇمغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى ئوڭ تەرەپتە يىگىتلىرىنىڭ ئالدىدا جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئەلا پالۋان ئۇنى شۇ تاپتا خانتەڭرى چوققىسىدا تۇرغان غالىب پالۋان سىياقىدا كۆردى. ئۇ زور بەستىنى قىلچە ئېگىپ قويماي، قولىدىكى يوغان قىلىچىنى ئوڭ ـ سولغا ئۇرۇپ، ئالدىغا كەلگەنلىكى چېرىكنى يەر چىشلىتىۋاتاتتى. ئەلا پالۋار شەمسىدىن خەلپەم جېكىلىگەن چوڭ ھەربىي ئەسلىھەلەر ئامبىرى. ئاشلىق ئامبىرى جايلاشقان قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى خەنزۇ كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. ئەمىرلەشكەرنىڭ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، بوز ئاتنى دېۋىتكىنىنى كۆرگەن لەشكەرلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى چاپتۇردى. ئۇلار ھەربىي ئەسلىھەلەر ئامبىرىغا بوراندەك باستۇرۇپ كىردى. ئەلا پالۋاننىڭ بەش يۈز پالۋان يىگىتى مىڭ چېرىكنى يوقىتىپ ئامبارنى ئىگىلىدى. ئەلا پالۋان قەمبەر باتۇر يۈز بېگىنى بۇ يەرنى قاتتىق ساقلاشقا قالدۇردى. بۇ ۋاقىتتا تاڭ ئېتىپ قالغانىدى. ئەلا پالۋان قوشۇنىنى شىبە كوچىسىغا ئېلىپ كىرىپ ئۇ كوچىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدىكى قورغانغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما، قورغاندىكى ئايرىم تۆت كىچىك سېپىلدىن ئۇچۇپ چىققان ئوقلار قوشۇننى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئەلا پالۋان قوشۇننى بېكىنىشكە ئەمر قىلدى، ئۆزىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ نۆكەرىگە تىزگىنىنى تۇتقۇزدى. نۆكەر ئاتلارنى بىر قورۇغا ئەكىرىپ قويۇپ كەلگەندە، ئەلا پالۋان

بەردەنگىسىدىن قورغانغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈشكە كىرىشكەنىدى. ئۇ نۆكىرىگە:

— بىرىپ قوشۇن سەركەردىلىرىگە ئېيتقىن، بىكىنىپ تۇرۇپ ئوق ئاتسۇن. توختا، چاپارمەنلەرنى دەرھال يېنىمغا ئەۋەت!

— خوپ!

ھايال قىلماي چاپارمەنلەر ھازىر بولدى. ئەلا پالۋان بىر چاپارمەنگە:

— سەن دەرھال ئەزىمشاھنىڭ ئالدىغا بار. ئون توپ يەتكۈزۈپ كەلسۇن، غەربىي دەرۋازىدىن باشلاپ كەل! — دىدى.

— باش ئۈستىگە!

ئارقىدىن يەنە بىر چاپارمەنگە پەرمان بەردى:

— ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ مەرگەنلىرىنى تىز باشلاپ كەل!

## 8

جياڭجۈن مەھكىمىسى قورغىنىغا يانداش سېلىنغان يەنە بىر ئىبادەتخانا بار بولۇپ، بۇنى چىڭخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئوتتۇرا دەرۋازىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە لايدىن ياسالغان، يۈزىنى ئاق ھاك بىلەن ھاكلىغان بىر مۇلازىمنىڭ لايدىن ياسالغان ئاق بوز ئاتنى تۇتۇپ تۇرغان بىر ھەيكىلى بار ئىدى. غەرب تەرىپىدە يەنە بىر مۇلازىمنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى، ئۇمۇ لايدىن ياسالغان، يۈزى قوڭۇر بولۇپ، رەڭگى قىزىل قوڭۇر ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەبۇدنىڭ پۇقرالارغا مېھرىبانلىقى بەك تۇتۇپ كەتسە ئاق بوز ئاتنى مىنىپ سىرتقا چىقىپ ئايلىنىدىكەن، پۇقرالارغا ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قىلىپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ قايتىدىكەن. ئەگەر دۈشمەن قەلئەگە ھۇجۇم قىلسا ياكى قەلئە پۇقرالىرى ھەددىدىن ئېشىپ گۇناھ ئۆتكۈزسە مەبۇد غەزەپكە كېلىدىكەن ـ دە، قوڭۇر ئاتنى مىنىپ، قولىغا ئوممۇت ئېلىپ قەلئەگە چىقىدىكەن. دۈشمەن بېسىپ كىرگەن بولسا دۈشمەننى ئوممۇتى بىلەن ئۇرۇپ يوق قىلىدىكەن، پۇقرالار ئازغىنىدىغان بولسا، ئۇلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، قەلئەدىن قوغلاپ چىقىرىپ قەلئەنى پاكلاشتۇرىدىكەن.

مىڭ شۈي جياڭجۈن توپىلاڭچىلارنىڭ دەرۋازا، راۋاق، قوقتىلارغا ئوت قويغىنىدىن ئاسمان پەلەك كۆتىرىلگەن ئىس - تۈتەكنى كۆرۈپ، بىر قىسىم توپىلاڭچىلارنىڭ غەربىي دەرۋازىدىن بېسىپ كىرگىنىنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن دىر - دىر تىترىدى. ئۇ مەھرەم ھويلىسىدىن چىقىپ چىڭ خۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىغا كەلدى، كەينىدىن خانىشلىرى بىلەن بالىلىرىمۇ ئەگىشىپ كېلىشتى. جياڭجۈننىڭ ئىبادەتخانىغا ماڭغىنىنى ئاڭلىغان مۆلكىي ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر يول بويى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. مىڭ جياڭجۈننى قورقۇنچ بۇ ئىبادەتخانىغا سۆرەپ كەلگەنىدى. ئۇ مەبۇدقا چوقۇنۇپ، شەھەرگە بالايىئاپەت كەلتۈرۈۋاتقان توپىلاڭچىلارنى يوقىتىشنى تىلىمەكچى، مەبۇدنىڭ قوڭغۇر ئېتىنى مىنىپ، ئۇمۇتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ توپىلاڭچىلارنى قىرىپ - چېپىشنى تىلىمەكچى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىسى ۋە ئۈمىدى ئىدى. ئۇ مەبۇدنىڭ ئالدىغا كېلىپ دۈم چۈشتى، ئۈچ قېتىم چوقۇندى، كوجە كۆيدۈردى. ئاندىن ئالتۇن يۈزلۈك بۇتقا باش قويۇپ يىغلاپ، بۇ توپىلاڭچىلار كەلتۈرگەن بالايىئاپەتنى يوقىتىشنى ئىلتىجا قىلدى. راھىبلار ئالتۇن يۈزلۈك بۇتنى جياۋغا سالدى، كۆتۈرۈپ مەركىزىي كوچىغا ئاچىقىپ ئايلاندۇردى. مىڭ جياڭجۈن باشلىق ھەممىسى، باللارغىچە بويىنىغا تاقاق سېلىپ، زەنجىر بىلەن باغلاپ مەبۇدنىڭ ئالدىدىن تىزلىنىپ ئۆتتى، ئۆتۈنۈۋېتىپ مەبۇدتىن توپىلاڭچىلارنى يوقىتىشنى ئىلتىجا قىلدى. دەل شۇ چاغدا غالداي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— جانابىي جياڭجۈن، بەدەۋى توپىلاڭچىلار دەرۋازىلاردىن قەلئەگە بېسىپ كىرىشكە باشلىدى، ھېلىقى ئەلا پالۋان قورال ئىسكىلاتىنى بېسىۋالدى! قانداق قىلغۇلۇق، پەرمان بەرگەيلا! — دېدى.

ئەمدى مىڭ جياڭجۈننىڭ پەرمان بېرىش تۈگۈل ئورنىدىن تۇرغىچىلىكمۇ ھالى قالمىغانىدى. مۇلازىملار قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزغاندا، ئۇ چىرايىدا قان قالمىغان، كۆزلىرى قېتىپلا قالغان، بەئەينى مەبۇدنىڭ ئۆزى بولۇپ قالغانىدى. مۇلازىملار ئۇنى بايا مەبۇدنى سېلىپ مەركىزىي كوچىنى ئايلاندۇرغان جياۋغا سېلىپ مەھرەمخانىسىغا ئەكەتتى.

جياۋنىڭ كەينىدىن ھازا ئاچقان مىڭ شۇيىنىڭ خانىشى، بەگزادىلىرى، ئەملدارلار يۈزلىرىنى قانداقتۇر بىر نەرسىگە پۇشايمان قىلغاندەك، شاپىلاقلاپ، ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي ياش ئاقاتتى...

## 9

ئون توپتىن ئېتىلغان چويۇن ئوقلار تۆت كىچىك قورغاننى بۇزۇۋشقا باشلىدى. ئەلا پالۋان:

— ئاۋۇ چەتتىكىسى ئوق - دورا ئامبىرى، ئۇنىڭغا ئاتماڭلار، ئۇنىڭدىكى ئوق - دورا، قورallar بىز ئۈچۈن ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك! — دەپ، توپچىلارنى پات - پات ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى.

نامازدىگەرگە يېقىن ئۈچ كىچىك قورغان سېپىللىرىنى ئون توپ ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەلا پالۋان بوز ئاتقا مىندى، تۆت يۈز ئاتلىق يىگىت تۆت قورغانغا تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. قورغانلار چېرىكلەردىن تازىلانغاندىن كېيىن، ئەلا پالۋان ھەسەن - ھۈسەنلەرنى شىمالىي ئوق - دورا ئامبىرىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاتلىق قوشۇننى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە باشلاپ باردى. جياڭجۈن مەھكىمىسى غەربىي چوڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان كاتتا قورغان ئىچىدە ئىدى. ئەلا پالۋان ئۈچ يۈز كۇۋادرات مېتىر كەڭلىكتىكى بۇ قورغاننى ئاتلىق قوشۇنى بىلەن پەنھە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ بەگزات بەگ بىلەن دىلەۋەرنىڭ قوشۇننى تېز ئەكېلىشنى ئەمر قىلىپ چاپارمەن ئەۋەتتى. ئۇلار مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئەكەلدى. ئەلا پالۋان قەدىمكى خان سارايلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىلىرىغا ئوخشاش ئېگىز، ئۈگزىسى كاھىش بىلەن يېپىلغان، تاملىرى خىشتىن قوپۇرۇلغان، يېشىل ئەجدىھا بېشى ۋە سېرىق ساپال گۈللەر بىلەن نەقىشلەنگەن دەرۋازىنى ۋە چىرايلىق ئۆيلەرنى كۆرۈپ توپ بىلەن بۇزماي پەنھە قىلىشنى ئويلاپ لەكمە قوشۇن ئالدۇرغانىدى. ئۇ بەگزات بەگنى مەھكىمىنىڭ سول تەرىپىدىن، دىلەۋەرنى ئوڭ تەرىپىدىن قورشاپ، تامغا

يېقىنلىشىشقا ئەمىر بەردى. ئۆزىنىڭ خاس يىگىتلىرىنى دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىنىغا ئورۇنلاشتۇردى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، تاشتىن ئويۇپ ياسالغان، ئېگىزلىكى ئۈچ يېرىم گەزچە كېلىدىغان ئىككى شىر بىر-بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇراتتى. ئەلا پالۋان بىر شىرنى پاناھلاپ تۇرۇپ قورغان ئىچىگە سەپسالدى. دەرۋازىدىن ئونتۇز گەز نېرىدا ئىككى سۇپا تۇراتتى، بۇ ھەر خىل سىردا سىرلانغان شىپاڭ ئىدى. ئۇنىڭ بىرىگە تۆت يېرىم گەز ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ، بوم ئاۋازلىق ئىككى سېرىق مىس كاناي ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە ھەرخىل كاناي-سۇناي، داقا-دۇمباق، چاڭ ۋە تەبىل قاتارلىق سازلارنى تۇتقان كىشىلەر ياغاچتەك قېتىپ تۇراتتى. يەنە بىر شىپاڭدا غىجەك، قومۇش بالمان، پۈۋلەپ چالىدىغان جەمشىد بالمانى قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تۇتقان كىشىلەر قاتار ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار قىزىل تاۋاردىن ئالدى-كەينىگە ئەتقانىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن ئۇزۇن جۇبازا، بېشىغا چىغدىن توقۇلغان قىزىل پۆپۈكلۈك قالپاق، پۇتىغا قىزىل لاتىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك كىيىشۋالغانىدى. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى، چۈشلۈكى، كەچلىكى جياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ خانىشلىرى تاماق يەۋاتقان. دەم ئېلىۋاتقان ۋاقىتىدا بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياڭرىتىپ نەغمە-ناۋا قىلىپ، جياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ خانىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى. جياڭجۈن ئۆتكۈزگەن مەجلىس ياكى زىياپەتلەردىمۇ نەغمە-ناۋا قىلىشاتتى، ئۇلارنىڭ ئىش ئورنى مۇشۇ شىپاڭلار ئىدى. بۇ شىپاڭلاردىن ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ كەتمەيتتى. بىرەرى كېتىپ قالسا قاتتىق جازاغا تارتىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار خۇددى قەلئە ئىچىدىكى جەڭ دۇمباقلىرى، بۇغرا، كاناي-سۇناي، توپ، مىلتىق، لەشكەر ۋە چېرىكلەرنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازلىرىنى زادىلا ئاڭلىمىغاندەك، بۇ سادالاردىن يېڭى نەغمە كەشىپ قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇرۇشاتتى. بىر چاغدا، بەلكىم جياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ خانىشى تاماققا ئولتۇرىدىغان مەزگىل بولغان بولسا كېرەك، ئۇلار نەغمە-ناۋاسىنى باشلىۋەتتى. ئەلا پالۋان:

— نەغمە-ناۋا ئىچىدە ئالغا! — دەپ يېنىدىكى چاپارمەنگە پىچىرلىدى.

چاپارمەن قول ئىشارىسى ئارقىلىق ئەمىرلەشكەرنىڭ پەرمانىنى

سەردارلاغا ئۇقتۇردى. ئەلا پالۋاننىڭ خاس يىگىتلىرى دەرۋازىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، دەرۋازىنىڭ ئىچكىرىسىدە سانجاق تۇرغان چېرىكلەرگە ھۇجۇم قىلدى. قاتتىق ئېلىشىش باشلاندى. ئەلا پالۋاننىڭ خاس يىگىتلىرى ئۈستۈن كېلىپ، تۇيۇقسىز زەربىدىن گاڭگىراپ قالغان چېرىكلەرنى ئەسىر قىلدى. ئۇلار ئەلا پالۋاننىڭ كەينىدىن مېڭىپ مەھكىمىنىڭ قوش دەرۋازىسىدىن كىردى، مەشىق مەيدانىغا چىقتى. مەشىق مەيدانىنىڭ ئەتراپى كۆك خىشلىق تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، چوڭ مەركىزي كوچىغا قارايتتى. ئۇ يەردە سەپ تۈزۈپ يانقان بىر يىڭ چېرىك ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئەلا پالۋان خاس يىگىتلىرىنى چېكىنىشكە ئەمىر قىلغاندى، خاس يىگىتلەر قوش دەرۋازىغا قاراپ قاچتى. چېرىكلەر ئۇلارنىڭ قاچقىنىنى كۆرۈپ:

— شا! — دەپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ئەلا پالۋان خاس يىگىتلىرىنى شۇ ھامان كەينىگە قايتۇردى. ئىككى تەرەپ قوچاقلىما جەڭ قىلىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە مەھكىمىنىڭ ئوڭ-سول تەرىپىنى قورشاپ تۇرغان لەكمە قوشۇنلار تاملاردىن ئارتىلىپ چۈشۈپ چېرىكلەرنىڭ ئىككى بېقىنىدىن تەگدى. ئەسلىدە مەھكىمىگە ئەمەلدار مۇھاپىزەتچى چېرىكلەردىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيتتى. بۇ يەرنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان قوشۇنمۇ ئەڭ خىللانغان قوشۇن ئىدى. شۇڭا، چېرىكلەر نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قىلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بىراق، ئەلا پالۋاننىڭ خاس يىگىتلىرى قالتىس چېۋەر، پالۋان قامەتلىك، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ھەم مەرگەن، ھەم قىلىچۋازلىققا ماھىر چەۋەندازلار ئىدى. ئۇلار چېرىكلەرنىڭ قارشىلىقىنى بىردەمدىلا سۇندۇردى. بىر قىسىم چېرىكلەر ئۇلارنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە چىدىماي قاچتى. دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدىن ئېگىز بويلۇق، ئاۋاق، بىر ئۆرۈم چېچىنى بويىنىغا يۆگىۋالغان بىر نەچچە ئادەم چىقتى. ئۇلار بولۇۋاتقان جەڭنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ قاراپ قېلىشتى. بۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە، قەلئە دەرۋازىسى ئېچىلىدىغان چاغدا ۋە كەچتە دەرۋازا تاقىلىدىغان چاغدا بىر قېتىمدىن توپ ئاتىدىغان، توپ بەتلەيدىغان، دورا تەييارلايدىغان توپچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ

يەنە بىر ۋەزىپىسى جىياڭجۈن تەخت ئۆيگە كىرگەندە، نوقۇز پاي. خانىش شىپاڭغا چىققاندا يەتتە پايدىن ھۆرمەت توپى ئېتىش ئىدى. ئەلا پالۋاننىڭ لەشكەرلىرى چېرىكلەرنى مۇھاسىرە قىلىپ بىر - بىرلەپ قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. ئەمما ئۇ توپچىلارغا تەگمىدى. ئۇلار بىرىنچى دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، يۈز ماڭىدام يۈگۈرۈپ ئىككىنچى دەرۋازىغا كەلدى. بۇ دەرۋازىمۇ ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، خاس دەرۋازىۋەن، مۇھاپىزەتچى چېرىك ۋە قوغدىغۇچى چېرىكلەر تۇراتتى. بۇ دەرۋازىدا قاتتىق ئېتىشما بولدى. ئىككىنچى دەرۋازىدىن كىرگەندە ئىككى مىڭ كىشى پاتقۇدەك مەيدان بار ئىدى. بۇ يەردە كېچىچە ئېتىشما بولدى. تاڭ ئاتقاندا مەيداننىڭ غەرب، شەرق تەرەپلىرىدىكى ئۆيلەردىن بىر لىيەن چېرىك ھۇجۇم قىلىپ چىقتى. ئەلا پالۋان دەل مۇشۇ پەيتنى كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا دەرھال قوشۇننى ئومۇميۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا باشلىدى. بەشرى بەگ، قاسىم، ئەلەمشاھلار بۇ ھۇجۇمدا ئوق يەپ قازا تاپتى.

لىڭدۈي يامۇل، زۇلىڭ يامۇل، دوتەي يامۇللاردا كوچا جېڭى قىزىپ كەتتى. ھەر بىر كوچىدا ئېتىشما بولاتتى. ئېتىشمىدىن كېيىن قوزغىلاڭ پالۋانلىرى چېرىكلەرنى سۈر - توقاي قىلاتتى. قوۋاش باتۇر، جابباش پالۋان، خودابەردى يۈزبېگى، يۈسۈپ، بەگزات بەگلەر بۇ كوچا جەڭلىرىدە ئوق يەپ قازا بولدى. بىر كوچىدا غۇلجا شەھەر پالۋانلىرى. يەنە بىرىدە ئارا ئۆستەڭ پالۋانلىرى، لىڭدۈيدە ئارابوز باھادىرلىرى جەڭ قىلاتتى، چېرىكلەر بىلەن ئېتىشاتتى، چېپىشاتتى، ۋارقىرىشاتتى. چولىقاي، بۆلۈكەي، مازار، نىلقا، ئۆلاستاي، چۈنجا، بورا بوغۇسۇنلۇق نورغۇن لەشكەر، قاش، سۈپتاي يېزا پالۋانلىرى، قورغاس مازارنىڭ غەيۇرلىرى، خوتۇنلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ قىر - چاپ قىلاتتى، چېرىكلەر جاھىللىق بىلەن قارشىلىشاتتى. نەيزە - قىلىچلار بىلەن يەككىمۇ يەككە جەڭ قىلاتتى.

ئەلا پالۋانغا ھەر تەرەپتىن چاپارمەنلەر كېلىشكە باشلىدى:

— قوۋاش باتۇر شېھىت بولدى!

— سىپىل ئۆستىدىكى چېرىكلەر يوقىتىلدى!

— شەرقىي قوۋۇقتىكى چېرىكلەر يوقىتىلدى!

— مەنچمۇ كوچىسىدىكى چىرىكلەر تازىلاندى!

ئەلا پالۋانمۇ چاپارمەنلەرنى ئاقىلانە پەرمانلىرى بىلەن چاپتۇراتتى:

— جىياڭجۇن مەھكىمىسىگە قوشۇمچە لەكمە قوشۇن ئەۋەتىلسۇن!

— نۇردۇنغا ئېيت، مىڭ شۈي جىياڭجۇننى تىرىك تۇتسۇن!

نۇردۇن ئىككى يۈز لەكمە قوشۇننى باشلاپ چىرىكلەر بىلەن ئېتىشا-ئېتىشا مەھكىمىنىڭ بېغىغا تەسلىكتە كىرىۋالغانىدى. ئۇ، بۇ باغ يىگىرمە خودەك چىقىدىكەن، بۇگۇن جىياڭجۇندىن بىر خو باغقا ئوتتۇز ئىككى خودىن جەمئىي ئالتە يۈز قىرىق خو پاراق ئالدىكەنمىز، دەپ لەشكەرلىرىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. بۇرۇن پېشايۋانغا قويۇلغان قەپەستىكى تۇرنا، شاتۇتى، تورغاي، بۇلبۇل، تومۇچۇقلار سايراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ جانىۋارلار نۇردۇنلارنى يارانمىغان ياكى ئۇلاردىن قورققان بولسا كېرەك، جىم بولۇپ قېلىشتى. نۇردۇن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى باغنىڭ چۆرىسىدىكى تېرەك، قارىياغاچ، سۆگەت، ئەرمىدۇن، دولانا قاتارلىق دەرەخلەرنى پاناھلاپ ماڭدى. ئۇلار باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆل يېنىدىن ئۆتۈپ باغنىڭ مەھكىمىگە كىرىدىغان ئىشىكىگە يېقىنلاشتى. ئۇلارنى كۆرگەن بۆغا - ماراللار ئۈركۈپ قاچتى. نۇردۇن ئىشىكنى ئېچىشقا «تاك - تۇك» قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، بىر پاي ئوق ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ تامغا چاپلىشىپ تۇرۇپ ماردى، بىر مۇنچە چىرىكلەر مەھرەمخانا تۈۋرۈكلىرىنى پاناھلاپ مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈۋاتاتتى. نۇردۇن ئۇبدان سەپسالدى، مەھرەمخانا ھويلىسى تۆت چاسا، ئازادە ئىدى. قورۇنىڭ تۆرىدە گۈللۈك، چوڭ پەنجىرىلىك، ئالدى پېشايۋانلىق، كۆك خىشتىن ھەشەمەتلىك قىلىپ سېلىنغان ئېگىز بەش ئېغىز ئۆي قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ قوشۇننىڭ يېرىمىنى تام ئۈستىدىن مىلتىق ئېتىشقا، يېرىمىنى باستۇرۇپ كىرىشكە بۇيرۇدى. بىر قىسىم لەشكەر تىزلىنىپ ئولتۇردى، بىر قىسىم لەشكەر ئۇلارنىڭ مۈرىسىنى دەسسەپ تۇرۇپ، مىلتىقلىرىنى تام ئۈستىگە قويۇپ ئېتىشقا باشلىدى. لەشكەرلەرنىڭ يەنە بىر بۆلىكى نۇردۇننىڭ كەينىدىن ئىشىكتىن كىردى، بىر بۆلىكى بىر-بىرىنى يۆلەپ تامغا چىقىرىپ تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا سەكرەشتى.

ئۇلاردىن بىر نەچچىسى ئوق يەپ يىقىلدى، قالغانلىرى ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ چېرىكلەر بىلەن قىلىچلاشتى، پومىداقلاشتى. دەل شۇنداق قاتتىق ئېلىشىش بولۇۋاتقاندا قاتتىق گۈمبۈرلەش بولۇپ چېرىكلەرنىڭمۇ، نۇردۇننىڭ يىگىتلىرىنىڭمۇ قۇلاقلىرىنى پاڭ قىلىۋەتتى. نۇردۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، مەھرەمخانىدىكى بەش ئېغىز كۆركەم ئۆي كۆككە ئۇچۇپ چىققانىدى، نۇردۇن يىگىتلىرىنى ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈپ باغقا كىرگۈزۈۋالدى.

مىڭ شۈي جياڭجۈننىڭ مەھرەمخانىسىغا خانىش، خانزادىلىرى بىلەن بىللە ئامبال، دالۇي قاتارلىق مۇلكىي ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ كىرىۋالغانىدى. مىڭ شۈي مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەنجىرىگە يېپىشىپ، تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈۋاتقانلارنى كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ تۈگەشكىنىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇتخانىدىن كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا تەييارلىتىپ قويغان پارتلىتىش دورىسىنىڭ پىلىكىگە ئوت ياقتى. دورا قاتتىق پارتلاپ، مىڭ شۈي قاتارلىق مەھرەمخانىدىكى بارلىق ئىنسانىنىڭ تېنىنى پارچە - پارچە قىلىپ، خىش - توپا، ياغاچ پارچىلىرى بىلەن بىللە كۆمۈۋەتتى...

شۇنداق قىلىپ، چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىنى باشقۇرۇپ كەلگەن مەركىزي — كۈر قەلئەسى 1866 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

# ئونىنچى باب

## شاد كۈلكىلەر

*ئەلا پالۋانغا خەلق مايىلدۇر،*
*لەشكەرۇ جاھانگىر قايىلدۇر.*
*— خەلق ماقالى*

### 1

بۇ كۈن دەل مىلادىيە 1866 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىدى. بۇ كۈن خەلقنىڭ شادلىق ھېيتىغا ئايلاندى. بۇ كۈن خەلقنىڭ ئىككى يىل مۇقەددەم قانلىق جەڭ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، كۇرە قەلئەسى پەتھە قىلىنغان، مىڭ شۈي، چاڭ جېن باشلىق زالىم ئەمەلدارلار يوقىتىلغان، ئەمگەكچى يوقسۇل خەلقنىڭ قەددى كۆتۈرۈلگەن كۈن. شۇڭا، بۇ كۈنى پۈتكۈل ئىلىدا شاد كۈلكىلەر ياڭرىدى، ھەتتا بۆشۈكتىكى بوۋاقلارمۇ يىغا ئورنىغا ۋىلىقلاپ كۈلدى.

ئەلا پالۋان كۇرە قەلئەسى پەتھە قىلىنغاندىن كېيىن بۇ قەلئەنى تەرتىپكە سالدى، پۇقرالارغا ئەمىنلىك بەردى، قەلئە مەمۇرىنى سايلاپ قەلئەدە بىرەر مىڭ لەشكەر قالدۇردى.

تاڭ شەپىقى خانتەڭرى چوققىسىنىڭ مەڭزىگە ئەڭلىك ياققاندا چىلپەڭزە بارگاھى قايناپ كەتتى. ئەلا پالۋاننىڭ غالىب لەشكەرلەر بىلەن شەھەرگە قايتىپ كېلىدىغىنىدىن خەۋەر تاپقان خەلق بىر كۈن بۇرۇن بۇ

يەرگە توپلاندى. خەلقنىڭ قوزغىلاڭ نۇسرىتىنى تويلىشىغا سۇلتان مەھكىمىسى يول قويماي ئىلاجى بولمىدى. موللا شاۋكەت سۇلتان: «بۇ بىھۇدە ئىش» دېگىنىدە، ئوردا خەزىنىچىسى ۋەلى باي:

— بۇ بەكمۇ ئۇلۇغ ئىش، خەلقىمىزنىڭ تۇنجى توي مەرىكىسى، — دەپ، خەزىنىدىن راسخوت ئاجراتتى.

ئەخمەت خەزىنىچىنىڭ پاجىئەسىنى ئۇنتۇمىغان ئەلا پالۋان بىر يۈزلۈك لەشكەرنى ۋەلى باينىڭ ئىختىيارىغا بەرگەنىدى. شۇڭا، ۋەلى باي سۇلتانغا قورقماي ئاشۇنداق جاۋاب بەردى ۋە خەزىنىدىن راسخوت ئاجرىتىپ يېزا ـ يايلاقلارغا مال سېتىۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. ۋەلى باي بۇ مەرىكە كۈنىنى ياخشىلاپ تويلاش ئۈچۈن، سالىش ئىمام، شەمسىدىن خەلپەم، جالالىدىن قارىكالانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئابدۇرۇسۇل بەگ دەسلەپ بارگاھ قۇرغان چىلپەڭزىدە تويلاشقا كېلىشكەن ۋە جىددىي تەييارلىقلار قىلىپ، چىلپەڭزىگە لازىملىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئاچىقتۇرغانىدى. ئەلا پالۋانمۇ لەشكەرگە هاردۇق بېرىش ئۈچۈن بۇنى لايىق تاپقان ۋە چېدىرلارنى چىلپەڭزە بارگاھىغا ئەۋەتكەنىدى.

بۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق، ئاپئاق قار قۇياش نۇرىدىن مەرۋايىتتەك پارقىرايتتى، چىلپەڭزە ئاسمىنى ئاچ ھاۋارەڭ ئەينەكتەك تاپتازا، ھاۋا ئاجايىپ ساپ ئىدى. بۈگۈن ئادەملەرلا ئەمەس، قۇياشمۇ كۈلۈپ چىققاندەك ئىدى. زېمىن بولسا ئۆز تارىخىدا ئاجايىپ خۇشلۇق بەزمىسىگە چۈشكەن، ئوچاقلارغا داشقازانلار ئېسىلغان، چوغنى چۆرىدىتىپ قوم چوگۈنلەر قويۇلغان، قوي ـ كالىلار سويۇلۇپ كانالارغا ئېسىلغان. توققۇزتارا، ئارا ئۆستەڭ ئۇۋچىلىرى بۇ قۇتلۇق كۈن ئۈچۈن ئۇۋلاپ كەلگەن جەرەن، قىرغاۋۇل، كەكلىك، ياۋا ئۆردەك گۆشلىرى ئۇتلىنىپ تەييار قىلىپ قويۇلغانىدى، ئوتتۇزدەك داشقازاندا گۆش پىشىۋاتاتتى، قازانلار ئەتراپىدا سەۋزە قەلەمچىلىرى يوغان تەڭنىلەردە نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئاشپەزلەر قول ـ قولىغا تەگمەي قازان بېشىدا ھەپىلىشەتتى، بىرەر يۈزدەك كاۋاپدانلاردا كاۋاپ چالا پىشۇرۇلماقتا ئىدى، كاۋاپدانلارنىڭ گىرۋەكلىرى مايدىن پارقىرايتتى، زىخلاردىن چوغ ئۈستىگە تېمىپ چۈشكەن ياغ

تامچىلىرى ئىس چىقىرىپ پىژىلداپ كۆيەتتى. بۈگۈن بۇ يەرگە ئاددىي ئادەملەر، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، مەسخىرىۋازلار، قىزىقچىلار، مەدداھلار، ھەتتا باللارغىچە توپلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چېھرىلىرىدە شادلىق تەبەسسۇملىرى جىلۋە قىلاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە شادىمان باقاتتى، مۇلايىم چاقچاقلىشاتتى، قىزىق گەپلەرنى قىلىشىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، ئوينىشاتتى. ئۇلار ئۈستىگە كۆرەك جۇۋا، قارا سەنسەن، ئوۋچىلار بولسا، تۈلكە، بۆرە جۇۋا كىيىشكەن، دېھقانلار پاختىلىق پەرىجە، ھۈنەرۋەنلەر تىنىك ياقىلىق پەشمەت كىيىشكەنىدى. بېشىدا تۆپە، قولاقچا بار، ھەممىسىلا دېگۈدەك بېلىنى قارا پوتا بىلەن چىڭ باغلاشقان. قەيەردە قىزىقچى، چاقچاقچى، ھەزىلچىلەر بولسا شۇ يەر قىزىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە ئۆتكۈر، كىنايىلىك لەتىپىلەر سۆزلىنەتتى، ئاڭلىغانلار ئىختىيارسىز كۈلۈشەتتى. زۇلمەتلىك ئىلى ئاسمىنىدا بۈگۈن مانا شۇنداق نۇرلۇق، بۈيۈك بىر تاڭ ئاتقانىدى.

يەنە بىر كەڭ دائىرە ئالغان سەينادا كىشىلەر بۇ نۇرلۇق تاڭ نۇرىنىڭ جىلۋىسىدە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. چېلىنىۋاتقان داپ، تەمبۇر، دۇتار، ساتارلارغا تەڭكەش قىلىپ ياش يىگىتلەر، ھەتتا ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلارمۇ چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناقتا ئىدى:

چىم ـ چىم ئەتتىم چىم بىلەن،
كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن...

ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنىڭمۇ پۇتلىرى جىم تۇرمايتتى. يەنە بىر سەينادا سادىر قوشاقلىرى ئېيتىلماقتا، ھەممە ئوينىماقتا، كۈلمەكتە، شادلانماقتا.

ئىلى خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق خۇشچاقچاق مىجەزى، ناخشا ـ سازغا ئامراق خۇلق ـ مىجەزلىرى بىلەن ئەلا پالۋاننى كۈتمەكتە. ئەمەلىيەتتە ئۇلار يەر تېرىيدىغان دېھقان، مال باقىدىغان مالچى، ھەر خىل شېرىن مېۋىلەرنى ئۆستۈرىدىغان باغۋەن، ھۈنەرۋەنلەر ئىدى. كۆپىنچىسى ئۆز يېزىسىدىن نېرى چىقماي، دۇنيا مۇشۇ دەيدىغانلاردىن ئىدى. چۈنكى ھەر بىر يېزا

بىر دۇنيا. ھەربىر يېزا ـ مەھەللىدە دۇنيادا يوق نەرسىلەر تېپىلىدۇ ـ دە. يېرى كەڭرى. تۇپىسى مۇنبەت. ئورمىنى تولا بۇنداق باياشات زېمىنغا ھايۋانمۇ، قۇشلارمۇ ئامراق. ئۇلار بۇ يەردە باشقا يەرلەرگە قارىغاندا تېز كۆپىيىدۇ. ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار، ئۇۋ قۇشلىرى ماگدامدا بىر ئۇچرايدۇ. بۇ بايلىقتا ھېرىسمەن ئوۋچىلارمۇ كۆپ. ئىلىلىقنىڭ ھەممىسى ئوۋچى. ئوۋ بولغان يەردە ئوۋچى بولماي قالمايدۇ ـ دە. ئەڭ ئاددىيسى، بەردەڭگىسى يوقلار ئات قىلىدىن قىلتاق توقۇپ بۆدۈنە ئوۋلايدۇ. بۆدۈنە گۆشى ھەر قانداق ھايۋاننىڭ گۆشىدىن شېرىن، مەززىلىك. ئۇششاق بالىلار توشقان ئوۋلايدۇ. ئۇلار توشقاننى چالما، توقماق بىلەن ئوۋلىيالايدۇ. چەۋەندازلار تۈلكە، بۆرىلەرنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، ئېتىغا غانجۇغىلاپ كېتىۋېرىدۇ. خۇشى تۇتسا خام ناسما قىلىپ تېرىسىنى شىلىپ ئەكېتىدۇ.

ئىلىنىڭ بايلىقىنى يامغۇرى. ئەڭ ياخشى ھاۋاسى ۋە ئىلى دەرياسى بەرپا قىلغان. ئىلى دەرياسى ئىلى ۋادىسىنى يېشىللىقتا پۈركەيدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ بۇلاقلىرى مول، يايلىقى كەڭرى، تاغ ـ دەريالىرى ئاجايىپ گۈزەل، شۇڭا بۇ يەردە ئاشلىق ناھايىتى ئوخشايدۇ. ئەتىيازدا يەرنى جىجاپ ئۇرۇقنى چېچىپلا قويساڭ باش كۈزدە بىراقلا ئورۇپ يىغىۋالىسەن. مال دېگىنىڭ ياىراپ كېتىدۇ. دۇنيادا يوق ئېسىل چۆپلەر بۇ يەردە بار. تېۋىپلار كۈزدە بىرلا تاغقا چىقسا بىر يىلغا يەتكۇدەك دورا ئۆسۈملۈكى يىغىۋالىدۇ. بۇ گۈزەل يۇرت ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ يەردە قەدىمي شەھەرلەر، خانلار پايتەختى بولغان: ئالمىلىق، ئالتۇنلۇق[1]، سۇلتان ئۇۋۇيىس، قايىنۇقتا ئوخشاش يېزىلار بۇرۇن خانلارنىڭ پايتەختى بولغان: تۇغلۇق تۆمۈر، سۇلتان ئۇۋەيىسكە ئوخشاش خانلار، مۇھەممەت بۇزرۇكۋار، يۇسۇپ ساككاكىغا ئوخشاش ئالىملار ئۆتكەن. بۈگۈن سەككىز قىرلىق چېدىردا ئولتۇرۇشقان سالىش ئىمام، شەمسىدىن خەلپەم، جالالىدىن خەلپەمگە ئوخشاش ئۆلىمالار سەيناندىكى تاماشىلارغا قېرىلىقى تۈپەيلى ئارىلىشالماي، ئۆز ئانا ماكانىنىڭ

[1] ئالتۇنلۇق — ھازىرقى تورپانيوزى.

مانا شۇنداق تارىخىي، تەبىئىي شارائىتى، گۈزەللىكى، تەبىئىي بايلىقىغا ئوخشاش مول مېۋىلىرى ئۈستىدە سۆھبەت سورۇنى قۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قىزغىن. دېمىسىمۇ، قېرىلار ئۈچۈن، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلەش، مۇڭدىشىشتىن باشقا قىزىق يوق. بۇ ئۇلارغا ياقىدۇ ۋە ئۇلار بۇنىڭدىن لەززەتلىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ، يېڭى ئىلىم پەيدا بولىدۇ.

سالىش ئىمام:

ــ ئەسلىدە جياڭجۇنلەر راست سۆزلۈك، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان، ھىيلە ـ مىكىرنى بىلمەيدىغان، چىڭ خانىغا ئەقىدە ـ ئىخلاسى زىيادە بولغان ئىلى خەلقىگە ئۈست ـ ئۈستىلەپ زۇلۇم سالمىسا بولاتتى... زالىم ئەمەلدارلار ھەددى ـ ھېسابسىز زۇلۇم سالغاچقا بۇ شاد ـ خۇرام، خۇشچاقچاق ئىلى ئۇيغۇرلىرى تىغ كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۈرۈمچى، سانجىلاردا خويزۇلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ــ دېدى.

ــ راست دەيدىلا تەقسىر، قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ. بۈگۈنكى ئىلى خەلقى نۇسرەت قازاندى. ئەپسۇسكى، بۇنى قوزغىغان ئابدۇرۇسۇل بەگ، ناسىر ئەلەملەر يېنىمىزدا بولماي قالدى.

ــ ئۇلار سۈيىقەستچىلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى، ــ دېدى سالىش ئىمام قايغۇرغان ھالدا.

ــ ئەمدى بۇنداق سۈيىقەستلەر، ئۇرۇش، جەڭگى ـ جېدەللەرمۇ بولماس...

بۇ گەپلەرنى سەككىز قىرلىق چېدىردا تۈزۈلگەن خاس سورۇندا ساقىلى ئاپئاق ئاقارغان، بوي ـ تۇرقى دىقماق كەلگەن شەمسىدىن خەلپەم قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ بۇ گەپلەرنى نۇسرەت ئۈچۈن، ئەلا پالۋاننىڭ نۇسرىتىگە شادلانغانلىقى ئۈچۈن قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرىقى ئېغىر ـ بېسىقلىقىنى، تەمكىنلىكىنى بۈگۈن يوقاتقان، ئۆزۈندىن بېرى تورۇلۇپ كەلگەن قاپىقى بۈگۈن ئېچىلغانىدى. ئۇ سورۇندىكىلەرنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇشقا دالالەت قىلىۋاتىدۇ. ئوچۇق چىراي بولۇپ، خۇشخۇي گەپلىرى بىلەن زېرىكتۈرمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سورۇندىكىلەر

ئاڭلاپ ھوزۇرلىنىۋاتىدۇ، كۈلۈۋاتىدۇ. ھەتتا ھەمىشە قولىدىن دەررىسىنى چۈشۈرمەيدىغان، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان قازىكالان جاللادىنىمۇ كۈلۈۋاتىدۇ، كۈلۈۋاتىدۇ، ھەممە كۈلۈۋاتىدۇ!

— كېلىۋاتىدۇ! كېلىۋاتىدۇ! ئاق بوز ئات ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ! — نۆكەرنىڭ «كېلىۋاتىدۇ» دېگەن شادىيانە ئاۋازى كىشىلەرنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. چاپارمەننىڭ ئاستىدىكى مۆلدۈردەك تەرلەر تامچىپ تۇرغان جەدە ئېتىمۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەممە كۆرە يولىغا يۈگۈردى. ناخشىچىلار، سازەندىلەر، چاقچاقچىلار، مەدداھلار، ئېلىپ - ساتارلارمۇ يۈگۈرۈشتى، يىراقتىن قويۇق ئات دۈپۈرى ئاڭلاندى. شەمسىدىن خەلپەم گىيىنى توختىتىپ چېدىردىن چىقتى، باشقىلارمۇ چىقىشتى. ئۇلار ئالىقانلىرىنى سايىۋەن قىلىپ كۆرە يولىغا قاراشتى. ناغرا، بۇغرا، كاناي - سۇنايلار ياڭراپ كەتتى، سازەندىلەر، ئۇسسۇلچىلار ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشتى. قىبلە تەرەپتىن بېشىغا ئاق كىگىز مالىخاي، ئۇچىسىغا سەنسەن جۇۋا كىيگەن، ئاق بوز ئاتلىق كىشى بارلىق ئاتلىقلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۇچۇپ كەلمەكتە. ئۆز ئوقۇرنى ياكى كۈتۈپ تۇرغان ئون مىڭلىغان ئادەملەرنى سېغىنغاندەك، بوز ئاتمۇ ئۇچۇپ كەلگەن پېتى خەلق ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئاق مالىخايلىق يىگىت ئاتتىن چەبدەسلىك بىلەن سەكرەپ چۈشتى. ئۇ پىر ئۇستازى شەمسىدىن خەلپەمنى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى:

— ئۇستاز، ئۇستازلار، پېشىۋالىرىمىز ئامان - ئېسەن تۇرۇشتىلىمۇ، تەنلىرى ساق، كۆنلىرى خۇش ۋاقىت ئۆتۈۋاتامدۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر بالام، — دەپ، شەمسىدىن خەلپەم ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشتى. خەلپەم ئۇنى قۇچاقلىدى دېگەندىن كۆرە بەستلىك ئەلا پالۋان ئۇنى باغرىغا ئالدى، دېگەن توزۇك ئىدى. ئەلا پالۋان شەمسىدىن خەلپەمدىن ئاجراپ:

— ئۇستازلىرىم، سىلەرگە ئوخشاش پېشىۋالىرىمىز، مەرھۇم ئابدۇرۇسول بەگ، ناسىر ئەلەم ئاتام، ئابدۇللېتىپ خەلپەم ۋە سادىر پالۋان ئاغا، ئەزىز پالۋانغا ئوخشاش بىر يۈز يىگىرمە يەتتە پالۋاننىڭ ئەجرى، دۇئاسى،

باتۇرلۇقى بىلەن تىلىكىمىز ئەمەلگە ئاشتى. جاھىل قورغان كۆرە ۋە ئۇنىڭ قوشنىسى سۈيدۈك پەتىھ قىلىندى، ئىلى ئاسمىنىدىن زالىم ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇمى ھەيدەلدى. خەلقىمىز ئەمدى ئاسايىشلىقتا، تىنىچ تۇرمۇشقا ئېرىشكەي! — دېدى تەنتەنە بىلەن.

— يارايسەن ئوغلۇم، سېنى تۇغقان ئاناڭغا، سېنى تاپقان ئاتاڭغا رەھمەت! — دېدى شەمسىددىن خەلپەم كۆزىگە تولغان ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— خەلپەم، ئەلا پالۋانغا بىلىم بەرگەن سىلىگىمۇ رەھمەت، — دېدى يەتمىش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئورۇق، ئوتتۇرا بويلۇق، قاتمال كەلگەن، تېتىك بىر بوۋاي ئالدىغا چىقىپ.

ئەلا پالۋان بۇ زېھنى ئۆتكۈر ئالىمنى بۇرۇندىن بىلەتتى. شەمسىددىن خەلپەم ئۇ يازغان كىتابلارنى ساۋاق قىلىپ ئۆتكەنىدى. شۇڭا ئەلا پالۋان چوڭقۇر ھۆرمەت كۆرسىتىپ، بوۋايغا تەزىم قىلىپ ئېگىلدى. سالىش ئىمام ۋنىڭ يېنىغا ئىتتىك كېلىپ كەڭ مۈرىسىدىن يېنىك تۇتتى ۋە بېشىنى ىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئالدى. ئەلا پالۋان ئېگىلىپ بەردى. سالىش ئىمام ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى، ئاندىن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى. ئۇ:

— ئۇستازلىرىڭىزنىڭ تەلىمىنى ئاقلىدىڭىز. بۇ نۇسرەت خەلقىمىزنىڭ بىرلىك كۈچى، ئۇستازلىرىڭىزنىڭ بىلىمىنىڭ سىزدە مۇجەسسەملەنگەنلىكىنىڭ مېۋىسى! — دېدى تەسىرلىك قىلىپ.

بۇ سۆزدىن ئەلا پالۋاننىڭ چاڭقىغان قەلبى ھەۋزى كەۋسەرگە تويغاندەك يايراپ، تەسىرلەنگەن ھالدا:

— ھەممەتلىرىگە رەھمەت، پىر ئۇستاز! — دېدى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

كۆرۈشۈش نۆۋىتى جالالىددىن قارىكالانىغا كەلدى. ئۇ سالىش ئىمامدىن ئارتۇق تاتلىق سۆز تاپالماي، پەقەت ئۈنسىز ھالدا ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى. ئەمما، جالالىددىن قارىكالانىڭ ئورنىدا يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا سانجاق تۇرغان ئەپكار ئاممىدا تەنتەنىلىك ۋارقىراشتى:

— ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئەسلەيمىز!

— ئەلا پالۋانغا بارىكاللا!

— غالىب قوشۇنغا بارىكاللا!
— ئەلا پالۋاننى سۇلتانلىققا كۆتۈرىمىز!
— ئەلا پالۋانلا ھەقىقىي سەلتەنەت ئىگىسى!
موللا شاۋكەت سۇلتان «قول ئاستىمىدىكى بىر ئەمىرنىڭ ئالدىغا چىقىمەنمۇ» دېگەن كىبىر بىلەن چىقمىغانىدى.
خەلقنىڭ تەنتەنىسى ئاستىدا سادىر پالۋان ئات سالدۇرۇپ كەلدى. ئەلا پالۋان سادىر پالۋاننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ توپ ئالدىغا كەلدى ـ دە، يۇقىرى ئاۋازدا دېدى:
— يۇرتداشلار! شان ـ شەرەپ سادىر ئاغىغا مەنسۇپ! بارىكاللىنى سادىر پالۋان ئاغىغا ئېيتايلى! سادىر ئاغام ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەي!
— ياشا سادىر!
— سادىرغا شان ـ شەرەپ بولسۇن!
ئەپكار ئاما ئەمدى سادىر پالۋانغا مەدھىيىلەر ياغدۇردى. شەھەردىن خەلپەم، سالىش ئىمام ۋە جاالىدىن قارىكاالنار گۇر ـ گۇر سادا ئىچىد سادىر پالۋان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ پەم ـ پاراستىنى ۋە باتۇرلۇقىنى ئالقىشلىدى. تەنتەنە ساماسىدىن سادىر پالۋاننىڭ قولاقلىرى پۈتۈپ كەتكەنىدى. داقا ـ دۇمباق، ناغرا، كاناي ـ سۇناي، نەغمە ـ ناۋالار ئىچىدە، كۆتۈرۈۋېلىشقا چىققان ئاتا ـ باال، قوۋم ـ قېرىنداش، يار ـ بۇرادەرلەر بىلەن لەشكەرلەر ئۆز ئارا قۇچاقلاشتى، كۆلۈشتى: شېھىت بولغانلارنىڭ ئاتا ـ باال، قېرىنداشلىرى يىغلىدى، قاقشىدى، قايغۇردى. ئەپكار ئاما سادىر پالۋان بىلەن ئەلا پالۋاننى ئۇلۇغلار ئارىسىدىن كۆتۈرۈپ ئاچىقىشتى، قۇچاقلاشتى. بۇ زەبەردەست پالۋانلار ئۇلارنىڭ قۇچاقلاشلىرىدىن نەپەس ئالالماي قېلىشتى. ھەممىلا ئادەم ئۇلارنى قۇچاقلىماقچى، ئەڭ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولۇشاتتى. بىراق، ئادەم مىغىلداپ كەتكەچكە ئۇنداق قىلالمايتتى. بىر نەچچە بەستلىك يىگىت پالۋانلارنى ئايرىم ـ ئايرىم كۆتۈرۈشۈۋالغانىدى. ئۇلارنى كۆرۈۋېلىشقا ئىنتىزار بولغان كىشىلەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىشىپ يىراقتىن ئاران كۆرەلىدى. يىگىتلەر پالۋانلارنى كۆتۈرگىنىچە خاس چېدىر ئالدىغا

ئەكەلدى. كىشىلەر چېدىر ئەتراپىدا سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ، تۆپە، قولاقچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، پالۋانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. «ياشاپ كەت ئەلا پالۋان!»، «ئۆزۈن ياشا سادىر پالۋان!» دەپ چۇرقىراشتى.

بۈگۈن ئەنچە يۈز يىلدىن بېرى غەمگە چۆمۈپ ئۇيقۇدا ياتقان چىلپەگۈزە قەلئەسىمۇ بۇ شاد ـ خۇراملىقتىن ھۇزۇرلانغانىدى. خاس چېدىر ئىچىدىكىلەر، لەشكەرلەر، قارشى ئالغىلى چىققان ئەپكار ئاممىمۇ تاماقلىرىنى يەپ بولۇشتى. ئەلا پالۋان ئەپكار ئامما ئارىسىغا چىقتى ۋە ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار بىلەن ئۇسسۇل ئوينىدى. ناخشىچىلارغا قېتىلىپ ناخشا ئېيتتى. ئۇ شۇ تاپتا خەلق گۈللىرىدىن خۇش پۇراقلار ئېلىپ ھۇزۇرلانماقتا ئىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ قەلبى يېزا ئاياللىرىنىڭ قەلبىدەك ساددا ئىدى. ھازىر بالىلارنىڭكىدەك شادلىققا تولدى. بۇ ئۇنىڭ گۈزەل ئاغىچىدىن ئايرىلغاندىن بېرىقى تۇنجى خۇشاللىقى ئىدى.

بۈگۈنكى توي، شادلىق ئۇزاق داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ساز، ناخشا، ئۇسسۇل، قىزىقچىلىق بىلەن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشتى. كۈندۈزكى ئويۇنغا تويمىغانلار گۇلخانلارنى ياندۇرۇپ تا ھېرىپ يىقىلغۇچە ئويناشتى، كۈلۈشتى. ئوتتۇرا ياش ۋە قېرىلار گۇلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ لەشكەرلەرنىڭ باياندايى، كۆرە، سۈيدۈك قەلئەلىرىنى بويسۇندۇرۇش جېڭىدىكى قەھرىمانلىقلىرىنى ئاڭلاشتى. ھەزىلكەشلەر جىياڭجۇن ۋە ئۇنىڭ دارىنلىرىنى مەسخىرە قىلىشتى، قوشاقچىلار يېڭى ـ يېڭى قوشاقلار توقۇدى، چاقچاقچىلار سورۇننى ئاجايىپ قىزىتىۋەتتى. ئەلا پالۋان ئۇلارنىڭ قىزىق لەتىپىلىرىنى، چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ ئېغىناپ كەتتى. ئۇ مانا شۇنداق قىلىپ قانلىق جەڭلەردە چارچىغان جىسمىنىڭ ھاردۇقىنى چىقاردى.

ئەپسۇسكى، «ئۇن كۈلكىنىڭ بىرى يىغا» دېگەندەك، بۇ كۈلكىلەر، ھۆرمەتلەشلەر ئۇنىڭغا يېڭى ئاۋارىچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەردى.

## 2

ــ ئاللا بەخش ئەتكەن ئىلى سۇلتانى موللا شاۋكەت ئاخۇن شۇنداق

پەرمان بېرىدۇلەركى، ئوبۇل ئەلا بىننى ئىبراھىم بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئەمىر لەشكەرلىك ئەمەلىدىن قالدۇرۇلسۇن! ئوختاخۇن ئەمىر لەشكەر بولسۇن!

كوچا - كوچىدا ھۆدەيچى (جارچى) مانا شۇنداق جار سېلىشقا باشلىدى. جارنى ئاڭلىغانلار غۇلغۇلا قىلىشتى. بۇ غۇلغۇلا كۆپەيدى، كۈچەيدى. ھۈنەرۋەنلەر دۇكانلىرىنى ئېتىپ غۇلغۇلىغا ئارىلاشتى، سودىگەرلەرمۇ شۇنداق قىلىشتى. دېھقانلار توپ - توپى بىلەن يېزىلاردىن ئېقىپ كەلدى. دۇقمۇش - دۇقمۇشتا غۇلغۇلا. غۇلغۇلىنىڭ مەزمۇنى بىر، ئۇ بولسىمۇ «نېمە ئۈچۈن ئەلا پالۋاننى ئەمىر لەشكەرلىكتىن ئېلىپ تاشلايدىكەن!» دېگەن گەپ. بۇ غۇلغۇلا تىنچىپ قالغان شەھەرنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزغانىدى. خۇددى ئىختىلال ئوتى يانغان كۈندىكىدەك شەھەر تەۋرەپ كەتتى. بۇ غۇلغۇلىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن جالالىدىن قارىكالان، موللا روزى مۇپتى، ئابدۇسەمەت قاتارلىق موللا، بەگ، سىپاھلار موللا شاۋكەت سۇلتان ئالدىغا كىردى. ئۇلار سۇلتاندىن پەرماننى بىكار قىلىشنى، ئەلا پالۋاننى ۋاقىتىنچە ئەمىر لەشكەر ۋەزىپىسىدە قالدۇرۇشنى تىلىدى، يېلىندى. ئەمما، سۇلتانغا بۇ سوراشلار كار قىلمىدى. ئۇ قاپاقتەك يوغان بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، يا ئاق، يا كۆك دېمىدى. لال بولغان سىپاھلار ئۆزلىرى يۆلەپ چىقارغان سۇلتاندىن رايى قايتىپ، خوشمۇ دېمەي، ئۆردەكتەك تىزىلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئۇلاردىن كېيىن سەردارلار، سەركەردىلەر ئۈزۈلمەي كەينى - كەينىدىن كېلىپ، ئەلا پالۋاننى ئەمىرلەشكەرلىكتىن ئالماسلىقنى مىڭ مەرتىۋە تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلىدى. بۇ تەلەپنى قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلەر ئەمەس ئىدى. ياگۇر سۇلتانمۇ ئاخۇنلارنى باشلاپ كەلدى. ياگۇر ئامانلىق سورىشىپ، ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەل - يۇرت، لەشكەر ئىچىدە ئەلا پالۋاننى ھۆرمەتلىمەيدىغان ھېچكىم يوق، بىز جانابلىرىدىن بۇ پاراسەتلىك پالۋاننى ئەمىرلەشكەرلىكتىن ئېلىپ تاشلىماسلىقلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەپ كەلدۇق!

— ئەپۇ قىلسىلا ياگۇر سۇلتان، مېنىڭ ئەمىر - پەرمانىمغا مۇخالىپ ئىش قىلغان بۇ ناپاك بالىنى ئەمىرلەشكەر قىلالمايمەن!

— جانابىي سۇلتان، ئەلا پالۋاننىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغايلا!

مـوللا شـاۋكەت ياگـورنىڭ ئىلتىجاسـىنى قىسـىلچىقىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. ياگورمۇ ئۆزىنىڭ سۇلتانلىقىنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلمىغىنىغا رەنجىپ قايتىپ كەتتى.

موللا شاۋكەت پەرمان چۈشۈرگەن ئىككى كۈندىن بېرى بىرەر دەقىقىمۇ ئـارام ئالالمـىدى. ئـاخىر چىـدىماي ئۆيىگـە كـېلىپ دەرۋازىنـى ئىچـىدىن ئىلدۈردى ـ دە، جىبەكچىلىرىگە قاتتىق پەرمان بەردى:

— دەرۋازىنى بىرەر كىم كېلىپ ئۇرۇۋېتىمەن دېسىمۇ ئېچىپ بەرمەڭلار!

خىزمـەتچى ئـايـال مـوللا شـاۋكەتنىڭ ئالـدىغا داسـتىخان سـالدى. ئۇ سۇلتان بولغاندىن كېيىن قېرىپ قالغان بۇۋىمگە يانتاياق قىلىپ توقال ئالـماقچى ئىـدى، ئەمما جامائەتنىڭ ئەيىبلىشـىدىن قورقـۇپ، ئەخمـەتخان خوجا ئەۋەتكەن بۇ چىرايلىق چوكاننى ئائىلە خىزمەتچىلىكىگە ئالغانىدى. بۇ چوكـان شـاۋكەتنىڭ تەرىتىگە سۇ بىرەتتى. ئۇ داستىخانغا «ئۇھ» دەپ ئولتۇرۇشىغا دەرۋازا قاپقىقى ئۇرۇلـدى. بۇ ئۇنىڭ ئاغرىغـان چىشىغا مۇشت ئۇرغانـدەك تويۇلـدى. ئـۇ غـەزەپ بىلـەن ئىشـىككە ھـومىيىپ تۇرۇشـىغا جىبەكچىلەر سەركەردىسى ئېگىلىپ كىرىپ كەلدى:

— شـەۋكەتلىك سۇلتانىم، جانابلىرى بىلـەن ئەمىرلەشكەر توختاخـۇن كۆرۈشـەم دەپ كەپتۇ. قانداق قىلاي!

— ئەمىرلەشكەرنىڭ كىرىشـىنىمۇ مەندىن سورامسـەن. ھـوي دۆت! بار، تېز باشلاپ كىر! — دەپ چېچىلدى شاۋكەت سۇلتان.

«تازا سەپرا نېمىدە بۇ، ئۆزى پەرمان بېرىدۇيۇ، سورىسا تىللايدۇ» دەپ غۇدۇراپ چىقىپ كەتتى سەركەردە.

مـوللا شـاۋكەت ئەخمـەتخان خوجىنـى ھـەقىقىي ئـەۋلىيادەك كـۆرەتتى، ئۇنىڭ ھـەربىر قىلغان سۆزىگە خـۇدانىڭ سۆزىگە ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ ئەلانى ئەمىرلەشكەرلىكتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئەخمـەتخان خوجىنىڭ سۆزى بويىچە توختاخـۇننى ئەمىر لەشكەرلىككە تەيىنلـەپ خاتا قىلمىدىم، دەپ ئويلايتتى. كۆڭلىدە: «ئەمدى ئۇرۇش بولمايدۇ. ئەلا پالۋان جياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى يوقـاتتى. ئەمـدىكى ئىش مېنىـڭ پـەرمانىم بويىچە

بولىدۇ. كۆپ لەشكەرنىڭمۇ كېرىكى يوق، ئوردىنى قوغدايدىغان، سېلىق يىغىدىغان، ئوغرى ـ قاراقچىلارنى توسىدىغان لەشكەر بولسىلا بولدى» دەپ قارايتتى. ئۇ ئەخمەتخان خوجا كۆرسەتكەن تۇختاخۇنغا تاغدەك ئىشەندى. ئەخمەتخان خوجىمۇ تۇختاخۇننى سۇلتانىمىزغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. شاۋكەت سۇلتانىنىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ پەرمان چۈشۈرۈشىگە يەنە چىلپەڭزە بارگاھىدىكى كۆلكىلەر سەۋەب بولدى. ئۇ تۇختاخۇننىڭ ئادەملىرى ئارقىلىق ئەلا پالۋاننىڭ قانداق ھۆرمەتلەنگىنى، ھەتتا ئۇنى سۇلتانلىققا كۆتۈرمەكچى، ئۆزىنى قازىلىققا چۈشۈرمەكچى بولغىنىنى ئاڭلىغاندا، قويقا چېچى تىك تۇرۇپ، بوم ساقىلى تىترەپ كەتكەن ۋە دەرھال ئەخمەتخان خوجىغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ مەكتۇپ يازغانىدى. ئەخمەتخان خوجا چىلپەڭزىدىكى تەنتەنىنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئاڭلاپ، ئالدىدىكى بولغۇسى ئىشلار ھەققىدە باش قاتۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ جاۋاب مەكتۇپىدا، چىلپەڭزە بارگاھىدا بولۇنغان ئەلانى كۆتۈرۈپ سۇلتان قىلىش ھەققىدىكى گەپلەرنى بىرنى ئون قىلىپ يېزىپ، ئەلانىڭ توققۇزتاراغا ئۇۋغا كەتكىنىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئېلىپ تاشلاشقا تۇختاخۇننى ئەمىرلەشكەر قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇ ھەتتا بۇنى ئاللانى ئىرادىسى دېدى.

موللا شاۋكەت ئەخمەتخان خوجىنىڭ مەكتۇپلىرىدىكى ھەشەمەتلىك سۆزلەر، ماختاشلار بىلەن قىلتاققا چۈشۈۋاتقىنىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىغانىدى. مىجەزى تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، تۇتامى يوق بۇ سۇلتان تۇختاخۇننىڭ خۇشامىتى ۋە ئەخمەتخان خوجىنىڭ دەبدەبىلىك ئۇچۇرۇشلىرىنى ماڭا قىلىنغان ھۆرمەت، ساداقەتمەنلىك دەپ چۈشىنەتتى، ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئۇقماي يۈرەتتى. ئۈيگە ئېگىز بويلۇق، ئىنچىكە، كۆك كۆز، كەكە ساقاللىق، كەڭ پۇشقاقلىق قارا تامبال، ئۇچىسىغا بەقەسەم تون كىيگەن تۇختاخۇن توققۇز تەزىم بىلەن كىرىپ كەلدى. موللا شاۋكەت ئۆزىنىڭ سۇلتانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدى:

— مەرھەمەت، ئەمىرلەشكەر، تۆرگە ئۆتۈڭ!

ئەمرلەشكەر ئالتۇن تۇگمىلىك، قايرىم ياقىلىق كالاۋۇتون كەنجە كىيگەن سۇلتانغا ئېگىلىپ ھۆرمەت كۆرسەتتى:

— ئەي شاھىنشاھ، سىلىدەك پۈتكۈل تۇتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق شاۋكەتلىك شاھىنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەم پىر ئۇستازىم خوجام ئالدىدا قارا يۈز بولمايمەنمۇ؟!

ئۆزىنى شاھلىقتا كۆتۈرگەن بۇ لاتاپەتلىك ئۇچۇرۇش بىلەن سۇلتانىنىڭ نادانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن شاھلارنىڭ شاھى بولۇپ قالغىنىغا ئىشەندى، شۇڭا خاتىرجەم ھالدا چارزا قۇرۇپ گىدىيىپ ئولتۇردى. توختاخۇن بولسا بۇ «شاھىنشاھ»نى ئىززەتلەپ، پەستىكى مورا ئوچاق يېنىدا قوللارچە يەكتىز ئولتۇردى. ھىيلەئىي شەرئىي ئىلمىدا تەڭداشسىز پىرى ئەخمەتخان خوجا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق شىرىن - شېكەر گەپلەر، ئەدەپ - قائىدىلەردىن ساۋاق بېرىپ قولىقىغا قۇيۇپ تۇرغانىدى. موللا شاۋكەتنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى، شۇڭا ئاشقا گەپلەرنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، ئاۋۋال تاماق كەلتۈرۈپ ئۇنى تائامغا تەكلىپ قىلدى:

— قېنى تاماققا مەرھەمەت قىلىڭ ئەمرىم. «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە، يامان مېھمان باش ئۈستىگە» دەيدىغان دادام رەھمىتى. سىز ياخشىلارنىڭ ئەۋلادى بولغاچ ئاش ئۈستىگە كەلدىڭىز. ئىككى كۈندىن بېرى مېھمانلار تولا كېلىپ ئارامىمنى قويمىغان، سىز مېنىڭ ئەزىز مېھمىنىم. قېنى، تائامغا بېقىڭ!

— ئەي شاۋكەتلىك شاپائەتچىم، — دېدى ئەمر لەشكەر تەسىرلەنگىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — كەمىنە مۇلازىملىرى قانداقمۇ سىلىدەك ئۇلۇغ شاھىمدىن ئاۋۋال تائامغا قول سېلىشقا پېتىناي؟! مەن سىلىدەك ئۇلۇغ شاھنى پاناھ تارتىپ كەلگەن ياخشى نىيەتلىك مۇساپىرمەن. سىلىنىڭ بۈيۈك شاپائەتلىرى دالدىسىدا يۈز - ئابرۇي تېپىپ ئەمرلەشكەر بولدۇم، سىلىنىڭ خىزمەتلىرىگە بېشىم بىلەن تەييارمەن، ئىلتىپاتلىرىغا مىڭلارچە تەشەككۇر، مەن سىلىگە مەڭگۇ قۇللارچە قول - قانات بولىمەن. بۇ مېنىڭ ئەھدۇ پەيمانىم. شۇ تاپتا شاھىم بىلەن بىر

تاۋاقتا قول سېلىش مەن ئۈچۈن جەننەتتە پەرىشتىلەر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغاندىنمۇ ئەۋزەلدۇر. مۇبارەك قوللىرىنى سېلىپ بەرگەيلا.

بۇ ياغلىما گەپلەر پولۇنىڭ ۋە قېزىنىڭ مايلىرىنى ئېخىمۇ ئېرىتىۋەتكەندەك قىلدى. ساھىبخان بۇ شېرىن مايلىق تائامغا قولىنى سالدى، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ چىدىيالماي قالغانىدى. قولى تاۋاقتا ئىتتىك يۈگۈردى. ئۇششاق بارماقلىرى ئارقىلىق پولۇنى چىڭداپ ئالىقىنىغا تولدۇرغاندىن كېيىن شۆلگەي بىلەن تولغان ئېغىزىغا كەپلەپ سالدى، بوشاپ كورۇلداپ كەتكەن قارنى بىر سىقىم گۇرۇچ بىلەن ئازراق ئارام تاپقاندەك بولدى. ئاندىن ئۇنىڭ دىققىتىدەك بارماقلىرى توغرالمىغان قېزىنى قىسىپ ئېلىپ ئاغزىغا پۈتۈن تىقتى. ھەر ھالدا ئاماق يېيىش ھەققىدە ئەخمەتخان خوجىدىن تەلىم ئالغان توختاخۇن ئۆز «شاھى»نى دورىمىدى. «شاھ»قېزىنى يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن بىر نەچچە تال لوق گۆشنى ئاشقا ئارىلاشتۇرۇپ كەينى - كەينىدىن ئاغزىغا سالدى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە بىر تاۋاق پولۇ، بىر سان مەررە گۆش ۋە قېزا پاك - پاكىز ئۇلارنىڭ قېرىنىغا كىرىپ كەتتى. شاۋكەت ئاخۇن ئادىتى بويىچە «ساۋاب بولۇر» دەپ تاۋاقنى يالىدى...

خىزمەتكار چوكان سۈت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ يېقىلغان، مەغزى قىزىل ئاپئاق توقاچلارنى ئېلىپ كىرىپ داستىخانغا قويدى، ئارقىدىن پەتنۇستا ئىككى چىنە ئەتكەنچاي ئېلىپ كىردى. چىنىدىكى چاينىڭ يۈزى ساپلا قايماق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۈچ قېتىم كېكىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تىللىرى يەنە سايراشقا باشلىدى. مىڭ قىلغان بىلەن ئەمىرلەشكەرگە قارىغاندا يەنىلا ئۇنىڭ خوجىسى ئەقىلدار - دە. شۇڭا مولا شاۋكەت سۇلتان ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

— جانابىي ئەخمەتخان خوجام خۇيزۇلار بىلەن چىقىشىپ قالغاندۇ؟ تېنى ساق، كۆڭلى خۇش ئۆتۈۋاتامدۇ؟

توختاخۇن شاۋكەت سۇلتاننىڭ ۋۇجۇدىدىن تېپىلمايدىغان، ھەمدە ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان خىسلەتلىرىنى سەلتەنەت بىلەن ئىزھار ئەيلىدى:

— ھەر كۈنى دېگۈدەك جانابىي سەلتەنەت ئىگىسى شاھىمىزنى ئەسلەيدۇ. جانابلىرىنىڭ مۆجىزانىلىرى بىلەن كۆرە قەلئەسىنىڭ پەتھ قىلىنغانلىقىغا ئاپىرىن ئەيلەيدۇ. ئۇ ئۇستاز ھەر كۈنى جانابلىرىنىڭ خىسلەتلىرى ھەققىدە ياگۇر سۇلتانغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ياگۇر سۇلتاننىڭ ھەزرەتلىرىگە ئىخلاسى مىڭلاپ ئاشتى. ئەلا دېگەن مەلئۇنغا غەزەپ - نەپرىتى تولۇپ تاشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پىر ئۇستازىمىزمۇ ئالىي ئېھتىرامغا ئېرىشتى. ئالاھىدە ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈلۈشكە باشلىدى، ھەتتا دېسلە ئالىيلىرى. كۆرەدە ئەسىر چۈشكەن ئەمەلدارلارنىڭ خانىملىرىنى ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك چۈشكىگە كاڭشاڭ قىلىپ بېرىدىغان بولدى. ئۇ زات بۇ جەننەتنى ھۆرلەر بىلەن كۈندىن - كۈنگە ياشارماقتا. كەمىنە قۇللىرىمۇ بۇ ھۆزۈر - ھالاۋەتتىن سىرتتا قالمىدى. پىر ئۇستازىم ياگۇر سۇلتاننىڭ بۇ ھىممىتىگە يارىشا مۆجىزىلەرنىمۇ كۆرسەتتى. خۇيزۇلار تولىمۇ ئىخلاس قىلىدىغان «ئوراد شېرىپ »، «زىكرى - سۆھبەت» لەرنى ھەر كۈنى دېگۈ-دەك ئۆتكۈزۈپ، داشقازانلار ئاستۇرۇپ، ھېيلىسە پىشۇرۇپ، خۇيزۇ پۇقرالىرىنى، لەشكەرلىرىنى يۇمشاق، تاتلىق گۆش - تائاملار بىلەن مېھمان قىلىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن پىر ئۇستازىمغا خۇيزۇلارنىڭ ئىخلاسى ھەسسىلەپ ئاشتى. مەن جانابىي شاھىمىزنىڭ ماڭا قىلغان يۈكسەك ھىممىتىنى يەردە قويماي دەپ، خىزمەتلىرىگە ھازىر بولۇشقا كەلدىم. پىر ئۇستازىممۇ مېنى:«تېز بېرىپ بۈيۈك شاھىمىزنىڭ قوللىرىنى يۈزۈڭگە سۈرتكىن. كەمىنىنىڭ ئىلتىجا ۋە مەسلىھەتنى يەتكۈزگىن» دېدىلەر...

ئۇنىڭ بۇ سەلتەنەتلىك سۆزلىرىدىن شاۋكەت سۇلتاننىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى، ئەخمەتخان خوجىنىڭ شاھانە تۇرمۇشىغا ھەۋىسى قوزغالدى. ئۇ ئەخمەتخان خوجىنىڭ ئۆزىگە نېمە مەسلىھەتنى بارلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ:

— پاھ، خۇيزۇلار كارامەت ئىنسانكەنغۇ، خوجامنى تولا ئوبدان كۈتۈپتۇ. خوش، خوجام ھەزرەتلىرى پېقىرغا قانداق مەسلىھەت ئىلتىجا ئەيلىدى، — دېدى.

— شاھ ئالىيلىرى، — دېدى توختاخۇن، — ئۇ زات دەيدۇلەركى، ئوبۇل ئەلادەك قارا[1] نەرسە شاھىمىزغا ئارام بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىمۇ ئەڭ ياخشىسى ئابدۇررۇسۇلنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش تەقدىرگە مەھكۇم قىلىش كېرەك، دېدى. سۇلتان ئالىيلىرى، پەرمان بەرسىلە. بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئورۇنداشقا تەييارمەن.

— ھەي، — دەپ ئاھ ئۇردى سۇلتان، — ئەلانى يوقىتىش تەس.

توختاخۇن بۇ گەپنىڭ نېگىدە گەپ بارلىقىنى سېزىپ، بىر كوچىلاپ كۆرەيچۇ، دېگەن يەرگە كەلدى-دە:

— ئالىيلىرى، نېچۈك تەس دەيدىلا. سىلى تورۇپلا بەرسىلە پېقىر ئۇنى ئاسانلا قەتل قىلىۋېتىمدۇ! — دېدى مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

— ھەي، — دەپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى سۇلتان يەنە، — ئۇنى سىز ئۇنداق ئاسان قەتل قىلالمايسىز. مانا ئىككى كۈندىن بېرى يۇرت چوڭلىرى، پۇقرا، سەردار، لەشكەرلەر ئەلانى ئەمىرلىكتىن ئېلىپ تاشلىماسلىقىمنى تەلەپ قىلىپ بېشىمنى قوچۇۋەتتى. ئەڭ يامىنى، ئەزىز پالۋان ئىككى مىڭ ئاتلىق لەشكىرىنى چىلپەڭزە بارگاھىدا زەبەردەس قىلىپ تۇرغۇزۇپ ماڭا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. ئۇ بايا بىر سەركەردىسىنى مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتىپتۇ. مەكتۇپتا: «ئەگەر ئەلا پالۋاننى ئەمىرلەشكەرلىكتىن قالدۇرسىلا ئوردىلىرىنىمۇ، ئۆيلىرىنىمۇ تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن، توختاخۇننى دارغا ئاسىمەن، ئۆزلىرىنى قاپقا سېلىپ دەرياغا تاشلايمەن!» دەپتۇ. ئۇھ، قانداق قىلارىمنى بىلمەي قالدىم!

توختاخۇننىڭ كۆك كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى.

— ھە، بۇ تولىمۇ باشباشتاقلىق، مەن ئەمىرلەشكەر تۇرسام مېنىڭدىن ئىجازەتسىز باياندايدىن نېمە ئۈچۈن چىلپەڭزە بارگاھىغا كېلىدىكەن! — دېدى ئۇ.

---

[1] بۇ يەردىكى قارا دېگەن سۆز گاداي مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

— ئەلا پالۋان ئۇچۇن - دە!

ئەمىرلەشكەر توختاخۇن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ قېتىپلا قالدى، يۇمشاق تىللىرى قاتتى. بايىقى لەززەتلىك مەررە گۈش ۋە پولۇ كۆڭلىنى ئاينىتىشقا باشلاپ، «شاھىنشاھ»نىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك بولۇپ قالمىسۇن، دېگەن ئويدا ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى. ئىران پاسۇنىدىكى ئىشىك ئۇنىڭ ئورۇق گەۋدىسىدىن يىرگەنگەندەك ئىككى تەرەپكە ئۇلۇغ ئېچىلدى. موللا شاۋكەت ئاخۇن ئۆزى ئىشەنگەن بۇ تېغىغا گۇماندا بولۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ چىن گۇمانى ئىدى.

# 3

موللا شاۋكەت سۇلتانىنىڭ ئۆزى بەرگەن ئەمىر - پەرماندىن ھە دېگەندىلا التىيىپ، بۇگۈنى بىر پەرمان بەرسە ئەتىسى ئۇنىڭغا زىت يەنە بىر پەرمان بېرىدىغىنىنى توختاخۇن ئوبدانلا بىلىپ قالدى ھەم پىر ئۇستازى ئەخمەتخان خوجىنىڭ شاۋكەت سۇلتاننى «سۆزىنىڭ تايىنى، ئىشىنىڭ ئۇنۇمى يوق شامالپەرەس ئادەم. ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەزىدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك» دېگەن سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىپ «ئالدىن بىلەر زات» دەپ ئىچىدە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئەيلىدى.

ئەخمەتخان خوجا مەھمۇد پودىن ئايرىلغاندىن كېيىن، توختاخۇننى شەيتانغا ئوقتا سالالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان، بارلىق ئۈمىدىنى توختاخۇنغا باغلىغان، ئۇنى دوغا تىكىپ مەقسىتىگە يەتمەك بولغانىدى. ئەمما، توختاخۇن ھىيلەئىي شەرئىيدە ئەخمەتخان خوجىنىڭ تەلىمىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگىنى بىلەن ئادىمي شەيتان بولۇش دەرىجىسىگە، ئەقەللىيسى مەھمۇد پوچىغىمۇ يەتمىدى. شۇڭا، توختاخۇن سۇلتانىنىڭ «ئەزىز پالۋان ئىككى مىڭ ئاتلىق لەشكىرىنى چىلپەگزە بارگاھىغا تورغۇزۇپ قويۇپ سەركەردىسىدىن مەكتۇپ ئەۋەتتى» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن دىر - دىر تىترەپ كەتتى. ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي پىر ئۇستازىنىڭ ئالدىغا چاپتى. توختاخۇننىڭ تىلى بويىچە

«شاھنشاھ» نىڭ دېگەنلىرى دۇرۇس ئىدى. ئەلا پالۋاننىڭ مىڭ غالداي قوشۇنى، جىگدە قوشۇنىنى، شى دارىننىڭ بىر تۈمەن قوشۇنىنى يوقاتقانلىقى، بايانداي، سۇيدۇڭ، كورەنى پەتنە قىلىشتىكى ئاجايىپ باھادىرلىقى، بولۇپمۇ كورە، سۇيدۇڭنى پەتنە قىلغىنى ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ھەتتا ئۇنى «بالا پالۋان» دەپ كۆزىگە ئىلماي كەلگەن جاڭالىدىن خەلپىگە ئوخشاش زاتلارمۇ ئۇنىڭغا قايىل ھەم مايىل بولغانىدى. ئۇلار ئىختىلال ئوتىنىڭ نۇسرىتىنى خەلققە توغرا يېتەكچىلىك قىلغان، ئەقىل - پاراسەتتە يېتىلگەن، جەسۇر پالۋان ئەلانىڭ نۇسرىتى دەپ بىلىشەتتى. شۇڭا قوزغىلاڭ كاتتىۋاشلىرى چىلپەگزىدە كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بۇ نۇسرەت پالۋانلىرىنى كۈتۈۋالغانىدى. ئۇلار «ئەمدى يۇرتىمىزدا زۇلۇم بولمايدۇ. ئۇرۇش، جەڭگى - جېدەل، قەستلىشىشلەر تۈگىدى. ئاسايىشتا توق تۇرمۇش كەچۈرىمىز» دەپ خۇش بولۇشقانىدى. بىر خۇشلۇقنىڭ كەينىدىن بىر خاپىلىقنىڭ سايە تاشلاپ تۇرىدىغىنىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن!

ئەلا پالۋان ئەمىر لەشكەرلىكتىن ئېلىنغاندىلا ئۇلار بۇ خاپىلىقنى كۆرۈشتى خاپا بولۇشتى. قوزغىلاڭ پالۋانلىرىنىڭ بىر يۈز يىگىرمە يەتتىسىدىن تىرىك قالغىنى ئاران ئوتتۇز يەتتە پالۋان ئىدى. بۇ پالۋانلار شاۋكەت سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا، ئۆيىگە تولا كېلىپ ئۇنىڭ ئارامىنى قويمايۋاتاتتى. شاۋكەت سۇلتان ئەخمەتخان خوجىنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىمىز، ئۇ بىزنى يۆلەيدۇ، دېگەنلىرىگە ماقۇل بولمىغاندا، ئەلا پالۋاننى ئەمىر لەشكەرلىكتىن ئېلىۋەتمىگەن، بۇ غوۋغالارمۇ چىقمىغان بولاتتى. شاۋكەت ئاخۇن ئەخمەتخان خوجىغا ئىشەندى، ئەمما پۈتكۈل پالۋان، لەشكەر ۋە ئاۋام خەلقنىڭ دىلىنى قاتتىق رەنجىتتى، بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلدى.

موللا شاۋكەتكە يالۋۇرۇپ ھېچ ئىش چىقىرالمىغان پالۋان، لەشكەر، ئاۋام خەلق ئەمدى سالىش ئىمام بىلەن شەمسىدىن خەلپەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتقىلى تۇردى. ئۇلار شەمسىدىن خەلپەمگە:

— خەلپىكا، سىلى ئەلا پالۋاننىڭ ھەم ئاتىسى ئورنىدىكى ئاتا، ھەم ئۇستازى. پۈتكۈل سەردار، سەركەردە ۋە لەشكەر ئەلا پالۋاننىڭ گېپىنى

ئاڭلايدۇ، ئەخمەتخان خوجىنىڭ قولىغا ئايلانغان موللا شاۋكەتنى لەشكىرىي كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەك. شۇڭا ئەلا پالۋانغا نەسىھەت قىلىشلىرىنى سورايمىز، — دېيىشتى.

شەمسىدىن خەلپەم بۇ تەلەپكە قوشۇلمىدى. ئۇ دېدىكى:

— ئەي سەردار - سەردىيانلار، بىز ئەمدىلا ئۇھ دېدۇق، نۇرغۇن قان - جانلار بەدىلىگە زالىم ئەمەلدارلارنى يوقاتتۇق. كەلگۈسىدە نېمە ئىشلار بولىدۇ، بۇنى ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن سىلەر بىر تەرەپ قىلىسىلەر. قەست قىلىش، ئۆز ئارا زىتلىشىشلار تۈپەيلىدىن كۆپ شىكەستە يېدۇق، لەشكەرنى ئىشقا سالساق خەلقىئالەم نېمە دەيدۇ؟ پېقىرنىڭ كەم ئەقلى شۇنداق مەسلىھەت بېرىدۇكى، يەنىلا ۋەكىل ئەۋەتىش لازىمدۇر. بۇ نۆۋەت ئۆلىمالىرىمىزدىن سالىش ئىمامنى ئەۋەتەيلى. ئۇ زات پەند - نەسىھەت قىلىپ باققاي.

— ئەگەر شاۋكەت ئاخۇن سالىش ئىمامنىڭمۇ سۆزىنى ئاڭلىمىسىچۇ؟ — دەپ سورىدى ئەزىز پالۋان.

— ئۇنداقتا سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارچە بولغاي.

شەمسىدىن خەلپەم سالىش ئىمام ھوزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بەگ، سىپاھلار، سەردار، لەشكەرلەرنىڭ تەلىپىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇنى شاۋكەت ئاخۇنغا پەند - نەسىھەت قىلىپ، ئەلا پالۋاننى ئەمىرلەشكەرلىكتە قالدۇرۇشقا دالالەت قىلىپ بېقىشنى سوراندى. سالىش ئىمام يۇرتقا تونۇلغان، بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى، تېگى خۇدىيارىيۇزلۇك ئادەم ئىدى. ئۇ ئىلىنىڭ ھەممە يېرىنى ئارىلاپ، ئىلىنىڭ تاغ - دەريالىرى، يايلاقلىرى ھەققىدە كىتاب يازغان، كىتابىدا ئىلى دەرياسىنىڭ نامىنى، ئۇنىڭ ئۈچ مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا ئىكەنلىكىنى، خانتەڭرى چوققىسىدىن باشلىنىپ بالقاش كۆلىگە قويۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە تەگرىتاغ، خانتەڭرى چوققىسى ھەققىدە كىتاب يېزىپ، تاغ، ئويمانلاردىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى، سانى، ئۇنىڭ ئىنسان ۋە ھايۋانلارغا پايدىسى ھەققىدىمۇ توختالغان. بۇ كىتابلىرىنى مەشھۇر خەتتات ۋە تارىخچى ئاقيول شەيخكە كۆچۈرۈشكە بەرگەنىدى. ئەمما، بۇ كىتابلار گۇمبەزدىكى ياڭغىندا

كۆيۈپ كەتتى. سالىش ئىمام ئىختىلالغىمۇ ئارىلاشماي، بارلىق ۋاقتىنى، دىققەت نەزەرىنى مۇشۇ كۆيۈپ كەتكەن كىتابلىرىغا بەرگەن ۋە ئۇنى قايتا يېزىش بىلەن بەند ئىدى. شۇڭا، ئۇنى ئىلمىي نوجۇم ۋە ئىلىملەردىن خەۋىرى بار ناسىر ئەلەممۇ ھۆرمەت قىلاتتى. كىشىلەر سالىش ئىمامنىڭ ھىرات، باغدادلاردا ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلغىنىنى بىلەتتى. شەمسىدىن خەلپەمنىڭ ھەممە ھۆرمەتلەيدىغان، مۇھىمى شاۋكەت ئاخۇنىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بۇ زاتنى ۋەكىل قىلىپ تاللىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. سالىش ئىمام كەسپىدىشى ھەم دوستى شەمسىدىن خەلپەمنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاۋام خەلقنى دەپ كەلگەن ئىلتىجاسىنى يەردە قويمىدى. ئۇ ئوتتۇرىدىكى زىتلىقنى ئاڭقىرىپ، بۇ ئىشنى چىرايلىقچە ھەل قىلمىسا خەلققە يەنە بالايىئاپەت كېلىدىغىنىنى چۈشەنگەنىدى. سالىش ئىمام ئەتىسى تۆلەندى يۇزبېگى، موللا ھوشۇر ئىماملار بىلەن بىللە ناسىر ئەلەم ھۇزۇرىغا كىرىپ قۇرئان ئوقۇدى، ناسىر ئەلەمنىڭ بالا - چاقىسىدىن ھال سورىدى، ئاندىن ئوردىغا كىردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان! — دەپ سالىش ئىمام ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ موللا شاۋكەت ئورنىدىن تۇرۇپ سالىش ئىمامنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى ۋە قولىدىن تۇتۇپ يۇقىرىغا باشلىدى. ھەر ئىككىسى ئولتۇرغاندىن كېيىن موللا شاۋكەت كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى، — تەقسىر، سىلىنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى!

تۆردىكى گىلەم ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان سالىش ئىمام تۆلەندى، موللا ھوشۇرلارنىمۇ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەپكار پۇقرانىڭ شامىلى! — دەپ جاۋاب بەردى.

موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ: «ئەمدى كەلمىگەن سەن قالغانىدىڭ» دەپ ئويلىدى. سالىش ئىمام:

— ئاللا تائالا ئىگەم مۇبارەك تەنلىرىگە دەرمان، دۆلەتلىرىگە دۆلەت قوشقاي، ئەپكار ئاممىنىڭ شامىلى يۆلىگەي، ئامىن! — دېدى.

پاتىھەدىن كېيىن ئۇلار ئۇ - بۇ ئىشلاردىن پاراڭ قىلىشتى. شاۋكەت

سۇلتان ھېچقاچان ئۆيىدىن بىھۇدە چىقمايدىغان ئىمامنىڭ بۈگۈن ئۆشتۇمتۇت كەلگىنىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەپكار پۇقرانىڭ شاملى» دېگىنىگە ئەجەبلەندى ۋە ئۇنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بىلىشكە ئالدىراپ:

— تەقسىر، پېقىرغا تاپشۇرىدىغان بىرەر زۆرۈرىيەت ئىشلىرى چىقىپ قالدىمۇ - قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— ھۆسن مۇبارەكلىرىگە مۇلاقەت بولۇش نىيىتىدە بوسۇغىلىرىغا قەدەم قويۇشىمىز، سۇلتان، — دەپ جاۋاب قىلدى سالىش ئىمام.

— ھەممەتلىرىگە ھەشقاللا! — دەپ شاۋكەت ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى.

— مەرھەمەتلىك سۇلتان، — دەپ گەپ باشلىدى سالىش ئىمام سالماق ئاۋازدا، — كەمىنىلىرى بىر ئاددىي پۇقرالىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن جانابلىرىدىن بىر ئىشنى سورىشىمغا ئىجازەت بېرەمدىلىكىن؟

— ئۇلۇغ ئىلتىپاتلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتارمىز تەقسىر.

— جانابلىرىنىڭ ئەلا پالۋان خۇسۇسىدىكى پەرمانلىرىغا پۇقرالار ئەجەبلىنىدىكەن، نېمە ئۈچۈن ئوبۇل ئەلادەك باھادىر، زېھنى ئۆتكۈر، نوچىۋان، پىردىل پالۋاننى ئەمىرلەشكەرلىكتىن ئېلىۋەتتىلە؟

بۇ سوئالنى ۋە ئەلا پالۋانغا بېرىلگەن ئالىي باھانى ئاڭلاپ شاۋكەت سۇلتاننىڭ چىرايى ئۆڭدى، قاپىقى تۈرۈلدى. ئۇ سالىش ئىمامغا بىر ئالىيىپ قويۇپ، قىسقا جاۋاب قىلدى:

— ئۆزۈم بىلىمەن!

سالىش ئىمام ھەر قانداق ئىشتا تەمكىن، ھەممەتلىك ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇزىنىڭ ھەممەتلىك سۆزى بىلەن بۇ خام كاللىنى يۇمشاتماق بولدى:

— ئەي شاۋكەت موللا، بۇ دۇنيا پانىيدۇر، سىلىنىڭ سۇلتانلىق ئابرۇيلىرى ھەم پانىيدۇر. قانچە - قانچە ئۇلۇغ دۆلەتمەنلەر جاھان سوراپ، ئاخىردا تۇپراق ئاستىدا ئەلۋىدا بولۇپ يېتىپتۇ. ھەر قانداق پادشاھ ۋە ياكى باش ئەمەلدارغا، بولۇپ سۇلتانغا ھەممەتلىك يارەنلەر ۋە ئاقىل ۋەزىرلەر لازىمدۇر. ۋەزىر قابىل ۋە ئاقىل بولسا پادشاھ ئاسايىشتا بولىدۇ. ئەلا پالۋان ئەنە شۇنداق ئەلەمدە قابىل، قەلەمدە ئاقىلدۇر. ئەلا پالۋاننىڭ ئەمىرلەشكەرلىكنى ئىنايەت قىلسىلا. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا يۇرت

قولىدىن كېتىدۇ. ئۇ چاغدا پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ. ھەر كىشى دارويى[1] ئىچىپ ئادەت قىلسا، ئەلۋەتتە كېسەلدىن خالاس بولىدۇ. مۇبادا كېسەللىكى ئېغىرلاشقاندا ئىچسە پايدىسى بولمايدۇ. ئەلا پالۋان يىگىرمە ئۈچ يېشىدىلا ئۇشبۇ زاماندا ئەللامە ھەم، قەللامە، ھەم ئالىم ــ سەردارلاردىن ئېشىپ كەتتى. بۇنداق ناتىۋان يىگىتنى ئەمىرلىكتىن ئېلىپ تاشلىغان بولسىلا قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلۇرلەر.

تۆلەندى يۈز بېگى ناشىنى ئېرىتكۈدەك بۇ گەپلەرنىڭ شاۋكەتكە كار قىلمىغىنىنى ئۇنىڭ بۆتتەك ئولتۇرۇشىدىنلا بىلدى، ئەمەلىيەتتىمۇ شاۋكەت بۇ گەپلەرنى قاپتىلىغا ئالمىغانىدى. ئۇ ھۆرمەتسىزلىك بولمىسۇن دېگەن ئويدىلا:

ــ ئەي ئىمام، راست ئېيتتىڭىز، سۆزلىرى ھەق، ئەمما ئەلاغا مەنسەپ بەرمەسمەن! ــ دەپ، گەپنى كېسىپلىۋەتتى.

موللا سالىش ئىمام ئۇنىڭ تاتارغان چىرايىغا ئەجەبلىنىپ قارىدى. موللا شاۋكەتنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، چىرايى يايما قاقتەك پۈرۈلگەنىدى. ئۇ سالىش ئىمامنىڭ ئۆتكۈر كۆزىگە قاراپ قويۇپ، تەسۋىسىنى سىرىگەن بولۇپ تەۋرىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. سالىش ئىمام:«ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇنچە قاتتىقلىق قىلىدىغاندۇ ياكى ئەلا پالۋان ياشلىق قىلىپ ئۇنىڭ دىلىنى قاتتىق رەنجىتكەنمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەخمەتخان خوجىنىڭ سالىش ئىمامنىڭ كېلىدىغىنىدىن بۇرۇنلا خەۋەر تېپىپ، بىر ئاتاقلىق ئۆلىمانىڭ سۆزىنى يىرالماي قالمىسۇن، دەپ، توختاخۇن ئارقىلىق سۇلتانغا مەكتۇپ ئەۋەتكىنىنى، مەكتۇپتا: «ئەلا سۇلتانلىقلىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئارا ئۈستەڭگە لەشكەر يۆتكەۋاتىدۇ. سالىش ئىمامغا ئىنەلمىسىلە. ئەلا شەھەرگە لەشكەر تارتىپ بارسا ياگۇر سۇلتان بىلەن مەنمۇ لەشكەر تارتىپ بېرىش تەييارلىقىنى قىلىپ قويدۇم» دېيىلگەنلىكىنى ۋە مولالا شاۋكەت ئاخۇننىڭ خام قورسىقىغا گۇمان ئۇرۇقى تېرىش بىلەن بىللە مەدەتكارلىق، ئىجادلىق

---

[1] دارويى ــ دورا ئىسمى.

ئەدىسى بەرگەنلىكىنى بىلمەيتتى. موللا سالىش ئىمام شاۋكەتنىڭ ئۆزىنى مەنسىتمەي، گەپلىرىگە بوزرۇتىنىمۇ تەۋرىتىپ قويماي ئولتۇرغىنىغا قورسىقى قاتتىق كۆپتى. ئۇ:

— ئەي موللا، ئەلا پالۋاندا نېمە گۇناھ بار؟ ئۇنىڭغا نېمانچە قاتتىقلىق قىلىسىلا؟ ئۇ ئارپىلىرىنى خام ئورىدىمۇ - يا؟ — دېدى ئاچچىقتىن ئۆزىنى تۇتالماي.

موللا شاۋكەتنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— ئۇ كۆسەينىڭ گۇناھىنى ئۆزۈم بىلۇرمەن! — دەپ قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ.

سالىش ئىمام شاۋكەت ئاخۇننىڭ چىمقىلىپ كەتكەن يۈزىگە، قوش ئېڭىكىگە، تومپايغان قورسىقىغا يىرگىنىپ قارىدى ۋە ئىچىدە: بۇنىڭغا نەسىھەت كار قىلمايدىكەن، دېگەن ئويغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ تىتاك تومۇرىغا تېگىپ قويۇشنى لازىم تېپىپ:

— بۇنداق ئالدىراقسانلىق سىلىگە ھەرگىزمۇ پايدا كەلتۈرمەيدۇ. ئۆزلىرىگە زىيان سالۇر. «پادىشاھتىن شەھەر قالۇر، هارۋىكەشتىن تىرت - ۋو - ۋو» دېگەن گەپنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغايلا!... — دېدى.

ھېچقانداق جاۋاب ئالالمىغان سالىش ئىمام ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— ئاگاھ بولسۇنكى سۇلتان، ئۆچلۈك ۋە قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش ئەلا پالۋاننىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ! — دەپ چىقىپ كەتتى.

سالىش ئىمامنىڭ بۇ نەشتەردەك سۆزىدىن شاۋكەت سۇلتاننىڭ داپشاق يۈزى چىم قىلىپمۇ قويمىدى.

4

موللا سالىش ئىمام خاپىلىقتا توپتوغرا ئارا ئۆستەڭ مەھەللىسىگە چىقتى. بۇ يەردە ئۇنى شەمسىدىن خەلپەم، ئەزىز پالۋان ۋە لەشكەرلەر تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. شەمسىدىن خەلپەم تەقەززالىق بىلەن:

— تەقسىر، قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— موللا ئەمەس، تۇڭگۇز ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى سالىش ئىمام.

— ئۇ سىلىدەك ئۆلىمانىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولسا، تايىنلىق بولىمىزغا كاناڭ كولاپ يۈرگەن ئەخمەتخان خوجىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەن، — دېدى شەمسىدىن خەلپەم ئويلانغان هالدا.

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ، ئىمام ئاخۇنكام شۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلسىمۇ زىنهار ئۇنىمىدى، — دېدى تۆلەندى يۈزبېگى.

— خەلپىكا، ئەمدىغۇ ماڭا ئىجازەت بېرەرلا؟ — دېدى ئەزىز پالۋان.

— لەشكەر كۆچىنى ئىشقا سېلىشتىن باشقا ئامال قالمىغاندەك تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى شەمسىدىن خەلپەم خۇرسىنغان هالدا، — ئەمدى سىزگە يول ئوچۇق!

— هەر ئىككىلىرى بىز بىلەن بىللە بارغايلا. ئەلا پالۋاننى سىلەر ماقۇل كەلتۈرمىسەڭلار ماڭا بوي بەرمەيدۇ.

سالىش ئىمام ئەزىز پالۋاننىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ:

— بولىدۇ، بىللە بارساق باردۇق! — دېدى.

ئەزىز پالۋان بۇ ئىككى ئۆلىمانى ئېلىپ، مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن قادىريۈزىگە ماڭدى. شۇ كۈنلەردە ئەلا پالۋان شاۋكەت ئاخۇندىن ئىجازەت سوراپ توققۇزتاراغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇ يەردە گۈزەل ئاغىچا يۈرگەن باغ، توقايلىقلارغا بېرىپ سائەتلەپ، كۈنلەپ گۈزەل ئاغىچىنى ئەسلەپ ئولتۇردى، گۈزەل ئاغىچا ئوۋچىلىق قىلغان يەرلەردە ئوۋ ئوۋلىدى، گۈزەل ئاغىچا جەڭ قىلغان يەرلەرنى يۈردى، ئۇ ياتقان ئۆيدە يېتىپ قوپتى. ئۇنىڭ قەبرىسى بېشىدا يېرىم كېچىگىچە ئولتۇردى. ئاخىر نۇردۇن بىلەن ئىككىسى ئۇستا تېپىپ، گۈزەل ئاغىچا ۋە ئۇنىڭ قىرىق دوستىنىڭ قەبرىسىگە گۈمبەز سېلىشقا تۇتۇش قىلدى ۋە گۈمبەز پۈتكىچە ئۇستامغا ياردەم بېرىپ ئىشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئۆرتەنگەن يۈرىكى بىر ئاز ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمىرلەشكەرلىكتىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى توققۇزتارادا ئاڭلىدى. توققۇزتارالىقلار بۇنىڭغا نارازى بولۇپ ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغاندا ئەلا پالۋان ئەلچىلەرنى توسۇپ قالالمىدى. ئۇ

ئاخىر گوزەل ئاغىچا بىلەن بالىلىقىنى بىللە ئۆتكۈزگەن مەھەللىسى قادىر يۈزىگە قايتىپ كەلدى. نۇردۇن ۋە مەھەللىلىك دوستلىرى بىلەن گوزەل ئاغىچىنىڭ ئۆيلىرىنى ئىچىپ ـ ياپتى، ئىچى ـ تېشىنى سۈۋۈتۈپ نۇردۇن بىلەن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالدى. ئەلا پالۋان شۇنىڭدىن بېرى كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. چارچاپ قالسا نۇردۇن بىلەن ئوۋغا چىقاتتى.
بۈگۈن ئۇ ئىچى پۇشۇپ ئولتۇراتتى، ئات دۈپۈرى ئاڭلاندى. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ دەپ يولغا چىقىپ قارىدى. يولغا پاتماي دېگۈدەك، چاڭ ـ توزانلارنى توزىتىپ ئاتلىق قوشۇن كەلمەكتە ئىدى. ئۇ قوشۇن ئالدىدا كېلىۋاتقان سالىش ئىمام، شەمسىددىن خەلپەم ۋە ئەزىز پالۋانلارنى كۆرۈپلا ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگىنىنى چۈشەندى. ئۇستازىنىڭ ئالدىغا ئىتتىك باردى. ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، شەمسىددىن خەلپەمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ چۈشۈردى ۋە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنى نۇردۇن ساھىبخانا سۈپىتىدە ئۆيگە باشلاپ قويۇپ، لەشكەرلەرنى ھەر بىر قورۇغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردى.
سالام ـ سائەت، ھال سوراشلاردىن كېيىن قولغا سۇ ئېلىنىپ ئەتكەنچاي رتىلدى. چاي ئىچىلىپ بولۇشىغا نۇردۇن يوغان بىر ئاق قوچقارنى سۆرەپ وسۇغىغا ئەكەلدى ۋە:
ـــ ئۇستازلار، ئەلا پالۋان بۇ قوچقارنى بۈگۈن سويۇشقا بۇيرۇدى، پاتىھە بېرىشسىلە. ـــ دېدى.
ـــ ئالدىرايمىز، ـــ دېدى سالىش ئىمام شەمسىددىن خەلپەمگە يۈزلىنىپ، ـــ قانداق دەيدىلا بۇرادەر؟
ـــ دېگەنلىرى ھەق، ـــ دەپ جاۋاب بەردى شەمسىددىن خەلپەم. ـــ بىراق، ئەزىز مېھمان كەلگەندە بىرەر قوينى بوغۇزلاپ كۈتۈۋېلىش ئۇيغۇرنىڭ ئادىتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قايسىلىرىنى، لەشكەرلەرنى پېقىر قورۇق چاي بىلەن يولغا سېلىپ قويالمايدۇ. ئەلا پالۋاننىڭ بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپ ماقۇل بولۇشى ئۈچۈن پاتىھە بەرسىلە!
ـــ بۇنىڭغا مەن مىڭ مەرتىۋە پاتىھە بېرىمەن! ـــ دېدى سالىش ئىمام.
ـــ خوش، ئەلا، گېپىمىزنى ئاڭلايسەن ـ ھە؟
ـــ مەن قاچان ئۇستازلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان، جەزمەن ئاڭلايمەن، ـــ

دېدى ئەلا پالۋان ساددىلىق بىلەن.

— خوش، ئەمدى بوش گەپ قالمىدى، قېنى ئىمام ئاخۇنۇم، پاتىھە بەرسىلە!

— خەلقىمىزنىڭ ئىجادلىقى، مەرد ئوغلانىنىڭ خەلقىمىزگە ساداقىتى، يۇرتىمىزنىڭ ئاسايىشتا بولۇشى ۋە مال - دۇنياسىنىڭ بىرگە ئون بولۇشى ئۈچۈن، ساداقاللاھۇ تائالا... ئامىن!

نۇردۇن قوچقارنى ئېلىپ كەتتى، شەمسىدىن خەلپەم ۋاقىتنى چىڭ تۇتتى:

— ئەلا، ئولتۇر بالام، ئاۋۋال سېنى يوقلىغىلى، ئاندىن يۇرتىمىزنىڭ غېمىنى يەپ كەلدۇق، مۇھىم مەسلىھەت بار.

ئەلا پالۋان پەگاھتىن ئورۇن ئالدى. موللا سالىش ئىمام:

— ئەلا پالۋان، سىز زالىم ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ يۇرتىمىزدا ئاسايىشلىق ئورناتتىڭىز. بىراق، پاسىق ھەسەتخورلار، قارا قورساق نادانلار، قارا نىيەتچىلەر خەلقىمىزنى يەنە بالايىئاپەتكە ئىتتىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. كىمكى كۆرەڭلەپ كەتسە يۇرتنى بۇزىدۇ. موللا شاۋكەتتىن پوڭكول بەگ، سىپاھلار، سەردار، سەردىيانلارنىڭ كۆڭلى قالدى. ھازىر ئاۋام خەلق ئەندىشىدە. ئۇ ھەسەتخورلۇق بىلەن سىزنى ئەمىرلەشكەرلىكتىن ئالغاندىن كېيىن بىزمۇ ئەندىشىدە قالدۇق. شورى قۇرىغۇر موللا شاۋكەت ھېچقايسىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرقى چارىنى قوللىنىپ، بۇ يەرگە كەلگەن لەشكەر بىلەن بۇ پاسىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى ماقۇل تاپتۇق، بىۋاقىت كېلىشىمىزدىكى مەخرەج مۇشۇ.

— بۇ يەرگە كەلگەن قوشۇن پوڭكول لەشكەرلىرىڭىزنىڭ ۋەكىلى، — دەپ سۆز قاتتى ئەزىز پالۋان.

ئەلا پالۋان تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئويلاندى، ئاندىن ئەدەپ بىلەن جاۋاب قىلدى:

— پىر ئۇستازلىرىم، دوستلىرىمنىڭ كەمىنىنى ياد ئېتىپ كەلگەنلىرىگە تولىمۇ خۇش بولدۇم، رەھمەت، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كۆكسىگە قويدى، ئاندىن ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — لەشكىري

يۇرۇش قىلىش ئىشىغا كەلسەك، مېنىڭچە يەنە بىر نەچچە ۋاقىت سەۋر قىلساق، بەلكىم سۇلتاننىڭ ئاچچىقى يېنىپ قالار.

بۇ جاۋابقا ئەزىز پالۋان ھەيران قالدى: «پاھ ـ پاھ، نېمىدېگەن كەڭ قورساق يىگىت بۇ!» ئۇنىڭ ئويىنى شەمسىدىن خەلپەمنىڭ سۆزى بۆلدى:

— بالام، ئۇ ھەسەتخور ئاچچىقىدىن يېنىش بۇياقتا تۇرسۇن، سالىش ئىمامدەك ئۆلىمالىرىمىزنىڭ نەسىھەتلىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى. بەلكى، ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ قاتىلى ئەخمەتخان خوجا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ سەردارى توختاخۇننى ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلىدى. ئەخمەتخان خوجىدىن ئىبارەت بۇ قارا نىيەت موللا شاۋكەتنىڭ ئەمەلپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇقىدىن پايدىلىنىپ سېپنى ئاغدۇردى. پۈتكۈل لەشكىرىي ھوقۇقنى توختاخۇنغا ئېلىپ بەردى. لەشكەر كىمنىڭ قولىدا بولسا ئەمەلىي سۇلتانلىق شۇنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئەخمەتخان خوجا شاۋكەتنى قورچاق ئورنىدا سۇلتانلىققا كۆتۈرۈپ، ئىلىنى ياقۇپ بەگنىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى. بۇنى مەھمۇد پو ئىقرار قىلغان. ئۆتكەندە مەھمۇد پو ساڭا ئازار ...رگەندە مۇشۇنداق يۇمشاقلىق قىلىپ بۇ يەرگە چىقىۋالغانىدىڭ. ...ڭلۈڭنىڭ تۈزۈلىكىنى بىلىمەن. ئەمما ھازىر يۇمشاقلىق قىلىدىغان ...ت ئەمەس. بىرىنىڭ ئاھانىتى، يەنە بىرىنىڭ يەكلىشىدىن رەنجىپ ...رسەڭ خەلقىمىزنىڭ ھالى يەنە قانداق بولۇر؟ ۋاقىت جىددىي، ئۇلار ياقۇپ بەگكە ئېكەس ئارقىلىق ئەلچى ئەۋەتتى.

سالىش ئىمام شەمسىدىن خەلپەمنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى:

— ئۇستازىڭىز توغرا ئېيتىدۇ. ئابدۇرۇسۇل بەگ. ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ قىساسىنى بولسىمۇ ئېلىش سىزنىڭ بوينىڭىزدىكى قەرزدۇر. ئاتنىڭ ئىزىنى تاي باسىدۇ. سىز ئۇستازىڭىز ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ ئىزىنى بېسىشىڭىز، خەلقىمىزنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشىڭىز كېرەك.

ئەلا پالۋاندا ھەر قانداق كىشىدىن گۇمانلانمايدىغان ساددا خۇسۇسىيەت بار ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ نۇقسانى بولۇپ، ئەخمەتخان خوجىنىڭ پايدىلىنىشىغا راسا ماس كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى بىلىۋالغان شەمسىدىن خەلپەم يەنە نەسىھەت قىلدى:

— ئېسىڭدىدۇر، ناسىر ئەلەم: «يىلتىزى چاڭ دەرەخكە يۆلىنىڭلار»
دېگەنىدى. بەگ، سىپاھ، ھەتتا جالالىدىن قارىكالانىغىچە ساڭا يۆلەنمىسە
يۇرت بۇزۇلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بىز ئاشۇ ئۇلۇغلار، سەردار، لەشكەرلەر،
ئاۋام خەلقنىڭ ئەلا پالۋان يىغىمىزنى يىغلار، بىزنى ھۆرلۈككە،
ئاسايىشلىققا ئاچقار دېگەن نىيىتى، ئارزۇسىنى ساڭا يەتكۈزگىلى كەلدۇق.
ئۇلار سېنى سۇلتان قىلىپ كۆتۈرمەكچى. سەن سۇلتان بولساڭلا يۇرت ئاۋات،
خەلق خاتىرجەم بولىدۇ. كۆپنىڭ قارىنىغا توپا چاچماقچى بولغان
ئەخمەتخان خوجا قاتارلىق پاسىقلارنى يوقاتمىساق، بۇ ئۈمىد يوققا چىقۇر.
ئەلا پالۋاننىڭ ياش قەلبىگە كىبىر ـ تەمەننا دېگەنلەر سايىسىنىمۇ
چۈشۈرمىگەن بولغاچقىمۇ، ئۇ نام ـ مەنپەئەتنى، سۇلتان بولۇشنى ئويلاپمۇ
باقمىغانىدى. ئۇنىڭ زالىم ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ، ئۆزىگە ئوخشاش گاداي
خەلقنى توق تۇرمۇشقا يەتكۈزۈشلا نىيىتى بار ئىدى. زالىم ئەمەلدارلارنى
يوقاتساقلا خەلق توق تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا خەلپەمنىڭ
«سۇلتان قىلىپ كۆتۈرمەكچى» دېگەن گېپىدىن قورۇندى.
— مەن سۇلتانلىق شان ـ شەۋكىتىگە مۇناسىپ ئەمەس... — دېدى ئۇ.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، — دېدى سالىش ئىمام، — بىز سىزنى شانۇ
شەۋكەت ئۈچۈن سۇلتان بول دەۋاتقىنىمىز يوق. خەلق سىزنىڭ شانۇ
شەۋكەتنى قوغلاشمايدىغىنىڭىزنى بىلگەچكە، سىزگە ئىشىنىپ سۇلتانلىققا
كۆتۈرمىز دەۋاتىدۇ. بۇ خەلقنىڭ سىزگە ئىشەنگىنى، خەلق كۆڭلى ھەر
قانچە شانۇ شەۋكەتتىنمۇ قىممەتلىك!
ئەزىز پالۋان سالىش ئىمامنىڭ بۇ چوڭقۇر پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى:
— سىز باش تارتسىڭىز، يەنە بىرىمىز باش تارتسا ئىختىلال نۇسرىتى.
خەلقنىڭ ئارزۇ ـ تىلىكى ئەخمەتخان خوجىدەك قارا نىيەتلەرگە قالامدۇ؟
ئۇلارنىڭ چاڭ خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن نە پەرقى بار. كېيىن
كالپۇكىمىزنى يالاپ قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كېلىپ يالۋۇرۇۋاتىمىز.
سىزلا پۇت تىرەپ تۇرۇپ بەرسىڭىزلا بولدى، ئۇ نىجىسلارنى بىر ئاخشامدىلا
بىر تەرەپ قىلىمىز.
— پېقىرنىڭ، — دېدى ئەلا پالۋان سەمىمىي ھالدا، — سۇلتان بولۇپ

خەلقىمىزنى ئىجادلىققا ئۈلىپ چىققۇدەك بىلىم، ئىقتىدارى يوق. سالىش ئىمامدەك ئۇستازلار سۇلتان بولسا خەلقىمىز ئاندىن ئىجاد تاپالايدۇ.

— ھەي پالۋان، بىزدە تىلەك بار، ماغدۇر يوق. سىزدەك ناتىۋان يىگىتنىڭ ئىش بىجىرگىنى تۈزۈك. ئۇستازىڭىز سىزگە ھەمىشە ھەمدەم بولىدۇ. پېقىرنىڭ سۇلتانلىقتىنمۇ مۇھىم ئىشى بار، — دېدى سالىش ئىمام كۈلۈپ.

شۇ ئارىدا ئۇردۇن داستىخان سالدى. تاۋاقلاردا ئارىن كىردى، ھەممە ئارىنغا تۇتۇش قىلدى. تاماقتىن كېيىن ھەممە مەسچىتكە باردى، مەسچىتنىڭ ئىچى - تېشىدىكى سەينالار نامازخانلارغا توشتى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەزىز پالۋان مەسچىت پېشايۋىنىغا چىقىپ:

— جامائەت، بىز يۇرت ئۇلۇغلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق. شەھەرگە يۈرۈش قىلىپ شاۋكەتنى سۇلتانلىقتىن ئېلىپ تاشلايمىز. ئورنىغا ئەلا پالۋاننى كۆرسىتىمىز. بىز لەشكەرلەر ئەلا پالۋاننى سۇلتانلىققا كۆتۈرمەكچى، ئۇ بولسا ئۇنىمايۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ يەنە ئۇنىمىسا لەشكەرلەر تارقىلىپ كېتىدۇ، بۇ مېنىڭ سۆزۈم ئەمەس، پۈتكۈل لەشكەرنىڭ سۆزى! — دېدى.

لەشكەرلەر چۇقان سالدى:

— ئەلا پالۋان سۇلتان بولغاي، بولمىسا تارقىلىپ كېتىمىز!

ئەلا پالۋان ئەزىز پالۋاننىڭ بۇ چارىسىدىن تەڭلىكتە قالدى. ئۇ مىغىلداپ كەتكەن، چۇقان سېلىۋاتقان لەشكەر ۋە دېھقانلار ئالدىدا جاھىللىق قىلالماي:

— ئەزىز ئۇستازلار، سەردار، لەشكەرلەر، ئەخمەتخان خوجىغا ئوخشاش قوزغۇنلار، چىلبۆرىلەر بىر مەزگىللىكلا دەۋر سۈرەر. بۇ زىتلىقنى قىلىچ بىلەن ئەمەس، سەۋر - تاقەت بىلەن ھەل قىلماقنى ئويلىغانىدىم. سىلەر بۇنداق چىڭ تۇرساڭلار مەندە نىمە ئىلاج؟ ئەمما، سۇلتان بولمايمەن، سۇلتاننى ئۇلۇغ خەلق كېڭەشى ئۆزى سايلىۋالار. بۇگۈن چىلبۆرىلەرنى تازىلاشقا ئاتلانساق ئاتلاندۇق! — دېدى.

كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى، چۇقانلىرى، خۇشال كۈلكىلەر ۋە تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن نامازشام بولدى. ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى،

نامازشامنى ئوقۇپ چىققاندا ئاتلار كوچىدا قاتار تۇراتتى. ھەممىنىڭ ئالدىدا بوز ئات چاپچىپ بېشىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى.

## 5

— ۋاي سۇلتانىم، سۇلتانىم، بىزنى قارا باستىلەر!

— ئەمىر لەشكەر، نېمىگە مەڭدەيسىز؟ قىيامەت قايىم بولسىمۇ ئالدىرىماي گەپ قىلسۇنلەر! — دېدى سۇلتان شاۋكەت.

توختاخۇن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى. ئەمما ئۇنىڭ قوللىرىلا ئەمەس، پۈتۈن جىسمى تىترەيتتى. چىرايى تامدەك تاتارغان، كۆزلىرى ئالايغان توختاخۇن تىترەك ئاۋازدا ئارانلا مۇنداق دېيەلىدى:

— ئەزىز پالۋان ئەلانى باشلاپ ئىككى مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن كېلىۋاتىدۇ!

ئەمدى ئۇنىڭدىكى تىترەك شاۋكەت سۇلتانغا ئۆتتى. ئۇ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك يوغان كاللىسىنى چاڭگاللىۋالدى، قوللىرى چېكە تومۇرلىرىنىڭ لىپىلدىشىنى باسالمىدى، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقتى. ئۇ ئەس - ھوشىنى يىغىۋالغۇچە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ، مىڭ تەستە:

— ئە ... ئەمىر لە ... لەشكەر، ئۇ مۇنا ... ناپىققا قا ... قارشى ئا ... ئا ... ئاتلىنىڭ، ئۇ ... ئۇ ... ئۇلارنى يو ... يوقىتىڭ! — دېدى دۇدۇقلاپ.

توختاخۇن ئەندىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ پولۇ يەپ ئولتۇرغان ۋاقتىدىكى «ئەلانى ئاسانلا قەتل قىلىمەن» دەپ ئاتقان پوسى ۋە باھادىرلىق قىياپىتى قاياققا كەتتىكىن، تىترەك ئاۋازدا دېدى:

— تو ... توۋا د ... دېمىلە، تەق ... تەقسىر، بەش ... بەش يۈز لەشكەر ئىككى مىڭ سەرخىل قوشۇنغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟ قول ئاستىمدىكى لەشكەرلەر ئەلاغا تىغ كۆتۈرمەيدۇ!

— ھوي توخۇ يۈرەك! قېنى سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭ، قېنى سېنىڭ خوجاڭ، قېنى ياقۇپ بېگىڭ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى موللا شاۋكەت ۋە كۆڭلىدىن: «ئۇ قارغىش تەگكۇر گادايىنى ئەمىرلەشكەرلىكتىن ئېلىۋەتمىسەم بوپتىكەن،

ھېلىقى ئالدامچى خوجا، ئەلا سېنىڭ پېيىڭگە چۈشتى، دېسە ئىشىنىپتىمەن» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى.
موللا شاۋكەت ئۆينىڭ ئىچىدە باخشىدەك بىر پىرقىراپ چىقىپ، ئاندىن توختاخۇننىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇرۇپ:
— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
— پىر ئۇستازنىڭ يېنىغا قاچقۇلۇق! — دېدى توختاخۇنمۇ ۋارقىراپ.
— دەرھال مەپە تەييارلىتىڭ! مەن ئالتۇن، جاۋاھىراتلار سېلىنغان ساندۇقۇمنى ئېلىۋالاي!
— ئۇلار مەپىگە ئاسانلا يېتىشىۋالىدۇ، ئاتقا مىنسىلە.
— مەن ئاتتا چاپالمايمەن ئەمەسمۇ!
— ئەمسە تېز بولغايلا، ئۇلار ئوردىغا بېسىپ كىردى!
— ساندۇقۇم، ساندۇقۇم، سەدەپ ساندۇقۇم!
موللا شاۋكەت ئالدىرىغىنىدىن ساندۇقنى ئىزدەپ ئۆي ئىچىدە پىرقىرىغىلى تۇردى، بىردىنلا ئورۇن - يوتقانلارنى كۆرۈپ، يىغىقلىق ئورۇن - كۆرپىنى ئالدىغا تارتىپ ئۆرىدى، تىترىگەن قولىنى يانچۇقىغا تىقىپ ئاچقۇچنى ئالدى. تىترەكتىن ئاچقۇچنى قۇلۇپقا سالالماي، بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە قۇلۇپنى ئاچتى، سەدەپ ساندۇقنى ئىنجىقلاپ ئېلىۋاتقىنىدا ئۆيگە توختاخۇن ئېتىلىپ كىردى. شاۋكەتنىڭ قوللىرى تىترەپ ئىلمەكلىشىپ ئۆزىگە ھېچ بېقىنمايتتى. توختاخۇن ئالدىراتتى:
— بولسىلا تەقسىر، تېز بولسىلا دەيمەن!
— ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، ساندۇقنى ئالماي قويمايمەن!
موللا شاۋكەت ئىنجىقلاپ يۈرۈپ، ساپلا سەدەپ بىلەن بېزەلگەن ساندۇقنى تارتىپ چىقاردى، ئۇنى مەيدىسىگە بېسىپ ھويلىغا چىقىۋېتىپ كۆرۈك توخۇدەك كوتۇلدىدى:
— جىنىم تويۇۋىدى، ئاللا ئىگەم ماڭا ئالدىن بېشارەت بېرىۋىدى، ئەلا دېگەن بۇ ھارامدىن ھەر بالا كېلىدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ... ھەي، ھەي، مېنىڭ شاھ سۇلتانلىقىم ئاخىر قولدىن كەتتى - دە!

— تەقسىر، قوشناچىمۇ كېتىمەن دەيدۇغۇ!
— ئۇ، ئۇنى قويۇڭ! خۇيزۇلار خوجىڭىزنىڭ چوشكىگە تاشلاپ بەرگەن ھورلەرنى سۇلتانىغىمۇ تاشلاپ بېرەر. ھەر ھالدا توقالنى...
توختاخۇن: «يا ھەزرەت، — دەپ ياقىسىنى تۇتتى، — مۇشۇنداق ئىش چىقىغا چىققان، جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندىمۇ ‹بوقا بوينىغا، موللا قوينىغا يىغىدۇ› دېگەندەك بايلىقىنى، توقىلىنى ئۇنتۇمىغىنىنى! تېخى مەن توقۇپ چىققان ‹ھورلەرنى چوشكىگە تاشلاپ بەردى› دېگەن گېپىمگىمۇ ئىشىنىپتۇ. بۇ قېرى پىر ئۇستازىمغا، ھورلەر قوينىدا ياشىرىپسىز، دەپ مېنى شەرمەندە قىلمىسۇن» دېگەن ئويغا كېلىپ، مۇنداق ئىزاھ بەردى:
— تەقسىر، پىر ئۇستازىم كوففارلارنى چوشكىگە يېقىن يولاتمىدى!
— ئەمىسە توقالنى، توقالنى ئېلىۋېلىڭ!
— توقاللىرى ئاللىقاچان ئاتلىنىپ بولغان!

## 6

كۈن بىر غېرىچ كۆتۈرۈلگەندە ئەلا پالۋان، ئەزىز پالۋانلار شەھەرگە كىردى، شەھەر خەلقى ئۇلارغا ئەگەشتى. ئۇلار ھاي - ھاي سېلىپ ئوردىغا كىردى. ئوردا بوشاپ قالغان، بىرمۇ جېسەكچى يوق ئىدى. ۋەلى باي بىلەن ئۇنىڭ خەتتاتلىرى ئىشخانىلىرىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئوردا ئالدىغا خەلق بارغانسېرى كۆپ توپلاندى، ئۇلار چايقىلىۋاتقان دېڭىزدەك تەۋرىنەتتى.
مىلادىيە 1867 - يىلى (ھىجرىيىنىڭ 1283 - يىلى)جالالىدىن قازىكالان ئۇلۇغ خەلق كېڭىشى چاقىردى. كېڭەش ئۇرۇق تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن ئوبۇل ئەلا بىننى ئىبراھىمنى «باھادىر غازى» نامى بىلەن سۇلتانلىققا كۆتۈردى. شەمسىدىن خەلپەم قازى ئەسكەر، ئەزىز پالۋان ئەمىرلەشكەر بولدى. قالغانلار ئۆز مەنسىپىدە قېلىۋەردى. شەمسىدىن خەلپەم سۆز قىلدى:
— ئەلا پالۋان ئابدۇرۇسۇل بەگكە ئاددىي لەشكەر بولۇپ كىرگەن يېتىم بالا ئىدى، ئىختىلال ئوتى داۋامىدا چېنىقتى، تاۋلاندى، ئۇرۇشلاردا

باھادىرلىق كۆرسەتتى. ئۇنى ئىختىلال يېتىشتۇردى، تاۋلىدى، ئۇنىڭغا پۈتكۈل لەشكەر ۋە پۇقرا قايىل ھەم مايىلدۇر. ئۇ يۇقىرى نەسەب، ئابرۇي - مەنسەپ قوغلاشمىغان ناتىۋان يىگىت، خۇشامەت ۋە پەسكەش قىلىقلاردىن خالىي. ئۇ لەشكەرلەرنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرگەچكە ئىززەت - ئابرۇيى ئاشقان. جەڭدە چارە - تەدبىرلىك قەيسەر سەرداردۇر. ئۇ يالغۇز زالىم ئەمەلدارلارنى يوقىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، غەلۋىچىلەرنى، پىتنە- پاساتچىلارنى، سۇيىقەستچىلەرنىمۇ يوقاتتى ۋە ئاخىر ئىختىلالىمىزنى روياپقا ئاچىقتى. بىز زالىم ئەمەلدارلار، سۇيىقەستچىلەرنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتۇق، ئەمدى بىزگە ئۆملۈك، ئەمىنلىك كېرەك. بىز ئەلا پالۋاننىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۆم بولۇپ، پىتنە - پاسات، سۇيىقەستلەردىن خالىي بولۇپ، بىر نىيەت، بىر ئىقبال يولىدا مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ ئىشلىشىمىز كېرەك. يۇرتىمىزنى گۈللەندۈرۈش بىز ئۈچۈن پەرھىز. بالا - چاقىمىزنى توق بېقىش بويىنىمىزدىكى قەرزدۇر.

شەمسىدىن خەلپەمنىڭ ساۋاق ئۆتكەندەك ۋەزمىن، يۇمشاق سۆزىنى ـۇغ خەلق كېڭىشىگە قاتناشقانلار جىمجىت تۇرۇپ، زېھىن قويۇپ ڭلاشتى. شەمسىدىن خەلپەم ئەلا پالۋانغا قاراپ دېدى:

— ئەلا پالۋان، خەلقنىڭ كۆزى سىزدە. سىز خانتەڭرى چوققىسىدەك مەزمۇت تۇرۇپ يۇرتىمىزنى جەننەت كەبى گۈللەندۈرگەيسىز، سۇ ئىشلىرىنى چورۇق ھېكىمدەك ئېلىپ بېرىپ دېھقانچىلىقنى ياخشىلىغايسىز، دېھقانلارنىڭ كونا سېلىقلىرىنى بىكار قىلغايسىز، خەلققە باياشات تۇرمۇش ئاتا قىلغايسىز، ئامىن!

— ئامىن، ئامىن! — بەيتۇللانىڭ ئىچى - تېشىدىكى نەچچە مىڭلىغان ۋەكىللەر بىللە دۇئا قىلدى.

جالالىدىن قازىكالان سالىش ئىمامنى پۇقرالار نامىدىن سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. سالىش ئىمام تامىقىنى قىرىپ قويۇپ سۆز باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك جامائەت، ئىشىنىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلدارلار پېشانەڭلارغا تاك ئېتىپ چېكەلمەيدۇ، ئەمدى گەۋدەڭلارنى كېرىپ يۈرمەيسىلەر. مانا بۇ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، — ئۇ بەيتۇللا ھويلىسىدىكى

كۆك تېرەكلەرنى كۆرسەتتى، — ئەلا پالۋان. سادىر پالۋانغا ئوخشاش زامانىمىزنىڭ قىزىلگۈللىرىنىڭ باھادىرلىق داستانلىرى يېزىلغان ئالتۇن ۋاراقلار بولغاي! ئەلا پالۋان سۇلتان بولۇشقا ئۇنىمىغانىدى، خەلقىمىز ئۇنى سۇلتانلىققا سايلاپ خاتىرجەم بولدى. ئۇنىڭ سۇلتان بولغىنى گۈزەللىك ۋە پاكلىق يۇلتۇزىنىڭ بەتبەخت قىسمەتنىڭ زۇلمىتى ئىچىدە تېخىمۇ يارقىن چاقنايدىغانلىقىنى دەلىللىدى! مەن بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ جاكارلايمەنكى، ئىختىلال ئوتىنى قوزغىغان، ئۇنى دەسلەپكى نۇسرەتكە باشلىغان ئابدۇرۇسۇل بەگ خەلقىمىزنىڭ پاك، ئالىيجاناب، پەزىلەتلىك پالۋىنى، بارلىق پالۋانلىرىمىزنىڭ ئۇستازى! بىز ھەممىمىز ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم ئۇستازغا، ئابدۇرۇسۇل بەگكە، ئەخمەت خەزىنىچىگە ۋە ئىختىلال ئوتىدا قۇربان بولغان توقسان توققۇز پالۋانغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلايلى.

بۇ سۆزلەر ئەلا پالۋاننىلا ئەمەس، پۈتكۈل كېچەش ئەھلىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئەلا پالۋاننىڭ كۆزلىرى مۆلايىملاشتى، يۈزىدە مېھرىبانلىق نۇرلىرى ياغدى، خۇشخۇي تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىن ئېھتىراسلىق ھېس - تۇيغۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئەلا پالۋان كېچەشكە يۇمشاق ئاۋازدا ئەھدە قىلدى:

— ئۇستازلار، ئاتىلار، ئاكىلار، مەن سىلەر ئۈچۈن جېنىمنى تەسەددۇق قىلىمەنكى، ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ رايىڭلارغا مۇخالىپ ئىش قىلمايمەن. سىلەرنى خۇرسەن قىلىش مېنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇم.

ئۇنىڭ قىسقا، ئەمما مەنىلىك ئەھدىسى مىغ - مىغ ئادەملەرنىڭ شادلىقىنى ئاشۇردى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن كۈلكە تېمىپ تۇراتتى. ناغرا - سۇنايلار شادىيانە ياڭرىدى، كىشىلەر كۈلۈپ ئورۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى.

ئەلا سۇلتان ئەتىسىلا ئىش باشلىۋەتتى. ئۇ بىر تۈمەن سەرخىل قوشۇننى تاللاپ ئېلىپ قالغىنىنى ئۆز يېزىلىرىغا قايتۇردى. ئولجا ئېلىنغان غەنىيمەتلەرنى خەزىنىلەشتۈردى، ئەزىز پالۋاننى لەشكەرنى تەرتىپكە سېلىشقا جورىدى. ئەزىز پالۋان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، توقىلەك بەگنى جەنۇب بېگى، ئەمىرشاھ، قۇۋاش پالۋان، ئاققوزا مىراپ، دانىيال بەگ

قاتارلىق يىگىرمە نەچچە پالۋاننى ئاتلىق قوشۇن بىلەن لەكمە قوشۇننىڭ سەردارلىقىغا تەيىنلىدى. ۋەلى باي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خەزىنە، ئىشخانىلار تۈزۈمىنى تۈرغۈزدى. مائاش، تەمىنات ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. يارلىق چۈشۈرۈپ، چەك جىياڭجۈنلىرى سالغان يارلىق سېلىقلارنى بىكار قىلدى. مۇۋاپىق غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇش ئۆلچىمىنى ئىشلەشكە كىرىشتى. ئۇ يەنە موللا شاۋكەتكە مەكتۇپ يېزىپ، موللا زۇلپارنى ئۈچ كىشى بىلەن سويدۇڭگە ئەۋەتتى.

7

قاچقۇن سۇلتاننى كۆرە بىلەن سويدۇڭنى سوراۋاتقان ياگۇر سۇلتان بىلەن ئەخمەتخان خوجىلار ئالدىغا چىقىپ غالىب سۆپىتىدە كۈتۈۋالدى. ياگۇر مال سويدۇرۇپ كاتتا زىياپەت بەردى. زىياپەتتە ياگۇر مۇنداق دېدى:

— جانابىي شاۋكەت سۇلتان ھەقىقىي سەلتەنەت ئىگىسى. ئۇلار ئەلاغا ئوخشاش تېخى ئۆيلەنمىگەن بالىنى سۇلتانلىققا كۆتۈرسىمۇ بىز ئۇنى تونۇمايمىز، چۈنكى بىز ئۆيلەنمىگەن ئادەمنى ئىمام قىلمايمىز، موللا شاۋكەت ئاخۇنۇمنى سۇلتانىمىز، دەپ تونۇيمىز.

زىياپەتتىكىلەر بۇ گەپنى ئالقىشلىدى. موللا شاۋكەت ئاجايىپ خۇش بولدى، ئۇنىڭ قورقۇنچ، ئەندىشىلىرى مېڭىسىدىن توخۇ پېيىدەك پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. ئەخمەتخان خوجىنىڭ مۇنۇ سۆزى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تاغدەك كۆتۈرۈۋەتتى:

— جانابىي سۇلتانىمىز موللا شاۋكەت ئاخۇنۇم جاھاندىكى ئۇلۇغ شاھلارنىڭ داناسى. بىز ياگۇر سۇلتان بىلەن قولنى قولغا تۇتۇپ، ئەلادەك شۇمتەكنىڭ قوشۇنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، شاھلار داناسى بولغان سۇلتانىمىزنى قايتىدىن ئورنىغا ئولتۇرغۇزىمىز!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياگۇر ئويلىنىپ قالدى، ئۇنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ ـ ئارمىنى بار ـ دە. «توغرا، — دەپ چوت سوقۇشقا باشلىدى ئۇ، — شاۋكەت ئاخۇن ئەكەلگەن بەش يۈز ئاتلىق لەشكەر، ئەخمەتخان خوجا

ئەكەلگەن مىڭ كىشىلىك قوشۇن. ئەلا پالۋان كورەنى قوغداشقا قالدۇرغان لەكمە قوشۇنغا خوپزۇ قوشۇنىنى قوشسام بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بولىدۇ ... ئۆزىنىڭ مېيىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش پەنتىنى ئىشلەتسەم پۇتكۈل ئىلىنى ئۆزۈم سورىمامدىمەن!» بۇ خىيالدىن ياگۇر يايراپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ھە دەپ موللا شاۋكەت بىلەن ئەخمەتخان خوجىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاشقا باشلىدى. ئۇ يەنە پالۋاننىڭ موللا شاۋكەت بىلەن ئەخمەتخان خوجىدىن ئۈچ ئالماي قويمايدىغىنى ھەققىدىمۇ راسا كۆپتۈرۈپ سۆزلىدى. ئاخىردا ئۈچ ئىلىشقا لەشكەر تارتىپ قالسا ئۆزىنىڭ قاراپ تۇرمايدىغىنىنى پۈرتىپ قويدى.

ئاردىن ھەپتە ئۆتتى، ئاي ئۆتتى. ئەلا سۇلتاننىڭ موللا زۇليار باشلىق ۋەكىلى نامە ئېلىپ كەلدى. موللا شاۋكەت نامىنى ئوقۇپ تېرىكتى، بوغۇلدى. غەزەپ بىلەن موللا زۇليارغا تۆكۈرۈكىنى چاچرىتىپ دېدىكى:

— نېمىلەرنى دەپ كەلدىڭ ئايا بىئەدەپ! ئەلا تۇتالماس شەرىئەتنى. شاھلىق تەختىمنى تارتىۋېلىپ، مېنى خار ئەيلىدى ئۇ. خوپزۇلار ماڭ ئېتىبار بەردى، پېقىرنى سۇلتان ئەيلىدى، خوجىنى ھەم ئەمرى مۇسۇلمىن دېدى، ئەلا بىلەن خوپ بولمىغايمەن، ئاڭا يالۋۇرۇپ بارمايمەن!

موللا زۇليار موللا شاۋكەتكە جاۋاب قىلدى:

— ياراشتۇرماغىم ماڭا ۋاجىپ ئىرۇر. بىز بىلەن يۈرۈڭ. شەھەرگە بارىپ شاراپەت تاپارسىز.

شۇ مەيداندا تۇرغان خەنجە ئاخۇن موللا شاۋكەت ئاخۇنغا ھۆرمەت بىلەن شۇنداق دېدى:

— خوجام بۇندا تۇرسۇن، سىز ئاندا بارىڭ. بارىپ ئاندا شەرئىينى جارى قىلىڭ...

ياگۇر ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئاخۇن، سىز ئارىلاشماڭ. بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمىز.

— ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىماڭ! — دەپ خەنجە ئاخۇنمۇ ئۇنى سىلكىۋەتتى.

— ياگور سۇلتان، سىز ئۇرۇش قىلغۇدەك ئەلا سۇلتان سىزگە نېمە قىلدى؟ — دېدى موللا زۇليارمۇ.

— ھە، سەن تېخى چوڭ گەپ قىلىسەنغۇ، — دەپ ۋارقىرىدى ياگور، — مۇنۇ تۆت تارانچىنى ئۆلتۈرۈڭلار!

موللا زۇليار باتۇر ئادەم ئىدى، ئۇ ياگورغا مىقتەك قادىلىپ تۇرۇپ:

— تولا ھەددىڭدىن ئاشما، ئەگەر بىزنى ئۆلتۈرىدىكەنسەن، ئەلا سۇلتان تېرەڭنى تەتۈر شىلىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

قالغان ئۈچ ئەلچى قورقۇپ كەتكەنىدى، ئۇلار غال - غال تىترەپ تۇراتتى. ياگورنىڭ نۆكەرلىرى ئۇلارنى سېپىل سىرتىغا ئاچىقتى. موللا زۇليار يالاپ چىققان بىر نۆكەرنى باش بىلەن، يەنە بىرىنى تېپىك بىلەن يىقىتتى. ئۇنىڭ شېرىكلىرى يۈرەكلىنىشىپ، قالغان ئىككى نۆكەرنى جايلىدى. موللا زۇليار نۆكەرلەرنىڭ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ شېرىكلىرى بىلەن غۇلجىغا كېلىۋالدى.

ئەلا سۇلتان موللا زۇلياردىن شەۋكەتنىڭ جاۋابىنى، ياگورنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەك بولغىنىنى ئاڭلاپ، ئويلانغان ھالدا:

— ھە، ئۇلار ئەخمەتخان خوجىنىڭ كەينىگە كىرىپ بىزدىن يۈز ئۆرىمەكچى، تەييارغا ھەييار بولماقچى ئىكەن - دە! قېنى كۆرەرمىز، — دېدى غەزەپ بىلەن.

ئەلا پالۋان ئاسانلىقچە ئاچچىقلانمايتتى، غەزەپلەنمەيتتى، ئەگەر غەزەپلەنسە يولۋاسقىمۇ ئېتىلىدىغان مىجەزى بار ئىدى. ئۇنىڭ غەزىپىنى ئەزىز پالۋان ئاشۇرۇۋەتتى.

— موزاينىڭ ھەققى بار دەپ كالىنىڭ سۈتىنى ئەممەكچى. شۇنچە غودۇرىغۇدەك ئۇلار ئىختىلالىمىزغا نېمە قىلىپ بېرىپتۇ؟ ماڭا قويۇپ بېرىڭ، بېرىپ ياۋاشلىتىپ قوياي!

— ئۇستازىم ئابدۇرۇسۇل بەگ «ناياق كۆنۈرگەنگە توقماق كۆتۈر» دېگەنىدى. سىز شەھەرنى ساقلاڭ، مەن مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىمەن! — دېدى ئەلا سۇلتان.

— ئەلا سۇلتان، مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇلارغا بەس كەلگىلى بولماس، كۆپرەك قوشۇن ئالغايسىز! — دېدى ئەزىز پالۋان.

— ئۇستازىمنىڭ مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئاق پادىشاھنىڭ ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلغان. جاھاننىڭ ھەربىي زوراۋانى دەپ ئاتالغان ئاق پادىشاھنى يەڭگەن يەردە، تۆت توك - توك سۈيىقەستچىگە تەڭ كېلەلمەيمىزمۇ! مەن سىزگە دەپ قوياي، سەردارنىڭ مۇھىم ھۇنىرى لەشكىرىگە ئىشىنىش، ئۇنى ئاسراش!

— يەنە بىر تەلىم ئالدىم! — دېدى ئەزىز پالۋان خۇشال ھالدا.

ئەلا پالۋان مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ چىلپەگزە بارگاھىغا باردى. سېپىلغا كىردى، دەرۋازىلارنى ئەتكۈزدى، سېپىل ئۈستىگە توپ، كىچىك زەمبىرەكلەرنى ئورناتقۇزدى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ ئەخمەتخان خوجا مىڭ كىشىلىك شاۋكەت ئاخۇن بەش يۈز كىشىلىك قوشۇنى بىلەن چىلپەگزە قەلئەسىنى قورشىدى. سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىدىكى راۋاقتا تۇرغان ئەلا پالۋان:

— توپلار ئېتىلسۇن، خوجىنىڭ چېدىرى كۆيدۈرۈلسۇن! — دەپ پەرمان بەردى. توپلار ئېتىلىشقا باشلىدى.

ئەخمەتخان خوجا جىرەن بايتىلى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يېنىدا قېتىپ تۇرغان ئەمىرلەشكەر توختاخۇنغا پەرمان بەردى:

— لەشكەر شوتا بىلەن سېپىلغا چىقسۇن!

— پەرمان بەردار! — دەپ، توختاخۇن سەركەردىلىرىگە پەرمان بېرىشكە باشلىدى.

لەشكەر سېپىلغا يېقىنمۇ كېلەلمىدى. ئەخمەتخان خوجىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئادەتتىكى مۇلايىم ئاۋازى قەھرلىك ئاۋازغا ئۆزگەردى:

— ئۆلسەڭ شېھىت، قالساڭ غازى، بار، ئۆزۈڭ باشلا، — دەپ توختاخۇنغا ۋارقىرىدى. توختاخۇن لەشكەر سېپىگە كېلىپ سەركەردىلەرگە:

— ئۆلسەڭ شېھىت، قالساڭ غازى، سېپىلگە چىقىڭلار! — دەپ غەزەپ بىلەن پەرمان بەردى.

— ئەي ئەمىر، — دېدى بايتوقايلىق بىر سەركەردە، — مۇسۇلمان ئوقىدىن ئۆلسە شېھىت. قالسا غازى، دېگەننى نەدە ئاڭلىغانىدىڭىز؟

— ئەمدى، شۇ، خوجام، — دەپ دۇدۇقلاپ، باشقا بىر نېمە دېيەلمىدى توختاخۇن. شۇ ئەسنادا يېنىغىلا چۈشكەن توپ ئوقىدىن قورقۇپ دۈملا چۈشۈپ ياتتى.

## 8

ياگۇر سۇلتان ئاقىلانە دىتى بويىچە شاۋكەت بىلەن خوجىنى ھەم ماختاپ، ھەم قورقۇتۇپ يۈرۈپ ئاخىر لەشكىرىي يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇ پەنت ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى چىلپەگزە بارگاھىنى ئېلىشقا جورۇپ ئەلا سۇلتانىنىڭ كۆچلۈك قوشۇنىغا سېلىپ قويدى. ئۆزى ۋرومچىدىن كەلگەن مەسلىھەتچىسى دا يەنشىدىن مەسلىھەت سورىدى.

— ياگۇر سۇلتان، — دېدى دا يەنشى، — ئەلانىڭ مېيىدا شاۋكەتنىڭ قوشنىنى قورۇدۇق، سىلى ئۇلارنىڭ گۆيرۈسى پىشقۇچە شەھىرى ئەزىمىدىكى گاڭپەنگە نۇتۇش قىلىسلا قانداق؟ بۇ قەدىمىي كىتابلاردا ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن دەككە بېرىش دېيىلىدۇ.

ياگۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلدى. بۇ كۈلكە بىلەن ئىككى مىڭ ئاتلىق قوشۇننى دەريا بويلاپ غۇلجا شەھىرىگە ئەكەلدى.

ياگۇر قوشۇنىنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىنى ئويلاپ باقمىغان ئەزىز پالۋان قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، ئەمما كۈچى يەتمەي ئاقتۆپىگە چېكىندى. ئاقتۆپە بېگى قۇۋاش پالۋان ئەزىز پالۋاننىڭ چېكىنىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ پۈتۈن قوشۇننى ئاتلاندۇردى. ئۇنىڭ يارەمچىسى موللا ئاشۇر كۆچلۈك ياردەم بەردى. ئەزىز پالۋان بارلىق لەشكەرنى سەپلەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. قۇۋاش پالۋاننىڭ ئاتلىق قوشۇنى ياگۇر قوشۇنىنىڭ بىقىنىدىن تەگدى. ئۇ ياگۇر بىلەن يۈز تۇرانە قىلىچلىشىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. قۇۋلۇق، پەنتتە داڭ چىقارغان دا يەنشى قالغان - قاتقان لەشكەرنى باشلاپ چىلپەگزە

بارگاھىغا قاچتى. ئۇ بارگاھقا كەلگەندە يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى.

ئەلا پالۋان ئەخمەتخان خوجا قوشۇنىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ دەرۋازىلارنى ئاچقۇزدى، ئۆزى باش بولۇپ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئەخمەتخان خوجىنىڭ چېدىرىغا باستۇرۇپ باردى. ئەمما، يېرىم يولدا ئۇ قېچىپ كېلىۋاتقان دا يەنشى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ئەي نامەرد، مۇسۇلمان بولساڭ قىلغان گۇناھىڭغا تۇۋا قىل، بولمىسا قىلىچىم سېنى تۇۋا قىلدۇرىدۇ! — دېدى ئەلا سۇلتان.

قورقۇپ كەتكەن دا يەنشىنىڭ كۆزىگە غالىب، زەبەردەس پالۋان كۆرۈندى، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئەلا پالۋاننىڭ مالخىيىنى نىشانلاپ ئۇردى. جاراڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوت چاقنىدى، دا يەنشىنىڭ كۆزىدىنمۇ ئوت چاقناپ كەتتى ۋە شۇئان بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە دومىلاپ چۈشتى.

شۇ چاغدا ئەلا پالۋاننىڭ لەشكەرلىرى دا يەنشىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، شاۋكەت بىلەن ئەخمەت خوجىنىڭ لەشكەرلىرىنى خوجىنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆكۈپ ھەقىقەتكە قايتىشقا چورۇۋاتقانىدى. ئەلا پالۋان ئاي يورۇقىدا ئەتراپقا قارايتتى، جەڭگاھتا ئۇر - چاپ - قىر، دېگەن ئاۋاز يوق، پەقەت ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. ئەلا پالۋاننىڭ يېنىغا نۇردۇن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى:

— ئەلا پالۋان! — ئۇ ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ئەلانى سۇلتان دېيەلمەيتتى، — ئەخمەتخان خوجا بىلەن موللا شاۋكەت سۇيدۇڭ تەرەپكە قۇيرۇقىنى خادا قىلىپتۇ.

— يۈر! — دېدى ئەلا پالۋان.

ئۇلار يىراقتىن ئاران - ئاران ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان كۆلەڭگىنى نىشانلاپ ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇردى. ئاق بوز ئات ئەقىللىق - دە! ئۇ بالاخور، ھىيلىگەر تۈلكىنىڭ قاچقان يولىنى يىراق تېپىپ خوجايىنىنىڭ ئەركىنى ئۆزىگە قويۇپ بەرگىنىگە خۇش بولۇپ، تولىمۇ سىلىق ئۇچۇپ كۆلەڭگىلەرگە يېتىشىۋالدى.

ئەخمەتخان خوجا ئات دۈپۈرىنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىدى. قارىدى-دە، جىرەن بايتالدىن ئۈچۈپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭۇۋالغىچە ئاق بوز ئايغىر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، بايتالنىڭ بويىندىن چىشلەپ ئەركىلىتىشكە باشلىدى. ئەخمەتخان خوجا ئالدىدا تىغ كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەلا پالۋاننى كۆرۈپ، كېچىدىكى شامدەك سارغىيىپ كەتتى، تىلى كېسىلگەندەك زۇۋان سۈرەلمىدى. بەدىنىدىن تەر قۇيۇلدى. بۇ تەر ئەمەس زەھەر ئىدى. ئەڭ يامىنى، ھازىر ئۇنىڭ كۆز قاپىقى يۇقىرىغا تارتىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەلا پالۋان ئەخمەتخان خوجىنى ئۇ ئابدۇرۇسۇل بەگنى قانداق قەتل قىلغان بولسا شۇنداق قەتل قىلماقنى لازىم تاپتى. ئەمما، ئۇ ئۈنسىز، مەخپىي ئەمەس ئاشكارا قەتل قىلىدۇ.

— ئەي ھىيلەئىي شەرئىينىڭ پىرى خوجا، سۇيىقەستچىلەرنىڭ پېشۋاسى خوجا، ساڭا بېرەرمەن خەلق نامىدىن مۇشۇنداق جازا! — ئەلا پالۋان شۇنداق دەپ، خوجىنىڭ تەردىن سىپسىق پۇراپ تۇرغان كۆكسىگە ـاك، يالتىراق قىلىچىنى سانجىدى. ئەخمەتخان خوجا ئاتتىن موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي تىنىقتىن قالدى. كۆكرىكىدىن چىققان قارا قان پاك زېمىننى بۇلغىدى.

توختاخۇننىڭ خۇشامەتكە تولغان كاللىسىنى چاپقان نۇردۇن مۇنداق دېدى:

— ئەخمەتخان خوجىنىڭ بۇ قارا قانلىرى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بارلىق ئىپلاسلىقلار يوقالغاي، جاھاندىن سۇيىقەستچىلەر تازىلانغاي!

— پۇقرالارنىڭ كۆز يېشىدىن ئىبھتىيات قىلمىغانلار مانا شۇنداق قارا قېنى بىلەن قارا يەرگە كىرىدۇ! — دېدى ئەلا پالۋان.

— ئۇھ! ئادالەتنىڭ مۇقەددەس مۇشتىغا بارىكاللا! بۇ مۇشت ئاخىر سۇيىقەست، ھىيلە-مىكىرنى كەسىپ قىلغان ناكەسلەرنى يورۇق جاھاندىن، ئەڭ بولمىغاندا ئىلىدىن تازىلىدى!

نۇردۇن تېخىچە سۆزلەيتتى، ۋارقىرايتتى. ئەلىمىننىڭ چىققىنىغا يۈرەك سۆزلىرى ئارقىلىق رازىلىقىنى بىلدۈرەتتى.

ئەلا پالۋان چىلپەتۇرە بارگاھىغا قايتتى. ئالدىغا سۈرەپ ئەكىرگەن شاۋكەتنى كۆرۈپ، نۆكەرىگە:

— موللامنى زىندانغا تاشلاڭلار! — دەپ پەرمان بەردى.

موللا شاۋكەت ئاخون تىترىگەن تىللىرى بىلەن ئۆزىنى ئاقلىدى:

— ھەرنە قىلسا خەقنىڭدۇر ئىشى، بۇ خاھىش بىرلەن پېقىرنىڭ نە ئىشى!

ئەلا سۇلتان موللا شاۋكەتكە سىپايىلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەخمەتخان خوجىدەك سۈيىقەستچى مۇناپىقنىڭ ئىتى بولۇپ خىزمەت قىلدىڭلا. نىيەتلىرىنى بۇزۇپ خەلققە تىغ كۆتۈردىلە. تەقسىر، نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك بولۇر. سىلىنىڭ بۇ نىيەتلىرىگە مەھكىمە شەرئىي ھۆكۈم قىلۇر!

شۇ ئارىدا ئەزىز پالۋان ھازىر بولدى:

— سۇلتان، ئەخمەتخان خوجا، شاۋكەتلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى نە قىلماق كېرەك، پەرمان بەرگەيسىز؟

— بىر يەرگە توپلاڭ!

ئەلا پالۋان باشلىرىنى يەردىن كۆتۈرمەي، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان مىڭدىن ئارتۇق قورالسىز، كىيىملىرى رەتسىز لەشكەر ئالدىدا سۆزلىدى:

— بىزنىڭ كاساپىتى مىڭغا دېگەندەك، بىر ئەخمەتخان خوجىدەك بەتنىيەتنىڭ كاساپىتىگە مىڭلارچە ئادەم ئۆچرىدى. ئەمدى يامانلىقنىڭ قارا كۆچى كەلمەسكە كەتتى، تۇۋا قىلساڭلار سىلەرنى يۇرتۇڭلارغا، بىر قىسمىڭلارنى توققۇزتاراغا ئەۋەتىمەن!

— تۇۋا، تۇۋا، بۇنداق قارا نىيەت خوجىلارغا ئىككىنچى ئەگەشمەيمىز، ئەگەشمەيمىز، جاندىن تويدۇق! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار.

— ئەمىسە، گۇناھىڭلاردىن كەچتىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەق بولماڭلار، يېزاڭلارغا بېرىپ خوتۇن - بالاڭلار بىلەن دىدار كۆرۈشۈڭلار، يەر تېرىپ، سېرىق ئالتۇن يىغىڭلار، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، رەھمەت سىلىگە سۇلتان!

## 9

ئەلا پالۋان چىلپەنْزە بارگاھىدىن ئەزىز پالۋان، قوۋاش پالۋانلار بىلەن بىللە مولا شاۋكەتنى ئېلىپ غۇلجىغا قايتتى. يولدا پاراڭلىشىپ كېتىۋېتىپ ئەزىز پالۋان سورىدى:

— ئەلا سۇلتان، سىزنىڭ ياگورلارغا ئىشلەتكەن پەنتىڭىزنى ھازىرغىچە چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. ئەگەر قوۋاش پالۋان بولمىسا ياگورلار مېنىڭ قوشۇنۇمنى قوغلاپ يوقىتىپ، ئاندىن ئەخمەتخان خوجا بىلەن بىرلىشىپ سىزنىڭ قوشۇنىڭىزنى يوقىتىشى مۇمكىن ئىدىغۇ؟

ئەلا پالۋان مىيىقىدا كۈلۈش بىلەنلا جاۋاب بەردى. قوۋاش پالۋان:

— ھەي ئەمىرلەشكەر، بۇ پەنتىنىڭ ھەممە سىرىنى ساڭا دەپ بەرسە پەنتىنىڭ مەناسى قالامدۇ؟ سۇلتان ماڭا قوشۇنىڭنى تەييار قىلىپ تۇر، ئەمىرلەشكەر كەلگەن ھامان قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆت، دەپ پەرمان بەرگەنىدى، — دېدى كۈلۈپ.

— مەن سىزگە قېچىش مەشىقى قىلسۇن، دەپ سەرخىل لەشكەرنى ئېلىپ كېتىپ پېشمىغان لەشكەرلەرنى قالدۇرغان، — دېدى ئەلا پالۋان.

— ياگورنىڭ شەھەرگە، ئەخمەت خوجىنىڭ چىلپەنْزە قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىدىغىنىنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىماي تۇرالمىدى ئەزىز پالۋان.

— ياگورنىڭ يېنىدا مېنىڭمۇ ئادەملىرىم بار. ئەگەر ياگورنىڭ يېنىدا ئەخمەتخان خوجا بولمىغىنىدا مەن ياگورنىڭ يېنىغا ئادەم كىرگۈزمەيتتىم. ياگورنىڭ ئەخمەتخان خوجا بىلەن مولا شاۋكەتنى بىزگە قارشى يۇرۇشكە سېلىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ شەھەر ئېلىپ سۇلتانلىقىقا ئولتۇرۇش خىيالىنى بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش پەنتىگە قارشى پەنت ئىشلەتتىم. مەن چىلپەنْزە بارگاھىغا سەرخىل قوشۇننى ئېلىپ كەتمىسەم ياگور شەھەرگە كىرمەيتتى. ئەگەر ئۇلار ھەممىسى بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلسا بىگۇناھ لەشكەرلەر قىرىلىپ قان تۆكۈلەتتى. بىكار قان تۆكمەسلىك ئۈچۈن، ياگورنىڭ پەنتىگە ئاسانلىق

تۇغدۇردۇم. مېنىڭ پەنتىم ئۇلارنى پارچىلاپ يوقىتىش. بولۇپمۇ ئىش تېرىۋاتقان سۈيىقەستچىلەرنى يوقىتىش ئىدى. شۇڭا قوۋاش پالۋان قوشۇننى ئاقتۇپىگە يۆتكەپ، سىزگە ئاقتۇپىگە چېكىنىشنى جېكىلىدىم. بۇنى يولۋاسنى ئالداپ شەھەرگە ئەكىرىش پەنتى ۋە يالغان قېچىپ راست ھۇجۇم قىلىش پەنتى دەپ ئاتىساق بولار. بۇ پەنتىمىز ھەر ھالدا نەتىجىلىك بولدى، سۈيىقەستچىلەر تازىلاندى.

— ئەمدى چۈشەندىم، مەن يەنە بىر ئەمەلىي بىلىم ئالدىم. — دېدى ئەزىز پالۋان.

ئەتىسى ئەلا سۇلتان مەكتۇپ يېزىپ، مىرقاسىم باشچىلىقىدا خوپىزۇلارغا ۋەكىل ئەۋەتتى. ئۇ مەكتۇپنى مۇنداق يازدى:

*«ئەي مۆمىنات، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ يامان بولماڭ. ئەخمەتخان خوجا دېگەن شەيتان كەلتۈردى قازايىۇ ـ بالا. قىساس ـ قەستنى ئويلىماڭ. ياخشى نىيەتتە كېلىپ تۇۋا قىلىڭ. بارىغا شۈكۈر قىلىپ تىنچ ئۆتۈڭ. شۈكۈر قىلمىغاننى كەچۈرمەس ئاللا. بۇ مەزمۇندا قىلدىم نامە، جاۋاب بېرىڭ تېزدىن ماڭا.»*

ئۇ مەكتۇپنى مىرقاسىمغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— خوپىزۇلارغا ئۇرۇقلۇق ئېلىپ بار، يەر تېرىغاي، يېتەرلىك قوي ـ كالا، ئۇن ـ گۈرۈچ ئېلىپ بار، قورسىقى تويغاي.

مىرقاسىم نۇرغۇن بۇغداي ئۇرۇقى، ئىككى قورۇ قوي، بىر قورۇ كالا، ئوتتۇز ھارۋا ئۇن ـ گۈرۈچ ئېلىپ سۈيدۈڭگە باردى.

ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇلار ئۆتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك ئەمدى تۈگىگەن. مانا ئەمدى يەنە سۇلتانغا، خوپىزۇلار ئەمدى مۇھاكىمە ئىلىشنى ئويلايتۇق. ئۇلار ئەمدى ئۇلارنى قارشى ئالدى. ئەلا سۇلتان ئوردىسىغا باردى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئىتائەت ۋە قۇللۇق كەمىرىنى باغلاپ ئەلا سۇلتاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

خەنجە ئاخۇن سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئولتۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— جانابىي سۇلتانىمىز ئەپۇ قىلىمىنى سورىسىكەن، كەرەملىك سۇلتانىنىڭ ئىختىيارى ئۆزىدە، بىز جانابىي ئەلا سۇلتانىمىڭ مەڭگۈلۈك پۇقراسى بولۇشقا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىمىز. ھەر قانداق پەرمانىنى بېجىرىمىز. ئەگەر ۋەدىمىزگە خىلاپلىق قىلساق بىزنى قۇرئان ئۇرغاي! بۇ بىزنىڭ توۋىنامىمىز.

ئۇلار شۇنداق توۋا قىلىپ، ئەلا سۇلتان ۋە سىپاھلار ئالدىدا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بەردى. ئەلا سۇلتان ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى، خۇيزۇلارنىڭ بۇ سىپاھلىرىغا سۆلەيسۇن، تۇلكە ۋە ياقىسى قاما سەرپايىلارنى تارتۇق قىلدى. ئۇ تەنتەنىلىك قىلىپ:

— ياۋۇز ئەمەلدارلار يوقىتىلىپ زۇلۇمنىڭ ئىشىكى ئېتىلدى، ئادالەتنىڭ دەرۋازىسى كەڭ ئېچىلدى، زۇلۇم ۋە مۇشەققەت زىندانىغا گىرىپتار بولغانلار قۇتۇلدى. — دېدى.

ئەلا پالۋان پەرمان چۈشۈرۈپ، جۇ سەننى خۇيزۇ قوشۇنىنىڭ سەردارلىقىغا، خەنجە ئاخۇننى سۈيدۇڭ مەھكىمە شەرئىيىنىڭ قازىلىقىغا ئېنىقلىدى. بۇ ئىككى زات قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى، تەڭرىدىن ئۇلىرىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلىدى.

مانا شۇنىڭدىن تارتىپ ئىلىدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىناقسىزلىق، ئاداۋەت تۈگىدى، ئىناقلىق، مېھرىبانلىق، ئىشەنچ، ساداقەت ۋە شادخۇراملىق قۇياشقا ئوخشاش نۇر چاچتى.

## 10

ۋەلى باي ئوردىغا كىرىپ، قەغەزگە بىرنېمىلەرنى پۈتۈۋاتقان ئەلا پالۋانغا خەۋەر قىلدى:

— سۇلتان، ياقۇپ بەگنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى، ئۇلار سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ!

— ئۇلارنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قورسىقىنى تويغۇزۇڭلار، چۈشتىن كېيىن كۆرۈشەيلى. ھازىر بەگ، سىپاھلارغا، ئەمىرلەشكەرگە، مەھكىمە

شەرئىيگە چاپارمەن ئەۋەتىڭ، پېشىندىن كېيىن تېز يېتىپ كەلگەي!

— خوش! — دەپ، ۋەلى باي ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

ئەلا پالۋان ئوردىدىلا چۈشلۈك تاماقنى يېدى - دە، بەيتۇللاغا بېرىپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن جالالىدىن قازىكالان، موللارۇزى مۇپتى، شەمسىدىن قازى ئەسكەرلەر بىرلىكتە ئوردىغا كەلدى. بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن ئەزىز پالۋان، بەگ، سىپاھلارمۇ ھازىر بولدى. ئەلا پالۋان:

— ئەلچىلەرنى باشلاپ كىرىڭ! — دېدى.

بەش نەپەر كىشى سالام بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەقەسەم تون، كەمچەت تۇماق كىيگەن، چار ساقاللىق ئادەم ئىگىلگەن پېتى بىر مەكتۇپنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ كېلىپ ئەلا سۇلتانغا سۇندى ۋە كەينىچە مېڭىپ ئورنىغا كەلدى - دە، قەددىنى تىك تۇتۇپ:

— ئەي ئەمىريان - سەرداريان، قازىكالان، قازى ئەسكەر، بۇيۈك خانىمىز ياقۇپ بەگ جانابىي ئالىيلىرى ئۆزلىرىگە بىزنى ۋەكىل قىلىپ ئىبەردىلەر. خان ئالىيلىرى ئېيتمىدۇركى: «ئىلى مېنىڭ خانلىقىمغا قاراشلىق ئايماقتۇر. ئۇبۇل ئەلا بىننى ئىبراھىم مېنىڭ سەرداربىمدۇر. مەن ئۇل باھادىر پالۋانغا ‹شاھ ئەمىر› مەنسەبى بېرىپ، ئىلىنى خوپ باشقۇرۇشنى ھاۋالە قىلىمەن. مېنىڭ بۇل پەرمانىمنى تېز يەتكۈزگەيسىلەر» دېدى.

ئەلا سۇلتان ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەكتۇپنى ئېچىپ ئۆزى ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى. مەجلىس ئەھلى سۈكۈتكە چۆمگەندى. ئۇلار جىددىي قىياس قىلاتتى، خىياللار چېچىلغان بولۇپ، ھەممە ئەندىشىدە ئىدى. پەقەت شەمسىدىن خەلپەملا خاتىرجەم ئولتۇراتتى. جالالىدىن قازىكالان بولسا ئىچىدە ئاللاغا مۇناجات قىلىپ تىلەك تىلەيتتى: «ئەي رەببىم، بۇ سۇلتانىمنىڭ دىلىغا ئەقىل بېرىپ، بەدۆلەتنىڭ ھۆكمىگە، پەرمانىغا مەقبۇل قىلغايسەن.» ئەزىز پالۋان بۇ ئەلچىنىڭ سۆزىگە ھەيرانۇ ھەس بولۇپ ئالىيىپ قارايتتى ۋە ئىچىدە: «ئەلا سۇلتان ئەقىل ئىگىسى. ھەرگىز بۇ ئالدام خالتىغا چۈشمەيدۇ» دەپ ئويلايتتى. ئەلا سۇلتان مەكتۇپنى ئوقۇپ

بولدى، ئاندىن تامىقىنى قىرىپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك جانابلار، مەكتۇپنى سىلەرگە ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىشىمگە ئىجازەت بەرگەيسىلەر.

— خوش، ئوقۇڭ سۇلتان، خان ھەزرەتلىرى بىزگە قانداق پەرمان بەردىلەركىن؟ — دېدى جالالىدىن قارىكالان.

— خانلىرىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىسىلا ئەمىسە، — ئەلا پالۋان جالالىدىنغا ئالىيىپ قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدى:

*تۈگىمەس دۇئا. كۆپتىن كۆپ سالامدىن سوڭرە سىلىگە مەلۇم بولغايكى، ھۆرمەتلىك ئەلا سۇلتان، سىلى مېنىڭ ۋەكىلىم ئەخمەتخان خوجامنىڭ تەلىمى بىرلەن نۇسرەت قوچۇپتىلا. خوش بولدۇم. مەن ئەخمەتخان خوجامغا ئىشەنگەن ئىدىم، ئۇ مېنىڭ ئۈمىدىمنى ئاقلىدى. مەھمۇد دېگەن ئەبلەخ خوجا ئەۋلادى ئەمەس، ئۇ پەسكەش نەرسە بولغاچ قەستلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېشىنى يەپتۇ، خوپ بوپتۇ. ئەخمەتخان خوجام موللا شاۋكەت ئاخۇننى ئىلىمدار ئادەم، دەپ يېزىپتۇ. ئۇل زات مەھكىمە شەرئىي ئىشىغا قابىل ئىكەن، شۇڭا قارىكالان بولغاي. ئەلا پالۋاننىڭ باھادىرلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «شاھ ئەمىر» لىككە تەيىنلىدىم. سىلىنىڭ ئاق پادىشاھ قوشۇنىنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنلىكلىرىنىڭ ئۆزىلا باھادىر غازى ئىكەنلىكلىرىنى دەلىللىدى. مەن ھازىر كورلا شەھىرىدە، تورپان بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا مەنچىڭ چېرىكلىرى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشماقتىمەن. «ئۇلۇغلارنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇڭلار» دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ پېقىرگە بويسۇنغايلا. نىيەتلىرىنى پاك تۇتۇپ، بىزنىڭ پەرمانىمىزغا ئىتائەت قىلغايلا. بۇ تەرەپتىن كۆڭۈللىرىگە شەك كەلمىگەي، سىلى بۇ پەرماننى ئالغان ھامان توختاخۇننى باش سەردار قىلىپ ئىلىدا قالدۇرۇپ، بارلىق ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن مەنچىڭ قوشۇنىغا مەغرىبتىن ھۇجۇم قىلغايلا. مەن مەشرىقتىن ھۇجۇم*

*قىلىمەن. سىلى بىلەن دىدارلىشىشقا ئاللا نېسىپ قىلغاي.*
*ئىلىدىكى بارلىق پۇقرالىرىمغا دۇئايى سالام بىرلەن:*
*ئاللا يار بولغان قەشقەرىيە خانى ئاتىلىق غازى ياقۇپ*
*بەگ بەدۆلىتى (مۆھۈر)*

ئەلا سۇلتان مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغۇچە ئەلچىلەرنىڭ چىرايىدا مەغرۇر تەبەسسۇم ۋە كىبىر يېغىپ تۇردى. شەمسىدىن خەلپەم سۆز ئېلىپ، سالماقلىق بىلەن تەمكىن ئاۋازدا دېدى:

— بىز ياقۇپ بەگنىڭ قاچان، قايسى ۋاقىتتا خان بولغىنىنى بىلمەيدىكەنمىز.

— خانىمىش...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەلچىلەرنىڭ چىرايىدىكى مەغرۇر تەبەسسۇم يوقالدى، ئەكس هالدا ئۆلۈكتەك بوزاردى، تىزلىرى تىترىدى. ئەلا پالۋان ئىلى سۇلتانلىقى نامىدىن مۇنداق جاۋاب قىلدى:

— ئاتالمىش خانىڭلار كېچىكىپتۇ، سىلەرمۇ جاپا چېكىپ مۇزداۋاندىن ئاشقۇچە كېچىكىپسىلەر. ئاتىلىق غازى خانىڭلار ئىشەنگەن ئىككى نەپەر خوجا جەھەننەمگە سەپەر قىلدى. خانىڭلار بىزنى ئەپۇ قىلغاي! هۆرمەتلىك ئەلچىلەر، خانىڭلارغا دەپ قويۇڭلاركى، بىز زالىم ئەمەلدارلارغىلا قارشى چىققان، قانداقتۇر ئۆزىنى «خان» دەۋالغان بىر ئادەمگە بويسۇنمايمىز. ئۇ تېخى ھەدىستىن شىپى كەلتۈرۈپ ئۆزىنى «ئۇلۇغ» ھېسابلاپ، بىزنى بويسۇن دەپ كاپشىپتۇ. ئىلى خەلقى ئايرىم بىر خانلىق ئورناتماقچى ئەمەس، بىز پەقەت ۋاقىتلىق، بەگلىككە تەڭ سۇلتانلىق قۇردۇق. بۇ بىر ئىش بېجىرىش ئورنى، خالاس. بىز زالىم ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ مەقسىتىمىزگە يەتتۇق، يۇرتىمىزدا ئەمدىلا ئاسايىشلىق ئورناتتۇق. بىز تىنچ تۇرمۇشقا موھتاج، ئۇرۇشقا، قان تۆكۈشكە موھتاج ئەمەسمىز. شۇنىمۇ سەمىڭلارغا سېلىپ قويايكى، بىز يەتتە شەھەر خەلقىنى تونۇيمىز. ئۇلار بىزنىڭ قان قېرىنداشىمىز. ئۇ شەھەرلەردىكى ئاتالمىش خانلىقنى، خانىڭلارنى تونۇمايمىز. ئەمما، ياقۇپ بەگنىڭ كىملىكىنى بىلىمىز. ئۇ

قوقان خانلىقىنىڭ ئەمەلدارى. تېخى بۇ ئالدامچى ئۆزىگە «بەدۆلەت، ئاتىلىق غازى» دەپ نام بېرىپ، جەنۇبىتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنى خانىۋەيران قىلماقتا. ئەڭ ياخشىسى، ئۇ ئۆز يۇرتىغا چىقىپ توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغىنى تۈزۈك. ئۇ پاك تۇپرىقىمىزنى بۇلغىمىسۇن، بولمىسا ئاللانىڭ قەھرىگە ئۇچرايدۇ، گەپ تامام!

ياقۇپ بەگنىڭ ئەلچىلىرى شۈكۈنى قوندى. ئەتىسى ئەلا پالۋاننىڭ تونۇگۈنكى جاۋاب سۆزى مەزمۇن قىلىنغان مەكتۇپىنى ئېلىپ مۇز داۋان تەرەپكە يول ئالدى.

ئەلا پالۋان سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بەگ، سىپاھلاردا ئاجايىپ بىر كۈچ پەيدا بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى مەزمۇت ھېس قىلدى. شەمسىدىن خەلپەم شاگىرتىدىن پەخىرلەندى، چىن دىلىدىن خۇش بولۇپ كۈلدى. جالالىدىن قارىكالانلىق مەنسىپىنىڭ ئۆزىگە قالغىنىغا شۈكۈر قىلىپ كۈلدى. شۇنداق، كۈلۈش كېرەك. دۇنيادىكى جىمى پاسىقلار ئۈستىدىن كۈلۈش كېرەك. خەلقىنىڭ خاتىرجەم كۈنگە ئېرىشكىنىگە كۈلۈش كېرەك! بىردىن ھەممە پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى. شەمسىدىن خەلپەمنىڭ كۈلكىسى كۈلكىلەرنى ئەۋجىگە چىقاردى:

— ياقۇپ بەگ دېگىنىمۇ مەھمۇد پودەكلا پاختىغا زەي سالماي ئاتىدىغان پوچىكەنغۇ!

— ھا ـ ھا ـ ھا ـ ھا!

ئوردا ئىچى كۈلكىگە چۆمدى، بۇ كۈلكە سىرتقىمۇ ئاڭلاندى. خەلق ھەر خىل مەسخىرە، لەتىپىلەر توقۇپ پاسىقلار ئۈستىدىن كۈلدى.

كۈلكىلەر بېسىقىشىغا ئەلا سۇلتان مۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك ئۇستازلار، سەردار، بەگ، سىپاھلار، بىز بارلىق قەستچى مەلئۇنلارنى يوقاتتۇق، موللا شاۋكەت ئاخۇننى قانداق قىلىمىز. ئۇل كىشى ئىككى خوجىنىڭ قولچومىقى بولۇپ نورغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. ھەتتا ئۇلىما تونۇپ شەرىئەتكە مۇخالىپ، ناشايان ئىشلارنى قىلدى. پاكلىق، سەممىيلىك، ئەدەپ يۈزىسىدىن بۇنداق يامان ئادەملەرنى جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلماق لازىم. قانداق قەتلىكام قىلغۇلۇق؟

ئۆلىمالار ئۆزئارا پىچىرلاشتى. ئەمىرلەشكەر ئەزىز پالۋان:

— ئەي سۇلتان، ئۇ ياتلار قىلالمىغان ئەسكىلىكلەرنى قىلدى، ئۇرۇش قوزغاپ نۇرغۇن قان تۆكتى. مېنىڭچە ئۇنى دارغا ئېسىش كېرەك! — دېدى.

جالالىدىن قازىكالان ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ مۇنداق رەددىيە بەردى:

— ھەي بالا، شەرىئەت ھۆكمىنى بىلمىگەندىن كېيىن چوڭلارنىڭ ئاغزىغا قارا. شەرىئەتتە ئاخۇنلارنى دارغا ئېسىش، بەردەنگە بىلەن ئېتىش، قىلىچتا چېپىش ۋە ياكى بەدىنىگە تىغ تىقىش مەنئى قىلىنغان.

— ناسىر ئەلەمنى چاناپ ئۆلتۈردىغۇ؟! — دېدى ئەزىز پالۋان ئاچچىقى بىلەن.

— ئۇل مۇناپىقنىڭ ئىشى! — دېدى جالالىدىن قازىكالان.

— ئەمىسە شەرىئەت بويىچە قانداق جازا بېرىدىلا؟ — سورىدى ئەلا سۇلتان.

— مېنىڭچە، — دېدى جالالىدىن قازىكالان. — موللا شاۋكەت ئاخۇنۇمنى شەرىئەت يولى بىلەن تاغارغا سولاپ ئىلى دەرياسىغا تاشلىماق كېرەك.

شەمسىدىن خەلپەم، موللا روزى مۇپتىلارمۇ بۇ تەكلىپنى ماقۇل تاپتى.

— ناھايىتى مۇۋاپىق جازا، — دېدى ئەلا سۇلتان، — موللا شاۋكەت ئاخۇننى جازالاشنى قازىكالانغا تاپشۇرايلى. شەرىئەت ھۆكۈم چىقارغاي.

## 11

مەپە بەيتۇللا ئالدىدا توختىدى. ئىككى مىرشەپ موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ مەپىدىن چۈشۈردى. مەسچىتكە ئېلىپ كىردى. ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى. موللا شاۋكەت جۈمە نامىزىنى بەيتۇللادا ئوقۇش تەلىپىنى قويغان، ئەلا سۇلتان ماقۇل بولغانىدى. جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولۇنۇشىغىلا موللا شاۋكەتنى يەنە قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېلىپ چىقتى. مىرشەپلار موللا شاۋكەتنى مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ سۇ دەرۋازا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، سۇ دەرۋازىدىن چىقىپ (بۇ، سېپىلنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى) ئايدۆڭ تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار ئىلى دەرياسى

بويىغا كەلدى، موللا شاۋكەتنى مەيدىن چۆشۈرۈپ، كۆن چىقىش تەرەپتىكى يار بويىغا ئاچىقتى. بىر مىرشەپ مەيدىن ئېلىۋالغان تاغارنى شاۋكەتنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ ئاغزىنى ئاچتى. موللا شاۋكەت ھەيران بولۇپ:

— ئەي مىرشەپلار، نېمە ئۈچۈن پېقىرنى دەريا بويىغا ئەكەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

يەنە بىر مىرشەپ قوينىدىن سامان قەغەزنى ئېلىپ موللا شاۋكەتكە تۇتقۇزدى. موللا شاۋكەت قەغەزدىكى مەھكىمە شەرئىيىنىڭ مۆھۈرىنىلا كۆرەلىدى.

— كۆزەينىكىم ئۆيدە قاپتۇ، بۇنى كۆرەلمىدىم، — دېدى ئۇ.

— بۇ مەھكىمە شەرئىيىنىڭ ھۆكمىدۇر، سىلىنى مۇنۇ تاغارغا سېلىپ دەرياغا تاشلاش ھۆكۈم قىلىنغان...

— ھە، مە ... مەن... ئا ... ئاللا ... نىڭ... مۇ ... مۆمىن بە ... بەندىسى...

ئۇ كېكەچلەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ يۈزلىرى پۈرۈشتى، يەرگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— خاپا بولمىسىلا ئاخۇنۇم، — دېدى مىرشەپ، — بىز قازىكالاننىڭ ھۆكمىنى بەجا كەلتۈرگۈچىلەر، سىلىمۇ قازىكالان بولغاندا بىزگە: «شەرئىيەت ھۆكمى خۇدانىڭ ھۆكمى» دەيدىغانغۇ؟

— كىرىسىلە ئاخۇنۇم، خۇدانىڭ ھۆكمىنى ۋاقتىدا بەجا كەلتۈرەيلى، — دېدى يەنە بىر مىرشەپ تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ.

— قورقمىسىلا تەقسىر، بۇ سىلىنىڭ قولۋاقلىرى، بۇ قولۋاق سىلىنى تۈپتوغرا جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدۇ، — دېدى يەنە بىر مىرشەپ.

— ھەي، ئۇنداق مەسخىرە قىلما، بۇ ئاخۇنۇم ھېلىتىنلا جەھەننەمگە سەپەر قىلغان ئوخشايدۇ. ئەكەل تاغارنى، بېشىغا كىيگۈز!

موللا شاۋكەت ئاخۇن ھەقىقەتەن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغاندەك مىدىر - سىدىر قىلماي ياتاتتى، كۆزلىرى ئوچۇق، ئەمما نۇرسىز ئىدى.

— ياق، تېخى جېنى بار، قارا، كالپۇكلىرى مىت - مىت قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇنى چىقمايدۇغۇ؟

— زوۋانى دارغا تارتىلىپ بولدى ـ دە!
— ھە، ئىچىدە توۋا ئىستىغپار ئوقۇۋاتسا كېرەك، بىردەم كۈتۈپ باقايلى.
ئۇلار كۈتۈپ تۇرۇشتى، ئاخۇنۇمنىڭ كالپۇكلىرى مىتىلداشتىن توختىغاندىن كېيىن ئۇنى كۆتۈرۈپ تاغارغا سېلىشتى. موللا شاۋكەتنىڭ شۇندىلا ئاغزىغا كەلىمە شاھادەت كەلدى. مىرشەپلار ئۇ ئوقۇپ بولغۇچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغدى، تاغارنىڭ ئىككى تەرىپىدىن كۆتۈرۈشتى.
— پاھ ـ پاھ، تازىمۇ ئېغىر ئىكەنغۇ!
ئۇلار تاغارنى يۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ دەرياغا تاشلىدى.
شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچىنچى سۇلتان بۇ دۇنيادا بەندىلەرگە قىلغان جىمى گۇناھىنى ئۇلۇغ ئەزىم دەريانىڭ پاك سۈيىدە تازىلاشقا راۋان بولدى. تاغار ھاۋادا يۇلاڭلىدى ـ دە، «چولتۇك» قىلىپ چۆكتى. دەريادىن سۇنىڭ غەزەپلىك تامچىلىرى «بىزنى بۇلغىدىڭ» دەپ نارازى بولۇپ، ئاسمانغا چاچرىدى.
— ھەي، موللامنى دەريانىڭمۇ قوبۇل قىلغۇسى يوق ئىكەن جۇمۇ، قارا نارازىلىق قىلىپ سۇ پەرىلىرىنى ئۇچۇردى!
— ھە ئەزىم دەريا، بىزنى كەچۇرگىن، — دېدى يەنە بىر مىرشەپ، — بىزچە بولسا بۇ موللامنى سېنى بۇلغىماي ئەۋرەزگە كۆمەتتۇق!
— بۇنداق مەنسەپ، مەنپەئەت كەينىگە كىرىپ غوۋغا چىقارغان ئادەمنى دەريا كەچۇرمەيدۇ. قاراپ تۇر، ئەتىلا سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ.
— ھەي موللام، — دېدى بىر مىرشەپ، — ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارغاندا ئۇبدان توۋا قىلىڭ. ئۇ دۇنيادا بۇ دۇنيادا قىلغان شۇملۇقلىرىڭىزنى قىلماڭ!
— بۇ موللامغا، — دېدى يەنە بىرى ياردىن مەيە بار يەرگە چۈشۈپ كېلىۋېتىپ، — بىر پارچە تۆشۈكمۇ تەگمىدى. موللام بولسىمۇ، ھەتتا سۇلتان بولسىمۇ، چاشقانغا تەگكەن تۆشۈك تەگمىدى!
— چۈنكى، سۈپۈرگەن يېرىنى ئۆزى مەينەت قىلغان ـ دە، ئۇ!
مىرشەپلار ئەنە شۇنداق پاراڭلار بىلەن ياردىن چۈشتى، ئاتنى يېشىپ مەيگە ئولتۇرۇشتى. بوجىنى تۇتقان مىرشەپ:
— دىرت جانۋار، پادىشاھتىن تەخت قالدى، بىزدىن دىرت ـ ۋۇ ـ ۋۇ! — دېدى.

# ئون بىرىنچى باب

## شىبە ئايئاق

*كى مەست يەڭلىغ بولۇپ ھەر بىرى،*
*بۇياندىن توپلاندى ئەلا لەشكىرى.*
*ئۇرۇش بارگاھىغا باردى يېتىپ،*
*دەشنەم يېدى ياۋنىڭ لەشكىرى.*

1

ياز چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ باياشات ئالتۇن كۈزگە ئورۇن بەرگىنىنى ھېچكىم تۇيماي قالدى. كۈز قۇياشى ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن ھەممە يەرگە چاچماقتا ئىدى. ئاسمان سۈزۈك. ئاندا ـ ساندا سايە تاشلاپ تۇرغان بىر پارچە بۇلۇتنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاچ ھاۋارەڭ ئەينەكتەك تاپتازا ئىدى. كۈزنىڭ پارلاق نۇرى دىلمۇك تېغى بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا بىر گەۋدىگە ئايلانغانىدى. ئۇپۇق بىلەن چەكسىز كەتكەن ۋادا بىر ـ بىرىگە ھىمزىرھىم جىپسىلىشىپ كەتكەنىدى. ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن چاك ـ توزان كۆتۈرۈلدى، چاڭنى دەريانىڭ سەلكىن شامىلى بىردەمدىلا شەرققە سۈرۈپ، نۇرغۇن ئاتلىق لەشكەر چىراي ئاچتى، نۇغ ـ ئەلەملەر قۇياش نۇرىدا جەۋلان قىلدى. بوز ئايغىر مىنگەن كىشى قولىنى شىلتىپ بېشارەت بەردى. ئاتلىقلار ئاتلىرىدىن چۈشتى. بېشىغا مالخاي، ئۇچىسىغا ماداخان كۆڭلەك كىيگەن بىر يىگىت بوز ئاتنىڭ يېنىغا

كېلىپ:

— ھۆرمەتلىك سۇلتان، بۇ نۆۋەت دەريادىن ئۆتسەك يەتتىنچى قېتىم ئۆتكەن بولىمىز. ئۇشبۇ «يەتتە» دېمەك ئەجىر مېۋىسىنىڭ چىچەكلىرىدىن بېشارەتتۇر، — دېدى.

ئوبۇل ئەلا پالۋان كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئاندىن بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ:

— ئېيتقىنىڭ بولغاي، — دېدى ۋە جىددىي ئەمىر قىلدى. — غۇبار-سىز بوز خاسىيەت بابىدىن بولۇر، ئاق يولنىڭ تاجىسى. ئالمۇن ئىچىدىكى چىن يولنىڭ بەلگىسىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئاۋۋال مېنىڭ بوز ئايغىرىمنى دەرياغا سال. ئۇنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىمۇ سەن دېگەندەك يەتتىنچى قېتىم، ئۇ باشقا ئاتلارغا باش بولسۇن!

— باش ئۈستىگە! — ئەمىر شاھ سۇلتانىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۇردى. بوز ئايغىر خۇددى ئۈستەڭگە چۈشكەندەك بىمالال دەرياغا چۈشتى. دەريانىڭ سۈيى خېلى تارتىلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا شوخلۇق قىلىپ ئۈركەشلەيتتى. بوز ئايغىرنىڭ كەينىدىن دەرياغا چۈشكەن ئاتلار پۇشقۇرۇپ دولقۇن يېرىپ ئۈزۈشكە باشلىدى. كىيىملىرىنى سېلىپ بېشىغا سەللە قىلىپ يۆگىۋالغان لەشكەرلەر ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئەلا پالۋانمۇ كىيىمىنى سالماقچى بولۇۋىدى، نۆكىرى نۇردۇن ئۇنى توسۇپ كىيمىگە باشلىدى. ئۇلار كېمىدىن ئۆتكىچە بوز ئايغىر دەريانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، قارشى قىرغاققا چىقىپ سىلكىنىپ، غاز پېيىدەك نۇكىلىرىگە چاپلىشىپ قالغان سۇنى چۈشۈردى. بوز ئايغىر ئەلا پالۋاننىڭ ئالدىغا ئويناقلاپ كىشنەپ باردى. ئەلا پالۋان ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر كاللەك قەنت سېلىپ قويۇپ يايلىنى تاراپ ئەركىلەتتى. ئايغىر ئىگىسىنىڭ بۇ غەمخورلۇقىغا جاۋابەن سۆركىلىپ قويدى. ئەلا پالۋان ئايغىرغا لىككىدە مىندى، ئايغىر توپىلىق يولغا چۈشۈپ يورغىلاشقا باشلىدى. بوز ئايغىرنىڭ يورغىسى سىلىق ۋە ئىتتىك، ئۆزىنىڭ ئىگىسىدەك زەپەردەست، قوۋۇرغىسى توشقان. قاۋۇل ۋە ئېگىز ئىدى. ئۇ غاز بويىنىنى ھېچقاچان ئېگىپ باقمىغان، پەقەت ئىگىسى بايامقىدەك تۇمشۇقىنى سىلاپ بىر كاللەك قەنتنى ئاغزىغا سالغاندىلا رەھمەت ئېيتىپ ئېگىپ قوياتتى. ئۇ دەريادا

راھەتلىنىپ ئۇزۇپ سالقىندۇالغاچقىمۇ، يۈگۈرۈشنىڭ كۈمۈش شالدىرمىسىنى شالدىرلىتىپ تېزگىن سېپىرىپ ئېتتىك يورغىلاشقا ئۆتتى.
ئەلا پالۋاننىڭ نۆكەر - ياساۋۇللىرى بۇ يەل تاپانغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئاتلىرىغا قامچا سېلىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن سېپىنى بۇزماي كېلىۋاتقان غەيۇر لەشكەرلەرمۇ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشتى.
ئەلا پالۋان بۈگۈن يەنە بىر بۈيۈك ئىشنى بېجىرىشكە ئاتلانغانىدى. 1864 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قوزغىلاڭ ئوتى ياندى ۋە كورە قەلئەسى ئېلىنغان، ئىلى جياڭجۈنى مىڭ شۈي ئۆزىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئىلى ۋادىسىدىكى موڭغۇل، شىبەلەر ئىلى سۇلتانلىقىغا ئەل بولغان. ئەمما قورال تاپشۇرمىغانىدى. شىبەلەرنى چىڭ خانىدانلىقى چېگرانى قوغداشقا شەرقىي شىمالدىن ئەۋەتكەن ئىدى. سەككىز نىرۇسى[1] قەلئەسىدىكى بۇ شىبەلەر ئەمدى دېھقانچىلىق قىلىپ ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئامبال، چېرىك باشلىرى خان بەرگەن چەنلىرىنى ئېسىپ لەشكىرىي كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرەتتى. ئەلا پالۋان شىبەلەرنىڭ قولىدىكى قوراللارنى يىغىۋالمىغۇچە ئەلنى ئەمىن قىلغىلى بولمايدىغىنىنى، ۋاقتى كەلسە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغىنىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئالتىنچى سۇمۇلدىكى سۇمبا ئامبال بىلەن جەنۇب بېگى توقمىلەك بەگكە ئالاقچى ئەۋەتىپ، بارلىق سۇمۇللارنىڭ ئامبال - ئاقساقاللىرى ۋە چېرىك باشلىرى، ئۇيغۇر يېزا بەگلىرىنىڭ ئالتىنچى سۇمۇلغا توپلىنىشىنى ئۇقتۇرغانىدى.
ئەلا پالۋان تېزگىننى يەل تاپاننىڭ ئىختىيارىغا بەردى، ئۆزى خۇددى كېمىدە ئولتۇرغاندەك ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. ساپ ۋە سالقىن ھاۋا ئۇنىڭ يۈزىنى سىيپاپ راھەتلەندۈردى. بوز ئايغىر قېلىن قومۇشلار، سازلىقلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۇچقاندەك يورغىلىماقتا، مانا ئۇ چوقۇرنىڭ سۈيىدىن يېنىكلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەلا

---

[1] نىرۇ — شىبەچە ئىسىم بولۇپ، يانىڭ ئوقى دېگەن مەنىدە.

پالۋاننىڭ كۆزى يىراقتىكى قارا - كۆرە سىپىلغا قادالدى.

ئالتىنچى سومۇل دەرۋازىسىدىن بىرەر چاقىرىم يەرگىچە نۇرغۇن ئادەم چازاڭ تارتىپ تۇراتتى. بۇلار ئىچىدە توقسەك بەگ، سومبا، ئۇنىڭ قىزى سوخا قاتارلىق بەگ، ئامبال، چېرىك باشلىرى، باشقا يېزا، سومۇللاردىن كەلگەن كىشىلەر بار ئىدى. سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىدىكى باللار شىببەچە، ئۇيغۇرچە چۇرقىراشقا باشلىدى:

— كېلىۋاتىدۇ! كېلىۋاتىدۇ! ۋاي - ۋۇي، يامان جىق!

كۆچلۈك ئات دۈپۈرى يەرنى لەرزىگە سالدى. كىشىلەر ئەلا پالۋاننىڭ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن كېلىۋاتقىنىنى بىلدى. بويۇنلىرىنى شەھەر يولىغا سوزدى. ئۇلار ئەلا پالۋاننى كۆرۈشكە تولىمۇ قىزىقاتتى. سومبا شەھەرگە كىرگەندە ئەلا پالۋاننى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەچكىمۇ بويىنىنى سوزۇپ كەتمىدى. ئۇ پالۋاننىڭ داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان بولغاچقا، قىزى سوخانىڭ پالۋاننى كۆرۈش ئىستىكىنى قايتۇرمىدى. ئۇ توپا - چاڭنى كۆرۈپ، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرىنى ئاڭلاپ ئەندىشىگىمۇ چۈشكەنىدى. ئۇ كىيىملىرىنى رەتلىدى. ئاتىسىنىڭ بۇ ئالدىراش قىلىقىنى كۆرگەن سوخا:

— ئاتا، ئەلا پالۋان قايسىسى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەنە ئاۋۇ! ھەممىنىڭ ئالدىدا، بوز ئاتتا قورغۇيدەك ئولتۇرغان، ئالدى ئوچۇق ياقىلىق كۆڭلەك كىيگەن، يوغان بويۇنلۇق، يۇمىلاق يۈزلۈك كىشى. قارا ئۇنىڭ كۆكرىكىنىڭ، ھەقىقىي پالۋانلارنىڭكىدەك كەڭلىكىنى! بىلەكلىرىنىڭ يوغانلىقىچۇ تېخى. پاھ - پاھ، تارانچىلارنىڭ ماختىنىشىغا تۇشلۇق زەبەردەست يىگىت جۇمۇ. ئۇنىڭ تاشتەك تۇرغان مۇسكۇللىرىغا قارا، بەستى نېمىدېگەن كېلىشكەن - ھە!

سومبا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئەلا پالۋاننى كۆرۈپ ماختاپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ بۇ ماختاشلىرىنىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇقلۇقىنى سوخا بىلدى. قىز ئاتىسى كۆرەلمەيدىغاننى يىگىتتىن ئىزدەيتتى. ئۇ ئەلا پالۋاننىڭ كىشىلەرگە قادالغان قاپقارا كۆز قارىچۇقىدىن ئەقىل - پاراسەت نۇرى چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ پالۋاندىن كۆزىنى ئالغۇسى كەلمەي قالدى، ئەمما تارتىنىدى، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ قارىشىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك

سېزىلدى. ئۇ ئۇيىلىپ، پالۋاننىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنى كۆرسەتتى:

— ئاتا قاراڭ، نېمىدېگەن ھەيۋەت چېرىكلەر بۇ!

— ھەئە، قوراللىرى يالتىراپ تۇرىدۇ. پاھ ـ پاھ، بۇ چېرىكلەر ئىلى دەرياسىدەك ھەيۋەتلىك ئىكەن! ئاۋۇ جەسۇر پالۋانلارنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇلار پالۋاننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى. تارانچىلار بۇلارنى ساھىبقىران دەيدىكەن. بۇلار ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايە بار. ئۇلار يۈرەكلىك ئەزىمەتلەر، پالۋان نەگە بارسا، نەدە تۇرسا شۇ يەرگە بارىدىكەن. شۇڭا ئۇلار مىڭ جياڭجۈندەك تۇمەنلىگەن لەشكىرى بار جياڭجۈننى مەغلۇب قىلدى ـ دە!

سۇمبا ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەنە پالۋاننى قىزىقىپ تونۇشتۇرغىلى تۇردى:

— قارىغىنا، ئەلا سۇلتاننىڭ ئاتتا مىختەك ئولتۇرۇشىنى. ئۇ چەۋەنداز ئىكەن. لەشكەرلىرىمۇ چەۋەندازلار ئىكەن.

سۇخا ئاتىسى دېمىسىمۇ پالۋاندىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغانىدى. ئەمدى ئۆز ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى:

— سۇلتان بەكمۇ روھلۇق، سالاپەتلىك ئىكەن، ئىسمى جىسمىغا لايىق سۇلتان ئىكەن!

— ئەلۋەتتە، — دېدى سۇمبا، — تارانچىلارنىڭ ئۇنى زېھنىلىكتە بى ئەزىز، كۆپ جەڭلەردە باھادىرلىق كۆرسەتكەن ياش نوجۇۋان پىردىل، دەپ ماختىشىدىغىنى بىكار ئەمەس ـ تە!

ئادەملەر مىغىلدىشاتتى، ھەممىسى بويىنىنى سوزۇشۇپ ئەلا پالۋانغا قارىشاتتى. داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي ياڭراپ كەتتى. شىبە ئامبال، ئاقساقاللىرى باش ئۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى. ئەلا پالۋان ئاتتىن لىككىدە سەكرەپ چۈشتى. نۆكەر دەرھال كېلىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدى. ئەلا پالۋان ئالدىغا كەلگەن توقمەك بەگ بىلەن قەدىردانلارچە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. باشقا بەگلەر بىلەن ئىككى قوللاپ ئامانلاشتى. سۇمبا پەشلىرىنى قېقىپ باش ئۇردى. ئەلا پالۋاننىڭ كۆزى سۇمبانىڭ كەينىدە تۇرغان سۇخاغا چۈشتى. قىز ئۆزىگە تىكىلىپ قالغان پالۋانغا ئىككى تىزىنى ئېگىپ، تىزى

ئۈستىگە ئىككى ئالىقىنىنى قوشلاپ قويۇپ تەزىم قىلدى. قىزنىڭ ھۆسن جامالى ئەلا پالۋاننى مەھلىيا قىلدى. قىزنىڭ تولۇن ئايدەك تولغان يۈزىگە، كەك ماڭلىيىغا، قاپقارا شەھلا كۆزلىرىگە قاراپ كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. قىز تەزىمگە ئېگىلگەندە، بەللىرى ئەۋرىشىم بولۇپ پۈكۈلدى. نېپىز شايى كۆڭلەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان نازۇك كۆكسى پالۋاننىڭ كۆزىنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى. قىز تەبەسسۇم بىلەن سۈزۈك لەۋلىرىنى ئاچقاندا ئاپئاق سەدەپ چىشلىرى يالتىرىدى. ئۇنىڭ ھۆسنىدە پەيدا بولغان ئاجايىپ بىر خىل تەبەسسۇم پالۋاننىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋەتتى. «پاھ، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ. ــ ئاللا بەندىسىگە شۇنداقمۇ گۈزەللىك ئاتا قىلىدىكەن ــ ھە!» پالۋان چۈشۈممۇ ـ ئوڭۇممۇ دېگەندەك داڭ قېتىپ قالدى. گويا ئۇنىڭ ئالدىدا مەرھۇم گۈزەل ئاغىچا ئېگىلىپ تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئەلا پالۋان گۈزەل ئاغىچىسى ياماتۇدا غەرق بولغاندىن بېرى ھېچقانداق قىزغا كۆز قىرىنى سالمىغانىدى، بۈگۈن بۇ شىبە قىزى...

ئۇ ئۆزىدە قانداقتۇر بىرخىل غەلىتە سېزىمنىڭ پەيدا بولۇۋاتقىنىنى سەزدى. لېكىن، ئۇ گۈزەل ئاغىچىدىن باشقا ھەر قانداق قىزغا كۆڭۈل بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭغا ئۇستازى شەمسىدىن خەلپەم، دوست ـ يارەنلىرى نى ـ نى گۈزەل قىزلارنى سايە قىلغاندىمۇ ئۇلار ئۇنىڭدا گۈزەل ئاغىچا پەيدا قىلغان ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئويغىتالمىغان. شۇڭا ئۇلارغا ئۆيلىنىشنى رەت قىلغانىدى. شۇ تاپتا بۇ شىبە قىزى گۈزەل ئاغىچىدەك ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىۋەتتى، يۈرىكىدە گۈزەل ئاغىچا بىلەن كۆرۈشكەندە پەيدا بولىدىغان بىر خىل تۇيغۇ قوزغالدى. سۆز بىلەن چۈشەندۈرگۈسىز بىر ئىسسىق ئېقىم ئۇنىڭ پۈتكۈل تومۇرلىرىدا ئېقىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى سادا بېرىپ: «ئۇنىڭ ۋەسلىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ باشقا تائىپە» دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئەمما، ئۇ يەنە قىزغا قارىدى ۋە شۇندىلا يۈرەك قاتلىرىدا گۈزەل ئاغىچا ئويغاتقان تاتلىق سېزىمنىڭ باشتا ئۇچقۇنلاپ بارا ـ بارا يالقۇن بولۇپ لاۋۇلداپ ئوت ئېلىۋاتقىنىنى بىلدى.

ــ بۇياق كىمنىڭ قىزى؟ ــ دەپ سورىدى ئەلا پالۋان ئىختىيارسىز.

ئۇنىڭ ئالدىدا ئىززەت - ئىكرام بىلەن يول باشلاپ ماڭغان سۇمبا:
— شۇ، مېنىڭ قىزىم بولىدۇ، — دېدى.
— مۇبارەك نام - شەرىپى نېمىكىن؟
— سۇخا.
— تولۇن ئايدەك پەرى قىزنى چوڭ قىلىپسىز، — دېدى ئەلا سۇلتان بۇرۇتىنى سىلاپ.
ئەلا سۇلتانىنىڭ ماختىشىدىن سۇمبانىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا قىزىغا قارىدى. قىز ھوپپىدە قىزىرىپ كەتكەن، ئاھۇ كۆزلىرىنى ئۇزۇن كىرپىكلىرى ياپقانىدى. ئەلا پالۋان كەينىدىن سۆڭدىشىپ كېلىۋاتقان قىزغا قايرىلىپ يەتە بىر ئوتلۇق نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ ئويغۇرچە تىكىلگەن پۇرمىلىك كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى، تولىمۇ سىلىق. سىپايە قەدەم تاشلايتتى.
ئەمىرشاھ ياساۋۇل مەھكىمە ئەترابىغا، سىپىل ئۈستىگە جېسەكچىلەرنى قويۇق قويدى.

## 2

ئەلا پالۋان خاس ئۆينىڭ تۆرىدە چارزا قۇرۇپ ئولتۇردى، توقىلەك بەگ ۋە باشقا بەگلەرمۇ ئورۇن ئالدى. سۇمبا باش ئۇرۇپ ھال سورىدى:
— ساخاۋەتلىك سۇلتانىنىڭ ئەزىز تېنىمنى بالا - قازادىن ساقلىغاي، ۋاقىتلىرى خۇش، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي!
— بىرگە بولغاي، — دېدى ئەلا پالۋان.
قولغا سۇ ئېلىنىپ داستىخان سېلىندى، چايدىن كېيىن كاۋاپ، مانتىلار تارتىلدى. ئەلا پالۋان سۇمبادىن سۇمۇللارنىڭ ئەھۋالىنى، شىبەلەرنىڭ تىرىكچىلىكىنى سورىدى. ئاخىردا:
— ئامبال، سۇمۇل ئاقساقاللىرى، چېرىك باشلىرىنى چاقىرسىڭىز، — دېدى.
— خوش، ئۇلار ئىجازەت كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دەپ، سۇمبا كەينىچە مېڭىپ

چىقىپ كەتتى.

سەككىز سومۇلنىڭ ئاقساقاللىرى، چېرىك باشلىرى پالۋان ھۇزۇرىغا بىر ـ بىرلەپ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار توخۇ قانىتىنى قاققاندەك پەشلىرىنى قېقىشىپ باش ئۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى. ئەلا پالۋان قاپقارا بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

كىرگەنلەر ئۆز مەنسەپ، دەرىجىسى بويىچە ئورۇن ئېلىشتى. ئەلا پالۋان ھەممىگە بىر تەكشى قاراپ چىقتى. ئاندىن تەمكىن تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

ـ گەپ مۇنداق، ئاقساقاللار، بىزنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىلىدىكى زالىم ئەمەلدارلىرىنى يوقاتقىنىمىزنى بىلىسىلەر. بىز ئىختىلال ئوتىنى ياققاندىن تارتىپ سىلەر ئۆز ئەمگىكىڭلار بىلەن جان بېقىپ كېلىۋاتىسىلەر. بۇ ئوبدان ئىش، ئەمما سىلەر يەنىلا چىڭ خانىنىڭ چېرىكى، ئەمەلدارى سوپىتىدە چەنلىرىڭلارنى، لەشكىرى كىيىملىرىڭلارنى ۋە قوراللىرىڭلارنى تاشلىماي يۈرۈۋاتىسىلەر. سىلەر ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا ئاددىي پۇقرا بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە قوراللارنى تاپشۇرۇشۇڭلار ھاجەت. شۇ دەقىقىدىن باشلاپ سومۇللارغا بېرىپ قوراللارنى يىغىپ ئەكىلىڭلار. بېشىڭلاردىكى قالپاقنى، دومبەڭلاردىكى چەننى① تاشلاڭلار!

ئاقساقال، چېرىك باشلىرى پالۋاننىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ، مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى. ئىككى چېرىك بېشى بىر ـ بىرىگە سىرلىق قارىشىپ قويدى، يەنە ئىككىسى كۇسۇرلاشتى. ئەلا پالۋاننىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزىدىن بۇ قىلىقلار قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ بۇ قىلىقلارنى قورال تاپشۇرۇشقا قارشىلىق دەپ بىلدى ـ دە، جۇدۇنى تۇتۇپ كۆزلىرى ھەرىكەتسىز، بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرغان سولغۇن چىراي ئاقساقاللارغا:

ـ مەن سىلەرگە قورال تاپشۇرۇڭلار دەۋاتىمەن، يا بىز بىلەن قىلىچلىشىپ باققۇڭلار بارمۇ؟ ـ دېدى.

ـ يوقسۇ، يوقسۇ، بىز شۇ قورال تاپشۇرىدۇ. ـ سومبا ئورنىدىن تۇرۇپ

① چەن ـ مەنسەپ دەرىجىسى.

باش ئۇردى.

— ياخشى، قېنى، سىلەرچۇ، ئامبىلىڭلارنىڭ ئەمرىنى ئورۇندامسىلەر؟

ئىككىنچى سۇمۇلنىڭ ئاقساقىلى گوەن بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق دېدى:

— بىز شۇ، چېگرىغا يېقىن نېرۇدا، بىز چېگرىنى قوغدايدۇ. قورال تاپشۇرسا نېمىدە قوغدايدۇ؟

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ مەسخىرىلىك كۈلدى توقلەك بەگ، — سېپىل دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ قوغدامسەن؟

بەگلەر بۇ گەپتىن كۈلۈشۈپ كەتتى، چۈنكى شىبەلەر نامازدىگەر ۋاقتىدىلا سېپىل دەرۋازىسىنى ئېتىۋېتىپ ھېچكىمنى كىرگۈزمەيتتى.

گوەن ئاقساقال مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بىز خانىنىڭ: ئىلى دېگەن مۇھىم جاي، شىمالدا غۇلزۇ[1]، جەنۇبتا قاينۇق بار. چاغان ئۇسۇدىن[2] قاينۇقىچە سېپىل سوقۇش كېرەك. سېپىلدا يۈز چېرىك مۇداپىئەدە تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئارىلىقىغا مىڭ چېرىك قويۇش كېرەك، دېگەن يارلىقى بويىچە چېگرىنى قوغداپ كەلدۇق.

ئەلا پالۋان گوەنگە كۆزىنى نەشتەردەك تىكىپ، دانىمۇ دانە قىلىپ چۈشەندۈردى.

— سەن ۋە ساڭا ئوخشاشلار خانىنىڭ مۇشۇ يارلىقى بويىچە چەت ئەلنىڭ تاجاۋۇزىدىن چېگرىنى قوغداش ئۈچۈن كەلگەن. ئەمما بىز ئىختىلال ئوتىنى ياققاندا سىلەر ئىلى جياڭجۇنىنىڭ ئەمرى بويىچە بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلدىڭلار. ئىختىلال ھەيئىتى مۇنۇ توقلەك بەگ، قوغۇنچى بېگى موللا روزىلارغا لەشكەر توپلاپ، سىلەرنىڭ غۇلجىغا يۈرۈشۈڭلارنى توسۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. توقلەك بەگنى بىلىشىسەن، ئۇ بىر مىڭ ئىككى يۈز لەشكەر توپلاپ، سېنىڭ سۇمۇلىڭدىن مۇشۇ يەرگىچە خەندەك كولاپ سەنلەرنى

---

[1] غۇلزۇ — غۇلجا

[2] چاغان ئۇسۇ — ھازىرقى ئاقسۇ يېزىسى.

توستى: غالجات، شوڭقار، كەتمەن[1]، دولاتۇ، خونخاي، چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا يېزىلىرىنىڭ خەلقى سىلەرنىڭ غوجاڭىز، زورغار قاتارلىق سۇمۇللىرىڭنى قورشىۋالدى ۋە ئوبدانلا ئەدىپىڭلارنى بەردى. ئەگەر شۇنداق قىلمىسا، سىلەر چېگرىنى قوغدىماي ئىختىلال ئوتىنى ئۆچۈرەتتىڭلار. يەنە تېخى چېگرىنى قوغدايمەن دەيسىنا، تېخى!

— قورال تاپشۇرغىنىڭ ياخشى، بولمىسا، ئۆزۈڭگە ياخشى بولمايدۇ! — دېدى توقىلەك بەگ ئاگاھلاندۇرۇپ.

گوڭنىڭ ئېڭەك گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى، ئەمما لام جىم دېمىدى.

— ئەمىرشاھ! — دەپ توۋلىدى ئەلا سۇلتان.

— خوش سۇلتانىم! — ئەمىرشاھ ھازىر بولدى.

— مۇنۇ جاھىللارنى باغلاپ گوڭدىخانىغا تاشلا، ئىككىنچى سۇمۇلغا يۈرۈش قىلىپ بارلىق قوراللارنى يىغىۋال! قارشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسىنى ئال!

— خوپ! — ئەمىرشاھ نۆكەرلەرگە ئىشارە قىلدى.

ئۇلار گوڭنىڭ قولىنى باغلاپ سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى. ئاقساقال، چېرىك باشلىرى قورقىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ تاتارغان يۈزىدە تەشۋىش ئەكس ئېتەتتى، كۆزلىرىنى ئۆزمەي چىمىلدىتاتتى. سۇمبا ئۇلارغا شىبەچە بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بېشىغا دوگىلەك قالپاق، ئۈچىسىغا دوگىلەك ئاق چەنى بار چەندازا كىيگەن، چېچىنى بىر ئۆرۈم قىلىپ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدەك ساڭگىلىتىۋالغان چېرىك بېشى سۇمباغا باش ئۇرۇپ چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئاقساقال، چېرىك باشلىرى ئەلا پالۋانغا باش ئۇرۇپ قورال تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشتى.

— گەپ تامام، ئەتە قوراللارنى مۇشۇ يەردە تاپشۇرۇۋالىمىز، — ئەلا

---

① بۇ ئۈچ يېزا ئىلگىرى جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىدى. چار پادىشاھ 1871 - يىلى ئىلىنى بېسىۋالغاندا «ئىلى - روسىيە شەرتنامىسى» ئارقىلىق بۇ يېزىلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

پالۋان ئاقساقاللارغا مەقسىتىنى ئوچۇق ئېيتتى.

3

غالجات، شوڭقار، كەتمەن، جاغىستاي، قايىنوق يېزىلىرىنىڭ يۈز باشلىرى ئۇيغۇر ئاشپەزلەر تەييارلىغان تونۇر كاۋىپىنى، مانتا - پولونى ئىشتىها بىلەن يېيىشتى. تاماق يەۋېتىپ، ئەلا پالۋاننىڭ قوراللارنى ھەم بىلەن يىغىۋېلىپ ئۆزلىرىنى خاتىرجەم قىلغىنىغا تەشەككۈر ۋە مەدھىيە ئوقۇشتى، ئادىتى بويىچە قىزىق لەتىپە، چاقچاقلار قىلىشىپ كۈلۈشتى. ئەلا پالۋان بۇنداق سورۇنلاردا ئېچىلىپ - يېيىلىپ كېتەتتى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ تاماققىمۇ ئىشتىهاسى بارمىدى، ئەس - يادى سوخانىڭ رۇخساريدا قالغان، ئۇ ئايپەرى ئۇنىڭ ئىشتىهاسىنى بوغقانىدى. ئەلا پالۋان تولىمۇ روھسىز، خىيالچان ھالدا چوشكۈن ئۆيگە كىردى. يېزا باشلىرىنى يولغا سېلىپ قويۇپ كىرگەن توقمەك بەگ ئەلا پالۋانغا تەزىرىنى بۇراپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيانىڭ كۈندىلىك غوۋغالىرىدىن خالاس بولۇپ، مۇقەددەس خىياللار بىلەن بەند بولۇۋاتقاندەك ئولتۇرغىنىنى كۆردى. ئەلا پالۋاندا بۇنداق ئېغىر خىياللار كەمدىن كەم ئۇچرايتتى. ئەجەبسىنگەن توقمەك بەگ سورىماي تۇرالمىدى:

— سۇلتانىم نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىدىكىن، بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟

ئەلا پالۋان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. پالۋان بىلەن توقمەك بەگ ئۇرغۇن جەڭلەردە بىللە بولغان، سىنالغان، دىلكەش، قىزغىن دوستلاردىن ئىدى. توقمەك بەگ سالاپەت، ئەدەپ - قائىدىدىن خەۋىرى بار باسىت ئادەم ئىدى. باياتىن يۈرىكىنى كۆيدۈرگەن ئوت دەردىدە پىغان چەككەن پالۋان دىلىدىكى سىرىنى بۇ دوستى بىلەن ئورتاقلاشماقنى، قورسىقىنى بوشاتماقنى لازىم تاپتى. ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى، بۇرۇتىنى سىلىدى، ئاندىن قىسىنغان ھالدا:

— مېنى سۇمۇلنىڭ ئايى خىيالغا بەند قىلدى، — دېدى.

— بىلىمەن، بۇ ئاي ئالدىلىرىغا چىقىپ جامالىنى كۆرسەتكەنىدى، — توقلەك بەگ شۇنداق دەپ قاقاقلاپ كۈلدى.

ئەلا پالۋان سەل ئوڭايسىزلىنىپ قىزاردى. خىجالىتىنى بېسىش ئۈچۈن يېنىك يۆتىلىپ قويدى.

— تاپتىلا، — دېدى ئۇ بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، — مېنى خىيالغا سالغىنى بۇ ئاينىڭ بىزگە باقمايدىغىنى، ئۇنىڭ باقىدىغان يىگىتى بار ئىكەن ئەمەسمۇ!

توقلەك بەگ ئۇنىڭ ئالدىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى ۋە دېدى:

— ئۇنىڭ يىگىتىنىڭ دادىسىنى ياخشى بىلىمەن.

— ھە! — ئەلا پالۋاننىڭ بۇرۇتى قىمىرلاپ كەتتى. — ئۇنداقتا قىز نېمە دەپ قالار، ئۇنىڭ يىگىتى نېمە دەپ قالار؟ خەيرىيەت، بۇ ئاينىڭ رۇخسارىغا يېتەلمەيدىكەنمىز.

توقلەك بەگ ئەلا پالۋاننىڭ ئۈمىدسىزلەرچە قىلغان سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن قىلىشقا ئالدىرىدى.

— ئۇنداق ئويلىمىسىلا سۇلتان، سىلى گۆھىنى قورالنى يىغىۋېلىپ خەلقىنى ئەمىن قىلىش ئۈچۈن گۇندىخانىغا تاشلىدىلا. مۇبارەك دىللىرىغا ئاللاتائالا ئىگەم مۇشۇ ئايپەرىنى سالغانىكەن، دېمەك شەكسىز ئۇنىڭ رۇخسارىغا ئېرىشىدىلا. سۇمبامۇ سىلىدەك بىر باھادىر سۇلتاندىن قىزنىنى ئايىماس. ھازىرلا سۇمبانىڭ بوسۇغىسىنى تېشىپ، ئامال بار قىزنىڭ دىلىدىكىنى بىلەي.

— بۇ ئىش چىرايلىقچە روياپقا چىقسا سىلىدىن تاغدەك مىننەتدار بولاتتىم.

— مەن سىلىنىڭ بۇ ئايغا قادالغان ئوتتەك كۆزلىرىنى كۆردۈم ۋە بىر ساۋابلىق ئىش قىلىشقا بەل باغلىدىم.

## 4

سۇخا ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى ۋە باھادىرىنىڭ يۈرىكىنى قانداق

دەردكە مۇپتىلا قىلغىنىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭ نۇرانە كۆزلىرىنىڭ ئۆزگە يېۋەتكۈدەك تىكىلگىنىدىن قانداقتۇر بىر غەلىتىلىك ھېس قىلغان، ئاتىسىنىڭ ماختاشلىرى، پالۋاننىڭ كېلىشكەن قامىتى ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت يېقىپ، گۈەنىنىڭ ئوغلى سالغان قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭدا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قامەت ئىگىسىگە قىزىلگۈلدەك جىلۋە بىلەن كۈلۈپ بېقىپ، نازۇ كەرەشمە قىلغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالغانىدى. ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئورنىدا ياتقىنىدىلا بۇ قىلىقىدىن ئۇيىلىپ بېشىنى يوتقىنى بىلەن يۆركىۋالدى. ئەمما. يوتقان ئىچىگە نۇرانە كۆزلەر بىرگە كىردى ۋە ئۆزگە يەنىلا ئوتلۇق نەزەر تاشلىدى. سوخا ئەمدى ئىزا تارتىشنى قويۇپ، بۇ قارا كۆزلەرگە، كەڭ يەلكىگە، قاپقارا شاپ بۇرۇتقا، كەڭ پېشانىگە قىزىقىش بىلەن قارىدى. ركېلىشكەن زەبەردەست يىگىت ئىكەن. ئاشۇنداق قۇۋۋەتلىك قامەتكە ئىگە اتۇر يىگىتكە ئىگە بولغان قىز ھەقىقىي بەختىيار قىز بولالايدۇ. گۈەن ۇڭغا ئوخشاش غاز بويۇن، ياغاچتەك قاخشال نېمىگە تەگكەندىن كۆرە مانا مۇشۇنداق قامەتلىك يىگىتكە تەگكەن ياخشى» دېگەن خىيال ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمىدى. قەيسەر، باتۇر يىگىتلەرنى سۆيۈش سوخادىكى تەبىئىي مىجەز ئىدى. ئۇ ئاشۇ تاتلىق خىياللار بىلەن تۇن يېرىمىغا تاك - تاك ئورۇلغاندىلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈش كۆردى:

پالۋان بىلەن سوخا يانمۇيان كېتىپ بارىدۇ. سوخا ئۆزىنىڭ نازۇك قولىنى پالۋاننىڭ كەڭ ئالىقىنىدا سېزىدۇ. پالۋاننىڭ گەپلىرى شۇنداق قىزغىن، يالقۇنلۇق ۋە سەمىمىي. ئۇ سوخاغا قەلبىنى ئىزھار قىلىۋاتىدۇ، سوخانى ئايپەرى دەپ ئاتاۋاتىدۇ. پاھ، نېمىدىگەن يېقىملىق، سازگەپلەر-ھە! سوخانىڭ كۆزىگە باغنىڭ دەرەخلىرى ئاسمانغا تاقاشقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇلبۇل، كاككۇكلار گۈل - چىمەنلەر ئارا پەرۋاز قىلىپ يۈرىدۇ. بەس - بەستە سايرايدۇ. جەننەت كەبى گۈزەل باغدا ئۇلار ئاستا سەيلە قىلىشىپ يۈرىدۇ. سوخا بۇنداق گۈزەل باغنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان. سوخا پالۋاننىڭ ئۆزگە باققان نۇرلۇق كۆزلىرىدىن پارلىغان سۆيگۈنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېقىملىق، مۇھەببەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يايرايدۇ. ئۇ پالۋاننىڭ سۆيگۈ ئىزھارىغا

جاۋاب بەرمەك بولىدۇ. بىراق ئاۋازى چىقمايدۇ. ئۇشتۇمتۇت، بىر قارا قويۇن چىقىپ باغنى قاراڭغۇلۇق باستى. قارا قويۇن سوخانى ئۇچۇرۇپ ئەكېتىدۇ. سوخا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايدۇ: «پالۋانىم، مېنى قۇتقۇزۇڭ! مېنى قۇتقۇزۇڭ!» ئۇ پەقەت پالۋاننىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىنىلا كۆرەلەيدۇ. بۇ ئوتلۇق كۆزلەر كۈچلۈك نۇر پەيدا قىلىپ قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدۇ. سوخا بۇ نۇرغا قولىنى سوزۇپ ۋارقىرايدۇ: پالۋانىم ... مېنى...

— سوخا، قىزىم سوخا نېمە بولدۇڭ، كۆزۈڭنى ئاچ!

سوخانىڭ ئاپىسى سوخانىڭ قوللىرىنى سوزۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ غوڭشۇۋاتقىنىنى، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگىنىنى كۆرۈپ ئۇنى ئويغىتىشقا باشلىدى. سوخا كۆزىنى يېرىپ ئاچتى. ئۇششاق كۆزلۈك پەنجىرىدىن تاڭ قوياشىنىڭ نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. سوخا بىر هازا مۆگدەپ ياتتى.

— قىزىم، نېمە بولدۇڭ، بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىدىڭغۇ؟ قارا باستىمۇ — يا!

سوخا ئاپىسىنىڭ «پالۋانىم» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىمىغىنىدىن خاتىرجەم بولۇپ:

— هەئە، قارا بېسىپ قاپتۇ! — دەپلا قويدى.

— تۇرغىن قىزىم، كۈن چىقىپ كەتتى، چېيىڭنى ئىچ.

ئانا شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى. سوخا چۈشىنىڭ دەسلەپكى لەززىتىنى ئويلاپ بىردەم ياتتى. قارا قويۇن كۆز ئالدىغا كەلگەندە قورقۇپ كەتتى ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇ مۆزدەك سۇدا راسا يۇيۇنغاندىن كېيىنلا يېنىكلەپ قالدى. ئۇ چېيىنى ئىچىپ بولۇپ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، ئايشەم ئانا توقلەك بەگنى باشلاپ كىردى. سوخا ئىككى تىزىنى پۈكۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. توقلەك بەگ بىزنىڭ سۇلتانىمىزغا لايىقمۇ - يوق، دېگەندەك قىزنىڭ هۆسن - جامالىغا قارىدى هەم «سۇلتاننىڭ ئاشىق بولغىچىلىكى بار ئىكەن» دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇ قىزنى گەپكە سالغۇسى كېلىپ سورىدى:

— دادىڭىز بىر ياققا كەتكەنمىدى؟

سوخا يەرگە قارىغان هالدا ساپ ئۇيغۇر تىلىدا:

— ۋاي تاگەي، — دەپ جاۋاب بەردى.
— پاھ، ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىكەنسىزغۇ؟
— قوشنىلىرىمىز ئۇيغۇر بولغاندىكىن.
— ئايشەم ھەدە قوشنىڭىزمۇ؟
— ئۇز ئانامدەك بولۇپ كەتكەن.
— گۇلسۇم ئىككىڭلار دوست ئىكەنسىلەردە؟
— ئۇنى قانداق بىلىدىلا؟
— تونۇگۇن تونۇشۇپ قالغان.

شۇ پەيتتە سۇمبا ئۆيگە كىردى. ئۇ ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. سوخا يېنىنىڭ قەدەم بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— سۇمبا ئاغا، — دەپ گەپ باشلىدى توقىلەك بەگ، — سىز قورال تاپشۇرۇشتا نەمۇنە بولدىڭىز، بۇ ئىشىڭىزدىن سۇلتان خۇرسەن، سىزنى يۈنكول شىبە سۇمۇللىرىنىڭ بەگلىكىگە كۆتۈرۈشنى ئويلىشىۋاتىدۇ.

— باش ئۈستىگە! سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي. مەن سىز ئۇيغۇرلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشنى خالايدۇ، — دېدى سۇمبا خۇشاللىق بىلەن.

— بىزمۇ شىبە خەلقى بىلەن ئىناق، دوستانە ئۆتۈشنى خالايمىز. بۇ جەھەتتە سىز بىلەن سۇلتانىمىز ئىشنى باشلاپ بەردىڭلار.

توقىلەك بەگنىڭ گېپىنى پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن سوخا بۆلۈۋەتتى. توقىلەك بەگ چاينى ئىلىۋېتىپ:

— قىزىڭىز ئۇيغۇر تىلىنى سۇدەك بىلىدىكەن، — دېدى.

مېنىڭدىنمۇ ياخشى بىلىدۇ. ھويلامدا بىر ئۇيغۇر ئائىلە بار. شۇڭا سوخانىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلىدا چىقتى. ئۇ ئايشەم بىلەن گۇلسۇمدىن تارانچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى، ئۇسۇللىرىنى، يېزىقىنى ئۆگىنىۋالدى. بىز مۇشۇنداق تۇغقاندەك ئۆتىمىز.

— قالتىس ئىكەنسىلەر. سىز قورال تاپشۇرۇشتىلا نەمۇنە بولماي، ئۇيغۇر ـ شىبەنىڭ ئىناق ئۆتىشىدىمۇ نەمۇنە ئىكەنسىز. ئەمدى بۇ ئىناقلىقنى تۇغقانچىلىققا ئايلاندۇرساق مەڭگۇ ئىناق ئۆتىمىزكەن.

توقملەك بەگ گېپنى ئەسلى مەقسەتكە بۇرىدى. سۇمبا بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەي بەگكە قارىدى. توقملەك بەگ مەقسىتىنى ئوچۇق ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى:

— ئوبۇل ئەلاخان سۇلتان سىزگە كۈيئوغۇل بولسام دەيدۇ!

— ھە! — سۇمبا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

كاڭدا جورىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان توقملەك بەگ ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە سەپسالدى. سۇمبا ئۆينىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە ماڭدى، بەللىرى پۈكۈلدى. تۈرۈلگەن قوشۇمىسىدىن قاتتىق ئويلىنىۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىزىل مەڭزىدە قان دىدارى قالمىغانىدى. توقملەك بەگ ئۇنىڭ ھالىغا بېقىپ:

— ئاقساقال، سۇلتانىمىز سۇخانىڭ ئەدەپلىك، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بىلەن ئۆرپ - ئادىتىگە پىششىقلىقىنى بىلىپ، قىزىڭىزنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. بۇ سىزنىڭ ۋە قىزىڭىزنىڭ بېشىغا قونغان بەخت قۇشى. ئالتۇن تاج. مېنىڭچە، بۇ ئىككىسى تويى قىلسا ئىككى مىللەتنىڭ دوستلۇقى مەڭگۈلۈككە ئايلىنار ئىدى، — دېدى.

سۇمبا بىردىن توقملەك بەگكە يۈزلىنىپ تىزلاندى ۋە يالۋۇردى:

— بەگ، سىز بىلەن مەن كونا تونۇش، مەن سۇلتان بىلەن تەڭ كېلەلمەيمەن. سۇلتاندىن يالغۇز قىزىمنى تىلىۋالاي، سۇخانىڭ بېشى باغلاقلىق!

توقملەك بەگ كاڭدىن چۈشۈپ سۇمبانى يۆلىدى. ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ كاڭدا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن سالماق، يۇمشاق ئاھاڭدا شۇنداق دېدى:

— ئاقساقال، قىزىڭىزنىڭ بېشىنىڭ باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئەمما گۇەن گۇندىخانىدا. ئۇ ئىلى سۇلتانلىقى بىلەن قارشىلاشتى. ئەلا پالۋاننىڭ تەڭداشسىز باھادىر ۋە ئەقىل ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، شۇ كەمگىچە ئەل ئىشىنى دەپ ئۆيلەنمىگىنىنى بىلىسىز. ئۇ قىزىڭىزنى زورلۇق بىلەن ئېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇ سۇخانىڭ، سىزنىڭ رازىلىقىڭىزنى ئېلىشنى ماڭا تاپشۇردى.

بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۈندىمەي ئولتۇرغان سۇمبا توقملەك بەگنىڭ

سۆزى تۈگىشىگە بوش ئاۋازدا:

— گۆھەرنىڭ ئوغلى قارشىلىشىدۇ، — دېدى.

— ئۇنىڭغا قىز كەممىدى، پۈتكۈل سۇمۇلدىن بىرەر گۈزەلنى تاللىۋال دېمەمسىز...

ئۆيگە ئىتتىك كىرىپ كەلگەن چاپارمەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— بېگىم، سۇلتان سىزنى سۇمبا ئامبالنى ئېلىپ كەلسۇن، دەيدۇ.

5

چېكىسىگە پەرەڭ ياغلىقىنى چىگىۋالغان، ئۇزۇن چەت كۆڭلىكى ئۈستىگە تار پەنجەك كىيىۋالغان، بوغداي ئۆڭلۈك، قاراقاش، قاراكۆزلۈك، زىلۋا بويلۇق بىر قىز سۇخانىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. سۇخا ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە:

— ۋاي گۈلسۇم، ئەجەب ۋاقتىدا كىردىڭ، — دەپ قىزنى قۇچاقلىدى، قولىدىن تۇتۇپ كاڭغا تارتتى.

گۈلسۇم كاڭنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇۋېتىپ چاقچاق قىلدى:

— پاھ، قىزىلگۈلدەك رەڭلىنىپ كېتىپسەنغۇ، ئەلا پالۋان يېقىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— ياق ـ ياق، ئۇنداق سەت گەپنى قىلمىغىنا!

— راستىڭنى ئېيت، قانداق يىگىت ئىكەن؟

— ئالامەت كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا يېۋەتكۇدەك قاراپ كەتتى. ئۇيالغىنىمدىن يەرگە كىرگۈدەك بولدۇم، ھەتتا تېخى «تولۇنئايدەك گۈزەل ئىكەن» دېمەسمۇ. ئوت بولۇپ ياندىم.

— سەنمۇ ھەقىقەتەن تولۇنئاي، سېنىڭدەك قۇندۇز چېچىم، سۈتتەك ئاق بەدىنىم، گۈزەل رۇخسارىم بولغان بولسا مەن ئۇنىڭ مەلىكىسى بولغان بولاتتىم.

— ئاشىق بولۇپ قاپتىمەن!

— ياق ئاشىق بولۇپ قالمىدىم، بەلكى تولۇق سۈرەتلەپ بېرەلمىدىم.

رەسىمچى بولسام سېنىڭ مۇشۇ ھۆسن جامالىڭنىڭ مىڭدىن بىرىنىلا سىزالىشىم مۇمكىن. ئەمما شۇ ئايتا چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىڭدىكى نۇرلارنى سىزالمىغان بولاتتىم.

— پاھ، پاھ، — دەپ سۇخا ۋىلىقلاپ كۈلدى، — گەپتانلىقىڭ تۇتۇپ كەتتىمۇ ـ نېمە؟ ئاشۇ سۇلتانىڭلار ھەققىدىلا گەپ قىلساڭچۇ.

— ئىككىڭلار ھەققىدە «ئاشىق ـ مەشۇقلار» دېگەن داستان توقۇيمەن، بولامدۇ؟ بايا ئاپامدىن «توقىلەك بەگ ئەلچى بولۇپ كەپتۇ، ئەلا سۇلتان سۇخانى ئالىمەن دەپتۇ» دېۋىدى، ئىشىمنى تاشلاپلا ئالدىڭغا يۈگۈردۈم.

— ئۇ كىشىنى ئىنىكئانام باشلاپ كىرىۋىدى.

— ئاپام «سۇخا گۆەنىڭ بالىسىنى ياقتۇرمايدۇ» دەپتۇ.

— راست گەپنى قىپتۇ، ئۇنىڭغا تەگكۈچە ئۆزۈمنى ئىلى دەرياسىغا تاشلىۋالىمەن!

— ئەمىسە ئەلا سۇلتاننى ياقتۇرۇپ قاپسەن ـ دە؟

سۇخانىڭ يۈزى ھۆپپىدە ئوت ئېلىپ پەرەڭدەك قىزاردى. ئۇ تىرنىقىنى ئاتلىغان ھالدا:

— سېنىڭچە قانداق قىلسام بولار، ئۇغۇ كېلىشكەن يىگىت ئىكەن.

— مېنىڭچە ئۇنىڭغا تەگكىن، بۇنداق يىگىتنى پۈتكۈل ئالەمدىن تاپقىلى بولمايدۇ. سۇلتاننىڭ مەلىكىسى بولساڭ نام قازىنىسەن، مەن ساڭا سۆزلەپ بەرگەن شاھروھنىڭ مەلىكىسى بولىسەن!

— دادام، ئاپام نېمە دەر؟

— ئاپاڭ ماقۇل بولۇپ، قىزىمنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قوندى، دەپتۇ.

— راستمۇ؟

— مەن ساڭا قاچان يالغان ئېيتقان. ئەلا پالۋانغا تەگسەڭ خىلى - خىلىغا، گۈلى ـ گۈلىگە كەلگەن جۈپلەردىن بولىسىلەر، مەن سېنىڭ كېنىزىكىڭ بولىمەن، بىرلىكتە دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىمىز.

— ئۇ چاغدا مەن ساڭا پالۋاننىڭ كېلىشكەن نۆكەرلىرىدىن بىرنى تېپىپ بېرىمەن.

قىزلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى، قايسى قىزدا نازۇك روھىي ھېسسىيات

بولمىسۇن؟ ئۇلار كېلىشكەن يىگىتنىڭ جۈپتى بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇلار سىرلىرىنى تۆكۈشۈپ دىلكەشلىك بىلەن مۇڭدىشىشقا باشلىدى...

## 6

توقلەك بەگ بىلەن سۇمبا ئەلا سۇلتاننىڭ چۈشكەن ئۆيىگە كەلگەندە، ئەلا پالۋاننىڭ قاپىقىدىن قار يېغىپ ئولتۇراتتى. سۇمبا جېسەكچىلەرنىڭ سەپراس تۇرغىنىنى كۆرۈپ، بىرەر ھادىسە بولغىنىنى تۇيدى.

— ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئەلا پالۋان، — گۇەن ئاقسالنىڭ بالىسى گۇەن تولۇق قورال تاپشۇرۇشقا قارشى چىقىپتۇ. سېپىل داۋازىسىنى تاقاپ ەمىرشاھنى كىرگۈزمەپتۇ. ئۇ: «ئۇيغۇرلار بىزدىن قورالنى تارتىۋېلىپ ىزلارنى بولىماقچى، نومۇسىغا تەگمەكچى» دەپ چېرىكلەرنى قوزغىتىپتۇ، ۆق ئېتىپ لەشكەرلىرىمىزدىن ئون نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئەلا پالۋاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، توقلەك بەگ ئورنىدىن دەس تۇردى.

— ماڭا ئىجازەت بەرگەيلا، غالجاتتىكى لەشكەرلىرىمنى ئەكېلىپ، ئىككىنچى سۇمۇلنىڭ توپىسىنى كۆككە سورۇۋېتەي!

— ئېغىرلىق راخمانلىق، — دېدى ئەلا پالۋان ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، — بىز يەنىلا شىبە خەلقى بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. ئەلەم بىلەن ئىش كۆرۈش ئاسان، مېنىڭ ئاتلىق لەشكىرىملا ئۇلارغا يېتىيالايدۇ، لېكىن يەنىلا سۇمبا ئامبالنىڭ گۇەنگە نەسىھەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

توقلەك بەگنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىش تەلىپىنى ئاڭلاپ سۇمبانىڭ پۇت ـ قولى تىترەپ كەتكەنىدى. ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئىككىنچى سۇمۇللا ئەمەس، بارلىق سۇمۇللار تۇپتۇز بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ئەلا پالۋاننىڭ سالماق ۋە ئاقىلانىلىكىگە قول قويدى ۋە يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى. ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەلا پالۋانغا باش ئۇرۇپ ئىلتىجا قىلدى:

— جانابىي سۇلتاننىڭ ئاقىلانە تەدبىرى تولىمۇ دانادۇر، پېقىر گۇەنگە

نەسىھەت قىلاي!

— بۇنىڭدىن كېيىن ئالدىمدا باش قويۇشنى تاشلاڭ. گۇەنىنىڭ ئالدىغا ھازىرلا كىرىڭ. ئۇ قورال تاپشۇرۇشقا قوشۇلسا يەنىلا ئىككىنچى سومۇلنىڭ ئاقساقىلى بولىدۇ. قارشىلىق قىلسا ئوغلى ئىككىسى قەتل قىلىنىدۇ، مال مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ!

سومبا ئەلا پالۋاننىڭ پەرمانىنى ئېلىپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

— توقىلەك بەگ ئاغا، چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئاققۇزا مىراپنى بەش يۈز ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئىككىنچى سومۇلغا كەلسۇن، دېدىم.

— سىلىنىڭ بۇنداق ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقلىرىنى ئويلىماپتىمەن.

— خوش، سومبا قىزنى بېرىشكە ماقۇل بولىدىمۇ؟

— دېلىغۇل بولۇپ تۇرىدۇ، گۇەن بىلەن قۇدىلىشىپ قويغان، دەپ يېلىندى، مەن نەسىھەت قىلغۇدىم سەل بوشاشتى. ئاڭغىچە چاپارمەن بىزنى ھۇزۇرلىرىغا چاقىرتتى.

ئەلا پالۋاننىڭ ئەس - يادى سوخادا ئىدى. ئۇنىڭ قولغا كېلىشى تەس بولغانسېرى ئاپپەرىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى شۇنچە ئېشىۋاتاتتى. توقىلەك بەگ ئۇنىڭ دىلىدىكىنى تېپىپ دېدى:

— خاتىرجەم بولغايلا سۇلتان، سوخا ئەمىرلىرىگە ئۇنىدۇ. ئەتىگەن ئۇنىڭ ئىنىكئانىسى ۋە ئۆزى بىلەن سۆزلەشتىم. سوخانىڭ ئىنىكئانىسى ئايشەمخان دېگەن ئۇيغۇر ئايال ئىكەن، سوخانى ئېمىتىپ چوڭ قىپتىكەن. شۇڭا سوخا ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىكەن. ئايشەمخان، سوخا ماڭا بىر نەچچە قېتىم، مەن گۇەن توڭنى ياقتۇرمايمەن، مېنى ئۇنىڭغا زورلاپ بەرسە ئۆزەمنى ئۆلتۈرىۋالىمەن، دېگەن، دېدى.

— جىگەرلىك قىز ئوخشىمامدۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ يىگىتىنى ياقتۇرمىسا پېقىرنى ياقتۇرارمۇ؟

— خاتىرجەم بولغايلا. ئايشەمخان ئاپپەرىنىڭ دىلىدىكىنى قىزى گۈلسۇمنى كىرگۈزۈپ بىلمەكچى.

— سىلى مېنى بىر غەمدىن خالاس قىلدىلا. مەنغۇ بىر نائۇۋان

يىگىت. ئەمما كۆڭۈل دېگەن تولىمۇ يوگۈرۈك نېمىكەن. شۇ كەمگىچە گۈزەل ئاغىچامنى ئۇنتۇماي، ئۇ دۇنيادا مۇرادىمغا يېتەرمەن، دەپ ئەھدۇ پەيمان ئەيلىگەنىدىم. ئەمما، ئۇ گۈزەلنىم بۇ يەردە تىرىك پەيدا بولدى. بۇ ئاپپەرى گۈزەل ئاغىچامغىلا ئوخشايدىكەن. ئەمما، ئۇ ماقۇل كۆرەرمۇ؟ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشىمگە جاالىدىن قازىلار قوشۇلارمۇ؟

پالۋاننىڭ غەم - ئەندىشىدىن ساقىت بولالمىغىنىنى چۈشەنگەن توقىلەك بەگ ئىشىنەرلىك قىلىپ شۇنداق دېدى:

— سۇلتانىمىز خاتىرجەم بولغايكى، سۆيگۇ - مۇھەببەت مىللەت، دىنغا باقمايدۇ. ئۇ قىز چوقۇم سىلىدەك باھادىر پالۋاننى خالايدۇ. ئۇلۇغ ھاپىزىمىز مەشرەپكە جوڭغار خانى خۇنتەيجىنىڭ قىزى ئاشىقى بىقارار بولغان ئەمەسمىدى؟ سۇخا ئىمان ئېيتىدۇ، ئىسمىنىمۇ ئاي يۈزلۈك بولغاچ ئايىم قويىمىز. ئۇنىڭ سىلىگە مېھرىبان ئاغىچا بولىدىغىنىغا ئىشەنچىم كامىل. جاالىدىنلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئىشى ئوڭاي، ئۇلار يۇرتنى شەرىئەت يولى بىلەن باشقۇرۇپ بىزنى بوزەك ئەتكىنى بىلەن پازىل ئۇستازلىرى شەمسىدىن خەلپەم، ئىلىم ھېكمەتلىك ۋە ھىممەتلىك موللا سالىش ئىماملار جاالىدىنلارغا تېتىيالايدۇ. سىلىنى موللا شاۋكەت ئاخۇن ئەمىرلىكتىن ئېلىپ تاشلىغاندا موللا سالىش ئىمام باشلىق سەركەردە - لەشكەرلەر شاۋكەتنى ئاغدۇرۇپ سىلىنى سۇلتانلىققا ئولتۇرغۇزغىنى ئۇزلىرىگە ئايانغۇ!

ئەلا پالۋان مۇرسىدىنى تاغدەك بېسىپ تۇرغان چېگىش خىيال ۋە ئەندىشىلەردىن خالاس بولۇپ، مۇسۇلمانچىلىققا مۇخالىپ ئىش قىلىشتىن ساقلانغاندەك يېنىكلەپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پاك قەلبىنىڭ داغلانماي پاك بويىچە قېلىشىنى خالايتتى. ئۇ دوستىنىڭ ئۆزىگە خالىس نىيىتى بىلەن ياردەم قىلىدىغىنىنى بىلەتتى، شۇڭا تەقدىرگە شۈكۈر ئېيتىپ ئورنىغا كىردى. ئەمما، خىلىغىچە سۇخانىڭ ئايجامالى كۆز ئالدىدىن كەتمىدى، ئىختىيارسىز لۇتفىنىڭ «ئەي پەرى رۇخسارىلار بىزگە نىگاھ تاشلاپ ئۆتۈڭ، بىر نەزەر بىرلە گادانى پادشاھ ئەيلەپ ئۆتۈڭ.» دېگەن نەزمىسى ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆكسىدىن ئېتىلىپ چىقتى.

# 7

— جانابىي سۇلتان، — دېدى سۇمبا ھەسرەتلىنىپ، — گۇيا دېگەن نېمە شۇنداق جاھىلكەنكى، مېنىڭ نەسىھەتىمگە تاشمۇ ئېرىپ كېتەر ئىدى، ئىككى كۈن ئۇدا نەسىھەت قىلدىم...

— شۇنداق، شۇنداق! — ئۇنىڭ سۆزىنى توقىلىپ بەگمۇ ئەستىقلاپ بېشىنى ئېغىتتى.

ئەلا پالۋان ئويلىنىپ قالدى، ئەلەم بىلەن ئىش كۆرمەي دېسە سۇخا كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئۇ: «ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈڭ، بولمىسا خەلقىمگە تەگمەڭ، مەن خەلقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، مەڭگۈ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولاي» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەلا پالۋان مۇشۇنداق ھېسسىيات ئىچىدە، ئۆلتۈرغاندا ئەمىر شاھ كىرىپ كەلدى. ئەلا پالۋان ئەمىر شاھتىن سورىدى:

— خوش، نېمە گەپ؟

ئەمىرشاھ سۇمباغا قاراپ قويدى. ئەلا پالۋان ئۇنىڭ سۇمبا ئالدىدا مەلۇمات بەرگۈسى كەلمەيۋاتقىنىنى سېزىپ ئەمىر قىلدى:

— سۆزلەۋەر.

ئەمىر شاھ ئەھۋالنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك سۇلتان، ئاققوزا مىراپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەلگەندىن كېيىن بىز گۇيا توغۇغا قورال تاپشۇرۇشقا ئەمىر قىلدۇق، ئەمما ئۇ بىزگە ئوق چىقاردى. پەند - نەسىھەت، ئاگاھ بېرىشىمىز كار قىلمىغاچ ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. جەڭ راسا قىزىۋاتقاندا ئىككىنچى سۇمۇلنىڭ چېرىك باشلىقى تاۋىيەن ئاق بايراق چىقىرىپ سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلدى. سېپىل ئىچىگە كىردۇق. بارلىق قوراللار، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ كىيىملىرى، چەنلىرىنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇپتۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزغا تاۋيەن كېلىپ باش ئۇردى ۋە سۇلتانىمىزنى ھىمايە قىلىدىغىنىنى ئىزھار قىلدى.

— گۆەن تۇگچۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلا پالۋان.

— ئۇ بىزنىڭ كۆچمىزدىن قورقۇپ، بىر قىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ سىپىلنىڭ ئارقىسىدىن ئارغامچىغا ئېسىلىپ چۈشۈپ قېچىپتۇ. كەينىدىن بىر ئونلۇق لەشكەر ئەۋەتكەنىدىم. ئۇلار «گۆەن تۇڭ روسىيىگە ئۆتۈپ كەتتى» دېيىشتى.

بۇ خەۋەر ئەلا پالۋاننى ھەم خۇشال قىلدى، ھەم ئويغا سالدى. ئۇ ئەمىر قىلدى:

— سەن ھازىرلا قايتقىن، بىرىپ ئېيتقىنكى، تاۋ يۈەن گۆەننىڭ ئورنىغا ئىككىنچى سومۇل بېگى بولىدۇ. ئاققوزا مىراپ لەشكەرنى ئېلىپ قايتسۇن! سەنمۇ تاپشۇرۇلغان قورالالارنى ئېلىپ يېنىپ كەل. تاۋ يۈەنگە بىر ئونلۇق لەشكەرگە يەتكۈدەك قورال تاشلاپ كەل!

— باش ئۈستىگە! — ئەمىر شاھ چىقىپ كەتتى.

ماقۇللىشىپ قويغان كۆيئوغۇلنىڭ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكىنىنى ئاڭلاپلا سومبانىڭ كاللىسىغا: «سوخانى سۇلتانغا بېرىش ئەڭ ئاقىلانە ئىش. گۆەننىڭ ھالىغا قالغۇچە سۇلتاننىڭ قېيناتىسى ۋە بەگ بولغان ئەلا» دېگەن ئويغا كەلدى.

## 8

سوخانىڭ ئانىسى تومبا كېلىشكەن. ئاپئاق ئايال ئىدى، ئۇيغۇرلار بىلەن ئىجىل - ئىناق ئۆتەتتى. ئۇ ئەلا پالۋان ئەلچى كىرگۈزگەندىن بېرى بەكمۇ خۇشخۇيلىشىپ كەتتى. تومبا بوگۇن سومبانىڭ مەقسىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن سوخانى چاقىردى. ئۇ كاڭنىڭ لېۋىدە، ئولتۇرۇپ يالغۇز قىزىغا تويماي قاراشقا باشلىدى، قىزىغا مەستلىكى كېلىپ مىيىقىدا كۈلدى. سوخا ئەجەبسىنىپ:

— ئانا، تولىمۇ خۇشالغۇ سەن؟ — دەپ سورىدى.

— پېشانەڭگە بەخت قۇشى قونغىنىغا خۇشالمەن.

— بەخت قۇشى؟ ئۇ قەيەرگە قوندى؟

— سېنىڭ بېشىڭغا!
سوخا بېشىنى سىلىدى ۋە تەئەججۇپلىنىپ ئانىسىغا قارىدى:
— قۇش يوققۇ؟
ئانا پاراققىدە كۈلۈۋەتتى ــ دە، چۈشەندۈردى:
— قۇش بالىسى چوڭ بولسا ئۇۋىسىدىن ئۇچۇرما بولىدۇ. سەن بىزنىڭ بىرتال قۇشىمىز ئىدىڭ، ئەمدى سەن ئۇچىدىغان بولدۇڭ.
— قانىتىم بولمىسا قانداق ئۇچىمەن؟
— ساڭا سۇلتان ئۇردىسى قانات ئاتا قىلىدىغان ئوخشايدۇ.
— سۇلتان ئۇردىسى؟ ئۇ يەردە نېمە بار؟
— كېلىشكەن بىر پالۋان بار.
گۈلسۇم بىلەن سىرداشقاندىن بېرى كۆز ئالدىدىن كەتمەس بولغان ئەلا پالۋاننىڭ سىيماسى قىزنىڭ ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى. شۇندىمۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن بولۇپ سورىدى:
— پالۋان بولسا مېنىڭ نېمە كارىم.
— ئەلا پالۋان سېنى ئۆز ئەمرىگە ئالىدىغان بولدى.
— ھە؟ — قىزنىڭ يۈرىكى سېلىپ، يۈزى لالىدەك قىزاردى، ئىككى مەڭزى ئانەش بولۇپ ياندى.
— قىزىم، سەن تولۇق گۆھەرنى ياراتمىدىڭ. ئەلا پالۋان سېنىڭ راسا لايىقىڭ ئىكەن. ئايشەم ئۇنى مەلۇماتلىق، ئەدەپ ــ قائىدىلىك يىگىت دەيدۇ. ئاتاڭ: «سوخانى پالۋانغا ياتلىق قىلىش راسا ئەۋزەل تەدبىر» دېدى. ئۇ سېنى تويغا تەييارلىق قىلسۇن، دەيدۇ.
قىز بالىدا پەردىشەپ، نومۇس بولىدۇ. شۇنىڭدەك نازۇ بولىدۇ. ئۇ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ماقۇل جاۋابىدىن خۇشال بولۇپ قىزغىن ھېسسىياتقا كەلگەن بولسىمۇ، ئانىسىغا ئەركىلىدى:
— ئۇنداق ئۇيغۇرغا تەگمەيمەن!
— ئۇنداق دېمە قىزىم. ئۇيغۇرلار زېرەك، پاراسەتلىك، كەڭ قورساق، بانۇر خەلق، ئەلا پالۋان ئاشۇلارنىڭ پەرزەنتى ۋە سۇلتانى، ئۇنىڭ ئالدىدا تولۇق گۆھەن دېگەن نېمە!

قىز ئانىنىڭ گەپلىرىنى ھوزۇرلىنىپ ئاڭلىدى ۋە ئانىسىغا: «ئۇ ۋاپادار بولسا مەن ئۇنىڭغا مەڭگۈ باش ئېگىمەن» دەپ جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى، ئەمما ئىزا تارتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

## 9

ئەلا پالۋاننىڭ چوڭ بېغى. دەرۋازىدىن كىرىپ ئوڭغا بۇرۇلغان سالىش ئىمام نۇردۇننىڭ باشلىشى بىلەن ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيگە كىردى. ئۆيدە لىق ئادەم ئولتۇراتتى. پەگادا ئولتۇرۇپ ساھىبخانىلىق قىلىۋاتقان شەمسىدىن خەلپەم ئورنىدىن تۇرۇپ سالىش ئىمام بىلەن ئىككى قوللاپ ئامانلاشتى. ئۆيدە ئولتۇرغانلار دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىمامنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

— كېيىن كەلگەن تۆرگە چىقار دېگەندەك، قېنى تەقسىر، تۆرگە ئۆتسىلە، — دېدى شەمسىدىن خەلپەم چېقىشىپ.

— ئۆينىڭ تۆرگە سىلى چىقماي مەن چىقسام ھۆرمەتسىزلىك بولار، — دەپ چاقچاق قىلدى سالىش ئىماممۇ بوش كەلمەي. — ئىككىمىز بىرگە چىقىلى.

سالىش ئىمامنىڭ زورى بىلەن شەمسىدىن خەلپەم تۆردىن ئورۇن ئالدى.

سالىش ئىمام دۇئاغا قول كۆتۈردى، ئاندىن خەلپەمدىن سورىدى:

— جانابىي قازىكالان كەلمەيتۇغۇ!

— قازىكالان ئەلا پالۋاننىڭ شىبە قىزىنى نىكاھىغا ئېلىشىغا قوشۇلمىدى. كەلمىگىنىنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك. — دەپ جاۋاب بەردى خەلپەم.

قولغا سۇ ئېلىنىپ داستىخان سېلىندى. تائامدىن كېيىن شەمسىدىن خەلپەم:

— كېلىن ئاغىچىنى ئەكىرىڭلار، — دېدى.

پەرەنجە ئارتقان گۈلسۇم ئاپئاق بۆرنۇم ياغلىققا پۈركەنگەن سۇخانى ئۆيگە ئەكىردى. ياغلىق ئۇنىڭ جامالىغا پەردە بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئىككى

ئالىقىنىنى مەيدىسىگە قويۇپ سەل ئېگىلىپ سالام بەردى. ئاندىن شەمسىدىن خەلپەمنىڭ ئىجازىتى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇردى.

شەمسىدىن خەلپەم ئەلا پالۋاننىڭ ئاتىسى ئورنىدا سوخاغا چۈشەندۈرۈش بېرىشكە كىرىشتى:

— قىزىم، نىكاھ غايىب دېگەندەك، مەشھۇر پالۋانىمىز ئەلا پالۋان بىلەن سىزنىڭ نىكاھىڭىز ئالدىدىن سىزنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىڭىز بەرھەق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىمان ئېيتىشىڭىز كېرەك.

سوخا يۇمشاق، سەل تىترىگەن ئاھاڭدا جاۋاب بەردى:

— ئىمان ئېيتىشقا تەييارمەن!

— بارىكاللا قىزىم، مەن ئوقۇي، سىز تەكرارلاڭ. — سالىش ئىمام ئايەتنى ئۈنلۈك، دانىمۇ دانە ئوقۇشقا باشلىدى:

— لائىلاھە ئىللاللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا!

سوخانىڭ ۋۇجۇدى سەل تىترىگەندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئالدىرىماي، زىل ئاھاڭدا توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئىمان ئېيتتى.

— مۇبارەك بولغاي! — دېدى سالىش ئىمام.

— مۇسۇلمان بولغىنىڭىزغا مۇبارەك بولغاي!

— سورۇن ئەھلى ھەر تەرەپتىن مۇبارەكلەشتى. موللا سالىش ئىمام: ئەمدى مۇبارەك ئىسمىڭىز ئايئاق بولسۇن! — دېدى.

— يېڭى ئىسمىمغا تولىمۇ خۇشمەن، — دېدى قىز.

موللا سالىش ئىمام نامىقىنى قىرىپ قويۇپ تەكبىر ئېيتتى. ئاندىن قىرائەت قىلىپ دۇئا قىلدى.

— ئاللا ئىمانىڭىزنى كامىل قىلغاي، سۇلتانىمىزنى ئىقبالغا باشلىغاي، ئامىن!

— ھەممە دۇئاغا قول كۆتۈردى، ساقال سىپاشتى. ئىنتايىن ھاياجانلانغان ئايئاق گۈلسۈمنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن كەينىچە مېڭىپ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

شەمسىدىن خەلپەم ئېيتتى:

— ئەمدى ئىمام ئاخۇنۇم، يىگىت بىلەن قىزنىڭ نىكاھىنى

ئوقۇۋېتسىلە، يىگىتنىڭ ئىسمى ئوبۇل ئەلا بىننى ئىبراھىم، مەن ئانىسى، قىزنىڭ ئىسمى ئاپئاق، ئۇنىڭ ئانىسى توقىلەك بەگ بولغاي.

— ناھايىتى ئوبدان، قېنى توقىلەك بەگ بىلەن قىزنىڭ مەرى ھەققىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشسىلە، — دېدى سالىش ئىمام.

شەمسىدىن خەلپەم ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغان توقىلەك بەگنىڭ ئالدىغا قول قوشتۇرۇپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — توقىلەك بەگ ئورنىدىن تۇردى.

— ئولتۇرسىلا، ئولتۇرسىلا. — ئۇلار بىر - بىرىنى ئىززەتلەشتى، ئولتۇرۇشتى.

— تەقسىر، قىزلىرىنىڭ مېھرى ھەققى قانچە؟ — دەپ سورىدى ئىمام.

— ئون تىللا بولغاي! — دېدى توقىلەك بەگ.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانچە قىممەت، مەن پەقەت ئىككى تىللالا بېرەلەيمەن.

شەمسىدىن خەلپەم شۇنداق دەپ ئىمامغا قارىدى.

— بىر ئاز چۈشسىلە، — دەپ توقىلەك بەگكە ئىلتىجا قىلدى سالىش ئىمام.

— بوپتۇ، ئىككى تىللا چۈشەي، سەككىز تىللا بولسۇن!

— ياق، ياق، مەندە مۇنچە كۆپ تىللا يوق، ئۈچ تىللا بولسۇن!

— ئىككىڭلارنى كېلىشتۇرۇپ قويايلى، — دېدى ئەزىز پالۋان، — مېنىڭچە، ئىككى تەرەپتىن ئۈچ تىللادىن تاشلايمىز. شۇندا خەلپە دادام ئىككى تىللا ئۆرلەيدۇ، بەگ ئاغام ئۈچ تىللا چۈشىدۇ!

— بۇ تولىمۇ ئادىل بولدى! — دېدى سالىش ئىمام.

— بوپتۇ، قىزىم بەختىيار، خاتىرجەم ئۆتسىلا بولدى.— دېدى توقىلەك بەگ.

— شاكاراپ بىلەن نان كەلتۈرۈلسۇن! يىگىتنى چاقىرىڭلار!

شەمسىدىن خەلپەم نۆردۈنغا ئەمىر قىلدى، نۆردۈن چىقىپ كەتتى. خىزمەتكار شاكارابقا نان چىلانغان چىنە ئەكىردى. نۆردۈن بىر توپ يىگىتنى باشلاپ كەلدى. يىگىت قولدىشى نۆردۈن بوسۇغىغا كېلىپ توختاپ:

— ئوتتۇز ئوغۇل چوڭلارغا سالام بېرىدۇ، — دېدى.
— سالامەت بولسۇن!
موللا سالىش ئىمام نىكاھ ئوقۇدى. نىكاھتىن كېيىن ئوردۇن نىكاھ سۈيى بار چىنىنى ئېلىپ، شاكارايىقا چىلانغان ناننىڭ يېرىمىنى ئەلا پالۋاننىڭ ئاغزىغا سېلىپ:
— ئەر - خوتۇنچىلىقىڭلار تۇزدەك چىڭ بولسۇن! تويۇڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! ئۇچىيىڭلار ئۇزىراپ تۇۋۇڭلار يېيىلسۇن! — دەپ قۇتلۇقلىدى.
شۇ ئارىدا مەزىن كىرىپ قىزنىڭ «تەگدىم» دېگىنىنى ئىزھار قىلدى. ئاندىن ھەر تەرەپتىن ئەلا پالۋاننى قۇتلۇقلاشتى.
ئوتتۇز ئوغۇل ئەلا پالۋاننى «ھاي - ھاي» ئۆلەن بىلەن داپلارنى ياڭرىتىپ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويدى. بىر نەچچىسى دېرىزىدىن ماراشقىلى قالدى. ئەلا پالۋان خۇش ھىد چېچىپ تۇرغان ياسىداق ھۇجرىغا كىردى. ماموق كۆرپىدە ئولتۇرغان. قاردەك ئاق كىيىنگەن، بوستان چاچلىرى يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇرغان ئاپئاق ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى ئالىقىنىنى كۆكرىكىگە قويۇپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. ئەلا پالۋان ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئالدىغا كەلدى. بۆرتوم ياغلىقنى شۇنداق ئېچىۋىدى، كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ كەتتى. بوگۈن قىز ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەنە بىر ھايات گۈزەل ئاغىچىنى كۆردى. ئۇ قىزدىن ھاياجان بىلەن:
— مېنى سۆيەمسەن؟ — دەپ سورىدى.
— ۋاپادارلا بولسىڭىز ئابرۇيىڭىز ئالدىدا مەڭگۈ باش ئېگىمەن!
بۇ شېرىن، يېقىملىق جاۋابتىن مەمنۇن بولغان ئەلا ئۆزىنى تۇتالمىدى. تومۇرىدىكى قان قىزىدى. ئاپئاقنىڭ زىلۋا بېلىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، ئۇيماقتەك لەۋلىرىگە لېۋىنى باستى ۋە ئاپئاق چۈشەكلەر ھۇزۇرىغا پاتتى...

## 10

چىمەنلەر ئارا ئەلا پالۋان بىلەن شىبە ئاپئاق كېلىۋاتاتتى. ئۇلار

سۇلتانباغنىڭ ياپيېشىل چىمەنلىك يولىدا يانمۇ يان مېڭىشىپ كۆلۈۋ-
شەتتى. ئۇلارنىڭ مېڭىشى شۇنچىلىك يارشىملىقكى، بولبۇللارمۇ قايىل
بولۇپ ناخشا ئېيتىشتى... «ئادەم كۆركى كىيىم» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ
كىيىنىشى بۇ مېڭىشىغا خوپ ياراشقانىدى. ئەلا پالۋان پۇتىغا تومشۇقىدا بىر
سىزىقى بار پوپۇش كىيگەن، ئۇچۇق ياقىسىغا ماداخان كەشتىسى
بېسىلغان، پەتلىسىمۇ، تۈگمىسىمۇ ئاق رەختتىن ئىشلەنگەن ئاق كۆڭلەك
بىلەن كۆك شىم كىيگەن، بېلىگە ھەر خىل گۆھەر، كۆز، مەرۋايىت،
سەدەپلەر بىلەن بېزەلگەن كەڭ تاسمىلىق پوتا باغلىغان، بۇ پوتىسىغا
بويتاسمىلىق خەنجەر، چەندازا[1] چېتىلغان، بېشىغا مانچىستىر بۆكىنى
قىرلاپ كىيگەنىدى. شىبە ئاپئاقمۇ قىزلارغىلا خاس يارشىملىق
كىيىنگەن، سومبۇل چاچلىرى ئۈستىگە ئالتۇن قاداق، ئالتۇن گۈللۈك بۆك
كىيىپ، ئۈستىگە كەشمىر ياغلىق تاڭغان، ئاپئاق، سىلىق بويىنىغا
سىلداپ تۇرغان ياقۇت كۆزلۈك زۇننار ئاسقان. ئۇچىسىغا ئۇزۇن پۆرمىلىك
ئاۋار كۆڭلەك، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يان چېكى بار، قايرىلما ياقىلىق يېشىل
مەخمەل چاپان، پۇتىغا گۈللۈك مەخمەل پوپۇش كىيگەنىدى. ئۇ خۇددى
يېشىل دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقان يەلكەنلىك كېمىدەك سىلىق ماڭاتتى. شىبە
ئاپئاق ئېرىگە ھەۋەس بىلەن قارىدى. ئەلا پالۋاننىڭ ئوتلۇق قارىشىغا
جىلۋىلىك تەبەسسۇم ئاتا قىلدى. ئەلا پالۋان سورىدى:

— نېمىگە كۈلدۈڭ ئاپپىقىم؟

— بىر چاغدا مۇشۇنداق سەيلە قىلغىنىمىز چۈشۈمگە كىرگەنىدى، —

دەپ جاۋاب بەردى شىبە ئاپئاق ۋە چۈشىنى بايان قىلدى.

ئەلا پالۋان ئۇنىڭ يۇمشاق قولىنى مېھرى بىلەن قىسىپ قويدى. شىبە
ئاپئاقنىڭ شادلىقى دەريا دولقۇنىدەك ئۆرلىدى. ئەلا پالۋان رەپىقىسىنىڭ
چۈشىنىڭ يامان تەرىپىگە تەبىر بەرمەي ياخشى تەرىپىگە تەبىر بەردى. قارا
قويۇن بولسا ئۇنىڭ قەلبىنىڭ بىر بۇرجىكىدە قارا سايە بولۇپ قالدى.

---

[1] چەندازا — پۇل خالتىسى.

— ئاللا تائالا ئىگەم ساڭا ئالدىن بېشارەت بەرگەننىكەن، ئاللا بىزنىڭ سۆيگۈمىزنى ماقۇل كۆرۈپتۇ.

— ئاللا بىزنى قانداق بىلىدۇ؟ — سورىدى شىبە ئاپئاق.

— ئاللا ئىگەم ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئالەمنى يارانقۇچى، سىېنى، مېنى ۋە ماۋۇ خوشناۋا بۇلبۇللارنى، مۇنۇ كېپىنەك بالىلىرىنى، ھەممىنى بىر ئاللا ياراتقان. شۇڭا ئۇ بەندىلىرىنىڭ ھەربىر ئىشىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئاللا بىزگە «يارىتىش مېنىڭدىن، يارالمىش ئۆزۈڭدىن» دېگەن. بىزنىڭ تائىپە ئايرىماي بىر ياستۇققا باش قويۇشىمىزنىمۇ، بۇندىن كېيىن قانداق ياشىشىمىزنىمۇ ئىختىيارىمىزغا بەرگەن.

— چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇر، خۇيزۇ. شىبە قاتارلىق قوۋملارنى قۇلدەك ئىشلەتكىنىمۇ ئاللانىڭ ھۆكمىمۇ؟

— ياق. چىڭ خانى: «تەڭرى بىزنى باي، خان - پادىشاھ قىلىپ ياراتقان، پۇقرالارنى گاداي قىلىپ ياراتقان» دېگەن يالغان پەتىۋا چىقىرىپ ئەمگەكچىلەرنى قۇل ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن. چىڭ خانى ئىلى جىياڭجۈن مەھكىمىسى قۇرغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنى يېرىم قۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ ئاشلىقىنى ھەرخىل سېلىقلارنى سېلىپ تارتىۋالدى. ھەتتا ئۇيغۇرلار بالا - چاقىلىرى بىلەن بىر ئائىلە بولۇپ تۇرالمىدى. مەزلۇملارنىڭ قانلىق يېشى، ئاھۇ پەريادى بىزنى دەس تۇرغۇزدى. بىز ئامالسىز تۇڭگانلار بىلەن بىرلىكتە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىلىدىكى زالىم ئەمەلدارلىرىنى يوقاتتۇق.

— ئەمدى نېمە ئىشلار قىلىۋىسىز؟

— يۇرتنى ئاۋات، خەلقنى باي قىلىمىز. دېھقانچىلىقنى رەتكە سالىمىز. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ چارۋا ماللىرىنى پۇقرالارغا بەردۇق. بىر نۇتۇندىن ئالىدىغان ئوتتۇز ئىككى خىلدىن سېلىقنى، ھەر خىل ئالۋان - ياساقنى يوق قىلدۇق. ناشايان ئىشلارنى چەكلىدۇق. بۇرۇنقىدەك بىر مەھەللىدە بىر قازان ئەمەس، بىر ئۆيدە بىر قازان قاينايدىغان بولدى. قورساق توق بولسا كۆڭۈل توق بولىدۇ، غەم - غۇسسە، غەيۋەت بولمايدۇ. خەلقىمىز ئەمىن تاپتى. يېرىمىز كۆپ، مېلىمىزمۇ كۆپ. گەپ سۇدا. بىز

ھېكىم چورۇق يولىدا مېڭىپ يېڭى ئاق ئۆستەڭلەرنى قازىمىز، سىلەر تەرەپتىكى كان يېزىسىغا دەريا سۈيىنى چىقىرىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.

— ئەلا، سىز ھەقىقەتەن ئاتام ئېيتقاندەك ئەلنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئەقىل ئىگىسى ئىكەنسىز. سىزنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن، سىزدىن ئورغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم، — شىبە ئاپئاق شوڭداق دەپ ئەركىلەپ ئەلاغا سۈركەلدى، ئوبۇل ئەلا ئۇنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى.

ئۇلارنىڭ بۇ قىزغىن سۆيگۈسىنى ئالقىشلىغاندەك دەل - دەرەخلەرنىڭ شېخىدا تاماشا قىلىپ تۇرغان قۇشلار سايراپ كەتتى. شىبە ئاپئاقتىن چىققان ئېپار ھىدى بىلەن گۈللەرنىڭ پۇرىقى قوشۇلۇپ جەننەتنىڭ خۇشپۇرىقىنى تارقاتتى. بۇنىڭدىن مەستخۇش بولغان ئەلا پالۋان رەپىقىسىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى. شىبە ئاپئاق ئېرىنىڭ ھېرىسمەنلىك بىلەن تەقدىم قىلغان سۆيگۈسىنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ قۇشلارغا، قۇياش نۇرىدىن تېخىمۇ جۇلالىنىپ جىلۋىلىك تۇسكە كىرگەن گۈللەرگە زوق بىلەن قاراپ دېدى:

— پاھ - پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل باغ بۇ!

— مانا شۇ باغنى ساڭا ئاتا قىلدىم. بۇگۈندىن باشلاپ خەلق ساڭا بەرگەن شىبە ئاپئاق نامىغا ئاتىلىدۇ، — دېدى ئەلا.

— جېنىم پالۋىنىم، سىزگە مىڭلارچە ھەشقاللا! بۇ باغدا سۆيگۈمىز مەڭگۈ چېچەكلەپ مېۋە بەرگەي!

شادلىق ھاياجاندىن كۆزىگە ياش كەلگەن شىبە ئاپئاق شوڭداق دەپ، ئىختىيارسىز ئەلا پالۋاننىڭ بوينىغا گىرە سالدى - دە، ئۇنىڭ قېلىن لېۋىگە تاتلىقىنا سۆيۈپ قويدى. بۇ ئىنئامدىن تېخىمۇ ھۇزۇرلانغان ئەلا ھاياجان بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئاپپىقىم، بىز مۇراد ھاسىل قىلدۇق، ئەزىم ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى خەلقلەر زۇلۇمدىن قۇتۇلدى. ئۇيغۇر بىلەن شىبە خەلقىمۇ مۇراد ھاسىل قىلىپ مەڭگۈ ئىناق ئۆتكەي!

ئۇلار شوڭداق شېرىن پاراڭلار بىلەن گۈلزارلىقتىن ئۆتۈپ ئالمىلىق

باغقا كىردى، قىپقىزىل رەڭ ئالغان، ئېگىلىپ تۇرغان شاخلاردا ئېسىلىپ تۇرغان ئاپقۇر چىنىدەك ئالمىلار شىبە ئاپئاقنى جەلپ قىلدى:

— پاھ ـ پاھ، نېمىدېگەن يوغان، نېمىدېگەن قىزارغان!

— سېنىڭ مەڭزىڭدەك قىزىرىپتۇ! — دېدى ئەلا پالۋان.

ئاپئاق بىر تال ئالمىنى ئۈزۈۋېلىپ، سىقىمىغا پاتمىدى، ئەلا پالۋانغا قاراپ:

— بۇ ئالمىنىڭ يوغانلىقى سىزدەك ئىكەن! — دەپ پىخىلداپ كۈلدى.

ئۇلار كۈلۈشۈپ، ئويناشتى. ئەلا پالۋان ئاپورت ئالمىدىن بىرنى ئۈزۈپ:

— مانا ئۈزۈمنى ساڭا ئاتتىم. تۇتالامسەن! — دېدى.

— نېمىشقا تۇتالمايدىكەنمەن، تاغنى تاشلىسىڭىزمۇ تۇتىمەن، ھەرگىز يەرگە چۈشۈرمەيمەن. — دېدى ئاپئاق.

## 11

ئەلا پالۋان ھەيئەت رىياسەتنىڭ بىر قىسىم ئەمەلدارلىرى بىلەن كاندا ئۈستەڭ چېپىش خۇسۇسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. مەھكىمىگە دىۋان بېگى كىرىپ مۇنۇلارنى ئىزھار قىلدى:

— قازاقلارنىڭ ئالبان قەبىلىسىدىن نازابېك، چالتاباي ئىسىملىك كىشىلەرنىڭ كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ روسىيىدىن قېچىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ سۇلتانىمىزغا ئېيتىدىغان ئەرز ـ ھالى بار ئىكەن.

— بۇلار شۇنچە ئۇزۇن يول بېسىپ بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەندۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلا پالۋان شەمسىدىن خەلپەمدىن.

— ھەي سۇلتان، قۇشقىمۇ چالما ئاتسا ئۇز ئۇۋىسىدىن تېزىپ كېتىدۇغۇ، — دەپ جاۋاب بەردى شەمسىدىن خەلپەم.

— چاقىرىڭ، كىرسۇن! — دېدى ئەلا پالۋان.

مەھكىمىگە بېشىغا قارا مەخمەلدىن جىيەك سالغان ئاق مالىخاي، ئۈچىسىغا پەرىجە، تېرە شالۋۇر كىيگەن، كۈمۈش بەلۋاغ باغلىغان، سېرىق ساقاللىق ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان، ئاغىلار، — دەپ سالام بەردى.

— ۋئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ ھەممىگە ۋاكالىتەن جالالىدىن قارىكالان جاۋاب بەردى.

— ئولتۇرۇشسىلا. — دەپ تەكلىپ قىلدى شەمسىدىن خەلپەم.

مېھمانلار ئولتۇرۇشتى. جالالىدىن قارىكالان دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئادىن سوڭرە ئەلا پالۋان مېھمانلاردىن سورىدى:

— خوش، خىزمەت؟

مېھمانلار يەنە ئورنىدىن تۇردى، چوڭراقى ئىلتىجا قىلدى:

— ھۆرمەتلىك سۇلتان ئاغا، مېنىڭ ئېتىم تازابېك. ئورۇسلار مۇنۇ چالتاباي ئىككىمىزنى ۋە قەبىلىمىزنى تۇتقۇن قىلىپ ئولتۇرمەكچى بولغانىدى، بىزنى قوۋمىمىز زىندانىدىن قۇتقۇلدۇردى. بىز سىلەردىن پاناھ تىلەپ ئېلىڭلارغا كەلدۇق. بىز سىلەر بىلەن قېرىنداش ھەم دىنداشمىز. باتۇر ئاغا، بىزگە پاناھلىق بېرىپ قۇتقۇزۇپ قالغايسىز.

ئۇنىڭ ئىلتىجاسى تۈگىگەن ھامان يېنىدىكى چالتاباي دېگىنى:

— ئاغىلار، بىزنى ئورۇس جاللاتلىرىدىن قۇتقۇزۇپ قالغايسىلەر، سىلەر بىزگە باشپاناھ بولغايسىلەر، بىزنىڭ باشقا بارار يېرىمىز يوق! — دېدى.

ھەيئەت رىياستى ئەزالىرى بىر - بىرىگە قاراشتى، چوڭقۇر ئويلاشتى، ئەلا پالۋان بۇنداق چوڭ ئىشلارغا ئالدىراپ بىرنېمە دېمەيتتى. بىرەر مۇھىم چوڭ ئىشلاردا ھەر قاچان ھەيئەتنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي قالمايتتى.

— مەسلىھەت! — دېدى ئەلا پالۋان ۋە دىۋان بېگىگە ئەمىر قىلدى، — بۇ ئىككى مېھمان ۋە ئۇلارنىڭ قوۋمىنى خاس مېھمان قىلىڭلار، ئارام ئالسۇن!

— خوش! — دىۋان بېگى مېھمانلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

ئەلا پالۋان ئۆيگە كېلىپمۇ تازابېك بىلەن چالتابايىنى پاناھلىققا ئېلىش - ئالماسلىق ھەققىدە ئويلاندى. ئۇنىڭ خىيالدا قالغىنىنى كۆرگەن شىبە ئاپئاق سورىماي تۇرالمىدى:

— نېمە بولدىڭىز، ئوزايىڭىز ئۆمسىلىلىغۇ؟

— چارروسىيە ئەمەلدارى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇغان قازاقلار

ئېلىمىزگە قېچىپ كەپتۇ، ئۇلار باشپاناھلىق تىلەۋاتىدۇ.

ئەلا پالۋان مەھكىمە ئىشلىرىدىن شىبە ئاپئاقئا ھېچنېمە دېمەيتتى، قازاقلارنىڭ ئىشى ئۇنى قىينىغاچقا دەپ سالدى. قازاقلارغا باشپاناھلىق بەرمەي دېسە، قېرىنداشى، ئۇلارمۇ ئۆزىگە ئوخشاش زۇلۇمغا قارشى تۇرغان. بېرەي دېسە، چارپادشاھ بۇ ئىشنى بوش قويمايدۇ. ئىلىنى بېسىۋېلىشقا باھانە تاپالماي يۈرگەندە بۇ ئىشنى باھانە قىلىشى مۇمكىن. ھەتتا ئۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. چار پادشاھ تاجاۋۇز قىلسا، چىڭ خانى چۆچەكتىن ئەۋەتمەكچى بولغان چېرىكلەر ھۇجۇم قىلسا، ئىككى لەشكەرگە تەڭ كەلەلمەيمىز تەس، ئۇ چاغدا، ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا سېرىق ياغ بولۇپ كۆيمەكتىن باشقا ئىش چىقمايدۇ. ئۇ شۇنداق ئەندىشىلىكتە ئولتۇرغاندا، شىبە ئاپئاق ئىچىنىش ھېسسىياتىدا شۇنداق دېدى:

— ئۇ بىچارىلەرگە باشپاناھلىق بەرگىنىمىز تۈزۈكتەك تۇرىدۇ، بەرمىسەكمىز بىكاردىن بىكار ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ يەردە ياشىغىنى ئەۋزەل، يايلاق، مال كۆپقۇ!

— يايلاق، مالنىڭ كارى چاغلىق، كونەس يايلىقىغا بىر نەچچە يۈز ئەمەس، بىر نەچچە مىڭ ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. گەپ شۇ يەردىكى، بىز باشپاناھلىق بەرسەك ئورۇسلار جىم تۇرارمۇ؟

— ھە، مۇنداق دەڭ. بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.

خوپتەنگە ئېيتىلغان ئەزەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى.

ئەتىسى ھەيئەت رىياسىتى ئەزالىرى تولۇق توپلاندى. ئەلا پالۋان قازاقلارنىڭ پاناھلىق تىلەپ كەلگىنىنى ئۇلارغا بايان قىلدى ۋە كۆپچىلىكتىن مەسلىھەت سورىدى:

— خوش، قانداق قىلغۇلۇق، باشپاناھلىق بېرەمدۇق ياكى قايتۇرامدۇق؟

ھەيئەت رىياسىتى چوڭقۇر ئويلاندى، پىكىرلەشتى. ئەلا پالۋاننى ئەندىشىگە سالغان ئىشمۇ، قازاقلارغا بولغان قېرىنداشلىق مېھرىمۇ ئۇلارنى ئويغا سالدى. چاشكا ۋاقتىغىچە بىر يەرگە كېلەلمىدى. شەمسىدىن خەلپەم ئويلانغان ھالدا:

— قازاق خەلقى بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، ئۇلار بىزدىن پاناھلىق تىلەپ

كەلگەنىكەن باشپاناھلىق بېرەيلى، — دېدى.

— دۇرۇس، — دېدى ئەزىز پالۋان، — قېرىنداشلار بىر - بىرىگە بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىسا قاچان ئەسقاتىدۇ. قېرىنداش دېگەن بىرى تىرىكتە، بىرى ئۆلۈكتە ئەسقاتىدۇ. بۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش زۇلۇمغا، خورلۇققا قارشى تۇرغان، دىلىمىز، تىلىمىز بىر بولغاندىكىن باشپاناھلىق بېرەيلى.

— شۇنى بىلىشىمىز ۋە ئويلاپ قويۇشىمىز كېرەككى، — دېدى ئەلا پالۋان جىددىي ھالدا، — چار پادىشاھ چوقۇم ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا لەشكەر كىرگۈزۈشى، ئۇرۇش بولۇشى مۇمكىن.

— ئاللاتائالا ئىگەمدىن ئۆز بەندىلىرىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەيلى، — دېدى جالالىدىن قازىكالان سوزۇپ گەپ قىلىپ، — چار پادىشاھ دىنىي قېرىنداشلارنىڭ قېنىنى تۆكمەكچى بولسا، بىز قاراپ تۇرساق خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ. قازاقلارنى قوغدىغۇچى باشپاناھلىق بەرمىسەك ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايمىز.

ھەيئەت رىياسىتى قازىكالاننىڭ «ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايمىز» دېگەن ھۆكمىدىن چۆچۈدى بولغاي، كەينى - كەينىدىن ئۇنى قوللىدى:

— قازىكالان دۇرۇس ئېيتتىدۇ!

— باشپاناھلىق بەرسەك بەردۇق!

ئەلا پالۋان بۇرۇتىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ بۇ گەپلەرنى مۇلاھىزە قىلدى، ئويلاندى، ئاخىردا بىر قارارغا كەلدى:

— كۆپ قوشۇلغان بولسا پەرمانىمىز شۇ: تازابېك بىلەن چالتاباي ۋە ئۇلار ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن قازاقلارغا باشپاناھلىق بېرىمىز. ئۇلار كۈنەس يايلىقىغا ئورۇنلاشسۇن! ھەربىر ئائىلىگە بىر قورۇدىن قوي، ئۇنلاق، يايلاق، يېتەرلىك ئاشلىق، يەم، مىنىش ئاتلىرى بېرىلسۇن!

— پەرمان بەردار! — دېدى دۇۋان بېگى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، تازابېك بىلەن چالتاباي مەھكىمىگە كىرىپ،

يىغلاپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى[1]. ئەلا پالۋاننىڭ ئايىغىغا باش قويماقچى بولۇۋىدى، ئەلا پالۋان ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى. ئۇلار خۇش بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئەلا پالۋاننى غەم باستى. ئۇ ئەمىرلەشكەر ئەزىز پالۋانغا، توقلەك بەگكە لەشكىرىي مەشىقنى كۈچەيتىشكە ئەمىر قىلدى.

## 12

ئۇنىڭ غەم قىلغان ئىشى ئاخىر يۈز بەردى. چار پادىشاھنىڭ ئالماتا گۇبېرناتورىدىن ئەلچىلەر كەلدى. ئەلچىلەرنى ھەيئەت رىياسىتى تولۇق يىغىلىپ، رەسمىي قائىدە بويىچە دەبدەبىلىك كۈتۈۋالدى. بېشىغا شىلەپە، ئۈچىسىغا قۇيرۇقلۇق، پېشى يوق تار چاپان، ئېغى، يانپېشى چاپلىشىپ تۇرىدىغان شىم كىيگەن ئەلچىلەر كىرىپ كەلدى. ئۇلار شىلەپىلىرىنى ئېلىشىپ، بېشىنى يېنىك ئېگىپ سالام ئىشارىتى قىلدى. ئۈچىسىغا ئالا تون، بېشىغا ئاق قالپاق كىيگەن كىشى ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى.

ئەلا پالۋان ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەلچىلەر ئولتۇرۇشتى. ئەلا پالۋان بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ:

— خۇش كەپسىلەر، تەقسىرلەر، — دەپ ئىلتىپات كۆرسەتتى.

قويۇق بۇرۇتلۇق بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ رۇسچە سۆز قىلدى، ئاق

---

[1] 1731 - يىلىدىن 1734 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قازاق ئېلىنىڭ كىچىك يۈزى بىلەن چوڭ يۈزى ئىچىدىكى قىسمەن قەبىلە باشلىقلىرى چاررۇسىيىنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. چاررۇسىيە بۇنىڭغا قانائەتلەنمەي، 1828 - يىلى «سىبىرىيە قىرغىز نىزامى» دېگەن بىر نىزامنى ئېلان قىلىپ قازاقلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. قازاقلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە قەبىلە باشلىقلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. 1840 - يىلىغا كەلگەندە، ئۈچ يۈزلىكنى تامامەن يۇتۇپ بولغان ۋە قازاقلارنى باج - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇرلىغان. ئات - ئۇلاغلىرىنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ كەتكەن. بۇنىڭغا قارشى قازاق خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇ قوزغىلاڭچىلاردىن تازابېك بىلەن چالتاباي تۇتۇلۇپ قامالغان. ئۇلار تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ ئۆز قەبىلىسىنى ئېلىغا باشلاپ چىقىپ ئەلا سۇلتانىدىن پاناھلىق تىلىگەن.

قالپاقلىق كىشى ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ بەردى:

— ئۇلۇغ پادىشاھىمىز چىن خانىدانلىقى بىلەن يېقىن قوشنا بولۇپ كەلگەن. شۇ كەمگىچە چېگرىمىزدا نېرى تۇر، بېرى تۇر بولمىدى. ئاسايىشتا تۇرۇپ كەلگەن پادىشاھىمىز ھېلىھەم چىن خانىدانلىقى بىلەن مانا شۇنداق ئېخىمۇ قوشنا ئۆتۈشنى خالايدۇ. بىراق، يېقىندا پادىشاھىمىزغا قارشى شۇملۇقلارنى قىلغان تازابېك بىلەن چالتاباي ئېلىڭلارغا قېچىپ كەلدى. ئۇلار بىزنىڭ يۇقرايىمىز بولغاچ قايتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىپ كەلدۇق.

ئەلا پالۋان چاررۇسىيە ئەلچىلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا چالتاباي بىلەن تازابېكنى پاناھلىققا ئېلىش ۋاقتىدا كۆڭلىگە كەلگەن ئەندىشىنىڭ ئۆز بەرگەنلىكىنى سەزگەنىدى. ئەمدى ئۇلارنى ئەلچىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە قايتۇرسا ئۆز ئېلىنىڭ نامىغا داغ چۈشۈرگەن بولاتتى. ئۇ شەمسىدىن ئەلپەملەر بىلەن ئالدىن مەسلىھەتلىشىپ ئۇلارنى چار پادىشاھقا تاپشۇرماسلىقنى جەزملەشتۈرگەنىدى. ئۇ سىلىقلىق بىلەن شۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

— تازابېك بىلەن چالتاباي بىزدىن باش پاناھلىق تىلەپ كەپتۇ، بىز ئۇلارغا قېرىنداشىمىز سۈپىتىدە پاناھلىق بەردۇق. ھازىر ئۇلار بىزنىڭ يۇقرايىمىز بولدى.

— جانابىي سۇلتان، — دېدى ئەلچى، — ئىككى قەبىلە قازاق ئۈچۈن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا نىزا پەيدا قىلماسلىقىڭىزنى، ئۇلارنى بىزگە قايتۇرۇپ، ئىناق قوشنىدارچىلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىشىڭىزنى سورايمىز.

— بىز، — دېدى ئەلا پالۋان ئاھاڭىنى ئۆزگەرتمەي، — چاررۇسىيە بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىققا ھۆرمەت قىلىپ كەلدۇق. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھۆرمەت قىلىمىز. پاناھلىق تىلەپ كەلگەنلەرگە پاناھلىق بېرىش ھەر قايسى ئەلنىڭ ئۆز ئىشى، بۇ دۇنيانىڭ مىزانى مۇشۇنداق. ئەگەر بۇ مىزانغا رىئايە قىلمىساڭلار، بىز يەنە ئىككى دۆلەتنىڭ قوشنىدارچىلىق ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىككى قازاقنىڭ ئۆلۈمى باراۋىرىدە خۇن تۆلەيلى.

ئەلا پالۋاننىڭ بۇ قانۇنىي گېپى باش ئەلچىنى سەل تەمتىرىتىپ قويدى.

ئۇ ئالماتا گوبېرناتورنىڭ: «ئۇيغۇرلار نادان خەلق، قانۇن، مىزاننى بىلمەيدۇ، پوپوزا ئىشلەتسەڭلارلا بولىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، شۇنداقتىمۇ گوبېرناتورنىڭ ئەمرى بويىچە پوپوزا ئىشلىتىپ باقماقچى بولدى:

— بىزگە دەپنى دۇنيا كېرەك ئەمەس، يوقرايىمىز كېرەك. ئۇلارنى يەتتە كۈن ئىچىدە تاپشۇرۇشۇڭلار كېرەك. ئەگەر تاپشۇرمىساڭلار بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە سىلەر مەسئۇل.

ئەلچىنىڭ مەنسىتمەسلىك بىلەن قىلغان پوپوزىسى ئەلا سۇلتاننىڭ غۇرۇرىغا تەگدى، ئەمما كەلگۈسى ئىشلارنى ئويلاپ ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە تەمكىن هالدا شۇنداق دېدى:

— بىز قانۇن، قائىدىدىن چىققۇدەك ئىش قىلمىدۇق، قازاق قېرىنداشلار پەقەت بىزدىن پاناهلىق تىلىگەچكە پاناهلىق بەردۇق. هېلىغۇ دىنىي قېرىندىشىمىز ئىكەن، جانابىي ئەلچىلەر پاناهلىق تىلەپ كەلسىمۇ پاناهلىق بېرىمىز. بىز مانا شۇنداق كۆكسى - قارنىمىز كەڭ خەلق. پادىشاهىڭىزغا مەلۇم قىلىڭكى، بۇ ئىشتا قانداق ئاقىۋەت پەيدا قىلساڭلار سىلەر جاۋابكار، بىز ئەمەس!

ئەلچىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ئەلچىلەر باشلىقى:

— دېمەك، قايتۇرمايدىكەنسىز - دە؟ ئۇنداقتا قۇدرەتلىك پادىشاهىمىزدىن رەنجىمەڭلار، بىز شەهىرىڭلارنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمىز!

ئەلا سۇلتان ۋە هەيئەتلەرمۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى. شەمىدىن خەلپەم، ئەزىز پالۋانلار ئەلا سۇلتاننىڭ زېرەكلىك بىلەن بەرگەن جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ تۇراتتى، رۇس ئەلچىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق يۈراپ تۇرغان دوقى ئۇلارنىڭ غۇررىدە ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئەلا سۇلتان سالماق هالدا:

— سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلارنى بىلەتتۇق. سىلەر 1864 - يىلى زېمىنىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بۇرنۇڭلارغا يېگەن. پادىشاهىڭلار چىڭ خاندانلىقى هۆكۈمىتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بىزنىڭ ئىختىلالىمىزنى باستۇرماقچى بولغىنىدىن خەۋىرىمىز بار. بۇنىڭغا باهانە تاپالماي يۈرەتتىڭلار. قازاق قېرىنداشلارغا باش پاناهلىق بەرگىنىمىزنى باهانە قىلىپ تاجاۋۇز قىلساڭلار بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز!

رۇس ئەلچىلىرى مەھكىمىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېتىشتى.

13

مىلادىيە 1871 ـ يىلى 5 ـ ئاي. پۈتۈن بەدىنى ئاپئاق كۆپۈك بولۇپ كەتكەن ئاتنى چاپتۇرغىنىچە بىر ئالاقىچى مەھكىمە ئالدىغا كەلدى ـ دە، قاراۋۇلغا:

— سۇلتانغا مۇھىم مەكتۇپنامە ئەكەلدىم! — دېدى.

قاراۋۇل يىگىتنى كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ يۈگۈرگىنىچە سۇلتان ھۇزۇرىغا كىرىپ كەلدى. ئەلا سۇلتان ھەيئەت رىياسىتى بىلەن قانداقتۇر بىر ئىشنى مۇھاكىمە قىلىۋاتاتتى. ئۇ مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ قاراپ چىقتى. چىرايى ئۆزگەردى، ئاندىن كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەردى:

*يۇرت بىرلە ئەيلەپ چوڭ مەسلىھەت*
*ئەل سۇلتانغا تېزنامە خەت.*
*توقمىلەك بەگ ئالدىغا يۈزلىنىپ*
*ئورۇسنى كۆردى، قايتتى يانىپ.*
*بۇياندىن توپلاندى كەتمەن لەشكىرى،*
*كى مەست يەڭلىغ بولۇپ ھەر بىرى.*
*ئورۇس بارگاھىغا باردى يېتىپ،*
*ئورۇس لەشكىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ.*
*كى بىر نەچچە نەسارانىڭ باشىن كېسىپ،*
*بۇ باشلارنى لەشكەر ئىچىگە ئاسىپ.*

ئەلاخان سۇلتان ۋاقىپ بولغايلا. تۆت كۈن چار پادىشاھ لەشكىرىنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار قارا ـ قارادىن بېسىپ كىرىپ كەتمەنگە ھۇجۇم قىلدى. بىز قاتتىق ئېلىشتۇق. تۆت كۈن دەيدۇكى، مەن ئەلا بىلەن يەككمۇ يەككە ئېلىشىمەن. بېشىنى

*كېسىپ غۇلجىغا يۈرۈش قىلىمەن. خاننىڭ يارلىقى بويىچە جىياڭجۈن بولىمەن!... سىلىنىڭ تېزدىن لەشكەر تارتىپ كېلىشلىرىنى سورايمىز.*

*جەنۇب بېگى توقلەك*

توقلەك بەگنىڭ مەكتۇپى سەردارلارنى تىك تۇرغۇزدى. جالالىدىن قازىكالان ئاپئاق تاتىرىپ كەتتى. ئەلا سۇلتان:

— سەردارلار، ئورۇس پادىشاھى شەھىرىمىزنى تۇپتۇز قىلماق ئۈچۈن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپتۇ. قازاق قېرىنداشلارنى قايتۇرامدۇق ياكى ئورۇسلار بىلەن ئۇرۇشامدۇق؟ — دەپ سورىدى.

— يۇرتنى قوغداش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز. سۇلتان، ۋەتىنىمىز چېگرىسىنى قوغداشقا بارغايمەن، ئەمىر قىلسىلىكەن! — دەپ ئىلتىجا قىلدى قۇۋۋاش پالۋان.

— مەن باراي، — دېدى ئەمىرلەشكەر ئەزىز پالۋان، — مەن لەشكەرلەرنى مەشق قىلدۇرۇپ تەييار قىلىپ قويغان!

سەردارلار بۇ ئۇلۇغ بۇرچنى بېجىرىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن تەلەپ قىلدى، چار پادىشاھنىڭ تاجاۋۇزىنى تارمار قىلىشقا ئەھدۇ پەيمان قىلدى. ئەلا سۇلتان غەيۇر سەردارلىرىنىڭ باھادىرلىقىغا خۇش بولدى.

— بۇ نۆۋەت پېقىر ئىنىڭلارغا ئىجازەت بەرگەيسىلەر، — دېدى ئۇ، — خائىن تۈلك گۇيەن مېنى جەڭگە چىللاپتۇ. بارمىسام نامەردلىك بولۇر. شەمسىدىن ئاتا مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشلارنى بېجىرىپ تۇرغاي، ئەزىز پالۋان سىز قورغاس چېگرىسىغا مەسئۇل بولغايسىز. كۆرە، سۈيدۈڭگە ئالاقىچى ئەۋەتىپ، خۇيزۇ لەشكەرلىرىنى سەپراس تۇرغۇزۇش كېرەك. قېنى قازىكالان ئاتا، دۇئا بەرگەيلا، بۇگۈنلا كەتمەنگە يەتمىسەم بولمايدۇ!

ئەزىز پالۋانلار خېلى توسۇپ باقسىمۇ ئەلا سۇلتاننى رايىدىن قايتۇرالمىدى. جالالىدىن پاتىھەگە قول كۆتۈردى:

— سۇلتانىمىزنىڭ بۈيۈك يۈرۈشى نۇسرەتلىك بولغاي، ياۋنىڭ جاجىسىنى بەرگەي!

— ئەمىرلەشكەر ئەزىز پالۋان!

— خوش سۇلتانىم!

— ئابدۇرۇسۇل بەگ ئاغىنىڭ مىڭ كىشىلىك مەرگىنىگە ئەمىر قىلىڭ، جەڭگە تەييارلانسۇن، بەردەنگىلەر مايلىنىپ، ئوق يېتەرلىك ئېلىنسۇن!

— باش ئۈستىگە!

ئەلا سۇلتان ئىشلارنى تېز ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، شىبە ئاپئاق بىلەن خوشلاشقاچ ئاماقلىنىۋېلىشقا ماڭدى.

شىبە ئاپئاق ئەلا پالۋاننىڭ ئۇرۇشقا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئەندىشە قىلدى. ئۇ ئەلا پالۋاننىڭ ئالدىراپ تاماق يېيىشىگە قاراپ ئولتۇردى، ئاۋاقتا ئاندا ـ ساندا قول سېلىپ نارىندىن يەپ قويدى. ئۇ ئاۋاقتا قول سېلىشتىن كۆرە ئېرىنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىشقا باشلىدى:

— سىز سۇلتان بولغاندىن كېيىن باشقا سەردارلارنى ئەۋەتسىڭىز لىماسمىدى!

— ماڭا قارا، سېنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئەمەس، بىر نەچچە مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق، ئەمما سېنىڭ، ئوغلىمىزنىڭ ۋە سېنىڭدەك ئانىلار، باللارنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن ئۆزۈم بېرىشىم كېرەك.

شىبە ئاپئاق ئېرىنىڭ چاقنىغان كۆزلىرىگە تىكىلدى:

— پالۋىنىم، بۇ ئۇرۇشقا بېرىشىڭىزدىن قورقىمەن، يۈرىكىم بىرنېمىنى تۇيۇپلا...

— ئاپپىقىم، قورقما، ئۇرۇش دېگەننىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ. ئاۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولسا، ئارمىنىم ئەملگە ئاشقان بولىدۇ. ۋەتەننى قوغداش ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇرچى. ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلسەم ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايمەن!

شىبە ئاپئاقنىڭ كۆزىگە لىممىدە ياش كەلدى. ئاۋاقتىن ئىختىيارسىز قولىنى تارتتى. ئەلا پالۋان ئۇنى بەزلىدى:

— يىغلىما، ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن تاغدەك يۆلەنچۈكۈم خەلقىم بار. بىز ئورۇس تاجاۋۇزچىلىرىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلىمىز. ئۇلارغا بىر ماڭدام تۇپرىقىمىزنىمۇ بەرمەيمىز. سۆيگەن يارىڭنى يىغا بىلەن ئەمەس مېھرىڭ،

شادلىقىڭ، كۆلكەڭ بىلەن ئۆزانقىن!

شۇ ئاربدا گۈلسۇم چىلاپچا بىلەن چوگۈن كۆتۈرۈپ كىردى. ئەلا پالۋان قولىنى يۇدى، ئاغزىنى چايقىدى. گۈلسۇم چىقىپ كېتىشىگە شىبە ئاپئاق شۇنداق دېدى:

— گۈلسۇم بىلەن نۆكىرىڭىز نۇردۇن چىقىشىپ قاپتۇ. ئايشەم ئانامغا سىزنىڭ ئەلچى بولۇپ بېرىشىڭىزنى ئويلىغانىدىم.

— بۇ ياخشى گەپكەن. جەڭدىن كېيىن ئۆزۈم توي بېشى بولىمەن.

— بولمىسا، سىز كەلگىچە ئاپاملارنى يوقلىغاچ ئايشەم ئانىغا يۈرۈتىپ باقاي، بېرىشىمغا رۇخسەت قىلارسىزمۇ؟

— بارغىن، قايتىشىمدا ئېلىپ كېتەرمەن.

— ماقۇل. نۇسرەت بىلەن قايتقايسىز!

— ئەمدى مەن ماڭاي.

ئەلا پالۋان تونىنى كىيدى، بېلىنى تاسما پوتا بىلەن باغلىدى. شىبە ئاپئاقنىڭ قولىدىن مىسران قىلىچنى ئېلىپ بېلىگە ئاستى، ئاندىن ئاپئاقنىڭ زىلۋا بېلىدىن قوروپ ئۆزىگە تارتتى، ئۇنىڭ ئالۇچارەڭ لەۋلىرىگە، ئالمىدەك قىزىل مەڭزىلىرىگە بېسىپ - بېسىپ سۆيدى.

— يولىڭىز ئاق، دۈشمىنىڭىز خار بولغاي! — دېدى شىبە ئاپئاق ئەلا پالۋان بوز ئايغىرغا مىنگەندە.

## 14

كەتمەن يېزىسى ئىسمى جىسمىغا لايىق كەتمەن شەكلىدە ئىدى. ئۇ كەتمەنگە ئوخشاش تەكشى ساي بولۇپ،ساينى ياقىلىتىپ يايپاڭ سىپلىنغان ئۆيلەر ئايدىڭ كېچىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سايىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئۈچ دۆڭ تولۇنئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى، بۇ ئۈچ دۆڭ ئەمچەككە ئوخشاش بولغاچ، كەتمەنلىكلەر ئۈچ ئەمچەك دەپ ئاتايتتى. كۆمۈشتەك ئاي نۇرى يېزىنىڭ ئاپئاق ئۆيلىرىنى، يېشىل دەرەخلەرنى، بوك - باراقسان باغلىرىنى، ئۆزۈم باراڭلىرىنى يارقىن كۆرسىتىپ تۇراتتى. كوچلۇك ئات

دۈبۈرنى ئاڭلىغان ئىتلار ھويلا - ھويلىدىن چىقىپ ھاۋشىغىلى تۇردى. بۇ خۇددى سىگنالغا ئوخشاش، ھەممە ئۆيلەرنىڭ چىرىغى يېنىشقا سەۋەب بولدى. ئاياللار، بوۋايلار، بالىلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار ھە دېگەندە ۋەھىمىگە چۈشۈپ، پاكار سوقما تاملار كەينىدىن مارىلاشتى، ئاندىن قورۇننىڭ چۈشۈرگىنىنى ئېلىشتى. ئۇلار لەشكەرلەرنىڭ ئاق مالخىيى، تۇغ - ئەلەمنى كۆرۈپ ئۆز ئادەملىكىنى تونۇدى ۋە كوچىغا چىقىشتى. كىشىلەر قازان قاينىغاندەك قايناپ كەتتى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى بېسىقتى، ئاياللارنىڭ خۇشخۇي ئاۋازلىرى، بالىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىنى بېسىپ كەتتى. يېزا خۇشال - خۇراملىققا چۆمدى. بىر نەچچە بوۋاي ئەلا پالۋاننىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى ۋە ئۇنىڭغا:

— مەلئۇن تاجاۋۇزچىلارنى يوق قىلغايسىز! — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

شۇ ئارىدا توقىلەك بەگ نۆكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئەلا پالۋان ئاتتىن چۈشتى، دوستلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئەھۋاللاشتى. ئاندىن ئاتلىنىپ، بەردەنگىلەر تىكلەپ قويۇلغان، ئۇيەر - بۇ يەردە كىشىلەر ئۇخلاپ ياتقان، توپلىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقانلار ئارىسىدىن ئۆتتى. ئەمىرشاھ لەشكەرلەرگە دەم بەردى.

ئەلا پالۋان توقىلەك بەگدىن رۇس لەشكىرىنىڭ كۈچى، قورالى، تۇرغان ئورنى ۋە جەڭ ئەھۋالىنى ئۇقتى. توقىلەك بەگ، ئاقغوزا مىراپ سەركەردىلىكىدىكى شوڭقار، كەتمەن، غالجات لەشكەرلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلارنى توسۇپ باھادىرلارچە جەڭ قىلغىنىغا بارىكاللا ئېيتتى ۋە باھادىرلارنى مۇكاپاتلىدى. ئاندىن ئۇلار بىلەن بىرگە كەتمەن يېزىسىنىڭ ئەتراپىنى ئارىلىدى. رۇسلارنىڭ بارگاھىنى يىراقتىن كۆردى. ساي قېلىن چاتقاللىق ئىدى. چاتقاللىقتا ھەرخىل مېۋىلەر، تېرەكلەر، سۆگەتلەر كۆپ ئىدى. ئەلا پالۋان ئۈچ ئەمچەكنىڭ مۇھىم ئىستىھكام بولىدىغانلىقىنى چەزمىلەشتۈردى ۋە ئابدۇرۇسۇل بەگ مەرگەنلىرىنى ئۈچ ئەمچەك ئۈستىدە مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ توقىلەك بەگنىڭ چېدىرىغا كېلىپ لەشكىرىي كېڭەش ئۆتكۈزدى. كېڭەشتىن كېيىن سەردارلار تەييارلىققا

كىرىشتى.

ئەتىسى خىرە - شىرە تاڭ سۈزۈلۈشىگە رۇس لەشكەرلىرى سەپ تارتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. سەپ ئالدىدا غاڭزىسىنى قىڭغىر چىشلىگەن، شاپ بۇرۇت، ئاپئاق ھەربىي كىيىم كىيگەن سەركەردە قىلىچىنى ئالغا سوزۇپ تىك مېڭىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى لەشكەرلىرىمۇ مىلتىقلىرىنى ئالدىغا چىقىرىپ بىر تەكشى قەدەمدە كېلەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ يۈرۈشى سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى. بىركەمدە سەپنىڭ ئارقىسىدا قارىگىر ئات مىنگەن، چەنى بار چەندازا كىيىملىك بىر چىك لەشكىرى پەيدا بولدى. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەي ئەلا، پالۋان بولساڭ مەيدانغا چۈش، پېقىر تۈلۈك گۆھەن كاللاڭنى ئالىمۇ، ئىلىغا بېسىپ كىرىپ جىياڭجۈن بولىمۇ، سوخانى ئېلىپ مۇرادىغا يېتىمۇ!

ئەلا پالۋاننىڭ بەدىنى تىكەنلەشتى. قېنى قاينىدى. ئەمما قىلىچىنىڭ دەستىسىنى قولى ئاغرىغىچە قىسىپ، مىدىر - سىدىر قىلمىدى. رۇس لەشكىرى ئۈچ ئەمچەككە يەتمىش قەدەم يېقىنلاپ كەلدى. پالۋاننىڭ مەرگەنلىرى ئەلا پالۋانغا تېز - تېز قاراشقا باشلىدى. ئەمما ئەلا پالۋان قېشىنى ھىمىرىپ رۇس لەشكىرىگە تىكىلىپ تۇراتتى.

— چەنلەپ ئېتىڭلار! — دېگەن سادا ئەلا پالۋاننىڭ ئاغزىدىن چىقتى.

ئىككى يۈز ئەللىك بەردەنگىدىن تەڭلا چىققان ئوق بىر سەپتە تىزىلىپ كېلىۋاتقان رۇس لەشكەرلىرىنى دۈم چۈشۈردى. سەركەردىسىنىڭ غاڭزىسى بىرياقتا، ئۆزى بىرياقتا چۈشتى. ئىككىنچى قېتىم يەنە ئېتىلدى. ئىككى يۈز ئەللىك مەرگەننىڭ بەردەنگىسىگە ئىككى يۈز ئەللىك لەشكەر كەينىدىن ئوق سېلىپ بېرىۋاتاتتى. كەينى - كەينىدىن ئېتىلغان ئوقتىن رۇس لەشكىرىنىڭ ئالدىدىكىسى قىرىلىپ، كەينىدىكىسى تەمتىرەپ قالدى. مانا شۇ چاغدا ئەلا پالۋان قامچىسىنى ئوڭغا بىر، سولغا بىر پۇلاڭلاتتى، شۇ ھامان ئىككى ياندىكى ئورمانلىقتىن سانسىز ئات دۈبۈرى ۋە «ئۇر - چاپ!» دېگەن سادا ياڭرىدى. ئوڭ ياندىكى ئەمىرشاھنىڭ، سول ياندىكى توقلەك بەگنىڭ ئاتلىق لەشكىرى بېسىپ كەلدى. ئەلا پالۋان كەينىگە قاراپ

قامچىسىنى يەنە پۇلاڭلاتقانىدى، ئۈچ ئەمچەكنىڭ كەينىدە سەپراس تۇرغان ئاققوزا مىراپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— ئاق پادىشاھ باسمىچىلىرىنى قىرىڭلار!

يۈزلىگەن ئاتلارنىڭ دۈبۈرىدىن يەر تەۋرىگەندەك بولدى. ئۈچ تەرەپتىن قىلىنغان ئاتلىق ھۇجۇم رۇس لەشكىرىنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇلار ئوق چىقىرالماي، مىلتىقنىڭ ئىتتىكى بىلەن ئۆزلىرىنى قوغداشقا مەجبۇر بولدى. قىيامەتنىڭ جېڭى باشلىنىپ كەتتى. جەڭ مەيدانىنى ۋاڭ - چۇڭ، ئاچچىق چىرقىراشلار، ۋارقىراشلار، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قىلىچلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراق - جۇرۇق قىلىشلىرى، يارىلانغانلارنىڭ ئىڭراشلىرى قاپلاپ كەتتى. رۇسلار بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىشقا باشلىدى، قاتتىق قىرغىن باشلاندى. رۇسلارنىڭ باش سەركەردىسى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ ئاتلىق لەشكىرىنى سالدى. ئۈچ ئەمچەكتە بوز ئايغىردا تىك ئولتۇرۇپ پۈتكۈل جەڭ مەيدانىنى كۆزىتىۋاتقان ئەلا پالۋان جەڭنىڭ ئۆز پىلانى بويىچە كېتىۋاتقىنىدىن مەمنۇن ئىدى. ئۇ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى، بەردەنگىلىرىنى ئۇ يەر - بۇيەرگە ئۆيمەك قىلىپ تىزىپ قويۇپ ئاتلىرىغا مىنىپ تۇرغان مىڭ مەرگەنمۇ قىلىچلىرىنى سۇغاردى. بىر يەردە جىم تۇرالماي چاپچىپ، تىزگىن سىيرىپ تۇرغان بوز ئايغىر ئۆزىنى جەڭ مەيدانىغا ئاتتى، مەرگەنلەرمۇ بوز ئايغىرنىڭ كەينىدىن ئۇچتى. ئەلا پالۋاننىڭ كۆزى ئوت بولۇپ ياندى، يۈزى قىزارغانىدى. ئۇ قىلىچىنى ئوڭ - سولغا چېپىپ، ئۆزىگە ھەملە قىلىپ كەلگەن دۈشمەن ئاتلىقلىرىنى غۇلىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى تۇڭ گۆشنى ئىزدەيتتى. ئاخىر ئۇنى بىر توپ رۇس ئاتلىقلىرى ئارىسىدا كۆرۈپ قېلىپ، بوز ئايغىرنى ئۇنىڭ ئالدىغا چاپتۇردى. ئايغىر كىشنەپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئاتلىقلار ئىچىگە بۆسۈپ كىردى. ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ئەلا پالۋاننى كۆرگەن تۇڭ گۆش ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئەلا پالۋان قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەي خائىن، كەل، مەردنى مەيداندا سىنايدىغان پەيت كەلدى، قېنى سىنىشايلى!

ئەلا پالۋاننىڭ ئۇرغان قىلىچىنى قىلىچ بىلەن قايتۇرغان تۇڭ گۆش

ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئەلا پالۋانغا قىلىچ ئۇردى. ئەلا پالۋان ئۇنىڭ قىلىچىنى قىلىچ بىلەن قىيقىمۇۋېتىپ:

— ۋەتەننى سېتىشقا، ئاق پادىشاھ تاجاۋۇزچىلىرىنى باشلاپ كېلىشكە پېتىنغان ئىت كاللاڭنى سوغاغا تەقدىم قىلىمەن! — دەپ زەرب بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇردى. شەمشەرنىڭ ئىتتىك بىسى ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، تۆڭ گەۋدىنىڭ كاللىسى يومىزەكتەك دومىلاپ ئويمانغا چۈشتى.

يەككىمۇ يەككە قىلىچۋازلىق جېڭى قىزىپ كەتتى. ئەلا پالۋاننىڭ غەيۇر لەشكىرى قان كېچىپ جەڭ قىلدى. يىقىلغانلار قايتا ئورنىدىن تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئۇرۇشتى. پىيادە رۇس لەشكەرلىرىنى سۈر - سۈر قىلىپ كەلگەن توقلەك بەگ، ئەمىرشاھ لەشكەرلىرى ئەلا پالۋاننىڭ مەرگەنلىرىگە قوشۇلۇپ بوراندەك ھۇجۇم باشلىۋەتتى بۇنىڭغا چىدىيالمىغان رۇس ئاتلىق لەشكەرلىرى قاچتى. قېچىش ئۇلۇ دېمەكتۇر. ئەلا پالۋاننىڭ لەشكەرلىرى تېخىمۇ غەيرەتلەندى، ئۇلار ئۇزلىرىنى تاجاۋۇزچىلار تەرەپكە ئاتتى.

ئەلا پالۋان ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى تارتقانىدى، بوز ئايغىر ئىككى پۇتىدا تىك تۇردى. ئەلا پالۋان قوشۇنىغا توختاش ئىشارىتىنى بەردى، كاناي چېلىندى.

— ھۇجۇم توختىسۇن! دۈشمەن قوشۇنىنى قورشاڭلار، بىرىمۇ چىقىپ كەتمىسۇن! سۇلتاننىڭ بۇ ئەمرى بىلەن لەشكەرلەر يەنە دەسلەپكى ئورۇنلىرىغا يوشۇرۇندى. ئۈستۈن توپ كۆچى بار تۆت مىڭ روسىيە ئەسكىرى قاتمۇ قات مۇھاسىرىدىن چىقالمىدى. ئەلا پالۋاننىڭ پەنتى بىلەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ قۇيرۇقىنى خادا قىلغىنىنى كۆرگەن كەتمەن خەلقى داشقازانلارنى ئاستى، ماللارنى سويۇپ ئاتام تەييارلاشقا كىرىشتى.



ئەلا پالۋاننىڭ نۇسرەت تېپىپ قايتقانلىقىنى ئاڭلىغان شىبەلەر سومۇل

دەرۋازىلىرىدىن چىقىپ دەبدەبىلىك كۆتۈۋالدى. ئالتىنچى سومۇلنىڭ سىپىل دەرۋازىسى ئالدىدا سومبا، تومبا، شىبە ئاپئاق، ئايشەم ئانا ۋە بارلىق سومۇل خەلقى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ قېتىم شىبە ئاپئاق سومبادىن «ئەلا پالۋان قايسى» دەپ سورىمىدى، بەلكى ئوغلىغا:

— ئەنە دادىدا، دادا دە، — دەپ ئەلا پالۋاننى كۆرسەتتى.

ئەلا پالۋان ئاتتىن چۈشۈپ ھەممە بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن ئوغلىنى قولىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى ۋە:

— بىز مۇشۇ ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن جەڭ قىلدۇق! — دەپ جاكارلىدى.

ئۇ ۋەدىسى بويىچە نۇردۇننىڭ ئەلچىسى بولۇپ ئايشەمخاننىڭ ئالدىغا كىردى، ماقۇل جاۋابىنى ئېلىپ ئەتىسىلا توينى قىلدى. شىبە ئاپئاق گۈلسومگە، ئەلا پالۋان نۇردۇنغا قولداش بولۇپ شەھەرگە قايتتى. ئەمما، ئۇلار دەريا بويىدا مىڭلىغان كىشىنىڭ ئۆزلىرىنى قارشى ئالغىلى چىققىنىدىن بىخەۋەر ئىدى.

دەريا بويى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. شەمسىدىن خەلپەم باشلىق ئىمام، مۆيتى، يۇرت چوڭلىرى، سەردارلار كېمە توختايدىغان يەردە كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئەلا پالۋان سومبانىڭ شەھەرگە چاپارمەن ئەۋەتكىنىنى بىلمەيتتى. ئۇلار كېمىگە چۈشتى، دەريا شوخ دولقۇنلىرى بىلەن قۇتلۇقلىدى، قىرغاقتىكى ئەرلەر بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئاتتى، ئاياللار ياغلىقلىرىنى پۇلاڭلاتتى. ناغرا، سوناي، داپ ـ دۇمباق ياڭرىدى. كېمە قىرغاققا يەتكەن ھامان شەمسىدىن خەلپەم كېمىگە چىقىپ ئەلا پالۋاننى قۇچاقلىدى. ئەلا پالۋان يۇرت چوڭلىرىنىڭ چۆرىدىشىدە سانجاق ـ سانجاق تۇرۇشۇپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقان پۇقرالارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. پۇقرالارشادلىقىنى ھەر خىل سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەشكە باشلىدى:

— سۇلتاننى تاپقان ئانىغا، تۇغقان ئانىغا ھەشقاللا!

— سۇلتانغا ئۇزۇن يىللار سالامەتلىك، خاتىرجەملىك تىلەيمىز!

— سۇلتانغا شان ـ شەرەپلەر بولغاي!

— غەيۇر لەشكەرلىرىمىزگە باركاللا!...

# ئون ئىككىنچى باب

## نىدا

*ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،*
*رەڭگىرويىڭ سامان بولماس.*
*— خەلق ماقالى*

## 1

مىڭ شۆي شى دارىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنلا خانغا مەكتۇپ يېزىپ: «ئىلى تويىلاڭچىلىرى بەك يامان، ئۇلارنى باستۇرۇشقا كۈچىمىز يەتمەيدۇ، قوشۇن ئەۋەتكەيلا، ئاشلىق ئۈكسۈپ قالدى، ئەمەلدار، چېرىكلەرگە مائاش بەرگۇدەك ئاقچىمۇ يوق» دەپ زارلانغانىدى. خان يارلىق چۈشۈرۈپ، رۇڭ چۈەننى ئالماتا گوبېرناتورىغا ئەۋەتىپ لەشكەر ياردەم بېرىشىنى سوراشقا پەرمان بەردى. مىڭ شۆي پەرمان بويىچە رۇڭ چۈەننى ئالماتاغا ئەۋەتكەنىدى. كۆرە ئېلىنىپ مىڭ شۆي ئۆزىنى پارتلىتىۋالغاندىن كېيىن، رۇڭ چۈەن خانغا بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان، خان يارلىق چۈشۈرۈپ رۇڭ چۈەننى چېرىكسىز جياڭجۈنلۈككە تەيىنلىگەنىدى. بۇ چېرىكسىز جياڭجۈن خانغا زارلىنىپ مەكتۇپ يېزىۋەرگەندىن كېيىن خانمۇ كەينى ـ كەينىدىن يارلىق چۈشۈردى. ئۇنىڭ بىر يارلىقىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «روسىيىدىن ئىلىغا قوشۇن كىرگۈزۈشنى سوراپسىز، ۋاقىپ بولدۇق.» يەنە بىر يارلىقىدا: «روسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا نوتا تاپشۇردۇق. روسىيە

شىپىر[1] يامۇلىنىڭ تېزدىن قوشۇن ئەۋەتىشىنى سۆيلەش ھەققىدە، زوڭلى خارجى ئىشلار دىۋانىغا يارلىق چۈشۈردى» دېيىلگەنىدى.

روڭ چۇەن ئالماتا گوبىرناتورىغا كۆپ قېتىم يولۇقۇپ ئىلىغا قوشۇن كىرگۈزۈشنى ئىلتىجا قىلدى. ئەمما، جاندارال «پادىشاھتىن سوراپ باقاي» دېگەن جاۋابتىلا تۇردى. روڭ چۇەن رۇس گازارما جاندارالىنىڭ جاۋابىنى روسىيە پوچتىسى ئارقىلىق خانغا مەلۇم قىلدى. خان مىلادىيە 1866 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يارلىق ئەۋەتتى. روڭ چۇەن قوللىرى تىترىگەن ھالدا يارلىقنى ئىچىدە ئوقۇپ چىقتى: «روسىيە يېقىنقى كۈنلەردە بىرەر مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ بىز بىلەن بىرلىكتە غۇلجىنى قايتۇرۇۋالىدىغانلىقى ھەققىدە ئالاقە ئەۋەتتى. بۇ ئېنىقمۇ؟» روڭ چۇەن بۇ يارلىقنى كۆتۈرۈپ بېرىپ روسىيە گازارمىسى قوماندانى بىلەن كۆرۈشتى. قوماندان «نىزنايۇ»[2] دەپ ئىككى مۈرىسىنى چىقاردى.

## 2

ئىلىنىڭ ئەڭ گۈزەل يېزى يېتىپ كەلگەنىدى. ئاسمانمۇ، يەرمۇ يېشىللىققا پۈركەنگەن. غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرب دەرۋازىسى سىرتىدىكى ئورمانلىق بەكمۇ جانلانغان، ئىسسىققا چىدىماي قالغان قۇشلار بۇ ئورمانزارلىققا كىرىپ دەرەخ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ساز ناخشىلىرىنى باشلىغان. بەزى ياۋايى ھايۋانلارمۇ بۇ باغقا كىرىشىۋالغانىدى. شەھەر ئىچى ۋە سىرتى ئىسسىق نەسىرىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر سۈكۈناتقا چۆمگەن، ئورماندىكى قۇشلارنىڭ ئاۋازىدىن باشقا سادا يوق ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنى ئۇشتۇمتۇت «گۈمبۈر - گۈمبۈر» قىلغان دەھشەتلىك گۈلدۈرماما ئاۋازى بۇزدى. ھاۋادا بولسا ئازراقمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. مىلادىيە 1871 - يىلى 5 -

---

① شىپىر يامۇلى — روسىيىنىڭ ئالماتادىكى رۇس گازارمىسى.

② نىزنايۇ — بىلمەيمەن.

ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گۈمبۈرلىگەن بۇ ئاۋازغا ئادەملەرلا ئەمەس قۇشلارمۇ ھەيران قالدى. بۇ ھەيرانلىق قۇشلار ئۈچۈن دەھشەتكە ئايلاندى. ئۇلار قونغان دەرەخلەر يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ چۈشكەندى. قۇشلار ئۈركۈپ بۇ دەھشەتلىك ئاۋازغا غەزەپلەنگەن ھالدا ئىلى دەرياسىنىڭ توقايلىقىغا ئۇچۇپ كەتتى. توپا، شاخلار قوشۇلۇپ كۆككە ئۆرلىدى. سىپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەر جىددىيلەشتى.

سىپىل لەشكەرلىرى سەردارىنىڭ ئالدىغا بىر ئاتلىق لەشكەر كىرىپ كەلدى.

— سەردار، ئاق پادىشاھ لەشكەرلىرى سۈيدۈڭ، بايانداي، چىلپەگزە قەلئەسىنى بېسىۋاپتۇ. ئېغىر توپلارنى چىلپەگزە بارگاھىغا تىكلەپ قويۇپ بىزگە ئوق ئۈزۈۋاتىدۇ. بايانىدىن بىرى ئۇچۇپ كېلىپ ۋەيران قىلىۋاتقان ئوقلار ئاشۇ توپلارنىڭ ئوقلىرى ئىكەن.

— بۇ ئىشنى دەرھال ئوردىغا بېرىپ ئەمىرلەشكەر ئەزىز پالۋانغا مەلۇم قىل ۋە پەرمانىنى ئەكەل!

— باش ئۈستىگە! — چاپارمەن ئاپئاق كۆپۈك بولۇپ كەتكەن ئېتىنى مىنىپ ئوردا تەرەپكە چاپتى.

چاپارمەننىڭ مەلۇماتى دۇرۇس ئىدى. ئاق پادىشاھ گېنېرالى كالپاكوۋسكىي ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بىر ئاي قاتتىق باش قاتۇرۇپ «چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىش» پىلانىنى تۈزدى. ئۇ تۆت مىڭ ئاتلىق قوشۇننى تاللىدى. ئون ئېغىر تېپتىكى توپلارنى ھازىرلىدى. ئۇ كېچىسى ناھايىتى تېز ۋە يوشۇرۇن ھالدا قورغاس سۈيىدىن ئۆتتى. ئاتلىق قوشۇن كېلىپ سۈيدۈڭنى بېسىۋالدى ۋە تاڭ بىلەن تەڭ بايانداينى ئىگىلىدى. بۇ چاغدا ئەلا پالۋان مۇزارت ئېغىزىغا بېسىپ كىرگەن روسىيە قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلىۋاتاتتى.

ئېغىر توپلاردىن ئېتىلغان چويۇن ئوقلار سىپىلدىن ئارتىلىپ شەھەرگە چۈشۈشكە باشلىغاندىن كېيىنلا، بايلار، ئاخۇنلار، بەگلەر ئىنتايىن قورقۇپ كېتىشتى. ئۇلار بىردىن، ئىككىدىن مەھكىمە شەرئىيىگە كەلدى. جاالالىدىن قارىكالانىغا يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇشتى:

— جانابىي قازىكالان، ئورۇسلارنىڭ توپلىرى كۆپ ئىكەن، دوزاخ ئوتىنى شەھىرىمىزگە ياغدۇرۇۋاتىدۇ، ھازىر قىيامەتنىڭ جېڭى بولۇۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئۆيلەرنى ۋەيران قىلدى، بىرمۇنچە پۇقرالار ئۆلدى. مال - دۇنيايىمىز كۆيىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇلارغا ئەلا سۇلتانىنىڭ قوشۇنى تەڭ كېلەلمەيدۇ. سۇلتانغا ئېيتسىلا، شەھىرىمىزنى تۈپتۈز قىلىشتىن بۇرۇن دەرۋازا ئاچقۇچىنى ئۇلارغا بېرەيلى.

— يارەببىم، — دېيەلىدى جالالىدىن ئارانلا، — سۇلتانغا بارايلى.

جالالىدىن ئۇلارنى باشلاپ ئوردىغا كېلىپ، ئەلا سۇلتانىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. بۇ يەردە توقلەك بەگ، ئەزىز پالۋان، قوۋاش پالۋان، ئەمىرشاھ، قازى لەشكەر شەمسىدىن خەلپەم قاتارلىق سەردارلار جەم بولغان بولۇپ، ئەمىرلەشكەر ئەزىز پالۋان ئەلا سۇلتانغا كەينى - كەينىدىن ئىككى چاپارمەن ئەۋەتكەن ۋە ئەلا سۇلتان كەلگۈچە قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتكە چۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى جالالىدىن قازىكالان بۇزدى. ئۇ مۇشۇكتەك ئۇششاق دەسسەپ كىرىپ كەلدى - دە، سالام - سائەتنىمۇ ئۇنتۇپ سورۇندىكىلەرگە:

— ئەي جاسارەتلىك پالۋانلار، ئەلا سۇلتان يوق ئىكەن. مەن سۇلتانىنىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان قازىكالانلىق سۈپىتىم بىلەن پەرمان بېرىمەن: شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئاچقۇچىنى ئورۇسلارغا تاپشۇرۇڭلار. سىلەر ئۇلار بىلەن تەڭ كېلەتتىڭلار، بىراق ئاۋۇ ئېتىلىۋاتقان توپلىرى دەھشەت ئىكەن. شەھىرىمىزنى، ئۇلۇغ مەدرىسىمىزنى، ئۆي - ماكانلىرىمىزنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى.

قازىكالان بىلەن بىللە كىرگەنلەر ئۇنىڭ سۆزىنى، پەرمانىنى قوللاپ چۇرقىراشتى، كۆز يېشى قىلىشتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق ۋە خەتەرلىك پەيتتە قازىنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغان پالۋانلار ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى. ئەزىز پالۋانىنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ پەنجىرە يېنىغا كەلدى، پەنجىرىگە جەينىكىنى قويۇپ سىرتقا قارىدى، چىلپەگزە قەلئەسى تەرەپتىن توپ ئاۋازى كەلمەكتە، ئوقلار شەھەرگە چۈشۈپ پارتىلىماقتا. ئۇ بىردىن كەينىگە بۇرۇلدى - دە، جالالىدىن

قازىكالانغا غەزەپلىك كۆزلىرىنى تىكتى.

— مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە بۇنداق دەرمانسىز گەپلەرنى قىلمىساق، — دېدى ئۇ.

— دەرمانىمىزغا لايىق ئىش قىلمىساق بولماس، ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىنىۋاتقان قوشۇنغا قانداق تەڭ كېلەلەيسىز؟ چۆچەك جىياڭجۈنى مىڭ رۇينىڭ قوشۇنى كېلىۋېتىپتۇ. بۇنى ھېسابقا ئېلىپ قويۇڭ. بولۇپمۇ ئورۇسلارنىڭ مۇنۇ توپلىرى ھەممە يەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋاتىدۇ.

ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى بىلگەن سورۇندىكىلەر بىردەك ئەزىز پالۋاننىڭ ئاغزىغا قاراشتى. ئۇ قازىكالانغا مۇنداق جاۋاب قىلدى:

— توپتىن تولىمۇ يۈرەكئالدى بولۇپ كېتىپلا. مەھمۇد پونىڭ ياغاچ توپىدىن قورقۇپ مەزەمزات ھېكىم جېنىنى بەرگەن. سىلىمۇ توپتىن قورقۇپ شەھەرنى، خەلقىمىزنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن مېۋىسىنى ئاق پادىشاھقا ئىككى قوللاپ بەرمەكچى بولۇۋاتامدىلا؟ «بورىنىنىڭ گۆركىرىشىگە تاغ تەۋرىمەيدۇ» دۈشمەن تاغ بولۇپ باسسىمۇ ئېلىشقىنىمىز ئېلىشقان، ئورۇس لەشكەرلىرى كەلسە ئېلىشىمىز. بەلكىم ئەلا سۇلتانىمۇ كېلىۋاتقاندۇ. ئۇ ھەرگىز ئاق پادىشاھقا تېز پۈكمەيدۇ!

جالالىدىن قازىكالانىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن كەلگەنلەرمۇ ئەزىز پالۋانغا ھومايدى. جالالىدىن قازىكالان:

— سىز قازىكالاندىن ئۈستۈن تۇرماقچىمۇ؟ مەن سۇلتان يوق ۋاقىتتا ھەم قازىلىق، ھەم سۇلتانلىق قىلىمەن. ئەگەر سىلەر سىپىلنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرمىسەڭلار مەن ئېچىپ بېرىمەن! — دېدى.

— شۇنداق، شۇنداق، قازىكالان سۇلتان يوق چاغدا سۇلتان، ئۇنىڭ پەرمانى بەرھەقتۇر، — دەپ چۇرقىراشتى موللىلار.

— دەرۋازىنى تاجاۋۇزچىلارغا ئېچىپ بېرىش قول كۆتۈرۈپ ئەل بولغانلىق، بۇ بىز ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر، — دېدى باياتىن جىم تۇرغان شەمسىدىن خەلپەم ۋە جالالىدىن باشلىق موللىلارغا ۋارقىرىدى، — ھۇ توخۇ يۈرەكلەر، ھۇ ئالا قورقاقلار، نومۇس قىلىشمامسەن!

توقىلەك بەگنىڭ «ئاچقۇچنى تاپشۇرىمىز» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپلا

جۇدۇنى ئۇتقانىدى. ئۇ يۇرت چوڭلىرىنىڭ قورقۇپ ئۆزگەرگىنىگە شەكسىز ئىشەندى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا جالالىدىنىنىڭ ئاغزىغا ئۇرغۇسى كېلىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— ئەلا سۇلتانىغا چاپارمەن كەتتى، ئۇ كەلسۇن، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار. ھۆرمەتلىك ئاقساقاللار، سىلەر بىر كۈن تەخىر قىلىڭلار، ئاق پادىشاھ لەشكەرلىرى بىلەن سىلەر جەڭ قىلمايسىلەر، مۇشۇ يەردە تۇرغان پالۋانلار، مىڭلىغان غەيۇر لەشكەرلىرىمىز جەڭ قىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ تۇمشۇقىغا ئۇرغان، بۇدامۇ تۇمشۇقىغا سالىمىز. يۇرتىمىزدىن ھەيدىۋېتىمىز، — دېدى.

— پالۋانلار، — دېدى جالالىدىن قارىكالان ئەمدى بوسكەك ئاۋازدا، — ئاق پادىشاھ ئالەمگىر[1]دۇر. ئۇنىڭ قولى پۈتكۈل ئالەمگە يېتىدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى بويسۇندۇرغان يەردە بىز نېمە؟ بىزنى چۈمۈلىدەك سەپ - چەيلىۋېتىدۇ. بۇ ئىشنى خۇدا ئاسان قىلمىسا سىلەر ىيالمايسىلەر، ھەيدەپمۇ چىقىرالمايسىلەر. شەرىئەتتە كۈچلۈكلەر ىزلارنى بويسۇندۇرىدۇ، دېيىلگەن.

بۇ گەپ سەردارلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى بولغاي، قاتتىق ئاچچىقلىنىشتى، ەزىز پالۋان ئاچچىقىدا چىشلىرىنى كاراسلىتىپ قولىنى قىلىچقا ئاپاردى، ئۇنىڭ تەرى تۇرۇلگەن، ھېلى جالالىدىننى چېپىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. بۇنى كۆرگەن قۇۋاش پالۋان ئۇنى سەۋر قىلىشقا ئىما قىلدى - دە، جالالىدىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— بىزنى چۈمۈلىدەك دەسسەمدۇ ياكى بىز ئۇلارنى دەسسەيمىزمۇ بۇنى مەدرىس پەشتىقىغا چىقىپ كۆرۈپ تۇرسىلا. شۇ چاغدا كىمنىڭ دەسسەلگىنىنى كۆرۈدىلا. ئاق پادىشاھ دېگەن چاغلىق نېمە ئۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ بېشىنى قوشقاچنىڭ كاللىسىنى ئالغاندەك ئالغانمىز. بىلىپ قويۇشسىلا، ئۆلسەكمۇ يۇرتىمىزنى ئۇلارغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەرمەيمىز. ئۇنداق بولمىغاندا، پۈتكۈل خەلق ئالدىدا تۆزكور بولىمىز.

---

[1] ئالەمگىر — جاھانگىر.

مانا مەن ئاق پادىشاھقا ئىلىنىڭ بىر تال گىياھىنىمۇ بەرمەيمەن. ئارقىمىزدا مىليونلىغان خەلقىمىز تاغدەك يۆلەك بولۇپ تۇرغاندا نېمىدىن قورقاتتۇق؟! مىڭ رۇينىڭ قوشۇنى كەلسە ئۇنىمۇ تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا سالىمىز ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ئۇلارمۇ قاراپ تۇرۇشماس؟! سىلەر قورقماڭلار!

— قورقۇنچاق بار يەردە شەرمەندىلىك بار، — دېدى ئەزىمشاھمۇ، — قازىكالان، يولىمىزغا كاناك بولمىغايلا!

جالالىدىننىڭ ئۆمۈچۈك توردەك قورۇلۇپ كەتكەن يۈزى تېخىمۇ پۈرۈشتى، ئىڭىكىدىكى ئاپئاق ئۆچكە ساقىلى تىترىدى. ئەزىز پالۋاننىڭ قەھرلىك قادىلىشى، قولىنى قىلىچىغا ئاپىرىشى بىلەنلا بىر قىسىم ئاخۇنۇم، باي، بەگلەر بىر - بىرلەپ قويرۇقىنى خادا قىلىغانىدى. قازى ئەسكەر شەمسىدىن خەلپەم بىر كەلىمە ھەق سۆز قىلماقنى لازىم تاپتى:

— جانابىي قازىكالان، بىز بۇ چوڭ ئىشنى سەردارلار بىلەن مەسلىھەتلىشەيلى. ۋاقىت زىق، ئۈمىدسىزلىك بىزنى خېلىلا گاڭگىراتقان. ئۆتكەندە بۇ ئۈمىدسىزلىك، قورقاقلىق توپەيلى خوجىلارغا ئالداندۇق. ئۇلار مەزەمزات. باتۇر سەردارىمىز ئابدۇرۇسۇل بەگ، ئۆلىمالىرىمىز ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇملارنى قەتل قىلدى. ئەگەر ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق ئانا يۇرتىمىزنى ئۇلارغا بەرسەك بۇ ئۇلۇغ پېشۋالىرىمىزنىڭ، جەڭدە شېھىت بولغان ئابدۇللېتىپ خەلپەمگە ئوخشاش يۈزگە يېقىن پالۋانلىرىمىزنىڭ روھى قورۇنمامدۇ؟! «مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن گەپ بار، ئاخۇنۇم، بەگ سىپاھلار بىلەن مەھكىمە شەرئىيدە مەسلىھەتلىشىپ باقسىلا، بىزمۇ سەردارلار بىلەن كېڭىشىپ باقايلى.

شەمسىدىن خەلپەمنىڭ بۇ يۇمشاق، قائىدىلىك گېپى جالالىدىننى قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ سەردارلارغا بىرمۇ بىر قاراپ ئۇلارنىڭ چىرايىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يېغىپ تۇرغىنىنى كۆردى - دە، خەلپەمنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنمىسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ئورۇسلار سېپىل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئۇدا ئىككى كۈن توپقا تۇتتى. لېكىن سېپىلنى بۇزالمىدى. ئۈچىنچى كۈنى شەھەر ئىچىگە زەمبىرەك

ئېتىشقا باشلىدى. زەمبىرەكنىڭ چويۇن ئوقلىرى ھە دېگەندىلا جالالىدىن قارىكالاننىڭ ئامبىرىغا چۈشۈپ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر يىللىق ئوزۇقىنى كۆككە ئۇچۇردى. ئامبار يېنىدىكى ئېغىل ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بېدىگە ئوت كەتتى. جالالىدىن قارىكالان ئوردىغا يۈگۈردى. بىر قىسىم بەگ سىپاھلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار ئوردىغا كىرگەندە ھېچكىم يوق ئىدى. ئەمىرلەشكەر ئەزىز پالۋان، توقلەك بەگ، قۇۋاش پالۋان قاتارلىق پالۋانلار سىپىلنىڭ ھەر قايسى دەرۋازىلىرىغا كەتكەن. شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش، قوشۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. ئەس ــ ھوشىنى يوقاتقان جالالىدىن قارىكالان ئوردىغا كىرگەن پېتى سۇلتاننىڭ مەخسۇس مۆھۈرى، سىپىل دەرۋازىلىرىنىڭ ئاچقۇچى ساقلانغان ساندۇقنىڭ يېنىغا كەلدى. بىر دەقىقە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرگەنلەردىن مەتباقى باي پىچىرلىدى:

ــ قارىكالان، ساندۇقنى ئاچسىلا. ئەمىرلەشكەر يوق ئىكەن!

ــ مەندە ساندۇقنىڭ ئاچقۇچى يوق!

ــ ئەمىسە بۇزايلى.

ــ ھە، بۇز ... بۇزساق شە ... شەرىئەتكە تو ... توغرا كەلمەس!

ــ جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ئۆز ۋە ئۆزگىنى قوتقۇزۇش شەرىئەتتە بارغۇ؟ ــ دېدى موللا روزى مۇپتى.

شۇ ئارىدا سىرتقا چىقىپ كەتكەن مەتباقى باي بىر تۆمۈرنى كۆتۈرۈپ كىردى ــ دە، ساندۇقنىڭ ئاغزىغا تىقىپ قايرىپ ساندۇقنى بۇزۇپ ئاچتى. جالالىدىن قارىكالان تىترىگەن قوللىرى بىلەن مۆھۈرنى ئالدى. موللاروزى يازغان تەسلىمنامىنىڭ ئاستىغا «ئەلا سۇلتان» دەپ يېزىپ، ئۈستىگە مۆھۈرنى باستى ۋە مۆھۈرنى يەنە جايىغا سېلىپ قويۇپ غەربىي دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالدى. ئۆزىنىڭ مىرشەپىنى چاقىرىپ مەپىنى ئەكەلدۈردى. ئۈچ مەپىگە جالالىدىن، موللا روزى مۇپتى، مەتباقى باي قاتارلىق سودىگەر، موللا، بايلار ئولتۇرۇپ غەربىي دەرۋازىنى ئاچقۇزدى. ئۇلار چىلپەگزە بارگاھىغا باردى. ئۇ يەردە كالپاكوۋسكىيغا تەسلىمنامە بىلەن غەربىي دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇردى...

بىردىن زەمبىرەك ئاۋازلىرىنىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرگەن ئەزىز پالۋان قاناتلىق سەردارلار ھەيران بولۇپ ئوردىغا كېلىشتى. چىلپەگزە بارگاھىغا چارلىغۇچىلار ئەۋەتتى. دەل شۇ پەيتتە ئوردىغا ئەلا پالۋان كىرىپ كەلدى.

— سۇلتان، كەلدىڭىزمۇ؟ — ئەزىز پالۋان ئۇزۇن ۋاقىت كۆرمىگەن دوستىنى كۆرگەندەك ئەلا پالۋاننىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى.

توقمەك بەگ، قۇۋاش پالۋانلارمۇ قىزغىن كۆرۈشتى. ئاق پادىشاھنىڭ بىر كۈندۈز، بىر كېچىدە يوشۇرۇن ھالدا باياندايغىچە بېسىپ كەلگىنىنى، سۇيدۇڭدىكى خويزۇلارنىڭ سەزمەي قالغىنىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. ئەلا پالۋان ئۆيىگىمۇ كىرمەي ئۇدۇل ئوردىغا كەلگەنىدى. ئۇ:

— ئۇلارنىڭ توپلىرى بولسا بىزنىڭمۇ بارغۇ؟ كورەدىكى توپلارچۇ. ئۇنى ئەكەلمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەزىز پالۋاندىن.

ئەزىز پالۋان پېشانىسىگە ۋاقىدە بىرنى ئۇردى:

— ھەي، مېنىڭ مۇشۇ قاپاقباش كاللام. ئەجەب ئويلىماپتىمەن.

— دەرھال ئىككى يۈز ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىڭ. ئۇلار كورەگە توختىماي ئات سالدۇرسۇن، بىرىپلا ھەربىر توپنى تۆت ئات قوشۇلغان ھارۋىلارغا سېلىپ بۈگۈن كېچىچە يەتكۈزۈپ كەلسۇن! تېز خەۋەر قىلىڭ!

— باش ئۈستىگە! — ئەزىز پالۋان چىقىپ كەتتى.

ئەلا پالۋان تاجاۋۇزچىلارنىڭ كۈچىنى مۆلچەرلىدى. ئۇلارغا زەربە بېرىش يوللىرىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئويىنى چىرايى ئۆڭگەن، پېشانىسىدىن تەر تەپچىرەپ تۇرغان ئەمىر شاھ كىرىپ بۇزدى. ئۇ ئەندىككەن ھالدا:

— جا... جاالىدىن ئا... ئا... ئاچقۇچنى ئو... ئورۇسلارغا تا... تاپشۇرۇپتۇ! غەربىي دەرۋازىنىڭ...

— ھە؟! — ئەلا پالۋان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

بۇ خەۋەرگە ئىشىنەلمەي نۇردۇن ئاتلاندى. توقمەك بەگ، ئەزىز پالۋانلار قېتىپ قالغاندەك مىدىر قىلمايتتى. ئۇلار غەمكىن ھالدا ئىشىككە قاراپ قالغانىدى.

نۇردۇن ھايال قىلماي قايتىپ كىردى، ھەممە ئۇنىڭغا سوئال نەزەرىدە

قاراشتى.

— جاالالىدىن دېگەن قورقاق مۆيتى، بايلار بىلەن ئۈچ مەيگە ئۈلتۈرۈپ چىلپەگىزىنگە بېرىپ، ئەلا سۇلتان نامىدىن يېزىلغان تەسلىمنامە بىلەن غەربىي دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇپتۇ. — دېدى نۇردۇن.

— ھۇ تەسلىمچى ئىت! — دەپ قاتتىق تىللىدى ئەلا پالۋان.

بۇ خەۋەر توقمىلەك بەگنىڭ يۈرىكىگە توقماق بولۇپ تەگدى. ئەلا پالۋاننىڭ بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. بۇرۇتلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. ئۇ كۆڭلىگە يۈكسەك پىلان، مەقسەتلەرنى پۈككەن. بىر نەچچە ئۈستەڭلەرنى قازدۇرغان. يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆپەيتكەن. ئىلغا قاتارلىق يەرلەردىكى مىس كانلىرىنى ئاچقان، چويۇن زاۋۇتىنى قۇرغان. مانا ئەمدى سوقا ـ سايمانلارنى قۇيماقتا ئىدى. خەلقنىڭ قورسىقى تويغان، خاتىرجەم ۋە شاد ئىدى. ئەلا پالۋان يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلماقچى بولغانىدى. مانا ئەمدى مۇشۇنداق چىرايلىق كۈنلەر بولۇۋاتقاندا ئاق پادىشاھنىڭ ئوغرى مۈشۈكلىرى كەپتۇ. بىزدىكى جاالالىدىنغا ئوخشاش چاشقانلار بۇ ئوغرى مۈشۈكلەر ئالدىدا تىز پۈكۈپتۇ... بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ غەزىپى كەلدى، بۇرنىنىڭ چاناقلىرى كېرىلدى، سەردارلار ئۇنىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىشىدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگىنىنى بىلدى.

— سۇلتان، — دېدى ئەزىز پالۋان ئالدىرىماي، ئېغىر قەدەم بىلەن ئەلا پالۋاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، — جاالالىدىن دېگەن دەيۈز تەسلىم بوپتۇ. ئەجدادلار باشلاپ بەرگەن بۇ ئۇلۇغ ئىشىمىزنى ئۇ دەيۈز تاجاۋۇزچىلار بىلەن بىللە ئەھدۇ پەيمان قىلارمۇ؟ ئەمدى خەلقىمىزنىڭ ھالى قانداق بولار؟

— ئازغىنلىق! — دەپ ۋارقىرىدى ئەلا پالۋان.

توقمىلەك بەگ ئاستا مېڭىپ پەنجىرە يېنىغا كەلدى ـ دە، غەرب تەرەپكە قاراپ ئۈنلۈك ھالدا مۇنداق مىسرالارنى ياڭراتتى:

چىڭ خان چىللاپ ئورۇسنى،
ئاتتى خوپزۇ، چەنتۇنى.

ئەل زادى راۋا كۆرمەس،
ئاق پادىشاھ مەتۈنى.

ئەلا پالۋان شارتىدە ئۇ تەرەپكە بۇرۇلدى، كۆزلىرىنى مېھىر بىلەن ئۇنىڭغا تىكتى. ئۇ پالۋان قامەتلىك، يېمەك - ئىچمەكتە قانائەتچان، ئىسسىق - سوغۇقتا سەپەرگە كۆنۈككەن توقلەك بەگنى قەدىرلەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ بىردىنلا كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولۇپ:
— خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلدىڭىز. خەلقىمىزگە جاللادنىغا ئوخشاش توخۇ يۈرەكلەر ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. سىز بىلەن بىز خەلقنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى. ئورۇس مەتۈلىرى ھېلىغۇ بىر نەچچە مىڭ ئىكەن، يۈزمىڭى كەلسىمۇ ۋەتەننىڭ بىر غېرىچ يېرىنى بەرمەيمىز. توقلەك بەگ ئاغا، دەرھال يۈرتقا بېرىڭ، ئورۇس مەتۈلىرى كەتمەن يېزىسىنى بېسىۋاپتۇ.
— خەير، ئامان بولۇڭ. «شاھى كە ئاتاڭ ئاغادۇر، ئەل ساڭا ئاتادۇر ۋ ئاغادۇر»[1]، — دېدى توقلەك بەگ.
ئۇلار قۇچاقلاشتى، ئايرىلىشتى، يەنە قۇچاقلاشتى. توقلەك بەگ:
— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ سۇلتان، — دەپلا ئوردىدىن چىقىپ كەتتى.
توقلەك بەگنىڭ گۇرس گۇرس دەسسەپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرغان ئەزىز پالۋان بىردىن ئەلا پالۋانغا بۇرۇلدى:
— ئەلا سۇلتان، كۆنلەر ئۇزۇن. يۇنكۇل خەلقىمىز ئورۇسلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۆتۈرۈلدۇ. بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇپ كەلگەن. تىلىدىن تىكەن، ئايىغىدىن ئاپەت ئۈنىدىغان ھەسەتخور - مىتىلەرمۇ يوقىلىدۇ!
— توغرا ئېيتتىڭىز. بىز تېخى شەمشەرنى تاشلىمىدۇق، ئاخىرقى تىنىقىمىز قالغۇچە ئانا ۋەتەن ئۈچۈن ئېلىشىمىز. قېنى، يۈرۈڭلار، لەشكەرلەر ئارىسىغا بارايلى.

---

[1] ئەلىشىر نەۋائىنىڭ نەزمىسى.

## 3

ئەلا پالۋان ئوردىدا ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى تولۇقلاپ، مەشىق قىلدۇرۇپ ساقلاپ كەلگەنىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۇستازىنى ئەسلەپ، ھۆرمەتلەپ قىلغىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلغىنى ئىدى. ئۇ بۇ قوشۇننى سەرخىل لەشكەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن مەشقلەرنى ئېلىپ باردى. ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ يەردىن قورال ئېلىش، ئات ئۈستىدە موللا ئېتىش، ئاتنىڭ بىقىنىغا يوشۇرۇنۇش، ئاتنىڭ ئىككى قۇلىقى ئارىسىدا مىلتىق ئېتىشقا ئوخشاش خىلمۇخىل چەۋەندازلىق ھۈنەرلىرىگە پىشۇردى. بۇ غەيۇر قوشۇن سەككىز يىلدىن بېرى قانلىق جەڭلەردە چېنىقتى، پىشتى، ئۇلاردىن نۇرغۇنى باشقا يېڭىدىن تۈزۈلگەن لەكمە ۋە ئاتلىق قوشۇنلارغا سەركەردە بولۇپ كەتتى. ئەلا پالۋان ئۇلارنىڭ ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ ئورنىغا قاۋۇل، ياش، بەرنا يىگىتلەرنى تاللاپ تولۇقلاپ تۇردى. ئەلا پالۋان چىقىشىغا ئاتچىسى بوز ئاتنى ئېلىپ كەلدى، بوز ئات قېرىپ قالغان، ئەمما يۈرۈشتىن قالمىغانىدى. ئەلا پالۋان ئۇنى ئاياپ، مۇھىم جەڭلەردە، ئۇۋغا چىققاندىلا مىنىدىغان، باشقا چاغدا دەم ئالدۇرۇدىغان بولغانىدى. ئەلا پالۋان مۇزارنىقا بېرىپ كەلگۈچە ئوبدان تىنىقىپ ھەم زېرىكىپ قالغان بوز ئات ئىگىسىنى كۆرۈپلا كىشنەۋەتتى. ئۇ ئەلا پالۋاننىڭ قوللىرىنى يالىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىگىسىنى سۆيگىنى ئىدى. ئەلا پالۋان ئادىتى بويىچە يانچۇقىدىن بىر تال قەنتنى ئېلىپ بوز ئاتقا بەردى، بوز ئات «رەھمەت، رەھمەت» دېگەندەك بېشىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ قويۇپ يېدى.

ئەلا پالۋانلار شەھەر سېپىلىنىڭ سۇ دەرۋازا، كورە دەرۋازىلىرىنى ئارىلاپ، ئۇ يەردىكى سەركەردىلەرگە پەرمانلار بەردى، ئاندىن غەربىي دەرۋازىغا كەلدى. دەرۋازا ئۈستى ۋە سېپىللاردا لەشكەرلەر تەييار بولۇپ تۇراتتى، توپ ئوقىدىن بىر مىڭ بىر يۈز يەتمىش ئىككى لەشكەر شېھىت بوپتۇ، ئۈچيۈزدىن ئارتۇق لەشكەر يارىلىنىپتۇ. ئەزىز پالۋاندىن بۇ مەلۇماتنى ئاڭلاپ ئەلا پالۋاننىڭ

يۈرىكى ئېچىشتى. قۇربان بولغانلارمۇ، يارىلانغانلارمۇ تاللاپ ئېلىپ قېلىنغان ياش يىگىتلەر ئىدى. كۈرەدىن تېخى توپلار كەلمىگەنىدى. ئەلا پالۋان شەھەردىكى بارى - يوق ئون يەتتە توپنى غەربىي دەرۋازىغا ئەكېلىشكە ئەمر قىلدى. دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى ئورمانلىقتا ئىككى مىڭ مەرگەننى يوشۇردى. سېپىل ئۈستىدە بەش يۈز كىشىلىك لەكمە قوشۇننى قالدۇردى. مىڭ مەرگەنگە ئەزىز پالۋاننى سەردارلىققا، غەربىي سېپىل ئۈستىگە قوۋاش پالۋاننى، قالغان دەرۋازىلارغىمۇ ئەمىرشاھ قاتارلىق سەردارلارنى بەلگىلىدى. ئۆزىنىڭ ئاتلىق قوشۇننى سېپىل ئىچىدە قالدۇردى.

ئۇ ئاتلىق قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا سېپىل ئۈستىدىن:

— سۇلتان، ئورۇس لەشكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ! — دەپ بىرى ۋارقىرىدى.

ئەلا پالۋان يۈگۈرگەن پېتى سېپىل پەلەمپىيىدىن چىقىپ چىلپەگزە يولىغا قارىدى، قويۇق چاڭ - توزان، ئۇنىڭ ئالدىدا شاپ بۇرۇتلۇق، ئاپئاق كىيىنگەن ئاتلىقلار كەلمەكتە ئىدى. بۇ چاڭ - توزاننىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس ئىدى. ئەلا سۇلتان جىسەكچىگە كىچىك يېشىل بايراقچىنى پۇلاڭلىتىشنى ئېيتتى. بۇ ئەزىز پالۋانغا دۈشمەن كەلدى، دېگەن بەلگە ئىدى. ئاق پادىشاھ لەشكەرلىرى ئورمان ئوتتۇرىسىدىكى يولغا كىردى، غەربىي دەرۋازىغا ئەللىك ماڭدام يېقىنلاپ كەلدى. شۇ ھامان سېپىل ئۈستىدىن دۈركۈنلىگەن ئوق ئۈزۈلدى، يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىنمۇ ئوق ئېتىلدى. ئاجاۋۇزچى لەشكەرلەرنىڭ ئالدىنقى سېپى بۇزۇلدى. ئاق كىيىملىك سەركەردە يەرگە يىقىلدى، ئۇنىڭ ئاپئاق كالتە چاپىنى قىزىلغا بويالدى. ئورۇس لەشكەرلىرى ئورماننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئوق ئېتىۋاتقان لەشكەرلەرگە قاراپ باستۇرۇپ باردى. قاتتىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى. دەرەخ ئۈستىدىن قوش ئۇچۇپ كەلگەندەك بىر لەشكەر رۇس لەشكىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇلار يەرگە چۈشۈپ يۇمىداقلىشىپ كەتتى. ئورۇس قوشۇننى يەردىن ئېتىلىۋاتقان ئوق، دەرەخ ئۈچىدىن قىلىنىۋاتقان ھۇجۇم قايمۇقتۇرۇۋەتكەنىدى. بىر ئاش پىشىملىق جەڭدىن كېيىن رۇسلار چېكىنىدى. ئورمانلىق يەنە جىمجىتلىققا چۆكتى... ئەزىز پالۋان شېھىتلەرنى ئورماننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دۆڭلۈككە يىغقۇزدى، شەھەر

ئاھالىسىدىن پىدائىي بولۇپ كەلگەنلەردىن تۈزۈلگەن بىر يۈزلۈك كىشى بۇ ئىشنى بېجىرىپ بولۇپ رۇسلارنىڭ ئۆلۈكىنى سول تەرەپتىكى سازلىق كۆلگە تاشلىدى. ئىسسىق بولغاچ جەسەتلەرنى تېز كۆممىسە بولمايتتى. ئورۇس ئۆلۈكلىرى تېخى توشۇلۇپ بولمايلا، توپ گۈمبۈرلەپ، ئوقلىرى ۋىژىلداپ كېلىپ ئورمانلىقنى كۆككە ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. ھەر بىر چويۇن ئوق چۈشكەندە يەر سىلكىنەتتى، نەچچە ئون يىللىق يوغان تېرەكلەر يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلاتتى. دۈشمەننىڭ توپ ئوقلىرى ئورماننى قىرىپلا قالماي، بۇ ئورمان ئارقىلىق ئەزىز پالۋان لەكمە قوشۇننى قىرماقتا ئىدى. ئەلا پالۋان توپچىلارغا:

— ئېتىڭلار! — دەپ پەرمان بەردى.

توپلار ئېتىلدى، ئەمما نىشانغا يەتمىدى. بوشلۇقتا چۈشۈپ يولنى بۇزدى، خالاس. بۇنى كۆرۈپ ئەلا پالۋان قولىنى ئاچچىق بىلەن سىلكىدى، كۆرە تەرەپكە كۆز تىكتى. توپ ئوقى پۈتۈن ئورماننى ئوڭتەي - توڭتەي قىلماقتا، چويۇن ئوقلار توختىماي چۈشمەكتە ئىدى. ئەلا پالۋاننىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى. بۇ ياش ئىس - تۈتەك، توپا - چاڭدىن ئەمەس، بەلكى ئەزىز پالۋان ۋە ئۇنىڭ لەكمە قوشۇنى، قىران يىگىتلەر ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ پاجىئەلىك قىرىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىلاج قىلالمىغىنىدىن قۇيۇلغان ياش ئىدى. بۇ ئۇنىڭ مۇسىبەت يېشى بولۇپ، ئۇستازى ئابدۇرۇسۇل بەگ قەست قىلىنغاندىمۇ مۇنچە ياش تۆكمىگەن، مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان سۆيگىنى گۈزەل ئاغىچا دەريادا غەرق بولغاندىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنچە ياش قۇيۇلمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ يىغلاۋاتاتتى... خېلىدىن كېيىن توپ ئاۋازى ئۆچتى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئات دۈپۈرى ۋە رۇسلارنىڭ «ھۇررا» ساداسى ئاڭلاندى. ئەلا پالۋاننىڭ كۆزىدىكى ياش قۇرۇدى، ئەكس ھالدا كۆزلىرى غەزەپلىك ياندى. ئۇ ئەمىر شاھقا:

— ئېتىڭلار، ئوقنى ئايىماي ئېتىڭلار، توپلاردىن ئېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئۆزى ئىتتىك پەسكە چۈشۈپ بوز ئاتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنى شۇ ھامان ئۇنىڭ يېنىدا تىزىلىپ سەپ بولۇپ تۇردى. ئەلا پالۋان بوز ئاتقا سەكرەپ مىندى، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قوشۇنغا

يۈزلەندى ۋە ئۇنلۇك ئاۋازدا دېدى:

— دوستلىرىم، ھازىر بىز ھەل قىلغۇچ جەڭگە ئاتلىنىمىز، ئاق پادىشاھ مەلئۇنلىرىنى يا قىرىپ تاشلايمىز، ياكى ئۆزىمىز قىرىلىمىز. بىزگە مۇشۇ ئىككى يولنىڭ بىرى قالدى. بىز ئۆلسەك ۋەتەننى دەپ ئۆلىمىز، ئەۋلادلىرىمىز بىزنى ئەسلىگۈدەك، بىزگە رەھمەت ئېيتقۇدەك جەڭ قىلىپ ئۆلەيلى.

— ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلىمىز! — قوشۇن بىردەك شۇنداق جاۋاب بەردى.

— دەرۋازىنى ئاچ! — دەپ پەرمان بەردى ئەلا پالۋان.

دەرۋازىۋەن دەرۋازىنىڭ تۆمۈر ئىلگىكىنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. ئەلا پالۋان:

— ئەمىر شاھ، ئېتىشنى توختات! — دەپ پەرمان بەردى — دە، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېگىز كۆتۈردى. — خەلقىم مەدەتكار، ئالغا!

ئۇنىڭ بوز ئېتى ئاق پادىشاھنىڭ توپ ئوقىدىنمۇ ئىتتىك ئۇچۇپ چىقتى.

ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز زەربىسىنى كۈتمىگەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سېپى بۇزۇلدى، كەينىدىكى قوشۇنغا ئەزىز پالۋاننىڭ ساق قالغان ئازغىنە مەرگەنلىرى ئوق ئۈزدى. قىلىچۋازلىق جېڭى باشلىنىپ كەتتى. دۈشمەن قوشۇنى ھەقىقەتەن خىللانغان، قىلىچۋازلىققا ماھىر ئىكەنلىكىنى ئەلا پالۋان ھە دېگەندىلا بىلدى. ئۇ ئۆزىگە توغرىدىن توغرا قىلىچ ئوينىتىپ كەلگەن بۇرۇتلۇق بىر سەرۋازنى قىلىچلاۋېتىپ: «ھىم، بۇ نىكولاي پادىشاھنىڭ داڭلىق كازاك ئاتلىقلىرى ئوخشامدۇ؟» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ بايىقى كۆز ياشلىرى غەزەپ يالقۇنىغا ئايلاندى. ئۇ ئۆزەڭگىگە دەسسەپ تۇرۇپ ئالدىغا كەلگەننىمۇ، ياندىن ئۆتكەننىمۇ چېپىۋەردى... قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىركەمدە ئۇنىڭ قۇلىقىغا «تۇ — تۇتۇ — تۇ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە شۇ ھامان دۈشمەننىڭ ئاتلىق قوشۇنى كەينىگە قاراپ قاچتى. ئەلا پالۋان ئورنىدىن چىقىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، بوز ئاتنىڭ ئىزگىنىنى تارتتى، ئۇنىڭ

كەيىندىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان يىگىتلىرىمۇ توختاشتى. ئەلا پالۋان قوشۇننى قايتىشقا بۇيرۇدى. نۇردۇن قوشۇننى باشلاپ غەربىي دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. ئەلا پالۋان خاس يىگىتلىرى بىلەن ئورمانني ئارىلىدى. ئەزىز پالۋاننى ھېچيەردىن تاپالمىدى، جەسىتىمۇ يوق ئىدى. ئەلا پالۋان غەمكىن ھالدا دەرۋازىدىن كىردى. ئەزىز پالۋان قوشۇنىدىن ساق قالغان يۈزدەك لەشكەر چۈشكۈن ھالدا شەھەرگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئەلا پالۋان چالا - پۇ- چۇق ئاماق يېدى - دە، لەشكەرنىڭ سانىنى ئالدى. ئەزىز پالۋان قوشۇ- نىدىن بىر يۈز ئوتتۇز ئوت ئادەم ساق قالغان. ئۆزىنىڭ سەرخىل قوشۇنىدىن ئۈچ يۈز يىگىرمە ئىككى لەشكەر قۇربان بولغانىدى. ئەلا پالۋان:

— قوۋاش پالۋان لەشكەرلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كەلسۇن، — دەپ پەرمان بەردى.

تاڭ بىلەن تەڭ يەنە چويۇن ئوقلار چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ قېتىم بۇ چويۇن ئوقلار ئورمانغا ئەمەس، سېپىل ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە، يەنە كېلىپ لەشكەرلەرنىڭ چېدىرلىرىغا چۈشمەكتە ئىدى. ئەلا پالۋان:

— قوشۇن تارقالاشسۇن! — دەپ پەرمان بەردى.

— ماۋۇ ئەبلەخلەرنىڭ يامانلىقىنى، ئورماندا قوشۇنىمىز قالمىغىنىنى نەدىن بىلىدىكىن. قوشۇنىمىزنىڭ چۈشكەن يېرىنى بىلىۋاپتا! — دەپ ھەيران بولۇپ غودۇرىدى قوۋاش پالۋان.

— ھە، كالپاكوۋسكىي دېگەن گېنېرال خېلى بىلەرمەن نېمىدەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ توپچىلىرى مەرگەن ئىكەن. ئاتلىقلىرى ئەڭ خىللانغان كازاك ئوروس سەرۋازلىرى ئىكەن، — دېدى ئەلا پالۋان.

بۇ جەڭ ئەللىك كۈنگە يېقىن داۋام قىلدى. رۇسلار توپ جېڭى بىلەن قىلىچۋازلىق جېڭىنى ئۇزۇلدۇرمىدى. بۇ ئەلا پالۋان قوشۇننى ھالسىراتتى. شۇڭا، ئەمىرشاھ سورىماي تۇرالمىدى:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز سۇلتان؟ قوشۇنىمىزدا بارى - يوقى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر قالدى.

— ئاخىرغىچە، بىر ئادىمىمىز قالغۇچە جەڭ قىلىمىز. سەن چاپارمەن ئەۋەت، ئاشپەزلەر گۆش سالسۇن، ئەتكەنچاي تەييارلىسۇن. بۈگۈن دۈشمەن

جەڭنى توختاتمىغۇچە ئاچ قالىمىز. لەشكەرنىڭ تولۇق يېڭىلگىنى ياخشى، — دېدى ئەلا پالۋان.

بۇ قېتىم ئورۇسلار توپ ئوقىنى ئايىمىدى، چويۇن ئوقلار شەھەر ئىچىگىمۇ چۈشۈپ بىرمۇنچە ئۆيلەرنى ۋەيران قىلدى. بىرمۇنچە ئانا ـ بالا، بوۋاي ـ مومايلار ئۆلدى. ئەلا پالۋان دۈشمەنلەرنى: «رەھىمسىز، ۋەھشىي بۆرىلەر!» دەپ تىللىدى.

— سۇلتان، دۈشمەن ئاتلىنىقلىرى!

ئەلا پالۋان ئالدىغا قارىدى، دۈشمەن ئاتلىنىقلىرى يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى.

— ئەجەب ئىش، دۈشمەن توپتىن ئېتىشنى توختاتقاندىن كېيىن قوشۇننى ھۇجۇمغا سالىدىغان، بۇدازە... چاپارمەن، لەشكەرلەرنى يىغ! — دەپ ئەلا پالۋان سېپىلدىن چۈشتى، ئۇنىڭ كەينىدىن قوۋاش پالۋان، ئەمىرشاھمۇ بىللە چۈشتى.

ئەلا پالۋاننىڭ سەرخىل قوشۇنى يىغىلغۇچە دۈشمەن قوشۇنى دەرۋازىغا كېلىپ قالغانىدى. ئەمدى جەڭ سېپىل ئىچىدە بولىدى. ئورمانغا ئامراق ئۇيغۇرلار سېپىلنى چۆرىدىتىپ ئىچى ـ تېشىغا قويۇق ئورمان بەرپا قىلغانىدى. دۈشمەن توپلىرىدىن ئېتىلغان ئوق دەرۋازىنى بۇزدى، ئاتلار بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ئىسسىق قېنى ئېرىق بولۇپ ئاقتى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى دەرۋازىدىن بۆسۈپ كىردى، شۇ ھامان توپ ئاۋازى تىندى. ئەمدى ئەلا پالۋاننىڭ: «ئاللا مەدەتكار، ئۇر ـ چاپ!» دېگەن دەھشەتلىك ئاۋازى، قوۋاش پالۋاننىڭ: «ياۋنى ئاياۋسىز قىر!» دېگەن غەزەپلىك ئاۋازى، ئەمىرشاھنىڭ: «چاقىرىلمىغان مېھمانلارغا ئۆلۈم!» دېگەن ئاۋازى، «قىر، چاپ، ئۇر!» دېگەن سادالار، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قىلىچلارنىڭ «چاراق ـ چۇرۇق»لىرى توپ ئاۋازىدىنمۇ كۈچلۈك ئاڭلانماقتا ئىدى. ئەلا پالۋان ئۆزۈلمەي ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇننى كۆرۈپ: «ھىم، دۈشمەن بارلىق كۈچىنى ئىشقا ساپتۇ ـ دە» دەپ ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى ۋە ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە دۈشمەننى قىرىشقا قەسەمياد قىلدى. قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئەلا پالۋان چەبدەسلىك، چاققانلىق بىلەن

ئوق - سولغا قىلىچ ئۇرۇپ دۈشمەننى قىرىۋەردى. دۈشمەن ئاتلىق لەشكىرى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتىن قورقتى. ئەلا پالۋاننىڭ كۆزى نۇردۇننى قورشىۋالغان ئون نەچچە دۈشمەنگە چۈشۈپ بوز ئاتنى شۇ ياققا دېۋەتتى. ئۇ بارغان پېتى دۈشمەننىڭ يەتتە لەشكىرىنى چانىۋەتتى، نۇردۇنمۇ قالغىنىنى سەرەمجانلىدى. ئەمدى ئۇلارغا ئون نەچچە ئاتلىق تەك ئات سالدى. ئەلا پالۋان ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ چاناۋەردى، ئۇلاردىن بىر نەچچىسى ئاتتىن ئۇچتى، بۇنى كۆرۈپ قالغانلىرى قاچتى. ئەلا پالۋان ئۇلارنى قوغلاپ ماڭغانىدى، ئۇنىڭ بوز ئېتى تۇساتتىنلا يىقىلدى. ئەلا پالۋاننىڭ سول پۇتى ئاتنىڭ ئاستىدا قالدى، ئۇنى ئون نەچچە دۈشمەن لەشكىرى ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ بېسىۋالدى. ئەگەر پۇتى ئات ئاستىدا قالمىغىنىدا، ئەلا ئۆزىنىڭ پالۋانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى بىرمۇ بىر يەر چىشلەتكەن بولاتتى. ئەلا پالۋاننى باغلاۋاتقىنىنى كۆرگەن نۇردۇن ئۆزىنى دۈشمەن ئۈستىگە ئەرۋاندەك ئاتتى. بىراق، ئۇمۇ ئېتى بىلەن تەڭ يىقىلدى. ئۇرۇسلار ئەلا پالۋاننىڭ پۇتىنى ئات ئاستىدىن چىقىرىشىغا ئەلا پالۋان يۇلقۇنۇپ ئورنىدىن تۇردى. قولى باغلاقلىق ئەلا پالۋان بوز ئاتنىڭ يېنىغا كەلدى. يۈگۈندى:

— ئاھ! قەدىناس دوستۇم. سەن ئۆلگۈچە مەن ئاۋۋال ئۆلسەم بولماسمىدى؟ سەن مېنىڭ ئون يىللىق سىردىشىم، قانىتىم ئىدىڭ، سەن مېنى ئۇلۇغ دەريالاردىن، تىغدەك تەگرى تاغلىرىدىن، نى - نى مۈشكۈل سەپەرلەردىن، خەۋپ - خەتەر ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىققان تۇلپارىم ئىدىڭ، نى - نى جەڭلەردە باھادىرلىق كۆرسەتكەن پالۋان ئىدىڭ. ئىسىت. ئىسىت! مانا ئەمدى قانىتىمدىن ئايرىلدىم، قانىتىم سۇندى، سەن يىقىلدىڭ، ئېلى يىقىلدى! — دەپ بوز ئاتنىڭ كەڭ ماڭلىيىدىن سۆيۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ ھامان ئورۇسچە بىر سۆز قولىقىغا كىردى.

— ھەي - ھەي، تۇغرا ئېيتىسىز سۇلتان جانابلىرى، بۇ تۇلپارىڭىزنىڭ ئۆلگىنىگە مەنمۇ ئېچىنىمەن، ھەقىقەتەن قانىتىڭىز ئىكەن. غايىبتىن كەلگەن ئوق تېگىپ كەتتى — دە! سىزنىڭ باھادىرلىقىڭىزنى بىزنىڭ

پادشاھ ئالىيلىرىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. سولدات[1]لىرىڭىزنىڭ باھادىرلىقىنى كۆردۇق. سىزگە ئوخشاشلا باتۇر ئىكەن، پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك، ئەتىۋارلايدىغان ئىككى مىڭ كازاك سولداتىنى نابۇت قىلدى. مەن پۇتكول ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلغىنىمىزدىمۇ بىزگە بۇنداق زەربە بەرگەن قوشۇننى كۆرمىگەن. بۇ باھادىر سولداتلىرىڭىزدىن يارىلانغانلارنى دوختۇرلىرىمىز ساقايتىدۇ، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قويۇۋېتىمىز. ئەگەر خالىسىڭىز مەن پادشاھ ئالىيلىرىغا دېيىمەن، سىز بىزنىڭ ئىلىدىكى ئەمىرلەشكىرىمىز بولۇڭ. ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىمۇ سىزگە بېرىمىز. پادشاھ ئالىيلىرى رەھىمدىل.

ئەلا پالۋان بۇ يۇمشاق، سىلىق گەپ قىلغۇچىغا تا تىلماچ گېپىنى ئۆرۈگىچە كۆزىگە تىكىلىپ سەپ سالدى. ئۇنىڭ كۆك كۆزىگە، مۇرىلىرىدىكى پاگونىغا، ئاق كىيىمىگە، تاسما بىلەن باغلىغان بېلىگە، پۇتىدىكى قارا ئۆتۈككە، شاپ بۇرۇتىغا، قاسقان شەپكىسىگە نەپرەت بىلەن قارىدى. ئەلا پالۋان تىلماچ ئۆرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— ئەي ئاق پادشاھ سەردارى، نامەرد نېمە ئىكەنسەن. مەرد بولساڭ ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلىپ كەلمەس ئىدىڭ. ئوغۇل بالا بولساڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىپ كىرمەمسەن. ئەگەر شۇنداق قىلغىنىڭدا ئالدى بىلەن سېنىڭ كاللاڭ ئۈزۈلەتتى. بۇنى قارا ـ قارا يېزىسى بىلەن كەتمەن يېزىسىدىكى مەغلۇبىيىتىڭ ئىسپاتلايدۇ. مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم ھاياتلا بولىدىكەنمىز، سەنلەر بۇ يۇرتتا بىر كۈنمۇ تۇرالمايسەن. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سەنلەرنى قوغلاپ چىقىرىدۇ! — دېدى.

بۇ ئاق ئورۇس دەل كالپاكوۋسكىي ئىدى. ئۇ ئەلا پالۋاندەك سانسىز پالۋانلارنىڭ بۇنداق مەردانە گەپلىرىنى ئاڭلاپ قۇلىقى پىشىپ كەتكەن، شۇڭا بۇ ھەققانىي گەپلەرگە بۇرۇتنى ئەۋرەپمۇ قويمىدى. بەلكى بۇ بۇرۇتلار ئاستىدىكى لەۋلىرى ئېچىلىپ ھىجايدى ۋە يەنىمۇ مۇلايىم ئاۋاز چىقاردى:

---

[1] سولدات — ئەسكەر.

— سۇلتان جانابلىرى، سىز مېنى سەنلىسىگىزمۇ، تىللىسىگىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى، مەن سىزنىڭ كەلگۈسىدىكى بىر سولدىتىڭىز. بىز خەلقىڭىزگە مەدەنىيەت ئېلىپ كەلدۇق. ئەمدى يۇرتىڭىز ئاۋات بولىدۇ، تىنچ ياشايدۇ. مانجۇ خانىدەك سىز ئۇيغۇرلارنى بىز قۇل قىلمايمىز، توختى ئاتلىقنى دەرياغا تاشلىمايمىز. ھازىرچە مەن سولداتلىق سۆيتىم بىلەن پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرىمەن. پادشاھ ئالىيلىرى سىزنى ۋاقتىنچە ئائىلىڭىز ۋە سۆيۈملۈك رەپىقىڭىز بىلەن ئالماتا شەھىرى، يەنى سىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىڭىز ئورۇنلاشقان شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ كۆتۈشىمىزنى بۇيرۇدى، قالغان گەپنى پادشاھنىڭ پەرمانى بويىچە بىجىرىمىز!

— مەن يۇرتۇمدىن باشقا ھېچيەرگە بارمايمەن، چانامسەن، چاپامسەن، مەشەدە قىل، ھېچنەگە بارمايمەن! — دېدى ئەلا پالۋان ۋە بىردىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك كالپاكوۋسكىينىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، — ئەي نامەرد، سەن بايا تىخى خەلقىڭگە مەدەنىيەت ئېلىپ كەلدۇق، دەپ ۋالاقلىدىڭ. مەن ساڭا يۇنكول ئىلى خەلقى نامىدىن شۇنى دەپ قوياي، سېنىڭ ئاتالمىش تاجاۋۇزچىلىق مەدەنىيىتىڭنىڭ بىزگە كېرىكى يوق. سەنلەر بىزگە مەدەنىيەت ئەمەس، قان ئېلىپ كەلدىڭ. بىزنىڭ مول بايلىقىمىزنى بۇلاشقا، خەلقىمىزنى قۇل قىلىشقا كەلدىڭ. شۇڭا سەن ئاق پادشاھىڭغا ئېيت: ئەلا پالۋان قۇل بولمايدۇ، خەلقىممۇ قۇل بولمايدۇ! سەنلەرمۇ مەڭگۈ خوجايىن بولالمايسەن!

ئەمدى كالپاكوۋسكىينىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگىدى، بۇرۇتى تىك تۇرۇپ كەتتى، قوللىرى تىترىدى، ئۇ:

— بۇنى ئەكېتىڭلار! — دەپ پەرمان بەردى.

بۇ شىددەتلىك جەڭ ئەللىك بىر كۈن داۋام قىلدى، كالپاكوۋسكىينىڭ توپلىرى ئەلا پالۋان قوشۇنىغا مەغلۇبىيەت ئەكەلدى. 1871 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چارروسىيە قوشۇنى غۇلجا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇن قورغىلاڭچىلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى. نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە سۈرگۈن قىلدى.

## 4

كالپاكوۋسكي شەھەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن قوشۇنلىرىنى ئۈچ پەرگە ئورۇنلاشتۇردى. بىر قىسمىنى ھەرەمباغقا، بىر قىسمىنى تۆرەم مەھەللىسىگە، يەنە بىر قىسمىنى غەربىي دەرۋازا ئەتراپىدىكى قانلىق جەڭ بولغان ئورمانغا[1] ۋە خەنبىڭگە تورغۇزۇپ شەھەرنى ئىسكەنجىگە ئالدى. ئۇ غەربىي دەرۋازىدىكى ئورمانلىقتىن يۈرەك ئالدى بولۇپ قالغانىدى. توپ ئوقلىرىدىن قۇربان بولغان پالۋانلارنىڭ قايتا تىرىلىپ ئۆزلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلىشىدىن قورقاتتى. ئەلا پالۋان، شىبە ئاپئاق، ئوغلى باتۇرخان، نۇردۇن ۋە گۈلسۈملەرنى ھەرەمباغدىكى قوشۇنىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇردى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. كالپاكوۋسكىي ئاق پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئەلا پالۋاننى ئائىلىسى بىلەن ئالماتاغا يۆتكىمەكچى بولدى. ئەلا پالۋان تۇتقۇنلۇق ئازابىنى يالغۇز تارتىشنى، ئوغلى بىلەن شىبە ئاپئاقنى ئالتە سۇمۇلغا قويۇپ كېتىشنى لازىم تاپتى. ئۇ شىبە ئاپئاققا مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈردى:

— ئاپئاق، ئاق پادشاھ ئىختىلال ئوتىمىزنى ئۆچۈردى، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل زېمىنىنى بېسىۋالدى، مېنى تۇتقۇن قىلدى، ئەمدى مېنى ئالماتاغا ئېلىپ كەتمەكچى. سەن بولساڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ سېرىق تۇغلۇق ئامبىلىنىڭ قىزى، مەن بىلەن كېتەمسەن ياكى قالامسەن؟

— پالۋىنىم، بىر ئاتقا ئىككى ئېگەر توقۇغاننى كۆرگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى شىبە ئاپئاق.

— بۇنداق ئىشنى كۆرمىگەن.

— بىر ئاتقا ئىككى ئېگەر توقۇغاننى كۆرمىگەن بولسىڭىز، بىر ئايالنىڭ ئىككى ئەرگە تەگكىنىنى كۆرگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاپئاق يەنە.

---

[1] بۇ ئورمانلىق 1920 - يىلىدىن باشلاپ ئۆيلەر سېلىنىپ نوۋگورود (يېڭى شەھەر) بولدى.

— مېنى دەپ ئاتا ـ ئاناڭدىن كېچىپ كەتسەڭ بولماس، بىز يەنە يۇرتىمىزغا كېلەلەيمىزمۇ ـ يوق، بۇنى ئاللا بىلىدۇ. شۇڭا سېنىڭ ئۇۋۇلىڭغا قالماي دەيمەن. مەن شۇ تاپتا قەپەسكە سولانغان يولۋاس. — دېدى ئەلا پالۋان غەمكىن هالدا.

— مەن سىزگە «مەڭگۈ بىللە ئۆتىمەن» دەپ تەگكەن، ئەمدى سىز تاغقا چىقسىڭىز تاغقا، چۆلگە بارسىڭىز چۆلگە بارىمەن!

— ئەلا پالۋان بۇ سادىق رەپىقىسىگە ئىچىمۇ ئامراقلىقى كەلدى، ئۇنى باغرىغا بېسىپ چاچلىرىنى سىلىدى. ئەتىسى ئۇلارنى ئالماتاغا يالاپ ئېلىپ ماڭدى.

پېتېربۇرگ بېيىپىڭغا «ئىلى ئېلىنىدى» دەپ خەۋەر قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ . كۈنى خان: «روسىيە لەشكەر چىقىرىپ ئىلىنى بىزگە ۋاكالىتەن ئېلىپ ردى» دەپ يارلىق چۈشۈردى. ئەلا پالۋاننى ئالماتانىڭ چېتىدىكى بىر روغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەلا پالۋان شۇ قورۇدا نەزەربەند ئاستىدا قورغان سالدى. كېيىن بۇ قورۇ «سۇلتان قورغان» دەپ ئاتالدى. ئاق پادىشاهنىڭ پەرمانى بويىچە ئەلا پالۋاننىڭ سىرت بىلەن ئالاقىسى چەكلەندى.

كۈنلەرنى قوغلاپ ئايلار ئۆتتى، يىللار ئۆتتى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۇزاق يىللاردا شىبە ئاپئاق زېرىكتى. ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ سارغايدى. يەنە بىر ئوغۇلمۇ تۇغدى. ئۇ باللىرى بىلەن مېلىكە بولۇپ بۇ ئۇزاق يىللارنى ئۆتكۈزدى. بىراق، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نېمە بولغىنىنى، قېرىنداشلىرىنىڭ هالىنى كۆرگۈسى، بىلگۈسى كېلىپ چىرايى ساماندەك سارغايدى. سۇلتان قورغان ئۇنىڭغا زىنداندىنمۇ بەتتەر كۆرۈنەتتى، ئەلا پالۋان، باللىرى ۋە باغچىدىكى ئۆستۈرگەن گۈللىرىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. بىراق، بۇ بىر مەزگىللىك ئىدى. بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا شىبە ئاپئاق لەگمەندىن بىر ـ ئىككى چوكا يېدى ـ دە، ئۇياققا بىر، بۇياققا بىر ئۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەلا پالۋان بىردىنلا رەپىقىسىنىڭ تاماق يېمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمىشقا تاماق يېمەيسەن، بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

شبە ئاپئاقنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە لىممىدە ياش كەلدى. ئۇ:
— سىزنى دېمىسەم بۇ پەقىرخانىدا بىر كۈنمۇ تۇرغۇم يوق. ئاتا - ئانام كۈندىلا چۈشۈمگە كىرىدۇ. ئۇلتۇرسام - قوپسام كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بىر ئىلاجىنى قىلسىڭىز، يۇرتقا بېرىپ كەلسەك. ئاتا - ئانام بىلەن دىدار-لىشمۇالسامىلا بولاتتى. — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.
ئەلا پالۋان ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ مىرزا قاماقتىكى مىسكىن كۆڭلىگە ئارام بېرىپ كەلگەن بىردىنبىر مەلىكىسى شىبە ئاپئاق ئىدى. راست، بۇ سۆيۈملۈك رەپىقىسىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆرمىگىنىگە ئۇن يىلدىن ئاشتى. قۇشمۇ ئۇز ئۇۋىسىنى قەدىرلەيدىغۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىنى تولا ئويلاپ كېسەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. گوبىرناتورغا دېگۈزۈپ باقاي. ماڭا ئىجازەت بەرمىگەن ھالدىمۇ شىبە ئاپئاققا ئىجازەت بېرەر، دېگەن يەرگە كېلىپ، شىبە ئاپئاققا:
— ئاپپىقىم، سەن ئىسسىق يۇرسەڭ مەن توڭلىمايمەن. سەن خاپا بولساڭ مەنمۇ خاپا بولىمەن. سەن خۇشال بولساڭ مەنمۇ خۇشال بولىمەن. مەن بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي. — دېدى.
ئەلا پالۋان ئەتىسى ئاشۇر بەگكە بۇ ئەھۋالنى ئېيتتى. ئاشۇر بەگ سۇلتان قورغانىنىڭ نازارەتچىسىگە مەلۇم قىلدى. نازارەتچى ئەلا پالۋاننىڭ تەلىپىنى گوبىرناتورغا يەتكۈزدى. گوبىرناتور دەسلەپ شىبە ئاپئاقنىڭ يۇرتىغا بېرىپ كېلىشىگە ماقۇل بولدى. تۇرۇپلا يەنە كاللىسىغا بىر پىكىر كېلىپ، قايتىشقا تەرەددۇتلەنگەن نازارەتچىنى توختىتىپ:
— ئاشۇر بەگكە ئېيت، ئەلا سۇلتان ئائىلىسىنى چىڭ ئېلىپ ئۆزى ئېلىپ بارسۇن. ئاشۇر بەگ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشسۇن. سۇلتاننىڭ سەپەر تەييارلىقىغا كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن قامدىغىن. ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ، — دېدى.
ئاشۇر بەگ بۇ خۇش خەۋەرنى ئەلا پالۋانغا ئېيتىپ قويۇپلا گوبىرناتورنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. ئەلا پالۋان بۇ خەۋەرنى شىبە ئاپئاققا ئېيتقاندا ئۇ شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى.

## 5

ئەلا پالۋان خانتەڭرى چوققىسىنى، دوستى توقمۇلەك بەگ، ۋەلى بايلارنى بەك سېغىنغانىدى. ئۇنىڭغا ۋەلى بايدىن مەكتۇپ كەلگەن، ۋەلى باي مەكتۇپىدا يۇرتقا كېلىپ ـ كېتىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ خانتەڭرى چوققىسىنى كۆرۈشكە بېرىش، يولدا توقمۇلەك بەگنى ئىزدەپ تېپىشنى ئويلىدى. ئۇ گوبېرناتورنىڭ ئىجازەت ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ كۆرۈۋالمىسا، ھەرگىز كۆرەلمەيدىغىنىنى بىلەتتى. مۆرىتى كەلسە شىبە ئاپئاقنى ئانا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، توقمۇلەك بەگ بىلەن بىللە جەڭ قىلماقنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇ نىيەتتە ئۇ غەربكە يول ئالدى. ئاشۇر بەگ ئۇنىڭغا:

— ئەلا سۇلتان، بىز غالجات ئارقىلىق ماڭايلى، غەرب بىلەن ماڭساق كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ، — دېدى.

— مەن كىچىكىمدىن ئۇۋغا ئامراق ئىدىم. شۇ تاپتا ئۇۋچىلىق خۇمارىم تۇتۇپ كەتتى. شىبە ئاپئاقمۇ ئوقيا بىلەن ئوۋ ئوۋلاشقا ئامراق. بىز خانتەڭرى ئەتراپىدىكى تاغ ـ ئورمانلاردا ئوۋ ئوۋلىغاچ ماڭماقچى. ۋاقىت يېتىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداقتا بەك كېچىكىپ قالىمىز، ھەر نەرسىنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ.

— گوبېرناتور بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا قايتىپ كەلسەم بولمامدىمۇ، ساڭا نېمىتى؟! — دەپ ۋارقىرىدى ئەلا پالۋان.

ئاشۇر بەگ ئۇنىڭ بۇ غەزەپلىك ۋارقىرىشى ۋە قولىنى قىلىچقا ئاپىرىشىدىن قورقۇپ ئۇندىمەلمىدى. ئەلا پالۋان بۇ قىلىچنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى، دائىم دەستىسىنى تۇتۇپ قوياتتى. بوز ئات ئوق يەپ يىقىلغاندا قىلىچنى ئېلىۋالماقچى بولغان رۇس سەركەردىسىگە: «بۇ مېنىڭ دادامدىن قالغان بىردىنبىر يالدامان، ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئال» دەپ ۋارقىرىغان، سەركەردە كالپاكوۋسكىيغا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلغانىدى، ئۇ:

«كېرەك يوق، بىر قىلىچ بىلەن قولىدىن نېمە كېلەتتى» دېگەن، شۇنىڭدىن بېرى ئەلا پالۋان بۇ قىلىچنى يېنىدىن ئايرىماي يۈرگەنىدى.

ئەلا پالۋان، نۇردۇنلار قىلىن ئورمان، ساي ـ سالالارنى كېسىپ ئۆتمەكتە، يول ئەگرى ـ توقاي، يىلان يولى ئىدى. ئەلا پالۋان كىچىك ئوغلىنى ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىۋالغان، باتۇرخان بىر ئاتقا مىنىۋالغان، بېشىر بەگ ئىككى ئاتنى، نۇردۇن ئىككى ئاتنى يېتىلىۋالغان، بۇ ئاتلارغا چېدىر، يېمەكلىكلەر، قاچا ـ قومۇچلار ئارتىلغانىدى. ئۇلارغا يولبويى ھەرخىل ھايۋانلار ئۇچراپ تۇراتتى. تېكىلەر تاغ بېشىدا تۇرۇپ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ سەپەرچىلەرگە قاراپ قوياتتى. بۆرىلەر يىراقتىن مارىشاتتى، توپ ـ توپ بۇغا ـ ماراللار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قويۇندەك يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا ئەلا پالۋان قوللىرىنى ئىشقىلاپ ئارمان قىلاتتى:

— ھەتتىگىنەي، ھېلىقى ئورۇس دېگەن مەتۇ بىر تال مىلتىقمۇ بەرمىدى، مىلتىق بولغاندا يۇرتقا بارغۇچە ئويناپ بارار ئىدۇق.

ئۇنىڭ ئارمىنىنى قۇشلار ئەمەلگە ئاشۇردى. ھەرخىل قۇشلار ئۆز تىللىرىدا: «پالۋاننى قارشى ئالىمىز» دېگەندەك سايرىشاتتى، ناخشا ئېيتىشاتتى. ئۇلار زاۋال ۋاقتىدا قارىغايلىق ئاستىدا قوندى. سەھەر قوپۇپ ناشتا قىلدى. ئۇلارنىڭ ناشتىسى ئاددىي بولدى: نۇردۇن ھەممىدىن بۇرۇن قوپۇپ قۇرۇق ئوتۇن يىغىپ كەلدى، ئۈچ تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوتۇنلارنى سالدى ـ دە، چاقماق تاشنى بىر ـ بىرىگە ئۇردى، ئۇنىڭدىن چىققان ئوت ئۇچقۇنى پاختىسىغا چۈشۈپ كۆيدى. نۇردۇن ئۇنى بوش پۈۋلىدى، پاختا ياندى، قۇرۇق ئوتۇنغا پاختىنى قويۇپ پۈۋلەپ ئوتۇننى تۇتاشتۇردى. ئاڭغىچە سايدىن قۇم چۆگۈندە سۇ كۆتۈرۈپ چىققان گۈلسۇم ئۈچ تاشنىڭ تۆپىسىگە قۇم چۆگۈننى قويۇپ، ئاندىن چىملىققا پالازنى سالدى، ئۈستىگە داستىخاننى سېلىپ قۇرۇتقان مايلىق توقاچ، مەشكە ماي قويدى. ئاڭغىچە نۇردۇن ئوتۇننى ئۇلغايتىپ قالاپ چۆگۈننى قاينىتىپ بولدى. گۈلسۇم چۆگۈنگە تاش چاي سالدى، بىرلا ئۆرلەتتى، نۇردۇن چۆگۈننى كۆتۈرۈپ داستىخان يېنىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئەلا پالۋانلارنى چايغا چاقىردى. ئەلا پالۋان تاغ چوققىسىغا چىقىپ ئىتتىك چۈشۈپ كەلدى. ئۇ سايىنىڭ مۇزدەك سۈيىدە راھەتلىنىپ

يۈيۈندى ـ دە، داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار قىزىق پاراڭلار بىلەن چاي ئىچىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئاشۇر بەگلا گەپ قىلمايتتى. بولۇپمۇ قونغان يەردە پاراڭ قىزىپ كېتەتتى. ئۇلار گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشاتتى. نوردون ھېكايىسىنى باشلايتتى. ئورۇس لەشكەرلىرىنى قانداق يوقاتقانلىقى ھەققىدە قىزىق قىلىپ سۆزلەيتتى. ئەلا پالۋاننىڭ ئۇ يەردىكى باتۇرلۇقىنى ماختايتتى. بۇ چاغدا ئەلا پالۋان:

— تولىمۇ ئاشۇرۇۋەتتىڭ، لەشكەرلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇقىنى سۆزلە، — دەيتتى.

ئۇنىڭ ئوغۇللىرى نوردوننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى ۋە ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالاتتى. بىر ئادەم جېسەكچى بولاتتى. قالغانلىرى چېدىرغا كىرىپ ئۇخلايتتى. يېرىم كېچە بولغاندا ئەلا پالۋان چىقىپ نوردوننى ئۇخلاشقا كىرگۈزۈۋېتىپ ئۆزى جېسەكچىلىك قىلاتتى. ئۇلار باشقا نەرسىدىن ئەمەس، بۆرىدىن، ئاتلارغا بۆرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ جېسەكچىلىك قىلاتتى. ئۇلار بەشىنچى كۈنى گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشتى، نوردون كالپاكوۋسكىينىڭ يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلغىنىنى ئەمدى سۆزلەشكە باشلىغاندا، ئات دۈپۈرى ئاڭلاندى. ھەممە ئورنىدىن قوپتى، ئات دۈپۈرى كەلگەن تەرەپكە قاراشتى. قاراڭغۇدا نۇرغۇن قارا كۆلەڭگىلەر كۆرۈندى. ئەلا پالۋان قولىنى قىلىچىغا ئاپاردى، شىبە ئاپئاق بىلەن گۈلسۇم قورقۇشۇپ بالىلارنى يېتىلەپ چېدىر ئىچىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. كۆلەڭگىلەر يېقىنلاشتى، توختىدى ۋە تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:

— بۇ قونالغۇغا چۈشكەنلەر كىم؟

— توقمەك بەگ! — دەپ خۇشال ۋارقىرىۋەتتى ئەلا پالۋان.

— ئەلا پالۋانمۇ، راستىنلا ـ ھە ! ـ توقمەك بەگ بىر ئىشنىپ بىر ئىشەنمەي ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ گۈلخاننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ گۈلخان يورۇقىدا قارا بۇرۇتلۇق، قارا ساقاللىق، گەۋدىلىك، زەبەردەس ئادەمنى كۆرۈپلا قۇچاق ئاچتى ۋە ھاياجان بىلەن:

— راست ئىكەن، ئەلا پالۋان ئىكەن! چۈشۈمىمۇ، ئوڭۇممۇ! — دېدى.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقاندا باشقا كۆلەڭگىلەرمۇ يېتىپ كەلدى.

نۇردۇن بىر نەچچىسى بىلەن قوچاقلىشىپ كۆرۈشتى. گۈلخان ئەتراپنى ئاجايىپ شادلىقتا چۆمۈلدى. بۇ شادلىقتىن ئاشۇر بەگلا بەھرىمەن بولالمىدى.

— مانا قارىسىلا، خۇدايىم نىيىتىمگە يەتكۈزدى. يول بويى ئەتراپ تاغلارغا، ئورمانلارغا قاراپ كۆزۈم تېشىلىپ كەتكەنىدى. — دېدى ئەلا پالۋان كۈلۈپ.

— نىيەتلىرى ئۇلۇغ - دە. كۆڭۈل يوگۇرۇك كېلىدۇ ئەمەسمۇ.

— قېنى، چېدىرغا مەرھەمەت! — دەپ ئەلا پالۋان ئۇلارنى ئۆز چېدىرىغا باشلىدى.

شىبە ئاپئاق توقلەك بەگكە ئېگىلىپ سالام قىلدى. تىنچلىق سوراشتى. ئەلا پالۋان توقلەك بەگنى پالاز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار قايتا - قايتا ئامانلاشتى. ئەلا پالۋان قورغاندا قەپەستىكى شىردەك تولغىنىپ ئۆزۈن يىللارنى ئۆتكۈزگىنىنى، بۈگۈن يۇرتنى كۆرۈپ كېلىشكە ئاتلانغىنىنى سۆزلەپ بەردى ۋە توقلەك بەگدىن سورىدى:

— ئۆزلىرىدىن سورىساق، ئاق پادىشاھقا قارشى جەڭ قىلىپ يۈرگەنلىرىنى ئاڭلىدىمۇ، سىلىنى كۆرەلمىدىم.

توقلەك بەگنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، كۆكرىكىدىن چوڭقۇر بىر «ئۇھ» دېگەن يالقۇن چىقتى. ئۇ چايدىن بىر سومۇرۇپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— سىلىنىڭ پەرمانلىرى بىلەن يېزامغا كەلدىم، ئاق پادىشاھ لەشكەرلىرى چوڭ كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقانىكەن. بىر كېچە - كۈندۈز قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتۇق. توپ ئوقلىرى تۆگەپ كەتتى. ئەگەر بۇ جانۋارلارنىڭ ئوقى بولغىنىدا ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغان بولاتتۇق.

ئۇ جىم بولۇپ قالدى، نۇردۇن ئۆيگە كېيىك گۆشى ئەكىردى:

— قېنى پالۋان، ئۇۋ گۆشلىرىنى سېغىنىپمۇ قالغاندىلا. — دېدى توقلەك بەگ. — بايا كېلىۋاتساق بىر توپ كېيىك قېلىۋىدى. تۆتنى ئېتىۋالدۇق. بىزنىڭ يېمىكىمىز كۆپ چاغلاردا ئۇۋ گۆشلىرى بولىدۇ.

ئەلا پالۋان ئىشتىھا بىلەن گۆشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇ:

— پاھ - پاھ، بۇ جانۋارنىڭ گۆشى قالتىس ئەملىك جۇمۇ! — دېدى.

شبه ئاپئاق ئوغۇللىرىغا گۆش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئالدىرىماي چاپناپ يەڭلار، دەيتتى ۋە ئارىلاپ ئۆزىمۇ گۆشتىن ئاغزىغا سالاتتى. ئەلا پالۋان گۆش يەپ ئولتۇرۇپ توقىلەك بەگدىن سورىدى:

— خوش، كېيىن قاياققا چېكىندىڭلار؟

— مۇشۇ تاغلارغا كىرىۋالدۇق، — كەتمەن، غالجاتتىكى بارلىق چارۋىنىمۇ ئاچىقىپ كەتتۇق. شەھەرگە چارلىغۇچى ئەۋەتىپ، ئاق پادىشاھنىڭ بىزگە قارشى نىمە چارىلەرنى قوللىنىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇردۇم. بىر مەزگىل ئۆتۈپ، ئورۇس لەشكەرلىرى كەتمەندىن كەتتى. بىز يەنە كەتمەنگە بېرىۋالدۇق، ئۇلار كەلسە يوشۇرۇن زەربە بېرىمىز — دە، تاغقا چىقىپ كېتىمىز، ئۇلار كەتسە كەتمەنگە كىرىۋالىمىز.

— سىلى ھازىرمۇ ئورۇسلار بىلەن ئېلىشىۋاتامدىلا؟

— بىزنىڭ غالجاتقا بىر يۈزلۈك سولدات چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى مېنى ۋە مېنىڭ جەڭچىلىرىمنى قورالسىزلاندۇرۇش ئىكەن. مەن ئۇلارغا: «قوراللارنى ئەتە يىغىپ بېرەي» دەپ ۋەدە بەردىم. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇخلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز باستۇرۇپ بېرىپ كۆپ قىسمىنى جېنىدىن جۇدا قىلدۇق. قېچىپ كەتكەنلەر گوبىرناتورغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان بولسا كېرەك، ھەپتىدىن كېيىن سەككىز يۈزچە ئەسكەرنى ئەۋەتتى. قارىسام، ئۇلار بىلەن تەڭ كېلەلمىگۈدەكمىز. شۇنىڭ بىلەن تاغقا چىقىپ كەتتۇق. پەيت تاپساقلا بۇ ئۈچ يېزىدىكى ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىمىز. ئۇرۇق — تولۇك، ئوقتا ئىگە بولۇۋېلىپلا تاغقا چىقىۋالىمىز. بىزنىڭ كۈنىمىز مانا شۇنداق ئۆتۈۋاتىدۇ.

ئەلا پالۋان شبه ئاپئاقنى چېدىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قاراپ تۇرۇشقا جورىدى. شبه ئاپئاق ئىشىكتىن چىقىپلا:

— ۋاي! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئەلا پالۋان ئىتتىك سىرتقا چىقتى. بىر قارا كۆلەڭگە قويۇندەك يۇگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ سىڭىپ كەتتى. گۇلخانلار ئەتراپىدا بىر نەچچە يۈز ئادەم خۇشال پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئەلا پالۋان شبه ئاپئاققا:

— بىردەمگە قاراپ تۇرغىن، بايىقى ئاشۇر بەگ، ئۇ ئوغرىلىقچە گەپ ئاڭلاپتۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلىدىغىنىنى بىلىپ سېنى قاراپ تۇرۇشقا جورىغان. ئۇ يەنە كەلسە دەرھال چېدىرغا كىر، — دەپ قويۇپ كىرىپ كەتتى.

ئۇ توقىلەك بەگكە يېقىن ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. توقىلەك بەگنىڭ چېھرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ قولىنى قاتتىق سىقىشتى.

## 6

ئەتىسى ئۇلار بىرلىكتە چاشكاھغىچە سەپەر قىلدى. بىردىنلا ئەلا پالۋان ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ مەنزىرە كۆچلۈك نۇر چىراي ئاچقانىدى: بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن ياپيېشىل ئېگىز تاغلار، قېلىن ئورمانلار ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ يوغان بىر گۆھەر نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇ كۆك ئاسمانغا ئۇچلۇق بېشىنى تىرەپ تىككىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۇچلۇق بېشىدىن تارتىپ يوغان بويىغىچە تۇرغان مەڭگۈ كەتمەس قار- مۇز قۇياش نۇرىدا گۆھەردەك ئەكس نۇر چىقىرىپ تۇراتتى. بۇنىڭ پەسرەك يېرى قارامتۇل رەڭ ئالغان، يان باغرى ئاجايىپ كۆركەم يېشىللىق ئىدى. بۇ يېشىللىق ئەلا پالۋانلار تۇرغان يەرگىچە سوزۇلغانىدى. يېشىللىق پەسلىگەنسېرى تەبىئىي ئالمىلىق باشلىناتتى. ئاشۇ ئەكس نۇر تارقىتىپ تۇرغان گۆھەردىن ئېقىپ چۈشكەن سۇلار ساي - سايلاردا ئۇلۇغ سۇ بولۇپ ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلاتتى. ئالمىلىق تەبىئىي باغقا چۈشكىچە قارىغاي، قېيىن، تاغ تېرەكى قاتارلىق خىلمۇخىل چىرايلىق دەرەخلەر بىلەن كۆمۈلگەنىدى. بۇ كۆرۈنۈشلەردىن ياراپ كەتكەن ئەلا پالۋاننىڭ كۆڭۈل - كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مانا شۇ گۈزەل دىيار يېتىشتۈرگەن، تاۋلىغان بىر يۈز يىگىرمە يەتتە پالۋان كەلدى... . ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى بىر ئىللىق ئېقىم ئىگىلىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئوڭ قولىنى نۇر چېچىپ تۇرغان گۆھەرگە سۇنۇپ خىتاب قىلدى:

يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتىم، گۈزەل باغرىڭدا خانتەڭرىم.
ئۆزۈڭ سەن چىن مۇقەددەس، تۇپرىقىڭ ھەم جانۇ دەرمانىم.
كۈمۈشتەك يالتىرار باشىڭ، قۇياش نۇر چاچسا ئۈستۈڭدە،
كېچە چولپانغا ھەمراھ بولۇپ يانار باغرىڭدا گۈلخانىم.
باھاردا گۈل - چىمەن ئىچرە بويۇڭ جەننەتكە ئوخشايدۇ،
قەھرىتان ئەۋجىنى يەڭگەي ھامان جەڭگاھتا چوقانىم.
سىنىڭ چىمدىم تۇپاڭ زەردىن، سىنىڭ گۆھەرگە تەڭداشتۇر،
سۆيۈڭدۇر مەۋج ئۇرۇپ گويا تومۇردا ئوخچىغان قانىم.
رەزىل قولنى ئاق پاشا[1] ساڭا سوزماقنى قەستلەپتۇ،
ئۇنى كۆل ئەيلىمەك ئىستەر يۈرەكتە قەھر ۋۇلقانىم.
ئېلىپ ئوق قولنى كۆكسىمگە ساڭا ئالىي سالام دەيمەن،
كى ئەلا قەلبىدە سەن - سەن يىقىلماس سۆيگۈ سۇلتانىم.

بۇ ئەلا پالۋاننىڭ خانتەڭرى چوققىسىغا بېغىشلىغان يۈرەك سۆزى، مۇھەببىتى، ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈ ئىزھارى ئىدى.

خانتەڭرى ھەقىقەتەن ئاجايىپ تىك، زىبا چوققا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ خانى ئىدى.

— ئاتا، دادام كىمگە سۆزلەۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەلا پالۋاننىڭ كىچىك ئوغلى.

ئەلا پالۋان ئوغۇللىرىغا تەڭرىتاغلىرى ۋە خانتەڭرى چوققىسى ھەققىدە ئاددىي ساۋات بەرگۈسى كېلىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ چوققا تەڭرىتاغلىرىنىڭ گۈلتاجى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ دائىرىسى كەڭ، — ئۇ غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلۇپ ياتقان چەكسىز تاغ بەلۋېغىنى كۆرسەتتى، — ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مىڭ بەش يۈز چاقىرىمدىن. ئوتتۇرىچە كەڭلىكى ئالتە يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق. ئۇ ناھايىتى جىق پۈرمە تاغ

---

[1] ئاق پاشا — چارروسىيە پادشاھىنى دېمەكچى.

تىزمىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئۈستى دائىم قار- مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي چوققىسى غەلىبە چوققىسى بولۇپ، ئېگىزلىكى يەتتە مىڭ تۆت يۈز ئوتتۇز توققۇز مېتىر. ئىككىنچى ئېگىز چوققا بولغان خانتەڭرىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مىڭ توققۇز يۈز توقسەن بەش مېتىر، ئۇنىڭدىن ھەر تەرەپكە قارلىق تىزمىلار سوزۇلۇپ كەتكەن. مۇزلۇقلىرى كاۋكاز ۋە ئالپ تاغلىرى مۇزلۇقلىرىدىن بىر نەچچە ھەسسە چوڭ. تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي قىسمى تەكشى تاغلىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالغان، غەربىي قىسمىنى خېلى چوڭقۇر ۋادىلار كېسىپ ئۆتىدۇ. يان باغرىلىرىدا قېلىن قار بىلەن قاپلانغان مۇزلۇقلار بار. بۇ قار- مۇزلار ئېرىپ مەرۋايىتتەك تامچە سۇلارغا ئايلىنىدۇ. تامچە سۇلار قوشۇلۇپ ئېرىق - ئېرىق سۇ بولۇپ، قاپتاللار، جىرالار، ئىدىرلارغا چۈشۈپ ساي ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سايلاردىن چىققان سۇلار تۈپتۈز كەتكەن شوتا يېزىسى تۈزلەڭلىكىدىكى بۇلاق بېشىغا كېلىپ قوشۇلۇپ ئۇلغىيىدۇ. بۇ ئۇلغايغان شوخ سۇنى ئىلىلىقلار تېكەس دەرياسى دەپ ئاتايدۇ. تېكەس دەرياسى قاپچىغاي قىسمىدىن ئۆتكەندە، موخۇر سېيىنىڭ سۈيى قوشۇلۇپ كۈنەس دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. توققۇز تارانىڭ مۇنبەت يېرىگە كەلگەندىن كېيىن ئىلى دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. مانا شۇ خانتەڭرى مۇزلۇقلىرى، قېلىن قارلىرىدىن پەيدا بولغان مەرۋايىت سۇلار ئىلى ۋادىسىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، ئۇ يەرلەرنى يېشىل ۋادىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ يېشىل ۋادىدا ئالتۇن دانلار چىقىدۇ، مىليونلىغان ماللار يايرايدۇ. قۇشلار سايرايدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىز مانا شۇنداق گۈزەل ۋە ئېسىل بالام. خانتەڭرى مانا شۇ گۈزەل تاغلارنىڭ خانى.

— كۆزۈمنى چېقىپ كەتتى. — دېدى ئوغلى.

— ئەمىسە ئاپاڭنىڭ ئېتىكىگە كىرىۋال، — دېدى ئەلا پالۋان.

ئارقىدىن توقىلەك بەگكە، — ئەگەر سىزنىڭ زورۇر ئىشىڭىز ياكى يۇرۇشىڭىز بولمىسا مەشەدە بىر نەچچە كۈن ئوۋ ئوۋلايلى. — دېدى.

— سۇلتان، گوبېرناتورنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقتى...

توقىلەك بەگ ئاشۇر بەگنىڭ گېپىنى كەسكىن بۆلۈۋەتتى:

— گوبېرناتورىڭغا مەن جاۋاب قىلىمەن. بېرىپ ئۇنىڭغا، توقىلەك بەگ

دېگەن باندىت سۇلتاننى تۇتۇۋالدى، دەپ ئېيت!

ئاشۇر بەگ قورقۇپ بىر نەچچە قەدەم كەينىگە داجىدى.

— مىراپ، چېدىرىڭلارنى تىكىڭلار، ئەتراپقا جىبسەكچىلەرنى قويۇڭلار، قازان ئېسىڭلار! — دەپ پەرمان بەردى توقمەك بەگ.

7

— خەير - خوش ئاكام ئاغىنەم، ۋەدىمىز ۋەدە بولسۇن. — دېدى ئەلا پالۋان توقمەك بەگنى قوچاقلاپ ۋە قولىقىغا پىچىرلىدى. — جەڭ مەيدانىدا دىدارلىششىمىزغا ئاللا نېسىپ قىلغاي!

توقمەك بەگ كۆزلىرى ياشقا تولغان هالدا ئۇلارنى ئۇزىتىپ قالدى.

ئەلا پالۋان شۇ ماڭغىنىچە غالجاتقا كەلدى. يېزىلىقلاردىن هال سورىدى، قېرىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ مۇڭداشتى. توقمەك بەگنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى، سوۋغىلىرىنى تاپشۇردى. ئەگەر ئاشۇر بەگ ئالدىراتمىغىنىدا يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرغۇسى بار ئىدى. ئۇلارنى غالجاتلىقلار خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئۇلار ئالتە سۇمۇلغا كەلگەندە سۇمۇل تەنتەنىگە چۆمدى. سۇمبا ۋە ئۇنىڭ ئايالى، باللىرى شىبە ئاپئاقنى يىغلاپ، كۈلۈپ كۈتۈۋالدى. شىبە ئاپئاق ئۆزىنى ئاپىسىغا ئاتتى، قۇچاقلاشتى، خۇشاللىق كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. سۇمبا قېرىپ مۈكچىيىپ قاپتۇ، ئاپىسىمۇ ئارانلا ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئەلا پالۋان بۇ قېرىلىقنى شىبە ئاپئاقنى سېغىنىپ تولا يىغلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشەندى. ئەلا پالۋاننىڭ ئالتە سۇمۇلغا كەلگىنىگە ئۈچ كۈن بولغاندا غۇلجا شەھرىدىن يار - بۇرادەرلىرى، تۇغقانلىرى، يېزىلىقلىرى كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى، مۇڭداشتى. شەھەردىكى ئەمەت خورىنچى بەگ ئەلا پالۋاننى ئۆيىگە ئەكەتتى. ئەلا پالۋاننى هەر كۈنى بىر ئادەم ئۆيىگە چاقىردى، هەر كۈنى دېگۈدەك مەشرەپ قايىنىدى. هايت - هۇيت دېگۈچە گوبىرناتور بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت توشتى. ئەمدى ئاشۇر بەگ نېمىشقىدۇر، ئەلا پالۋاننى ئالدىراتمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئەلا پالۋان هەم

ئەجەبلەندى، ھەم بەلكىم يۇرتىنى كۆرۈپ قايتقۇسى كەلمەي قالغاندۇ، دەپ ئويلىدى. ئاشۇر بەگ ئالدىرانمىغىنى بىلەن ئەلا پالۋان قايتىشقا ئالدىرىدى. ئۇنىڭ ئالدىرىغىنى سۇلتان قورغانغا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇ توقلەك بەگ بىلەن ۋەدىلەشكەن ۋاقىت توشقانىدى. ئەلا پالۋان ئاخىر شەھەردىكى دوستلىرى بىلەن خوشلاشتى. ئۇ بۇ سەپىرىدىن ئىنتايىن خۇشال ھەم رازى ئىدى. بىرلا يېرى، توققۇزتاراغا چىقىپ گۈزەل ئاغىچىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇپ ياغ پۇرىتالمىدى. ئەلا پالۋان نۇردۇن، گۈلسۇم ۋە ئاشۇر بەگلەرنى ئېلىپ ئالتە سۇمۇلغا كەلدى. شىبە ئاپئاقنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ يېلىندى:

— قىزىمىز يەنە بىر نەچچە زامان تۇرسا، بىزنىڭ بىر پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلىدى، بىر ياخشىلىق قىلسىڭىز، سۇخا كەينىڭىزدىن بارسا.

ئەلا پالۋان شىبە ئاپئاق قالسا، توقلەك بەگ بىلەن ۋەدىلەشكەن ئىشقىمۇ يېنىك بولىدىغىنىنى بىلىپ، ئاشۇر بەگكە:

— مەن نۇردۇن بىلەن بىللە ياركەنت ئارقىلىق باراي، سىز شىبە ئاپئاقنى ئېلىپ غالجات ئارقىلىق قايتسىڭىز بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئاشۇر بەگ ئىككىلەنمەيلا ماقۇل بولدى. ئەتىسى ئەرلەر ئايرىم داستىخاندا ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدى. ئاشۇر بەگ ئەلا پالۋاننىڭ سول تەرىپىدە، سومبا ئۇڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇشتى. ئەلا پالۋان قېيناتىسىغا ئاق پادىشاھنىڭ تۈزۈمى ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بېرىۋاتاتتى. شىبە ئاپئاق پەتنۇستا بىر چىنە ئەتكەنچاي ئېلىپ كىردى. ئەلا پالۋان قېيناتىسىغا قاراپ پاراڭ قىلىۋاتقاچقا ئاشۇر بەگ چىنىنى ئالدى. شىبە ئاپئاق كەينىگە بۇرۇلۇشىغا بارمىقى ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغان ئۇۋاق بىر نەرسە چايغا چۈشۈپ ئېرىپ كەتتى. ئاشۇر بەگ چاينى ئەلا پالۋاننىڭ ئالدىغا قويدى. شۇ ھامان شىبە ئاپئاق يەنە پەتنۇس كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇ چىنىدىكى چاينى ئاشۇر بەگكە، پىيالىدىكى سىنچاينى سومبىغا تۇتتى. گەپ توختىدى. ئۇلار چاي ئىچىشكە باشلىدى.

ئەلا پالۋان شىبە ئاپئاققا خاس ئۆيدە، تاپشۇرمىلار بېرىپ ئاتلاندى. ئاشۇر بەگ شەھەرگىچە ئۇزىتىپ قويغاچ توغقانلىرىنىڭكىدە تۇرىدىغىنىنى ئېيتىپ

بىللە ماڭدى. ئۇلار كېمە بىلەن ئۇ قاتقا ئۆتتى. نۇردۇن ئەلا پالۋاننىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كېمىدىن چۈشۈردى. ئەلا پالۋان كېمىدىن چۈشۈپلا ئولتۇرۇپ قالدى ۋە «قورسىقىم مۇجۇپ كېتىۋاتىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەر قۇيۇلدى. نۇردۇن بىلەن ئاشۇر بەگ ئۇنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ خالىي يەرگە ئەكەلدى. ئەلا پالۋان بىر نەچچە قېتىم قۇرۇق قەي قىلدى ـ دە، ئاشۇر بەگكە كۆزىنى نەشتەردەك تىكتى ۋە شۇ بويىچە قېتىپ قالدى. نۇردۇن ئاشۇر بەگنىڭ ئاتىرىپ كەتكىنىنى، قول ـ پۇتلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە گۇپپىدە گۇمان چۈشتى. ئۇ شۇ ھامان كىرا ھارۋىسىنى تېپىپ كېلىپ ئەلا پالۋاننى سالدى. ھارۋا مەدرىس ئالدىغا كەلگەندە، ئاشۇر بەگ:

— ئاھ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلانى، باتۇر پالۋانى ئەلا سۇلتاننى شىبە ئاپئاق زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسى يېنىدا قېلىش ئۈچۈن سۇلتاننى زەھەرلىدى! ئاھ قېرىندىشىم، ئاھ باغرىم، ئاھ پالۋىنىم!

— دەپ ۋارقىراپ يىغلىدى.

نۇردۇن ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالايدى، ئەمما ئۈندىمىدى. ئۇ ئىچىدە يىغلاۋاتاتتى. شۇڭا بۇ تۆھمەتكە قارشى جاۋاب قىلالمىدى. يېرىم بىھوش ھالەتتە ئىدى. ئەلا پالۋاننى شەھىرىمىزنىڭ ئاتاقلىق تېۋىپلىرى داۋالاپ قۇتقۇزۇۋالىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن گاراڭ ئىدى. ئۇ ئەلا پالۋاننىڭ جەسىتىنى ئەمەت خورىنچىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئەمەت خورىنچى تونۇگۇنلا گۈسەمەستەك ساق كەتكەن دوستىنىڭ بۈگۈن جانسىز گەۋدىسىنى كۆرۈپ، مەرسىيە ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى:

سەن قىزلارنىڭ ئارماندارى، يىگىتلەرنىڭ سەردارى،
تۆر بېشىنىڭ ئەقىلدارى، بېغىمىزنىڭ گۈلزارى،
ۋەتىنىمىزنىڭ ئىپتىخارى، خەلقىمىزنىڭ دەستيارى.

ئەلا پالۋاننى خۇددى ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇللېتىپ خەلپەمگە ئوخشاش نەچچە ئون مىڭلىغان خەلق ئىبراھىميۇزىگە ئاچىقىپ دادىسى

ئىبراھىم يۈزبېگىنىڭ قەبرىسى يېنىغا قويدى. بۇ 1880 - يىلى ئىدى. كۆرمىگىلىغان خەلقمۇ، ئەمەت خورىنچى بەگمۇ ئەلا پالۋاننىڭ زەھەرلىنىشىنى شىبە ئاپئاقتىن كۆرمىدى. ئەكسىچە ئەلا پالۋان ئەمەت خورىنچىنىڭ ئۆيىگە كەلتۈرۈلگەن كۈنىلا يوقاپ كەتكەن ئاشۇر بەگدىن كۆرۈشتى. شىبە ئاپئاق بېشىغا ئاق ياغلىق ئاتقان ھالدا يەتتە نەزىرگىچە ھازا ئاچتى. يىغلىدى، قاقشىدى. يىغىدىن كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ، چىرايى تاتىرىپ، ئورۇقلاپ، بىر تەن، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. ئۇ يەتتە نەزىر ئۆتكەندىن كېيىن، قاتتىق تەلەپ قىلىپ ئىبراھىم يۈزىگە چىقتى. ئەلا پالۋاننىڭ كونا ئۆيىنى ماكان تۇتتى. ئۇ ھەر پەيشەنبە كۈنى ياغ پۇراتتى. تۇپراق بېشىغا چىقتى. شۇنداق بىر نەچچە پەيشەنبىلىك قىلغاندىن كېيىنلا ئېسىگە كەلدى ۋە گۈلسۇمگە چۇشىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— ھە، ئەمدى بىلدىم. ھېلىقى چۇشۇمدىكى قارا قويۇن ئەسلىدە مېنى سۆيۈملۈك ئېرىمدىن ئايرىپ ئېلىپ قاچقانىكەن! — دېدى.

ئۇنى كۆپ ئۆتمەي قارا قويۇن سۇلتان قورغانغا ئاپىرىپ تاشلىدى. گوبېرناتورنىڭ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشىدىن ھېيىققان ئىلى جياڭجۇنى شىبە ئاپئاق، باتۇرخان، نۇردۇن، گۈلسۇم ۋە ئۇلارنىڭ ئىلىغا كېلىپ تۇغۇلغان قىزى گۈلنۇرلارنى دەرھال قايتۇردى. سومبانىڭ جياڭجۇنگە قىلغان ئىلتىماسىغا بىنائەن كىچىك ئوغلى ئالتە سومۇلدا قالدى.

## 8

توقىلەك بەگ ئەلا پالۋاننىڭ زەھەرلىنىپ قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئاشۇر بەگنىڭ زەھەرلىگىنىنى ئاڭلاپ، غەزەپتىن كۆزلىرى سۇلتان قورغان تەرەپكە قادالغان، چىشلىرى كىرىشكەن ھالدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قاتتىق سىقىمدىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىككىلا ئادەمنىڭ ئىسمى چىقاتتى:

— ئەلا پالۋان — دوستۇم، ئاشۇر بەگ — خائىن!

توقىلەك بەگ ئۆز بارگاھىغا كەلگۈچە: «ئەلا پالۋان — دوستۇم، ئاشۇر

بەگ — خائىن» دەپ كەلدى. بارگاھتا بىرلا كىچە تۇنىدى، بۇ كىچە ئۇخلىمىدى، بەلكى پۈتكۈل لەشكىرىنى يىغىپ، ئاۋۋال ياغ پۇراتتى، قارىيلارغا قۇرئان ئوقۇتتى، ئاندى ئەلا پالۋاننىڭ خائىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگىنىنى يىغلاپ تۇرۇپ مەلۇم قىلدى. ئۇ لەشكەرلىرىگە بۇ قىساسنى جەزمەن ئالىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدى. لەشكەرلىرىمۇ تاغ - ئورمانلارنى لەرزىگە سېلىپ قەسەم قىلىشتى. بۇ ئەكس سادا بېرىپ پۈتكۈل ئېلى خەلقىگە يەتتى.

ئۇ تاڭ سەھەردە ئاقسۆزا مىراپنى لەشكەرگە باش قىلىپ كەتمەندىكى ئورۇس سولداتلىرىنى قىرىپ تاشلاشقا ماڭغۇزدى. ئۆزى ئەڭ چەبدەس، باتۇر، ھېچنېمىدىن قايتمايدىغان ئون يىگىت بىلەن «نەدىسەن سۇلتان قورغان» دەپ ئاتلاندى. ئۇلار پەشمىتى ئىچىگە شەمشەر، قول قوراللارنى تاقاپ، ئەڭ يۈگۈرۈك، كۈچلۈك ئاتلارغا مىندى. ئۇلار كۈندۈزى ئورماندا ماڭدى، كېچىسى ئالماتا - ياركەنت چوڭ يولىغا چىقىپ ماڭدى. يولۇچىلار ئۇلارنى بىر كۆرۈپلا سودىگەر ياكى ئاددىي پۇقرالار دەپ بىلەتتى. ئۇلار ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى سۇلتان قورغاننىڭ ئېگىز تاملىرى ئاستىغا كەلدى. توقىلەك بەگ قورغان دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان سولداتلارغا ئىككى يىگىت ئەۋەتتى. ئۇلار شەپە چىقارماي، قورغان ئىچىنى ياقىلاپ سولداتلارنىڭ كەينىدىن كەلدى - دە، ئۇلارنىڭ نەق كۆكرىكىگە: «ئەلا پالۋان قىساسى» دەپ پىچىرلاپ تۇرۇپ خەنجەر تىقتى، ئاندىن توقىلەك بەگكە قارىغۇياپىلاقچە سايراپ بەلگە بەردى. توقىلەك بەگ سولداتلارنى جايلىۋەتكەنلەرنى ئۇلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا جىمجىتلا تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بىر يىگىتنى ئوردۇنىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. قالغان يىگىتلەرنى باشلاپ ئەلا پالۋاننىڭ بۇرۇنقى كۆركەم، ئازادە قورۇسىغا كەلدى. يىگىتلەر بىر - بىرىنى شوتا قىلىپ تامغا چىقتى، شەپە چىقارماي تامدىن سەكرەپ چۈشتى. توقىلەك بەگ ئاۋۋال ئەلا پالۋان ياتىدىغان ئۆيگە كىردى. ئۆيدىن:

— قايسىڭ، بۇ يېرىم كېچىدە كەلگەن؟ نېمە ئىش؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئەزرائىل، — دەپ جاۋاب بەردى توقىلەك بەگ.

— ھە، ھە، يارەببىم، مەن ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن!
— ياق، سەن قاپقارا مۇناپىقسەن!
ئاشۇر بەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تىترىگەن ھالدا تىك تۇرۇپ قالدى.
— ئەي ئاق پادىشاھنىڭ يالاقچىسى، ئۇيغۇر پالۋىنى ئەلا سۇلتاننى قەستلەشكە قانداق پېتىندىڭ؟ — دېدى توقلەك بەگ.
بۇ سوئالنى ئاڭلىغان ئاشۇربەگ:
— مە ... مەن ئە ... ئەمەس، ئەلا ... پا ... لۋاننى كاپىر شىبە ... ئا ... ئاپپاق زە ... زەھەر ... لىدى! — دەپ دۇدۇقلىدى.
مۇشۇ دۇدۇقلاشنىڭ ئۈستىگە نۇردۇن كىرىپ كەلدى:
— نېمە، نېمە دەيسەنۇي سېتىلما بەچچە! سەن زەھەرلىمىسەڭ نېمە ئۈچۈن قاچتىڭ؟ قېچىپ قۇتۇلماق بولساڭمۇ ئەزرائىل چېنىڭنى ئالىدۇ. ئۇ دۇنيادا دوزاختا كۆيىسەن!
ئاشۇر بەگ: «ھەي، نۇردۇن ئەلا سۇلتاننى زەھەرلىگىنىمنى كۆرۈپ قاپتىكەن — دە» دەپ ئويلىدى.
— ئەي پەرىشتىلىرىم، مەن گۇناھكارمەن، مەن قاتىلمەن، مەن ئاللادىن گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەيمەن. ئاللا تائالانىڭ كۆڭۈل كۆكسى كەڭ، ۋاپادار دۇر، دەپ ئاڭلىغان.
— ئاللانىڭ ئەمرى، مۇسۇلمان بەندىلىرىمنىڭ خاھىشى بويىچە بۇ قاتىلغا جازا بېرىلگەي، جەھەننەمگە يوللانغاي! — نۇردۇن شۇنداق دەپ ئۇنىڭ ئاچ بېقىنىغا بىرنى سالدى.
— خەلق نامىدىن جاھانگىرلارنىڭ يالاقچىسى، ئەلا پالۋاننىڭ قاتىلى ئاشۇر بەگكە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەي! نۇردۇن پالۋان! خەلقنىڭ ھۆكمىنى بەجا كەلتۈر! — دېدى توقلەك بەگ.
نۇردۇن شىبە ئاپئاقتىن سوراپ ئاتايىن ئېلىپ كەلگەن ئەلا پالۋاننىڭ قىلىچىنى قىنىدىن چىقاردى، ئاشۇر بەگنى ياقىسىدىن تۇتۇپ ھويلىغا ئاچىقتى، ئەۋرەزگە ئەكىلىپ ياتقۇزۇپ:
— ئاخىرقى قىساس! — دەپ خائىنىنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇردى...
توقلەك بەگ ئالدىرايتتى، ئۇ نۇردۇنغا شىبە ئاپئاق بىلەن باتۇرخاننى

ياخشى كۆنۈشنى تاپشۇردى، ئاشۇر بەگنىڭ ساندۇقىدىن چىققان تىللالارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى.

## 9

كالپاكوۋسكىي ئىلىنى ھىيلە بىلەن بىسىۋىلىپ ئاق پادشاھقا تۇرغۇن بايلىق ئىنئام قىلدى. ئاق پادشاھ ئۇنىڭ خىزمىتىگە يارىشا ئۇنى ئالماتا گوبىرناتورلىقىغا تەيىنلىدى. ھەر قانداق بىر غالىب ئادەم مەڭگۇ غالىب بولالمايدۇ. توقىلەك بەگ ئۇنى غاجاپ مەغلۇپ قىلىشقا باشلىدى. كالپاكوۋسكىي ئاق پادشاھقا: «بۇلارنى كازاك ئاتلىق قوشۇنى كېلىپ يوقاتمىسا باشقا قوشۇنلار كۈچ ئېلىشالمىدى» دەپ زارلىنىپ مەلۇمات يازدى. ئاق پادشاھ «مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ خاس ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتتىم، ئەمدى چېگرىنى تىچلاندۇرمىساڭ كاللاڭ بىلەن جاۋاب بېرىسەن» دەپ، كازاك ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتتى. بۇ پەرماننى ئالغان گوبىرناتورنىڭ كاللىسى چۈشۈپ كەتتى. ئۇ: ھەي توقىلەك، توقىلەك، — دەپ ھەسرەت چەكتى. — سەن نېمانچە يامان؟» ئۇ بۇ كازاك قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن توقىلەك بەگنى يوقىتالمىسا كاللىسىنىڭ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ ئەتراپلىق ئويلاندى، گېنېرال بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى. گېنېرال توقىلەك بەگ لەشكەرلىرىنى قانمۇقات قورشاپ يوقىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاق پادشاھتەك بىر ژاندارمىنىڭ توقىلەك بەگنىڭ بىر قوشۇننى ئۇن يىلدىن بېرى يوقىتالمايۋاتقىنى قىزىق ئىش ئىدى. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب، قول قىلىپ ھەيدەپ كېلىنگەن ئىلى خەلقى توقىلەك بەگنى ئوق ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيتتى، كېرەك بولسا ئوغۇللىرىنى لەشكەرلىككە ئەۋەتەتتى. گوبىرناتور قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى توقىلەك بەگكە خەۋەر قىلىپ تۇراتتى، توقىلەك بەگ ئۆز زىمىنىنىڭ ئوي ـ دۆڭىنى ئوبدان بىلەتتى. گوبىرناتورنىڭ قوشۇنى يەر شارائىتىنى بىلمەيتتى. خەلقنىڭ ھىمايىسى ئەمەس، قارشىلىقىغا. ھەتتا يول باشلىغۇچى بولۇۋېلىپ ئازدۇرۇشقا ئۇچرايتتى. ئالماتا، چېلەكتىكى ۋە يەتتە سۇدىكى يەرلىك

ئۇيغۇرلارمۇ توقمىلەك بەگنى قوللايتتى. ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭغا
ياردەم بېرەتتى. گوبېرناتور كېڭەشتە كازاك ئاتلىق قوشۇنىنىڭ گېنېرالى
تۈزگەن جەڭ پىلانىغا قوشۇلۇپ مۇنداق پەرمان بەردى:
— توقمىلەك دېگەن قاراقچى چېگرىنى كۆپ قالايمىقان قىلدى،
بىزنىڭ چۇنجا، شۇڭقار، كەتمەن رايونلىرىمىزدا ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.
نۇرغۇن گازارمىلىرىمىزنى ۋەيران قىلدى. پادىشاھ ئالىيلىرى ئۇ باندىتنى
يوقىتىش ئۈچۈن كازاك قوشۇنى ئەۋەتتى. مەن بۇ قوشۇننىڭ كوماندىرى
گېنېرال لېيتېنانتقا بۇ قاراقچىلارنى يوقىتىشنى بۇيرۇيمەن!
— خوپ! — دەپ، گېنېرال لېيتېنانت دەپ ئاتالغان ئاق ئادەم
ئورنىدىن تۇردى.
بۇ گېنېرالنىڭ قوشۇنى تاتارلارنىڭ يۇرتى كاۋكاز، قىرىمنى
بېسىۋالغان، تاغدا جەڭ قىلىشقا ماھىر قوشۇن ئىدى. ئاق پادىشاھ بۇ
قوشۇننى ئوردىدا بېقىپ مۇھىم ئىشلارغا سالاتتى. گوبېرناتور باشقا قوشۇن
گېنېراللىرىغا بۇيرۇق بەردى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىر قوشۇن چۇنجا،
شۇڭقار، كەتمەن يېزىلىرىغا كىرىپ تۇرۇشى، يەنە بىر قوشۇن نارىنقول
تەرەپتىن مۇھاسىرە قىلىشى، ئۈچىنچى قوشۇن ياركەنت، چېلەك تەرەپتىن
مۇھاسىرىگە ئېلىشى، بىرمۇ ئادەمنى باندىتلار تەرەپكە ئۆتكۈزمەسلىكى
كېرەك ئىدى.
كېڭەش بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن جازا يۈرۈشى باشلاندى. ئۈچ قوشۇن
كەتمەن يېزىسىدىن تارتىپ ياركەنت دىيارىغىچە قاتتىق مۇھاسىرە
چەمبىرىكى ھاسىل قىلىپ مۇھاسىرىنى بارغانسېرى تارايتتى. گېنېرال
لېيتېنانتنىڭ كازاك قوشۇنى تاغقا كىردى. توقمىلەك بەگ چۇنجىدا قوشۇننى
دەم ئالدۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئايغاقچىلىرى ئاق پادىشاھ قوشۇنىنىڭ
كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بەردى. توقمىلەك بەگ قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ تاغقا
چىقىپ كەتتى. رۇس قوشۇنىنىڭ ئايغاقچىلىرى ئۇياق ئىزىدىن ئىز
قوغلاپ، توقمىلەك بەگ قوشۇنىنىڭ تۇرغان، بارغان ئورنىنى كازاك
گېنېرالىغا مەلۇم قىلىپ تۇردى. ئۆز زېمىنىنىڭ بۆلۈك - پۇچقاقلىرىنى
ئوبدان بىلىدىغان توقمىلەك بەگ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق بىر كازاك

لىيەنىنىڭ يېقىنلاپ كەلگىنىنى بىلدى. ئۇ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قارىغايلارنى پاناھلاپ ئەترەت قونالغۇسىغا كەلدى. تاڭ ئېتىش ئالدىدا ئۇنىڭ قوشۇنى ئۈچ تەرەپتىن تېپۇشسىز باستۇرۇپ كىرىپ، بىرمۇ ئوق ئىشلەتمەي، شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان سولداتلارنى قىرىپ تاشلىدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن گېنېرال مۇھاسىرىنى تارايتتى، قوشۇننى بۆلمەي توقلەك بەگنى پۈتۈن قوشۇن بويىچە يوقىتىشقا ئۇرۇندى. توقلەك بەگ ئۈچ تەرىپى تىك قايقا تېغىغا چېقىنۋالدى. ئۇ يانتۇ تەرەپكە ئۈچ يۈز جەڭچىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. كازاك قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلاردىن يېرىمى ئوق يەپ يەر چىشلىدى. بۇ يەردە جەڭ ئۈچ كۈن بولدى، بولغاندىمۇ ناھايىتى كەسكىن بولدى. تۆتىنچى كۈنى كازاك گېنېرال تاغ زەمبىرىكىنى ئاچقىپ ئىشقا سالدى. تاغ زەمبىرىكى توقلەك بەگ قوشۇنىنى تەمتىرىتىپ قويدى، زەمبىرەك ئوقى تۇگىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئون ئۈچ لەشكىرى بىلەنلا قالغانىدى. ئۇ خانتەڭرىگە قاراپ نىدا قىلدى:

— ئەي ئانا، ئوغلۇڭ سېنى ئاسرىدى، گۇۋاھ بولغايسەن. كەلگۈسىدە بىزدەك ئوغلانلىرىڭ يەنە چىقىپ ئاق پادىشاھدەك بارلىق نىجىسلارنى پاك-پاكىز تازىلاپ سېنى كۆز قارىچۇقىدەك قوغدايدۇ. باغرىڭغا گۈللەر تېرىيدۇ! — دېدى. ئاندىن، — ئاللا مەدەتكار، زېمىنىمىزنىڭ پاكلىقى، خەلقىمىزنىڭ شادلىقى ئۈچۈن، ئالغا! — دەپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە مىڭلىغان سولداتلارغا قاراپ ئېتىلدى...

10

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتتى، ساقىلى ئاپئاق ئاقارغان، ئەمما مۇكچەيمىگەن نۇردۇن ئەلا پالۋاننىڭ چوڭ ئوغلى (ھازىر نۇردۇننىڭ كۈيئوغلى بولۇپ قالغان) باتۇرخان ۋە يۈزلىرىنى قورۇق باسقان گۈلسۇمخانلار بىلەن بىللە سۇلتان قورغاندىن ئايرىلدى. كېچە، قاراڭغۇ ئىدى. ئەلا پالۋان قازا تاپقاندىن كېيىن سۇلتان قورغاندا سولدات تۇرغۇزۇشمىدى، ئاشۇر بەگ خەلق جازاسىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، جىبەكچىمۇ قويماس بولغانىدى. 1891-

يىلى شىبە ئاپئاق ۋاپات بولغاندىن كېيىن يۇرتنى سېغىنغان نۇردۇننىڭ بۇ يەردە تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇ ۋە گۈلسۇم باتۇرخاننى ئۆز قىزىدىنمۇ چارە كۆرگەچكە، قىزى گۈلنۇرنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويغانىدى. ئۇ باتۇرخانغا ئاتىسىنىڭ ئىزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەلا پالۋان، شىبە ئاپئاقلار ئالتە سۇمۇلغا ماڭغان يول بىلەن ماڭدى. ئۇ توقمەك بەگنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ قۇرئان ئوقۇماقچى ئىدى. ئۇلار ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ قايقا تېغىغا چىقتى، ئەتراپقا قاراپ خانتەڭرى چوققىسى تەرەپتىكى بىر كىچىك دۆڭلۈكنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ گۈلنۇر بىلەن باتۇرخاننى پىيادە ئاشۇ كىچىك دۆڭگە باشلاپ باردى. باتۇرخان دۆڭلۈكنىڭ خانتەڭرى تەرىپىگە ئۆتۈپ، تاشقا ئويۇلغان مۇنۇ مىسرالارنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

توقمەك دېگەن باتۇر،
قايقا باشىدا ياتۇر.
ئەلنىڭ غېمىنى يېگەچ،
كۆزلىرى ئوچۇق ياتۇر.

# خاتىمە

1864 - يىلىدىن 1871 - يىلىغىچە بولغان ئىلى خەلق قوزغىلىڭى چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ زالىم ئەمەلدارلىرىغا، فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ھەققانىي قوزغىلاڭ ئىدى. زۇلۇم چېكىگە يەتكەنلىكتىن خەلق ئىستىخىيىلىك ھالدا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ قوزغىلاڭغا يەنە چار پادىشاھنىڭ ئىلىغا قىلغان تاجاۋۇزىمۇ سەۋەب بولدى. چېرىكلەشكەن جياڭجۈن چېرىكلىرى بۇ تاجاۋۇزنى توسالماي تارمار بولدى. ۋەتەنپەرۋەر ئابدۇرۇسۇل بەگ دادىللىق بىلەن قوشۇن تارتىپ بېرىپ، توقمىلەك بەگ بىلەن بىللە چېگرىدىن بېسىپ كىرگەن چار پادىشاھ قوشۇنىنى تارمار قىلدى. ئۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنىڭ بۇ غەلىبىسىدىن خەلق شادلاندى. چاڭ جياڭجۈن بولسا بۇ قوشۇندىن ئۈركىدى، قورقتى ۋە پەنت ئىشلىتىپ بۇ قوشۇننى پارچىلاپ يوقاتماقنى قەستلىدى. ئۇ مەزمۇنى بۇ قوشۇننىڭ يېرىمىنى ئەكپىلىشكە پەرمان بېرىپ ئۇلارنى قورالسىزلاندۇردى. ئابدۇرۇسۇل بەگنىمۇ قالغان بەش يۈز لەشكىرى بىلەن يوقاتماقنى قەستلىگەندە، ئۇ بۇ قاپقانغا چۈشمىدى، بەلكى تۇڭگانلارنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل تېپىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭغا زۇلۇمنى ھارغۇچە تارتقان كەڭ ئەمگەكچى دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر قوشۇلدى. بۇ قوزغىلاڭ كۆرەدىكى سۈرگۈن قىلىنىپ كەلگەن خەنزۇلار (چەنپەنلەر) قوزغىلىڭى بىلەن ساندىخوزىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلغان، ئۇلار رەھىمسىزلەرچە قىرىلغان پەيتتە پارتلىغانىدى. ئىلىدىكى قورغاس مازار، قاينۇق، كان، جاغىستاي، چۈنجا، شۇڭقار، كەتمەن، سۇلتان ۋەيس، ئارا ئۆستەڭ، ئاقتۆپە، ئىبراھىم يۈزى، توققۇزتارا، نىلقا قاتارلىق نەچچە ئون قەدىمىي يېزا، قەلئە خەلقىمۇ

ئاتلاندى. بۇلار ئىچىدىن ئاجايىپ پالۋانلار، باھادىرلار چىقتى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كەتمەندىن باشقىنى بىلمەيدىغان قارانۇرۇك ئادەملەر ئىدى. قوزغىلاڭ باشچىلىرىدىن ئابدۇرۇسۇل بەگ، ناسىر ئەلەم، شەمسىدىن خەلپەم، سادىر پالۋان، ئەلا پالۋان، ئابدۇللىتىپ خەلپەم، موللا شاۋكەت ئاخۇن، توقلەك بەگ، ئەمىرشاھ، ئىسھاق بەگ، ئەخمەت خەزىنىچى قاتارلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلار تامامەن ئاددىي ئادەملەر، ئەمگەكچىلەر ئىدى. ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم غۇلجا شەھىرى مەدرىس مەھەللىسىدىن بولۇپ، مۆمىن، پازىل، ئىنسابلىق، پەزىلەتلىك ئۆلىما، شەرىئەت ئىلمىنى توغرا، مۇكەممەل ئىگىلىگەن ۋە بەجا كەلتۈرگەن، ئادالەتلىك شەرىئەت ھۆكمىنى توغرا چىقىرىدىغان قازى ئىدى. خۇدىيار يۈزىلىك موللا سالىش ئىمام چوڭقۇر بىلىم ئىگىسى. پەزلى كامالەتلىك، ئىنسابلىق، پاراسەتلىك، مۇلايىم، دىلى نازۇك ئالىم بولۇپ، ئۆمرىنى ئىلىم - مەرىپەتكە بېغىشلىغان ئېگىز بويلۇق، ئاپئاق ساقاللىق ئاق يۈزلۈك ئادەم ئىدى. بۇ زات 78 ياشتا ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى. ئارا ئۈستەڭلىك شەمسىدىن خەلپەم چوڭقۇر بىلىملىك، تارىخ، جۇغراپىيە، تىل - ئەدەبىياتنى تولۇق بىلىدىغان ئۇستاز. جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشقا كۆنۈككەن، نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەن ئادەم ئىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگمۇ مەدرىس مەھەللىسىدىن بولۇپ، قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن، ئەقىل - ئىدراكلىق، تەدبىرلىك باھادىر كىشى ئىدى. قازانچى مەھەللىلىك ئابدۇللىتىپ خەلپەم نۇرغۇن بىلىم ئالغان، پېشانە تەرىنى تۆكۈپ دېھقانچىلىق قىلىپ جان باققان، غېرىب - غۇرۋا، يېتىم - يېسىرلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كەلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ ئەتراپىغا ھاپىزلارنى توپلاپ، مەشرەپ، نەۋائى، فۇزۇلى قاتارلىقلارنىڭ نەزمىلىرىنى ئوقۇتاتتى. موللا شاۋكەت ئاخۇن شەرىئەت ئىلمى، قائىدە - يوسۇنلارنى پىششىق بىلىدىغان، ئېتىقادى چىڭ، تەقۋادار، شۇنداقلا گۇمانخور، شۆھرەتپەرەس كىشى بولۇپ، خوجىلارنىڭ دىپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ئېغىر ئۇرۇش پاجىئەلىرىگە سەۋەبكار بولغانىدى. ئەزىز پالۋان ساۋادى يوق، ئەمما ئاجايىپ زېھنىلىك، قارام، باتۇر كىشى ئىدى. ئۇ ئاقتۆپىلىك بولۇپ، كىچىكىدىن چېلىشىپ چوڭ بولۇپ،

پالۋان ئاتالغان، دوستى قوۋاش پالۋان بىلەن بىللە چار پادىشاھنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تاجاۋۇزىنى تارمار قىلغان. ئۇ ئىككىسى ۋەتەننى قوغداش يولىدا قۇربان بولدى. توقمىلەك بەگ چوجا يېزىسىدىن، ئابدۇرۇسۇل بەگدىن لەشكىرىي بىلىم ئالغان، ئاددىي دېھقان ئوغلى ئىدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئۇنى چوڭجىنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئۇ چوڭجا، شوڭقار، كەتمەن ياشلىرىدىن قوشۇن تۈزۈپ، ئۇلارغا لەشكىرىي بىلىم بەرگەن. بۇ ياشلار چار پادىشاھقا قارشى ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشتى.

قوزغىلاڭ تۈگىجى خاننىڭ تەسلىمچىلىك سىياسىتى، چار پادىشاھنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى تۈپەيلى بۇ ئىككى پادىشاھ تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. بىراق، قوزغىلاڭ بىر يۈز يىگىرمە يەتتە پالۋاننى تاۋلاپ يېتىشتۈرۈپ بەردى. بۇ پالۋانلار پادىشاھلىق تۈزۈمگە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى جەڭلەردە قۇربان بولدى. بۇلاردىن ۋەلى باي، موللا بىلال، نۇردۇن، سالىش ئىمام، شەمسىدىن خەلپەم قاتارلىقلارلا بۇ پالۋانلارنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلار كېيىن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى. نۇردۇن شوتىغا كېلىپ ماكانلاشتى. باتۇرخان بىلەن گۈلنۇردىن بولغان ئابلىز دېگەن ئوغۇل شوتا تارىخىنى يازدى. ئۇنىڭ ئىنىسى مىجىت ئاقسۇ يېزىسىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ بالىلىرىغا بوۋىسى ئەلا پالۋان، مومىسى شىبە ئاپئاق ھەققىدە ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى.

1989 - يىلى 10 - ئايدىن 1990 - يىلى 4 - ئايغىچە غۇلجىدا يېزىلدى

1990 - يىلى 12 - ئايدىن 1991 - يىلى 3 - ئايغىچە ئۈرۈمچىدە تۈزىتىلدى

تەكلىپلىك تەھرىر : راخمان مامۇت
مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور : مەلىكە ئابدۇقادىر

تۇرسۇن لېتىپ

# تەڭرىتاغ پالۋانلىرى

(رومان)

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ<br>پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 _ 010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2006 - يىل 6 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2006 - يىل 6 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168م م 32كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 13.875 |
| سانى | : | 3000 _ 0001 |
| باھاسى | : | 22.00 يۈەن |



ISBN 7-105-07769-7

9 787105 077694 >

ISNB 7-105-07769-7/I · 1699
民(维251)　　定价：22.00元